ئالېكساندر دىيۇما



# گراف مونتې-كرىستو

3



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

186471

I512.45
U-19

ئالېكساندىر دىيۇما

# گراف مونتې-كرىستو

3

تەرجىمە قىلغۇچى: پەرھات جىلان
مەسئۇل مۇھەررىرى: مەھەممەترەھىم كېرىمى

755155754

新疆大学图书馆藏书

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

索书号: 186471

I512.45 书名: گراف مونتې-كرىستو
U-I9 登录号: 548 بەت 1.50 يۈەن 定价:

| 借者 | 借期 | 还期 |
|---|---|---|
| | 3 | |

كىتابنى تۆۋەندە يېزىلغان ۋاقىت ئىچىدە قايتۇرۇش لازىم
下列最后之日期本书必须归还

كىتابنى ئاسراپ مۇددىتىدە قايتۇرايلى
爱护图书・按期交还

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب سودا ئويۇنى ................................ 1

ئىككىنچى باب مايور كاۋالكانتى ................................ 20

ئۈچىنچى باب ئاندرېئا كاۋالكانتى ................................ 38

تۆتىنچى باب بىدە تېرىلغان كۆكتاتلىق ................................ 58

بەشىنچى باب نوئارتىيې ۋىلفور ئەپەندى ................................ 76

ئالتىنچى باب ۋەسىيەتنامە ................................ 89

يەتتىنچى باب تېلېگراف ................................ 103

سەككىزىنچى باب باغۋەننى شاپتۇل يەيدىغان ئاغمىخانىلاردىن قۇتۇلدۇرۇش ئۇسۇلى ................................ 118

توققۇزىنچى باب ئۆتمۈشنىڭ شەپىلىرى ................................ 135

ئونىنچى باب زىياپەت ................................ 151

ئون بىرىنچى باب گاداي ................................ 168

ئون ئىككىنچى باب ئائىلە ۋەقەسى ................................ 183

ئون ئۈچىنچى باب توي پىلانلىرى ................................ 200

ئون تۆتىنچى باب خانىلىق مۇپەتتىشنىڭ ئىشخانىسى ...... 217

ئون بەشىنچى باب تەكلىپ ................................ 236

ئون ئالتىنچى باب ئىزدەش ................................ 249

ئون يەتتىنچى باب يازلىق بەزمە ................................ 266

ئون سەككىزىنچى باب نان ۋە تۇز ................................ 282

ئون توققۇزىنچى باب ماركىز خانىم سېن - مېران ...... 290

يىگىرمىنچى باب ۋەدە ................................ 309

يىگىرمە بىرىنچى باب ۋىلفور ئائىلىسىنىڭ مازىرى ...... 357

يىگىرمە ئىككىنچى باب ھۆججەت ................................ 373

يىگىرمە ئۈچىنچى باب ئاندرېئا كاۋالكانتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ............ 394
يىگىرمە تۆتىنچى باب گايدە ............ 412
يىگىرمە بەشىنچى باب يانىنادىن خەۋەر ............ 447
يىگىرمە ئالتىنچى باب شەربەت ............ 479
يىگىرمە يەتتىنچى باب ئەيىبلەش ............ 497
يىگىرمە سەككىزىنچى باب بولكىچىنىڭ ئۆيىدە ............ 507
يىگىرمە توققۇزىنچى باب ئوغرىلىق ............ 537
ئوتتۇزىنچى باب تەڭرىنىڭ جازاسى ............ 560



## بىرىنچى باب

# سودا ئۆيۈنى

شۇ قېتىمقى ئۇچرىشىشتىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئالبېر مورسېر گراف مونتې — كرىستونىڭ يېلىسەي كوچىسىدىكى ئۆيىگە كەلدى. بۇ ئۆي ئەمدى رەسمىي بىر ساراي قىياپىتىگە كىرگەنىدى.

چۈنكى گراف بەكمۇ كاتتا باي بولغانلىقتىن، ھەتتا ئۆزىنىڭ ۋاقىتلىق تۇرالغۇ جايلىرىنىمۇ ئاشۇنداق ھەشەمەتلىك سەرەمجانلاشتۇراتتى. ئالبېر بۇ قېتىم دانگلار خانىمنىڭ نامىدىن ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن كەلگەنىدى، گەرچە بۇنىڭدىن بۇرۇن گرافقا «بارون خانىم دانگلار» ۋە ئاتا جەمەت فامىلىسى بويىچە «ئېرمىنى سېرۋىيېر» دەپ ئىمزا قويۇلغان خەت ئارقىلىق بىر قېتىم مىننەتدارلىق بىلدۈرۈلگەن بولسىمۇ.

لىيۇسيېن دېبرېمۇ ئالبېرغا ھەمراھ بولۇپ كەلگەنىدى. ئۇمۇ ئالبېرنىڭ گېپىگە ئۇلاپ بىرنەچچە ئېغىز نەكەللۇپ سۆزلىرىنى ئېيتتى. ئۇ مەخسۇس شۇ تەكەللۇپلارنى ئېيتىش ئۈچۈن كەلمىگەنلىكى تۇرغان گەپ، لېكىن گراف ئۆزىنىڭ سەزگۈر كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ مەنبەسىنى كۆرەلىدى. ئۇ ھەتتا لىيۇسيېننىڭ قوش قىزىقىشىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن كەلگەنلىكىنى ۋە بۇ قىزىقىشنىڭ يېرىمى ئانتېين كوچىسىدا تۇرغۇچىلارغا

تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى پەملىدى. دەرۋەقە، ئۇ يۈرەكلىك ھالدا شۇنداق دەپ پەرەز قىلالايتتىكى، 30 مىڭ فرانكقا توختايدىغان ئاتلارنى خەققە سېۋغا قىلىدىغان ۋە ئۈنچە-مارجانلار بىلەن بېزەتىلگەن كىيىملەرنى كىيگەن قول قىزنى تىياتىرغا باشلاپ بارىدىغان ئادەمنىڭ ئۆي ئىچىنىڭ قانداقلىقىنى دانگلار خانىم ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولمىغاچقا، ئۆزى ئىشەنگەن كىشىلەرنى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ ئائىلە تۇرمۇشى ھەققىدە ئاز-تولا مەلۇماتقا ئىگە بولۇشنى ئويلىغانىدى.

ھالبۇكى، گراف لىيۇسىيېننىڭ كېلىشى بىلەن بارون خانىمنىڭ قىزىقىشى ئوتتۇرىسىدا مۇشۇنداق باغلىنىشنىڭ بارلىقىنى بىلمىگەنگە سېلىۋالدى.

— سىز بارون دانگلار بىلەن پات-پات كۆرۈشۈپ تۇرامسىز؟ — سورىدى ئۇ ئالبېردىن.

— ئەلۋەتتە، گراف. مەن سىزگە سۆزلەپ بەرگەنىدىمغۇ.

— دېمەك، ھەممە ئىشلار بۇرۇنقىدەك بولۇۋاتامدۇ؟

— بۇ ئىشلار بۇرۇنقىدىنمۇ چىڭقىغا چىقتى، — دېدى لىيۇسىيېن، — بۇ ئالىقاچان بېكىتىلىپ بولغان ئىش.

لىيۇسىيېن ئۆزىنىڭ شۇنچىلىك گەپ قىلىپ قويغانلىقىنى يېتەرلىك دەپ ئويلىدى بولغاي، تاشپاقا قېپىدىن ياسالغان يەككە كۆزلۈك ئەينىكىنى بىر كۆزىگە قىستۇرۇۋېلىپ ۋە ھاسا تايىقىنىڭ ئالتۇن تۇتقۇچىنى ئارىلاپ-ئارىلاپ ئاغزىغا تەگكۈزۈپ ئويىنىغاچ خانا ئىچىنى ئايلىنىپ، تاملارغا ئېسىلغان قورال ۋە رەسىملەرنى كۆرۈشكە باشلىدى.

— سىزنىڭ گەپلىرىڭىزنى ئاڭلاپ، سىلەرنى تېخى پۈتۈشۈپ بولماپتۇ دەپ ئويلاپتىكەنمەن، — دېدى مونتې-كرىستو ئالبېرغا.

— نېمە ئامال؟ ئىشلار شۇنداق تېز بولۇۋاتىدۇكى، قانداق



بولغانلىقىنى ئۆزۈممۇ بىلمەي قالدىم. مەن ئۇلارنى ئويلىمىغان بىلەن ئۇلار مېنى ئويلايدىكەن. كېيىن، بۇ ئىشنىڭ چىڭقىغا چىقىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولدۇم. ئاتام بىلەن دانگلار ئەپەندى ئىسپانىيىگە بىللە بارغان. ئاتام ھەربىي قىسىمدا، دانگلار ئەپەندى تەمىنات قىسمىدا خىزمەت قىلغان. ئاتام ئىنقىلاب دەۋرىدە سۇنغان بولسىمۇ، ئىسپانىيىگە بارغاندىن كېيىن سىياسىي ۋە ھەربىي خىزمەتلەردە تېز ئۆسۈشكە باشلىدى. دانگلار ئەپەندى ئەسلىدە باي ئەمەس ئىكەن. ئۇمۇ ئىسپانىيىگە بارغاندىن كېيىن سىياسىي ۋە مالىيە ساھەلىرىدە ھەيران قالغۇدەك دەرىجىدە تېز ئۆسۈپ، بېيىپ كېتىپتۇ.

— شۇنداق، — دېدى مونتې-كرىستو، — مەن دانگلار ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە بارغاندا ئۇ مۇشۇنداقراق بىر نېمە دېگەنىدى، — ئۇ ئالبومنى ۋاراقلاپ تۇرغان لىيۇسىيېنگە كۆز تاشلاپ قويۇپ، گېپىنى ئۆزگەرتتى، — ئېژېنى خېنىم بەك ئوماق قىز ئىكەنغۇ! ئۇنىڭ ئىسمى ئېژېنىغۇ دەيمەن، ھە؟

— بەك ئوماق ياكى توغرىراق قىلىپ ئېيتقاندا، بەك چىرايلىق، — دېدى ئالبېر، — لېكىن مەن ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى قەدىرلەشنى بىلمەيمەن. مەن ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئەمەس!

— سىز خۇددى ئۆزىڭىزنىڭ ئايالىڭىز توغرىسىدا سۆزلەۋاتقاندەك گەپلەرنى قىلىۋاتىسىز!

— ۋاھ، — دەپ ئۇلۇغ-كىچىك تىنىدى ئالبېر ۋە ئۇمۇ لىيۇسىيېنگە كۆز تاشلاپ قويدى.

— قارىشىمچە، — دېدى مونتې-كرىستو ئاۋازىنى پەسەيتىپ، — سىز ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشقا ئانچە قىزىقمايدىغاندەك كۆرۈنىسىز.

— دانگلار خېنىم بەك باي، شۇنىڭدىن قورقىمەن.

— شۇنى سەۋەب بولامدۇ! — دېدى مونتې - كرىستو. — سىز ئۆزىڭىز باي ئەمەسمۇ؟

— ئاتام يىلىغا تەخمىنەن 50 مىڭ لىۋىر كىرىم قىلىدۇ. مەن ئۆيلەنسەم ئون ياكى 12 مىڭ لىۋىرنى ماڭا ئاجرىتىپ بېرىشى مۇمكىن.

— پارىژدا ياشىغۇچىلار ئۈچۈن بۇ بەك ئاز ئەلۋەتتە، — دېدى گراف، — لېكىن بايلىق بىلەنلا ئىش پۈتمەيدۇ. كىشىنىڭ ئاتاق - ئابرويى ۋە جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنىمۇ ئەھمىيەتكە ئىگە. سىزنىڭ ئاتاق - ئابرويىڭىز بار، جەمئىيەتتىكى ئورنىڭىز يۇقىرى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، گراف مورسېر ھەربىي. بايياردنىڭ ساداقەتلىكى بىلەن دۈگېسكلېيننىڭ نامراتلىقى بىرلەشسە بەك تاملىشىدۇ. ئاق كۆڭۈللۈك دېگەن قۇياش نۇرىغا ئوخشايدۇ. ئالىيجانابلىقنىڭ شەمشىرى بۇ نۇردا ھەممىدىن بەكرەك پارقىرايدۇ. مەن سىلەر ئىككىڭلارنى بىر - بىرىڭلارغا بەك لايىق دەپ ھېسابلايمەن. دانگلار خېنىم سىزگە بايلىقىنى تەقدىم قىلىدۇ، سىز ئۇنىڭغا ئالىيجاناب نامىڭىزنى تەقدىم قىلىسىز.

ئالبېر خىيال سۈرۈپ بېشىنى چايقىدى.

— بۇنىڭ ئەپلەشمەيدىغان يەنە بىر تەرىپى بار، — دېدى ئۇ.

— يائاللا، — دېدى گراف، — شۇنداق باي ۋە چىرايلىق قىزدىن نېمە ئۈچۈن نەپرەتلىنىدىغانلىقىڭىزنى چۈشىنىش قىيىن.

— ئەگەر بۇنى نەپرەتلىنىش دېيىشكە بولسا، نەپرەتلىنىدىغان كىشى يالغۇز مەنلا ئەمەس، — دېدى مورسېر.

— يەنە كىم بار؟ ئاتىڭىزنىڭ بۇ توينى قوللايدىغانلىقىنى ئېيتقانىدىڭىزغۇ.



— ئاپام بار. ئۇنىڭ كۆزى ئۆتكۈر، ئادەم تاللاشتا خاتالاشمايدۇ. ئاپام بۇ تويغا قوشۇلمايدۇ. ئۇ نېمە ئۈچۈندۇر دانگلارنى ياقتۇرمايدۇ.

— ھە، بۇ چۈشىنىشلىك، — دېدى گراف بىرئاز ئۆزگەرگەن ئاھاڭدا، — گراف خانىم مورسېر نازاكەتلىك، دىلى نازۇك، ئاقسۆڭەك ئايال بولغاچقا، پۇقرالار ئىچىدىن كېلىپ چىققان كىشىنىڭ ئېغىر ۋە قوپال قولى تېگىپ كەتسە بىرئاز قورقۇشى مۇمكىن.

— شۇنداقمىكىن، بىلمىدىم، — دېدى ئالبېر، — لېكىن شۇنى بىلىمەنكى، ئەگەر مەن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلسام ئاپام بەختسىز بولۇپ قالىدۇ. بىر يېرىم ئاي ئىلگىرى ئىككى ئائىلە جەم بولۇپ، تويىنىڭ ئەمەلىي ئىشلىرىنى مۇزاكىرىلىشىش قارار قىلىنغانىدى، لېكىن شۇ ئاردا مېنىڭ بېشىم ئاغرىپ، كۆڭلۈم ئايلىنىپ، يېتىپ قالدىم...

— راستىن ئاغرىدىڭىزمۇ؟ — كۈلۈپ تۇرۇپ سورىدى گراف.

— راستىن ئاغرىدىم. ئېھتىمال، قورقۇپ كەتكەنلىكتىن بولسا كېرەك... شۇ سەۋەبتىن مۇزاكىرىلىشىش ئىشىنى ئىككى ئاي كەينىگە سۈرۈشتى. ئەسلىدە بۇنداق ئالدىراپ كېتىشىڭمۇ ھاجىتى يوق ئىدى. مەن تېخى 21 ياشقىمۇ تولۇق توشمىدىم، ئېۋژېنى تېخى ئەمدىلا 17 ياشقا كىردى، ئەمما ئىككى ئايلىق مۇددەت كېلەركى ھەپتىدە توشىدۇ. ئاخىرى بۇ تويىنىڭ رەسمىيەتلىرىنى ئادا قىلماسلىققا ئامال يوق ئوخشايدۇ. مېنىڭ قانچىلىك دىلغۇل بولۇۋاتقانلىقىمنى بىلمەيسىز، قەدىرلىك گراف... ئاھ، سىز نېمىدېگەن بەختلىك! سىز ئەركىن ئادەم!

— سىزمۇ ئەركىن ئادەم بولىمەن دېسىڭىز، بولالايسىزغۇ.

— ئەگەر مەن دانگلار خېنىمغا ئۆيلەنمىسەم ئاتام بەك خاپا بولىدۇ.

— ئۇنداق بولسا ئۆيلىنىڭ،— دېدى گراف ۋە قانداقتۇ بىر خىل ئالاھىدە ھەرىكەت بىلەن مۈرىلىرىنى قىسىپ قويدى.

— ھەي، — دېدى ئالبېر ئېتىراز بىلدۈرۈپ، — لېكىن ئۇنىڭغا ئۆيلەنسەم ئاپام خاپا بولۇشلا ئەمەس، بەلكى قايغۇ - ھەسرەتتە قالىدۇ.

— ئەمىسە ئۆيلەنمەڭ، — دېدى گراف.

— مەن يەنە ئويلاپ باقاي، بىر ئامالىنى قىلىپ كۆرەي. سىز ماڭا يول كۆرسىتىشتىن باش تارتمايدىغانسىز، ھە؟ بىر ئامال تاپالامسىز؟ بىلەمسىز، مەن ئاپامنى رەنجىتمەسلىك ئۈچۈن دادام بىلەن يامانلىشىپ قېلىشقىمۇ رازى مەن.

مونتې - كرىستو تەتۈر قارىۋالدى. ئۇ ھاياجانلىنىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى.

— نېمە قىلىۋاتىسىز؟ — دېدى ئۇ دېبرېگە قاراپ. دېبرې بۇ چاغدا مېھمان كۈتۈش ئۆيىنىڭ نېرىقى چېتىدە ئوڭ قولىدا قەلەم، سول قولىدا خاتىرە دەپتەر تۇتقان ھالدا كرېسلودا ئولتۇراتتى، — پۇسېننىڭ رەسىمىنى سىزىۋاتامسىز؟

— رەسىم؟ يوقسۇ! — دەپ بىمالال جاۋاب بەردى دېبرې، — مەن رەسىم سەنئىتىنى ئىنتايىن قەدىرلەيدىغانلىقىم ئۈچۈن ئۇنداق كەلسە - كەلمەس سىزىۋەرمەيمەن! ياق مەن ھېسابلاۋاتىمەن.

— ھېسابلاۋاتىمەن دەمسىزا؟

— ھەئە. ھېساب ئىشلەۋاتىمەن. بۇ، ۋاسىتىلىك ھالدا سىزگىمۇ مۇناسىۋەتلىك، ۋىكونت. ھايتىنىڭ ئاخىرقى يۈكسىلىشىدە دانگلار بانكىسىنىڭ قانچىلىك كىرىم قىلغانلىقىنى ھېسابلاۋاتىمەن. ئۈچ كۈن ئىچىدە پاي چېكىنىڭ باھاسى 206 دىن 409 غىچە ئۆرلىدى. يىراقنى كۆرىدىغان بانكىر ئالدىنئالا 206 لىك باھا بويىچە زور بىر تۈركۈم پاي چېكىنى



سېتىۋالغانىدى. ھېسابلاپ كۆرسەم، ئۇنىڭ ئالغان پايدىسى 300 مىڭغا يەتكەندەك قىلىدۇ.

— ئۇ قانچىلىك گەپ ئىدى، — دېدى ئالبېر، — ئۇ بۇ يىل ئىسپانىيە قەغەز پۇللىرىنى ئالماشتۇرۇپ مىليون فرانك پايدا تاپتىغۇ.

— ماڭا قاراڭ قەدىرلىكىم، — دېدى لېيۇسيېن، — گراف مونتې - كرىستو سىزگە ئىتالىيانلارنىڭ مۇنۇ ماقالى بىلەن جاۋاب قايتۇرالايدۇ: پۇل ۋە ئەۋلىيالىق يېرىمىنىڭ يېرىمغا تەڭ. مېنىڭچە، بۇمۇ تېخى بەك كۆپ بولۇپ كېتىدۇ. شۇڭا، مەن بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىسام مۈرەمنى قىسىپ قويۇش بىلەنلا چەكلىنىمەن.

— سىز ئۆزىڭىز ھېلى تېخى ھايتىنىڭ گېپىنى قىلدىڭىزغۇ، — دېدى مونتې - كرىستو.

— ھايتى باشقا گەپ. ھايتى بىر سودا ئويۇنى ئوينىلىدىغان جاي. بىر ئادەم بۇلئوتنى ياخشى كۆرۈشى، ۋىستقا ھەۋەس قىلىشى، بوستونغا ئىشقىۋاز بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئاخىرى بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن سوۋۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. ھالبۇكى، سودا ئويۇنى ئۆزىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنى ھەرگىز يوقاتمايدۇ، ئۇ غىزاغا سېلىنغان دورا - دەرمەككە ئوخشايدۇ. گېپىمىزگە كېلەيلى، دانگلار تۈنۈگۈن پاي چەكلىرىنى 406 فرانكتىن سېتىپ، 300 مىڭ فرانكنى يانچۇقىغا سالدى. ئەگەر ئۇ بۈگۈنگىچىلىك سېتىۋەتمىگەن بولسا، چەكنىڭ باھاسى 205 فرانككا چۈشۈپ قالاتتى - دە، 300 مىڭ فرانك پايدا ئېلىشنىڭ ئورنىغا 20 — 25 مىڭ فرانك زىيان تارتقان بولاتتى.

— چەكلەر نېمە ئۈچۈن 406 فرانكتىن 205 فرانككا چۈشۈپ قالدى؟ — سورىدى مونتې - كرىستو، —

ئەپۇ قىلىڭ، لېكىن مەن بۇنداق سودا ئويۇنلىرىدىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز.

— چۈنكى كەينى - كەينىدىن كېلىۋاتقان خەۋەرلەر بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ، — دەپ كۈلدى ئالبېر.

— ۋاھ! — دەپ خىتاب قىلدى گراف، — دانگلار ئەپەندى بىر كۈننىڭ ئىچىدىلا 300 مىڭ فرانكنى ئۇياق - بۇياق قىلىۋېتەلەيدىكەن - دە؟ بۇ گەپچە ئۇ ھەددى - ھېسابسىز باي ئوخشىمامدۇ؟

— بۇ ئويۇننى ئويناۋاتقان ئۇ ئەمەس، بەلكى دانگلار خانىم، — دەپ دەرھال سۆز قاتتى ليۇسيېن، — ئۇ ئاجايىپ يۈرەكلىك ئايال.

— لېكىن سىز ئاقىلانە ئادەمغۇ، ليۇسيېن. سىز ھەممە خەۋەرلەرنىڭ باش مەنبەسىدە ئولتۇرىسىز، قايسى خەۋەرنىڭ قانداقلىقىنى بىلىسىز، دانگلار خانىمنى تىزگىنلەپ تۇرسىڭىز بولمامدۇ، — دېدى ئالبېر كۈلۈپ.

— ئۇنى ئېرىمۇ تىزگىنلىيەلمەيۋاتسا مەن نېمە قىلالايتتىم؟ — دېدى ليۇسيېن، — بارون خانىمنىڭ مىجەزىنى ئۆزىڭىز بىلىسىزغۇ. ئۇ ھېچقانداق ئادەمنىڭ تەسىرىگە بېرىلمەيدۇ، ئۆزى خالىغان ئىشنى قىلىدۇ.

— سىزنىڭ ئورنىڭىزدا مەن بولسام... — دېدى ئالبېر.

— ھە، قانداق قىلاتتىڭىز؟

— ئۇنىڭ مىجەزىنى ئوڭشاپ قوياتتىم. شۇنداق قىلسىڭىز ئۇنىڭ كەلگۈسىدىكى كۈيئوغلىغا چوڭ ياخشىلىق قىلغان بولاتتىڭىز.

— قانداقلارچە ئۇنداق قىلغىلى بولىدۇ؟

— بۇ بەك ئوڭاي. ئۇنىڭغا ساۋاق بەرگەن بولاتتىم.

— ساۋاق؟

— شۇنداق. سىز مىنىستىرنىڭ شەخسىي كاتىپى. شۇڭا،



سىزنىڭ ئاغزىڭىزدىن چىققان ھەرقانداق خەۋەرگە ھەممە ئادەم ئىشىنىدۇ. سىز ئاغزىڭىزنى ئېچىپلا قويسىڭىز، سودىگەرلەر سىزنىڭ سۆزلىرىڭىزنى دەرھال كۆچۈرۈپ يېزىشىۋالىدۇ. بارون خانىمنى كەينى - كەينىدىن بىرنەچچە قېتىم ئالداپ، 100 مىڭ فرانكنى ئۇتتۇرۇۋېتىشقا مەجبۇر قىلىڭ. شۇندىن كېيىن ئۇ ئېھتىياتچانراق بولۇپ قالىدۇ.

— گېپىڭىزنى چۈشەنمىدىم، — دەپ غودۇڭشىدى ليۇسيېن.

— بۇ بەك ئېنىق گەپقۇ، — دېدى ئالبېر ھەقىقىي ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن، — كۈنلەردىن بىرىدە سىز ئۇنىڭغا ھېچكىم ئاڭلىمىغان، پەقەت سىزگىلا مەلۇم بولغان بىر تېلېگراممىا خەۋىرىنى ئېيتىپ بېرىڭ. مەسىلەن، تۈنۈگۈن گېنرىخ تۆتىنچى گابرىئېلنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ دېگەن بىر گەپنى ئويدۇرۇپ چىقىرىڭ. بۇ خەۋەر سودا مۇئەسسەلىرىدە قەغەز پۇلنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرىۋېتىدۇ. بارون خانىم بۇ پۇرسەتتىن پايدىلانماقچى بولىدۇ - دە، نەتىجىدە ئۇتتۇرۇپ قويىدۇ، چۈنكى ئەتىسى بوشان ئۆزىنىڭ گېزىتىگە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «خەۋەردار كىشىلەرنىڭ پادىشاھ گېنرىخ تۆتىنچىنى ئۈچ كۈن ئىلگىرى گابرىئېلنىڭ ئۆيىدە كۆردۇق دېگەنلىكى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس. ھېچقاچان ئۇنداق ئىش بولغان ئەمەس. پادىشاھ گېنرىخ تۆتىنچى «يېڭى كۆۋرۈك» تىن سىرتقا چىقمىغان».

ليۇسيېن چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ كۈلۈپ قويدى. مونتې - كرىستو بۇ سۆھبەتكە ئېتىبار قىلمىغان قىياپەتتە ئولتۇرغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بىر سۆزىنىمۇ ئۆتكۈزۈۋەتمەي تىڭشىدى. ئۇ ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن شەخسىي كاتىپنىڭ دىلغۇل بولۇپ قالغانلىقىنى بايقىدى. ئالبېر ئۇنىڭ دىلغۇللۇقىنى سەزمىدى. ليۇسيېن ئاخىرى ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، قايتىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ كۆڭلى ئارامىغا چۈشمەيۋاتقانلىقى روشەن كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

گراف ئۇنى ئۈزمىتىپ چىققاندا ئاۋازىنى پەسەيتىپ بىرنەچچە ئېغىز سۆز قىلدى. لېۋسېن ئۇنىڭغا جاۋابەن:

— خوپ، ماقۇل، گراف. مەن قوشۇلىمەن، — دېگەن سۆزلەرنى قىلدى.

گراف ياش مورسېرنىڭ يېنىغا قايتىپ كىردى.

— دېبرې ئەپەندىنىڭ ئالدىدا قېيىن ئانىڭىز توغرۇلۇق ئۇنداق گەپلەرنى قىلمىسىڭىز بولاتتى، — دېدى ئۇ ئالبېرغا.

— گراف، «قېيىن ئانا» دېگەن سۆزنى ئالدىراپ تىلغا ئالمىسىڭىز، — دېدى مورسېر.

— گراف خانىم بۇ تويغا راستىنلا ئاشۇنداق قارشى تۇرامدۇ؟

— شۇ قەدەر قارشى تۇرىدۇكى، بارون خانىم بىزنىڭ ئۆيگە بەك ئاز كېلىدۇ. ئاپامغۇ بارون خانىمنىڭ ئۆيىگە ئۆمرىدە ئىككى قېتىممۇ بارمىدى بولغاي.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى گراف، — ئوچۇق - ئاشكارا سۆزلىشەيلى. دانگلار ئەپەندى مېنىڭ بانكىرىم، ۋىلفور ئەپەندى بولسا، ئۇلارغا كىچىككىنە ياخشىلىق قىلىپ قويغانلىقىم ئۈچۈن ماڭا كۆپتىن - كۆپ ئىلتىپات كۆرسەتتى. شۇڭا، ئۇلار مېنى زىياپەت ۋە مېھماندارچىلىقلارغا چاقىرىشى مۇمكىن. تەكەببۇرلۇق بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، مەن ئۆزۈم ئۇلارنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلماقچى بولۇۋاتىمەن. مەن دانگلار ئەپەندى بىلەن دانگلار خانىمنى ۋە ۋىلفور ئەپەندى بىلەن ۋىلفور خانىمنى ئوتېيل كوچىسىدىكى ئۆيۈمگە چاقىرماقچى. ئەگەر بۇ زىياپەتكە سىزنى ۋە گراف مورسېر بىلەن گراف خانىم مورسېرنىمۇ تەكلىپ قىلسام، سىلەرنىڭ تويۇڭلار ئالدىدىكى بىر خىل ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئۇچرىشىشقا ئوخشاپ قالماسمۇ؟ بولۇپمۇ، دانگلار ئەپەندى ماڭا ئىلتىپات كۆرسىتىپ، قىزىنى باشلاپ كەلسە گراف خانىم مورسېر بۇنى نېمە دەپ ئويلاپ قالار؟ شۇنداق



بولغاندا، گراف خانىم مېنى ئۆچ كۆرۈپ قېلىشى مۇمكىن. ھالبۇكى، مەن ھەرگىز ئۇنداق بولۇشنى خالىمايمەن. ئەكسىچە، گراف خانىمنىڭ ماڭا ياخشى كۆز قاراشتا بولۇشىنى بەك ئارزۇ قىلىمەن. مۇمكىن بولسا، بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ قويسىڭىز.

— سۆزۈمگە ئىشىنىڭ، گراف، — دېدى، مورسېر، — سىزنىڭ بۇنداق ئوچۇق - ئاشكارا سۆزلىگەنلىكىڭىزدىن مەمنۇن بولدۇم. مەن سىزنىڭ زىياپىتىڭىزگە كەلمىسەم بولىدىكەن. سىز ئاپامنىڭ ياخشى كۆز قارىشىغا ئىگە بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىڭىزنى ئېيتتىڭىز. ئاپامنىڭ سىزگە بولغان كۆز قارىشى بەك ياخشىغۇ.

— سىز شۇنداق دەپ ئويلامسىز؟ — زور قىزىقىش بىلەن سورىدى مونتې - كرىستو.

— شۇنداق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن. سىز ئاشۇ كۈنى بىزنىڭكىگە كېلىپ كەتكەندىن كېيىن بىر سائەتكىچە سىزنىڭ گېپىڭىزنى قىلىشتۇق. ھە، ئۆزىمىزنىڭ گېپىمىزگە كېلەيلى. ئەگەر ئاپام سىزنىڭ ئۇنىڭغا شۇنچە ئېتىبار بىلەن قارايدىغانلىقىڭىزنى ئۇقسا (مەن بۇ ھەقتە ئۇنىڭغا سۆزلەپ بېرىمەن)، ئىشىنىمەنكى، ئۇ سىزدىن ئىنتايىن مەمنۇن بولىدۇ. بىراق، دادامنىڭ جۇدۇنى ئۆرلەپ كېتىدۇ.

گراف كۈلۈپ كەتتى.

— مانا كۆردىڭىزمۇ، — دېدى ئۇ ئالبېرغا، — بۇ ئىشنىڭ قانداقلىقىنى ئەمدى بىلگەنسىز. ئىش ئاتىڭىزنىڭ خاپا بولۇشى بىلەنلا پۈتمەيدۇ. دانگلار ئەپەندى بىلەن دانگلار خانىم مېنى قائىدە - يوسۇننى بىلمەيدىغان ئادەم ئىكەن دەپ قالىدۇ. ئۇلار سىز بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئادەتتىكى ۋاقىتلاردىمۇ كۆرۈشۈپ تۇرىدىغانلىقىمىزنى، مېنىڭ پارىژدىكى ئەڭ كونا تونۇشۇم سىز ئىكەنلىكىڭىزنى بىلىدۇ. ئەگەر مېنىڭ زىياپىتىمگە داخىل

بولمىسىڭىز ئۇلار نېمە ئۈچۈن سىزنى تەكلىپ قىلمىغانلىقىمنى سورايدۇ. شۇڭا، ھېچ بولمىغاندا سىزنى تەكلىپ قىلغانلىقىمنى ئىپادىلەپ، ماڭا بىر پارچە خەت يېزىپ قالدۇرسىڭىز. ئۆزىڭىز بىلىسىزغۇ، بانكىرلار پەقەت يازما ئىسپاتنىلا ئېتىبارغا ئالىدۇ.
— ئۇنىڭدىنمۇ تۈزۈكرەك ئىش قىلالمايمەن، گراف، — دېدى ئالبېر، — ئاپام دېگىنىز بويىچە بىرەر جايغا بېرىپ دەم ئېلىپ كەلمەكچى بولۇۋاتىدۇ. سىز زىياپەتنى قايسى كۈنگە بەلگىلىدىڭىز؟
— شەنبە كۈنىگە.
— ناھايىتى ياخشى بوپتۇ. بۈگۈن سەيشەنبە. بىز ئەتە كەچتە يولغا چىقىپ، ئۆگۈنلۈككە ترېپورغا يېتىپ بارىمىز. گراف، كىشىلەرنى ئۆڭايسىز ئەھۋالدا قويمايدىغانلىقىڭىز بەك ياخشى ئىكەن.
— ياق، بەك ئاشۇرۇۋەتتىڭىز. مەن پەقەت سىلەرنىڭ كۆڭلۈڭلارنى ئىزدىدىم.
— باغاقلارنى قاچان تارقاتتىڭىز؟
— بۈگۈن.
— ياخشى! مەن ھازىرلا دانگلارنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئەتە ئاپام بىلەن بىللە پارىژدىن كېتىدىغانلىقىمنى ئېيتىمەن. مەن سىز بىلەن كۆرۈشمىدىم. شۇڭا، سىزنىڭ زىياپىتىڭىزدىن خەۋىرىم يوق.
— ئويلاپ سۆزلەڭ! دېبرېچۇ. ئۇ ھېلى تېخى سىزنى مېنىڭ ئۆيۈمدە كۆرگەن ئەمەسمۇ.
— ھە، راست.
— ئەكسىچە، مەن سىزنى كۆردۈم ۋە تەكلىپ قىلدىم، سىز ترېپورغا بارىدىغانلىقىڭىز ئۈچۈن زىياپەتكە داخىل بولالمايدىغانلىقىڭىزنى ئېيتتىڭىز.
— ماقۇل، شۇنداق بولسۇن. لېكىن، بىز يولغا چىققۇچە ئاپام بىلەن بىر كۆرۈشۈپ كېلەرسىز؟
— سىلەر يولغا چىققۇچە كۆرۈشەلمەسلىكىم مۇمكىن. سەپەرگە



ئەيىبارلىق كۆرۈش ئىشلىرىغا دەخلى يەتكۈزۈپ قويىمەن،
— ئەمسە تېخىمۇ ياخشىراق بىر ئىش قىلىڭ! سىز ھازىرغا قەدەر كىشىلەرنىڭ ھەۋىسىنى قوزغايدىغان ئادەم بولۇپ كەلدىڭىز، ئەمدى بىزنىڭ سۆيۈملۈك ئادىمىمىز بولۇپ قېلىڭ.
— شۇنچىلىك كامالەتكە يېتىش ئۈچۈن نېمە قىلىشىم كېرەك؟
— نېمە قىلىشىم كېرەك دەمسىزا؟
— ھەئە، شۇنى بىلگىم كېلىدۇ.
— سىز بۈگۈن خۇددى شامالغا ئوخشاش ئەركىن. بىزنىڭ ئۆيگە بارايلى. سىز، ئاپام ۋە مەن ئۈچىمىز بىللە غىزالىنايلى. سىز ئاپامنى بىر قېتىملا چالا - پۇچۇق كۆرۈپ قالدىڭىز. ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن يېقىنراق تونۇشۇۋېلىڭ. ئاپام ئاجايىپ ياخشى ئايال. مەن ئاپامغا ئوخشاش، لېكىن ئۇنىڭدىن 20 ياش كىچىك يەنە بىر ئايالنىڭ دۇنيادا مەۋجۇت ئەمەسلىكىدىن ئەپسۇسلىنىمەن. مۇبادا شۇنداق بولسا، گراف خانىم مورسېردىن باشقا يەنە گراف كېلىنمۇ بار بولاتتى. دادام بىلەن بۈگۈن كۆرۈشەلمەيسىز. ئۇ يىغىنغا باردۇ ۋە دېفېربېنداربېنىڭ① ئۆيىدە غىزالىنىدۇ. بىز نىگىگە بېرىپ، ساياھەتلىرىڭىز توغرۇلۇق سۆزلىشەيلى. سىز پۈتۈن دۇنيانى ئايلىنىپ چىقىپسىز. بىزگە ئۆزىڭىزنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىڭىزنى سۆزلەپ بېرىڭ، سىز ئوپېراغا باشلاپ بارغان ھېلىقى گۈزەل ئالبان قىزنىڭ تارىخىنى سۆزلەپ بېرىڭ. سىز ئۇنى قۇل دەيسىز، لېكىن خۇددى بىر مەلىكىنى كۈتكەندەك قەدىرلەيدىكەنسىز. ئىتالىيە، ئىسپانىيە تىللىرىدا سۆزلىشىمىز. ماقۇل دەڭا! ئاپام سىزدىن رازى بولىدۇ.
— تەشەككۈر سىزگە، — دېدى گراف، — سىزنىڭ

---

① دېفېربېندارېي — پۇقرالارنىڭ پادشاھقا سۇنغان ئەرزلىرىنى بىر تەرەپ قىلغۇچى ئەمەلدار.

تەكلىپىڭىز كۆڭلۈمگە بەك ياقتى، بىراق بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلالمايمەن. مېنى بىكار ئىكەن دەپ ئويلىماڭ، بۈگۈن مۇھىم ئىشىم بار.

— ئۇنداق ئەمەستۇر. سىز ھېلى تېخى ماڭا كۆڭۈلگە ياقمىغان زىياپەتتىن قانداق قىلىپ قۇتۇلۇشنى ئۆگىتىپ قويدىڭىزغۇ. ئىسپاتىڭىز بولسا كۆرسىتىڭ. مەنمۇ دانگلاردەك بانكىر ئەمەس، لېكىن مەنمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش گۇمانخور.

— ئەمىسە سىزگە ئىسپاتىمنى كۆرسىتەي، — دېدى گراف ۋە قوڭغۇراقنى جىرىڭلاتتى.

— گراف، سىز ئاپام بىلەن بىللە غىزالىنىشنى ئىككى قېتىم رەت قىلدىڭىز، — دېدى مورسېر، — بۇ سىزنىڭ قەتئىي قارارىڭىز ئوخشايدۇ.

مونتې - كرىستو چۆچۈپ كەتتى.

— ئۇنداق دەپ ئويلىماسلىقىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى ئۇ، — ھە، مانا ئىسپاتىممۇ كېلىپ قالدى.

باتىستىن كىرىپ، بوسۇغىدا توختىدى.

— سىزنىڭ مېنى يوقلاپ كېلىشىڭىزدىن خەۋىرىم يوق ئىدى، شۇنداققۇ ھە؟ — دېدى گراف ئالبېرغا.

— نېمە دېسەم بولىدىكىن! سىز شۇنداق بىر ئادەتتىن تاشقىرى ئادەم. شۇڭا بىر نېمە دېيەلمەيمەن.

— شۇنداقتىمۇ، سىزنىڭ مېنى ئۆيىڭىزگە تەكلىپ قىلىدىغانلىقىڭىزنى بىلمەيتتىمغۇ.

— ھە، بۇ شۇنداق بولۇشى مۇمكىن.

— ياخشى. ھە، باتىستىن، بۈگۈن ئەتىگەن سىزنى ئىشخانامغا چاقىرتىپ نېمە دېگەنىدىم؟

— سائەت بەشتىن كېيىن جانابىڭىز بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەن ھېچقانداق ئادەمنى قوبۇل قىلماسلىقنى ئېيتقانىدىڭىز.



— ئاندىن كېيىنچۇ؟

— گراف، بىراق... — ئالبېر سۆزلەشكە تەمشەلدى.

— ياق، ياق، قەدىرلىك ۋىكونت. سىزنىڭ بۇنداق گۇمانخورلۇقىڭىزنى ئايدىڭلاشتۇرۇشنى خالايمەن. ھەممىشە مانفرېدنى دوراۋېرىش بەك قىيىن بولىدىكەن. مەن ئوچۇق - ئاشكارا ياشاشنى ياخشى كۆرىمەن. ھە، باتىستىن، ئاندىن كېيىنچۇ؟ سۆزلەڭ.

— ئاندىن جانابىي مايور بارتولومېئو بىلەن ئۇنىڭ ئوغلىنىلا قوبۇل قىلىشنى ئېيتتىڭىز.

— ئاڭلىدىڭىزمۇ، مايور بارتولومېئو. ئۇ ئىتالىيىدىكى ئەڭ قەدىمكى ئۇرۇقلاردىن بىرىنىڭ ئەۋلادى. ئۇنىڭ نەسەبنامىسىنى يېزىش ئۈچۈن شەخسەن دانتې ئۆزى قەلەم تەۋرەتكەن... سىز بىلىسىز، بەلكىم بىلمەسلىكىڭىزمۇ مۇمكىن، بۇ ھەقتە «ئادا» نىڭ ئونىنچى ناخشىسىدا زىكىر قىلىنىدۇ. يەنە ئۇنىڭ ئوغلىمۇ كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئوغلى بەك يېقىملىق يىگىت، سىز بىلەن تەڭتۇش. ئۇمۇ سىزگە ئوخشاش «ۋىكونت» دېگەن ئۇنۋان بىلەن ئاتىلىدۇ. ئۇ ئۆز ئاتىسىنىڭ مىليونلىرىغا تايىنىپ پارىژ جامائەتچىلىكىگە ئارىلاشماقچى. مايور بۈگۈن بۇ يەرگە ئوغلىنى باشلاپ كېلىدۇ. ئىتالىيىدە شۇنداق ئادەت بار. ئۇ ئوغلىنى ماڭا تاپشۇرىدۇ. مەن ئۇنى جامائەتكە تونۇشتۇرىمەن، ئەگەر ئۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ بولسا. بۇ جەھەتتە ماڭا ياردەمدە بولارسىز؟

— ئەلۋەتتە. دېمەك، ئۇ مايور كاۋالكانتى سىزنىڭ قەدىناس دوستىڭىز ئىكەن - دە؟ — سورىدى ئالبېر.

— ئۇنداق ئەمەس. ئۇ بىر مۆھتەرەم جاناب، بەك قائىدە - يوسۇنلۇق، بەك كەمتەر، بەك تەدبىرلىك. ئىتالىيىدە بۇنداق كىشىلەر بەك كۆپ. ئۇلار كېيىنكى ۋاقىتلاردا نام - ئەمەلىدىن ئايرىلىپ قالغان قەدىمكى ئۇرۇقلارنىڭ ئەۋلادلىرى. مەن ئۇنىڭ بىلەن فلورېنسىيە، بولونيې ۋە لۇككالاردا بىرنەچچە قېتىم كۆرۈشكەنىدىم.

ئەمدى ئۇ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىدىن ماڭا خەۋەر بېرىپتۇ. سەپەر ئۈستىدىكى تونۇشلار بەك تەلەپچان كېلىدۇ. سىز ئۇلارغا تاسادىپىي هالدا بىر قېتىم ياخشىلىق قىلىپ قويغان بولسىڭىز، دائىم شۇنداق ياخشىلىق قىلىۋېرىشىڭىزنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇلار گويا هەرقانداق بىر كىشى بىلەن كۆڭۈللۈك پاراڭلىشىپ ئولتۇرالايدىغان مەدەنىيەتلىك ئادەمنىڭ شۇنىڭدىن باشقا ئىشى يوق دەپ ئويلىسا كېرەك. مۆھتەرەم مايور كاۋالكانتى ئىمپېرىيە دەۋرىدە بىر قېتىم موسكۋاغا ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، پارىژنى يول ئۈستىدىلا كۆرۈپ قالغانىدى. ئەمدى ئۇ بۇ شەهەرنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈش ئۈچۈن كەپتۇ. مەن ئۇنى ئوبدان مېهمان قىلىمەن، ئۇ ماڭا ئوغلىنى تاپشۇرىدۇ. مەن ئۇنى تەربىيىلەشكە ۋە ئۆزى خالىغانچە ئوينىتىشقا ۋەدە قىلىمەن. شۇنداق قىلىپ، مەن ئۇلارنىڭ ئۆز ئادىمى بولۇپ قالىمەن.

— بەللى! — دېدى ئالبېر، — سىز تەڭداشسىز ئۇستاز ئىكەنسىز. هە، خوش ئەمىسە. بىز يەكشەنبە كۈنى قايتىپ كېلىمىز. هە، راست، ماڭا فرانسىيىدىن خەت كەلدى.

— هە، شۇنداقمۇ! — دېدى مونتې - كرىستو، — ئۇ تېخىچە ئىتالىيىدىن زېرىكمەپتىمۇ؟

— زېرىكمىگەندەك كۆرۈنىدۇ. لېكىن ئۇ سىزنىڭ كېتىپ قالغانلىقىڭىزدىن ئەپسۇسلىنىدىكەن. ئۇ خېتىدە سىزنى رىمنىڭ قۇياشى ئىدى، ئۇ كەتكەندىن كېيىن گويا هاۋا تۇتۇلۇپ كەتكەندەك بولۇپ تالدى دەپ يېزىپتۇ. بۇندىن كېيىن ئۇ هەتتا ئۇ يەردە يامغۇر يېغىۋاتىدۇ دېيىشىمۇ مۇمكىن.

— دېمەك، ئۇ دوستىڭىز ماڭا بولغان كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتىپتۇ - دە؟

— ئەكسىچە، ئۇ سىزنى هېلىمۇ فانتاستىكىلىق زات دەپ هېسابلايدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن سىزنىڭ كېتىپ قالغانلىقىڭىزدىن ئەپسۇسلىنىدۇ.



— ئۇ بەك بېقىملىق كىشى ئىكەن! — دېدى مونتې - كرىستو، — مەن ئۇنىڭ بىلەن دەسلەپكى قېتىم كۆرۈشكەن ئاخشىمىلا ئۇنى ياقتۇرۇپ قالغانىدىم. شۇ ئاخشىمى ئۇ غىزا ئىزدەپ ئاۋارە بولغانىكەن، ئاندىن مەن بىلەن بىرلىكتە غىزالىنىشقا ئىلتىپات قىلدى. خاتالاشمىسام، ئۇ گېنېرال ئەپىنەنىڭ ئوغلىغۇ دەيمەن؟

— شۇنداق.

— 1815 - يىلى پاجىئەلىك هالدا ئۆلتۈرۈلگەن گېنېرالنىڭ ئوغلىغۇ - هە؟

— هەئە. ئۇنى بوناپارتچىلار ئۆلتۈرگەن.

— توغرا، توغرا! فرانسىنى بەك ياقتۇرىمەن. ئېهتىمال، ئۇنىڭمۇ توي ئىشلىرى يېقىنلىشىپ قالغاندۇر؟

— هەئە. ئۇ ۋىلفور خېنىمغا ئۆيلەنمەكچى.

— بۇ ئىش رەسمىي بېكىتىلىپ بولغانمۇ؟

— خۇددى مېنىڭ دانگلار خېنىمغا ئۆيلىنىشىمگە ئوخشاشلا، — دېدى ئالبېر كۈلۈپ تۇرۇپ.

— كۈلۈۋاتىسىزغۇ؟

— هەئە.

— نېمە ئۈچۈن؟

— چۈنكى بۇ توي. ئىشىدىكى ئىككى تەرەپنىڭ مۇهەببىتى خۇددى مېنىڭ دانگلار خېنىم بىلەن بولغان مۇهەببىتىمگە ئوخشايدۇ. هە، بۇ گەپنى قويايلى، گراف. خۇددى ئاياللار ئەرلەرنىڭ غەيۋىتىنى قىلغاندەك بىزمۇ ئاياللارنىڭ كەينىدىن سۆزلەپ كەتتۇققۇ. بۇ ياخشى ئەمەس.

ئالبېر ئورنىدىن تۇردى.

— بىردەم ئولتۇرمايلا قايتامسىز؟

— باركاللا! مەن ئىككى سائەتتىن بېرى سىزنىڭ بېشىڭىزنى ئايلاندۇرۇۋاتساممۇ، يەنىلا «ئولتۇرماي قايتامسىز» دەپ سوراۋاتىسىز.

گراف، سىز ھەقىقەتەن دۇنيادا ئەڭ كۆڭۈلچەك ئادەم ئىكەنسىز! ئۇنىڭ ئۈستىگە، خىزمەتكارلىرىڭىز نېمىدېگەن ئېسىل! بولۇپمۇ باتىستىن. مەن ئۆمرۈمدە ئۇنداق خىزمەتكارنى كۆرۈپ باقمىغان. مېنىڭ خىزمەتكارلىرىم خۇددى فرانسۇز تىياتىرلىرىدىكى بىر ئېغىز سۆزنى ئېيتىش ئۈچۈنمۇ ئالاھىدە سەھنىنىڭ گىرۋىكىگە كېلىۋالىدىغان مالايلارنى دورىغاندەكلا بىر ئىشلارنى قىلىشىدۇ. ئەگەر سىز باتىستىننى ئىشتىن بوشاتماقچى بولسىڭىز، ئۇنى ماڭا ئۆتكۈزۈپ بەرسىڭىز.

— چوقۇم شۇنداق قىلىمەن، ۋىكونت.

— توختاڭ، گېپىم تۈگىمىدى. ئېغىر كۆرمەي، لۇككىدىن كەلگەن مېھمىنىڭىز كاۋالكانتى ئەپەندىگە سالام ئېيتىپ قويغايسىز. ئەگەر ئۇ ئوغلىنى ئۆيلىمەكچى بولسا، ئۇنىڭغا ناھايىتى باي، ئانىسى ئېسىلزادە ۋە ئاتىسى بارون بولغان بىر قىزنى تېپىپ بېرىشكە كۈچ چىقىرىڭ. بۇ جەھەتتە مەن سىزگە ياردەمدە بولىمەن.

— ۋوي، راستىنلا شۇنداق بولۇشنى خالامسىز؟ — دەپ خىتاب قىلدى مونتې - كرىستو.

— شۇنداق.

— ئالدىراپ سۆزلىمەڭ. كېيىن يەنە قانداق ئىشلار بولۇشنى كىم بىلسۇن.

— ئاھ، گراف، — دېدى مورسېر، — شۇنداق قىلسىڭىز سىزدىن بەك رازى بولاتتىم! ئەگەر سىزنىڭ كۈچ چىقىرىشىڭىز بىلەن مەن يەنە ئون يىلغىچە بويتاق بولۇپ قالالىسام سىزنى بۇنىڭدىن يۈز ھەسسە ئارتۇق ياخشى كۆرەتتىم!

— ھەر خىل ئىشلار بولۇشى مۇمكىن، — دەپ قويدى مونتې - كرىستو جىددىي قىياپەتتە.

ئۇ ئالبېرنى ئۇزىتىپ قويۇپ قايتىپ كىرگەندىن كېيىن قوڭغۇراقنى ئۈچ قېتىم جىرىڭلاتتى. بېرتۇچچو كىردى.

— بېرتۇچچو، — دېدى ئۇ، — ئېسىڭىزدە بولسۇن، مەن



شەنبە كۈنى ئوتېيلدىكى ئۆيۈمدە مېھمان قوبۇل قىلىمەن.

بېرتۇچچوغا تىترەك ئولاشتى.

— خوپ، جانابلىرى، — دېدى ئۇ.

— سىز ھەممە ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا مەسئۇل بولۇڭ، — دېدى يەنە گراف، — ئۇ بەك چىرايلىق ئۆي، ياكى ھەر ھالدا بۇنىڭدىن كېيىن چىرايلىق بولۇشى مۇمكىن.

— بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۆينى پۈتۈنلەي يېڭىلاش كېرەك، جانابلىرى. تاملىرىنىڭ رەڭگى ئۆڭۈپ كېتىپتۇ.

— ئەمىسە، ئۇ ئۆينىڭ قىزىل پەردىلىك ھۇجرىسىدىن باشقا ھەممە يېرىنى ئۆزگەرتىڭ، لېكىن شۇ ھۇجرا ھازىر قانداق بولسا شۇ پېتىچە قالسۇن.

بېرتۇچچو تازىم قىلدى.

— شۇنداقلا، باغدىكى نەرسىلەرگىمۇ تېگىشمەڭ، ئەمما ھويلىنى قانداق قىلىمەن دېسىڭىز شۇنداق قىلىڭ. ئەگەر ھويلا ئىچى تونۇۋالغۇسىز بولۇپ كەتسە تېخىمۇ ياخشى.

— جانابلىرىنىڭ خاھىشىنى بەجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قولۇمدىن كېلىدىغاننىڭ ھەممىنى قىلىمەن. جانابلىرى يەنە تائام توغرۇلۇقمۇ يوليورۇق بەرسىلە تېخىمۇ خاتىرجەم بولاتتىم.

— بۇ قانداق گەپ، قەدىرلىك بېرتۇچچو، — دېدى گراف، — بىز پارىژغا كەلگەندىن بېرى كۆڭلىڭىز بىر جايىدا ئەمەس، جۈرئەتسىز بولۇپ قالغاندەك كۆرۈنىۋاتىسىز. مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىدەك ئىش قىلىشنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟

— ئەمىسە، جانابلىرى ھېچ بولمىغاندا مېھمانغا كىملەرنىڭ تەكلىپ قىلىنىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟

— كىملەرنىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئۆزۈممۇ ئېنىق بىلمەيمەن. سىزنىڭ بىلىشىڭىزمۇ ھاجەت ئەمەس. لۇكۇلنىڭ ئۆيىگە لۇكۇل كېلىدۇ. گەپ شۇ.

بېرتۇچچو تازىم قىلىپ، چىقىپ كەتتى.

## ئىككىنچى باب

# مايور كاۋالكانتى

گرافنىڭمۇ، باتىستىننىڭمۇ لۇككالىق مايورنىڭ كېلىدىغانلىقى ھەققىدە ئېيتقانلىرى يالغان ئەمەس ئىدى. ئەنە شۇ مايور كېلىدىغان بولغاچقا مونتې - كرىستو ئالبېرنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلىپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە بارمىدى.

بېرتۇچچو گرافنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ئوتېلگە كەتكەندىن كېيىن ئىككى سائەت ئۆتۈپ، تام سائىتى يەتتىگە جاڭ ئۇرغاندا دەرۋازا ئالدىغا بىر ھارۋا كېلىپ توختىدى - دە، 52 ياشلار چامىسىدىكى بىر كىشىنى چۈشۈرۈپ قويۇپلا دەرھال قايتىپ كەتتى. بۇ كىشى ئۇچىسىغا قارا بوقۇچلۇق يېشىل چاپان (بۇنداق چاپانلار ياۋروپادا ھېچقاچان ئۆزگەرتىلمەيدىغان بولسا كېرەك) ۋە كۆك رەڭلىك كەڭ سوكنو شىم كىيگەنىدى. ئېگىز قونچىلىق ۋە قېلىن پاشنىلىق ئۆتۈكلىرى پارقىراقلىقىنى يوقاتقان بولسىمۇ خېلىلا يېڭى ئىدى. قوللىرىدا بۇغا تېرىسىدىن تىكىلگەن پەلەي، بېشىدا چېركەسلەرنىڭ تۇمىقىغا ئوخشايدىغان شىلەپە. ئۇنىڭ ئاق تۈپچە قادالغان قارا ياقىسى بەئەينى تۆمۈر بويۇنتۇرۇققا ئوخشاپ تۇراتتى. ئەنە شۇنداق ئاجايىپ رەڭدار كىيىم كىيگەن شەخس دەرۋازا قوڭغۇرىقىنى جىرىڭلىتىپ، گراف مونتې - كرىستو مەزكۇر يېلىسەي كوچىسى 30 - نومۇرلۇق ئۆيدە تۇرامدۇ دەپ سورىدى، دەرۋازىۋەن «شۇنداق» دەپ جاۋاب بەرگەندىن كېيىن ئۇ ئىچكىرىگە كىرىپ، دەرۋازىنى ئۆز قولى بىلەن ياپتى ۋە ئۆي ئىشىكىگە قاراپ ماڭدى.



باتىستىن بۇ كىشىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىدىن ئالدىنئالا خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇلغان بولغاچقا، شوتا مەيدانچىسىدىن قاراپ، ئۇنىڭ كىچىككىنە سوزۇنچاق بېشىدىن، ئاق سانجىغان چاچلىرىدىن ۋە قويۇق ئاق بۇرۇتىدىن ئۇنى تونۇۋالدى. يېڭى كەلگەن كىشى ئۆزىنى تونۇشتۇرۇشقا ئۈلگۈرمەيلا تۇرۇپلا، باتىستىن ئۇنىڭ كەلگەنلىكىنى مونتې - كرىستوغا خەۋەر قىلدى.

بۇ چەت ئەللىكنى ئەڭ ئاددىي مېھمانخانا ئۆيىگە باشلاپ كىرىشتى. گراف ئۇنى شۇ يەردە كۈتۈپ ئولتۇرغانىدى. ئۇ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ، مېھماننىڭ ئالدىغا باردى.

— ھە، مۆھتەرەم مايور، — دېدى ئۇ، — مەرھەمەت، مەن سىزنى كۈتۈپ ئولتۇرغانىدىم.

— راستىما؟ — دەپ سورىدى لۇككىدىن كەلگەن كىشى، — جانابلىرى مېنى كۈتۈپ ئولتۇرغانمىدىلە؟

— ھەئە. سائەت يەتتىدە بۇ يەرگە كېلىدىغانلىقىڭىزدىن خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇلغانىدى.

— بۇ يەرگە كېلىشىمدىن؟ خەۋەرلەندۈرۈلگەن؟

— شۇنداق.

— ھە، ئەمىسە ياخشى بوپتۇ. راستىمنى ئېيتسام، بۇنداق ئېھتىيات چارىسىنىڭ كۆرۈنۈشىگە ئىشەنمىگەنىدىم.

— قانداق ئېھتىيات چارىسىنى دەيسىز؟

— ئۆزلىرىنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويماسمىكىن دەپتىكەنمەن.

— يوقسۇ، يوقسۇ!

— لېكىن ئۆزلىرىنىڭ يېڭىلىشىپ قالمىغانلىقلىرىغا ئىشىنەملا؟

— ئىشىنىمەن.

— جانابلىرى راستىنلا مېنى كۈتۈپ ئولتۇرغانمىدىلە؟

— ئەلۋەتتە سىزنى كۈتۈپ ئولتۇردۇم. بولمىسا تەگشۈرۈپ كۆرەيلى.

— يوقسۇ. مېنى كۈتكەن بولسىلا بۇنىڭ ھاجىتى يوق، — دېدى لۇككىدىن كەلگەن كىشى.

— نېمە ئۈچۈن؟ — مونتې - كرىستو ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلمىدى.

لۇككىدىن كەلگەن كىشى سەل خاتىرجەمسىزلەنگەندەك بولۇپ قالدى.

— قولاق سېلىڭ، — دېدى مونتې - كرىستو، — سىز بارتولومېئو كاۋالكانتىمۇ؟

— بارتولومېئو كاۋالكانتى، — دەپ خۇشال بولغان ھالدا تەكرارلىدى لۇككىدىن كەلگەن كىشى، — تامامەن توغرا.

— ئاۋستىرىيە ئارمىيىسىدىن ئىستېپاغا چىققان مايورمۇ؟

— مەن مايور بولغانمىدىم؟ — قورۇنۇپقىنا سورىدى پېشقەدەم جەڭچى.

— شۇنداق، — دېدى مونتې - كرىستو، — سىز مايور بولغان. سىز ئىتالىيىدە ئېرىشكەن ئۇنۋان فرانسىيىدە شۇنداق دەپ ئاتىلىدۇ.

— مەيلى، — دېدى لۇككىدىن كەلگەن كىشى، — ماڭا بەربىر...

— سىز بۇ يەرگە ئۆز خاھىشىڭىز بىلەن كەلمىدىڭىز، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى مونتې - كرىستو.

— شۇنداق، ئەلۋەتتە!

— سىزنى بىر كىشى ئەۋەتكەنمىدى؟

— ھەئە.

— مۆھتەرەم بۇزونى ھەزرەتلىرىمۇ؟

— ھەئە، ھەئە، — دەپ خۇشال بولۇپ كەتتى مايور.



— ئۇنىڭدىن خەت ئېلىپ كەلگەنسىز؟

— مانا خەت.

— ھە بەللى! ئەكېلىڭ.

مونتې - كرىستو خەتنى ئالدى ۋە لېپاپىنى يىرتىپ، ئوقۇدى. مايور تەئەججۈپلەنگەن ھالدا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ گرافقا قاراپ تۇراتتى. ئۇ ئۆي ئىچىدىكى نەرسىلەرگە ھاڭۋېقىپ قاراپ قالاتتى - دە، يەنە دەرھال كۆزلىرىنى ئۆي ئىگىسىگە قارىتاتتى.

— ھە، توغرا... ھەزرەت شۇنداق دەپ يېزىپتۇ... «مايور كاۋالكانتى، مەشھۇر لۇككىلىق پۇقرا، فلورېنسىيىلىك كاۋالكانتىلارنىڭ ئەۋلادى، — مونتې - كرىستو خەتكە كۆز يۈگۈرتۈپ ئۇيەر - بۇيەردىن ئوقۇشقا باشلىدى، — يىلىغا يېرىم مىليون كىرىم قىلىدۇ...»

مونتې - كرىستو خەتتىن كۆزىنى ئېلىپ، ئېگىلىپ تازىم قىلىپ قويدى.

— يېرىم مىليون! — دېدى ئۇ، — قالتىس، قەدىرلىك كاۋالكانتى ئەپەندى!

— يېرىم مىليون دەپ يېزىلىپتۇما؟ — سورىدى لۇككىدىن كەلگەن كىشى.

— ئاق قەغەزگە قارا سىيا بىلەن شۇنداق دەپ يېزىلىپتۇ. شۇنداق بولۇشى چوقۇم. بۇزونى ھەزرەت ياۋروپادىكى كاتتا مۇلۇكدارلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىدۇ.

ماقۇل، يېرىم مىليون بولسا بولسۇن، — دېدى لۇككىدىن كەلگەن كىشى، — لېكىن، ئەزىبرايى خۇدا، بۇنچىلىك جىق پۇل يېزىلىدۇ دەپ ئويلىماپتىكەنمەن.

— چۈنكى، سىزنىڭ غوجىدارىڭىز خىيانەت قىلىدۇ. قانداق قىلغۇلۇق، قەدىرلىك كاۋالكانتى ئەپەندى، سىز بىلەن بىزنىڭ تەقدىرىمىز شۇنداق.

— سىز مېنىڭ كۆزۈمنى ئېچىپ قويدىڭىز، — دېدى لۇكـكىدىن كەلگەن كىشى جىددىي قىياپەتتە، — ئۇ نائەھلىنى قوغلىۋېتىمەن.

مونتې - كرىستو خەتنى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى:

— «ئۇنىڭ تولۇق بەختلىك بولۇشى ئۈچۈن بىرلا نەرسە كەملىك قىلىدۇ».

— يا پەرۋەردىگارىم، شۇنداق! پەقەت بىرلا نەرسە! — دېدى لۇككىدىن كەلگەن كىشى ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ.

— «ئۇ ئۆزىنىڭ ئارزۇلۇق ئوغلىنى تاپماقچى».

— ئارزۇلۇق ئوغلۇمنى تاپماقچى!

— «ئۇنىڭ ئوغلى كىچىك ۋاقتىدا ئۆزىنىڭ پاك ئائىلىسىنىڭ دۈشمەنلىرى ياكى سىگانلار تەرىپىدىن ئوغرىلاپ كېتىلگەن».

— بەش ياشلىق ۋاقتىدا، تەقسىر! دېدى لۇككىدىن كەلگەن كىشى ئېغىر خۇرسىنىپ ۋە كۆزلىرىنى يۇقىرىغا قاراتتى.

— بەختسىز ئاتا! — دېدى مونتې - كرىستو ۋە يەنە ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى:

— «ئۇ ئۆز ئوغلىنى 15 يىلدىن بېرى بىھۇدە ئىزلەپ كېلىۋاتىدۇ. گراف، مەن ئۇنىڭغا ئۈمىد بەردىم. ھايات بەردىم، مەن سىزنىڭ ئۇ ئوغۇلنى تېپىپ بېرەلەيدىغانلىقىڭىزنى ئېيتتىم».

لۇككىدىن كەلگەن كىشى مونتې - كرىستوغا تەشۋىشلىك كۆزلىرىنى تىكىپ قارىدى.

— مەن بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايمەن، — دېدى مونتې - كرىستو.

مايور قەددىنى رۇسلىدى.

— بۇ خەتتە يېزىلغان گەپلەرنىڭ ھەممىسى راست ئىكەن - دە؟ — دېدى ئۇ.



— بۇنىڭغا شەك كەلتۈرگەنمىدىڭىز، قەدىرلىك بارتولومېئو ئەپەندى؟

— ياق، ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس! ئۇنداق دېمىسىلە! بۇزونى ھەزرەتتەك ئۇلۇغ ئادەمنىڭ يالغان گەپ قىلىشى مۇمكىن ئەمەس، بىراق، جانابلىرى، خەتنى تولۇق ئوقۇپ بولمىدىلىغۇ دەيمەن.

ھە، راست، — دېدى مونتې - كرىستو، — يەنە بىر ئەسكەرتمىسى بار ئىكەن.

— شۇنداق... — دېدى لۇككىدىن كەلگەن كىشى، — ئەسكەرتمە...

— «مايور كاۋالكانتى بانكىدىن بانكىغا پۇل يۆتكەپ ئاۋارە بولمىسۇن دەپ، ئۇنىڭ يول خىراجىتى ئۈچۈن 2000 فرانكلىق چېكىنى ئەۋەتتىم. مېنىڭ سىزدىكى 48 مىڭ فرانك ئېلىشىمنى مەزكۇر كىشىگە ئۆتكۈزۈپ بېرەرسىز».

مايور خاتىرجەمسىزلەنگەن ھالدا بۇ ئەسكەرتمىنىڭ ئوقۇلۇشىنى كۈزىتىپ تۇردى.

— ھىم. — دېدى گراف.

— ئۇنىڭ ماڭا ئېيتىشىچە... — لۇككىدىن كەلگەن كىشى دۇدۇقلاپ قالدى، — دېمەك... گراف... — دېدى ئۇ يەنە.

— ھە، نېمە بولدى؟ — سورىدى مونتې - كرىستو.

— دېمەك بۇ ئەسكەرتمىنى...

— ئەسكەرتمە نېمە بوپتۇ؟

— بۇ ئەسكەرتمىنىمۇ قوبۇل قىلامسىز؟

— ئەلۋەتتە. بۇزونى ھەزرەت بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئاشۇنداق ئېلىم - بېرىم ئىشلىرىمىز بار. ئۇنىڭغا بېرىشىم راستىنلا 48 مىڭ فرانكمۇ ياكى ئۇنداق ئەمەسمۇ، بۇنىسى ئېنىق يادىمدا قالماپتۇ. لېكىن بىز ئۇنىڭ بىلەن ئۈنچىلىك ئىش-

لارنى سۇرۇشتۇرۇپ ئولتۇرمايمىز. ھە، گاۋالكانتى ئەپەندى، سىز بۇ ئەسكەرتمىگە بەكمۇ ئەھمىيەت بېرىدىغان ئوخشىمامسىز؟

— راستىنى ئېيتسام بولمايدۇ، — دېدى لۇككىدىن كەلگەن كىشى، — بۇزونى ھەزرەتىنىڭ خېتىگە ئىشىنىپ، يېنىمغا پۇل سالماي كەپتىمەن. ئەگەر بۇ ئۈمىدلىرىم يوققا چىقسا پارىژدا بەكمۇ قىيىن ئەھۋالدا قالىمەن.

— قويۇڭ بۇ گەپنى. سىزگە ئوخشاش بىر ئادەم قانداقلا يەرگە بارسا قىيىن ئەھۋالدا قېلىشى مۇمكىنمۇ؟ — دېدى مونتې-كرىستو.

— ھېچكىمنى تونۇمىغاندىن كېيىن... — دەپ دۇدۇقلىدى لۇككىدىن كەلگەن كىشى.

— لېكىن سىزنى تونۇيدىغانلار بار.

— شۇنداق، مېنى تونۇيدىغانلار بار. دېمەك...

— قۇلىقىم سىزدە، قەدىرلىك كاۋالكانتى ئەپەندى.

— دېمەك، شۇ 48 مىڭ فرانكنى ماڭا بېرەمسىز؟

— قاچان خالىسىڭىز شۇ چاغدا بېرىمەن.

مايور ئەجەبلەنگەن ھالدا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ قاراپ قالدى.

— ھە، قېنى، مەرھەمەت قىلىپ ئولتۇرۇڭ، — دېدى مونتې-كرىستو، — ماڭا نېمە بولغاندۇ ھە... چارەك سائەتتىن بېرى سىزنى ئولتۇرۇشقىمۇ تەكلىپ قىلماپتىمەنغۇ.

— ھەشقاللا!

مايور كرېسلونى سۈرۈپ كېلىپ ئولتۇردى.

— ئۇسسۇلۇقىڭىزغا بىر نېمە كەلتۈرۈشكە ئىجازەت قىلغايسىز، — دېدى گراف، — نېمىنى خالايسىز، خېرېسنىمۇ، پورتۇېينىمۇ، ئالىكانتېنىمۇ؟

— مۇمكىن بولسا ئالىكانتېنى ئىچەي. بۇ مېنىڭ ياخشى كۆرىدىغان هارىقىم.



— مەندە ئالىي دەرىجىلىك ئالىكانتې بار. يەنە بىر ئاز بىسكۇيتمۇ يەيدىغانسىز؟

— سىز تەكلىپ قىلغاندىن كېيىن بىسكۇيتىنىمۇ تېتىپ كۆرەي.

گراف قوڭغۇراقنى جىرىڭلاتتى. باتىستىن كىردى. گراف ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى.

— ھە، قانداق؟ — ئاۋازىنى پەسەيتىپ سورىدى ئۇ.

— ئۇ يېڭىت كەلدى، — دېدى خىزمەتكارمۇ بوش ئاۋاز بىلەن.

— ياخشى. ئۇنى قەيەرگە باشلىدىڭىز؟

— جانابلىرىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ھاۋا رەڭ مېھمانخانىغا ئەكىرىپ قويدۇم.

— ياخشى. بىر شىشە ئالىكانتې بىلەن بىسكۇيت ئەكىرىڭ.

باتىستىن چىقىپ كەتتى.

— تەقسىر، — دېدى لۇككىدىن كەلگەن كىشى، — ئۆزلىرىنى ئاۋارە قىلغانلىقىمدىن بەك خىجىلمەن.

— ھە، ھېچقىسى يوق، — دېدى مونتې-كرىستو.

باتىستىن شاراب، قەدەھ ۋە بىسكۇيتلەرنى ئەكىردى.

گراف بىر قەدەھنى تولدۇرۇپ قويدى، يەنە بىر قەدەھكە شىشىدىكى قىپقىزىل ياقۇتتەك سۈيۇقلۇقتىن بىرنەچچە تامچىنىلا تېمىتىپ قويدى. شىشىنى ئۇراپ كەتكەن ئۆمۈچۈك تورلىرى ۋە باشقا ئالامەتلەر بۇ شارابنىڭ كونىلىقىنى شۇ قەدەر ئېنىق كۆرسىتىپ تۇراتتىكى، ئادەمنىڭ قورۇقلىرىمۇ قېرىلىقىنى بۇنچىلىك نامايان قىلالماس.

مايور تاللاشتا خاتالاشمىدى. ئۇ تولدۇرۇلغان قەدەھ بىلەن بىسكۇيتنى ئالدى. گراف باتىستىنغا پەتنۇسنى مېھماننىڭ يېنىغا ئاپىرىپ قويۇشنى بۇيرۇدى. مېھمان ئالدى بىلەن شارابنى تېتىپ

كۆردى، ئاندىن چىرايىنى ھۇزۇرلانغان ھالدا پۈرۈشتۈرۈپ قويۇپ، بىسكۋىتنى ئاۋايلاپ قەدەھكە تۆگۈردى.

— شۇنداق قىلىپ، تەقسىر، — دېدى مونتې - كرىستو، — سىز لۇككىدا تۇرغان ئىكەنسىز، باي ئادەم ئىكەنسىز، كېلىپ چىقىشىڭىز ئېسىلزادە ئىكەن، ھەممە كىشىلەر سىزنى ھۆرمەت قىلىدىكەن، بەختلىك بولۇشىڭىز ئۈچۈن ھەممە نېمىڭىز تەل ئىكەن، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، جانابلىرى، — مايور بىسكۋىتنى چايناپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى، — تۇققۇزۇم تەل.

— ئەمدى تولۇق بولۇشىڭىز ئۈچۈن پەقەت بىرلا نېمىڭىز يېتىشمەيدىكەن، شۇنداقمۇ؟

— پەقەت بىرلا نەرسەم يېتىشمەيدۇ، — جاۋاب بەردى لۇككىدىن كەلگەن كىشى.

— ئوغلىڭىز يېتىشمەيدۇ، شۇنداقمۇ؟

— ئاھ، — دېدى مۆھتەرەم مايور ۋە يەنە بىر كېسىم بىسكۋىتنى قولىغا ئالدى، — شۇ ئوغلۇم يېتىشمەيۋاتىدۇ.

ئۇ كۆزلىرىنى يۇقىرىغا قارىتىپ، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىشقا ئۇرۇنۇپ باقتى.

— ئېيتىڭا، قەدىرلىك كاۋالكانتى ئەپەندى، — دېدى مونتې - كرىستو، — سىزنى شۇنچە داغدا قويغان ئۇ ئوغۇل سىزنىڭ قانداق ئوغلىڭىز؟ سىزنى بويتاق دەپ ئاڭلىغانىدىمغۇ.

— كىشىلەر شۇنداق دەپ ئويلايدۇ، — دېدى مايور، — مەن ئۆزۈممۇ...

— توغرا، — دېدى يەنە مونتې - كرىستو، — سىز ئۆزىڭىزمۇ ئۇنداق گەپلەرنى رەت قىلمىغان. ياشلىقىڭىزدا قىلىپ قويغان گۇناھىڭىزنى يوشۇرماقچى بولغانىدىڭىز.

لۇككىدىن كەلگەن كىشى كرېسلونىڭ كەينىگە يۆلىنىپ ئول-



تۇرۇپ، چىرايىغا تەمكىن ۋە سالاپەتلىك تۈس بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۈنچىقماستىن كۆزلىرىنى پەسكە قاراتتى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى غەيرىتىنى يىغىپ، ئوي - پىكىرلىرىنى مەركەزلەشتۈرۈش ئۈچۈن بولمىدى. بىردەمدىن كېيىن ئۇ گرافقا ئاستىرتتىن قاراپ قويدى ۋە ئۇنىڭ لەۋلىرىدە تېخىچىلا بايىقىدەك خۇش تەبەسسۇم جىلۋىلىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

— شۇنداق، تەقسىر، — دېدى ئۇ، — ئاشۇ خاتالىقىمنى يوشۇرماقچىدىم.

— بۇ ئىشنى يوشۇرۇشىڭىز ئۆزىڭىزنى ئويلىغانلىقتىن بولمىغان، — دېدى مونتې - كرىستو، — ئەرلەرنىڭ بۇنداق ئىشلىرى يامان ئىش دەپ قارالمايدۇ.

— ياق. ئەلۋەتتە، ئۆزۈمنى دەپ يوشۇرمىدىم، — دېدى مايور كۈلۈپ تۇرۇپ بېشىنى چايقاپ.

— ئۇنىڭ ئانىسىنى ئاياپ يوشۇردىڭىز، — دېدى گراف.

— ئانىسىنى ئاياپ يوشۇردۇم! — دەپ خىتاب قىلدى لۇككىدىن كەلگەن كىشى ۋە يەنە بىر كېسىم بىسكۋىتنى قولىغا ئالدى، — بىچارە ئانىسىنى ئاياپ!

— ھە، قېنى، ئىچىڭ، قەدىرلىك كاۋالكانتى ئەپەندى، — دېدى مونتې - كرىستو ۋە مېھمانغا ئالىكانتې شارابىدىن ئىككىنچى قەدەھنى تولدۇرۇپ قويۇپ بەردى، — كۆڭلىڭىز بۇزۇلۇپ، گەپ قىلالماي قېلىۋاتىسىز.

— بىچارە ئانىسىنى ئاياپ! — دەپ پىچىرلىدى لۇككىدىن كەلگەن كىشى ۋە يالغاندىن يىغلاش ئۈچۈن كۆزلىرىدىن ياش چىقىرىشقا كۈچەپ تىرىشىپ باقتى.

— بىلىشىمچە، ئۇ ئايال ئىتالىيىدىكى ئەڭ مەشھۇر ئائىلەردىن بىرىگە تەۋە ئىكەن، ھە؟

— ئۇ فىيېزوللۇق ئاقسۆڭەك ئايال، گراف!

— ئۇنىڭ ئىسمى؟

— ئۇنىڭ ئىسمىنى بىلىشنى خالامال؟

— ياللا، — دېدى مونتې - كرىستو، — دېمىسىڭىز مەيلى. ئۇنىڭ ئىسمىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن.

— ئۆزلىرى ھەممىنى بىلىدىلا، — دېدى لۇككىدىن كەلگەن كىشى تەزىم قىلىپ تۇرۇپ.

— ئۇنىڭ ئىسمى ئۇلۋا كورىسنارىغۇ، ھە؟

— ئۇلۋا كورىسنارى!

— ماركىز قىزىمۇ؟

— ماركىز قىزى.

— ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى قوشۇلمىغان بولسىمۇ، ئاخىرى ئۇنىڭغا ئۆيلىنەلىدىڭىز؟

— ئاخىرى ئۆيلەندىم.

— ئەمىسە كېرەكلىك ھۆججەتلەرنى ئېلىپ كەلگەنسىز؟ — داۋاملاشتۇردى مونتې - كرىستو.

— قانداق ھۆججەتلەرنى؟ — سورىدى لۇككىدىن كەلگەن كىشى.

— توي قىلىپ بىلەن ئوغلىڭىزنىڭ تۇغۇلۇش گۇۋاھنامىسىچۇ؟

— ئوغلۇمنىڭ تۇغۇلۇش گۇۋاھنامىسى؟

— ئوغلىڭىز ئاندرېئا كاۋالكانتىنىڭ تۇغۇلۇش گۇۋاھنامىسىنى دەيمەن. ئۇنىڭ ئىسمى ئاندرېئا ئەمەسمۇ؟

— شۇنداققۇ دەيمەن، — دېدى لۇككىدىن كەلگەن كىشى.

— شۇنداققۇ دەيمەن دېگىنىڭىز قانداق گەپ؟

— ھەي، ئۆزۈممۇ ئېنىق بىلمەيمەن. ئۇنىڭ يوقىلىپ كەتكىنىگە بەك ئۇزاق بولدى ئەمەسمۇ.

— توغرا، — دېدى مونتې - كرىستو، — شۇنداقتىمۇ، ھۆججەتلەر يېنىڭىزدا باردۇر؟



— ناھايىتى ئەپسۇسلىنىمەن، گراف. ئۇ ھۆججەتلەرنىڭ كېرەك بولىدىغانلىقىنى بىلمىگەنلىكىم ئۈچۈن يېنىمغا سالماي كەپتىمەن.

— ئاپلا! — دېدى مونتې - كرىستو.

— ئۇ ھۆججەتلەر شۇنچە زۆرۈرمىدى؟

— زۆرۈر!

لۇككىدىن كەلگەن كىشى ماڭلىيىنى قاشلاپ قويدى.

— يا پەرۋەردىگارىم ۋاكخو①! — دېدى ئۇ، — زۆرۈر!

— ئەلۋەتتە، باشقىلار سىزنىڭ ھەقىقەتەن نىكاھلانغانلىقىڭىزدىن ۋە ئوغلىڭىزنىڭ قانۇنىي ئاساستا تۇغۇلغانلىقىدىن گۇمانلىنىپ قالسا قانداق بولىدۇ؟

— راست دەيسىز، كىشىلەر گۇمانلىنىپ قېلىشى مۇمكىن.

— شۇنداق بولسا، بۇ ئىش ئوغلىڭىزغا بەكمۇ ئېغىر كېلىدۇ.

— ئۇنىڭغا ئەجەللىك زەربە بولىدۇ.

— شۇ سەۋەبتىن ئۇ ئاجايىپ ياخشى بىر قىزغا ئۆيلىنىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم بولىدۇ.

نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق ئىش!

— فرانسىيىدە بۇنداق ئىشلار بەك چىڭ تۇتۇلىدۇ. بۇ يەردە ئىتالىيىدىكىگە ئوخشاش روھانىينىڭ ئالدىغا بېرىپلا «بىز بىر - بىرىمىزنى ياخشى كۆرىمىز، نىكاھ ئوقۇپ قويۇڭ» دېگىلى بولمايدۇ. فرانسىيىدە قانۇنىي نىكاھ يولغا قويۇلغان. قانۇنىي نىكاھنى رەسمىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن شەخسنىڭ گۇۋاھلىق ھۆججەتلىرى بولۇشى كېرەك.

— ئەستاغپۇرۇللا، مەندە ئۇنداق ھۆججەتلەر يوق.

---

① قەدىمكى گرېكلارنىڭ ئېپتىدائىي دىنىدىكى ئىلاھلاردىن بىرىنىڭ ئىسمى

— مەيلى سىزنىڭ ھۆججەتلىرىڭىز مەندە بار.

— سىزدە؟

— ھەئە.

— سىزدە مېنىڭ ھۆججەتلىرىم بار؟

— بار.

— بارىكاللا، — دېدى لۇككىدىن كەلگەن كىشى. ئۇ ھۆججەتلەر بولمىسا ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلىكى بىكارغا چىقىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، 48 مىڭ فىرانك مەسىلىسىنىڭ قاتماللىققا چۈشۈپ قېلىشىدىن قورقۇپ تۇرغانىدى، — بارىكاللا مانا بۇ زور بەخت. شۇنداق، — دېدى ئۇ يەنە، — بۇ زور بەخت. مەن بۇ ھۆججەتلەرنى ئويلاپمۇ قويمىغان ئىكەنمەن ئەمەسمۇ.

— بەزىدە شۇنداق بولۇپ قالىدۇ، گېپىڭىزگە ئىشىنىمەن. ئادەم دېگەن ھەممە ئىشنى ئويلاپ كېتەلمەيدۇ. ھېلىمۇ ياخشى بۇزونى ھەزرەت بۇنىڭ غېمىنى قىلىپ قويۇپتۇ.

— نېمىدېگەن ياخشى ھەزرەت ئۇ!

— ئۇ بەك ئاقىلانە ئادەم.

— ئاجايىپ ياخشى ئادەم، — دېدى لۇككىدىن كەلگەن كىشى، — ھۆججەتلەرنى ئۇ سىزگە ئەۋەتىپ بەرگەنمىدى؟

— مانا ئۇ ھۆججەتلەر.

لۇككىدىن كەلگەن كىشى خۇشاللىقىدا دۇئا قىلىۋاتقاندەك قىياپەتتە ئالقانلىرىنى جۈپلىدى.

— سىز ئولىۋا كورىسنارى بىلەن مونتې كاتتىنىدىكى مۇقەددەس پاۋېل چېركاۋىدا نىكاھلانغان ئىكەنسىز. مانا بۇ، روھانىنىڭ ئىسپات قەغىزى.

— توغرا ھەقىقەتەن شۇ ئىكەن، — دېدى مايور تەئەججۇپ ئىچىدە قەغەزگە قاراپ.



— مانا ماۋۇ ئاندرېئا كاۋالكانتىنىڭ چوقۇندۇرۇلغانلىقى ھەققىدىكى ئىسپات قەغىزى. بۇ ساراۋېستىكى روھانىي تەرىپىدىن يېزىلغان.

— بەك ياخشى بوپتۇ، — دېدى مايور.

— ئۇنداق بولسا، بۇ قەغەزلەرنى ئېلىۋېلىڭ. بۇنىڭ ماڭا كېرىكى يوق. ئوغلىڭىزغا بېرىڭ، ئۇ بۇ قەغەزلەرنى ياخشى ساقلايدۇ.

— شۇنداق بولمامدىغان! ئەگەر بۇ ھۆججەتلەر يوقىلىپ كەتسە ...

— ھە، يوقىلىپ كەتسە نېمە بولىدۇ؟ — سورىدى مونتې-كرىستو.

— ئۇ چاغدا يەنە بۇزونى ھەزرەتكە خەت يېزىشقا توغرا كېلىدۇ-دە، — دېدى لۇككىدىن كەلگەن كىشى، — يېڭى ھۆججەتلەرنىڭ كېلىشى بەك ئۇزاققا سوزۇلۇپ كېتىدۇ.

— توغرا، ئۇنداق قىلىش تەسكە توختايدۇ، — دېدى مونتې — كرىستو.

— ھەتتا مۇمكىن ئەمەس، — دېدى لۇككىدىن كەلگەن كىشى.

— بۇ ھۆججەتلەرنىڭ قەدرىگە يەتكەنلىكىڭىزدىن خۇرسەنمەن.

— مەن بۇ قەغەزلەرنى بىباھا گۆھەر دەپ ھېسابلايمەن.

— ئەمدى، — دېدى مونتې-كرىستو، — ئوغلىڭىزنىڭ ئانىسىغا كەلسەك ...

— ئوغلۇمنىڭ ئانىسىغا كەلسەك، — دەپ تەكرارلىدى مايور خاتىرجەمسىزلىنىپ.

— ماركىز خېنىم كورىسنارىغا كەلسەك ...

— ۋاي خۇدايىم! — دېدى لۇككىدىن كەلگەن كىشى ئۇ گويا ئاياغ ئاستىدىن يېڭى-يېڭى توسالغۇلار چىقىۋاتقاندەك

ھېس قىلدى، — ئانىسىنىمۇ چاقىرتىش كېرەكمىدى؟

— ياقەي، ئۇ ... — دېدى مونتېپ - كرىستو.

— ھە، ھە، ئۇ ...

— ئۇ بۇ دۇنيادىن ۋىدالاشقان ئەمەسمۇ ...

— راست، شۇنداق، — ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىدى لۇككىدىن كەلگەن كىشى.

— مەن بۇنى بىلىمەن، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى مونتېپ - كرىستو، — ئۇنىڭ قازا تاپقىنىغا ئون يىل بولدى.

— شۇندىن بۇيان ئۇنىڭ قارىلىقىنى تۇتۇۋاتىمەن، — دېدى لۇككىدىن كەلگەن كىشى ۋە يانچۇقىدىن چاقماق گۈللۈك قول ياغلىقىنى چىقىرىپ، ئاۋۋال سول كۆزىنى، ئاندىن ئوڭ كۆزىنى سۈرتتى.

— بۇنىڭغا نېمە چارە، — دېدى مونتېپ - كرىستو، — بىز ھەممىمىز ئۆلىمىز. ئەمدى چۈشەنگەنسىز، قەدىرلىك كاۋالكانتى ئەپەندى، فرانسىيەدە ئۆزىڭىزنىڭ 15 يىلدىن بېرى ئوغلىڭىزنى تاپالماي يۈرگەنلىكىڭىزنى سۆزلەپ يۈرۈشنىڭ پايدىسى يوق. بالا ئوغرىلايدىغان سىگانلارنىڭ ھېكايىلىرىغا بۇ يەردىكى كىشىلەر ئىشەنمەيدۇ. ئوغلىڭىز بىر چەت ۋىلايەتتىكى مەكتەپتە تەربىيىلەنگەن. ئەمدى سىز ئۇنى پارىژدا ئوقۇتماقچى بولۇۋاتىسىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئايالىڭىزنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن كۆچۈپ بارغان ۋىئا - رېدژودىن بۇ يەرگە كەلدىڭىز. شۇنداق دېسىڭىز قاملىشىدۇ.

— شۇنداق دەمدىم؟

— ئەلۋەتتە.

— ھە، ئەمىسە چاتاق يوق.

— ئەگەر ئوغلىڭىز بىلەن يېقىندا تېپىشقانلىقىڭىز توغرۇلۇق گەپ سۆزلەر چىقىپ قالسا ...



— ھە، شۇنداق بولۇپ قالسا نېمە دەيمەن؟

— ئائىلىڭىزنىڭ دۈشمەنلىرىگە سېتىلىپ كەتكەن سۇيىقەستچى ئۇستاز ...

— ئاشۇ كورسىنارى دېگەنلەرنىڭ ئائىلىسىنى دەمسىز؟

— ئەلۋەتتە ... ئاشۇ ئۇستاز نەسلىڭىزنى قۇرۇتۇۋېتىش ئۈچۈن بالىڭىزنى ئوغرىلاپ كەتكەن دېسىڭىز بولىدۇ.

— توغرا، ئۇ يالغۇز ئوغۇل ئەمەسمۇ.

— شۇنداق قىلىپ، كېلىشىۋالدۇق، ئۆتكەن ئىشلارنى يادىڭىزغا كەلتۈرۈۋالدىڭىز، بۇندىن كېيىن بۇ گەپلەرنى ئۇنتۇپ قالمايسىز. ئەمدى سىزگە نېمە تەييارلاپ قويغانلىقىمنى پەرەز قىلالامسىز؟

— ياخشى نەرسىمۇ؟ — سورىدى لۇككىدىن كەلگەن كىشى.

— ھەس، — دېدى مونتېپ - كرىستو، — ئاتا بولغۇچى كىشىنىڭ كۆزى ئۆتكۈر، يۈرىكى سەزگۈر بولىدىكەن.

— ھىم! — دەپ غودۇڭشۇپ قويدى مايور.

— ئۇنىڭ مۇشۇ يەردە ئىكەنلىكىنى بىرىدىن ئاڭلىدىڭىزمۇ ياكى ئۆزىڭىز پەرەز قىلدىڭىزمۇ؟

— كىم مۇشۇ يەردە؟

— بالىڭىز، ئوغلىڭىز، ئاندرېئاڭىز.

— ھەئە، پەرەز قىلىپ بىلدىم، — دېدى لۇككىدىن كەلگەن كىشى پەرۋا قىلمىغان ئاھاڭدا، — ئۇ مۇشۇ يەردىمۇ؟

— مۇشۇ يەردە، سىزنىڭ يېنىڭىزدا، — دېدى مونتېپ - كرىستو، — بايا خىزمەتكارىم كىرگەندە ئۇنىڭ كەلگەنلىكىنى ئېيتقان.

— ياخشى بوپتۇ! ياخشى بوپتۇ! — مايور كالتە ۋېنگېرچە چاپىنىنىڭ ئىزمىلىرىنى تۈزەپ تۇرۇپ خىتاب قىلدى.

— قەدىرلىك كاۋالكانتى ئەپەندى، — دېدى مونتېپ -

كىرىستو، — قانچىلىك ھاياجانلىنىۋاتقانلىقىڭىزنى بىلىپ تۇرىۋاتىمەن. بىراق ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ. مەن چىقىپ ئوغلىڭىزنى بۇ بەختلىك ئۇچرىشىشقا ھازىرلاندۇراي. ئۇمۇ سىزگە ئوخشاش تاقەتسىزلىنىپ تۇرغاندۇر.

— ئەلۋەتتە، — دېدى كاۋالكانتى.

— ئەمىسە شۇنداق بولسۇن. يەنە چارەك سائەتتىن كېيىن بىز ئالدىڭىزدا ھازىر بولىمىز.

— ئۇنى ئۆزىڭىز باشلاپ كىرەمسىز؟ ئۆزىڭىز ماڭا تونۇشتۇرامسىز؟

— ياق، مەن ئاتا بىلەن بالىنىڭ ئارىسىغا كىرىۋېلىشنى خالىمايمەن. ئەمما سىز مالال بولماڭ، ئاتا - بالىلىق قېنىڭلار سادا چىقارمىغان تەقدىردىمۇ سىز ئۇنى تونۇۋالالايسىز. ئۇ مانا ماۋۇ ئىشىكتىن كىرىدۇ. ئۇ كېلىشكەن يىگىت، چاچلىرى سېرىق مەيتتا ئاققا مايىل، يۈرۈش - تۇرۇشلىرى تۈزۈك. ئومۇمەن، ھازىر ئۆزىڭىز كۆرىسىز.

— يەنە بىر گەپ، — دېدى مايور، — ئۆزىڭىز بىلىسىز، مېنىڭ مۆھتەرەم بۇزونى ھەزرەتنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق تاپشۇرۇۋالغان 2000 فرانكلا پۇلۇم بار ئىدى. بۇنىڭ بىر قىسمىنى يولدا خەجلەپ قويدۇم. ئەمدى ...

— ئەمدى سىزگە يەنە پۇل كېرەك ... شۇنداق بولۇشى تۇرغان گەپ، قەدىرلىك كاۋالكانتى ئەپەندى. مانا، ئېلىڭ، 1000 فرانكلىق قەغەزدىن سەككىز.

مايورنىڭ كۆزلىرى خۇددى گۆھەر تاشتەك چاقناپ كەتتى.

— مەندە يەنە 40 مىڭ فرانكلىق ئېلىشىڭىز قالدى، — دېدى مونتې - كرىستو.

— جانابلىرىغا ھۆججەت يېزىپ بېرەمدىم؟ — سورىدى مايور پۇللارنى ۋېنگىرچە چاپىنىنىڭ ئىچ يانچۇقىغا سېلىۋېتىپ.



— نېمىشقا؟ — دەپ سورىدى گىراف. — بىر تىلخەت يېزىپ بەرسەم بۇزونى ھەزرەت بىلەن قىلىشىدىغان ھېساب - كىتابلىرىڭىزدا كېرەك بولمامدۇ. — قالغان 40 مىڭ فرانكنىمۇ ئۆتكۈزۈپ ئېلىۋالغاندىن كېيىن ھەممىسىگە بىر ھۆججەت يېزىپ بېرەرسىز. ۋىجدانلىق كىشىلەر ئارىسىدا مۇنداق ئېھتىيات چارىلىرىنىڭ بولۇشى ئارتۇقچە ئىش.

— شۇنداق، توغرا، ۋىجدانلىق كىشىلەر، — دېدى مايور.

— يەنە بىر گېپىم بار، ماركىز.

— خىزمەتلىرىگە تەييارمەن.

— سىزگە كىچىككىنە بىر مەسلىھەت بەرسەم بولامدۇ؟

— بولمامدىغان! قېنى، ئېيتىڭ.

— بۇ چاپىنىڭىزنى تاشلىۋەتسىڭىز ياخشى بولاتتى.

— شۇنداق قىلىش كېرەكمۇ؟ — دېدى مايور ۋە كۆزى قىيمىغان ھالدا ئۆزىنىڭ كىيىم - كېچىكىگە قاراپ قويدى.

— شۇنداق قىلىش كېرەك. ۋېنا - رېمدۇلۇقلار ھازىرمۇ مۇشۇنداق چاپانلارنى كىيىشىدۇ، ئەمما پارىژدا بۇنداق كىيىملەر ھەرقانچە كۆركەم بولسىمۇ ئاللىقاچان مودىدىن قالغان.

— ھەي، ئېسىت، — دېدى لۇككىدىن كەلگەن كىشى.

— ئەگەر بۇ كىيىملىرىڭىزنى بەك ياخشى كۆرسىڭىز، بۇ يەردىن قايتىشتا يەنە كىيىۋالسىڭىز بولىدۇ.

— ئەمىسە بۇ يەردە نېمە كىيىمەن؟

— چامادانىڭىزدىكى كىيىملەرنى كىيىمەمسىز.

— چامادانىمدىكى؟ مېنىڭ سەپەر خالتامدىن باشقا ھېچنېمەم يوق.

— ئۆزىڭىزنىڭ يېنىڭىزدا ئەلۋەتتە يوق. ئارتۇق يۈك كۆتۈرۈپ يۈرۈشنىڭ نېمە پايدىسى؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە پېشقەدەم ھەربىيلەر يەڭگىل يۈرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ.

— شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ...

— لېكىن سىز ئىشقا پۇختا ئادەم بولغانلىقىڭىز ئۈچۈن نەرسە-كېرەكلىرىڭىزنى ئالدىن ماڭغۇزىۋەتكەن. ئۇ نەرسىلىرىڭىز رىشېلىيې كوچىسىدىكى پىرىنسىپۇ مېھمانخانىسىغا تۈنۈگۈن يېتىپ كەلدى. سىز ئۇ مېھمانخانىدىن ئۆزىڭىزگە ياتاق بۇيرۇتۇپ قويغان ئەمەسمىدىڭىز.

— دېمەك، چامادانىدا ...

— خىزمەتكارىڭىزغا ئۆزىڭىزنىڭ ھەربىيچە ۋە پۇقراچە كىيىملىرىڭىزنى چامادانغا سېلىشنى ئېيتقان بولغىدىڭىز. ئالاھىدە تەنتەنىلىك ئىشلار بولغاندا ھەربىيچە كىيىنىڭ. بۇ كۈچلۈك تەسىر قوزغايدۇ. ئوردېنلىرىڭىزنى تاقىۋېلىشنى ئۇنتۇماڭ. فرانسىيىدە ئوردېن تاقاپ يۈرىدىغانلار مەسخىرە قىلىنىسىمۇ، كىشىلەر يەنىلا تاقايدۇ.

— ماقۇل، ماقۇل، ماقۇل! — دېدى مايور بارغانسېرى ھەيران بولۇپ.

— كاۋالكانتى ئەپەندى، — دېدى مونتې-كرىستو، — يۈرىكىڭىزنى توختىتىۋالدىڭىز، كۈچلۈك تەسىراتلارغا بەرداشلىق بېرەلەيسىز. ئەمدى ئوغلىڭىز ئاندرېئانى كۆرۈشكە تەييارلىنىڭ.

مونتې-كرىستو خۇش تەبەسسۇم بىلەن تەزىم قىلىپ، ئىشىك پەردىلىرىنىڭ كەينىدە غايىب بولدى.

## ئۈچىنچى باب

# ئاندرېئا كاۋالكانتى

گراف مونتې-كرىستو بابا باتىستېن ھاۋا رەڭ مېھمانخانا دەپ ئاتىغان خانىغا كىردى. ئۇ يەردە خېلى ياخشى كىيىنگەن



بىر يىگىت ئۇنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى. بۇ يىگىتنى يېرىم سائەت ئىلگىرى بىر كىرا ھارۋىسى بۇ ئىمارەتنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا ئەكېلىپ قويغانىدى.

باتىستېن ئۇنى ئاسانلا تونۇۋالدى. گراف باتىستېنغا ئۇنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنى سۆرەتلەپ بەرگەن بولۇپ، بۇ چاچلىرى قىسقا، قىرقىما ساقىلى ئاق-سېرىق، كۆزلىرى قارا ۋە تېرىسى سۈزۈك كەلگەن يىگىت ئىدى. گراف بۇ مېھمانخانا ئۆيگە كىرگەندە سافادا ئەركىن-ئازادە كېرىلىپ، ئالتۇن باشلىق ھاسا تايىقى بىلەن ئايىغىغا توكۇلدىتىپ ئۇرۇپ ئولتۇراتتى.

مونتې-كرىستونىڭ كىرىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇردى.

— سىز گراف مونتې-كرىستومۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— شۇنداق، — دېدى گراف، — مەن ئاندرېئا كاۋالكانتى بىلەن سۆزلىشىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولدۇممۇ؟

— ئاندرېئا كاۋالكانتى، — دېدى يىگىت ۋە بەخىرامانلىق بىلەن تەزىم قىلىپ قويدى.

— سىزدە ماڭا قارىتىپ يېزىلغان خەت بارغۇ دەيمەن؟ — سورىدى مونتې-كرىستو.

— بار، لېكىن بۇ خەتكە غەلىتە بىر خىل ئىمزا قويۇلغان بولغاچقا، بۇ ھەقتە سىزگە ئېغىز ئاچمىغانىدىم.

— سىندباد ساياھەتچى دەپ ئىمزا قويۇلغانمۇ؟

— ھەئە. مەن «مىڭ بىر كېچە» دىكى سىندباد ساياھەتچىدىن باشقا يەنە بىر سىندباد ساياھەتچىنىڭ بار ئىكەنلىكىنى ئاڭلىمىغانىدىم، شۇڭا...

— ئۇ ئاشۇ سىندباد ساياھەتچىنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ بىرى. ئۇ مېنىڭ دوستۇم، ناھايىتى باي كىشى، مىللىتى ئىنگلىز. ئۇ ئاجايىپ غەلىتە ئادەم، ھەتتا ئەقلىدىن ئېزىپ قالغان دېيىشىمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭ ھەقىقىي ئىسمى لورد ئۇيىلمور.

— ھە، ئەمدى چۈشەندىم، — دېدى ئاندرېئا، — ئىشلار بىر-بىرىگە قالتىس باغلىنىپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ ئىنگلىز بىلەن مەن... بىر يەردە... تونۇشقان... ھە، بەك ياخشى بولدى... گراف، خىزمىتىڭىزگە مەن تەييار.

— ئېيتقانلىرىڭىز راست بولسا، — دېدى گراف كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئۆزىڭىز ۋە ئاتا-ئانىڭىز توغرىسىدىكى بەزى گەپلەرنى ماڭا سۆزلەپ بېرەرسىز.

— سۆزلەپ بېرەي، گراف، — يىگىت شۇنداق تەمتىرەمەي جاۋاب بەردىكى، بۇ گەپلەرنى پىششىق يادلىۋالغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى، — ئۆزىڭىز ئېيتقاندەك، مەن مايور بارتولومېئو كاۋالكانتىنىڭ ئوغلى ئاندرېئا كاۋالكانتى، فلورېنسىيىنىڭ ئالتۇن كىتابىغا يېزىلغان كاۋالكانتىلارنىڭ ئەۋلادى. ئائىلىمىز تا ھازىرغىچە ئىنتايىن باياشات كۈن كەچۈرمەكتە، چۈنكى ئاتام يىلىغا يېرىم مىليون كىرىمى بولىدىغان سەرمايىغا ئىگە، لېكىن بىز ئۇزۇن بەختسىزلىكلەرگە دۇچ كەلدۇق. مەن بەش-ئالتە ياش ۋاقتىمدا سۇيىقەستچى ئۇستازىم مېنى ئوغرىلاپ كەتكەن. شۇندىن تارتىپ 15 يىلغىچە ئاتامنى كۆرەلمىدىم. مەن چوڭ بولۇپ، ئۆز ئەركىنلىكىمنى قولۇمغا ئېلىپ، ئۆز-ئۆزۈمنى باشقۇرىدىغان بولغاندىن بۇيان ئاتامنى ئىزلەۋاتىمەن، بىراق ئۇنى تاپالمىدىم. ئاخىرى، دوستىڭىز سىندىباد ماڭا خەت يېزىپ، ئاتامنىڭ پارىژدا ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنى تېپىش ئۈچۈن سىزنىڭ ئالدىڭىزغا بېرىشىمنى ئۇقتۇردى.

— سۆزلىگەنلىرىڭىز بەك قىزىقارلىق ئىشلار ئىكەن، — گراف بۇ تەنتەك ۋە قانداقتۇر شەيتانلارچە چىرايلىق بولغان يىگىتكە قانائەت ھاسىل قىلغان ھالدا قاراپ ئولتۇرۇپ سۆزلىدى، — دوستۇم سىندىبادنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئىش قىلغانلىقىڭىز ياخشى بوپتۇ، چۈنكى ئاتىڭىز مۇشۇ يەردە، ئۇ سىزنى ئىزلەۋاتىدۇ.



گراف مېھمانخانا ئۆيىگە كىرگەندىن تارتىپ بۇ يىگىتتىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇ، بۇ يىگىتنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىدىن ۋە ئاۋازىنىڭ كەسكىنلىكىدىن زوقلىناتتى. لېكىن ئاندرېئا «ئاتىڭىز مۇشۇ يەردە، ئۇ سىزنى ئىزلەۋاتىدۇ» دېگەندەك تەبىئىي ھالدا ئېيتىلغان سۆزلەرنى ئاڭلىشى بىلەن تەڭلا ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كېتىپ خىتاب قىلدى:

— ئاتام! ئاتام مۇشۇ يەردە!

— ئەلۋەتتە، — دېدى مونتې-كرىستو، — ئاتىڭىز مايور بارتولومېئو كاۋالكانتى.

يىگىتنىڭ چىرايىدا ئەكس ئەتكەن قورقۇنچ ئالامەتلىرى دەرھال يوقالدى.

— ھە، راست، — دېدى ئۇ، — مايور بارتولومېئو كاۋالكانتى قەدىرلىك ئاتامنى مۇشۇ يەردە دېدىڭىزما، گراف؟

— شۇنداق، تەقسىر. مەن ھېلى تېخى ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ چىقتىم. ئۇنىڭ ماڭا كۆپ يىللار ئىلگىرى يوقىتىپ قويغان ئوغلى توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرگەنلىرى مېنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى. دەرۋەقە، ئۇنىڭ تارتقان ئازابلىرى، ھەسرەتلىرى، ئارزۇ-ئارمانلىرى بىر تەسىرلىك داستانغا ئوخشايدۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ ئوغلىنى ئوغرىلاپ كەتكۈچىلەر ئۇنىڭغا ئۈچۈر بېرىپ، ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ ۋە بۇنىڭ بەدىلىگە ناھايىتى كۆپ پۇل سورايدۇ. كۆيۈمچان ئاتا ھېچنېمىگە قاراپ ئولتۇرمىدى. ئۇ، پۇل ۋە ئىتالىيىگە چاقىرتىش قەغىزىنى پىيېمونت چېگرىسىدىن ئۇلارغا ئەۋەتىپ بەردى. سىز ئۇ چاغدا جەنۇبىي فرانسىيىدە ئىدىڭىزغۇ دەيمەن؟

— شۇنداق، — گراف، — دېدى ئاندرېئا بىرئاز ئوڭايسىزلانغان ھالدا، — شۇنداق، جەنۇبىي فرانسىيىدە ئىدىم.

— سىزنى نىتسسىدە بىر ھارۋا كۈتۈپ تۇرغانمىدى؟

— ھەئە. ئۇ ھارۋا مېنى نىتسسىدىن گېنۇياغا، گېنۇيادىن تۇرىنغا، تۇرىندىن شامبېرىغا. شامبېرىدىن پوندې - بوۋوئازىنغا، پوندې - بوۋوئازىندىن پارىژغا ئەكەلدى.

— توغرا. ئاتىڭىزمۇ شۇ يول بىلەن ماڭغان بولغاچقا، سىزنى يولدا ئۇچرىتىپ قالارمەن دېگەن ئۈمىدتە بولغان. شۇڭا، سىزنىمۇ شۇ يول بىلەن ماڭغۇزۇشنى بەلگىلىگەن.

— بىراق، — دېدى ئاندرېئا، — قەدىرلىك ئاتام مېنى ئۇچراتقان تەقدىردىمۇ تونۇيالماس ئىدى. بىز بىر - بىرىمىزدىن ئايرىلغاندىن بېرى كۆپ ئۆزگىرىپ كەتتىم.

— قانداشلىق تۇيغۇسىچۇ! — دېدى مونتې - كرىستو.

— ھە، راست، — دېدى يىگىت، — قانداشلىق تۇيغۇسىنى ئويلىماپتىمەن.

— ماركىز كاۋالكانتىنىڭ پەقەت بىرلا غېمى بار، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى مونتې - كرىستو، — ئۇ بولسىمۇ: ئايرىلىش جەريانىدا سىز نېمە ئىشلارنى قىلغانسىز؟ ئۇ زالىملار سىزگە قانداق مۇئامىلىدە بولغاندۇر؟ ئۇلار سىزنى كېلىپ چىقىشىڭىزغا مۇناسىپ ھۆرمەتلىگەنمىدۇر؟ جىسمانىي ئازابلاردىن يۈز ھەسسە ئېغىر بولىدىغان روھىي ئازابلىرىڭىز نەتىجىسىدە شۇنچە مول تۇغما قابىلىيەتلىرىڭىز كېمىيىپ كەتكەنمىدۇر؟ ئۆزىڭىزگە تېگىشلىك بولغان يۇقىرى مەرتىۋىلىك ئورۇننى قايتىدىن ئىگىلەش ئىقتىدارىڭىز بارمىدۇر دېگەندەك مەسىلىلەردىن ئىبارەت.

— شۇنىڭغا ئۈمىد قىلىمەنكى، تەقسىر، — يىگىت تەمتىرەپ دۇدۇقلىدى، — ھېچقانداق چېقىمچىلىقلار ...

— قويۇڭا بۇ گەپنى. مەن دەسلەپتە سىزنىڭ گېپىڭىزنى ساخاۋەتچى دوستۇم ئۇيىلموردىن ئاڭلىغانىدىم، ئۇ ماڭا سىزنىڭ قىيىن ئەھۋالدا قالغانلىقىڭىزنى ئېيتتى. نېمە ئىشلىگىنى ئۇنىڭدىن



سورىمىدىم. مەن كىشىلەر ئېيتمىغان گەپنى كوچىلاپ سوراشنى ياخشى كۆرمەيمەن. ئۇ سىزگە ياردەم قىلماقچى بولغاچقا، مەنمۇ سىزنى ھېسداشلىق قىلىشقا لايىق يىگىت ئىكەن دەپ چۈشەندىم. ئۇ سىزنىڭ مەھرۇم قىلىنغان ئىجتىمائىي ئورنىڭىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە بەل باغلىغانلىقىنى ۋە ئاتىڭىزنى ئىزلەپ تاپىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئاخىرى ئىزلەپ تېپىپتۇ. ئاتىڭىز ھازىر مۇشۇ يەردە. ئۇيىلمور تۈنۈگۈن ماڭا سىزنىڭ كەلگەنلىكىڭىزنى خەۋەر قىلدى ۋە سىزنىڭ تۇرمۇش خىراجىتىڭىزگە مۇناسىۋەتلىك بەزى يوليورۇقلارنى بەردى. دوستۇم ئۇيىلمور بەك تەۋەككۈلچى، لېكىن ئۇ سەممىمىي ۋە خۇددى ئالتۇن كانىدەك باي بولغاچقا چىقىمدىن قورقماي تەۋەككۈلچىلىك قىلالايدۇ. شۇڭا، مەن ئۇنىڭ يوليورۇقلىرىنى ئورۇنداشقا ۋەدە قىلدىم. ئەمدى تەقسىر، خاپا بولمىسىڭىز، سىزگە بىر سوئالىم بار. بۇندىن كېيىن سىزگە ئاز - تولا باشپاناھ بولىدىغانلىقىم ئۈچۈن شۇنى بىلگىم كېلىدۇكى، بېشىڭىزغا چۈشكەن بەختسىزلىكلەردىن سىزنىڭ گۇناھىڭىز يوق. ئەمدى بايلىقىڭىز ۋە نام - ئابرۇيىڭىزغا مۇناسىپ ھالدا جەمئىيەتتە يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە بولىسىز، لېكىن ئاشۇ بەختسىزلىكلىرىڭىز سىزنى بۇ جەمئىيەتتىن بىرئاز ياتلاشتۇرۇپ قويىدىمۇ — قانداق؟

— بۇ جەھەتتە خاتىرجەم بولۇڭ، تەقسىر، — دېدى يىگىت. گراف سۆزلەپ بولغۇچە ئۇنىڭ بايىقى سۆزمەنلىكى ئەسلىگە كېلىپ بولغانىدى، — مېنى ئوغرىلاپ كەتكەن كىشىلەر ئاخىرقى ھېسابتا مېنى يەنە ئۆز ئاتامغا سېتىشنى مەقسەت قىلغان بولسا كېرەك. دېمىسىمۇ، ئاخىرى شۇنداق قىلىشتىغۇ. ئۇلار مېنىڭدىن كۆپرەك پايدا تېپىش ئۈچۈن قىممىتىمنى چۈشۈرۈۋەتمەسلىك، ھەتتا قىممىتىمنى ئىمكانقەدەر ئۆستۈرۈش كېرەك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى بولغاي. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار مېنى خېلى ياخشى ئوقۇتتى. بۇ بالا ئوغرىلىرىنىڭ ماڭا بولغان مۇئامىلىسى كىچىك

ئاسىيا قۇلدارلىرىنىڭ قۇل قىزلارغا تۇتقان مۇئامىلىسىگە ئوخشاش بولدى. كىچىك ئاسىيا قۇلدارلىرى قۇل قىزلارنى قىممەت باھادا سېتىش ئۈچۈن ئۇلارنى ئوقۇتۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن تىلشۇناس، دوختۇر ۋە پەيلاسوپلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقاتتى.

مونتې - كرىستو قانائەتلەنگەن ھالدا كۈلۈپ قويدى. ئۇ ئاندرېئانىڭ گەپنى بۇنچىلىك قاملاشتۇرۇۋېتىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى.

— ئۇنىڭ ئۈستىگە، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئاندرېئا، — ئەگەر مەندە تەربىيىنىڭ يېتەرسىزلىكى ياكى ئاقسۆڭەكلەر جەمئىيىتىگە يات بولغان قىلىقلار كۆرۈلۈپ قالغان تەقدىردىمۇ، كىشىلەر مېنىڭ بالىلىق ۋە ياشلىق دەۋرىمنىڭ بەختسىزلىك ئىچىدە ئۆتكەنلىكىنى ئېتىبارغا ئېلىپ ئەپۇ قىلىشار.

— بەلكىم شۇنداقمۇ بولار، — دېدى مونتې - كرىستو ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئېتىبار قىلمىغان قىياپەتتە، — قانداق خالىسىڭىز شۇنداق قىلىڭ، بۇ ئۆزىڭىزنىڭ ئىشىڭىز. بۇ ئىشلار باشقىلارغا مۇناسىۋەتسىز. شۇنداقتىمۇ، سىزنىڭ ئورنىڭىزدا مەن بولسام، بۇنداق سەرگۈزەشتىلەرنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا سۆزلىمەيتتىم. سىزنىڭ ھاياتىڭىز گوياكى بىر رومانغا ئوخشايدۇ. ھالبۇكى، سېرىق قەغەز مۇقاۋىلىق رومانلارنى شۇنچە ياخشى كۆرىدىغان بۇ جەمئىيەتتىكى كىشىلەر تىرىك ئادەملەرنىڭ تېرىسىدىن ئىبارەت مۇقاۋىلارغا ئىگە بولغان جانلىق رومانلارغا شۇ قەدەر گۇمانىي قاراشتا بولىدۇكى، ھەتتا سىزنىڭكىدەك ئالتۇن مۇقاۋىلىق رومانغىمۇ ئىشەنمەيدۇ. مانا مۇشۇ قىيىنچىلىقنى ئالدىڭىزدىن ئۆتكۈزۈپ قوياي دەيمەن. ئۆز ھاياتىڭىزدىكى بىرەر تەسىرلىك ۋەقەنى سۆزلەپلا قويسىڭىز، بۇ گەپ ھەش - پەش دېگۈچە پۈتۈنلەي بۇرمىلانغان ھالدا پۈتۈن پارىژغا تارقىلىدۇ. سىز ئۆزىڭىزنى ئانتونىدەك قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشىسىز، ئەمما ئۇنداق ئانتونى-



لارنىڭ زامانى ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەن. بىر قىسىم كىشىلەر بەلكىم سىزگە قىزىقىپ قېلىشى مۇمكىن. شۇنداق بولغاندا سىز مەلۇم دەرىجىدە ئىناۋەتكە ئېرىشىسىز، لېكىن كىشىلەرنىڭ گەپ - سۆزلىرىگە نىشان بولۇپ بېرىش ھەممە ئادەمنىڭ كۆڭلىگە يېقىۋەرمەيدۇ. سىزمۇ ئۇنداق بولۇشنى خالىماسلىقىڭىز مۇمكىن.

— ئېيتقىنىڭىز توغرا، گراف، — دېدى ئاندرېئا ۋە مونتې - كرىستونىڭ ئۆزىگە مىختەك قادالغان كۆزلىرى ئاستىدا ئىختىيارسىز ھالدا تاتىرىپ كەتتى، — بۇ بىر پېشكەللىك.

— ئۇنداق دەپ مۇبالىغىلاشتۇرۇۋەتمىسەكمۇ بولماس، — دېدى مونتې - كرىستو، — سەۋەنلىكنى تۈزىتىمەن دەپ ئەخمىقانە ئىشلارنى قىلىپ قويۇش مۇمكىن. ئوبدان ئويلاپ ئىش قىلىش كېرەك. سىزدەك ئەقىللىق ئادەم ئۆز مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان مەسىلىلەردە ئويلاپ ئىش قىلىشنى بىلىدۇ. ئۆتمۈشىڭىزدىكى ئىللەتلەرنى دەلىل - ئىسپاتلار ۋە سادىق دوستلارنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن رەت قىلىش كېرەك.

ئاندرېئا تەمتىرەپ، نېمە دېيىشنى بىلمەي قالدى.

— مەنمۇ سىزنىڭ گۇۋاھچىڭىز بولۇشنى خالايتتىم، — سۆزىنى داۋاملاشتۇردى مونتې - كرىستو، — لېكىن مېنىڭ يېقىن دوستلاردىن گۇمانلانغان ۋە باشقىلارنىمۇ ئۆزۈمدىن گۇمانلاندۇرۇپ قويىدىغان بىر ئادىتىم بار. ئارتىسلارنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، ئۇنداق روللارنى مەن ئوينىيالمايمەن، ئەگەر ئوينىسام سەھنىدىن قوغلاپ چۈشۈرۈلىمەن. ئۇنداق ھالغا چۈشۈپ قېلىش ياخشى ئەمەس - تە.

— شۇنداق بولسىمۇ، گراف، — سۆز ياندۇرۇشقا جۈرئەت قىلدى ئاندرېئا، — مېنى سىزگە تونۇشتۇرغان لورد ئۇيىلمورنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ...

— ئۇغۇ شۇنداق، — دېدى مونتې - كرىستو، — لېكىن

لورد ئۇيىلمور سىزنىڭ بىر قىسىم شوخلۇقلىرىڭىزنى مەندىن يوشۇرمىدى. ياق، ياق، — دېدى گراف ئاندرېئانىڭ سۆز قىلىشقا تەمشىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، — مەن سىزنىڭ توۋا قىلىشىڭىزنى تەلەپ قىلمايمەن. مەن سىزنى باشقىلارنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولۇپ قالمىسۇن دەپ ئاتىڭىزنى لۇككىدىن چاقىرتتىم ئەمەسمۇ. ئۇنى هازىر كۆرىسىز. ئۇ كەم سۆزرەك ۋە مىجەزى ئېغىر، لېكىن بۇ ھەربىي سەپتىكى خىزمەتنىڭ تەسىرىدىن بولغان. كىشىلەر ئۇنىڭ 18 يىلدىن بۇيان ئاۋستىرىيە قوشۇنلىرىدا خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىنى ئۇقسا ئۇنى ئەيىبلىمەيدۇ. بىز ئومۇمەن ئاۋستىرىيىلىكلەرگە تەلەپنى ئانچە ئېغىر قويمايمىز. ئەمما، ئۇنىڭ سىزگە ئاتىلىق مۇناسىۋىتى ناھايىتى ياخشى بولىدۇ. بۇنىڭغا ئىشىنىڭ.

— گەپلىرىڭىزدىن كۆڭلۈم ئىمىن تاپتى، گراف. ئاتامدىن ئايرىلىپ كەتكەنگە بەك ئۇزاق بولغاچقا، ئۇنى زادى ئەسلىيەلمەيمەن.

— ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىز، پۇلى بار ئادەملەرنىڭ كۆپ ئىشلاردا گېپى ئۆتۈك بولىدۇ.

— ئاتام راستىنلا شۇنچە بايمۇ؟

— ئۇ مىليونېر ... يىللىق كىرىمى 500 مىڭ لىۋىر.

— دېمەك، — يىگىت ئۈمىدلىنىپ سورىدى، — مېنىڭ ئورنۇم خېلىلا ... ياخشى بولىدىكەن - دە؟

— ناھايىتى ياخشى بولىدۇ، قەدىرلىكىم. سىز پارىژدىن كەتكۈچە بولغان ئارىلىقتا ئۇ سىزگە يىلىغا 50 مىڭ لىۋىر بېرىشنى بەلگىلىدى.

— ئەمىسە مەن بۇ يەردىن زادى كەتمەيمەن.

— ھىم! كەلگۈسىدە قانداق بولىدىغانلىقىغا كىم بىر نېمە



دېيەلىسۇن؟ بەندە پەرەز قىلالايدۇ، لېكىن تەڭرى ئۆز ئىرادىسى بويىچە ئىش قىلىدۇ.

ئاندرېئا ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويدى.

— شۇنداق بولسىمۇ، — دېدى ئۇ، — مەن پارىژدىن كەتمىگۈچە ... مەن بۇ يەردىن كېتىشكە مەجبۇر بولمىغۇچە سىز ئېيتقان پۇللاردىن چوقۇم بەھرىمەن بولالامدىم؟

— ئەلۋەتتە.

— ئاتام بېرەمدۇ؟ — تاقەتسىزلىنىپ سورىدى ئاندرېئا.

— شۇنداق. لېكىن بۇ ئىش لورد ئۇيىلمورنىڭ كېپىللىكى بىلەن بولىدۇ. ئۇ، ئاتىڭىزنىڭ ئىلتىماسى بويىچە پارىژدىكى ئەڭ كاتتا بانكىرلاردىن بىرى بولغان دانگلار ئەپەندىدىن سىزگە ھەر ئايدا 5000 فرانىك قەرز ئېلىپ بېرىدۇ.

— ئاتام پارىژدا خېلى ئۇزاق تۇرامدۇ؟

— بىرنەچچە كۈن تۇرىدۇ، — دېدى مونتې - كرىستو، — ئۇ ئىككى - ئۈچ ھەپتىدىن ئارتۇق ۋاقىتقا خىزمىتىدىن ئايرىلالمايدۇ.

— ئاھ، قەدىردان ئاتام! — دېدى ئاندرېئا. ئۇنىڭ مۇنداق تېز ۋىدالىشىشتىن خوش بولغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— شۇنىڭ ئۈچۈن، — دېدى مونتې - كرىستو ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىنى قانداق ئاھاڭدا ئېيتقانلىقىنى سەزمىگەن قىياپەتتە، — سىلەرنىڭ دىدار كۆرۈشۈشلىرىڭلارنى ئارقىغا سۈرۈشنى خالىمايمەن. مۆھتەرەم كاۋالكانتى ئەپەندىنى قۇچاقلاشقا تەييارمۇسىز؟

— شۇنداق بولۇشىدىن گۇمانلانمىسىڭىز كېرەك؟

— ئەمىسە، مانا ماۋۇ مېھمان كۈتۈش ئۆيىگە كىرىڭ. ئاتىڭىز شۇ يەردە. ئۇ سىزنى كۈتۈپ ئولتۇرىدۇ.

ئاندرېئا گرافقا تەزىم قىلىپ، مېھمان كۈتۈش ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. گراف ئۇ چىقىپ كەتكۈچە كەينىدىن قاراپ

ئۇردى. ئاندىن تامدىكى سۈرەتلەردىن بىرىنىڭ ئارقىغا يوشۇرۇلغان پورژىننى باسقانىدى، سۈرەت ئۆز جازىسىدىن سەل سۈرۈلۈپ چىقتى ـ دە، مېھمان كۈتۈش ئۆيىنى كۆرۈشكە بولغۇدەك يوچۇق ئېچىلدى.

ئاندرېئا كىرىشكىلى مايور ئورنىدىن تۇردى. ئاندرېئا ئىشىكنى يېپىپ قويۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.

ـــ ۋاي، قەدىردان ئاتا، ـــ ئاندرېئا ئۆز ئاۋازىنى يېپىقلىق ئىشىكنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى گراف ئاڭلىسۇن دەپ ئۈنلۈك سۆزلىدى، ـــ بۇ راستىنلا سىزمۇ؟

ـــ ياخشىمۇسىز، جېنىم ئوغلۇم، ـــ مايور جىددىي ئاھاڭدا سۆزلىدى.

ـــ سىز بىلەن شۇنچە كۆپ يىللاردىن بېرى كۆرۈشمەي، ئاخىرى يەنە تېپىشالىغىنىمىز نېمىدېگەن زور بەخت، ـــ دېدى ئاندرېئا ئىشىك تەرەپكە قاراپ قويۇپ.

ـــ راست، ئايرىلغىنىمىزغا بەك ئۇزاق بولدى.

ـــ قۇچاقلىشامدۇق؟ ـــ تەكلىپ قىلدى ئاندرېئا.

ـــ مەرھەمەت، ئوغلۇم، ـــ دېدى مايور.

ئۇلار فرانسىيە تىياتىرلىرىدىكىدەك مەڭزىنى مەڭزىگە يېقىپ قۇچاقلاشتى.

ـــ شۇنداق قىلىپ، يەنە بىللە بولدۇق، ـــ دېدى ئاندرېئا.

ـــ يەنە بىللە بولدۇق، ـــ تەكرارلىدى مايور.

ـــ ئەمدى ئايرىلماسمىز؟

ـــ ئەكسىچە، قەدىرلىك ئوغلۇم. ھازىر فرانسىيە سىزنىڭ ئىككىنچى ۋەتىنىڭىز بولۇپ قالغاندۇر؟

ـــ ئىقرار بولۇشۇم كېرەك، ـــ دېدى يىگىت، ـــ ئەگەر پارىژنى تاشلاپ كېتىشكە توغرا كەلسە بەكمۇ ھەسرەتلەنگەن بولاتتىم.



ـــ مەن بولسام، لۇككىدىن ئايرىلىپ ياشىيالمايمەن. شۇڭا، پۇرسەت بولسىلا ئىتالىيىگە قايتىپ كېتىمەن.

ـــ قەدىرلىك ئاتا، قايتىپ كېتىشتىن ئىلگىرى مېنىڭ كېلىپ چىقىشىمغا ئىسپات بولىدىغان ھۆججەتلەرنى ماڭا قالدۇرۇپ كېتەرسىز؟

ـــ شۇنداق بولىدۇ ـ دە. مەن ئۆزۈممۇ شۇ ئىش ئۈچۈن كەلدىم ئەمەسمۇ. شۇ ھۆججەتلەرنى سىزگە بېرىمەن دەپ، سىزنى كۆپ ئىزلەپ، ئاران تاپتىم. سىزنى يەنە بىر قېتىم مۇشۇنداق ئىزلەشكە توغرا كەلسە، ئاداققى ئۆمرۈمگىچە تاپالمايمەن.

ـــ ئۇ ھۆججەتلەر...

ـــ مانا.

ئاندرېئا ئاتىسىنىڭ توي خېتى بىلەن ئۆزىنىڭ تۇغۇلۇش گۇۋاھنامىسىنى تەقەززالىق بىلەن قولىغا ئېلىپ، ھەقىقىي پەرزەنتلەرگە خاس ئىنتىزارلىق بىلەن ئاچتى ۋە ئۆزىنىڭ زور قىزىقىشىنى ھەم خېلى تەجرىبىلىك ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىپ، ھەر ئىككى ھۆججەتنى تېز كۆرۈپ چىقتى. ئوقۇپ بولغاندا ئۇنىڭ چىرايى سۆز بىلەن ئىپادىلەش مۇمكىن بولمايدىغان خۇشاللىقتا نۇرلىنىپ كەتتى ۋە ئۇ غەلىتە بىر خىل كۈلۈمسىرەش بىلەن مايورغا قارىدى.

ـــ مۇنداق دەڭ! ـــ دېدى ئۇ ساپ توسكان شىۋىسىدە، ـــ ئىتالىيىدە جىنايەتچىلەرنى سۈرگۈن قىلىدىغان ئىشلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ئوخشىمامدۇ؟

مايور قەددىنى رۇسلىدى.

ـــ سىز نېمىدېمەكچى؟ ـــ دېدى ئۇ.

ـــ شۇنى دېمەكچىمەنكى، ئۇ يەردە مۇشۇنداق ھۆججەتلەرنى ياساپ چىققانلار سۈرۈشتە قىلىنمايدىغان ئوخشايدۇ. فرانسىيىدە بۇنداق ئىشنىڭ يېرىمىنى قىلىپ قويىدىغان بولسىڭىز كەم دېگەندىمۇ بەش يىلغىچە تۇلون ئارىلىنىڭ شامىلىنى يەيسىز.

— بۇ نېمىدېگىنىڭىز؟ — مايور چىرايىنى سۈرلۈك تۈسكە كىرگۈزۈشكە تىرىشىپ سورىدى.

— قەدىرلىك كاۋالكانتى ئەپەندى، — دېدى ئاندرېئا مايورنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ، — مېنىڭ ئاتام بولۇپ بەرگەنلىكىڭىز ئۈچۈن ئۇلار سىزگە قانچە پۇل بېرىدۇ؟

مايور گەپ قىلاي دەپ تۇرۇشىغا ئاندرېئا ئۇنى توختىتىۋالدى ۋە ئاۋازىنى پەسەيتىپ مۇنداق دېدى:

— ئاۋازىڭىزنى چىك چىقارماڭ. ئالدى بىلەن مەن ئېيتاي، مەن سىزنىڭ ئوغلىڭىز بولۇپ بەرگەنلىكىم ئۈچۈن ماڭا بىر يىلدا 50 مىڭ فرانك بېرىدۇ. شۇڭا، سىزنى مېنىڭ ئاتام ئەمەس دېيىشنى خالىمايمەن.

مايور بىئارام بولۇپ ئەتراپىغا قاراپ قويدى.

— قورقماڭ، بۇ يەردە ھېچكىم يوق، — دېدى ئاندرېئا، — ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىز ئىتالىيانچە سۆزلىشىۋاتىمىزغۇ.

— ماڭىمۇ شۇنداق، — دېدى لۇككىدىن كەلگەن كىشى، — ماڭىمۇ بىر يىلدا 50 مىڭ فرانك بېرىدۇ.

— كاۋالكانتى ئەپەندى، — دەپ سورىدى ئاندرېئا، — سىز ئاجايىپ چۆچەكلەرگە ئىشىنەمسىز؟

— بۇرۇن ئىشەنمەيتتىم. ئەمدى ئىشىنىشكە توغرا كېلىۋاتىدۇ.

— ئىشىنىشكە بىرەر ئاساسىڭىز بارمۇ؟

مايور يانچۇقىدىن بىر ئوچۇم لۇيىدور تەڭگىسىنى چىقاردى.

— كۆرۈپ تۇرۇپسىزكى، بۇ ھەقىقىي پۇل.

— سىزنىڭ پىكرىڭىزچە، ئۇنىڭ ۋەدىلىرىگە ئىشەنسەم بولامدۇ؟

— مېنىڭچە، ئىشەنسىڭىز بولىدۇ.

— بۇ گراف ۋەدىسىگە ئەمەل قىلارمۇ؟

— چوقۇم ئەمەل قىلىدۇ، لېكىن ئۆزىڭىز بىلىسىزغۇ،



ئۇنىڭ ۋەدە قىلغان نەرسىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن بىز ئىككىمىز ئۆز رولىمىزنى ياخشى ئوينىشىمىز كېرەك.

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ - دە!

— مەن بىر كۆيۈمچان ئاتىنىڭ رولىنى ئوينايمەن...

— ئۇلار مېنىڭ ئوغۇل بولۇشۇمنى خالىغاندىن كېيىن، ئوغۇلنىڭ رولىنى ئويناۋېرىمەن.

— ئۇلار دېگىنىڭىز كىم؟

— كىملىكىنى مەنمۇ بىلمەيمەن. ئىش قىلىپ، سىزگە خەت يازغانلار. سىزگە خەت كەلگەندۇر؟

— كەلدى.

— كىمدىن؟

— بۇزونى ھەزرەت دېگەن بىرىسىدىن.

— سىز ئۇنى تونۇمامسىز؟

— مەن ئۇنى ھېچقاچان كۆرۈپ باقمىغان.

— ئۇ خەتتە نېمىلەر يېزىلىپتۇ؟

— ماڭا يامانلىق قىلىدىغان ئويىڭىز يوقتۇر؟

— نېمىدەپ ئۇنداق قىلاتتىم؟ ئىككىمىزنىڭ مەنپەئەتىمىز بىر.

— ئەمىسە مانا، ئوقۇڭ.

مايور خەتنى يىگىتكە بەردى. ئاندرېئا ئاۋازىنى بوش چىقىرىپ ئوقۇدى:

«سىز كەمبەغەل. ئالدىڭىزدا سىزنى بەختسىز قېرىلىق كۈتۈپ تۇرماقتا. باي بولالمىسىڭىزمۇ. ھېچ بولمىغاندا ئەركىن ئادەم بولۇشنى خالامسىز؟

دەرھال پارىژغا بېرىپ، گراف مونتې - كرىستونى تېپىڭ. ئۇنىڭ ئادرېسى: يېلىسەي كوچىسى، 30 - قورۇ. ئۇنىڭدىن

ئوغلىڭىزنى سوراڭ. ئۇ ئوغلىڭىز سىزنىڭ ماركىز خانىم كورىسنارى بىلەن بولغان نىكاھىڭىزدىن تۇغۇلۇپ، بەش ياشلىق ۋاقتىدا باشقىلار تەرىپىدىن ئوغرىلاپ كېتىلگەن. ئوغلىڭىزنىڭ ئىسمى ئاندرېئا كاۋالكانتى. مەزكۇر خەتنى يازغۇچىنىڭ سىزگە بولغان ياخشى نىيىتىدىن شەكلىنىپ قالماسلىقىڭىز ئۈچۈن بۇ خەتكە قوشۇپ سىزگە يەنە مۇنۇلار ئەۋەتىلدى:

1. فلورېنسىيەدىكى گوسسى ئەپەندىنىڭ بانكىسىغا قارىتىپ يېزىلغان 2400 توسكان لىۋرىنىڭ چېكى.

2. گراف مونتې - كرىستوغا قارىتىپ يېزىلغان تونۇشتۇرۇش. ئۇ گراف مېنىڭ ھاۋالە قىلىشىم بىلەن سىزگە 48 مىڭ فرانك بېرىدۇ.

گرافنىڭ ئۆيىگە 26 - ماي كەچ سائەت يەتتىدە بېرىڭ.

بۇزونى ھەزرەت».

— مانا، دېمىدىممۇ.

— «مانا دېمىدىممۇ» دېگىنىڭىز نېمىسى؟ سىز نېمىدېمەكچى؟— سورىدى مايور.

— مەنمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىر خەت تاپشۇرۇۋالغان.

— سىز؟

— ھەئە، مەن.

— بۇزونى ھەزرەتتىنمۇ؟

— ياق.

— ئەمىسە كىمدىن؟

— ئۆزىنى سىندىباد - ساياھەتچى دەپ ئاتايدىغان لورد ئۆيىلمور ئىسىملىك بىر ئىنگلىزدىن.



— سىزنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بولغان تونۇشلۇقىڭىزمۇ مېنىڭ بۇزونى ھەزرەت بىلەن تونۇشلۇقۇمغا ئوخشاشتۇر؟

— ياق، بۇ جەھەتتە سىزگە قارىغاندا مەن كۆپرەكنى بىلىمەن.

— سىز ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەنمۇ؟

— ھەئە. بىر قېتىم كۆرۈشكەن.

— قەيەردە؟

— بۇنى دېيىشكە بولمايدۇ. بۇنى دېسەم مەن بىلگەنلىنىڭ ھەممىسىنى سىزمۇ بىلىدىغان بولىسىز. ئۇنداق قىلىش ئارتۇقچە.

— ئۇ، خەتكە نېمىلەرنى يېزىپتۇ؟

— ئوقۇڭ.

«سىز كەمبەغەل. ئالدىڭىزدا غېرىبلىق تەقدىرى سىزنى كۈتۈپ تۇرماقتا. ئىناۋەتلىك، ئەركىن ۋە باي ئادەم بولۇشنى خالامسىز؟»

— ۋاھ،— دېدى ئاندرېئا ئۇيىاق - بۇياققا چايقىلىپ تۇرۇپ،— شۇمۇ سورايدىغان گەپمۇ.

«نىتسادىن چىقىش يولىدىكى گېنۇيا دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا سىزنى بىر كىرا پەيتۇنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. شۇ پەيتۇنغا ئولتۇرۇپ، تۇرىن، شامبېرى ۋە پون - دې - بوۋوئازېن يولى بىلەن مېڭىڭ. 26 - ماي كەچ سائەت يەتتىدە يېلىسەي كوچىسى 30 - قورۇدىكى گراف مونتې - كرىستونىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنىڭدىن ئاتىڭىزنى سوراڭ. سىز ماركىز بارتولومېئو كاۋالكانتى بىلەن ماركىز خانىم ئولىۋار كورىسنارىنىڭ ئوغلى. ئاتىڭىز سىزگە

ئاپشۇرۇپ بېرىدىغان ھۆججەتلەر بۇنىڭغا ئىسپات بولىدۇ، سىز شۇ سالاھىيىتىڭىز بىلەن پارىژ جامائەتچىلىكىگە ئارىلىشىسىز. يىللىق كىرىمىڭىز 50 مىڭ لىۋىر بولغاچقا، سالاھىيىتىڭىزگە مۇناسىپ تۇرمۇش كەچۈرەلەيسىز.

سىزگە يەنە ئىنتسادىكى فېررېئا ئەپەندىنىڭ-بانكىسىغا يېزىلغان 5000 لىۋىر چېكى ۋە گراف مونتې-كرىستوغا قارىتىپ يېزىلغان تونۇشتۇرۇش خېتىنى مۇشۇ خەتكە قوشۇپ ئەۋەتتىم. مەن ئۇ گرافقا سىزنىڭ قىيىنچىلىقلىرىڭىزنى ھەل قىلىپ بېرىشنى ھاۋالە قىلدىم.

سىندباد-ساياھەتچى».

— قالتىس گەپ! — دېدى مايور.

— ھەقىقەتەن قالتىس.

— سىز گراف بىلەن كۆرۈشتىڭىزمۇ؟

— ھېلى شۇنىڭ يېنىدىن چىقتىم.

— ئۇ خەتتىكى گەپلەرنى تەستىقلىدىمۇ؟

— تولۇق تەستىقلىدى.

— بۇ ئىشلارنىڭ تېگى-تەكتىگە چۈشىنىپ يېتەلىدىڭىزمۇ؟

— راستىنى ئېيتقاندا، ھېچ چۈشەنمىدىم.

— ئۇلار كىمدۇ بىرىنى قاپقانغا چۈشۈرمەكچى بولۇۋاتىدۇ.

— سىز بىلەن ئىككىمىزنى ئۇنداق قىلىشماس؟

— ياق، ئەلۋەتتە ئۇنداق ئەمەس.

— ھە، ئەمىسە...

— نېمە قىلىشسا قىلىشمامدۇ، ھە؟

— مەنمۇ شۇنى دېمەكچىدىم. ئۆز رولىمىزنى ئاخىرغىچە زىچ ماسلىشىپ ئوينايلى.

— توغرا. بۇ جەھەتتە مەن سىزگە ياخشى شېرىك بولالايدىغانلىقىمنى كۆرۈپ قالىسىز.



— شۇنداق قىلالايدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن، قەدىرلىك ئاتا.

— ھەممىتىڭىزگە ھەشقاللا، قەدىرلىك ئوغلۇم.

مونتې-كرىستو ئەمدى مېھمان كۈتۈش ئۆيىگە كىرىشنى مۇۋاپىق تاپتى. ئۇنىڭ قەدەم شەپىسى ئاڭلىنىشى بىلەن تەڭ سۆھبەتداشلار بىر-بىرىنى قۇچاقلاشتى. گراف كىرىپ، ئۇلارنى شۇ ھالەتتە كۆردى.

— ھە، قانداق، ماركىز؟ — سورىدى مونتې-كرىستو، — ئوغلىڭىزنى كۆرۈپ خۇش بولغانسىز؟

— ئاھ، گراف، خۇشاللىقىمدىن نېمە قىلىشىمنى بىلمەيۋاتىمەن.

— ھە، سىزچۇ، يىگىت؟

— ئاھ، بۇ بەختتىن ئەس-ھوشۇمنى يوقىتىپ قويغۇدەك بولۇۋاتىمەن.

— بەختلىك ئاتا، بەختلىك بالا! — دېدى مونتې-كرىستو.

— مەن پەقەت بىرلا ئىشتىن، يەنى پارىژدىن شۇنچە تېز كېتىشىم كېرەكلىكىدىن ئەپسۇسلىنىۋاتىمەن، — دېدى مايور.

— يوقسۇ، قەدىرلىك كاۋالكانتى ئەپەندى، — دېدى مونتې-كرىستو، — مەن سىزنى بەزى دوستلىرىم بىلەن تونۇشتۇرۇپ قويمىغۇچە بۇ يەردىن كەتمەسلىكىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

— جانابلىرىنىڭ خىزمىتىگە تەييارمەن، — دېدى مايور.

— ھە، ئەمدى سىز كۆڭلىڭىزدىكى گېپىڭىزنى ئېيتىۋېرىڭ، يىگىت.

— كىمگە؟

— ئاتىڭىزغا. ئۆزىڭىزنىڭ پۇل جەھەتتىكى قىيىنچىلىقىڭىزنى ئۇنىڭغا ئوچۇق ئېيتىڭ.

— ھەي! — دېدى ئاندرېئا، — بۇ دەل مېنىڭ بېشىمنى قاتۇرۇۋاتقان مەسىلە.

— ئاڭلىدىڭىزمۇ، مايور؟ — دېدى مونتې - كرىستو.

— ئەلۋەتتە ئاڭلىدىم.

— چۈشەندىڭىزمۇ؟

— چۈشەندىم.

— بۇ بىچارە بالىغا پۇل كېرەك ئىكەن.

— مەن قانداق قىلىشىم كېرەك؟

— ئۇنىڭغا پۇل بېرىشىڭىز كېرەك.

— مەن؟

— ھەئە، سىز.

مونتې - كرىستو ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ تۇردى.

— مانا، ئېلىڭ، — دېدى ئۇ ئاندرېئاغا ۋە ئۇنىڭ قولىغا بىر باغلام قەغەز پۇلنى تۇتقۇزدى.

— بۇ نېمە؟

— ئاتىڭىزنىڭ جاۋابى.

— ئاتامنىڭ؟

— ھەئە. سىز ئۇنىڭغا ئۆزىڭىزنىڭ پۇلغا موھتاج ئىكەنلىكىڭىزنى ئۇقتۇردىڭىزغۇ.

— ھەئە. بىراق بۇ...

— مانا شۇ پۇل. ئاتىڭىز بۇ پۇلنى سىزگە بېرىشنى ماڭا ھاۋالە قىلدى.

— مېنىڭ كېيىن ئالىدىغان پۇللىرىمدىن تۇتۇۋېلىشقىمۇ؟

— ياق، كەم - كۈتىڭىزنى غەملىۋېلىش ئۈچۈن.

— قەدىردان ئاتا!

— بولدى، گەپ قىلماڭ، — دېدى مونتې - كرىستو، — كۆرۈۋاتىسىزغۇ، ئۇ، بۇ ھەقتە گەپ قىلىشىمنى خالىمايدۇ.

— ئاتامنىڭ بۇنداق تۆزۈتچانلىقىنى بەك ياقتۇرىمەن، — دېدى ئاندرېئا ۋە پۇللارنى يانچۇقىغا تىقتى.



— ياخشى، — دېدى گراف، — ئەمدى قايتىڭلار.

— جانابلىرى بىلەن يەنە قاچان كۆرۈشۈش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولىمىز؟ — سورىدى كاۋالكانتى.

— ھە، راست، — دېدى ئاندرېئا، — قاچان شۇنداق شەرەپكە مۇيەسسەر بولىمىز؟

— مۇۋاپىق كۆرسەڭلار، شەنبە كۈنى كەلسەڭلارمۇ بولىدۇ... ھەئە... توغرا... شەنبە كۈنى كېلىڭلار. مەن شۇ كۈنى ئوتېيلدىكى فونتېن كوچىسى 28 - قورۇدا بىرنەچچە كىشىگە زىياپەت بەرمەكچىمەن. سىلەرنىڭ بانكىرىڭلار دانگلار ئەپەندىمۇ كېلىدۇ. ئۇنى سىزگە تونۇشتۇرۇپ قوياي. ئۇ سىلەرگە پۇل بېرىدىغان بولغاچقا ئىككىڭلارنى تونۇۋېلىشى كېرەك - تە.

— ياخشى كىيىنىپ كېلىش كېرەكمۇ؟ — بوشقىنا سورىدى مايور.

— ياخشى كىيىنىڭ: ھەربىيچە چاپان، ئوردېنلار، قىسقا شىم.

— مەنچۇ؟ — سورىدى ئاندرېئا.

— سىز ئاددىيلا كىيىنىڭ: قارا شىم، لاكلانغان كېپىش، ئاق كۆڭلەك، قارا ياكى كۆك چاپان، ئۇزۇن گالستۇك. كىيىملەرنى بىلىن ياكى ۋېرونىكاغا تىكتۈرۈڭ. ئۇلارنىڭ ئادرېسىنى بىلمىسىڭىز، باتىستېن ئېيتىپ بېرىدۇ. پۇلىڭىز ھەرقانچە كۆپ بولسىمۇ، ئۆزىڭىزنى كەمتەر تۇتۇڭ. كېيىنچە ياخشى كىيىملەرنى كېيىدىغان بولىسىز. ئاتلارنى دېۋېدودىن، پەيتوننى باتىستېن ئېلىڭ.

— سائەت قانچىدە بارىمىز؟ — سورىدى ئاندرېئا.

— يەتتە يېرىمدا.

— ماقۇل، — دېدى مايور، قولىغا شىلەپىسىنى ئېلىپ.

ھەر ئىككى كاۋالكانتى تەزىم قىلىپ، چىقىپ كېتىشتى. گراف دېرىزە ئالدىغا كېلىپ، ئۇلارنىڭ قولتۇقلىشىپ، قورۇنى كېسىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىغا قاراپ تۇردى.

— سېپى ئۆزىدىن ئىككى رەزىل مۇناپىق! — دېدى ئۇ، — ئۇلار ھەقىقىي ئاتا - بالا بولسىچۇ كاشكى!

ئۇ بىر مىنۇتچە چوڭقۇر خىيالغا چۆمۈپ تۇرۇپ قالدى.
— موررېللارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كېلەي، — دېدى ئۇ، — غەزەپ ۋە يىرگىنچتىن بوغۇلۇپ قالغۇدەك بولۇۋاتىمەن.

## تۆتىنچى باب

# بېدە تېرىلغان كۆكتاتلىق

ئەمدى بىز ۋىلفور ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە ياندىش بولغان كۆكتاتلىققا كېلىپ، كاشتان دەرەخلىرى ئارىسىدىكى رېشاتكىنىڭ يېنىدا ئۆزىمىزگە تونۇشلۇق بولغان بىر جۈپ يىگىت - قىز بىلەن يەنە ئۇچرىشايلى.

بۇ قېتىم ئالدى بىلەن ماكسىمىلىئان كەلدى. ئۇ توسۇقنىڭ تاختايلىرىغا يۈزىنى يېقىپ ماردىماقتا، باغ ئىچىدىن قىزنىڭ تونۇش گەۋدىسىنىڭ چىقىپ كېلىشىنى، باغ يولىدىكى شېغىللارنىڭ يېنىككىنە قەدەم بېسىپ كېلىۋاتقان توپىلار ئاستىدا شىرىقلىشىنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتمەكتە.

ئاخىرى، قەدەم شەپىسى ئاڭلاندى، بىراق بىر ئەمەس، ئىككى گەۋدە كۆرۈندى. ۋالېنتىنا دانگلار خانىم بىلەن ئېيژېنى كېلىپ، ئۇزاق ئولتۇرۇپ قالغاچقا، كۆرۈشۈش ئورنىغا ۋاقتىدا چىقالماي قالغانىدى. ئۇ، كېچىكىپ قېلىشتا ئۆزىنىڭ ئەيىبلىك ئەمەس ئىكەنلىكىنى ماكسىمىلىئانغا كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن ئېيژېنىنى باغقا چىقىپ ئايلىنىپ كېلىشكە تەكلىپ قىلغانىدى.

موررېل ئاشىقلارغا خاس سەزگۈرلۈك بىلەن بۇنى چۈشەندى - دە، يېنىكلىشىپ قالغاندەك بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ۋالېنتىنا گەرچە ئاۋاز يەتكۈدەك ئارىلىققا يېقىنلاشمىسىمۇ، قەدەملىرىنى هامان ماكسىمىلىئاننىڭ كۆزى يەتكۈدەك جايلارغا توغرىلاپ



تۇردى ۋە ئۆز ھەمراھىغا تۇيدۇرماستىن دەرۋازا تەرەپكە كۆز يۈگۈرتۈپ تۇردى. ئۇنىڭ كۆزلىرى گويا كى ماكسىمىلىئانغا «بىر دەم تەخىر قىلىپ تۇرۇڭ، دوستۇم. كۆرۈۋاتىسىزغۇ، ئامالىم يوق» دېگەننى ئىپادىلەپ تۇراتتى.

ماكسىمىلىئان سەۋر - تاقەت بىلەن كۈتۈپ، بۇ ئىككى قىزنىڭ تۇرقى - سىياقىدىكى پەرقتىن زوقلىنىپ قاراپ تۇردى. ئۇلارنىڭ بىرى ئاق يۈزلۈك، خۇمار كۆزلۈك ۋە مەجنۇن تالدەك زىلۋا بويلۇق ئىدى. يەنە بىرى بۇغداي ئۆڭلۈك، كۆز قاراشلىرى مەغرۇر ۋە خۇددى كۆك تېرەكتەك سۇمباتلىق ئىدى. موررېلنىڭ نەزەرىدە بۇ سېلىشتۇرمىدىكى ھەممە ئۈستۈنلۈك ۋالېنتىنا تەرەپتە ئىدى، ئەلۋەتتە.

قىزلار يېرىم سائەتچە سەيلە قىلغاندىن كېيىن قايتىپ كېتىشتى. ماكسىمىلىئان دانگلار خانىمنىڭ ئۆيىگە قايتىش ۋاقتى بولغانلىقىنى چۈشەندى.

دەرۋەقە، كۆپ ھايال بولماي ۋالېنتىنا ئۆزى يالغۇز قايتىپ كەلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە يەنە قايتىپ كەلگەنلىكىنى باشقىلار كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ ئېھتىيات بىلەن ئاستا مېڭىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇدۇل دەرۋازا يېنىغا بېرىشنىڭ ئورنىغا ئالدى بىلەن سكامېيكىغا ئولتۇردى ۋە دەرەخلەرنىڭ ئارىسىنى، باغ ئىچىدىكى ھەممە يوللارنى پەخەسلىك بىلەن كۆزىتىپ چىقتى. مۇشۇنداق ئېھتىيات چارىلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇ يۈگۈرۈپ دەرۋازا يېنىغا كەلدى.

— ۋالېنتىنا، — توسۇقنىڭ كەينىدىن خىتاب قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى.

— ياخشىمۇسىز، ماكسىمىلىئان. ساقلىتىپ قويدۇم، لېكىن نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولغانلىقىنى ئۆزىڭىز كۆردىڭىزغۇ.

— ھەئە، دانگلار خېنىمنى كۆردۈم. سىلەرنىڭ بۇنداق يېقىن دوست ئىكەنلىكىڭلارنى ئويلىماپتىكەنمەن.

— كىم بىزنى يېقىن دوست دەيدۇ؟

— ھېچكىم. ئىككىڭلارنىڭ قولتۇقلىشىپ سەيلە قىلغانلىقىڭلارغا ۋە خۇددى بىر-بىرىگە ئىچ سىرىنى ئېيتىشىۋاتقان ساۋاقداش قىزلاردەك سۆھبەتلەشكەنلىكىڭلارغا قاراپ شۇنداق ئويلىدىم.

— بىز راستىنلا سىرىمىزنى ئېيتىشتۇق، — دېدى ۋالېنتىنا، — ئۇ مورسېر ئەپەندىگە ياتلىق بولۇشنى خالىمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئۇنىڭغا ئەگەر ئەپىنە ئەپەندى بىلەن توي قىلسام قانچىلىك بەختسىز بولۇپ قالىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم.

— سۆيۈملۈك ۋالېنتىنا!

— بىز ئاشۇنداق سۆزلەشكەنلىكىمىز ئۈچۈن ئېۋژېنى بىلەن ئىككىمىزنى يېقىن دوست دەپ ئويلاپ قاپسىز، — سۆزىنى داۋاملاشتۇردى قىز، — لېكىن مەن ئۆزۈم ياخشى كۆرمەيدىغان ئادەمنىڭ گېپىنى قىلىۋاتقاندا ياخشى كۆرىدىغان ئادىمىمنى ئويلىدىم.

— سىز نېمىدېگەن ياخشى، ۋالېنتىنا. دانگلار خېنىم ھەرگىز سىزگە ئوخشاش بولالمايدۇ. گۈلنىڭ پۇرىقىدەك، مېۋىنىڭ شېرىنلىكىدەك مەپتۇن قىلىش خىسلىتىڭىزنى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن تاپقىلى بولمايدۇ. ۋەھالەنكى، گۈل بىلەن مېۋىنىڭ چىرايلىق بولۇشىلا كۇپايە قىلمايدۇ-دە.

— مېنى ياخشى كۆرگەنلىكىڭىز ئۈچۈن سىزگە شۇنداق تۇيۇلىۋاتىدۇ.

— ياق، ۋالېنتىنا، قەسەم ئىچىپ بېرەمەن. ئىككىڭلارغا قارىسام، دانگلار خېنىمنىڭ گۈزەللىكىدە گەپ يوق. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇنى قانداق قىلىپ ياخشى كۆرۈش مۇمكىنلىكىنى چۈشىنەلمەيمەن.

— بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۆزىڭىز ئېيتقاندەك، بايا مۇشۇ



يەردە تۇرۇپسىز ۋە مېنى كۆرۈپ تەۋەببازلىقىڭىز قوزغىلىپتۇ.

— ياق... سىز دەپ بېقىڭا... مېنىڭ دانگلار خېنىمغا بولغان كۆز قارىشىم...

— نېمىدېمەكچى بولغانلىقىڭىزنى بىلمىدىم، لېكىن ئۇنىڭغا بولغان كۆز قارىشىڭىز ئادىل بولمىسا كېرەك. بىزدەك ئاجىز قىزلارغا باھا بېرىشتە كەڭچىلىك قىلىشىڭىزدىن ئۈمىد كۈتۈشكە بولمايدۇ.

— سىلەر ئۆزئارا سۆزلەشكەندە بىر-بىرىڭلارغا بەك ئادىل بولىدىغان ئوخشىمامسىلەر؟

— بىز كۆپ جەھەتلەردە بىر-بىرىمىزنى قوللايمىز. ھە، بايا سىز نېمىدېمەكچى ئىدىڭىز؟

— دانگلار خېنىم مورسېر ئەپەندىگە ياتلىق بولۇشنى خالىمىسا، باشقا بىرىنى ياخشى كۆرەمدىكەن؟

— ماكسىمىلىئان، بايا ئېيتتىمغۇ، ئېۋژېنى مېنىڭ دوستۇم ئەمەس.

— قىزلار دوست بولمىسىمۇ سىردىشىدىغۇ، — دېدى موررېل. راستىڭىزنى ئېيتىڭ، ئۇنىڭدىن شۇ توغرۇلۇق چوقۇم سورىدىڭىز. ئەنە، كۈلۈۋاتىسىز.

— بۇ ياغاچ توسۇق سىزگە توسالغۇ بولالمىغان ئوخشىمامدۇ؟

— ھە، ئۇ سىزگە نېمىدېدى؟

— ھېچكىمنى ياخشى كۆرمەيمەن، ئەرگە تېگىشنى ئويلىسام قورقىمەن دېدى، — دەپ جاۋاب بەردى ۋالېنتىنا؛ — ئۇ ھەممىدىن بەكرەك ئەركىن ۋە مۇستەقىل ھايات كەچۈرۈشنى خالايمەن دەيدۇ. ئۇ ھەتتا ئاتىسىنىڭ نامراتلىشىپ كېتىشىنى ئارزۇ قىلىدىكەن. شۇنداق بولسا، ئۇ ئۆزىنىڭ دوستى لۇيىزا ئارمىلىيگە ئوخشاش ئارتىس بولالايمەن دەيدۇ.

— ھە، مانا دېمىدىممۇ!

— بۇ گەپتىن نېمە مەنا چىقاردىڭىز؟ — سورىدى ۋالېنتىنا.
— ھېچنېمە، — دېدى ماكسىمىلىئان كۈلۈمسىرەپ.
— ئەمىسە نېمىدەپ كۈلىسىز؟
— ھە، مانا، سىزمۇ ماڭا قاراۋېتىپسىزغۇ، — دېدى ماكسىمىلىئان.
— ئەمىسە كېتەيمۇ بۇ يەردىن؟
— ياق، ياق! بولدى، ئەمدى سىز توغرۇلۇق سۆزلىشەيلى.
— ھە، راست، يەنە ئون مىنۇت ۋاقتىمىز قالدى.
— بۇ نېمىدېگەن ئەلەم! — ماكسىمىلىئان ھەسرەتلەنگەن ھالدا خىتاب قىلدى.
— راست دەيسىز، مەن سىزنىڭ دەردىڭىزگە دەرمان بولالمىدىم، — مەيۈسلۈك بىلەن سۆزلىدى ۋالېنتىنا، — بىچارە ماكسىمىلىئان، مېنى دەپ نېمە كۈنلەرنى كۆرۈۋاتىسىز! خالىسىڭىز بەختلىك بولالايتتىڭىزغۇ! بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزۈمنى كايىيمەن.
— ھېچقىسى يوق، ۋالېنتىنا. مۇشۇنداق بولغانلىقىنىڭ ئۆزى مېنىڭ بەختىم ئەمەسمۇ! مېنىڭ ئىنتىزارلىق قەلبىم سىز بىلەن بىرگە بولغان بەش مىنۇتتىن، ئىككى ئېغىز سۆزىڭىزدىن قانائەت ھاسىل قىلىدۇ. مەن شۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشىنىمەنكى، تەڭرى ھەر قانداق جۈپلەشكەن قەلبلەرنى ئاخىرى بىر-بىرىدىن جۇدا قىلىدىغان بولغاچقا، بىر-بىرى بىلەن ئاسان تېپىشىدىغان ۋە بىر-بىرىگە بەك ئاسان باغلىنىدىغان قەلبلەرنى ياراتمىغان.
— رەھمەت، ماكسىمىلىئان. داۋاملىق مۇشۇنداق ئۈمىدۋار بولۇڭ. سىز مۇشۇنداق ئۈمىدۋار بولسىڭىز مەن بەختلىك بولىمەن.
— يەنە نېمە ئىش بولدى، ۋالېنتىنا؟ نېمە ئۈچۈن بۇنداق ئالدىراپ كەتمەكچى بولۇۋاتىسىز؟
— ۋىلفور خانىم بىردەم تۇرۇپ كىرىڭ دېگەنىدى. مېنىڭ مىراسلىق مېلىم توغرۇلۇق دېيىدىغان گېپى بار ئىكەن.



ۋاي خۇدايىم، مەن بەكمۇ باي. مېنىڭ مىراسىمنى ئۇلار ئۆزلىرى ئېلىپ، ماڭا خاتىرجەملىك ۋە ئەركىنلىكىمنى بەرسىلا بولاتتىغۇ. مەن كەمبەغەل بولساممۇ سىز مېنى ئوخشاشلا ياخشى كۆرۈۋېرىسىزغۇ، شۇنداقمۇ موررېل؟
— مەن سىزنى ھەرقانداق شارائىتتىمۇ ياخشى كۆرىمەن. كەمبەغەللىك ياكى بايلىق دېگەن نېمە ئۇ. مېنىڭ ۋالېنتىنام بولسىلا، ئۇنى مەندىن ھېچكىم تارتىۋالالمايدىغانلىقىغا ئىشەنسەملا بولدى! لېكىن، ۋىلفور خانىم سىزنىڭ توي ئىشىڭىز توغرۇلۇق سۆزلەشمەكچى ئەمەستۇر؟
— ئۇنداق ئەمەستۇر.
— قورقماڭ، ۋالېنتىنا، جېنىم تېنىمدىلا بولىدىكەن، سىزدىن باشقىسىغا قارىمايمەن.
— ھەي ماكسىمىلىئان، بۇ گەپلىرىڭىز ماڭا تەسەللى بولىدۇ دەپ ئويلامسىز؟
— ئەپۇ قىلىڭ. قامالاشمىغان گەپ قىلىپ قويدۇم. ئېيتماقچى بولغىنىم باشقا گەپ ئىدى، نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا مەن مورسېر بىلەن كۆرۈشتۈم.
— شۇنداقمۇ؟
— فرانس بىلەن دوست. بۇنى بىلەمسىز؟
— بىلىمەن. نېمە بولدى؟
— ئۇنىڭغا فرانستىن خەت كەپتۇ. فرانس پات-ئارىدا قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.
ۋالېنتىنانىڭ چىرايى ئۆڭۈپ، دەرۋازىغا يۆلىنىپ قالدى.
— يا پەرۋەردىگارىم، — دېدى ئۇ، — راستىنلا قايتىپ كېلەرمۇ؟ ياق، ئۇ قايتىپ كېلىدىغان بولسا ۋىلفور خانىم بۇنى ئېيتىش ئۈچۈن مېنى چاقىرمىغان بولاتتى.
— نېمىشقا؟

— نېمىشقىكىن... ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن... پەملىشىمچە، ۋىلفور خانىم بۇ تويغا ئاشكارا قارشى تۇرمىسىمۇ، كۆڭلىدە ئۇنى ياقتۇرمايدۇ.

— ۋالېنتىنا، ئەگەر شۇنداق بولسا، مەن ۋىلفور خانىمغا باش ئۇرىمەن!

— ئالدىرىماڭ، ماكسىمىلىئان، — دېدى ۋالېنتىنا غەمكىن كۈلۈمسىرەپ.

— ئەگەر ئۇ فرانسنى ياقتۇرمىسا، باشقا بىرىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلارمۇ؟

— ئۇنداق بولۇشىدىن ئۈمىد كۈتمەڭ، ماكسىمىلىئان. ۋىلفور خانىم يىگىتلەرنى ئەمەس، ئومۇمەن مېنىڭ ئەرگە تېگىشىمنى خالىمايدۇ.

— ئەرگە تېگىشىڭىزنى؟ ئەگەر ئۇ ئەرگە تېگىشنى شۇنچە يامان كۆرسە، نېمە ئۈچۈن ئۆزى ئەرگە تېگىپتۇ؟

— سىز بىلمەيسىز، ماكسىمىلىئان. ئۆتكەن يىلى مەن موناستىرغا بېرىپ، موناخ بولۇشنى خالايدىغانلىقىمنى ئېيتقاندا، ۋىلفور خانىم گەرچە كۆرۈنۈشتە قوشۇلمايدىغاندەك قىلسىمۇ، بۇ گەپكە ئىچىدە خوش بولغانىدى. ھەتتا ئاتاممۇ بۇ پىكىرگە قوشۇلدى. ئۇنىڭ بۇنداق قوشۇلۇشى ۋىلفور خانىمنىڭ قىستىشى بىلەن بولغان، بۇنى مەن بىلىمەن. مېنى پەقەت بىچارە بوۋاملا توختىتىپ قالدى. ماكسىمىلىئان، بەختسىز بوۋامنىڭ كۆزلىرىنىڭ قانچىلىك مەنىدار ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايسىز. ئۇ پۈتۈن دۇنيادا يالغۇز مېنىلا ياخشى كۆرىدۇ. سۆزۈم يالغان بولسا تەڭرى ئۆزى كەچۈرگەيكى، ئۇنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەممۇ يالغۇز مەنلا. ئۇ، مېنىڭ قارارىمنى ئۇققاندىن كېيىن ماڭا تىك بېقىپ قارىغاندا كۆزلىرىدە شۇنچىلىك رەنجىش ئالامەتلىرى ئەكس ئەتتىكى، ئۇنىڭ ھەرىكەتسىز مەڭزىلىرىنى بويلاپ ئۈنسىز، ئىداسىز ئېقىپ



چۈشۈۋاتقان كۆز ياشلىرىدا شۇنچە زور ئۈمىدسىزلىك ئىپادىلەندىكى، مەن خىجىل بولۇپ قالدىم ۋە ئۇنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ خىتاب قىلدىم: «ئەپۇ قىلىڭ! ئەپۇ قىلىڭ، بوۋا! بۇندىن كېيىن بېشىمغا نېمە بالا كەلسىمۇ ھەرگىز سىزنى تاشلاپ كەتمەيمەن». مېنىڭ شۇ گېپىمدىن كېيىن ئۇ كۆزلىرىنى يۇقىرىغا قاراتتى. ماكسىمىلىئان، مەن بەلكىم يەنە كۆپ ئازاب تارتىشىم مۇمكىن، لېكىن بوۋامنىڭ ئاشۇنداق رازىمەنلىك بىلەن قاراشلىرى ئازابلىرىمنى يېنىكلەشتۈرۈپ تۇرىدۇ.

— قەدىرلىكىم ۋالېنتىنا، سىز بىر پەرىشتە. مەندەك بىر ئات چاپتۇرۇپ كۆچمەن ئەرەبلەرنى قىلىچ بىلەن چاپقان ئادەمنىڭ قانداق قىلىپ سىز بىلەن تونۇشۇش بەختىگە ئېرىشكەنلىكىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن. ئېھتىمال، تەڭرى ئۇ ئەرەبلەرنىڭ دىنسىز ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ماڭا مۇشۇنداق بەختنى ئاتا قىلغان بولسا كېرەك. ھە، ئېيتىڭا، نېمە ئۈچۈن ۋىلفور خانىم سىزنىڭ ياتلىق بولۇشىڭىزنى خالىمايدۇ؟

— بايا مەن دېدىمغۇ، مەن باي، بەك باي. ئاپام تۈگەپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ يىلىغا 50 مىڭ لىۋرلىق سەرمايىسى ماڭا قالدى. بوۋام ماركىز سېن - مېران بىلەن مومامدىن كېيىنمۇ ماڭا يەنە شۇنچىلىك پۇل قالىدۇ. نوئارتىيې ئەپەندى مېنى ئۆزىنىڭ بىردىنبىر مىراسخورى قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ. شۇڭا، ئىنىم ئېدۇئار ماڭا سېلىشتۇرغاندا كەمبەغەل. ۋىلفور خانىمدىن ئۇنىڭغا قالىدىغان نەرسە چاغلىق. ۋىلفور خانىم ئۇ ئوغلىنى بەك ياخشى كۆرىدۇ. ئەگەر مەن موناستىرغا كەتسەم مېنىڭ بايلىقىم ئاتامغا قالىدۇ. ئۇ بوۋام سېن - مېران بىلەن مومامنىڭ ۋە مېنىڭ مىراسىمغا ئىگە بولىدۇ، ئاندىن بۇ مىراسلار ئۇنىڭ ئوغلىغا قالىدۇ.

— توۋا، مۇشۇنداق چىرايلىق ياش ئايالنىڭمۇ شۇنداق نەپسى يامان بولامدۇ - ھە!

— ئۇ ئۆزىنى ئەمەس، ئوغلىنى ئويلاۋاتىدۇ ئەمەسمۇ. ئۇنىڭ ئانىلىق مېھرى بويىچە تەھلىل قىلغاندا، بۇنى ئۇنىڭ گۇناھى ئەمەس، بەلكى كۆيۈمچانلىقى دېيىشكە بولىدۇ.

— ۋالېنتىنا، — دېدى موررېل، — بايلىقىڭىزنىڭ بىر قىسمىنى ئۇنىڭ ئوغلىغا ئۆتكۈزۈپ بەرسىڭىز بولماسمۇ؟

— ھەمىشە ئۆزىنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكىنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەي كېلىۋاتقان بىر ئايالغا ئۇنداق دېگىلى بولامدۇ؟

— ۋالېنتىنا، ئىككىمىزنىڭ مۇھەببىتىمىزنى مەن مۇقەددەس بىلىپ، چوڭقۇر ئىززەت-ئېھتىرام بىلەن يۈرىكىمنىڭ قېتىدا ساقلاۋاتىمەن. دۇنيادا ھېچكىم، ھەتتا سىڭلىممۇ بۇ مۇھەببەتنى سەزمىدى. بۇ مەخپىيەتلىكنى ھېچكىمگە ئېيتمىدىم. ۋالېنتىنا، بۇنى ئەمدى بىر دوستۇمغا سۆزلەپ بەرسەم بولامدۇ؟

ۋالېنتىنا چۆچۈپ كەتتى.

— دوستۇمغا؟ — دېدى ئۇ، — بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلاشتىنمۇ قورقىمەن. ئۇ دوستىڭىز كىم؟

— ۋالېنتىنا، سىزدە مۇنداق بىر تۇيغۇ بولغانمۇ؟ كىشىلەر ئارىسىدا بىر ئادەمنى بىرىنچى كۆرۈشتىلا كۆڭلىڭىزگە شۇنداق يېقىن ھېس قىلىسىزكى، ئۇنى بۇندىن بۇرۇنمۇ بىر چاغلاردا كۆرگەندەك تەسىراتقا كېلىسىز، قەيەردە ۋە قاچان كۆرگەندىمەن دەپ ئويلاپ، زادى ئەسلىيەلمەيسىز. ئاخىرى، ئۇنىڭ بىلەن قاچاندۇ بىر چاغلاردا باشقا بىر دۇنيادا تونۇشقاندەك، ئۇنىڭغا بولغان دىل مايىللىقىڭىز گوياكى قەلبىڭىزدە ئويغانغان ئەسلىمىلەردەك تۇيۇلۇشقا باشلايدۇ. سىزدە شۇنداق ھېسسىيات بولغانمۇ؟

— بولغان.

— ئاشۇ ئاجايىپ ئادەم بىرىنچى قېتىم كۆرۈشۈشتىلا مەندە ئەنە شۇنداق تەسىر قالدۇرغانىدى.

— ئاجايىپ ئادەم؟



— ھەئە.

— ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقىنىڭىزغا ئۇزۇن بولدىمۇ؟

— ھەپتە-ئون كۈندەك بولدى.

— تونۇشقىنىڭىزغا بىر ھەپتە بولغان ئادەمنى دوستۇم دەۋاتامسىز؟ ماكسىمىلىئان، «دوست» دېگەن بۇ ياخشى نامنى كىشىلەرگە مۇنداق ئوڭاي تەقدىم قىلىدىغانلىقىڭىزنى ئويلىمىغانىكەنمەن.

— مەنتىقىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، سىزنىڭ گېپىڭىز توغرا، ۋالېنتىنا، لېكىن نېمە دېسىڭىزمۇ ئۆزۈمدىكى بۇ تەبىئىي تۇيغۇنى ئىنكار قىلالمايمەن. شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، مېنىڭ كەلگۈسىدە كۆرىدىغان ياخشىلىقلىرىمنىڭ ھەممىسىدە شۇ كىشىنىڭ رولى بولىدۇ. بەزىدە ماڭا گويا ئۇ ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن ئاشۇ كەلگۈسىنى كۆرۈۋاتقاندەك ۋە ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك قولى بىلەن مېنى شۇ تەرەپكە ماڭغۇزىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كېتىدۇ.

— ئەمىسە ئۇ كەلگۈسىدىن ئۇچۇر بېرەلەيدىغان ئەۋلىيا ئوخشىمامدۇ؟ — سورىدى ۋالېنتىنا كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئۇ راستىنلا كەلگۈسىدىكى ئىشلارنى... بولۇپمۇ ياخشى ئىشلارنى بىلىدىغاندەكلا تۇيۇلىدۇ، — دېدى ماكسىمىلىئان.

— ئۇنى ماڭا تونۇشتۇرۇپ قويۇڭا، مەن ئۇنىڭدىن سوراپ باقاي، تارتقان ئازابلىرىمنىڭ بەدىلىگە مۇھەببەتتىن تەلىيىم بولامدىكىن!

— ھەي بىچارە ۋالېنتىنام! سىز ئۇنى تونۇيسىز.

— مەن؟

— ھەئە. ئۇ سىزنىڭ ئۆگەي ئانىڭىز بىلەن ئۇنىڭ ئوغلىنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان.

— گراف مونتې-كرىستونى دەمسىز؟

— ھەئە، شۇ.

— ياق، — خىتاب قىلدى ۋالېنتىنا، — ئۇ ماڭا ھەرگىز
دوست بولالمايدۇ، ئۇ ئۆگەي ئانام بىلەن بەك يېقىن.

— گرافنى ئۆگەي ئانىڭىزنىڭ دوستى دەمسىز، ۋالېنتىنا؟
ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. سىز ئۇنى خاتا چۈشىنىپ قاپسىز.

— سىز بىلمەيسىز، ماكسىمىلىئان! بىزنىڭ ئۆيىمىزدە ھا-
زىر ئىبدۇئار ئەمەس، بەلكى گراف ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. ئۆگەي
ئانام ئۇنىڭغا قارىغۇلارچە چوقۇنىدۇ، ئۇنى پۈتكۈل ئىنسانىيەت
بىلىملىرىنىڭ كانى دەپ يۈرىدۇ. ئاتام ئۇنىڭدىن زوقلىنىدۇ، ئاڭ-
لاۋاتامسىز، زوقلىنىدۇ. ئۇ، بۇنداق پاساھەتلىك سۆزلەيدىغان،
بۇنداق دانىشمەنلەرچە پىكىر يۈرگۈزىدىغان ئادەمنى كۆرۈپ باق-
مىغانىدىم، دەيدۇ. ئىبدۇئار ئۇنى بەك ياخشى كۆرىدۇ، گەرچە ئۇ-
نىڭ يوغان قارا كۆزلىرىدىن قورقسىمۇ، ئۇنى كۆرۈش بىلەن
تەڭلا ئالدىغا يۈگۈرۈپ بارىدۇ. گراف بولسا، ھەر قېتىم كەلگەندە
ئۇنىڭغا بىر ئويۇنچۇق ئالغاچ كېلىدۇ. گراف مونتې - كرىستو
ئاتامنىڭ ياكى ۋىلفور خانىمنىڭ مېھمىنى ئەمەس، بەلكى بىزنىڭ
ئۆيىمىز گراف مونتې - كرىستونىڭ ئۆز ئۆيىدەكلا تۇيۇلىدۇ.

— دېگىنىڭىزدەك بولسا، ئۇنىڭ ھەممىگە قۇربى يېتىدىغان
بىر سىرلىق ئادەم ئىكەنلىكىنى سەزگەنسىز، سەزمىگەن بولسىڭىز
بۇندىن كېيىن سېزىسىز. ئۇ ئىتالىيىدە ئالبېر مورسېر بىلەن تو-
نۇشۇپ قېلىپ، كېيىن ئۇنى قاراقچىلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرۇپ
چىقتى. دانگلار خانىم بىلەن تونۇشۇپ قېلىپ، ئۇنىڭغا شاھانە
سوۋغات تەقدىم قىلدى. ئۆگەي ئانىڭىز بىلەن ئىنىڭىز ئۇنىڭ
ئۆيىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، ئۇنىڭ قارا تەنلىك قۇلى
ئۇلارنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالدى. بۇ ئادەم گويا كى ئەتراپ-
تىكى ھەممە نەرسىنى ئىدارە قىلىش قۇدرىتىگە ئىگە. بۇنداق
پەزىلەتلىك ھەم ئۇلۇغۋار ئادەمنى مەن تېخى كۆرۈپ باقمىغان.
ئۇ ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرىگەندە شۇنداق بىر سەممىيلىك ئىپا-



دىلىنىپ تۇرىدۇكى، باشقىلار نېمە ئۈچۈن ئۇنى تەنىلىك كۈلىدۇ
دەيدىغانلىقىنى زادى چۈشىنەلمەيمەن. ۋالېنتىنا، ئۇ سىزگىمۇ شۇن-
داق سەممىيلىك بىلەن كۈلۈمسىرەمدۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا،
سىز چوقۇم بەختلىك بولىسىز.

— مەن! — دەپ خىتاب قىلدى قىز، — ماكسىمىلىئان،
ئۇ ماڭا قاراپمۇ قويمايدۇ، ھەتتا ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ قال-
سام تەتۈر قارىۋالىدۇ. ياق، ئۇ سىز ئېيتقاندەك پەزىلەتلىك ۋە
پاراسەتلىك ئەمەس. ئۇ كىشىلەرنىڭ قەلبىنى چۈشەنمەيدۇ. ئۇ
پەزىلەتلىك ئادەم بولسا، مېنىڭ بۇ ئۆيدە مۇشۇنداق غېرىبسىنىپ،
يېتىمسىرەپ يۈرگىنىمنى كۆرۈپ، ئۆز ئىناۋىتىنىڭ كۈچى بىلەن
مېنى ھىمايە قىلغان بولاتتى. ئەگەر ئۇ ھەقىقەتەن سىز ئېيت-
قاندەك، قۇياشنىڭ رولىنى ئوينىسا، ئۆز نۇرلىرى بىلەن مېنىڭ
يۈرىكىمنى ئىسسىتقان بولاتتى. ماكسىمىلىئان، گېپىڭىزچە، ئۇ سىز-
نى ياخشى كۆرىدىكەن. شۇنداقلىقىنى نەدىن بىلىسىز؟ بويىنىڭ
ئېگىزلىكى بەش فۇت كېلىدىغان، ئۇزۇن بۇرۇتلۇق ۋە قىلىچ ئاس-
قان كۈچلۈك ئوفىتسېرنى كۆرگەندە كىشىلەر مۇلايىملىق بىلەن
كۈلۈمسىرىشىدۇ. لېكىن شۇ كىشىلەر يىغلاپ ئولتۇرغان بەختسىز
قىزنى ھېچ ئىككىلەنمەستىن دەسسەپ ئۆتۈپ كېتىۋېرىدۇ.

— ۋالېنتىنا، ئەزبىرايى خۇدا، سىز خاتالىشىۋاتىسىز!

— ئويلاپ بېقىڭا، ماكسىمىلىئان، مەيلى مېنىڭ گېپىم خا-
تامۇ بولسۇن، ئۇ مۇشۇ ئائىلە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى چىڭى-
تىشقا تىرىشىۋاتقان ئادەم بولۇپ، ماڭا قارىتا دىپلوماتىك مۇئا-
مىلىدە بولىۋاتىدۇ دەپمۇ قارايلى. شۇنداق بولغان ھالەتتىمۇ ئۇ
سىز ئېيتقاندەك كۈلۈمسىرەش بىلەن ماڭا بىر قېتىم بولسىمۇ قا-
راپ قويماسمىدى. ياق، ئۇ مېنىڭ بەختسىز ئىكەنلىكىمنى، مەن-
دىن نەپ تەگمەيدىغانلىقىمنى كۆرۈپ ماڭا پىسەنت قىلمايدۇ. كىم
بىلسۇن، بەلكىم ئاتام بىلەن ۋىلفور خانىمغا ياكى ئىنىمغا يې-

قىش ئۈچۈن قولىدىن كەلسە ئۇمۇ مېنى بوزەك قىلامدۇ تېخى؟ رەنجىشىمنى ئوچۇقلا ئېيتاي، مەن بۇنداق بىكاردىن-بىكارغىلا چەتكە قېقىشقا بولىدىغان قىز ئەمەسقۇ، سىز ئۆزىڭىز شۇنداق دېگەنىدىڭىزغۇ. ئەپۇ قىلىڭ، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئۇ، بۇ گەپلەرنىڭ ماكسىمىلىئاننى بىئارام قىلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، — دۆتلۈكىمنى قاراڭا، بۇرۇن خىيالىمغا كىرىپ چىقمىغان بىر گەپلەرنى دەپ كەتتىم. راست، سىز ئېيتقاندەك، ئۇ كىشىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى بار. بۇنى مەنمۇ سېزىۋاتىمەن، لېكىن ئۇ ماڭا ئەكس تەسىر كۆرسىتىۋاتىدۇ، كۆڭلۈمدىكى ياخشى ھېس-تۇيغۇلارنى يوققا چىقىرىۋاتىدۇ.

— ماقۇل، — دېدى موررېل ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ، — بۇ گەپنى قويايلى. ئۇنىڭغا ھېچنېمىنى ئېيتمايمەن.

— سىزنى خاپا قىلىپ قويدۇم، — دېدى ۋالېنتىنا، — ئەپسۇسكى، سىزدىن ئەپۇ سوراش ئۈچۈن قولىڭىزنى قىسالمايمەن. ئەگەر بۇ جەھەتتە مېنى قايىل قىلالىسىڭىز خېلىلا روھلىنىپ قالاتتىم. ئېيتىڭا، گراف مونتې-كرىستو سىزگە نېمە ياخشىلىق قىلدى؟

— گرافنىڭ ماڭا نېمە ياخشىلىق قىلغانلىقىنى سورىسىڭىز مېنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىسىز. ئۇ ماڭا ھېچنېمە قىلىپ بەرگىنى يوق، بۇنى ئۆزۈممۇ بىلىمەن. ئۇنىڭغا بولغان ھېسسىياتىم ئۆزلۈكىدىنلا پەيدا بولدى، بۇ ھېسسىياتنىڭ ھېچقانداق ئەقلىي ئاساسىي يوق. مەسىلەن، قۇياشنى مەن ئۈچۈن بىر ياخشىلىق قىلدى دېيىشكە بولامدۇ؟ بولمايدۇ. قۇياش مېنى ئىسسىتىدۇ، ئۇنىڭ يورۇقلۇقىدا سىزنى كۆرەلەيمەن. ئۇنداق ياكى مۇنداق خۇش پۇراقلار مەن ئۈچۈن بىر ئىش قىلىپ بەردىمۇ؟ ياق. ئۇلار پەقەت كىشىگە يېقىملىق پۇرايدۇ، خالاس. ئەگەر مەندىن نېمە ئۈچۈن خۇش پۇراقنى ياخشى كۆرىسەن، دەپ سورالسا، مەن ئەنە شۇ



گەپتىن باشقا بىر نېمە دېيەلمەيمەن. گراف بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى دوستلۇق ھېسسىياتىنىمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاشلا چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولمايدۇ. ئىككىمىزنىڭ بۇ كۆتۈلمىگەن ھېسسىياتىمىزنىڭ تاسادىپىي ئەمەسلىكىنى يۈرىكىم سېزىپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرى ۋە ئوي-پىكىرلىرى بىلەن مېنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىم ۋە ئوي-پىكىرىمنىڭ ئوتتۇرىسىدا قانداقتۇر بىر باغلىنىش بارلىقىنى ھېس قىلىۋاتىمەن. سىز يەنە مېنى زاڭلىق قىلىشىڭىز مۇمكىن، ۋالېنتىنا. لېكىن مەن ئۇ كىشى بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن مەن كۆرگەن ياخشىلىقلارنىڭ ھەممىسى گويا شۇ كىشىدىن كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالدى. ھالبۇكى، مەن 30 يىل ئۆمۈر كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ھېچقانداق ھاجىتىم چۈشمىگەنىغۇ؟ قانداقلا بولمىسۇن، سىزگە مۇنداق بىر مىسالنى ئېيتىپ بېرەي. ئۇ مېنى شەنبە كۈنىدىكى زىياپەتكە تەكلىپ قىلدى. بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز ياخشى بولغاچقا بۇ ھېچقانچە ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، شۇنداقمۇ؟ بىراق، شۇنىدىن كېيىن مەن نېمىنى ئۇقتۇم، بىلەمسىز؟ بۇ زىياپەتكە سىزنىڭ ئاتىڭىز بىلەن ئۆگەي ئانىڭىزمۇ تەكلىپ قىلىنىپتۇ. دېمەك، شۇ يەردە مەن ئۇلار بىلەن كۆرۈشىمەن، كۆرۈشكەندىن كېيىن قانداق بولىدىغانلىقىنى كىم بىلسۇن؟ قارىماققا بۇ ئادەتتىكىلا بىر ئىش، لېكىن مەن بۇنىڭدا قانداقتۇر بىر ئاجايىپ ياخشىلىق بولىدىغانلىقىنى سېزىۋاتىمەن، ئۈمىدىم ئېشىۋاتىدۇ. ئۆز-ئۆزۈمگە شۇنداق دەيمەنكى، ھەممىنى بىلىدىغان، ھەممىنى چۈشىنىدىغان بۇ قادىر كىشى مېنى مەقسەتلىك ھالدا ۋىلفور ئەپەندى ۋە ۋىلفور خانىم بىلەن كۆرۈشتۈرمەكچى بولغان. بەزى چاغلاردا مەن ھەتتا ئۇ بىزنىڭ مۇھەببىتىمىزنىمۇ بىلىۋالغانمىدۇ دېگەن ئوي بىلەن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە سىنچىلاپ قارايمەن.

— دوستۇم، — دېدى ۋالېنتىنا، — ئەگەر سىز بۇندىن

بۇرۇنمۇ دائىم مۇشۇنداق گەپلەرنى قىلغان بولسىڭىز مەن سىزنى ئەرۋاھلار بىلەن ھەپىلەشكۈچى باخشى دەپ ئويلاپ، بۇ گەپلىرىڭىزدىن قورقۇپ كەتكەن بولاتتىم. سىز ئۇلار بىلەن بولغۇسى كۆرۈشۈشنى تاسادىپىي ئەمەس دەپ ئويلامسىز؟ ئوبدانراق ئويلاپ بېقىڭ. ئاتام ھېچقانداق ئادەمنىڭ ئۆيىگە بېرىشنى خالىمايدۇ. ئۇ ۋىلفور خانىممۇ بۇ زىياپەتكە بارماسلىقتا ماقۇل كەلتۈرمەكچى بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇن قېتىمچە سۆزلەشتى، لېكىن ۋىلفور خانىم بۇ غەلىتە مۆتىۋەرنىڭ ئۆيىنى بىر كۆرۈپ باقمىسام بولمايدۇ دەپ تۇرىۋالدى ۋە ئاخىرى مىڭبىر تەسلىكتە ئاتامنى ئۆزى بىللە ئۇ زىياپەتكە بېرىشقا ئۇناتتى. ياق، ياق، سۆزۈمگە ئىشىنىڭ، بۇ دۇنيادا ماڭا سىز بىلەن تىرىك مۇردا بولۇپ قالغان بوۋامدىن باشقا ھېچكىم ياردەم قىلالمايدۇ، ئاپامنىڭ روھىدىن باشقا ھېچكىم ماڭا مەدەت بېرەلمەيدۇ!

— راست دەيسىز، ۋالېنتىنا، سۆزلىرىڭىز مەنتىقىغە ئۇيغۇن، — دېدى ماكسىمىلىئان، — لېكىن مېنى ھەممىشە بويسۇندۇرۇپ كېلىۋاتقان يېقىملىق ئاۋازىڭىز بۇ مەسىلىگە كەلگەندە مېنى قايىل قىلالمايدۇ.

— سىزنىڭ سۆزلىرىڭىزمۇ مېنى قايىل قىلالمايدۇ، — دېدى ۋالېنتىنا، — ئەگەر مېنى قايىل قىلىشقا بۇنىڭدىن باشقا مىسال كەلتۈرەلمىسىڭىز...

— يەنە بىر مىسال بار، — دېدى ماكسىمىلىئان ئىككىلەنگەن ھالدا، — لېكىن بۇمۇ بىر قاملاشمىغان مىسال.

— ھە، مانا، شۇ گەپ ئەمەسمۇ، — دېدى ۋالېنتىنا كۈلۈپ تۇرۇپ.

— شۇنداق بولسىمۇ، — موررېل سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بۇ مىسالغا مېنىڭ يەنىلا ئىشەنچىم بار، چۈنكى مەن ھېسسىيات ۋە تەبىئىي سەزگۈرلۈككە ئىگە ئادەم. ھەربىي سەپتە ئون يىل



خىزمەت قىلىش جەريانىدا شۇ تەبىئىي سەزگۈرلۈكۈم بىلەن نەچچە-نەچچە قېتىملار ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغانمەن، ئىختىيارسىز تۇردە چاقماق تېزلىكىدە ئۆزۈمنى ئوڭ ياكى سول تەرەپكە ئالىمەن - دە، ئەجەلنى ئەكېلىۋاتقان ئوق يېنىمدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ.

— قەدىرلىك ماكسىمىلىئان، سىزگە ئوق تەگمىگەنلىكىنى نېمە ئۈچۈن مېنىڭ دۇئالىرىمدىن بولغان دەپ ئويلىمايسىز؟ سىز ئۇ ياقتا كەتكەن چاغلاردا مەن ئۆزۈم ئۈچۈن ئەمەس، سىز ئۈچۈن خۇداغا ۋە ئانامغا دۇئا قىلىمەن.

— توغرا، بىز تونۇشقاندىن بۇيان شۇنداق قىلىۋاتىسىز، — دېدى موررېل كۈلۈمسىرەپ. — ئۇنىڭدىن بۇرۇنچۇ؟ ئىككىمىز تونۇشۇشتىن بۇرۇنچۇ، ۋالېنتىنا؟

— ھە، ماقۇل، ماقۇل. سىزگە گەپ تېپىپ بەرگىلى بولمايدۇ. ماڭا ھېچقانداق ئىشتا قەرزدار بولۇپ قېلىشنى خالىمىسىڭىز، ئۆزىڭىز بايا «قاملاشمىغان» دەپ ئاتىغان مىسالىڭىزغا كېلەيلى.

— قېنى، ئەمىسە، يوچۇقتىن قاراپ بېقىڭا. دەرەخ تۈۋىدە تۇرغان ئاتنى كۆردىڭىزمۇ؟ مەن شۇ ئاتنى مىنىپ كەلدىم.

— نېمىدېگەن ئېسىل ئات! نېمە ئۈچۈن ئۇنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلمىدىڭىز؟ مەن ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ باقاتتىم.

— كۆردىڭىزمۇ، بۇ بەك قىممەتلىك ئات، — دېدى ماكسىمىلىئان، — ھالبۇكى، ئۆزىڭىز بىلىسىز، ۋالېنتىنا، مەن ئانچە باي ئادەم ئەمەس. شۇڭا ھەرقانداق ئەھۋالدىمۇ ئويلىشىپ ئىش قىلىمەن. بىر كۈنى بىر سېتىقچى بۇ ئېسىل ئاتنى ساتقىلى ئېلىپ چىقىپتۇ. مەن بۇ ئاتنى ھازىر مېدېئا دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتايمەن. باھاسىنى سورىسام، تۆت يېرىم مىڭ فرانك دەيدۇ. شۇ گەپنى ئاڭلاپ بۇ ئاتقا بولغان ھەۋىسىم يوقالدى - دە، قايتىپ كەتتىم. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنى سېتىۋالالمىغانلىقىم ئۈچۈن بەك

روھىم چۈشتى، چۈنكى بۇ ئات ماڭا ئىچىمنى كۆيدۈرۈپ قارايتتى،
ئەركىلەيتتى، ئۈستىگە مىنىپ باقسام، كىشنەپ مەيتۈن قىلغۇدەك
دەرىجىدە يۇلقۇنۇپ، ئوينىقلاپ تۇراتتى. شۇ كۈنى ئاخشىمى
مېنىڭ ئۆيۈمگە شاتو - رېنو، دېبرې ۋە يەنە بەش - ئالتە ئا-
غىنەم كەلدى. سىز ئۇلارنى تونۇمايسىز. ئۇلارنىڭ بۇلئوت①
ئوينىغۇسى كېلىپ قالدى. مەن ئەسلا قارتا ئوينىمايمەن، چۈنكى
مەن ئۇتتۇرۇۋېتىشكە تەۋەككۇل قىلغۇدەك باي ئەمەس، شۇنداقلا
ئۇتۇۋېلىشقا ھەۋەس قىلغۇدەك كەمبەغەلمۇ ئەمەس. لېكىن بۇ
ئىش مېنىڭ ئۆيۈمدە بولۇۋاتقانلىقتىن، قارتىلارنى چىقىرىپ
بېرىشكە مەجبۇر بولدۇم. بىز ئەمدىلا قارتا ئويناشقا ئولتۇرغاندا
گراف مونتې - كرىستو كىرىپ كەلدى. ئۇمۇ شىرەگە ئولتۇردى،
قارتا ئوينىدۇق ۋە ئاخىرى مەن ئۇتتۇم. ئاڭلاۋاتامسىز، ۋالېنتىنا،
5000 فرانك ئۇتتۇم. مېھمانلار يېرىم كېچە بولغاندا تارقى-
لىپ كېتىشتى. مەن تاقەت قىلىپ تۇرالماي، بىر ھارۋىنى كىرا
قىلدىم - دە، ھېلىقى سېتىقچىنىڭ ئۆيىگە باردىم. ھاياجاندىن
تىترەپ تۇرۇپ، دەرۋازا قوڭغۇرىقىنى جىرىڭلاتتىم. دەرۋازىنى
ئاچقان كىشى مېنى ساراڭ دەپ ئويلاپ قالغان بولۇشى مۇمكىن.
يۈگۈرۈپ بېرىپ ئېغىلغا قارىدىم. يا ئاللا، تەلىيىم بار ئىكەن!
مېدېئا جىم تۇرۇپ بېدە يەۋاتاتتى. ھەش - پەش دېگۈچە ئاتنى
ئېگەرلىدىم، تىزگىنلىرىنى جابدۇدۇم. مېدېئا ماڭا ھېچقانداق
قارشىلىق كۆرسەتمىدى. ئاندىن، ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالغان
سېتىقچىنىڭ قولىغا تۆت يېرىم مىڭ فرانكنى تۇتقۇزدۇم - دە، ئۆيگە
قايتتىم. توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئاتنى مىنىۋېلىپ، تاڭ ئاتقۇچە يې-
لىسەي كوچىسىدا ئۇياقتىن - بۇياققا ئايلىنىپ يۈردۈم. بىلەمسىز؟
شۇ چاغدا گرافنىڭ دېرىزىسى يورۇق ئىدى، دېرىزە پەردىسىدە
ئۇنىڭ كۆلەڭگىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ۋالېنتىنا، كېيىن ئېيتالاي-

① بۇلئوت — بىر خىل قارتا ئويۇنى.



مەنكى، گراف مېنىڭ بۇ ئاتنى سېتىۋالالماي داغدا قالغانلىقىمنى
ئۇققان ۋە شۇ ئاتنى سېتىۋېلىشىم ئۈچۈن ئۆزىنىڭ پۇلىنى قەستەن
ماڭا ئۇتتۇرۇپ بەردى.

— قەدىرلىك ماكسىمىلىئان، — دېدى ۋالېنتىنا، — سىز
بەكمۇ خىيالپەرەس ئىكەنسىز... ماڭا بولغان مۇھەببىتىڭىز
ئۇزۇنغا سوزۇلماسلىقى مۇمكىن... سىزگە ئوخشاش شائىرانە ھېس -
تۇيغۇلارغا بېرىلىپ كەتكەن ئادەم بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىزدەك
زېرىكىشلىك مۇھەببەتتىن ئاسان سوۋۇپ قالىدۇ... ۋاي خۇدايىم،
مېنى چاقىرىشىۋاتىدۇ... ئاڭلىدىڭىزمۇ؟

— ۋالېنتىنا، — دېدى ماكسىمىلىئان، — يوچۇقتىن...
ئەڭ كىچىك بارمىقىڭىزنى... شۇ بارمىقىڭىزنى بولسىمۇ سۆيۈۋالاي.

— ماكسىمىلىئان، بىز ھازىرچە بىر - بىرىمىزنىڭ ئاۋازى-
مىزنى ئاڭلاپ، بىر - بىرىمىزنىڭ قارىسىنى كۆرۈش بىلەنلا
چەكلىنىپ تۇرۇشقا ۋەدىلەشكەنىدۇققۇ!

— ئەمىسە مەيلى، ۋالېنتىنا.

— تەلىپىڭىزنى قاندۇرسام خوش بولامسىز؟

— خوش بولمامدىغان!

ۋالېنتىنا چىمچىلاق بارمىقىنى يوچۇقتا تىقمىدى، بەلكى
سكامېيكىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، پۈتۈن بىر قولىنى توسۇقنىڭ
ئۈستىدىن سۇنۇپ بەردى. ماكسىمىلىئان ئۇنىڭ تۇۋلاپ تاشلىدى -
دە، تاشنىڭ ئۈستىگە سەكرەپ چىقىپ، بۇ ئارزۇلۇق قولنى چىڭ
تۇتۇۋالدى ۋە ئىنتىزارلىق لەۋلىرى بىلەن ئۇنىڭغا يېپىشتى.
ھالبۇكى، كىچىككىنە قول شۇ ھامان ئۇنىڭ قوللىرىدىن سىيرىلىپ
چىقىپ كەتتى ۋە موررېل بۇ كەچۈرمىشتىن قورقۇپ كەتكەن
ۋالېنتىنانىڭ تېز - تېز يۈگۈرۈپ قېچىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى.

# بەشىنچى باب

## نۇئارتىيې ۋىلفور ئەپەندى

دانگلار خانىم بىلەن ئۇنىڭ قىزى قايتىپ كېتىپ، بىز ھېلى تېخى بايان قىلغان سۆھبەت داۋاملىشىۋاتقان چاغدا خانلىق مۇپەتتىشىنىڭ ئۆيىدە تۆۋەندىكى بىر ئىش بولۇپ ئۆتتى.

ۋىلفور ئايالىنى باشلاپ، ئاتىسىنىڭ ھۇجرىسىغا كىردى. ۋالېنتىناغا كەلسەك، بۇ چاغدا ئۇنىڭ قەيەردە بولغانلىقىنى بىز بىلمىز.

بوۋاي بىلەن سالاملىشىپ ۋە چارەك ئەسىردىن بۇيان نۇئارتىيېنىڭ خىزمىتىنى قىلىۋاتقان بارروئا ئىسىملىك قېرى مالايىنى چىقىرىۋېتىپ، ئۇلار ئولتۇرۇشتى.

نۇئارتىيې ھەر كۈنى ئەتىگەندىن كەچ كىرگۈچە چاق بېكىتىلگەن يوغان كرېسلودا ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئالدىغا ئەينەك قويۇلغان بولۇپ، ئەينەكتە ھۇجرا ئىچى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. شۇڭا، نۇئارتىيې قىمىر قىلماستىن ئولتۇرۇپمۇ (ئۇ، دېمىسىمۇ قىمىر قىلالمايتتى) ھۇجرىغا كىرگەن - چىققانلارنى ۋە ئەتراپتا بولۇۋاتقان ئىشلارنى كۆرەلەيتتى. ئۇ مۇردىدەك ھەرىكەتسىز بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ جانلىق ۋە ئەقىل نۇرى سىڭگەن كۆزلىرى بىلەن پەرزەنتلىرىگە قارىدى. ئۇلارنىڭ بۇنداق تەكەللۇپ بىلەن سالامغا كىرگەنلىكى قانداقتۇر بىر ئالاھىدە ۋە مۇھىم ئىشتىن دېرەك بېرەتتى.

ئۆتتىن ئۈچ قىسمى گۆرگە كىرىشكە تەييار بولۇپ قالغان بۇ بەدەندە پەقەت كۆز بىلەن قۇلاقلا گوياكى پىلىلداپ تۇرغان



ھاياتلىقنىڭ ئىككى ئۇچقۇنىغا ئوخشايتتى. مۇشۇ ئىككى سەزگۈ ئەزاسىنىڭمۇ پەقەت بىرىلا بۇ ھەرىكەتسىز بۇتىنىڭ ئىچىدە چوغلىنىپ تۇرغان ھاياتتىن بىشارەت بېرەلەيتتى. ئاشۇ ئىچكى ھاياتنى ئىپادىلىگۈچى كۆزلەر خۇددى تۈن - كېچىسى چۆلدە ئازغىنىپ قالغان يولۇچىغا بۇ تىمتاس قاراڭغۇلۇقنىڭ ئىچكىرىسىدىكى بىر يەردە تېخى ئۆچۈپ كەتمىگەن بىر تىرىك جاننىڭ بار ئىكەنلىكىدىن ئۇچۇر بېرىپ، يىراقتا نۇرلىنىپ تۇرغان ئوتقا ئوخشايتتى.

قېرى نۇئارتىيېنىڭ يەلكىلىرىگىچە چۈشۈپ تۇرغان ئۇزۇن چاچلىرى پۈتۈنلەي ئاپئاق بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قارا كۆزلىرى ئۈستىدىن لەمپىدەك ئېسىلىپ چۈشكەن قاشلىرى قاپقارا ئىدى. ئۇنىڭ تېنى ۋە دىلىنى بىر چاغلاردا جانلاندۇرۇپ تۇرغان پۈتۈن غەيرىتى، ئىرادىسى، كۈچى ۋە ئەقىل - پاراسىتى ئاشۇ كۆزلەرگە مەركەزلەشكەنىدى. ئەلۋەتتە، ئۇ قولىنى كۆتۈرەلمەيتتى، ئاۋازىنى چىقىرالمايتتى، تېنىنى ھەرىكەتلەندۈرەلمەيتتى. ئەمما بۇلارنىڭ ئورنىنى ئۇنىڭ كۆز قاراشلىرى تولدۇرۇپ تۇراتتى. ئۇ كۆزلىرى بىلەن بۇيرۇق بېرىدۇ، كۆزلىرى بىلەن تەشەككۈر بىلدۈرىدۇ. ئۇ، پەقەت كۆزلىرىلا ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ قالغان بىر مۇردا ئىدى. بۇ مەرمەر تاشتەك يۈزىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىدا غەزەپ ياكى خۇشاللىق ئىپادىلەنگەندە، بۇنى كۆرگەن ھەر قانداق ئادەمنىڭ تېنى شۈركۈنۈپ كېتەتتى. پالەچ بولغان بۇ بەختسىز بوۋاينىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى پەقەت ئۈچ كىشىلا چۈشىنەلەيتتى، يەنى: ۋىلفور، ۋالېنتىنا ۋە بايا بىز تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن قېرى مالاي. ھالبۇكى، ۋىلفور ئاتىسى بىلەن كەمدىن - كەم كۆرۈشەتتى، كۆرۈشكەندىمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىگە تەسەللىي بولغۇدەك سۆز قىلمايتتى. شۇڭا، بوۋاينىڭ پۈتۈن بەختى ۋە خۇشلۇقى ئۇنىڭ نەۋرە

قىزىدىنلا ئىبارەت بولۇپ قالغانىدى. ۋالېنتىنا مۇھەببەت، چىدام ۋە سەۋرچانلىق بىلەن نۇئارتىيېنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى تېپىشنى ئۆگىنىۋالدى. بوۋاينىڭ باشقا ھېچكىم چۈشىنەلمەيدىغان ئۈنسىز سۆزلىرىگە ئۇ ئۆزىنىڭ ئاۋازى، چىرايى ۋە پۈتۈن تەلىپى بىلەن جاۋاب قايتۇراتتى. شۇ تەرىقىدە بۇ ياش قىز بىلەن جەسەتكە ئايلىناي دەپ قالغان چىرىك جىسىم ئوتتۇرىسىدا قىزغىن سۆھبەتلەر بولۇپ ئۆتەتتى. ۋەھالەنكى بۇ چىرىك جىسىم تېخى ھېلىمۇ ئىنتايىن بىلىملىك ۋە ئاجايىپ چېچەن ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ھەرىكەتتىن توختىغان تېنىدىكى سىقىلغان جېنى يەنىلا كۈچلۈك ئىرادىسىنى يوقاتمىغانىدى.

شۇنداق قىلىپ، ۋالېنتىنا بوۋاينىڭ ئوي - پىكىرلىرىنى چۈشىنىش ۋە ئۆزىنىڭ ئوي - پىكىرلىرىنى ئۇنىڭغا ئۇقتۇرۇشتىن ئىبارەت مۈشكۈل مەسىلىنى ھەل قىلىۋالدى. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ، ئادەتتىكى ئىشلاردا بۇ تىرىك جاننىڭ خاھىشلىرىنى ياكى بۇ نىمجان جەسەتنىڭ تەلەپلىرىنى ۋالېنتىنا چۈشەنمەي قالىدىغان ئەھۋاللار يوق دېيەرلىك ئىدى.

بارۇئاغا كەلسەك، يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۆز خوجايىنىغا خىزمەت قىلىۋاتقىنىغا 25 يىل بولغانىدى. ئۇ نۇئارتىيېنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلىدىغان بولغاچقا، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى بىلىپ قىلاتتى.

ۋىلفور ئاتىسى بىلەن سۆزلىشىشتە ھېچكىمنىڭ ياردىمىگە موھتاج ئەمەس ئىدى. ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، بوۋاينىڭ دېمەكچى بولغان ھەر قانداق گېپىنى ئۇ ياخشى چۈشىنەلەيتتى. شۇنداق تۇرۇپ، ئۇ ئاتىسى بىلەن كەمدىن - كەم سۆزلىشەتتى، چۈنكى ئۇ ئاتىسىغا پۈتۈنلەي كۆڭۈل بۆلمەيتتى. شۇڭا، ئۇ ۋالېنتىنانىڭ باغقا چىقىپ كېتىشىنى تۇسمىدى ۋە بارۇئانىمۇ چىقىرىۋېتىپ، ئاتىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە كېلىپ ئولتۇردى. ۋىلفور خانىم بولسا، ئۇنىڭ سول تەرىپىگە ئولتۇردى.



— ئەپسۇس، — دېدى ۋىلفور، — ۋالېنتىنانىڭ بىز بىلەن بىللە كىرمىگەنلىكىگە ۋە بارۇئانى چىقىرىۋەتكەنلىكىمگە ھەيران بولماڭ. بىزنىڭ سىزگە ئېيتماقچى بولغان گېپىمىزنى قىزىمىز نىڭ ياكى مالاينىڭ ئالدىدا ئېيتىشقا بولمايدۇ. ۋىلفور خانىم بىلەن ئىككىمىزنىڭ سىزگە ئېيتىدىغان مۇھىم گېپىمىز بار.

بۇ مۇقەددىمە سۆز ئېيتىلىۋاتقاندا نۇئارتىيېنىڭ چىرايىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى، لېكىن ۋىلفورنىڭ كۆزلىرى گويا بوۋاينىڭ يۈرىكىنى كۆرمەكچى بولغاندەك ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارايتتى.

— بىز، ۋىلفور خانىم بىلەن ئىككىمىز، — خانلىق مۇپەتتىش ھېچقانداق قارشى پىكىرگە يول قويمايدىغان سوغۇق تەلەپپۇزدا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مەن سىزگە ئېيتماقچى بولغان بۇ ئىشقا ھەمداشلىق قىلىدىغانلىقىمىزغا ئىشىنىمەن.

بوۋاينىڭ كۆزلىرى يەنىلا ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىدى. ئۇ پەقەت بۇ گەپلەرنى ئاڭلىماقتا ئىدى، خالاس.

— بىز ۋالېنتىنانى ياتلىق قىلماقچى بولۇۋاتىمىز، — دېدى يەنە ۋىلفور.

بوۋاينىڭ يۈزى مومدىن ياسالغان نىقابتىن بەتەر قېتىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى.

— ئۈچ ئايدىن كېيىن توي بولىدۇ، — دېدى يەنە ۋىلفور.

بوۋاينىڭ كۆزلىرىدە ھېچقانداق ئالامەت كۆرۈلمىدى.

بۇ چاغدا ۋىلفور خانىم سۆزلەشكە باشلىدى.

— بۇ گەپكە سىزنى بەك كۆڭۈل بۆلىدۇ دەپ ئويلاپتىكەنمىز، — دېدى ئۇ، — سىز ۋالېنتىنانى بەك ياخشى كۆرىدىغاندەك كۆرۈنىسىز. ئەمدى سىزگە ئۇنى ئالماقچى بولغان يىگىتنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بەرسەكلا بولىدۇ. ۋالېنتىنا ئۆزىگە

ئۇنىڭدىن ياخشىراق لايىق تاپالمايدۇ. ئۇ يىگىتنى سىزمۇ بىلىشىڭىز مۇمكىن. ئۇنىڭ تېگى ياخشى، باي. ئۇنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرى ۋە خۇلقى – مىجەزى جەھەتتىن ئېيتساق، ۋالېنتىنا «بەختىمنى تاپتىم» دېسە بولىدۇ. ئۇ يىگىتنىڭ ئىسمى فرانس كېنېل، بارون ئەپىنە.

ۋىلفور خانىم بۇ قىسقا نۇتقىنى سۆزلەپ بولغۇچە، ۋىلفور بوۋاينىڭ يۈزىگە بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك تىكىلىپ قاردى. ۋىلفور خانىم فرانسىنىڭ ئىسمىنى ئاغزىدىن چىقىرىشىغىلا نۇئارتىيېنىڭ كۆزلىرىدە گويا بىرخىل چۆچۈش ئالامىتى ئەكس ئەتكەندەك بولدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى بەئەينى بىر نېمە دېيىشكە تەمشەلگەن لەۋلەردەك يوغان ئېچىلىپ، ئوتقاشتەك چاقناپ كەتتى. خانىم مۇپەتتىش ئۆز ئاتىسى بىلەن فرانسىنىڭ ئاتىسى ئوتتۇرىسىدا بىر زامانلاردا مەۋجۇت بولغان ئاشكارا دۈشمەنلىكتىن خەۋەردار بولغاچقا، بوۋاينىڭ كۆزلىرى نېمە ئۈچۈن بۇنداق چاقناپ كەتكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق ھاياجانغا چۈشكەنلىكىنى چۈشەندى. لېكىن ئۇ ھېچنېمىنى سەزمىگەن بولۇۋالدى ۋە ئايالىنىڭ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— تەقسىر، ۋالېنتىنا 19 ياشقا كىرىپ قالدى. شۇڭا، ئۇنىڭ بېشىنى ئوڭشاپ قويمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئۆزىڭىز بىلىسىز. بۇ ئىشنى مۇزاكىرە قىلىشتا سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزنىمۇ ئويلاشتۇق ۋە قۇدا تەرەپ بىلەن كېلىشىۋالدۇق. ئەگەر ۋالېنتىنانىڭ ئېرى بىز بىللە تۇرۇشنى خالىمىسا (ئۇنداق قىلغاندا ياشلار قىسىلىپ قېلىشى مۇمكىن)، سىز ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كۆچۈپ بارىسىز. ۋالېنتىنا سىزنى بەك ياخشى كۆرىدۇ ئەمەسمۇ. سىزمۇ ئۇنى شۇنداق ياخشى كۆرۈشىڭىز مۇمكىن. شۇنداق بولغاندا، سىزنىڭ تۇرمۇشىڭىزدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمايدۇ. پەرقى شۇكى، بۇرۇن سىزگە بىر بالا قارىغان بولسا، ئەمدى ئىككى بالا قارايدىغان بولىدۇ.



نۇئارتىيېنىڭ چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى خۇددى قان قۇيۇلغاندەك قىزىرىپ كەتتى. بوۋاينىڭ قەلبىنى قانداقتۇر بىر زور خاپىلىق مۇجۇۋاتقانلىقى روشەن ئىدى. ئازاب ۋە غەزەپ ئاۋازى چىقىش يولىنى تاپالماستىن، ئۇنىڭ نەپىسىنى بوغماقتا ئىدى. ئۇنىڭ مەڭزىلىرى ئۆپكىدەك ئېشىلىپ، لەۋلىرى كۆكىرىپ كەتتى. ۋىلفور خاتىرجەملىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، دېرىزىنى ئاچتى.

— بۇ يەر بەك دىمىق ئىكەن. نۇئارتىيې ئەپەندىنىڭ نەپەس ئېلىشى قىيىنلىشىۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ.

ئاندىن، ئۇ ئۆز جايىغا قايتىپ كەلدى، لېكىن ئولتۇرمىدى.

ۋىلفور خانىم قوشۇمچە قىلىپ سۆزلىدى:

— ئەپىنە ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ تۇغقانلىرى بۇنداق قۇدىلىشىشتىن مەمنۇن بولۇشتى. ئۇنىڭ ئاران ئىككىلا تۇغقىنى بار، تاغىسى بىلەن ھامماچىسى. ئانىسى تۇغۇت ئۈستىدە ئۆلۈپ كەتكەن. ئاتىسى 1815 – يىلى نامەلۇم كىشىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇ چاغدا فرانس ئەمدىلا ئىككى ياشقا كىرگەنىدى. شۇڭا، ئۇ ھازىر ئۆزى بەگ، ئۆزى خان.

— ئېنىقلانمىغان قاتىللىق، — دېدى ۋىلفور، — جىنايەتچىلەر تېپىلمىدى، نۇرغۇن كىشىلەر گۇمان ئاستىدا بولدى، لېكىن ھېچكىم ئىسپاتلىنىپ تۇتۇلمىدى.

نۇئارتىيې خۇددى ئىنجىقلىغاندەك بىر قىسما بولدى – دە، لەۋلىرى ھېجىيىپ قالغاندەك قىيسىيىپ كەتتى.

— ئۇمۇمەن، — دېدى يەنە ۋىلفور، — ھەقىقىي جىنايەتچىلەر بۇ جىنايەتنى ئۆزلىرىنىڭ قىلغانلىقىنى كۆڭلىدە بىلىشىدۇ. ئۇنداق كىشىلەر بۇ دۇنيادا ئىنسانلارنىڭ جازاسىغا تارتىلىشقا تېگىشلىك، ئۇ دۇنياغا بارغاندا خۇدانىڭ جازاسىغا مەھكۇم بولىدۇ. شۇ كىشىلەر سىزنىڭ ئورنىڭىزدا بولسا، ئۆزى ئۈستىدىكى گۇماننى يوقىتىش ئۈچۈن بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ

قىزنى فرانس ئەپىنەگە بېرەلىگەنلىكتىن خۇش بولغان بولاتتى.

نۇئارتىيې زور غەيرەت قىلىپ، ئۆزىنى بېسىۋالدى. دەرمانسىز پالەچنىڭ ئۆزىنى بۇنداق ئىدارە قىلالىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن ئىدى.

— شۇنداق، دېمەكچى بولغىنىڭىزنى چۈشەندىم، — دەيتتى ئۇنىڭ كۆزلىرى ۋىلفورغا قاراپ. ئۇنىڭ بۇ قارىشىدا چوڭقۇر غەزەپ ۋە نەپرەت ئىپادىلەندى. ۋىلفورمۇ ئۇنىڭ بۇنداق قارىشىنىڭ مەنىسىنى چۈشەندى ۋە ئۇنىڭغا جاۋابەن مۈرىلىرىنى قىسىپ قويدى. ئاندىن ئۇ ئايالىغا «قايتايلى» دېگەننى بىلدۈرۈپ ئىشارەت قىلدى.

— ماقۇل، بىز قايتايلى، — دېدى ۋىلفور خانىم، — ئېدۇئار سىزگە سالام بەرگىلى كىرسە بولامدۇ؟

ئۇلار مۇنداق دەپ كېلىشىۋالغانىدى: بوۋاي رازىلىقىنى بىلدۈرسە كۆزلىرىنى يۇمىدۇ، رازى بولمىسا كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىدۇ، ئەگەر بىرەر ئىشقا ھاجىتى بار ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرماقچى بولسا كۆزلىرىنى يۇقىرىغا قارىتىدۇ. ۋالېنتىنانى چاقىرسا ئوڭ كۆزىنى يۇماتتى، باررۇئانى چاقىرسا سول كۆزىنى يۇماتتى.

ئۇ ۋىلفور خانىمنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۆزلىرىنى جىددىيلىك بىلەن چىمچىقلىتىپ كەتتى. ۋىلفور خانىم ئۆز سۆزىنىڭ رەت قىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، لېۋىنى چىشلىدى.

— ئەمىسە ۋالېنتىنانى چاقىرىپ قوياي، — دېدى ئۇ.

— شۇنداق قىلىڭ، — دېگەننى ئىپادىلىدى بوۋاي كۆزلىرىنى يۇمۇپ.

ئەر - خوتۇن ۋىلفورلار تەزىم قىلىپ چىقىپ كېتىشتى ۋە ۋالېنتىنانى چاقىرىشقا ئادەم ئەۋەتتى. ۋالېنتىنا ئۆزىمۇ بۈگۈن بوۋىسىنىڭ ئۇنىڭغا ئىشى بار ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئۇ، ھاياجاندىن تېخىچىلا مەڭزىلىرى قىزىرىپ تۇرغان ھالدا بوۋاينىڭ



ئالدىغا كىرىپ كەلدى ۋە بىر قاراشتىلا بوۋىسىنىڭ ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭغا بىر نېمە دېمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشەندى.

— بوۋا، — دەپ خىتاب قىلدى ئۇ، — نېمە بولدى؟ ساڭا ئازار بېرىشتىمۇ؟ خاپا بولدۇڭمۇ؟

— شۇنداق، — دېدى بوۋاي كۆزلىرىنى يۇمۇپ.

— كىمگە خاپا بولدۇڭ؟ ئاتامغىمۇ؟ ياق. ۋىلفور خانىمغىمۇ؟ ياق. ئەمىسە ماڭىمۇ؟

بوۋاي «ھەئە» دېگەننى ئىپادىلىدى.

— ماڭا؟ — دەپ قايتىلاپ سورىدى ۋالېنتىنا ھەيران بولۇپ.

بوۋاي يەنە «ھەئە» دېگەننى بىلدۈردى.

— مەن نېمە قىلدىم، بوۋا؟ — دەپ خىتاب قىلدى ۋالېنتىنا.

ھېچقانداق جاۋاب بولمىدى. قىز يەنە سورىدى:

— مەن بۈگۈن سېنىڭ يېنىڭدا بولمىدىم. مەن توغرۇلۇق بىر گەپ بولدىمۇ؟

— شۇنداق، — بوۋاينىڭ كۆزلىرى ئالدىراپ جاۋاب قايتۇردى.

— نېمە ئىشلىكىنى تېپىشقا تىرىشىپ باقاي. ۋاي خۇدايىم، بوۋا، مەن ھېچقانداق قىلمىدىم... ھە، راست! ئاتام بىلەن ۋىلفور خانىم ھازىر بۇ يەرگە كىرگەنمىدى؟

— ھەئە.

— ئۇلار سېنى رەنجىتىدىغان گەپ قىلدىمۇ؟ نېمە ئىش بولغاندۇ؟ نېمە قىلغىنىم ئۈچۈن سەندىن ئەپۇ سوراشنى بىلمەيۋاتىمەن. چىقىپ ئۇلاردىن سوراپ باقايمۇ؟

— ياق، ياق، — بوۋاينىڭ كۆزلىرى جاۋاب قىلدى.

— بۇنداق قورقاتمىغىنا مېنى! ئۇلار نېمە دېگەندۇ؟ قىز ئويلىنىپ قالدى.

— ھە... — دېدى ئۇ ئاۋازىنى پەسەيتىپ ۋە بوۋايغا يېقىنراق كېلىپ، — مېنىڭ توي ئىشىم توغرۇلۇق گەپ قىلىشتىمۇ - يا؟

— شۇنداق، — جاۋاب قىلدى بوۋاينىڭ غەزەپكە تولغان كۆزلىرى.

— چۈشەندىم. ساڭا بۇنى ئېيتمىغانلىقىم ئۈچۈن خاپا بوپسەن. بىراق، ئۇلار مېنىڭ بۇنى ساڭا ئېيتىشىمنى قاتتىق چەكلىدى. ئۇلار بۇنى ماڭىمۇ ئېيتمىغانىدى. بۇ مەخپىيەتلىكنى مەن تاسادىپىي ئۇقۇپ قالدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنى ساڭا ئېيتمىغانىدىم. ئەپۇ قىلغىن، بوۋا.

بوۋاينىڭ ھەرىكەتسىز كۆزلىرى گويا «مېنىڭ خاپا بولغانلىقىم يالغۇز بۇنى ئېيتمىغانلىقىڭ ئۈچۈنلا ئەمەس» دەۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

— يەنە نېمە ئىش؟ — دەپ سورىدى ۋالېنتىنا، — مېنى تاشلاپ كېتىدىغان بولدى، ياتلىق بولغاندىن كېيىن مېنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ، دەپ ئويلاۋاتامسەن - يا. بوۋا؟

— ياق، — دېگەن جاۋابنى ئىپادىلىدى بوۋاي.

— ئۇلار سېنىڭ بىز بىللە تۇرۇشىمىزغا ئەپىنە ئەپەندىنىڭ رازى بولغانلىقىنى ئېيتتىمۇ؟

— ھەئە.

— ئەمىسە، نېمىدىن خاپا بولىسەن؟

بوۋاينىڭ كۆزلىرىدە چەكسىز مېھىر - مۇھەببەت ئىپادىسى پەيدا بولدى.

— ھە، چۈشەندىم، — دېدى ۋالېنتىنا، — مېنى ياخشى كۆرۈدىغانلىقىڭ ئۈچۈن كۆڭلۈڭ بۇزۇلدىمۇ؟



بوۋاي «ھەئە» دېگەننى ئىپادىلىدى.

— مېنى بەختسىز بولۇپ قالىدۇ، دەپ ئەنسىرەمسەن؟

— ھەئە.

— سەن فرانسنى ياخشى كۆرمەمسەن؟

بوۋاينىڭ كۆزلىرى قاتىرىسىغا بىرنەچچە قېتىم جاۋاب قىلدى:

— ياق، ياق، ياق.

— ئەمىسە. بۇ گەپ ساڭا بەك ئېغىر كەپتۇ - دە، بوۋا؟

— ھەئە.

— ماڭا قارىغىنا، — دېدى ۋالېنتىنا ۋە نوئارتىيېنىڭ ئالدىغا تىزلىنىپ، ئۇنىڭ بوينىدىن قۇچاقلىدى، — بۇ گەپ ماڭىمۇ بەك ئېغىر كەلدى، چۈنكى مەنمۇ فرانسنى ياخشى كۆرمەيمەن.

بوۋاينىڭ كۆزلىرىدە خۇشاللىق ئۇچقۇنلىرى چاقناپ كەتتى.

— مەن موناستىرغا كەتمەكچى بولغاندا قانداق خاپا بولغانلىقىڭ يادىڭدىمۇ؟

بوۋاينىڭ قورۇشۇپ كەتكەن چاناقلىرىدا كۆز ياشلىرى پەيدا بولدى.

— مەن ئۆزۈم خالىمىغان بۇ تويدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن موناستىرغا كەتمەكچى بولغانىدىم، — دېدى يەنە ۋالېنتىنا.

بوۋاي تېز - تېز نەپەس ئېلىپ كەتتى.

— ئۇنىڭ بىلەن توي قىلسام بەك خاپا بولىدىكەنسەن - دە، بوۋا؟ ئاھ، ئەگەر سەن ماڭا ياردەم قىلالىغان بولساڭ، ئىككىمىز بىرلىشىپ ئۇلارنىڭ پىلانلىرىنى بۇزۇپ تاشلىيالىغان بولساق نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە! لېكىن، سەن ئۇلارغا تاقابىل تۇرالمايسەن. گەرچە سەن ئەقىللىق ۋە ئىرادىلىك بولساڭمۇ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ماڭا ئوخشاشلا ئاجىز، بەلكى مەندىنمۇ

ئۇجىزراق. سەن ساغلام ۋە كۈچلۈك ۋاقتىڭدا مېنى ھىمايە قىلالايتتىڭ، ئەمدى ھازىر بولسا، پەقەت ماڭا قوشۇلۇپ خۇشال بولۇش ياكى قايغۇرۇشلا قولۇڭدىن كېلىدۇ. بۇ مېنىڭ بىردىنبىر بەختىم بولۇپ قالدى.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندا نۇئارتىيېنىڭ كۆزلىرىدە ئاجايىپ بىر خىل ھەييارلىق ئىپادىلەندىكى، گويا ئۇ نەۋرە قىزىغا قاراپ: «خاتالىشىۋاتىسەن، مەن تېخى ساڭا كۆپ ياردەم قىلالايمەن» دەۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

— ساڭا ياردەم قىلالايمەن، دېمەكچى بولۇۋاتامسەن، بوۋا؟ — ۋالېنتىنا ئۇنىڭ ئويىدىكىنى سۆز بىلەن ئىپادىلىدى.

— شۇنداق.

نۇئارتىيې كۆزلىرىنى يۇقىرىغا قاراتتى. بۇ، ۋالېنتىنا بىلەن ئىككىسى كېلىشىۋالغان بەلگە بولۇپ، «ماڭا بىر نەرسە لازىم» دېگەننى بىلدۈرەتتى.

— ساڭا نېمە كېرەك، بوۋا؟ مەن چۈشىنىشكە ئامال قىلىپ باقاي.

ۋالېنتىنا خىيالىغا كەلگەن گەپلەرنى قىلىپ، ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى تېپىشقا ئۇرۇنۇپ باقتى. لېكىن، ئۇنىڭ ھەممە گەپلىرىگە بوۋاي «ياق» دېگەننى بىلدۈرۈپ جاۋاب قايتۇردى.

— مەن بەك پەمسىز ئىكەنمەن، — دېدى قىز، — ئەمدى ئەڭ ئىشەنچلىك چارىلەرنى ئىشلىتىپ باقايلى.

ئۇ ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە «ئا» دىن «ن» غىچە بولغان ھەممە ھەرپلەرنى ئېيتىپ چىقتى ۋە ھەربىر ھەرپنى ئېيتقاندا بوۋاينىڭ كۆزلىرىگە كۆڭۈل قويۇپ قارىدى. ئۇ «ن» ھەرپىگە كەلگەندە نۇئارتىيې «شۇ» دېگەننى ئىپادىلىدى.

— ھە! — دېدى ۋالېنتىنا، — ئېيتماقچى بولغان سۆزۈڭ



«ن» دىن باشلىنىدىكەن - دە. دېمەك، «ن» بىلەن باشلىنىدىغان سۆزلەرنى ئېيتايمۇ؟ قايسى سۆز بولغىدى ئۇ؟ نا، نې، نى، نو،...

— شۇ، شۇ، شۇ، — جاۋاب قايتۇردى بوۋاي.

— «نو» دىن باشلىنىدىغان سۆزمۇ؟

— ھەئە.

ۋالېنتىنا لۇغەتنى ئەكەلدى ۋە ئۇنى نۇئارتىيېنىڭ ئالدىدىكى يانتۇ شىرەچىگە قويۇپ، ئاچتى. بوۋاينىڭ كۆزلىرى ئېچىلغان بەتكە قادالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇ كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى قۇرلار بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگە سىيرىلدۇرۇشقا باشلىدى.

نۇئارتىيې ئالتە يىل ئىلگىرى مۇشۇنداق ئېغىر ئەھۋالغا گىرىپتار بولغاندىن بۇيان ۋالېنتىنا لۇغەتتىن مۇشۇ تەرىقىدە پايدىلىنىشنى ۋە بوۋاينىڭ ئوي - پىكىرىنى خۇددى ئۇنىڭ ئۆزى لۇغەت ئاختۇرۇپ كېرەكلىك سۆزنى تاپقاندەك تېزلىكتە تېپىپ چىقىشنى ئۆگىنىۋالغانىدى.

«نوتارىئۇس»① دېگەن سۆزگە كەلگەندە نۇئارتىيې توختاشقا ئىما قىلدى.

— نوتارىئۇس، — دېدى قىز، — نوتارىئۇس بىلەن كۆرۈشمەكچىمۇ سەن، بوۋا؟

نۇئارتىيې ھەقىقەتەن نوتارىئۇس بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىدى.

— نوتارىئۇسنى چاقىرتايمۇ ئەمىسە؟ — سورىدى ۋالېنتىنا.

— ھەئە، — دېگەننى ئىپادىلىدى بوۋاي.

— ئاتامغا ئېيتسام بولامدۇ؟

— ھەئە.

— نوتارىئۇس بىلەن كۆرۈشىدىغان مۇھىم ئىشىڭ بارمىدى؟

① نوتارىئۇس — تۇرلۇك كېلىشىم ۋە ھۆججەتلەرنى رەسمىيلەشتۈرگۈچى قانۇن خادىمى.

— هەئە.

— ئەمسە، ئۇنىڭغا هازىرلا ئادەم ئەۋەتەيلى. باشقا گېپىڭ يوقمۇ؟

— يوق.

ۋالېنتىنا يۈگۈرۈپ بېرىپ، قوڭغۇراقنى جىرىڭلاتتى ۋە مالاي كىرگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئاتىسى بىلەن ۋىلفور خانىمنى چاقىرىشنى ئېيتتى.

— ئەمدى رازى بولغانسەن؟ — سورىدى ۋالېنتىنا، — يائاللا! گېپىڭنى ئازان تاپتىم - دە!

ئۇ بوۋىسىغا قاراپ، خۇددى سەبىي بالىغا مەسلىكى كەلگەندەك كۈلۈپ قويدى.

بارروۇئا ۋىلفورنى باشلاپ كىردى.

— نېمە بولدى، تەقسىر؟ — دەپ سورىدى ۋىلفور بوۋايدىن.

— ئاتا، — دېدى ۋالېنتىنا، — بوۋام نوتارىئۇس بىلەن كۆرۈشمەن دەيدۇ.

ۋىلفور بۇ غەلىتە، ئەڭ مۇھىم، ئۇشتۇمتۇت تەلەپنى ئاڭلاپ، پالەچ بوۋايغا قارىدى.

— شۇنداق، — دېگەننى قەتئىيلىك بىلەن ئىپادىلىدى بوۋاي. ئۇنىڭ قىياپىتىدىن ۋالېنتىنا ۋە ئۆزىنىڭ بۇ تەلىپىدىن خەۋەر تاپقان قېرى مالاينىڭ ياردىمى بىلەن كۈرەش قىلىشقا بەل باغلىغانلىقى روشەن كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— سىز نوتارىئۇس بىلەن كۆرۈشمەكچى؟ — تەكرارلاپ سورىدى ۋىلفور.

— هەئە.

— نېمىشقا؟

نۇئارتىيې جاۋاب قايتۇرمىدى.



— نوتارىئۇسنى چاقىرىپ زادى نېمە قىلماقچىسىز؟ — سورىدى ۋىلفور.

بوۋاينىڭ كۆزلىرى قېتىپ قالغاندەك قاراپ تۇراتتى. بۇ، «سۆزۈمدىن يانمايمەن» دېگەننى بىلدۈرەتتى.

— بىزنىڭ چىشىمىزغا تەگمەكچىمۇ؟ — دېدى ۋىلفور، — بۇنىڭ نېمە پايدىسى؟

— ئەمما - لېكىن، — دېدى بارروۇئا قېرى مالايلارغا خاس ئۆز سۆزلۈك بىلەن، — خوجايىنىم نوتارىئۇس بىلەن كۆرۈشمەن دېگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئىشى باردۇر. مەن نوتارىئۇسنى چاقىرىپ كېلەي.

بارروۇئا نۇئارتىيېدىن باشقا خوجايىنىنى ئېتىراپ قىلمايتتى ۋە هەرقانداق ئەهۋال ئاستىدا ئۇنىڭ خاهىشىغا مۇخالىپ ئىشنىڭ بولۇشىغا يول قويمايتتى.

— شۇنداق، مەن نوتارىئۇس بىلەن كۆرۈشمەن، — دېگەننى ئىپادىلىدى بوۋاي ۋە كۆزلىرىنى شۇنداق مەنمەنلىك بىلەن يۇمدىكى، گويا «قېنى، كۆرۈپ باقايلى، كىم مېنىڭ تەلىپىمنى رەت قىلالايدىكىن» دەۋاتقاندەك ئىدى.

— ئۇنىمىسىڭىز مەيلى. نوتارىئۇسنى چاقىرىشسۇن. بىراق، مەن ئۇنىڭدىن ئۆزۈم ئۈچۈن ۋە سىز ئۈچۈن ئەپۇ سورىشىم كېرەك، چۈنكى بۇ بىر كۈلكىلىك ئىش.

— مەيلى، — دېدى بارروۇئا، — مەن ئۇنى چاقىرىمەن.

شۇ گەپ بىلەن قېرى مالاي غالىبانە قىياپەتتە چىقىپ كەتتى.

## ئالتىنچى باب
## ۋەسىيەتنامە

بارروۇئا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن نۇئارتىيې نەۋرە قىزىغا هەيبەتلىك بىلەن مەنىلىك قاراپ قويدى. بۇ قاراشنى ۋالېنتىنا

چۈشەندى. ۋىلفورمۇ چۈشەندى، چۈنكى ئۇنىڭ چىرايى سۈرۈلۈشۈپ، قاپاقلىرى تۈرۈلدى. ئۇ ئورۇندۇقنى سۈرۈپ كېلىپ، بوۋاينىڭ ئۇدۇلىغا ئولتۇرۇپ كۈتۈشكە باشلىدى.

نوئارتىيې ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمىغان هالدا قاراپ قويدى. ئاندىن كۆزىنىڭ قىرىدا ۋالېنتىناغا قاراپ، ئۇنىڭ خاتىرجەم بولۇشىنى ۋە بۇ يەردىن چىقىپ كەتمەسلىكىنى ئۆتۈندى. يېرىم سائەتتىن كۆپرەك ئۆتكەندە باررۇئا نوتارىئۇسنى باشلاپ قايتىپ كەلدى.

— تەقسىر، — دېدى ۋىلفور نوتارىئۇس بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن، — سىزنى مانا بۇ نوئارتىيې ۋىلفور ئەپەندى چاقىردى. پالەچ كېسىلى ئۇنى هەرىكەت قىلالمايدىغان ۋە ئاۋازىنى چىقىرالمايدىغان قىلىپ قويدى. بىز ئۇنىڭ ئوي-پىكىرلىرىنىڭ بەزىبىر ئۈزۈندىلىرىنىلا ئىنتايىن تەسلىكتە ئۇقالايمىز.

نوئارتىيې ۋالېنتىناغا بۇيرۇق قىلغان تەرىزدە شۇنداق جىددىيلىك بىلەن قارىدىكى، ئۇ قىز دەرهال سۆزگە ئارىلاشتى:

— تەقسىر بوۋامنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنى مەن چۈشىنىمەن.

— ئۇ راست دەيدۇ، — دەپ قوشۇمچە قىلدى باررۇئا، — ئۇ چۈشىنىدۇ، هەممىنى چۈشىنىدۇ. نوتارىئۇس ئەپەندىگە يولدا كېلىۋاتقىچە مەنمۇ شۇنداق دېگەنىدىم.

— جانابلار، سۆز قىلىشىمغا ئىجازەت قىلغايسىلەر، — دېدى نوتارىئۇس ۋىلفور بىلەن ۋالېنتىناغا قاراپ، — بۇ، هۆججەت يازدۇرغۇچى شەخس ئاڭلىق ئىش قىلالمايدىغان ۋە ئېغىر مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالالمايدىغان ئەهۋاللاردىن بىرى ئىكەن. هۆججەتنى قانۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن نوتارىئۇس ئەڭ ئالدى بىلەن مەزكۇر شەخسنىڭ خاهىشىنى ئەينەن ئىپادىلەپ بېرەلىگەن-بېرەلمىگەنلىكىنى بىلىشى كېرەك. هالبۇكى، مەن سۆزلەش



ئىقتىدارىدىن مەهرۇم بولغان كىشىنىڭ رازى بولغان ياكى رازى بولمىغانلىقىنى ئۇقالمايمەن. ئۇ سۆزلىيەلمەيدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنىمۇ بىلەلمەيمەن. شۇڭا، مەن بۇ ئىشنى بېجىرەلمەيمەن، ئۇنداق قىلىش قانۇنسىزلىق بولىدۇ.

نوتارىئۇس قايتىشقا هازىرلاندى. خانىلىق مۇپەتتىشىنىڭ لەۋلىرىدە بىلىنمەس خۇشاللىق تەبەسسۇمى پەيدا بولدى.

نوئارتىيې ۋالېنتىناغا شۇنداق قايغۇرغان هالدا قارىدىكى، ئۇ قىز يۈگۈرۈپ بېرىپ نوتارىئۇسنىڭ ئالدىنى توسۇۋالدى.

— تەقسىر، — دېدى ئۇ، — بوۋام بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئالاقىلىشىش تىلىمىزنى ئۆگىنىۋېلىش بەك ئاسان. مەن سىزگە بىرنەچچە مىنۇتنىڭ ئىچىدىلا ئۆگىتىپ قويالايمەن. سىزمۇ ئۇنىڭ دېمەكچى بولغىنىنى ماڭا ئوخشاشلا تولۇق چۈشىنەلەيسىز. ئېيتىڭا، قانداق قىلساق بولىدۇ؟

— يازغان هۆججىتىمىزنىڭ قانۇنىي بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭ رازى بولغان-بولمىغانلىقىغا ئىشىنىشىم كېرەك، — دېدى نوتارىئۇس، — هۆججەت ئىگىسى جىسمانىي جەهەتتىن كېسەل بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئۇنىڭ ئەقلى-هوشى جايىدا بولۇشى كېرەك.

— ئۇنداق بولسا، تەقسىر، بوۋامنىڭ ئەقلى ناهايىتىمۇ ساغلام ئىكەنلىكىنى مۇنداق ئىككى ئىشارەتتىنلا بىلىۋالالايسىز. نوئارتىيې ئەپەندى ئاۋازىنى چىقىرالمىسىمۇ، مىدىرلىيالمىسىمۇ، «هەئە» دېمەكچى بولسا كۆزىنى يۇمىدۇ، «ياق» دېمەكچى بولسا، كۆزلىرىنى بىرنەچچە قېتىم چىمچىقلىتىدۇ. مانا ئەمدى سىزمۇ ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشەلەيسىز. قېنى، سۆزلىشىپ بېقىڭا.

بوۋاينىڭ ۋالېنتىناغا قاراتقان كۆزلىرىدە شۇنچىلىك چوڭقۇر مېهىر-مۇهەببەت ۋە مىننەتدارلىق ئەكس ئەتتىكى، هەتتا نوتارىئۇسمۇ بۇنى چۈشەندى.

— تەقسىر، نەۋرىڭىزنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىدىڭىزمۇ، چۈشەندىڭىزمۇ؟ — سورىدى نوتارىئۇس.

نۇئارتىيې كۆزلىرىنى ئاستا يۇمۇپ، بىر سېكۇنتتىن كېيىن يەنە ئاچتى.

— نەۋرىڭىزنىڭ ئېيتقانلىرى راستمۇ؟ سىز ئوي - پىكىرلىرىڭىزنى مۇشۇ قىز ئېيتقاندەك بەلگىلەر بىلەن ئىپادىلەمسىز؟

— ھەئە، — دېگەننى بىلدۈردى بوۋاي.

— مېنى سىز چاقىرتقانمۇ؟

— ھەئە.

— ھۆججەت يازدۇرۇش ئۈچۈنمۇ؟

— ھەئە.

— ھۆججەتنى يازماي تۇرۇپ كېتىشىمنى خالىمامسىز؟

پالەچ بوۋاي كۆزلىرىنى تېز - تېز چىمچىقلاتتى.

— ھە، قانداق، تەقسىر، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشەلەمدىكەنسىز؟ — سورىدى ۋالېنتىنا، — ئەمدى خاتىرجەم بولغانسىز؟

نوتارىئۇس جاۋاب بېرەي دەپ تۇرغۇچە ۋىلفور ئۇنى بىر چەتكە تارتىپ ئاپاردى.

— تەقسىر، — دېدى ئۇ، — نۇئارتىيې ئەپەندى مۇپتىلا بولغان بۇ جىسمانىي ناكارلىق ئۇنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىغىمۇ كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتمىگەن بولۇشى مۇمكىنمۇ؟

— مېنى تەڭلىكتە قويۇۋاتقان مەسىلە بۇ ئەمەس، — دېدى نوتارىئۇس، — ئۇنىڭ دېمەكچى بولغان گەپلىرىنى بىز قانداق بىلەلەيمىز؟

— شۇ گەپ ئەمەسمۇ، بۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىش، — دېدى ۋىلفور.

ۋالېنتىنا بىلەن بوۋاي بۇ گەپلەرنى ئاڭلىدى. نۇئارتىيې



ۋالېنتىنانىڭ كۆزلىرىگە جىددىيلىك بىلەن تىكىلىپ قارىدى. بۇ قاراش ئۇنىڭ ئېتىراز بىلدۈرۈشىنى تەلەپ قىلىۋاتاتتى.

— بۇ ئىشتىن مالال بولماڭ، تەقسىر، — دېدى ۋالېنتىنا، — بوۋامنىڭ ئويىنى بىلىش ھەرقانچە قىيىن بولسىمۇ، ياكى توغرىسىنى ئېيتقاندا، سىزگە قىيىن تۇيۇلسىمۇ، مەن سىزنى قايىل قىلغۇدەك دەرىجىدە چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيمەن. مەن نۇئارتىيې ئەپەندىگە ھەمراھ بولۇۋاتقان ئالتە يىلدىن بۇيان ئۇنىڭ بىرەر خاھىشىنى چۈشىنەلمەي قالغان ۋاقتىم بارمۇ، قېنى بوۋام ئۆزى ئېيتىپ باقسۇن.

— يوق، — دېگەننى بىلدۈردى بوۋاي.

— ماقۇل، كۆرۈپ باقايلى، — دېدى نوتارىئۇس، — ۋىلفور خېنىم سىزنىڭ تەرجىمانىڭىز بولسا بولامدۇ؟

بوۋاي «بولىدۇ» دېگەننى ئىپادىلىدى.

— ماقۇل. ئەمىسە، ماڭا قانداق ھۆججەت يازدۇرماقچى بولۇۋاتىسىز؟

ۋالېنتىنا ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە ھەرپلەرنى ئېيتىشقا باشلىدى. ئۇ «ۋ» ھەرپىگە كەلگەندە نۇئارتىيېنىڭ مەنىلىك قارىغان كۆزلىرى ئۇنى توختىتىۋالدى.

— نۇئارتىيې ئەپەندىگە «ۋ» ھەرپى لازىم ئىكەن، — دېدى نوتارىئۇس، — بۇ ئېنىق بولدى.

— توختاپ تۇرۇڭ، — دېدى ۋالېنتىنا ۋە ئاندىن بوۋىسىغا قارىدى، — ۋا... ۋى... ۋە...

بوۋىنىڭ كۆزلىرى ئۇنى دەرھال توختىتىۋالدى.

شۇندىن كېيىن ۋالېنتىنا لۇغەتنى ئالدى ۋە نوتارىئۇسنىڭ دىققەت بىلەن كۆزىتىشى ئاستىدا لۇغەتنى ۋاراقلاشقا باشلىدى.

— ۋەسىيەتنامە، — ۋالېنتىنانىڭ بارمىقى شۇ سۆزنى

كۆرسەتكەندە نۇئارتىينىڭ كۆزلىرى ئۇنى يەنە توختىتىۋالدى.

— ۋەسىيەتنامە! — خىتاب قىلدى نوتارىئۇس، — بۇمۇ ئېنىق بولدى. نۇئارتىيې ئەپەندى ۋەسىيەتنامە يازدۇرماقچىكەن.

نۇئارتىينىڭ كۆزلىرى «شۇنداق، شۇنداق» دېگەننى بىر نەچچە قېتىم ئىپادىلىدى.

— قىزىق ئىش، تەقسىر، — دېدى نوتارىئۇس ھەيرەتتە قالغان ۋىلفورغا قاراپ.

— شۇنداق، — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى ۋىلفور، — ئەگەر بۇ ۋەسىيەتنامە مېنىڭ قىزىمنىڭ ئۇستىلىق بىلەن سۆز ياساپ چىقىرىشىغا ئاساسەن ماددىمۇ-ماددا يېزىپ چىقىلسا تېخىمۇ قىزىق بولىدۇ. ۋالېنتىنا بۇ ۋەسىيەتنامىنىڭ يېزىلىشىغا تولىمۇ قىزىققان بولسا كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ نۇئارتىيې ئەپەندىنىڭ ھېچكىمگە مەلۇم بولمىغان خاھىشلىرىغا تەبىر بەرمەكچى بولۇۋاتىدۇ.

— ياق، ياق، ياق! — دېگەننى ئىپادىلىدى بوۋاي.

— ھە! — دېدى ۋىلفور، — ۋالېنتىنا سىزنىڭ ۋەسىيەتنامىڭىزغا قىزىقمامدۇ؟

نۇئارتىيې «قىزىقمايدۇ» دېگەننى ئىپادىلىدى.

— تەقسىر، — دېدى نوتارىئۇس. ئۇ كۆز ئالدىدىن ئۆتكەن بۇ تەجرىبىدىن تەئەججۈپلەنگەن بولۇپ، ئەل-ئاغىنىلىرىغا بۇ ئاجايىپ ۋەقەنىڭ تەپسىلاتلىرىنى سۆزلەپ بېرىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغانىدى، — تەقسىر، مەن بايا بۇ ئىشنى بېجىرىش مۇمكىن ئەمەس دەپ ئويلىغانىدىم، ئەمدى قارىسام، بۇ بەك ئوڭاي ئىكەن. بۇ، قانۇندا كۆرسىتىلگەن ۋە بېجىرىشكە بولىدىغان مەخپىي ۋەسىيەتنامە بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن يەتتە نەپەر گۇۋاھچى بولۇشى كېرەك. ۋەسىيەت قالدۇرغۇچى شەخس شۇ يەتتە كىشىنىڭ ئالدىدا بۇنى تەستىقلىشى ۋە نوتارىئۇس يەنە شۇ يەتتە كىشىنىڭ ئالدىدا ۋەسىيەتنامىنى رەسمىيلەشتۈرۈشى كېرەك. بۇنىڭغا كېتىدىغان ۋاقىتمۇ ئادەتتىكى ۋەسىيەت-



نامىنى تۈزۈشكە كېتىدىغان ۋاقىتتىن ئانچە كۆپ بولمايدۇ. ئەڭ ئالدى بىلەن، ھەممە ۋەسىيەتنامىلەرگە ئورتاق بولغان، قانۇندا بېكىتىلگەن سۆزلەر يېزىلىدۇ. كونكرېت ماددىلار بولسا، ئاساسەن ۋەسىيەت قالدۇرغۇچىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ. بۇ جەھەتتە سىزمۇ ياردەم كۆرسىتەلەيسىز، چۈنكى ئۇنىڭ ئىش-كۈشلىرىنى بىلىسىز. ۋەسىيەتنامىنىڭ ئىناۋەتلىك بولۇشى ئۈچۈن بىز ئۇنى تولۇق كاپالەتكە ئىگە قىلىشىمىز كېرەك. خىزمەتداشلىرىمدىن بىرى ماڭا ياردەمچى بولۇپ، ۋەسىيەتنامىنى تۈزۈشكە قاتنىشىدۇ. شۇنداق قىلساق بولامدۇ، تەقسىر؟ — نوتارىئۇس سۆزىنىڭ ئاخىرىدا بوۋايغا مۇراجىئەت قىلدى.

— ھەئە، — دېگەن جاۋابنى ئىپادىلىدى بوۋاي خۇشال بولغان ھالدا.

«ئۇ زادى نېمە قىلماقچى؟» دەپ ئويلىدى ۋىلفور. ئۇ ئاتىسىنىڭ ئويىدىكىنى بىلەلمىگەن بولسىمۇ، سالاپىتىنى ساقلاپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالدى ۋە نوتارىئۇسنىڭ گېپى بويىچە يەنە بىر نوتارىئۇسنى چاقىرتماقچى بولۇپ، ئارقىغا قارىدى، لېكىن باررۇئا بولۇنغان گەپلەرنى ئاڭلاپ ۋە ئۆز خوجايىنىنىڭ ماقۇل بولغانلىقىنى كۆرۈپ، ئاللىقاچان چىقىپ كەتكەنىدى. شۇنىدىن كېيىن، خانلىق مۇپەتتىش ئۆزىنىڭ ئايالىنى چاقىرىپ كىرىش ئۈچۈن ئىككىنچى قەۋەتكە ئادەم چىقاردى.

چارەك سائەتتىن كېيىن ھەممەيلەن پالەچ بوۋاينىڭ ھۇجرىسىدا جەم بولۇشتى، ئىككىنچى نوتارىئۇسمۇ ئۆلگۈرۈپ كەلدى.

ئىككى نوتارىئۇس بىردەمدىلا كېلىشىۋالدى. نۇئارتىيې ئەپەندىگە ئادەتتىكى ۋەسىيەتنامە تېكىستىنى ئوقۇپ بېرىشتى. ئاندىن بىرىنچى نوتارىئۇس ئۇنىڭ ئەقلى-ھوشىنى سىناپ كۆرمەكچى بولۇپ، ئۇنىڭغا مۇراجىئەت قىلدى:

— تەقسىر، ۋەسىيەتنامە بىرەر كىشىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن يېزىلىدۇ.

— شۇنداق، — دېگەننى ئىپادىلىدى بوۋاي.

— مال - مۈلكىڭىزنىڭ ھېسابىنى بىلەمسىز؟

— ھەئە.

— مەن سىزگە بىرنەچچە سانىنى تەدرىجىي كۆپەيتىپ ئېيتىپ بېرەي. ھېسابىڭىزغا توغرا كەلگەن سانغا كەلگەندە مېنى توختىتىڭ.

— ھەئە.

بۇ بىر ئاجايىپ سوراق بولدى. بۇ ئەقىل - پاراسەت بىلەن دەرمانسىز تەن ئوتتۇرىسىدىكى مىسلىسىز كۈرەش ئىدى. بۇ، تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە بولمىسىمۇ، ھەر ھالدا قىزىقارلىق كۆرۈنۈش ئىدى. ھەممەيلەن نۇئارتىيېنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى. ئىككىنچى نوتارىئۇس شىرە يېنىغا ئولتۇرۇپ يېزىشقا تەييارلاندى. بىرىنچى نوتارىئۇس پالەچ بوۋاينىڭ ئالدىغا كېلىپ سوئال سوراشقا باشلىدى.

— مۈلكىڭىزنىڭ نەرقى 300 مىڭ فرانكتىن ئاشامدۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

نۇئارتىيې «ھەئە» دېگەننى ئىپادىلىدى.

— 400 مىڭ فرانكمۇ؟ — سورىدى نوتارىئۇس.

نۇئارتىيې ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىدى.

— 500 مىڭ فرانكمۇ؟

يەنە ئىپادە بىلدۈرۈلمىدى.

— 600 مىڭ؟ 700 مىڭ؟ 800 مىڭ؟ 900 مىڭ؟

نۇئارتىيې «ھەئە» دېگەننى بىلدۈردى.

— سىزدە 900مىڭ فرانك بارمۇ؟



— ھەئە.

— كۆچمەس مۈلۈكمۇ؟

نۇئارتىيې «ياق» دېگەننى ئىپادىلىدى.

— دۆلەت چېكىمۇ؟

نۇئارتىيې «ھەئە» دېگەننى ئىپادىلىدى.

— ئۇ چەكلەر ئۆزىڭىزدىمۇ؟

بوۋاي باررۇئاغا قاراپ قويغانىدى، قېرى مالاي ھۇجرىدىن چىقىپ كەتتى ۋە ھايال بولماي بىر كىچىك قۇتىنى كۆتۈرۈپ كىردى.

— قۇتىنى ئېچىشقا رۇخسەت قىلامسىز؟

نۇئارتىيې «ھەئە» دېگەننى ئىپادىلىدى.

قۇتا ئېچىلدى. ئۇنىڭ ئىچىدە 900 مىڭ فرانكلىق دۆلەت خەزىنە چېكى بار ئىدى. بىرىنچى نوتارىئۇس چەكلەرنى ساناپ، ئۆزىنىڭ خىزمەتدىشىغا بەردى. چەكلەر ھەقىقەتەن نۇئارتىيې ئېيتقان سوممىنى تەشكىل قىلاتتى.

— توغرا، — دېدى بىرىنچى نوتارىئۇس، — ئەقلى - ھۇشىنىڭ ساغلام ئىكەنلىكىدە گەپ يوق.

ئاندىن ئۇ بوۋاي تەرەپكە بۇرۇلۇپ سورىدى:

— دېمەك، 900 مىڭ فرانكلىق كاپىتالغا ئىگە ئىكەنسىز. بۇ كاپىتال دۆلەت چېكىگە ئالماشتۇرۇلغان بولغاچقا، يىلىغا 40 مىڭ فرانك ئۆپچۆرىسىدە پىرسەنت ئالىسىز، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، — ئىپادىلىدى نۇئارتىيې.

— بۇ پۇللارنى كىمگە مىراس قىلىپ قالدۇرماقچىسىز؟

— بۇ ئېنىق گەپقۇ، — دېدى ۋىلفور خانىم، — نۇئارتىيې ئەپەندى يالغۇز ۋالېنتىنانىلا ياخشى كۆرىدۇ. ۋالېنتىنا ئالتە يىلدىن بېرى ئۇنىڭغا قاراۋاتىدۇ. ئۇ هارماي - تالماي ئۇنىڭ

خىزمىتىنى قىلىپ، بوۋىسىنىڭ مۇھەببىتىگە ۋە مىننەتدارلىقىغا ئېرىشتى. شۇڭا، ۋالېنتىنا ئۆزىنىڭ ئەجرىگە يارىشا بۇ پۇللارغا ۋارىسلىق قىلىشقا تامامەن ھەقلىق.

ۋىلفور خانىم بوۋاينىڭ مۇددىئاسىنى ئۆزىچە ئىزاھلاپ، ئۇنى قوللىغان قىياپەتكە كىرىۋالغانىدى. شۇنداقتىمۇ، نۇئارتېينىڭ كۆزلىرى چاقناپ كېتىپ، ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى.

— دېمەك، بۇ 900 مىڭ فرانكنى ۋالېنتىنا خېنىمغا قالدۇرامسىز؟ — دەپ سورىدى نوتارىئۇس. ئۇ، بۇ ماددىنى يېزىپ قويۇشلا قالدى دەپ ئويلىدى، لېكىن شۇنداق بولسىمۇ، نۇئارتېينىڭ شەخسەن ئۆزىنىڭ رازىلىقىنى ئالماقچى ۋە ھەممە گۇۋاھچىلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈزمەكچىدى.

ۋالېنتىنا بىر چەتكە ئۆتۈپ، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ يىغلاۋاتاتتى. بوۋاي ئۇنىڭغا چوڭقۇر مېھرى بىلەن قارىدى. ئاندىن نوتارىئۇسقا قاراپ، ناھايىتىمۇ مەنىلىك قىلىپ كۆزلىرىنى چىمچىقلاتتى.

— ياق؟ — دەپ سورىدى نوتارىئۇس، — بۇ قانداق گەپ؟ سىز ۋالېنتىنا خېنىمنى ئۆزىڭىزنىڭ مىراسخورىڭىز قىلمامسىز؟

نۇئارتېي «ياق» دېگەننى ئىپادىلىدى.

— خاتالىشىپ قالمىغانسىز؟ — دەپ سورىدى ھەيران بولغان نوتارىئۇس، — راستىنلا «ياق» دەۋاتامسىز؟

— ياق! — دېگەننى تەكرارلىدى نۇئارتېي، — ياق!

ۋالېنتىنا بېشىنى كۆتۈردى. ئۇ، مىراستىن مەھرۇم بولغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى بوۋىسىنى بۇنداق قارارغا كەلتۈرگۈدەك بىر ئىش قىلىپ قويدۇممۇ دېگەن ئوي بىلەن ھاڭ-تاڭ بولغانىدى. ھالبۇكى، نۇئارتېي ئۇنىڭغا شۇنداق چوڭقۇر مېھرى بىلەن قارىدىكى، نەۋرىسى خىتاب قىلدى:



— چۈشەندىم، بوۋا، سەن مېنى پۇللىرىڭدىن مەھرۇم قىلغىنىڭ بىلەن، ئۆز مۇھەببىتىڭدىن مەھرۇم قىلمىدىڭ، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، ئەلۋەتتە شۇنداق، — دېدى بوۋاينىڭ كۆزلىرى. بۇ كۆزلەر شۇنداق مەنىلىك يۇمۇلدىكى، ۋالېنتىنا ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەي قېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

— رەھمەت، رەھمەت! — پىچىرلىدى قىز.

بوۋاينىڭ بۇنداق رەت قىلىشى ۋىلفور خانىمنىڭ يۈرىكىدە ئۈشتۈمتۇت ئۈمىد پەيدا قىلدى. ئۇ بوۋاينىڭ يېنىغا كەلدى.

— قەدىرلىك نۇئارتېي ئەپەندى، ئەمىسە بۇ پۇللارنى نەۋرىڭىز ئېدۇئار ۋىلفورغا قالدۇرامسىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

بوۋاي ئادەمنىڭ قورققۇسى كەلگۈدەك دەرىجىدە كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى نەپرەت ئىپادىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇراتتى.

— ياق دەيدۇ، — چۈشەندۈردى نوتارىئۇس، — ئەمىسە ئالدىڭىزدا تۇرغان بۇ ئوغلىڭىزغا قالدۇرامسىز؟

— ياق، — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى بوۋاينىڭ كۆزلىرى.

ئىككى نوتارىئۇس بىر-بىرىگە قارىشىپ قالدى. ۋىلفور ۋە ئۇنىڭ ئايالى قىزىرىپ كەتتى: بىرى نومۇستىن، يەنە بىرى غەزەپتىن.

— بوۋا، ئالدىڭىزدا نېمە گۇناھىمىز بار؟ — دېدى ۋالېنتىنا، — بىزنى ياخشى كۆرمەيدىغان بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟

بوۋاي ئاۋۋال ۋىلفورغا، ئاندىن ئۇنىڭ ئايالىغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ قويدى-دە، چوڭقۇر مېھىر-مۇھەببەت ئىپادىسى بىلەن ۋالېنتىناغا تىكىلدى.

— ماڭا قارىغىنا، بوۋا، — دېدى قىز، — ئەگەر مېنى ياخشى كۆرسەڭ، بۇ قىلغىنىڭنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟

سەن مېنى چۈشەنسەن، سېنىڭ پۇللىرىڭنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەنلىكىمنى بىلسەن. ئاپامدىن ماڭا چوڭ بايلىق، بەكمۇ چوڭ بايلىق قالدى دېيىشىدۇ. بۇ زادى نېمە ئىش، بوۋا؟

نۇئارتىيې گويا كى ئوتقاشتەك يېنىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ۋالېنتىنانىڭ قولىغا تىكىلىپ قالدى.

— قولۇم؟ — دەپ سورىدى قىز.

— ھەئە، — دېگەننى ئىپادىلىدى نۇئارتىيې.

— قولى؟ — باشقىلارمۇ تەكرار خىتاب قىلىشتى.

— ۋاي، جانابلار، — دېدى ۋىلفور، — ئۆزۈڭلار كۆرۈۋاتىسىلەرغۇ، بۇنداق قىلىش پۈتۈنلەي ئاۋارىچىلىق. بىچارە ئاتامنىڭ ئەس - ھوشى جايىدا ئەمەس.

— چۈشەندىم! — ۋالېنتىنا ئۈشتۈمتۈت ۋارقىراپ تاشلىدى، — مېنىڭ توي ئىشىمنى دېمەكچىمۇ سەن، بوۋا؟

— ھەئە، ھەئە، ھەئە، — بوۋاي مۇشۇ سۆزنىڭ ئىشارىتىنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى ۋە ھەر قېتىم قاپاقلىرىنى كۆتۈرگەندە كۆزلىرىدە غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقنىدى.

— مېنىڭ توي ئىشىمغا نارازىمۇسەن؟

— ھەئە.

— بۇ بىمەنىلىك! — دېدى ۋىلفور.

— ئەپۇ قىلىڭ، تەقسىر، — دېدى نوتارىئۇس، — ئەكسىچە، سۆزلىشىشلەر مەنتىقىغە ئۇيغۇن بولۇۋاتىدۇ. مېنىڭچە، بۇ ئىشلار بىر - بىرىگە مۇناسىۋەتلىك.

— مېنىڭ فرانس ئەپىنەگە ياتلىق بولۇشۇمنى خالىمامسەن؟

— ياق، خالىمايمەن، — دېگەننى ئىپادىلىدى بوۋاينىڭ كۆزلىرى.

— نەۋرىڭىز سىز ياقتۇرمايدىغان كىشىگە تەگمەكچى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى مىراستىن مەھرۇم قىلماقچىمۇسىز؟ — سورىدى نوتارىئۇس.



— ھەئە، — دېگەن جاۋابنى بىلدۈردى نۇئارتىيې.

— ئەگەر بۇ قىز شۇ كىشىگە تەگمىسە سىزنىڭ مىراسخورىڭىز بولامدۇ؟

— ھەئە.

ھۇجرا ئىچى جىمجىتلىققا چۆمدى. نوتارىئۇسلار ئۆزئارا مۇزاكىرىگە چۈشتى. ۋالېنتىنا مىننەتدارلىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ، بوۋىسىغا قارىدى. ۋىلفور تىت - تىت بولۇپ، نېپىز لەۋلىرىنى چىشلەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئايالى ھەر قانچە چانداۇرماي دېسىمۇ، خۇشال بولغانلىقى چىرايىغا چىقتى.

— مېنىڭچە، — دېدى ۋىلفور ئەڭ ئالدى بىلەن جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، — بۇ توينىڭ بولۇش - بولماسلىقىغا پەقەت مەنلا ھۆكۈم قىلالايمەن. قىزىمنى كىمگە بېرىش، كىمگە بەرمەسلىك مېنىڭ ئىختىيارىمدىكى ئىش. مەن قىزىمنىڭ فرانس ئەپىنەگە ياتلىق بولۇشىنى خالايمەن، ئۇ فرانسنىڭ ئايالى بولىدۇ.

ۋالېنتىنا كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئاققان ھالدا كرېسلوغا ئولتۇردى.

— تەقسىر، — دېدى نوتارىئۇس بوۋايغا قاراپ، — ئەگەر ۋالېنتىنا خېنىم ئەپىنە ئەپەندىگە ياتلىق بولسا پۇلىڭىزنى قانداق بىر تەرەپ قىلماقچىسىز؟

بوۋاي ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىدى.

— بۇ پۇللارنى قانداقلا بولمىسۇن بىر تەرەپ قىلىش ئويىڭىز باردۇر؟

— ھەئە، — دېگەننى ئىپادىلىدى نۇئارتىيې.

— ئائىلىڭىزدىكى بىر كىمگە قالدۇرامسىز؟

— ياق.

— ئەمىسە، كەمبەغەللەرگە سەدىقە قىلامسىز؟

— ھەئە.

— لېكىن، ئوغلىڭىزغا ھېچ نەرسە بەرمىسىڭىز قانۇنغا ئۇيغۇن بولمايدۇ. بۇنى بىلەمسىز؟ — سوردى نوتارىئۇس.

— ھەئە.

— ئۇنداقتا، بۇ پۇللارنىڭ قانۇن بويىچە ئۆزىڭىزنىڭ ئىختىيارىڭىزغا قالدۇرۇلغان قىسمىنى شۇنداق قىلامسىز؟

نوتارىئۇس يەنە ئىپادە بىلدۈرمىدى.

— بۇ پۇللارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىختىيارىڭىز بويىچە بىر تەرەپ قىلىش پىكرىدە چىڭ تۇرامسىز؟

— ھەئە.

— ئۇنداق قىلسىڭىز ۋاپاتىڭىزدىن كېيىن ۋەسىيەتنامىڭىز ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى مۇمكىن.

— ياق.

— ئاتام مېنىڭ مىجەزىمنى بىلىدۇ، تەقسىر، — دېدى ۋىلفور، — ئۇنىڭ سۆزىنى يېرمايدىغانلىقىمنى بىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، جەمئىيەتتە ماڭا ئوخشاش ئورۇن تۇتقان ئادەملەرنىڭ كەمبەغەللەر بىلەن دەتالاش قىلمايدىغانلىقىنى ئۇ چۈشىنىدۇ.

نوتارىئۇسنىڭ كۆزلىرىدە غەلىبە تۇيغۇسى نۇرلىنىپ تۇراتتى.

— سىزنىڭ پىكرىڭىز قانداق، تەقسىر؟ — نوتارىئۇس ۋىلفوردىن سوردى.

— پىكرىم يوق. ئاتامنىڭ ئۆز سۆزىدىن يانمايدىغانلىقىنى بىلىمەن. ماقۇل بولماقتىن باشقا ئامالىم يوق. بۇ 900 مىڭ فرانك ئائىلىمىزدىن چىقىپ كېتىدۇ ۋە مۇساپىرخانىلارنى بېيىتىدۇ. لېكىن مەن بوۋايىنىڭ ئۇنداق بولمىغۇر تەلەپلىرىنى ئورۇنلىمايمەن، ئۆزۈمنىڭ خاھىشىم بويىچە ئىش قىلىمەن.

ۋىلفور شۇ گەپلەرنى ئېيتقاندىن كېيىن ئاتىسىنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ، ئايالى بىلەن بىرلىكتە چىقىپ كەتتى.



ۋەسىيەتنامە شۇ كۈنىلا تۈزۈلدى. گۇۋاھچىلار چاقىرىلدى، ۋەسىيەتنامە ئوقۇلۇپ، بوۋاي تەرىپىدىن تەستىقلانغاندىن كېيىن ھەممەيلەننىڭ ئالدىدا پېچەتلەندى ۋە ۋىلفور ئائىلىسىنىڭ نوتارىئۇسى دېشان ئەپەندىگە تاپشۇرۇلدى.

## يەتتىنچى باب

# تېلېگراف

ئەر - خوتۇن ۋىلفورلار قايتىپ چىققاندىن كېيىن ئۇلارنى مېھمان كۈتۈش ئۆيىدە گراف مونتې - كرىستو كۈتۈپ ئولتۇرغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. ۋىلفور خانىم بەك ھاياجانلانغان بولۇپ، بىراقلا گرافنىڭ ئالدىغا كىرگۈدەك ھالى قالمىغان بولغاچقا، ئۆز ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. خانلىق مۇپەتتىش ئۆزىنى خېلى تۇتۇۋالغان بولغاچقا، ئۇدۇل مېھمان كۈتۈش ئۆيىگە كىردى. لېكىن ئۇ ھەرقانچە ئۆزىنى بېسىۋالغان بولسىمۇ، چىرايىنى ئۆزگەرتمەسلىككە ھەرقانچە تىرىشقان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ غەمكىنلىكىنى يوشۇرۇپ قالالمىدى. خۇش تەبەسسۇم ئەيلەپ ئولتۇرغان گراف ئۇنىڭ غەم باسقان چىرايىغا دىققەت قىلدى.

— نېمە بولدىڭىز، ۋىلفور ئەپەندى؟ — دەپ سوردى ئۇ سالاملاشقاندىن كېيىن، — بىر مۇرەككەپ ئەيىبلەش دېلوسىنى بېزىۋاتقان ۋاقتىڭىزدا كىرىپ قالدىممۇ نېمە؟

ۋىلفور زورغا كۈلۈمسىرىدى.

— يوقسۇ، گراف، — دېدى ئۇ، — بۇ قېتىم زەربىگە ئۇچرىغۇچى مەن ئۆزۈم بولۇپ قالدىم. تاسادىپىلىق، جاھىللىق ۋە ساراڭلىق بىرلىشىپ مېنىڭ ئۈستۈمدىن ئەيىبنامە يازدى ۋە مېنى مەغلۇپ قىلدى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ — سورىدى مونتې - كرىستو ئۇستىلىق بىلەن ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلغان بولۇپ، — راستىنلا بىر چوڭ كېلىشمەسلىك بولدىمۇ؟

— تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق، گراف، — دېدى ۋىلفور دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، — ھېچقانچە ئىش ئەمەس. پۇلدىن زىيان تارتتىم.

— ھە، ئەلۋەتتە، — دېدى مونتې - كرىستو، — سىزگە ئوخشاش باي ۋە يۈكسەك پەلسەپىۋى ئەقىلغە ئىگە بولغان كىشىگە پۇلدىن زىيان تارتىش ھېچقانچە ئىش ئەمەس.

— ھەي، شۇنداق دېگەن بىلەمسىز، 900 مىڭ فرانكنى قولدىن چىقىرىپ قويۇش دېگەن ئاسان گەپ ئەمەس، — دېدى ۋىلفور، — لېكىن مېنى خاپا قىلىۋاتقان نەرسە پۇل ئەمەس. ماڭا ھەممىدىن بەكرەك ئېغىر كەلگىنى تەقدىرنىڭ مۇشۇ ئويۇنى. بۇ بىر ئۇشتۇمتۇت يوقىتىش. تەلەيسىزلىك. بۇ كۈتۈلمىگەن زەربە مېنىڭ باي بولۇش ئۈمىدىمنى يوققا چىقاردى. قېرىغاندا كىچىك بالىدەك بولۇپ قالغان بۇ تەنتەكنىڭ كاساپىتىدىن قىزىمنىڭ ئىستىقبالىمۇ ۋەيران بولىدىغاندەك تۇرىدۇ.

— بۇ قانداق گەپ بولغىنى! — دەپ خىتاب قىلدى گراف، — 900 مىڭ فرانك دەمسىز؟ بۇنچىلىك پۇلنى قولدىن چىقىرىپ قويسا ھەتتا پەيلاسوپنىڭمۇ كۆڭلى بۇزۇلىدۇ. سىزنى بۇنداق خاپىچىلىققا سالغان زادى كىم ئۇ؟

— ئۆتكەندە مەن سىزگە گېپىنى قىلىپ بەرگەن ئاتام.

— نۇئارتىيې ئەپەندى! يادىمدا قېلىشىچە، سىز ئۇنى پالەچ بولۇپ قالدى، ھېچقانداق ئىش قىلالمايدۇ، دېگەندىڭىزغۇ.

— ھەئە، جىسمانىي جەھەتتىن ئېيتقاندا شۇنداق، چۈنكى ئۇ ھەرىكەت قىلالمايدۇ، سۆزلىيەلمەيدۇ، ئەمما ئۇ پىكىر قىلالايدۇ، ئۇنىڭ ئىرادىسى بار، ئۇ بىرەر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقى-



رالايدۇ. مەن بەش مىنۇت ئىلگىرى ئۇنىڭ يېنىدىن چىقتىم. ئۇ ھازىر ئىككى نوتارىئۇسقا ئۆزىنىڭ ۋەسىيەتنامىسىنى يازدۇرۇۋاتىدۇ.

— ھە، ئۇ سۆزلىيەلەيدىغان بوپتۇ - دە؟

— ياق، لېكىن دېمەكچى بولغىنىنى ئۇقتۇرالىدى.

— قانداق قىلىپ؟

— كۆزلىرى ئارقىلىق. ئۇنىڭ كۆزلىرى تېخىچە ھايات. ئۇ كۆزلىرى ئارقىلىق ھەتتا ئادەمنى ھالاك قىلالايدۇ.

— قەدىرلىكىم، — دېدى ۋىلفور خانىم خانىغا ئىچىگە كىرىپ كېلىپ، — مېنىڭچە، سىز ئاشۇرۇۋەتتىڭىز.

— خانىم، — دېدى گراف، ئۇنىڭغا ئېگىلىپ سالام قىلىپ.

ۋىلفور خانىم ئۇنىڭغا ئەڭ يېقىملىق تەبەسسۇم بىلەن جاۋاب قايتۇردى.

— ۋىلفور ئەپەندىنىڭ گېپىنى ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ — سورىدى مونتې - كرىستو، — بۇ كېلىشمەسلىكنى چۈشەنمەيۋاتىمەن.

— دېمىسىمۇ چۈشەنگىلى بولمايدۇ، — دېدى خانلىق مۇپەتتىش مۈرىلىرىنى قىسىپ، — قېرىلىق كېسىلى!

— ئۇنى ئەيۋەشكە كەلتۈرۈشكە بولمامدۇ؟

— بولىدۇ، — دېدى ۋىلفور خانىم، — ئۇنىڭ ۋەسىيەتنامىسى ۋالېنتىنانىڭ زىيىنىغا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ پايدىسىغا يازدۇرۇش ئېرىمنىڭ قولىدىن كېلىدۇ.

ئەر - خوتۇن ئىككىيلەننىڭ ئۆزلىرى بىلمىشىدىغان گەپكە چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، گراف سۆزگە ئارىلاشمىدى ۋە ئېدۇئارنىڭ قەپەزدىكى قۇشنىڭ دان قۇتىسىغا سىيا تۆكۈۋاتقانلىقىنى بىرىلىپ كۆزىتىشكە باشلىدى.

— قەدىرلىكىم، — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى ۋىلفور ئايالى-

غا، — ئۆزىڭىز بىلىسىز، مەن ئۆز ئۆيۈمدە ھاكىم مۇتلەقلىق قىلىشنى خالىمايمەن، تەقدىرنى بىر قول شىلتىشىم بىلەنلا ئۆزگەرتىۋەتكىلى بولىدۇ دەپمۇ ئويلىمايمەن. شۇنداقتىمۇ، ئائىلەمدىكىلەر مېنىڭ پىكرىمنى ھېسابقا ئالمىسا بولمايدۇ، بوۋاينىڭ جاھىللىقى بىلەن قىزىمىزنىڭ ئەخمەقلىقى مېنىڭ ئۇزۇندىن بېرى ئويلاپ كېلىۋاتقان پىلانىمنى بۇزۇۋەتسە بولمايدۇ. ئۆزىڭىز بىلىسىز، بارون ئەپىنە مېنىڭ بۇرادىرىم ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئوغلى قىزىمىزنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق لايىقى بولاتتى.

— ۋالېنتىنا ئاتىڭىز بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋالغان دېمەكچىمۇسىز؟ — دېدى ۋىلفور خانىم، — راست ... ئۇ قىز بۇ تويغا رازى قوشۇلماي كېلىۋاتىدۇ. بىز بايا كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىمىز ئۇلارنىڭ باشتىلا كېلىشىۋالغان پىلانى بولۇپ چىقسا ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

— ئۇنداق ئەمەس، — دېدى ۋىلفور، — ھېچقانداق ئادەم 900 مىڭ فرانكتىن ۋاز كېچىشنى خالىمايدۇ.

— ئۇ پۈتۈن دۇنيادىن ۋاز كېچىشكىمۇ تەييار. بۇلتۇر موناستىرغا كېتىمەن دېگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟

— قانداقلا بولمىسۇن، بۇ توينى چوقۇم قىلىمىز! — دېدى ۋىلفور.

— ئاتىڭىز قوشۇلمىسىمۇ مەيلىمۇ؟ — دېدى ۋىلفور خانىم ئۇنى باشقا تەرەپتىن چېكىپ باقماقچى بولۇپ، — بۇ ئوينىشىدىغان ئىش ئەمەس!

مونتې - كرىستو ئۇلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمىغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بىر ئېغىز سۆزنىمۇ ئۆتكۈزۈۋەتمەي ئاڭلاۋاتاتتى.

— خانىم، — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى ۋىلفور، — شۇنى ئېيتىشىم كېرەككى، مەن ئاتامنى ھۆرمەت قىلىمەن، چۈنكى مېنىڭ



قەلبىمدە تەبىئىي ئوغۇللۇق ھېسسىياتىم بىلەن ئۇنىڭ مەنىۋى پەزىلىتى بىرلىشىپ كەتكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاتام بىزگە ئىككى تەرەپتىن قەدىردان: بىر تەرەپتىن ئۇ بىزنى ياراتقۇچى، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ بىزنىڭ ئىگىمىز. شۇنداق بولسىمۇ، ئاتامنىڭ بىر ئادەمنى ئۆچ كۆرۈش بىلەن ئۇنىڭ ئوغلىنىمۇ ئۆچ كۆرگەنلىكىنى توغرا دېسەم بولمايدۇ - دە، مەنمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش مۇشۇنداق ئەخمەقلىق قىلسام كۈلكىلىك ئىش بولمامدۇ. مەن نۇئارتىيې ئەپەندىنى يەنىلا ھۆرمەتلەيمەن، ئۇنىڭ ماڭا قاراتقان پۇل جازاسىنىمۇ سۆزسىز قوبۇل قىلىمەن، ئەمما ئۆزۈمنىڭ قارارىمنى ئۆزگەرتمەيمەن. كىمنىڭ توغرا، كىمنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى كىشىلەر باھالىسۇن. مەن قىزىمنى فرانس ئەپىنەگە ياتلىق قىلىمەن، چۈنكى ئۇنى ئەڭ مۇۋاپىق كۈيئوغۇل دەپ ھېسابلايمەن. ئۆزۈم كىمنى خالىسام، قىزىمنى شۇنىڭغا بېرىمەن.

خانلىق مۇپەتتىش سۆزلەۋېتىپ، گرافنىڭ ھېسداشلىق بىلدۈرۈشىنى كۈتكەندەك ھەدەپ ئۇنىڭغا قاراپ قوياتتى. شۇڭا، گراف سۆزگە ئارىلاشتى.

— ھە، مۇنداق ئىكەن - دە! — دېدى ئۇ، — گېپىڭىزدىن قارىغاندا، ۋالېنتىنا خېنىم بارون فرانس ئەپىنەگە ياتلىق قىلىنماقچى بولغانلىقى ئۈچۈن نۇئارتىيې ئەپەندى ئۇنى مىراستىن مەھرۇم قىلىپتۇ - دە؟

— شۇ گەپ ئەمەسمۇ، — دېدى ۋىلفور مۈرىلىرىنى قىسىپ.

— ھەر ھالدا بىزنىڭ بىلگىنىمىز شۇنچىلىك، — دەپ قوشۇپ قويدى ۋىلفور خانىم.

— بۇنىڭ ھەقىقىي سەۋەبى شۇ، خانىم. مەن ئاتامنىڭ مىجەزىنى بىلىمەن.

— ئەمىسە ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن فرانسىنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنىمۇ چۈشىنەمسىز؟ — سورىدى چوكان، — مەرھەمەت قىلىپ ئېيتىپ بېقىڭا، ئەپىنە ئەپەندىنىڭ باشقىلاردىن نېمىسى كەم؟

— راست، — دېدى گراف، — مەن فرانسىس ئەپىنە ئەپەندى بىلەن تونۇشىمەن. ئۇ، گېنېرال كېنېلىنىڭ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا بارون ئەپىنە دەپ ئاتالغان كىشىنىڭ ئوغلىغۇ دەيمەن؟

— شۇ، — دەپ جاۋاب بەردى ۋىلفور.

— مەن ئۇنى بەك ياخشى يىگىت دەپ ئويلايمەن.

— توغرا، — دېدى ۋىلفور خانىم، — مەن شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنى بوۋاينىڭ بىر باھانىسى دەيمەن. قېرىلار ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئادەملەرگە زالىملىق قىلىدۇ. نوئارتىيې ئەپەندى نەۋرە قىزىنىڭ ياتلىق بولۇشىنى خالىمايدۇ.

— ئۇنىڭ فرانسىنى بۇنداق ئۆچ كۆرۈشىدە بىرەر سەۋەب بارمۇ-يا؟ — سورىدى مونتې-كرىستو.

— ۋاي خۇدايىمەي، بۇنى نەدىن بىلەي؟

— ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا سىياسىي زىددىيەت يوقمۇ؟

— دەرۋەقە، مېنىڭ ئاتام بىلەن ئەپىنە ئەپەندىنىڭ ئاتىسى قالايمىقان ۋاقىتلاردا ياشىغان، — دېدى ۋىلفور.

— ئاتىڭىز بوناپارتچى بولغانغۇ دەيمەن؟ — سورىدى مونتې-كرىستو، — شۇنداقراق بىر نېمە دېگەنلىكىڭىز يادىمدا تۇرىدۇ.

— يوقسۇ، مېنىڭ ئاتام ياكوبىنچى① ئىدى، — دېدى ۋىلفور، ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكىدىن ئېھتىيات قىلىشنى ئۇنتۇپ، — ناپالېئوننىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن سېناتورلۇق كىيىمى پەقەت

① ياكوبىنچىلار — فرانسىيىدە XVIII ئەسىردە بارلىققا كەلگەن ئىنقىلابىي دېموكراتلار تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى.



ئۇنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنىلا ئۆزگەرتتى، لېكىن ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئۆزگەرتەلمىدى. ئاتامنىڭ پادىشاھقا قارشى مەخپىي ئىشلارغا قاتناشقانلىقى ناپالېئونغا بولغان مۇھەببىتىدىن ئەمەس، بەلكى بۇربونلار سۇلالىسىغا قارىتا ئۆچمەنلىكىدىن بولغان. ئۇنىڭ كىشىنى چۆچۈتىدىغان يېرى شۇكى، ئۇ ئەمەلگە ئاشمايدىغان خام خىياللار ئۈچۈن ئەمەس، ھەمىشە ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدىغان ئىشلار ئۈچۈن كۈرەش قىلاتتى ۋە بۇ جەھەتتە ئىنقىلابچىلارنىڭ دەھشەتلىك نەزەرىيىسىگە ئەمەل قىلىپ، ئۆز مۇددىئاسىغا يېتىش يولىدا ھېچنېمىدىن قورقۇپ قالمايتتى.

— ھە، مانا كۆردىڭىزمۇ، — دېدى مونتې-كرىستو، — گەپ شۇنىڭدا. نوئارتىيې بىلەن ئەپىنە سىياسىي مەيداندا توقۇنۇشۇپ قالغان. گېنېرال ئەپىنە گەرچە ناپالېئون قوشۇنلىرىدا خىزمەت قىلغان بولسىمۇ، كۆڭلىدە پادىشاھنى قوللايتتى، شۇنداققۇ دەيمەن؟ بوناپارتچىلار ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ مەسلەكدىشى دەپ ئويلاپ، بىر كۈنى ئاخشىمى ئۆزلىرىنىڭ كۇلۇبىغا چاقىرغان، لېكىن بۇ كۇلۇبتىن چىققاندىن كېيىن ئۇ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن. شۇنداققۇ دەيمەن-ھە؟

ۋىلفور قورقۇنچ ئىچىدە گرافقا قارىدى.

— خاتا سۆزلەپ قويدۇممۇ؟ — سورىدى مونتې-كرىستو.

— ياق، توغرا، — دېدى ۋىلفور خانىم، — راست شۇنداق بولغان. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ مېنىڭ ئېرىم ئۆتكەندىكى ئاداۋەت خاتىرىلىرىنى يۇيۇپ تاشلاش ئۈچۈن، ئاتىلىرى بىر-بىرىگە دۈشمەن بولغان بالىلارنى چېتىپ قويماقچى.

— بەك ياخشى بوپتۇ! — دېدى مونتې-كرىستو، — ئاق كۆڭۈل كىشىلەر شۇنداق بولىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئىشنى ئەھلى جامائەت ئالقىشلىشى كېرەك. دېمىسىمۇ، نوئارتىيې ۋىلفورنىڭ قىزى فرانس ئەپىنەنىڭ خانىمى بولسا بەك قاملاشقان ئىش بولىدۇ.

ۋىلفور چۆچۈپ كەتتى ۋە مونتې - كرىستونىڭ بۇنداق گەپلەرنى قىلىشتىكى مەقسىتىنى بىلمەكچى بولۇپ، ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدى. ھالبۇكى، گرافنىڭ لەۋلىرىدە بۇرۇنقىدەكلا خۇش تەبەسسۇم جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. خانىلىق مۇپەتتىش ھەرقانچە سەزگۈر بولسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭ ئىچىدىكىنى بىلەلمىدى.

— شۇنىڭ ئۈچۈن، — ۋىلفور يەنە سۆزلىدى، — گەرچە بوۋىسىنىڭ مىراسىغا ئىگە بولالماسلىق ۋالېنتىنا ئۈچۈن زور بەختسىزلىك بولسىمۇ، بۇ تويىنى بۇزۇشقا بولمايدۇ. مېنىڭچە، ئەپىنە ئەپەندىمۇ بۇ پۇلنىڭ قولدىن چىقىپ كەتكەنلىكى بىلەن ئىككىلىنىپ قالمايدۇ. ئۇ، بۇ پۇللارنى مېنىڭ يۈزۈمدىنمۇ ئۈستۈن قويماس، چۈنكى مەن ۋەدەمگە ۋاپا قىلىش ئۈچۈن شۇ پۇلدىن كەچتىم ئەمەسمۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ۋالېنتىنا ئۇنىڭسىزمۇ ئانىسىنىڭ كاتتا مىراسىغا ۋارىسلىق قىلدى. بۇنى ئۇ بىلىدۇ. بۇ مىراس ھازىر ۋالېنتىنانىڭ ئانا تەرەپ بوۋىسى بىلەن مومىسىنىڭ قولىدا. ئۇلار ۋالېنتىنانى بەك ياخشى كۆرىدۇ.

— ئۇلارغىمۇ خۇددى ۋالېنتىنا نۇئارتىيې ئەپەندىگە غەمخورلۇق قىلغاندەك غەمخورلۇق قىلىشىمىز كېرەك، — دېدى ۋىلفور خانىم، — بىر ئايدىن كېيىن ئۇلار پارىژغا كېلىدۇ. ئۇلار كەلگەندىن كېيىن ۋالېنتىنا يەنە بۇنداق ھاقارەتكە سۈكۈت قىلىپ، نۇئارتىيېنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇۋەرمەس.

گراف، غۇرۇرى ھاقارەتلەنگەن ۋە شېرىن خىياللىرى يوققا چىققان ئەر - خوتۇننىڭ ئېگىز - پەس ئاۋازلىرىنى ھېسداشلىق قىلغان قىياپەتتە ئاڭلاپ ئولتۇردى.

— ئېيتماقچى بولغان سۆزۈمگە ئالدىنئالا ئەپۇ سورايمەن، — دېدى مونتې - كرىستو بىردەم جىم ئولتۇرغاندىن كېيىن، — مېنىڭچە، نۇئارتىيې ئەپەندى ئۆزى ئۈچ كۆرگەن ئادەمنىڭ ئوغلىغا ۋالېنتىنا خېنىم ياتلىق قىلىنماقچى بولغانلىقى ئۈچۈن



ئۇنى مىراستىن مەھرۇم قىلغان بولسىمۇ، ئەمما بىزنىڭ ئېدۇئارنى مىراستىن چەتتە قالدۇرالمايدۇ.

— شۇنى دەڭا، گراف، — دېدى ۋىلفور خانىم ئاجايىپ بىر خىل جانلىنىپ كەتكەن ھالدا، — بۇ بىر ئادالەتسىزلىك، بەكمۇ ئادالەتسىزلىك ئەمەسمۇ - ھە؟ بىچارە ئېدۇئارمۇ ۋالېنتىناغا ئوخشاشلا نۇئارتىيې ئەپەندىنىڭ نەۋرىسىغۇ. ۋالېنتىنا فرانىس ئەپىنەگە تەگمىسە مىراسقا ئىگە بولىدىكەن. لېكىن، ئېدۇئار ئاتىسىنىڭ نامىنى ساقلاپ قالىدىغان ئوغۇلغۇ. ۋالېنتىنا بوۋىسىنىڭ مىراسىغا ئىگە بولمىغان تەقدىردىمۇ ئېدۇئاردىن ئۈچ ھەسسە باي بولىدىغۇ.

مونتې - كرىستو گەپ قىلماستىن دىققەت بىلەن تىڭشىدى.

— گراف، بۇ ئائىلىۋى ئىختىلاپلار توغرۇلۇق ئەمدى سۆزلەشمەيلى، — دېدى ۋىلفور، — توغرا، ماڭا تېگىشلىك بولغان پۇللار كەمبەغەللەرنىڭ پاراۋانلىقى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. بۇ زاماندا كەمبەغەللەر ھەقىقىي باي بولۇۋاتىدۇ. شۇنداق، ئاتامنىڭ ئالدىدا مېنىڭ ھېچقانداق گۇناھىم يوق، لېكىن ئۇ مېنى يولسىزلىق بىلەن چەتكە قاقتى. لېكىن مەن ئالىيجاناب ئادەملەرگە خاس ھالدا مەرتلەرچە ئىش قىلىمەن. مەن ئەپىنە ئەپەندىگە شۇ كاپىتالنىڭ بىر ئۈلۈشىنى بېرىشنى ۋەدە قىلغانىدىم. شۇ ۋەدەمگە ۋاپا قىلىمەن. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەتتا ئەڭ زور قۇربان بېرىشلەرگىمۇ رازىمەن.

— شۇنداق بولسىمۇ، — دېدى ۋىلفور خانىم گەپنى ھامان ئۆز كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغان تەرەپكە بۇراپ، — ئەپىنەنى بۇ ئىشتىن ئۆز ئىختىيارى بىلەن يالتايتىش ئۈچۈن بۇ كۆڭۈلسىز ۋەقەنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەرسەك بولمامدۇ؟

— ئۇنداق قىلساق زور بەختسىزلىك بولىدۇ! — دەپ خىتاب قىلدى ۋىلفور.

— زور بەختسىزلىك؟ — سورىدى مونتې — كرىستو.

— ئەلۋەتتە، — دېدى ۋىلفور بىر ئاز ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، — ھەتتا پۇل مەسىلىسى بىلەن بۇزۇلغان تويمۇ قىزنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنتۇلۇپ قالغان كونا گەپلەر يەنە قايتىدىن قوزغىلىپ چىقىلىدۇ. ياق، ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ. ئەگەر ئەپىنە ئەپەندى ۋىجدانلىق ئادەم بولسا، ۋالېنتىنا مىراستىن قۇرۇق قالغان شارائىتتا ئۇ بىزگە تېخىمۇ يېقىنلىشىشى كېرەك. ئۇنداق قىلمىسا، ئۇ پەقەت پۇلنىلا كۆزلىگەن بولۇپ چىقىدۇ. ياق، ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

— مېنىڭ قارىشىمۇ شۇنداق، — دېدى مونتې - كرىستو ۋىلفور خانىمغا سەپسېلىپ قاراپ، — ئەگەر مەن ۋىلفور ئەپەندىگە مەسلىھەت كۆرسەتكۈدەك قەدىناس دوست بولغان بولسام مۇنداق دەيتتىم: فرانس ئەپىنە پات ئارىدا قايتىپ كېلىدىغان بولغاچقا، دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، بۇ ئىشنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. يىغىپ ئېيتقاندا، ۋىلفور ئەپەندىنىڭ شەنىگە داغ چۈشمەسلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىش كېرەك.

ۋىلفور روھلانغان ھالدا ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ ئايالىنىڭ چىرايى تۇتۇلۇپ كەتتى.

— ھەق گەپنى قىلدىڭىز، — دېدى ۋىلفور، — مەن دەل مۇشۇنداق گەپنى ئاڭلاشنى ئارزۇ قىلاتتىم. بۇندىن كېيىن سىزنىڭ مەسلىھەتىڭىز بويىچە ئىش قىلىمەن، — دەپ قوشۇپ قويدى ئۇ مونتې - كرىستونىڭ قولىنى قىسىپ، — ھەممىڭلارنىڭ بۈگۈنكى ئىشقا ئەھمىيەت بەرمەسلىكىڭلارنى سورايمەن، پىلانىمىز ئۆزگەرمەيدۇ.

— تەقسىر، — دېدى گراف، — شۇنىڭغا ئىشىنىڭكى، جەمئىيەت ھەرقانچە ئادالەتسىز بولسىمۇ، سىزنىڭ بۇنداق مەرت-



لىكىڭىزگە تېگىشلىك باھا بېرىدۇ. دوستلىرىڭىز سىزدىن پەخىرلىنىدۇ. ئەپىنە ئەپەندى ۋىلفور خېنىمنىڭ ھېچقانداق قىز مېلىغا ئېرىشمىگەن تەقدىردىمۇ، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىپ، ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن بۇنچىلىك پىداكارلىق روھىنى ئىپادىلىگەن ئائىلىگە كىرگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلىدۇ.

— گراف شۇ گەپلەرنى قىلىپ، قايتىپ كېتىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى.

— گراف، قايتامسىز؟ — سورىدى ۋىلفور خانىم.

— قايتمىسام بولمايدۇ، خانىم. مەن سىلەرنى شەنبە كۈنى مېنىڭ ئۆيۈمگە بېرىشنى ئۇنتۇپ قالمىسۇن دەپ، يەنە بىر قېتىم ئېيتىپ قويۇش ئۈچۈن كەلگەنىدىم.

— بۇنى ئۇنتۇپ قېلىش مۇمكىنمۇ، گراف؟

— شۇنچىلىك كۆڭۈل بۆلگەنلىكىڭىزگە تەشەككۈر، خانىم. ۋىلفور ئەپەندىنىڭ خىزمىتى مۇھىم، ئىشلىرى ئالدىراش، شۇڭا، مەن...

— گراف، ئېرىم ۋەدە قىلدى، — دېدى ۋىلفور خانىم، — سىزمۇ ئۇنىڭغا قايىل بولغانسىز. ئۇ ھەتتا كۆپ زىيان تارتىشقا توغرا كەلگەندىمۇ ۋەدىسىدە تۇرىدۇ. لېكىن سىزنىڭ ئۆيىڭىزگە بارسا ئۇ گويا بىر ئۇتۇققا ئېرىشكەندەك بولىدۇ.

— زىياپەت يېلىسەي كوچىسىدىكى ئۆيىڭىزدە بولامدۇ؟ — سورىدى ۋىلفور.

— ياق، — دېدى مونتې - كرىستو، — ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي، قەدەم تەشرىپ قىلماقچى بولغانلىقىڭىزغا شۇنىڭ ئۈچۈن يۇقىرى باھا بېرىمەنكى، زىياپىتىمىز شەھەرنىڭ سىرتىدا بولىدۇ.

— شەھەر سىرتىدا؟

— شۇنداق.

— قەيەردە؟ پارىژ ئېتراپىدىكى بىر جايدىمۇ؟

— شەھەر دەرۋازىسىنىڭ يېنىدا دېگۈدەكلا، قاراۋۇلخانىدىن يېرىم سائەتلىك يول، ئوتېيىلدا.

— ئوتېيىل! — دەپ خىتاب قىلدى ۋىلفور، — ھە، راست، ئايالىم سىزنى ئوتېيىلدا تۇرىدىكەن دېگەن ئىدى. ئۇنىڭغا سىزنىڭ ئۆيىڭىزدە ياردەم كۆرسىتىلگەن ئەمەسمىدى. ئوتېيىلنىڭ قايسى جايىدا؟

— فونتېن كوچىسىدا.

— فونتېن كوچىسى؟ — دېدى يەنە ۋىلفور نەپىسى بوغۇلغان ھالدا، — قانچىنچى نومۇر؟

— 28 -

— ھە؟ ئۇ ئۆينى ماركىز خانىم سېن - مېراندىن سېتىۋاپتىكەنسىز - دە؟ — خىتاب قىلدى ۋىلفور.

— ماركىز خانىم سېن - مېران؟ — سورىدى مونتې - كرىستو، — ئۇ، سېن - مېران خانىمنىڭ ئۆيىمىدى؟

— ھەئە، — دەپ جاۋاب بەردى ۋىلفور خانىم، — ئېرىمنىڭ غەلىتىلىكىنى كۆرمەمسىز، گراف...

— نېمە بولدى؟

— ئۇ بەك چىرايلىق ئۆيغۇ، گراف، شۇنداق ئەمەسمۇ ھە؟

— بەك ياخشى ئۆي.

— ئېرىم شۇ ئۆيگە كۆچۈپ بېرىشقا زادى ئۇنىمىدى.

— نېمىشقا ئۇنىمىغانلىقىڭىزنى چۈشىنەلمەيمەن، تەقسىر، — دېدى مونتې - كرىستو.

— مەن ئوتېيىلنى ياقتۇرمايمەن، — تەسلىكتە جاۋاب بەردى خانلىق مۇپەتتىش.



— شۇنداق بولسىمۇ، سىزنى ئۆز ئۆيۈمدە كۆرۈش خۇشاللىقىدىن مەھرۇم بولۇپ قالماسمەن دېگەن ئۈمىدىم بار، — دېدى مونتې - كرىستو خاتىرجەمسىزلەنگەن ھالدا.

— ياق، گراف ... بەلكىم ... سۆزۈمگە ئىشىنىڭ، مەن ئىمكان قەدەر ... — دەپ دۇدۇقلىدى ۋىلفور.

— ياق، سەۋەب كۆرسىتىشىڭىزگە يول قويمايمەن، — دېدى مونتې - كرىستو، — شەنبە كۈنى سائەت ئالتىدە سىزنى كۈتىمەن. ئەگەر بارمىسىڭىز ... 20 يىلدىن بېرى ئادەم ئولتۇرمىغان ئۇ ئۆيدە بىرەر يامان ئىش، قانداقتۇر بىر قانلىق ۋەقە بولۇپ ئۆتكەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالىمەن.

— بارىمەن، گراف، بارىمەن، — ئالدىراشلىق بىلەن ئىپادە بىلدۈردى ۋىلفور.

— رەھمەت سىزگە، — دېدى مونتې - كرىستو، — ئەمدى قايتىشىمغا رۇخسەت قىلغايسىلەر.

— ھە، گراف، بايا بىر قېتىم قايتىمەن دېگەنىدىڭىز، — دېدى ۋىلفور خانىم، — نېمە ئۈچۈن قايتىدىغانلىقىڭىزنىمۇ ئېيتماقچى بولغانىدەك قىلىۋاتاتتىڭىز، لېكىن گېپىمىز باشقا تەرەپكە بۇرۇلۇپ كېتىپ قالدى.

— بۇيەردىن چىقىپ نەگە بارىدىغانلىقىمنى ئېيتىشقا پېتىنالمايمەن، خانىم، — دېدى مونتې - كرىستو.

— شۇنداق بولسىمۇ، ئېيتىڭ.

— مەن راسا بىر ھاڭۋاقتىدەك بىر نەرسىنى كۆرگىلى بارماقچىمەن، بەزىدە سائەتلەپ ئولتۇرۇپ شۇ نەرسىنى خىيال قىلىمەن.

— قانداق نەرسە ئۇ؟

— تېلېگراف.

— تېلېگراف؟ — تەكرارلىدى ۋىلفور خانىم.

— ھەئە، تېلېگراف. بەزىدە، ھاۋا ئۇچۇق بولغان كۈنلەردە چىقىپ، يول بويىدا، دۆڭلەردە خۇددى غايەت زور قوڭغۇزنىڭ پۇتلىرىدەك يۇقىرىغا كۆتۈرۈلگەن، بوغۇم - بوغۇم قارا قوللارغا ھەۋەس بىلەن قاراپ تۇرۇپ قالاتتىم. بۇ غەلىتە بەلگىلەر تېلېگراف دەپ ئاتالغان ئاشۇ قۇدرەتلىك ھۆكۈمدارنىڭ كۈچى بىلەن كۆلرەڭ بۇلۇتلاردا ياكى كۆك ئاسماندا پەرۋاز قىلىپ، ھاۋانى كېسىپ، 300 لىي مۇساپىنى بېسىپ ئۆتۈپ، شىرە يېنىدا ئولتۇرغان بىر ئادەمنىڭ غايىب ئويىنى تېلېگراف لىنىيىسىنىڭ ئىككىنچى ئۇچىدىكى باشقا بىر شىرەنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان يەنە بىر ئادەمگە يەتكۈزىدۇ. لېكىن مەن بۇ نازۇك قارا پۇتلىرى بولغان ئاق قورساقلىق زور مەخلۇقلار بىلەن يېقىنراق تونۇشۇشقا پېتىنالمايتتىم، چۈنكى مەن ئۇلارنىڭ تاشتەك قاناتلىرى ئاستىدا تەرتىپ ئىنتىزامغا قاتتىق رىئايە قىلىدىغان، مېڭىسى ئىلىم - پەن، ئىلمىي ئەسرار ياكى جادۇگەرلىك بىلەن تولۇپ - تاشقان ئىنتايىن سالاپەتلىك بىر ئادەم ئولتۇرىدۇ دەپ ئويلايتتىم. لېكىن، كۈنلەرنىڭ بىرىدە شۇنى بىلدىمكى، ھەرقانداق تېلېگرافنى بىر تەلەيسىز خىزمەتچى باشقۇرىدىكەن، ئۇ يىلىغا 200 مىڭ فرانك مائاش ئېلىپ، كۈن بويى كۆزىتىپ ئولتۇرىدىكەن، گۈزەتكەندىمۇ، ئاسترونومدەك ئاسماننى ئەمەس، بېلىقچىدەك سۇنى ئەمەس، ساياھەتچىدەك مەنزىرىنى ئەمەس، بەلكى ئۆزىدىن تۆت-بەش لىي يىراقلىقتىكى مۇخبىرنىڭ ئاشۇنداق قارا پۇتلۇق ۋە ئاق قورساقلىق مەخلۇقىنى كۆزىتىپ ئولتۇرىدىكەن. شۇندىن كېيىن مەن بۇ ئىشقا تېخىمۇ قىزىقىپ قالدىم، بۇ جانلىق قورچاقنىڭ يېنىغا بېرىپ بېقىشقا ئۇنىڭ خۇددى پىلە قۇرتىدەك بىردەم ئۇيېپىنى، بىردەم بۇ يېپىنى تارتىپ، يەنە بىر قورچاق بىلەن قانداق ئويناشىدىغانلىقىنى كۆرۈپ بېقىشقا ھەۋىسىم قوزغالدى.

— سىز ھازىر شۇ يەرگە بارماقچىمۇ؟



— شۇ يەرگە بارىمەن.

— قايسى تېلېگرافقا؟ ئىچكى ئىشلار ۋازارىتىگىمۇ ياكى رەسەتخانا تېلېگرافىغىمۇ؟

— ھەر ئىككىسىگە ئەمەس. ئۇ يەرگە بارسام، بەزى كىشىلەر ماڭا ئۆزۈم بىلىشنى خالىمىغان نەرسىلەرنى چۈشەندۈرۈشكە باشلايدۇ، ئۆزلىرىمۇ چۈشەنمەيدىغان مەخپىيەتلىكلەرنى ماڭا مەجبۇرىي سۆزلەپ بېرىدۇ. ياق، مەن ئۆزۈمنىڭ بايا سۆزلىگىنىمدەك، ئاجايىپ مەخلۇقلار ھەققىدىكى خام خىياللىرىمنى ساقلاپ قېلىشنى خالايمەن. كىشىلەر ھەققىدىكى خام خىياللىرىمنىڭ يوققا چىققانلىقىمۇ يېتىدۇ. شۇڭا، مەن ئىچكى ئىشلار ۋازارىتىنىڭ تېلېگرافىغىمۇ، رەسەتخانا تېلېگرافىغىمۇ بارمايمەن. ماڭا ئەركىن ھاۋادىكى تېلېگراف لازىم. ئۆزىنىڭ كىچىككىنە ئىشخانىسىدا قىيتىپ قالغاندەك ئولتۇرغان بىچارىنىڭ تېلېگراف ھەققىدىكى كۆپتۈرمە گەپلىرىنى ئاڭلىغۇم كەلمەيدۇ.

— سىز بىر كاتتا مۆتىۋەر بولسىڭىزمۇ، بەك غەلىتە ئادەم ئىكەنسىز، — دېدى ۋىلفور.

— سىزنىڭچە، قايسى لىنىيىدىكى تېلېگرافنى كۆرسەم بولار؟

— ئەڭ جىددىي ئىش بولۇۋاتقان لىنىيىنى كۆرۈڭ.

— توغرا. دېمەك، ئىسپانىيە لىنىيىسىنىمۇ؟

— ئەلۋەتتە. مىنىستىرىدىن تونۇشتۇرۇش ئېلىپ بېرەيمۇ؟ ئۇلار سىزگە چۈشەندۈرۈپ...

— ياق، ياق، — دېدى مونتې - كرىستو، — سىزگە دېدىمغۇ، ئۇلارنىڭ چۈشەندۈرۈشىنى خالىمايمەن. بىر نېمىنى چۈشىنىپلا قالسام، تېلېگراف مەن ئۈچۈن مەنىسىز بىر نەرسىگە ئايلىنىپ، دۇشاتېل ئەپەندى ياكى مۇنتالىۋى ئەپەندى تەرىپىدىن يوللىنىدىغان ۋە بايئوندىكى ئەمەلدارغا ئىككى ئېغىز گويىكچە

سۆز بىلەن يەتكۈزۈلىدىغان بەلگىلەردىنلا ئىبارەت بولۇپ قالىدۇ. مەن ئاشۇ قارا پۇتلۇق مەخلۇقنى ۋە ئۇنىڭ قورقۇنچلۇق زىۋۋانىنى ئۆز تەسەۋۋۇرۇمدا ئەينەن ساقلاپ قېلىشنى، ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىمنى يوقىتىپ قويماسلىقنى خالايمەن.

— ئۇنداق بولسا، دەرھال يولغا چىقىڭ. يەنە ئىككى سائەتتىن كېيىن قاراڭغۇ چۈشىدۇ ۋە سىز ھېچ نەرسىنى كۆرەلمەي قالىسىز.

— ئۇنداق دەپ قورقاتماڭا! ئۇ تېلېگرافلارنىڭ قايسىسى ئەڭ يېقىن؟

— بايئون يولىدىكىلىرىنى دەمسىز؟

— ھەئە. بايئون يولىدىكىسى بولسىمۇ بولىدۇ.

— شاتىلئون تېلېگرافى ئەڭ يېقىن.

— شاتىلئوندىن كېيىنكىسىچۇ؟

— ئۇنىڭدىن كېيىن مونلېرى مۇنارىسىدىكىسى بولسا كېرەك.

— رەھمەت سىزگە، خوش! شەنبە كۈنى سىزگە بۇ ھەقتىكى تەسىراتىمنى سۆزلەپ بېرىمەن.

گراف ئىشىك ئالدىدا ئىككى نوتارىئۇس بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. ئۇلار ۋالېنتىنانى مىراستىن مەھرۇم قىلىپ، ئۆزلىرىگە خېلى زور شۆھرەت كەلتۈرىدىغان قىيىن ھۆججەتنى تۈزۈپ چىققانلىقىدىن تولىمۇ شادلانغان ھالدا چىقىپ كېتىۋاتاتتى.

## سەككىزىنچى باب

## باغۋەننى شاپتۇل يەيدىغان ئاغمىخانلاردىن قۇتۇلدۇرۇش ئۇسۇلى

گراف ئۆزى ئېيتقاندەك شۇ كۈنى ئاخشىمى ئەمەس، بەلكى ئەتىسى ئەتىگەندە ئانفېر قاراۋۇلخانىسىدىن چىقىپ، ئورلېئان



يولى بىلەن مېڭىپ، دەل شۇ چاغدا ئۇزۇن ۋە ئىنچىكە قوللىرىنى ئىشقا سېلىۋاتقان تېلېگرافنىڭ يېنىدا توختىماستىن، لىنا كەنتىدىن ئۆتتى ۋە مونلېرى ۋادىسىنىڭ ئەڭ ئېگىز يېرىگە جايلاشقان مونلېرى مۇنارىسىغا يېتىپ كەلدى.

ئېگىزلىككە يېقىن كەلگەندە گراف ھارۋىدىن چۈشتى ۋە كەڭلىكى بىر يېرىم فۇت كېلىدىغان تار يول بىلەن يۇقىرىغا چىقىشقا باشلىدى. ئېگىزلىكنىڭ تۆپىسىگە چىقىپ، ئۇ بىر قاشالانغان باغقا دۇچ كەلدى. باغ ئىچىدىكى مېۋىلىك دەرەخلەر ئاچ قىزىل ۋە ئاق چېچەكلىرىنى تۆكۈپ، غورا چىقىرىشقا باشلىغانىدى.

مونتې - كرىستو ئۇيان - بۇيان قاراپ، قاشانىڭ ئىشىكىنى تاپتى. بۇ ئىشىك تال چىۋىقلار بىلەن گىرەلەشتۈرۈلگەن ياغاچ رېشاتكىدىن ئىبارەت بولۇپ، مىخ ۋە ئارغامچا بىلەن ئېتىپ قويۇلغانىدى. گراف بۇ «مېخانىزم» نى دەرھال ئۆزلەشتۈرىۋالدى ۋە ئىشىك ئېچىلدى.

گراف ئۇزۇنلۇقى 20 قەدەم، كەڭلىكى 12 قەدەم كېلىدىغان بىر كىچىك باغچىغا كىرىپ قالدى. باغچىنىڭ بىر چېتى قاشانىڭ بىز تەسۋىرلىگەن ئىشىكى بار قىسمىغا، يەنە بىر چېتى ھەشقىپىچەكلەر چىرمىشىپ كەتكەن ۋە ئەتراپىغا سېرىق لېۋكوي بىلەن چىنىگۈللەر تېرىلغان كونا مۇنارىغا تاقىشاتتى.

كونىراپ، قورۇق چۈشكەندەك بولۇپ قالغان ۋە ھەممە يېنى گۈلگە پۈركەنگەن بۇ مۇنار بەجايىكى نەۋرىلىرىنىڭ ئارىسىدا تۇرغان مومايغا ئوخشايتتى. ۋەھالەنكى، قەدىمكى تەمسىللەردە ئېيتىلغىنىدەك، تاملارنىڭ قۇلاقلىرى بولۇشتىن تاشقىرى يەنە ئاغزىمۇ بولغان بولسا، بۇ مومايغا ئوخشايدىغان مۇنار ئۆز تاملىرى ئىچىدە بولۇپ ئۆتكەن بىر مۇنچە قورقۇنچلۇق درامىلارنى ھېكايە قىلىپ بەرگەن بولاتتى.

باغ ئىچىگە ئېلىپ بارىدىغان بىر تار يول بولۇپ، قىزىل قۇم سېپىلگەن ۋە ئىككى يېنى توم ئىرغاي ياغاچلىرىدىن ئېگىپ ياسالغان زىننەتلىك قاشا بىلەن پاسىل قىلىنغانىدى. ئەگەر بۇنى زامانىمىزنىڭ رۇبېنسى① بولغان دېلاكروئا② كۆرگەن بولسا، چوقۇم ئىلھامى كەلگەن بولاتتى. بۇ يول ئەگىلىپ ۋە ئۆزئارا كېسىشىپ، «8» رەقىمىنىڭ شەكلىنى ھاسىل قىلاتتى. شۇڭا، 20 قەدەم كېلىدىغان ئارىلىقتا 60 قەدەم مېڭىپ سەيلە قىلىشقا بولاتتى. لاتىن باغۋەنلىرىنىڭ خۇشخۇي ۋە قىران ئىلاھى فلورا③ مۇشۇ كىچىككىنە باغدەك بۇنداق مېھىرلىك ئەجرى سىڭدۈرۈلگەن باغنى تېخى كۆرۈپ باقمىغان بولغىيدى.

دەرۋەقە، گۈلزارلىقنى تەشكىل قىلغان 20 تۈپ ئەتىر گۈل ئىچىدە قۇرت يېگەن بىر تال يوپۇرماقنىمۇ تاپقىلى بولمايتتى. نەم تۇپراقتا ئۆسكەن گىياھلارنى قۇرۇتۇۋېتىدىغان ئۆسۈملۈك پىتى بۇ گۈللەرنىڭ بىر تال شاخچىسىدىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ۋەھالەنكى، باغ ئىچى خېلىلا نەمخۇش بولۇپ، يېرى مايلىشىپ كەتكەندەك قاپقارا ۋە دەرەخلەر بۈك - باراقسان بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تەبىئىي نەملىكنى تولۇقلاپ تۇرۇش ئۈچۈن باغنىڭ بىر بۇلۇڭىغا كۆلچەك كولانغان بولۇپ، ئۇنىڭغا سۇ توشقۇزۇلغانىدى. كۆلچەككە كەينى - كەينىدىن يېشىل پاقا ۋە چار پاقىلار كېلىپ تۇراتتى. بۇ ئىككى خىل پاقا مىجەزى ئوخشىمىغانلىقتىن، كۆلچەكنىڭ قارىمۇقارشى قىرغاقلىرىدا بىر - بىرىگە كەينىنى قىلىشىپ ئولتۇراتتى.

باغ ئىچىدىكى يوللاردا بىر تال كۆكات، گۈلزارلىقتا بىر تال ياۋا ئوت كۆرۈنمەيتتى. گۈلگە ھەۋەس قىلىدىغان ھەرقانداق

① رۇبېنس (1577 — 1640) — فلاماندىيىلىك رەسسام.
② دېلاكروئا (1798 — 1863) — فرانسىيىلىك رەسسام.
③ فلورا — قەدىمكى رىم ئەپسانىلىرىدىكى گۈل ۋە كۆكلەم ئىلاھەسى.



خانىممۇ پارپۇر تەشتەكلىرىدە ئۆستۈرۈلگەن يارانگۈل، تىكەنگۈل ۋە رودودىندرون گۈللىرىنى بۇ باغۋەندەك كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلالماس ئىدى.

مونتې - كرىستو ئىشىكنى يېپىپ، ئارقىنى مىخقا ئىلدى ۋە شۇ چاغدا توختاپ، باغ ئىچىگە نەزەر سالدى.

— ئەھۋالدىن قارىغاندا، — دېدى ئۇ، — بۇ تېلېگرافچى باغۋەن ئىشلەتسە كېرەك، ياكى بولمىسا ئۆزى باغۋەنچىلىككە تازا ھەۋەس قىلىدىغان بولسا كېرەك.

ئۇ تۇساتتىن يوپۇرماق سېلىنغان غالتەك ھارۋىنىڭ كەينىدە زوڭزىيىپ ئولتۇرغان بىر كىشىگە دۇچ كەلدى. بۇ كىشى ھاڭ - تاڭ بولغان ھالدا ئورنىدىن قوپۇپ، مونتې - كرىستوغا قاراپ تۇرۇپ قالدى. بۇ 50 ياشلار چامىسىدىكى كىشى ئىدى. ئۇ، ھازىر بۆلجۈرگەنلەرنى ئۈزۈپ، ئۈزۈم يوپۇرماقلىرىغا تىزىش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئۇنىڭ قولىدىكى تاۋاقتا 12 تال ئۈزۈم يوپۇرمىقى يېيىلغان بولۇپ، تەخمىنەن شۇنچىلىك بۆلجۈرگەن سېلىنغانىدى. بوۋاي ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، تاۋاق، يوپۇرماق ۋە مېۋىلەرنى قولىدىن چۈشۈرۈۋېتىشكە تاس قالدى.

— ھوسۇل يىغىۋاتامسىز؟ — دەپ سورىدى مونتې - كرىستو كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

— ئەپۇ قىلىڭ، تەقسىر، — دېدى بوۋاي قولىنى شەپكىسىگە سوزۇپ، — مەن ئىشخانىدىن تېخى ئەمدىلا چىقتىم.

— مەندىن قورقماڭ، دوستۇم، — دېدى گراف، — مېۋىلىرىڭىزنى يىغىپ بولمىغان بولسىڭىز يىغىۋېرىڭ.

— يەنە ئونى قالدى، — دېدى بوۋاي، — كۆردىڭىزمۇ، يىغىۋالغىنىم 11. ھەممىسى بولۇپ 21 ى بار. بۆلتۈرقىدىن بەشى ئارتۇق. بۇ يىل باھار ئىللىق بولدى. بۆلجۈرگەن دېگەنگە ئەڭ مۇھىم نەرسە كۈننىڭ نۇرى. شۇڭا، بۆلتۈر 16 بولغان

بولسا، بۇ يىل، ئۆزىڭىز كۆرۈۋاتقاندەك، ھازىر ئۈزۈۋالغىنىم 11، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە... 12، 13، 14، 15، 16، 17، 18... ۋاي خۇدايىم، بۇ نېمە ئىش! تېخى تۈنۈگۈنلا بار ئىدى، تەقسىر، مانا مۇشۇ يەردە ئىدى، مەن ساناپ قويغانىدىم. ھەي، سىمون ئاچامنىڭ ئوغلى ئوغرىلاپ كېتىپتۇ ـ دە. بۈگۈن ئەتىگەن ئۇنىڭ مۇشۇ يەردە تىمىسقىلاپ يۈرگىنىنى كۆرگەنىدىم. ھەي، كىچىك شەيتان، باغقا ئوغرىلىققا كىرگىنىنى قارا! ئەدىبىنى بېرىدىغانلىقىمنى بىلمەيدىكەن ـ دە، ئۇ كاساپەت!

— راست، بۇ ئويلىشىدىغان گەپ ئەمەس، — دېدى مونتې ـ كرىستو، — شۇنداقتىمۇ، ئۇ گۇناھكارنىڭ گۆدەكلىكىنى ۋە مېۋە يېگۈسى كېلىپ قالغانلىقىنى ئېتىبارغا ئېلىش كېرەك.

— ئوغۇ شۇنداق، — دېدى باغۋەن، — ھە، تەقسىر، يەنە بىر قېتىم ئەپۇ قىلىشىڭىزنى سورايمەن. باشلىقنى ساقلىتىپ قويدۇممىكىن؟

ئۇ، گرافقا ۋە ئۇنىڭ كۆك چاپىنىغا قورقۇپىراق قاراپ قويدى.

— خاتىرجەم بولۇڭ، دوستۇم، — دېدى گراف ئۆزىگە خاس كۈلۈمسىرەش بىلەن. بۇ كۈلۈمسىرەش ئۇنىڭ خاھىشى بويىچە ھەم دەھشەتلىك، ھەم مېھرىبانلىق تۈسىنى ئالالايتتى. بۇ قېتىم بولسا، ئۇنىڭ كۈلۈمسىرىشى پەقەت مېھرىبانلىقنىلا ئىپادىلەيتتى، — مەن سىزنىڭ خىزمىتىڭىزنى تەكشۈرگىلى كەلگەن باشلىق ئەمەس، مەن ساياھەتچى. بۇ يەرنى كۆرۈپ باقاي دەپ كەلگەنىدىم، لېكىن ۋاقتىڭىزنى ئېلىپ قويغانلىقىمنى كۆرۈپ، كەلگىنىمگە پۇشايمان قىلدىم.

— مېنىڭ ۋاقتىم ئانچە قىممەتلىك ئەمەس، — دېدى بوۋاي غەمكىن كۈلۈمسىرەپ، — توغرا، بۇ مېنىڭ خىزمەت ۋاقتىم، باشقا ئىشلارنى قىلسام توغرا بولمايدۇ. ئەمما، ماڭا بىر



سائەتلىك دەم ئېلىش ۋاقتى بېرىلگەن (ئۇ، قۇياش سائىتىگە قاراپ قويدى. مونلېر مۇنارىسىنىڭ يېنىدىكى بۇ كىچىك باغدا ھەممە نەرسە، ھەتتا قۇياش سائىتىمۇ بار ئىدى). قاراڭا، يەنە ئون مىنۇت ۋاقتىم بار. ئەمدى بۇلارغا قاراڭ، بۆلجۈرگەنلىرىم پىشىپ قالدى، يەنە بىر كۈن ئۆتسە... ھەي، تەقسىر، بۇ مېۋىلىرىمنى ئاغمىخانلار يەپ كېتىۋاتىدۇ.

— ھە، بۇنى ئويلاپ باقماپتىكەنمەن، — دېدى مونتې ـ كرىستو جىددىي قىياپەتتە، — ئاغمىخانلارنىڭ پەيدا بولغانلىقى چاتاق بوپتۇ. بىز قەدىمكى رىملىقلاردەك ئاغمىخانلارنى ھەسەل بىلەن پىشۇرۇپ يېمەيمىز ـ دە.

— ھە؟ رىملىقلار يېگەنمىكەن؟ — سورىدى باغۋەن، — ئاغمىخانلارنى يېگەنمىكەن؟

— مەن بۇ گەپنى پېترونىيەنىڭ ئەسىرىدىن ئوقۇغانىدىم، — دېدى گراف.

— راستما؟ گەرچە «ئاغمىخاندەك سەمرىپ كەتكەن» دېگەن گەپ بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ گۆشىنىڭ تاتلىق ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيمەن، بۇ ئاغمىخان دېگەنلەرنىڭ سېمىز بولۇشىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ئۇلار كۈن بويى ئۇخلاپ، كېچىچە ئوزۇقلىنىدۇ. بۇلتۇر مېنىڭ تۆت تۈپ ئۆرۈكۈم بار ئىدى. بىرىنى شۇ ئاغمىخانلار كاردىن چىقاردى. بۇلتۇر يەنە ئاران بىر تال شاپتۇلۇم چۈشكەنىدى، ئاغمىخان ئۇنىڭمۇ بىر يېنىنى غاجاپ تاشلاپتۇ. ئاجايىپ ئوخشىغان شاپتۇل ئىدى، بەك تاتلىق! مەن ئۇنداق شاپتۇلنى يەپ باقمىغانىدىم.

— شۇ شاپتۇلنى يېدىڭىزما؟ — دەپ سورىدى مونتې ـ كرىستو.

— ھەئە، قالغان يېرىمىنى يېدىم. ئاجايىپ ھوزۇر قىلدىم ـ دە! ھە، بۇ جانابىي ئاغمىخانلار تاتلىق نەرسىنى تاللاپ يېيىش-

نى بىلىدىكەن. خۇددى سىمون ئاچامنىڭ ئوغلىغا ئوخشاش. ئۇ شەيتانزە. مېۋىلىرىمنىڭ ئەڭ ياخشى پىشقانلىرىنى ئوغرىلاپ كېتىپتۇ ئەمەسمۇ. لېكىن بۇ يىل، — سۆزىنى داۋاملاشتۇردى باغۋەن، — شاپتۇل پىشىشقا باشلىغاندا كېچە - كېچىلەپ قاراۋۇللۇق قىلىشقا توغرا كەلسىمۇ بۇنداق ئىشنىڭ تەكرارلىنىشىغا يول قويمايمەن.

مونتې - كرىستو بىلمەكچى بولغىنىنى بىلىپ بولدى. ھەر بىر مېۋىنىڭ ئۆز قۇرتى بولغىنىدەك، ھەربىر ئادەمنىڭمۇ يۈرىكىنى تاتىلاپ تۇرىدىغان ئۆز ھەۋىسى بولىدۇ. بۇ تېلېگرافچىنىڭ ھەۋىسى باغۋەنچىلىك ئىدى. ئۇ كۈن نۇرىنى توسۇۋالغان ئۈزۈم يوپۇرماقلىرىنى يۇلۇشقا باشلىدى ۋە شۇ ئارقىلىق باغۋەننىڭ قەلبىنى ئۆزىگە مايىل قىلدى.

— تېلېگرافنى كۆرگىلى كەلدىڭىزمۇ، تەقسىر؟ — دەپ سورىدى باغۋەن.

— ھەئە، ئۈزۈمىڭلاردا چەكلەنمىگەن بولسا بىر كۆرۈپ باقاي دەيمەن.

— ئۇنداق چەكلىمە يوق، — دېدى باغۋەن، — كۆرۈپ باققانغا ھېچنېمە بولمايدۇ. بىزنىڭ نېمە خەۋەرلەرنى يوللايدىغانلىقىمىزنى ھېچكىم بىلەلمەيدۇ ئەمەسمۇ.

— ھە، تېلېگرافچىلار ئۆزلىرى چۈشەنمەيدىغان بەلگىلەرنى تەكرارلاپ يوللايدۇ دەپ ئاڭلىغانىدىم، — دېدى گراف.

— شۇنداق، تەقسىر، شۇنداق بولغانلىقىمۇ ياخشى، — دېدى تېلېگرافچى كۈلۈپ تۇرۇپ.

— نېمىشقا؟

— چۈنكى شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن مەندە ھېچقانداق جاۋابكارلىق بولمايدۇ. مەن، گويا بىر ماشىنا. ئىشلەپلا تۇرسام بولغىنى.



«ئاپلا، — دەپ ئويلاپ قالدى مونتې - كرىستو، — ھېچنېمىنى ئارزۇ قىلمايدىغان بىر ئادەمگە يولۇقۇپ قالدىممۇ نېمە؟ ئەگەر شۇنداق بولسا، ئىشىم ئوڭغا تارتمايدىغان بولدى - دە».

— تەقسىر، — دېدى باغۋەن ئۆزىنىڭ قۇياش سائىتىگە قاراپ قويۇپ، — ئون مىنۇتمۇ توشاي دەپ قالدى. ئىش ئورنۇمغا قايتىشىم كېرەك. ئىشخانامغا كىرىشنى خالامسىز؟

— كىرەي.

مونتې - كرىستو ئۈچ قەۋەتلىك مۇنارغا كىردى. ئاستىنقى قەۋەتتە باغۋەنچىلىك سايمانلىرىدىن گۈرجەكلەر، ئوتىغۇچلار، سۇ سەپكۈچلەر تام ياقىلىتىپ تىزىپ قويۇلغان بولۇپ، باشقا ھېچ نەرسە يوق ئىدى. ئىككىنچى قەۋەت بۇ ئاددىي خىزمەتچىنىڭ ئۆيى ياكى توغرىسىنى ئېيتقاندا، ياتىقى ئىدى. بۇ يەردە ئانچە-مۇنچە ئۆي جابدۇقلىرى: شىرە، ئىككى ئورۇندۇق، تاشتىن ئويۇپ ياسالغان چىلاپچا ۋە تۇتام - تۇتام قىلىپ چىگىپ، تورۇسقا ئېسىپ قويۇلغان ئۆسۈملۈكلەر بار ئىدى. گراف يەرلىك پۇرچاق ۋە ئىسپانىيە پۇرچاقلىرىنى پەرق ئېتەلىدى. بوۋاي بۇ پۇرچاقلارنى شاكىلىدىن ئايرىماي، ئورۇقلۇق ئۈچۈن ساقلاپ قويغان ھەمدە بوتانىكا ئالىملىرىدەك بۇلارنىڭ ھەممىسىگە تېگىشلىك زىرائەت ناملىرى يېزىلغان بىر پارچىدىن قەغەز بېكىتىپ قويغانىدى.

— تەقسىر، تېلېگراف ئىشىنى ئۆگىنىۋېلىش ئۈچۈن كۆپ ۋاقىت كېتەمدۇ؟ — سورىدى مونتې - كرىستو.

— ئۆگىنىشكە ئانچە كۆپ ۋاقىت كەتمەيدۇ، لېكىن شتاتتىن تاشقىرى خىزمەت مۇددىتى بەك ئۇزۇن.

— مائاشىڭىز قانچە؟

— 1000 فرانك، تەقسىر.

— ئاز ئىكەن.

— شۇنداق، لېكىن ماتا بۇ ئۆينى بىكارغا بېرىشىدۇ ئەمەسمۇ.

گراف ئۆي ئىچىگە كۆز تاشلىدى.

— مۇشۇ ئۆيگىمۇ قانائەت قىلىدىكىنا، — دەپ غودۇڭشۇپ قويىدى ئۇ.

ئىككىيلەن ئۈچىنچى قەۋەتكە چىقىشتى. تېلېگراف ئىشخانىسى شۇ ئىدى. مونتې - كرىستو ماشىنىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرىدىغان ئىككى تۆمۈر تۇتقۇچنى ئالاھىدە كۆرۈپ چىقتى.

— بۇ بەك ياخشى خىزمەت ئىكەن، — دېدى مونتې - كرىستو، — لېكىن بۇنداق تۇرمۇش سىزنى زېرىكتۈرمەمدۇ؟

— دەسلەپتە ئەتىدىن كەچكىچە تىكىلىپ ئولتۇرۇشتىن ئادەمنىڭ بويىنى تېلىپ كېتىدۇ. لېكىن، بىرەر ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن كۆنۈپ قالىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىمىز، خىزمەت قىلمايدىغان كۈنلىرىمىزمۇ بولىدۇ.

— خىزمەت قىلمايدىغان كۈنلەر؟

— ھەئە.

— قانداق كۈنلەردە خىزمەت قىلمايسىلەر؟

— تۇمانلىق كۈنلەردە.

— ھە، توغرا.

— شۇنداق كۈنلەر مەن ئۈچۈن بايرام بولىدۇ. بېغىمغا چىقىپ، كۆچەت تىكىش، ئۇلاش، كېسىش، قۇرتلارنى ئۆلتۈرۈشتەك ئىش - كۈشلىرىمنى پۈتتۈرۈۋالىمەن، ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتكەنلىكىمۇ بىلىنمەي قالىدۇ.

— بۇ يەردە تۇرۇۋاتقىنىڭىزغا ئۇزۇن بولدىمۇ؟

— ئون يىل ۋە يەنە بەش يىللىق شتاتتىن تاشقىرى خىزمەت، جەمئىي 15 يىل بولدى.



— نەچچە ياشقا كىردىڭىز؟

— 55.

— پېنسىيىگە چىقىش ئۈچۈن قانچە يىل خىزمەت قىلغان بولۇش كېرەك؟

— ۋاي، تەقسىر، 25 يىلنى توشقۇزۇش كېرەك.

— پېنسىيە ھەققى قانچىلىك؟

— 100 ئېكيو.

— بىچارە ئادەم! — شىۋىرلىدى مونتې - كرىستو.

— نېمە دېدىڭىز، تەقسىر؟ — سورىدى خىزمەتچى.

— بۇ بەك قىزىقارلىق ئىكەن دەۋاتىمەن.

— نېمە قىزىقارلىق؟

— سىز كۆرسىتىۋاتقان نەرسىلەر... ھە، سىز راستىنلا ئۆزىڭىز بېرىدىغان سىگناللارنى چۈشەنمەمسىز؟

— پەقەتلا چۈشەنمەيمەن.

— چۈشىنىشكە ئۇرۇنۇپ باقمىدىڭىزمۇ؟

— ياق. ئۇنىڭ نېمە پايدىسى؟

— سىزنىڭ ئۆزىڭىزگىلا قارىتىلغان سىگناللارمۇ بولىدىغاندۇر؟

— ئەلۋەتتە.

— شۇ سىگناللارنى چۈشىنەمسىز؟

— بىزنىڭ ئۆزىمىزگە قارىتىلغان سىگناللار بىر خىللا بولىدۇ.

— قانداق مەزمۇندا؟

— «يېڭى خەۋەر يوق»... «دەم ئالسىڭىز بولىدۇ»... ياكى بولمىسا «خەير - خوش» دېگەندەك مەزمۇندا.

— ھە، بۇ راست چاتىقى چىقمايدىغان سىگناللار ئىكەن، — دېدى مونتې - كرىستو، — ۋوي، قاراڭا، مۇخبىرىڭىز سىگنال بېرىۋاتامدۇ نېمە؟

— ھە، راست. رەھمەت سىزگە.
— ئۇ نېمە دەۋاتىدۇ؟ چۈشىنىۋاتامسىز؟
— ھەئە، «تەييار بولدىڭىزمۇ» دەپ سوراۋاتىدۇ.
— سىز نېمىدەپ جاۋاب قايتۇرۇۋاتىسىز؟
— مەن بېرىۋاتقان سىگنال ئوڭ تەرەپتىكى مۇخبىرغا تەييار بولغانلىقىمنى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سول تەرەپتىكى مۇخبىرغا «تەييار بولۇڭ» دېگەننى ئۇقتۇرىدۇ.
— قالتىس ئىكەن، — دېدى گراف.
— قاراپ تۇرۇڭ، — بوۋاي مەغرۇرلۇق بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — يەنە بەش مىنۇتتىن كېيىن ئۇ سۆزلەشكە باشلايدۇ.
— ئەمىسە يەنە بەش مىنۇت ۋاقتىمىز بار ئىكەن-دە، — دېدى مونتې-كرىستو، — ماڭا بۇ ۋاقىت يېتىپ ئاشىدۇ. دوستۇم، — دېدى ئۇ، — سىزگە بىر سوئال بەرسەم بولامدۇ؟
— مەرھەمەت.
— باغۋەنچىلىكنى ياخشى كۆرەمسىز؟
— بەك ياخشى كۆرىمەن.
— ئەگەر ھازىرقى 20 فۇت يېرىڭىزنىڭ ئورنىغا ئىككى مو يەرنى ئىگىلەيدىغان باغقا ئىگە بولسىڭىز خۇش بولامسىز؟
— تەقسىر، ئۇنچىلىك بېغىم بولسا زېمىندىكى جەننەتكە ئايلاندۇرۇۋەتكەن بولاتتىم.
— 1000 فرانك بىلەن تۇرمۇشىڭىز ياخشى ئۆتمەيدىغۇ دەيمەن؟
— شۇنداق، لېكىن ئامال قىلىپ جان بېقىپ كەتكىلى بولىدۇ.
— ئۇغۇ شۇنداق، لېكىن بېغىڭىز بەك كىچىك ئىكەن.
— توغرا، بېغىم كىچىك.



— يەنە كېلىپ، ھەممىنى قۇرۇتۇپ تاشلايدىغان ئاغمىخالار بار ئىكەن.
— ھەئە، بۇ بېشىمغا بىر بالا بولدى.
— ئېيتىڭا، ئوڭ تەرەپتىكى مۇخبىرىڭىز سىگنال بەرگەندە سىز بۇ يەردە بولمىسىڭىز قانداق بولىدۇ؟
— ئۇنىڭ سىگناللىرىنى كۆرەلمەيمەن.
— شۇنداق بولسا نېمە بولىدۇ؟
— ئۇنىڭ سىگناللىرىنى تەكرارلاپ يەتكۈزۈپ بېرەلمەيمەن.
— ئاندىن كېيىن نېمە بولىدۇ؟
— خىزمەتكە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغانلىقىم ئۈچۈن جەرىمانە قويۇلىدۇ.
— جەرىمانىغا قانچىلىك پۇل تۆلەيسىز؟
— 100 فرانك.
— يىللىق مائاشىڭىزنىڭ ئوندىن بىر قىسمى. قالتىس گەپ ئىكەن!
— بۇنىڭغا نېمە ئامال! — دېدى خىزمەتچى.
— سىز جەرىمانە تۆلەپ باققانمۇ؟ — سورىدى مونتې-كرىستو.
— بىر قېتىم سېرىق ئەتىر گۈلنى ئۇلاۋاتقىنىمدا شۇنداق بولغانىدى، تەقسىر.
— ئەگەر سىگناللارنى ئۆزگەرتىۋەتسىڭىز ياكى باشقا سىگناللارنى بېرىپ قويسىڭىز قانداق بولىدۇ؟
— بۇ باشقا گەپ. ئۇنداق قىلسام خىزمەتتىن قوغلاندى قىلىنىشىمدۇ، پېنسىيە ھەققى ئالالمايمەن.
— 300 فرانكتىن قۇرۇق قالامسىز؟
— شۇنداق، تەقسىر، 100 ئېكىيۇ. شۇڭا، ئۇنداق ئىشلارنى قىلىشىم مۇمكىن ئەمەس.

— 15 يىلىلىق ماشىڭىزغا تەڭ كېلىدىغان پۇل ھەرىسمۇ ئۇنداق قىلمامسىز؟

— 15 مىڭ فرانك؟

— ھەئە.

— تەقسىر، مېنى قورقۇتماڭ.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— تەقسىر، مېنى قىزىقتۇرماقچى بولۇۋاتامسىز؟

— ئەلۋەتتە. ئويلاپ بېقىڭ، 15 مىڭ فرانك!

— تەقسىر، كاشىلا قىلماڭ، ئوڭ تەرەپتىكى مۇخبىر سىگنال بېرىۋاتىدۇ، ئۇنىڭغا قارىمىسام بولمايدۇ.

— ياق، ئۇنىڭغا قارىماڭ. مانا بۇنىڭغا قاراڭ.

— بۇ نېمە؟

— نېمە؟ بۇ قەغەزلەرنىمۇ بىلمەمسىز؟

— بانكا چېكى!

— بانكا چەكلىرى. 15 دانە چەك.

— بۇ كىمنىڭ؟

— خالىسىڭىز سىزنىڭ بولىدۇ.

— مېنىڭ! — دەپ خىتاب قىلدى خىزمەتچى لەپىسى بوغۇلغان ھالدا.

— ھەئە، سىزنىڭ. ھەممىسى سىزنىڭ.

— تەقسىر، ئوڭ تەرەپتىكى مۇخبىر سىگنال بېرىۋاتىدۇ.

— نېمە قىلسا قىلمامدۇ.

— تەقسىر، دىققىتىمنى بۆلۈۋەتتىڭىز، ماڭا جەرىمانە قويۇشىدۇ.

— جەرىمانە ئاران 100 فرانك ئىكەنغۇ. كۆرۈۋاتامسىز، مانا بۇ 15 مىڭ فرانك سىزنىڭ بولىدۇ ئەمەسمۇ.

— تەقسىر ئوڭ تەرەپتىكى مۇخبىر يەنە سىگنال بېرىۋاتىدۇ.



— چاتىقىڭىز بولمىسۇن، مانا بۇنى ئېلىڭ.

گراف خىزمەتچىنىڭ قولىغا چەكلەرنى تۇتقۇزۇپ قويدى،

— بۇ تېخى سىزگە يەتمەيدۇ، — دېدى ئۇ، — 15 مىڭ فرانك بىلەن تۇرمۇش كەچۈرەلمەيسىز.

— يەنە خىزمەت ئورنۇم بار ئەمەسمۇ.

— ياق، خىزمەت ئورنىڭىزدىن ئايرىلىسىز، چۈنكى سىز ھازىر مۇخبىرنىڭ سىگنالىدىن باشقا بىر سىگنالنى يەتكۈزىسىز.

— ۋاي، تەقسىر، مېنى نېمە قىل دەيسىز؟

— كىچىككىنە بىر ئويۇن.

— تەقسىر، كىمدە - كىم مېنى ئۇنداق قىلىشقا مەجبۇرلايدىغان بولسا ...

— مانا مەن سىزنى مەجبۇرلىماقچى بولۇۋاتىمەن.

مونتې - كرىستو يانچۇقىدىن يەنە بىرنەچچە قەغەزنى چىقاردى.

— مانا، يەنە 10 مىڭ فرانك، — دېدى ئۇ، — يانچۇقىڭىزدىكى 15 مىڭغا قوشقاندا، جەمئىي 25 مىڭ فرانك بولىدۇ. 5000 فرانكقا ئوبدان بىر ئۆي ۋە ئىككى مو يەر سېتىۋالىسىز. قالغان 20 مىڭ فرانكتىن يىلىغا 1000 فرانك كىرىم قىلىسىز.

— ئىككى مو يەر، باغ!

— يەنە 1000 فرانك يىللىق كىرىم.

— ۋاي خۇدايىم، پەرۋەردىگارىم!

— ئېلىڭ، ئېلىڭ!

مونتې - كرىستو خىزمەتچىنىڭ قولىغا بۇ 10 مىڭ فرانكنى مەجبۇرىي تۇتقۇزۇپ قويدى.

— مەن نېمە قىلىشىم كېرەك؟

— قىلغۇدەك ئالاھىدە بىر ئىشمۇ يوق.

— شۇنداق بولسىمۇ، زادى نېمە ئىش؟
— مانا مۇنۇ سىگناللارنى يوللاڭ.
مونتې - كرىستو يانچۇقىدىن بىر پارچە قەغەزنى چىقاردى. قەغەزگە ئۈچ تۈرلۈك سىگنال بەلگىسى ۋە ئۇلارنىڭ رەت تەرتىپىنى كۆرسىتىدىغان رەقەملەر يېزىلغانىدى.
— كۆردىڭىزمۇ، بۇنىڭغا ئانچە كۆپ ۋاقىت كەتمەيدۇ.
— شۇنداق، لېكىن ...
— مانا ئەمدى شاپتۇل، توغاچ ۋە باشقا مېۋىلەرنى خالىغانچە ئۆستۈرەلەيدىغان بولدىڭىز.
گرافنىڭ بۇ سۆزلىرى دەل نىشانىغا تەگدى. بوۋاي ھاياجاندىن قىزىرىپ كەتكەن ۋە چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمگەن ھالدا گرافنىڭ ئۈچ سىگنالىنى كەينى - كەينىدىن يوللىدى. ئوڭ تەرەپتىكى مۇخبىر نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى ئۇقالماي، بۇ شاپتۇل مەستانىسىنى ساراڭ بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاشقا باشلىدى. سول تەرەپتىكى مۇخبىر بولسا، بۇ سىگناللارنى تولۇق تەكرارلاپ، ئىچكى ئىشلار ۋازارىتىگە يەتكۈزدى.
— مانا ئەمدى باي بولدىڭىز، — دېدى مونتې - كرىستو.
— شۇنداق، — دېدى خىزمەتچى، — لېكىن بۇ ئوڭايغا چۈشمىدى - دە.
— ماڭا قاراڭ، دوستۇم، — دېدى مونتې - كرىستو، — ۋىجدان ئازابى ھېس قىلىشىڭىزنى خالىمايمەن. سۆزۈمگە ئىشىنىڭ، ئالدىڭىزدا قەسەم ئىچىپ بېرىمەن، سىز ھېچكىمگە زىيان يەتكۈزمىدىڭىز، بەلكى تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىش قىلدىڭىز.
خىزمەتچى ئامانەت چەكلىرىنى ئۇيان - بۇيان ئۆرۈپ قارايتتى، سىلايتتى، سانايتتى. ئۇ بىر تاتىرىپ، بىر قىزىرىپ


تۇراتتى. ئاخىرى، ئۇ بىر ئىستاكان سۇ ئىچىۋەتمەكچى بولۇپ ياتاق ئۆيىگە يۈگۈرۈپ كىردى، لېكىن سۇنىڭ يېنىغا يېتىپ بارماي تۇرۇپلا، قورۇتۇلغان پۇرچاقلىرىنىڭ ئارىسىدا نېمە قىلىشىنى بىلمەي، گاڭگىراپ تۇرۇپ قالدى.
تېلېگراف خەۋىرى ئىچكى ئىشلار ۋازارىتىگە يېتىپ كېلىپ، بەش مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن دېبرې پەيتۇنغا ئات قوشۇشنى بۇيرۇدى ۋە دانگلارنىڭ ئۆيىگە يۈرۈپ كەتتى.
— ئېرىڭىزنىڭ ئىسپانىيە ئامانەت چەكلىرى بارمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ بارون خانىمدىن.
— بولمامدىغان! ئالتە مىليونچە بار.
— ئۇ چەكلەرنى دەرھال ئېلىشغا سېتىۋېتىڭلار.
— نېمىشقا؟
— چۈنكى دون كارلوس بۇرژادىن قېچىپ، ئىسپانىيىگە قايتىپ بېرىپتۇ.
— بۇنى نەدىن ئۇقتىڭىز؟
— شۇ يەردىن - دە، — دېدى دېبرې مۈرىلىرىنى قىسىپ، — ئۆزۈم ئۇقىدىغان يەردىن بولمامدۇ.
بارون خانىم ۋاقىتنى قولدىن بەرمەي، ئېرىنىڭ يېنىغا ئۇچقاندەك يېتىپ باردى. ئېرى بولسا، دەرھال ئۆز دەللالىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئىسپانىيە چەكلىرىنى ئېلىشغا سېتىۋېتىشنى ھاۋالە قىلدى.
باشقىلار دانگلارنىڭ ئىسپانىيە چەكلىرىنى سېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، بۇ چەكلەرنىڭ باھاسى شۇ ھامان تۆۋەنلىدى. بۇنىڭ بىلەن، دانگلار 500 مىڭ فرانك زىيان تارتتى، لېكىن ئۇ بۇ چەكلەرنىڭ ھەممىسىنى قولدىن چىقىرىۋالدى.
شۇ كۈنى ئاخشىمى «خەۋەرلەر» گېزىتىدە مۇنداق بىر خەۋەر بېسىلدى:

«تېلېگراف خەۋىرى:

پادىشاھ دون كارلوس نازارەت ئاستىدا تۇرغان بولسىمۇ، بۇرژادىن ئوغرىلىقچە قېچىپ كېتىپ، كاتالون چېگرىسى ئارقىلىق ئىسپانىيىگە قايتىپ بارغان. بارسېلونا ئاھالىسى ئۇنى قوللاپ، قوزغىلاڭ كۆتۈردى».

شۇ كۈنى كېچىچە ھەممە كىشىنىڭ ئاغزىدا دانگلارنىڭ ئاقىلانىلىقى، ئىسپانىيە چەكلىرىنى دەل ۋاقتىدا سېتىۋالالىغانلىقى ۋە ئاران 500 مىڭ فرانك زىيان تارتىش بىلەن بۇ ئابەتتىن قۇتۇلغانلىقى ھەققىدە پاراڭ بولدى. بۇ چەكلەرنى ساتمىغان ياكى دانگلاردىن سېتىۋالغان كىشىلەر بولسا، ئۆزلىرىنى ۋەيران بولغان ھېسابلىدى ۋە تۈن بويى بىئارام بولۇپ ئۇخلىيالمىدى.

ئەتىسى «مەخسۇس گېزىت» تە مۇنداق بىر خەۋەر بېسىلدى:

«‹خەۋەرلەر› گېزىتىنىڭ تۈنۈگۈنكى سانىدا ئېلان قىلىنغان دون كارلوسنىڭ قاچقانلىقى ۋە بارسېلون قوزغىلىڭى توغرىسىدىكى خەۋەرنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق. پادىشاھ دون كارلوس بۇرژادىن كەتمىگەن، پۈتۈن يېرىم ئارالدا مۇتلەق تىنچلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە.

ھاۋا تۇمانلىق بولۇپ، تېلېگراف سىگنالى ناتوغرا ئاڭلانلىقتىن مۇشۇنداق خاتالىق سادىر بولغان».

شۇندىن كېيىن ئىسپانىيە چەكلىرىنىڭ باھاسى ئىككى ھەسسە ئۆرلىدى. شۇنداق قىلىپ، بالدۇرقى زىيان ۋە كېيىنكى باھادىن كېلىش ئېھتىمالى بولغان پايدىنى ھېسابقا ئالغاندا، دانگلار جەمئىي بىر مىليون فرانكنى قولدىن چىقىرىپ قويغان بولدى.



مونتې-كرىستو ئۆز ئۆيىدە موررېل بىلەن سۆزلىشىپ ئولتۇرغاندا، دانگلارنىڭ بېشىغا بالا بولغان باھا ئۆزگىرىشى ھەققىدىكى خەۋەر يېتىپ كەلدى.

— نېمە بولسا بولسۇن، — دېدى مونتې-كرىستو موررېلغا، — مەن 25 مىڭ فرانك سەرپ قىلىپ بىر يېڭىلىق ياراتتىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەتتا 100 مىڭ فرانك تۆلەشكىمۇ رازى بولار ئىدىم.

— قانداق يېڭىلىق ئۇ؟ — دەپ سورىدى ماكسىمىلىئان.

— بىر باغۋەننى شاپتۇل يەيدىغان ئاغمىخانىلاردىن قۇتۇلدۇرۇش ئۇسۇلىنى تاپتىم.

## توققۇزىنچى باب

## ئۆتمۈشنىڭ شەپىلىرى

ئوتېيلدىكى ئۆيگە سىرتتىن قارىغاندا، داڭدار گراف مونتې-كرىستونىڭ تۇرار جايىنى گەۋدىلەندۈرگۈدەك ئالاھىدە بېزەكلەر كۆرۈنمەيتتى. بۇنداق ئاددىي-ساددىلىق ئۆي ئىگىسىنىڭ خاھىشى ئىدى. ئۇ، ھويلىنىڭ سىرتىدىكى ھېچ نەرسىنى ئۆزگەرتمەسلىكنى قاتتىق جېكىلىگەنىدى. بۇنى چۈشىنىش ئۈچۈن ھويلا ئىچىگە بىر قاراپ قويۇش كۇپايە قىلىدۇ. دەرۋەقە، دەرۋازىدىن كىرگەن كىشىنىڭ كۆز ئالدىغا پۈتۈنلەي باشقا بىر مەنزىرە نامايان بولىدۇ.

ئۆيلەرنىڭ بېزىتىلىشى ۋە ھويلا ئىچىدىكى ئىشلارنىڭ شۇنچە تېز ئورۇندىلىشىدا بېرتۇچچو ئۆز كارامىتىنى كۆرسەتتى. بىر چاغلاردا گېرتسوگ ئانتېنىسكىي ليۇدوۋىك XIV نىڭ كۆڭلىگە

يېقىش ئۈچۈن پۈتۈن بىر گوچىدىكى دەرەخلەرنى بىر گېچىدە چېپىپ تاشلاشنى بۇيرۇغان بولسا، بىرتۇچچو چۆلدەرەپ تۇرغان ھويلىنى ئۈچ كۈننىڭ ئىچىدە بوستانلىققا ئايلاندۇردى. كۆكىرىپ تۇرغان ئاق تېرەك ۋە ئېرەنلەر يىلتىزى بىلەن كۆچۈرۈپ كېلىنىپ، بىنانىڭ چوڭ ئىشىكى ئالدىغا قويۇلدى. ئۇنىڭ ئالدىدىكى شېغىللىقنىڭ ئورنىغا چىم ياتقۇزۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا سېپىلگەن سۇنىڭ تامچىلىرى پارقىراپ تۇراتتى.

بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى گراف ئۆزى پىلانلىغانىدى. ئۇ، بىرتۇچچوغا قەيەرگە قانچە دەرەخ قويۇشنى ۋە شېغىللىقنىڭ ئورنىغا ياتقۇزۇلىدىغان چىملىقنىڭ دائىرىسىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگەنىدى.

شۇنداق قىلىپ، ھويلا غايەت زور دەرىجىدە ئۆزگىرىپ كەتتى. ھەتتا بىرتۇچچو يېشىللىققا پۈركەنگەن بۇ ئۆينى ئۆزىنىڭمۇ تونۇيالماي قالغانلىقىنى سۆزلەپ يۈردى.

غوجىدارنىڭ باغ ئىچىدىمۇ ئانچە - مۇنچە ئۆزگەرتىش قويغۇسى بار ئىدى، لېكىن گراف باغدىكى ھېچ نەرسىگە چېقىلماسلىقنى قاتتىق جېكىلىدى. شۇندىن كېيىن بىرتۇچچو دەھلىز، پەلەمپەي ۋە كامىنلارنى① رەڭگا رەڭ گۈللەر بىلەن بېزەپ چىقتى.

ھەقىقەتەن، غوجىدار بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىش جەھەتتە ئاجايىپ زور ئىقتىدارغا ئىگە ئىدى. خوجايىن بولسا، كىشىلەرنى ئىشلىتىش قابىلىيىتى جەھەتتە كامالەتكە يەتكەنىدى. 20 يىلدىن بېرى ئادەم تۇرمىغان، تېخى تونۇگۈنلا شۇنچە كۆرۈمسىز غېرىبانە قىياپەتتە تۇرغان ھەم ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن زەي تارتىپ كەتكەن ئۆي بىر كۈندىلا جانلىنىپ، خوجايىن ياخشى كۆرىدىغان گۈللەرنىڭ ھىدىغا تولۇپ، نۇرلىنىپ كەتتى. گراف

① كامىن — ئالدى ئوچۇق مەش.



ئۆيىگە كىرگەندە ئۆزىنىڭ كىتابلىرى، قوراللىرى، قەدىرلەپ ساقلاپ يۈرگەن رەسىملىرى كۆز ئالدىدا نامايان بولدى؛ دەھلىزدە ئۆزىگە سادىق ئىتلارنى ۋە قەپەزلەردە سايراپ تۇرغان قۇشلارنى كۆردى. خۇددى چۆچەكلەردىكى ئۇخلاپ ياتقان گۈزەل مەلىكىنىڭ قەسرىدەك كۆپ يىللىق ئۇيقۇدىن ئويغانغان بۇ ئۆي ئەمدى جان كىرىپ، ناخشا - ساداغا تولۇپ، گۈللەپ - ياشناپ تۇراتتى ھەمدە گوياكى كىچىكىمىزدە ئايرىلىپ كېتىپ، قەلبىمىزنىڭ بىر پارىسىنى ئېلىپ قالغان سۆيۈملۈك ئۆيلىرىمىزگە ئوخشاش كىشىدە يېقىملىق تەسىر قالدۇراتتى.

ھويلا ئىچىدە خىزمەتكارلار خۇشال - خۇرام ھالدا ئۇياق - بۇياققا يۈگۈرۈپ يۈرۈشەتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئاشخانا ئىشلىرى بىلەن ئاۋارە بولۇپ ۋە خۇددى ئۇزۇندىن بۇيان بۇ ئۆيدە تۇرۇۋاتقاندەك قىياپەتتە تېخى ھېلىلا رېمونت قىلىنغان پەلەمپەيلەر ئارقىلىق ئالدىراش مېڭىپ يۈرۈشەتتى. يەنە بەزىلىرى سارايلارنىڭ يېنىغا قويۇلغان بولۇپ، سارايلاردىكى ھارۋىلار گوياكى يىگىرمە ئەسىردىن بۇيان كۆرگەزمە بولۇۋاتقاندەك نومۇر تەرتىپى بويىچە رەتلىك تىزىلىپ تۇراتتى ۋە يەنە بەزى خىزمەتكارلار ئاتخانىلارغا قويۇلغان بولۇپ، ئۇلار ئاتلارنى شۇنچە ئەتىۋارلاپ سۆزلىشەتتىكى، قىسمەن خىزمەتكارلار خوجايىنلىرىنىمۇ ئۇنچىلىك ئىززەتلىمەس ئىدى. ئاتلارمۇ سۇلۇنى چايناپ تۇرۇپ، ئۇلارغا جاۋاب ياندۇرۇپ كىشنەيتتى.

كىتابخانا قىلىنغان ئۆينىڭ ئىككى تېمىغا ياقىلىتىپ ئىككى ئىشكاپ قويۇلغان بولۇپ، ئۇلارغا 2000 نۇسخىغا يېقىن كىتاب يېزىلغانىدى. بىر ئىشكاپنىڭ ئايرىم بىر بۆلۈمچىسى مەخسۇس يېڭى رومانلار ئۈچۈن ئاجرىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ئالدىنقى كۈنى سېتىۋېلىنغان قىزىل ۋە يېشىل مۇقاۋىلىق رومانلار قويۇلغانىدى. كىتابخانىنىڭ ئۇدۇلىدا گۈل ئۆستۈرۈش ئۆيى

بولۇپ، ئۇ يەرگە ياپونىيىنىڭ يوغان چىنە تەشتەكلىرىدە ئۆستۈرۈلگەن كەم ئۇچرايدىغان گۈللەر توشتۇرۇۋېتىلگەنىدى. كىشىنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرۇپ، خۇش پۇراق چېچىپ تۇرغان گۈل ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىلىيارت ئۈستىلى قويۇلغان بولۇپ، بىلىيارت شارلىرى خۇددى بىر سائەت ئىلگىرىلا ئوينىلىپ بولۇپ قويۇپ قويۇلغاندەك، ئۈستەل يۈزىگە قاپلانغان يېشىل سوكنا ئۈستىدە چېچىلىپ ياتاتتى.

پەقەت بىر ئېغىز ئۆيىگىلا بېرتۇچچونىڭ ھىكمەتلىك قولى تەگمىدى. بۇ ئۆي ئىككىنچى قەۋەتنىڭ سول چېتىگە جايلاشقان بولۇپ، بۇ يەرگە چوڭ پەلەمپەي ئارقىلىق چىقىپ كەلگىلى ۋە مەخپىي پەلەمپەي ئارقىلىق چىقىپ كەتكىلى بولاتتى. بۇ ئۆينىڭ ئالدىدىن خىزمەتكارلار ئۆتسە قىزىقىش بىلەن، بېرتۇچچو ئۆتسە قورقۇنچ بىلەن قارايتتى.

سائەت توپتوغرا بەش بولغاندا گراف ئەلىنى ئەگەشتۈرۈپ ئوتېلدىكى ئۆيىگە كەلدى. بېرتۇچچو ئۇنىڭ كېلىشىنى تەشۋىشلىنىپ كۈتۈپ تۇرغانىدى. ئۇ، گرافنىڭ ماختىشىدىن ئۈمىد كۈتەتتى، شۇنداقلا ئۇنىڭ قاپىقىنىڭ تۈرۈلۈپ قېلىشىدىن قورقاتتى.

مونتې - كرىستو پەيتۇندىن چۈشۈپ، بىنانىڭ ئەتراپىنى ۋە باغ ئىچىنى ئايلىنىپ چىقتى. بۇ جەرياندا ئۇ ئاغزىدىن بىر ئېغىز سۆزنىمۇ چىقارمىدى، يا رازى بولغانلىقىنى، يا رازى بولمىغانلىقىنى ئىپادىلىمىدى. پەقەت ئۆزىنىڭ ياتاق ئۆيىگە كىرگەندىلا ئۇ ئاچ قىزىل رەڭدە سىرلانغان بىر كىچىككىنە ئىشكاپچاقنى قولى بىلەن كۆرسەتتى.

— بۇنىڭغا پەقەت پەلەي سېلىشقىلا بولىدىكەن، — دېدى ئۇ.

— دۇرۇس جانابلىرى، دۇرۇس، — دېدى بېرتۇچچو



خۇشال بولۇپ، — ئىچىپ كۆرۈڭ، ئۇنىڭغا پەلەيلەر سېلىنغان.

باشقا ئىشكاپچاقلاردىمۇ گراف ئۆزىنىڭ ئويلىغان نەرسىلىرىنى كۆردى: ئەتىر قۇتىلىرى، تاماكىلار، زىننەت بۇيۇملىرى.

— ياخشى! — دېدى ئۇ ئاخىرى.

بېرتۇچچو چىن قەلبىدىن شادلانغان ھالدا چىقىپ كەتتى. بۇ گرافنىڭ ئۆز ئەتراپىدىكىلەرگە بولغان تەسىرى شۇ قەدەر زور ۋە كۈچلۈك ئىدى.

سائەت توپتوغرا ئالتە بولغاندا دەرۋازا ئالدىدا ئات تۇياقلىرىنىڭ تاۋۇشى ئاڭلاندى. موررېل ئۆزىنىڭ مېدېئاسىغا مىنىپ كەلگەنىدى. مونتې - كرىستو ئىشىك ئالدىغا چىقىپ، ئۇنى خۇش تەبەسسۇم بىلەن قارشى ئالدى.

— مەن بىرىنچى بولۇپ كەلگەنلىكىمگە ئىشىنىمەن، — دەپ ۋارقىرىدى ئۇنىڭغا موررېل، — باشقىلار يىغىلىپ بولغۇچە سىز بىلەن بىر مىنۇت بولسىمۇ ئايرىم سۆزلىشىۋالاي دەپ ئالدىراپ كەلدىم. ژيۇلى بىلەن ئېممانۇئېل سىزگە مىڭلارچە سالاملارنى يوللىدى. پاھ، ھويلىڭىز بەكمۇ ھەشەمەتلىك ئىكەن! گراف، ئادەملىرىڭىز مېنىڭ ئېتىمغا ياخشىراق قاراپ قويارمۇ؟

— خاتىرجەم بولۇڭ، قەدىرلىك ماكسىمىلىئان، ئۇلار ئۆز ئىشىنى بىلىدۇ.

— بۇ ئاتنى ئوبدانراق سۈرتۈپ، تازىلاپ قويۇش كېرەك. ھەي، ئۇنىڭ قانداق چېپىپ كەلگەنلىكىنى بىر كۆرگەن بولسىڭىز ئىدى! خۇددى قۇيۇنىڭ ئۆزى!

— شۇنداق بولمايچۇ، 5000 فرانكقا توختىغان ئات - تە! — دېدى مونتې - كرىستو، ئاتىسى ئوغلىغا سۆزلەۋاتقان ئاھاڭدا.

— بۇ ئاتنى ماڭا بېرىپ قويغانلىقىڭىز ئۈچۈن ئېچىنامسىز؟ — سورىدى موررېل ئۆزىگە خاس ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن كۈلۈمسىرەپ.

— مەن؟ خۇدايىم ساقلىسۇن! — دېدى گراف، — ياق. ئەگەر بۇ ئات ناچار چىقىپ قالغان بولسا ئېچىنغان بولاتتىم.

— بۇ شۇنداق ياخشى ئاتكى، قەدىرلىك گراف، فرانسىيە بويىچە داڭلىق ئات ھەۋەسكارى بولغان شاتو - رېنومۇ، ۋازارەتتىكى ئەرەب ئاتلىرىنى ئىشلىتىۋاتقان دېبرېمۇ ماڭا يېتەلمەي، ھازىر يول ئۈستىدە قالدى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن بارون خانىم دانگلارمۇ ئۆزىنىڭ سائەتتە ئالتە لىي يول باسالايدىغان ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ.

— ئەمىسە، ئۇلار ھازىر يېتىپ كېلىدىكەن - دە؟ — سورىدى مونتې - كرىستو.

— ھەئە. ھە، مانا، ئۇلارمۇ كەلدى.

دەرۋەقە، دەرۋازا يوغان ئېچىلىپ، ئىككى ئات قوشۇلغان بىر پەيتون ۋە يەنە ئىككى ئاتلىق كىشى كىرىپ كەلدى. قارا تەرگە چۆمگەن بۇ ئاتلار قاتتىق ھاسىراپ تۇراتتى. پەيتون ۋە ئۇنىڭ كەينىدىن ئىككى چەۋەنداز ئەگىلىپ كېلىپ، بىنانىڭ ئىشىكى ئالدىدا توختىدى.

دېبرې چەبدەسلىك بىلەن ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ، پەيتۇننىڭ ئىشىكىنى ئاچتى - دە، بارون خانىمغا قولىنى بەردى. بارون خانىم پەيتۇندىن چۈشۈۋېتىپ، غىل - پاللا بىر ھەرىكەت قىلدىكى، ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى مونتې - كرىستودىن باشقا ھېچكىم بايقىمىدى. كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بولۇپ ئۆتكەن بۇ ئىش گرافنىڭ نەزەرىدىن ساقىت بولالمىدى. ئۇ شۇنى كۆردىكى، خەت يېزىلغان كىچىككىنە بىر پارچە قەغەز دانگلار خانىمنىڭ قولىدىن كۆپ مەشىق بولۇپ كەتكەن چاققانلىق بىلەن دېبرېنىڭ قولىغا ئۆتتى.

ئايالىنىڭ كەينىدىن بانكىرنىڭ ئۆزىمۇ چۈشتى. ئۇنىڭ چىرايى شۇنداق قانسىز ئىدىكى، گويا ئۇ پەيتۇندىن ئەمەس، گۆردىن چىقىپ كەلگەندەك تۇيۇلاتتى.



دانگلار خانىم يالغۇز مونتې - كرىستوغىلا چۈشىنىشلىك بولغان خۇپپىيانىلىك بىلەن ھويلا، ئىشىك ۋە بىناغا ئىتتىك كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. ئەگەر ئۇنىڭ يۈزىنىڭ تاتىرىش ئىقتىدارى بولغان بولسا، شۇ تاپتىكى يېنىككىنە ھاياجانلىنىشى چوقۇم چىرايىدا ئەكس ئەتكەن بولاتتى. ۋەھالەنكى، دانگلار خانىم ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، پەلەمپەيدىن چىقتى - دە، مورىېلغا قاراپ سۆزلىدى:

— ئەپەندىم، ئەگەر سىز مېنىڭ دوستۇم بولغان بولسىڭىز، ئېتىڭىزنى ساتامسىز دەپ سوراپ باققان بولاتتىم.

مورىېل ئۆزىنى كۈلۈمسىرەشكە زورلىغان بولسىمۇ، چىرايى كۈلۈمسىرەشكە ئوخشىمايدىغان بىر خىل قىياپەتتە پۈرۈشۈپ كەتتى. ئۇ، بۇنداق ئوڭايسىزلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن مونتې - كرىستودىن ياردەم سورىغاندەك قىلىپ، ئۇنىڭغا قاراپ قويدى.

گراف ئۇنى چۈشەندى.

— خانىم، — دېدى ئۇ، — بۇ سوئالىڭىزنى نېمە ئۈچۈن مەندىن سورىمايسىز؟

— سىزگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارغا كەلگەندە، گراف، — دېدى بارون خانىم، — ئادەم ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان بىرەر نەرسىنى تىلغا ئېلىشتىن ئەيمىنىدۇ، چۈنكى سىز ھەر قانداق نەرسە بولسىمۇ ئايىماي بېرىۋېتىسىز. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن مورىېل ئەپەندىگە مۇراجىئەت قىلدىم.

— ئەپسۇسكى، — دېدى گراف، — بۇ سوئالىڭىزغا مەن جاۋاب بېرەي. مورىېل ئەپەندى ئېتىنى ساتمايدۇ. بۇ ئاتنى ئۆز قولىدا تۇتۇش ئۇنىڭ شەنىگە بېرىپ تاقىلىدىغان مەسىلە.

— بۇ قانداق بولغىنى؟

— ئۇ، مېدېئانى يېرىم يىلغىچە كۆندۈرۈپ، ئۆگىتىپ چىقىشقا ھەسلەشكەنىكەن. شۇڭا، يېرىم يىل توشماي تۇرۇپ ئاتنى سېتىۋەتسە، بەسلىشىشتە ئۇتتۇرۇپ قويۇش بىلەنلا قالماي، بەلكى

ئۇنى چىدىمىدى دېگەن گەپ تارقىلدۇ. مەنغۇ سىزگە ئوخشاش چىرايلىق ئاياللارنى دۇنيادىكى ئەڭ قەدىرلىك نەرسىلەرنىڭ بىرى دەپ ھېسابلايمەن، ئەمما قەھرىمانلىق مېدالىغا ئىگە بولغان كاپىتان بىر ئايالنىڭ كۆڭلىنى دەپ، ئۆزىنىڭ كەينىدىن ئۇنداق گەپلەرنىڭ تارقىلىپ يۈرۈشىنى خالىمايدۇ.

— شۇ گەپ، بارون خانىم، — دېدى موررېل، گىرافقا مىننەتدارلىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ.

— ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۆزىڭىزنىڭ ئاتلىرىڭىزمۇ يېتىپ ئاشىدۇ، — دېدى دانگلار ۋە ئۆز تەلەپپۇزىدىكى سوغۇقلۇقنى يوشۇرۇش ئۈچۈن يالغاندىن كۈلۈپ قويدى.

دانگلار خانىمنىڭ بۇنداق قارشى پىكىرلەرگە سۈكۈت قىلىپ تۇرىدىغان ئادىتى يوق ئىدى، لېكىن بۇ قېتىم ئۇ ھەممەيلەننى ھەيرەتتە قالدۇرۇپ، دانگلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىماسقا سېلىۋالدى ۋە ھېچقانداق جاۋاب قايتۇرمىدى.

مونتې - كرىستو ئارىغا چۈشكەن قولايسىز جىمىلىقنى بۇزۇش ئۈچۈن كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، بارون خانىمغا جۇڭگو پار - پۇردىن ياسالغان يوغان ئىككى تەشتەكنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. بۇ تەشتەكلەرگە چۈشۈرۈلگەن دېڭىز ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ شەكىللىرى شۇنچىلىك نەپىس ۋە جانلىق ئىدىكى، بۇنى خۇددى تەبىئەت ئۆز قۇدرىتى بىلەن ياراتقاندەك تۇيۇلاتتى.

بارون خانىم زوق - ھەۋىسىنى باسالماي قالدى.

— بۇ تەشتەكتە تيۇئىلرىنىڭ كاشتان دەرىخىنىمۇ ئۆستۈرگىلى بولىدىكەن! — دېدى ئۇ، — بۇنداق يوغان تەشتەكلەرنى قانداقمۇ ياساپ چىققاندۇ؟

— خانىم، — دېدى مونتې - كرىستو، — بىزگە ئوخشاش كىچىك ھەيكەللەر ۋە داكىدەك نېپىز ئەينەكلەرنى ياسايدىغان كىشىلەر سىزنىڭ بۇ سوئالىڭىزغا جاۋاب بېرەلىشى مۇم-



كىنمۇ؟ بۇ، ئۆتكەن ئەسىرلەرنىڭ ھۈنىرى. مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، بۇلارنى يەر ۋە دېڭىز ئىلاھلىرى ياسىغان دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

— ھە؟ ئەمىسە بۇلار تەخمىنەن قايسى دەۋرگە تەئەللۇق؟

— بۇنى بىلمەيمەن. مەن پەقەت مۇنداق بىر رىۋايەتنى ئاڭلىغان. قايسىدۇر بىر جۇڭگو خاقانى ئالاھىدە بىر خىل خۇمدان ياساتقانىكەن. شۇ خۇمداندا مۇشۇنداق تەشتەكتىن 12 سى پىشۇرۇلۇپ ياسالغانىكەن. ئۇلاردىن ئىككىسى ئوتتا قاقلاشتا يېرىلىپ كېتىپتۇ. قالغان ئون تەشتەك 300 ساژېن چوڭقۇرلۇقتىكى دېڭىز تەكتىگە چۈشۈرۈلۈپتۇ. دېڭىز ئۆزىدىن نېمىنىڭ تەلەپ قىلىنىۋاتقانلىقىنى بىلگەچكە، بۇ تەشتەكلەرنى دېڭىز ئۆسۈملۈكلىرى بىلەن قاپلاپ، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئارا - ئارىسىغا مارجان ۋە قۇلۇلە قاپلىرىنى تولدۇرۇپتۇ. ئاردىن ئۆتكەن ئىككى ئەسىر ۋاقىت بۇلارنىڭ ھەممىسىنى دېڭىز تېگىدە بىر - بىرىگە چاپلاپ بىرلەشتۈرۈۋېتىپتۇ. چۈنكى بۇ تەجرىبىنى ئويلاپ تاپقان خاقان بىر قېتىملىق ئىنقىلابتا ئاغدۇرۇلۇپ تاشلىنىپتۇ. ئۇنىڭدىن بۇ تەشتەكلەر ياسىلىپ، دېڭىز تەكتىگە چۈشۈرۈلگەنلىكى ھەققىدە يېزىلغان بىر خاتىرە قالغانىكەن. 200 يىل ئۆتكەندە شۇ خاتىرە تېپىلىپتۇ ۋە تەشتەكلەرنى چىقىرىۋېلىش قارار قىلىنىپتۇ. ئالاھىدە ئەسۋابلار بىلەن تەمىنلەنگەن غەۋۋاسلار تەشتەكلەر دېڭىزغا چۈشۈرۈلگەن يەردىن سۇغا چۈشۈپ، ئىزدەشكە كىرىشىپتۇ. لېكىن ئون تەشتەكتىن ئاران ئۈچى تېپىلىپتۇ. باشقىلىرىنى دولقۇنلار ئېقىتىپ، سۇندۇرۇۋەتكەنىكەن. مەن بۇ تەشتەكلەرنى ياخشى كۆرىمەن. بۇلارغا قارىسام، پەقەت غەۋۋاسلارلا كۆرەلىشى مۇمكىن بولغان، كىشىنىڭ قورققۇسىنى كەلتۈرىدىغان، سىرلىق ۋە غەلىتە دېڭىز مەخلۇقلىرى بۇ تەشتەكلەرنىڭ ئىچىگە نۇرسىز كۆزلىرى بىلەن سۈرلۈك قىياپەتتە قاراۋاتقانلىقىنى، نۇرغۇنلىغان ئۇششاق

بىلىقلار ئۆز دۈشمەنلىرىدىن قېچىپ، مۇشۇ تەشتەكلەرنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغانلىقىنى كۆرگەندەك بولىمەن.

ئاسارئەتىقىلەرگە ھەۋەس قىلمايدىغان دانگلار بۇ ئارىدا چىرايلىق ئۆسكەن بىر ئاپېلسىن دەرىخىنىڭ يوپۇرماقلىرىنى بىر-بىرلەپ ئۈزۈش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتاتتى. ئاندىن ئاپېلسىننى تاشلاپ، كاكتۇسقا تېگىش قىلدى، ئەمما كاكتۇس ئانچە كۆڭۈللۈك بولمىغاچقا، ئۇنىڭ قولىغا تىكىنىنى سانجىۋەتتى. ئۇ دەرھال قولىنى تارتىۋالدى-دە، خۇددى ئەمدىلا ئۇيقۇسى ئېچىلغاندەك، كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ قويدى.

— بارون، — دېدى مونتې-كرىستو ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرەپ قاراپ، — مەن سىزگە ئوخشاش سەنئەتنى قەدىرلىگۈچى ۋە شۇنداق نادىر رەسساملىق ئەسەرلىرىگە ئىگە بولغان كىشىگە ئۆزۈمنىڭ رەسىملىرىمنى كۆرسىتىشتىن خىجىل بولىمەن، شۇنداق بولسىمۇ، مانا بۇ گوببېم سىزغان ئىككى رەسىم، مانا بۇلار پائول پوتتېر بىلەن مىرىسنىڭ رەسىملىرى، بۇ ئىككىسى بولسا، گېرارد دوئۇنىڭ، بۇلار رافائېل، ۋان-دېيىك ۋە سۇربارانلارنىڭ، بۇ ئاخىرقى ئىككى-ئۈچ پارچە رەسىمنى بولسا، مۇرىلئو سىزغان. مۇشۇ رەسىملەرنى سىزگە كۆرسىتىشكە ئەرزىيدۇ دەپ ئويلايمەن.

— گوببېمنىڭ مۇنۇ رەسىمنى مەن كۆرگەنىدىم، — دېدى دېبرې.

— ھە، شۇنداقمۇ؟

— بۇ رەسىمنى مۇزېيغا ساتماقچى بولۇشقانىدى.

— ئۇ يەردە گوببېمنىڭ بىرمۇ رەسىمى يوققۇ دەيمەن؟ — سورىدى مونتې-كرىستو.

— يوق. شۇنداق تۇرۇقلۇق مۇزېي ئۇنى سېتىۋالمىدى.

— نېمىشقا؟ — سورىدى شاتو-رېنو.



— ئەجەبمۇ ساددا ئىكەنسىز. ھۆكۈمەتنىڭ ئۇنى سېتىۋالغۇدەك پۇلى يوق-تە.

— ئەپۇ قىلىڭ! — دېدى شاتو-رېنو، — سەككىز يىلدىن بېرى ھەر كۈنى دېگۈدەك مۇشۇنداق گەپلەرنى ئاڭلاۋاتىمەن، لېكىن شۇنداق بولۇشىغا زادى ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ.

— ئاستا-ئاستا ئىشىنىسىز، — دېدى دېبرې.

— ھەي تاڭ، — دېدى شاتو-رېنو.

— مايور بارتولومېئو كاۋالكانتى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئاندرېئا كاۋالكانتى كەلدى! — دەپ خەۋەر قىلدى باتىستىن.

بىزگە تونۇش بولغان كۆيۈمچان ئاتا — مايور بارتولومېئو كاۋالكانتى كىرىپ كەلدى. ئۇ يېپيېڭى قارا گالستۇك تاقىغان، ساقىلىنى پاكىز قىرىۋەتكەن بولۇپ، بۇرۇتىغا ئاق سانجىغان ۋە كۆزلىرىنىڭ قاراشلىرى كەسكىن ئىدى. ئۈچىسىغا ھەربىيچە كىيىم كىيگەن، كۆكرىكىگە ئۈچ يۇلتۇز ۋە بەش كرېست مېدالىنى تاقىغان بولۇپ، ئۇنىڭ پېشقەدەم ھەربىيلەرگە خاس قىياپىتىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى. خۇددى شۇنداقلا بىزگە تونۇش بولغان ئەدەبلىك ئوغۇل ئاندرېئا كاۋالكانتى يېڭى تىكىلگەن كىيىم كىيگەن ۋە كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ئاتىسىنىڭ يېنىدا تۇراتتى.

موررېل، دېبرې ۋە شاتو-رېنو ئۆزئارا پاراڭلىشىپ تۇرغان بولسىمۇ، كۆزلىرى بۇ ئاتا بىلەن ئوغۇلدا ئىدى. ئۇلار بولۇپمۇ ئوغۇلغا بېشىدىن ئايىغىچە سەپسىلىپ قاراشتى.

— كاۋالكانتى! — دەپ قويدى دېبرې.

— چىرايلىق ئىسىم ئىكەن! — دېدى موررېل.

— شۇنداق، — دېدى شاتو-رېنو، — ئىتالىيانلار چىرايلىق ئىسىملارنى تاللايدۇ، ئەمما چىرايلىق كىيىنىشنى بىلمەيدۇ.

— تۇخۇمدىن تۆك ئۈندۈرمەك، شاتو - رېنو، — ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلمىدى دېبرې، — ئۇنىڭ كىيىمى ياخشى تىكىلگەن ۋە يېڭى ئىكەنغۇ.

— شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن كۆزۈمگە سىڭمەيۋاتىدۇ. بۇ جاناب بۇنداق كىيىملەرنى ئۆمرىدە بىرىنچى قېتىم كىيگەندەك كۆرۈنىدۇ.

— بۇ جانابلار كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى دانگلار مونتې - كرىستودىن.

— ئۆزىڭىز ئاڭلىدىڭىزغۇ، كاۋالكانتى.

— بۇ ئىسىمغۇ. ئىسىمغا قاراپ بىر نەرسىنى بىلگىلى بولمايدۇ - دە.

— ھە، راست، سىز بىزنىڭ ئىتاليان ئاقسۆڭەكلىرىمىزنى پەرقلەندۈرۈشنى بىلمەيسىز. «كاۋالكانتى» دېگەنلىك، مۆتىۋەر دېگەنلىكنى بىلدۈرىدۇ.

— ئۇ بەك بايمۇ؟ — سورىدى بانكىر.

— چۆچەكلەردىكىدەك باي.

— ئۇلار نېمە ئىش قىلىدۇ؟

— بايلىقىنى يەپ تۈگىتەلمەيۋاتىدۇ. ئۇلار سىزنىڭ بانكىڭىزدىن سەرمايە ئالماقچى. ئۇلار ئۈچ كۈن ئىلگىرى مېنىڭ ئۆيۈمگە كەلگەندە شۇنداق دېگەنىدى. شۇڭا، سىزنى دەپ ئۇلارنى تەكلىپ قىلغانىدىم. ھازىر ئۇلارنى سىزگە تونۇشتۇرۇپ قويىمەن.

— ئۇلار فرانسۇزچىنى بەك راۋان سۆزلەيدىكەنغۇ، — دېدى دانگلار.

— ئۇ يىگىت مارسېلدىمۇ ياكى ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بىر يەردىمۇ، ئىش قىلىپ جەنۇبىي فرانسىيىدە تەربىيىلەنگەنىكەن، ئۇ ھازىر زوقىنى باسالماي يۈرۈۋاتىدۇ.

— نېمىدىن زوقلىنىدۇ؟ — دەپ سورىدى بارون خانىم.



— فرانسۇز قىزلىرىدىن، خانىم. ئۇ، پارىژلىق قىزلاردىن بىرىگە ئۆيلىنىشنى بەك ئارزۇ قىلىدىكەن.

— ھىم، قالتىس ئارزۇسى بار ئىكەن! — دەپ قويدى دانگلار مۈرىلىرىنى قىسىپ.

دانگلار خانىم ئېرىگە شۇنداق بىر قارىدىكى، باشقا چاغلاردا بولسا بۇنداق قاراشتىن بوران چىقىپ كەتكەن بولار ئىدى، لېكىن بۇ قېتىممۇ گېپىنى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى.

— بۈگۈن بارونىنىڭ كۆڭلى جايىدا ئەمەستەك كۆرۈنىدۇ، — دېدى مونتې - كرىستو دانگلار خانىمغا. — ئۇنى مىنىستىرلىككە ئۆستۈرمەكچى بولۇشتىمۇ — قانداق؟

— بىلىشىمچە، تېخى ئۇنداق گەپ يوق. ئۇ بىر قېتىملىق سودا ئويۇنىدا ئۇتتۇرۇپ قويۇپتۇ. شۇڭا، ئاچچىقىنى باسالماي يۈرىدۇ.

— ۋىلفور ئەپەندى بىلەن ۋىلفور خانىم كەلدى، — دەپ ئېلان قىلدى باتىستېن.

خانلىق مۇپەتتىش ئايالى بىلەن بىرلىكتە خانە ئىچىگە كىرىپ كەلدى. ۋىلفور ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا ھەرقانچە تىرىشقان بولسىمۇ، ھاياجانلانغانلىقى ئېنىق سېزىلىپ تۇراتتى. مونتې - كرىستو ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندە ئۇنىڭ قولىنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى سەزدى. دانگلار خانىم خانلىق مۇپەتتىشكە كۈلۈمسىرەپ قاراپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئايالى بىلەن قۇچاقلىشىپ سۆيۈشتى. مونتې - كرىستو ئۇلارغا قاراپ ئۆز ئىچىدە «دېگەندەك، ئاياللار چاندۇرماسلىققا ئۇستا ئىكەن - دە» دەپ ئويلىدى.

ھەممەيلەن كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن گراف بېرتۇچچونىڭ مېھمانلار يىغىلغان ئۆيىنىڭ يېنىدىكى بۆلمىگە كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ يېنىغا چىقتى.

— سىزگە نېمە كېرەك، بېرتۇچچو؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— جانابلىرى، كېلىدىغان مېھمانلارنىڭ سانىنى ماڭا ئېيتمىغانىدىڭىز.

— ھە، راست.

— تائامنى قانچە كىشىگە تەييارلاش كېرەك؟

— ئۆزىڭىز ساناپ بېقىڭ.

بىرتۇچچو قىيا ئوچۇق تۇرغان ئىشىكتىن قارىدى. مونتې-كرىستو ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدى.

— ۋاي خۇدايىم! — دەپ خىتاب قىلدى بىرتۇچچو.

— نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى گراف.

— ئۇ ئايال... ئۇ ئايال...

— قايسى ئايال؟

— ئاۋۇ، برىليانت بېزەكلەرنى تاقىۋالغان، ئاق كۆڭلەك كىيگەن... ئاق - سېرىق ئايال...

— دانگلار خانىمنى دەمسىز؟

— ئۇنىڭ ئىسمىنى بىلمەيمەن. لېكىن ئۇ، شۇ، تەقسىر، شۇ ئايال!

— «شۇ ئايال» دېگىنىڭىز كىم ئۇ؟

— مەن باغدا كۆرگەن ئايال! ھېلىقى ھامىلدار ئايال! ھېلىقى ... باغقا چىقىپ، ھېلىقى كىشىنى كۈتكەن... كۈتكەن...

بىرتۇچچو تامدەك تاتىرىپ كېتىپ، ئاغزىنى ئاچقان پېتى جىمىقىپ قالدى.

— كىمنى كۈتكەن؟

بىرتۇچچو ئۈنچىقماستىن، كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ۋىلفورنى كۆرسەتتى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى بەئەينى ماكبېتنىڭ بانكونى كۆرسەتكەن ھەرىكىتىگە ئوخشاپ كەتتى.

— ئاھ، خۇدا، — دەپ پىچىرلىدى ئۇ ئاخىرى، — كۆردىڭىزمۇ؟



— قېنى؟ كىمنى؟

— ئۇنى!

— ئۇنى؟ جانابىي خانلىق مۇپەتتىش ۋىلفورنى دەمسىز؟ ئەلۋەتتە، ئۇنى كۆرۈۋاتىمەن.

— مەن ئۇنى ئۆلتۈرەلمىگەن ئىكەنمەن - دە!

— ماڭا قارىڭا، قەدىرلىك بىرتۇچچو، ئەقلىڭىزدىن ئېزىپ قالدىڭىزمۇ؟ — دېدى گراف.

— ئۇ ئۆلمىگەنىكەن - دە!

— ياق! ئۆزىڭىز كۆرۈۋاتىسىزغۇ، ئۇ ئۆلمىدى. سىز يۇرتداشلىرىڭىزنىڭ ئادىتى بويىچە خەنجەرنى ئۇنىڭ سول بېقىنىدىكى ئالتىنچى ۋە يەتتىنچى قوۋۇرغىلىرىنىڭ ئارىسىغا تىقماستىن، سەل ئۈستىگىرەك ياكى سەل ئاستىغىراق تۇرغان ئوخشايسىز. ھە، بۇ سوتچىلار ئاسان ئۆلمەيدىغان خەق. ياكى توغرىسىنى ئېيتقاندا، بۇ ھەقتە ماڭا سۆزلەپ بەرگەنلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى يالغان، توقۇپ چىققان گەپلەر، ئۆزىڭىزنىڭ ئارزۇيىڭىز بولۇشى مۇمكىن. قىساس ئېلىش ئويىڭىزنى ئوبدان ھەزىم قىلماي تۇرۇپ ئۇخلاپ قالغان بولسىڭىز، ئۇ قىساس ئاشقازىنىڭىزغا تەسىر كۆرسىتىپ، قارا بېسىپ قالغاندۇر. ھە، بولدى، ئېسىڭىزنى يىغىۋېلىپ، ئۇلارنى ساناپ بېقىڭ. ئەر - خوتۇن ۋىلفورلار — ئىككى، ئەر-خوتۇن دانگلار — تۆت. شاتو - رېنو، دېبرې، موررېل — يەتتە، مايور كاۋالكانتى — سەككىز.

— سەككىز، — دەپ تەكرارلىدى بىرتۇچچو.

— توختاڭ، توختاڭ! — نېمە ئانچە ئالدىرايسىز! يەنە بىر مېھماننى سانىمىدىڭىز. سول تەرەپكىرەك قاراڭا... ئەنە... ئاندرېئا كاۋالكانتى ئەپەندى، قارا چاپان كىيگەن، بۆۋى مەريەمنىڭ رەسىمىگە قاراپ تۇرغان يىگىت. مانا، ئۇ بۇياققا قارىدى.

بۇ قېتىم بىرتۇچچو ۋارقىراپ تاشلاشقا تاس قالدى، ئەمما مونتې - كرىستونىڭ سۇرلۇك كۆزلىرىگە قاراپ، لېۋىنى چىشلىۋالدى.

— بىنىدىتتو! — دەپ پىچىرلىدى ئۇ ئاۋازىنى ئاران چىقىرىپ، — بۇ بىر قىسمەت!

— سائەت ئالتە يېرىم بولدى، بىرتۇچچو ئەپەندى، — دېدى گراف جىددىيلىك بىلەن، — تائام تارتىشقا بەلگىلەنگەن ۋاقىت توشتى. ۋاقىتقا رىئايە قىلماسلىقنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىمنى بىلىسىزغۇ.

مونتې - كرىستو شۇ گەپلەرنى ئېيتقاندىن كېيىن مېھمانلارنىڭ قېشىغا كىرىپ كەتتى. بىرتۇچچو قولى بىلەن تامغا تايانغان ھالدا ئاشخانا تەرەپكە ماڭدى. ئارىدىن بەش مىنۇت ئۆتكەندە مېھمان كۇتۇش ئۆيىنىڭ ھەر ئىككى ئىشىكى ئېچىلدى. بىرتۇچچو كىردى ۋە ۋاتېلغا① ئوخشاش ئەڭ ئاخىرقى غەيرىتىنى يىغىپ ئېلان قىلدى:

— جانابلىرى، تائام تەييار بولدى!

مونتې - كرىستو ۋىلفور خانىمغا قولىنى بەردى.

— ۋىلفور ئەپەندى، مەرھەمەت قىلىپ، دانگلار خانىمغا ھەمراھ بولغايسىز، — دېدى ئۇ.

ۋىلفور دانگلار خانىمغا قولىنى بەردى ۋە ھەممەيلەن تاماق يېيىش ئۆيىگە چىقىشتى.

---

① ۋاتېل — شاھزادە كوندېنىڭ غوجىدارى بولۇپ، بىر قېتىم شاھزادىنىڭ تائامىغا تەييارلانغان بېلىق دەل ۋاقتىغا ئۇلگۇرۇپ پىشمىغانلىقى ئۈچۈن قىلىچ بىلەن ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرىۋالغان.



# ئونىنچى باب

## زىياپەت

شۇ تاپتا مېھمانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىچكى ھېس - تۇيغۇلىرى ئوخشاش ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ گويا سېھىرلەنگەندەك مۇشۇ ئۆيدە جەم بولۇپ قالغانلىقىدىن تەئەججۇپلىنەتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھەتتا خاتىرجەمسىزلىنىۋاتقان بولسىمۇ، يەنىلا بۇ يەردىن كەتكۇسى كەلمەيتتى.

گراف بىلەن بولغان تونۇشلۇقنىڭ تېخى يېقىندىلا باشلانغانلىقى، ئۇنىڭ غەلىتە، يالغۇز تۇرمۇش كەچۈرۈشى ۋە خۇددى چۆچەكلەردىكىدەك ئاجايىپ بايلىقى ئەرلەرنى ئېھتىيات قىلىشقا ۋە ئاياللارنى ساھىبخان ئايال بولمىغان بۇ ئۆيگە كەلمەسلىككە مەجبۇر قىلىشى كېرەك ئىدى. ۋەھالەنكى، ئەرلەر ئېھتىياتىنى، ئاياللار قائىدە - يوسۇنلارنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇشتى. ئۇلارنىڭ قىزىقىشى ھەممىنى بېسىپ چۈشتى.

ھەتتا ھەر ئىككى كاۋالكانتىمۇ، ئاتىسى ھاكاۋۇر، ئوغلى ھاياسىز بولۇشىغا باقماي، قانداقتۇر بىر مۇددىئانى كۆڭلىگە پۈككەن بۇ ئادەمنىڭ ئۆيىدە ناتونۇش كىشىلەر بىلەن ئۇلپەت بولۇپ قالغانلىقىدىن تەمتىرەپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى.

دانگلار خانىم مونتې - كرىستونىڭ تەلىپى بويىچە ۋىلفورنىڭ ئۆزىگە قول بەرگەنلىكىنى كۆرگەندە ئىختىيارسىز ھالدا چۆچۈپ كەتتى. ۋىلفور بارون خانىمنىڭ قولى ئۆزىنىڭ بىلىكى ئۈستىگە چۈشكەنلىكىنى سەزگەندە، ئۇنىڭ ئالتۇن چەمبەرلىك كۆزەينىكىنىڭ ئارقىدىكى كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ كەتتى.

ھاياجانلىنىش ئالامەتلىرىدىن بىرىمۇ گرافنىڭ نەزەرىدىن

چەتتە قالمىدى. بۇ كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە قاراشلىرىمۇ سىرتتىن كۆزەتكۈچىگە بەك قىزىق تۇيۇلاتتى.

ۋىلفورنىڭ ئوڭ يېنىغا دانگلار خانىم، سول يېنىغا موررېل ئولتۇردى. گراف ۋىلفور خانىم بىلەن دانگلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئورۇن ئالدى. دېبرې ئاتا ـ بالا كاۋالكانتىلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا، شاتو ـ رېنو ۋىلفور خانىم بىلەن موررېلنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشتى.

داستىخان تولىمۇ ھەشەمەتلىك راسلانغانىدى.

مونتې ـ كرىستو پارىژنىڭ ئادەتلىرىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتىپ، مېھمانلارنىڭ ئىشتىيىنى ئېچىشتىن كۆرە، ئۇلارنىڭ قىزىقىشىنى يەنىمۇ ئۇلغايتىشنى ئويلايتتى. ئۇ، بەئەينى ئەرەب چۆچەكلىرىدىكى نازىنىنلارنىڭ زىياپىتىدەك شەرقچە زىياپەت تەييارلىغانىدى.

دۇنيانىڭ تۆت تەرىپىدىن ياۋروپاغا ھۆل ۋە شىرنىلىك پېتىچە يېتىپ كېلەلىشى مۇمكىن بولغان تۈرلۈك مېۋە ـ چېۋىلەر جۇڭگونىڭ ۋازىلىرى ۋە ياپونىيىنىڭ چىنە قاچىلىرىغا دۆۋىلەپ تىزىپ قويۇلغانىدى. قىممەتلىك قۇشلار ۋە يوغان بېلىقلار كۈمۈش تاۋاقلارغا سېلىنغانىدى. كىچىك ئاسىيا ۋە جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ھەرخىل شارابلىرى قىممەت باھالىق شىشىلەرگە قاچىلانغان بولۇپ، بۇ شىشىلەرنىڭ كۆركەملىكى شارابلارنىڭ مەززىلىك پۇرىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتكەندەك تۇيۇلاتتى. شارابلار، خۇددى ئاپىتسىينىڭ ① ئەيش ـ ئىشرەت ئەھلىگە ساقىيلىق قىلغىنىدەك، قەدەھلەرگە قۇيۇلۇپ، مېھمانلارنىڭ ئالدىغا بىر ـ بىرلەپ كەلتۈرۈلۈشكە باشلىدى. بۇ پارىژلىقلار ئون كىشىگە 1000 لۇيىدۇر چىقىم قىلىنىدىغان بۇنداق زىياپەتنى تېخى كۆرۈپ

① ئاپىتسىي — ئاۋغۇست ۋە تىۋېرىي دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر مەيخورۇش.



باقمىغانىدى. ئۇلار، ئۇلىچە ـ مەرۋايىت يەيدىغان كلېئوپاترا ياكى ئېرىتىلگەن ئالتۇن ئىچىدىغان مېدىچىدەك ئادەملەرلا بۇنداق زىياپەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ دەپ ئويلىشاتتى.

مونتې ـ كرىستو ھەممەيلەننىڭ تاڭ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، كۈلۈپ كەتتى ۋە چاقچاق قىلغان ئاھاڭدا سۆزلەشكە باشلىدى:

— جانابلار، — دېدى ئۇ، — شۇنداق بىر ئەھۋالغا دىققەت قىلدىڭلارمىكىن، تۇرمۇش پاراۋانلىقى مەلۇم دەرىجىگە يەتكەندىن كېيىن ئېھتىياجدىن سىرتقى نەرسىلەرمۇ زۆرۈرىيەتكە ئايلىنىدۇ، خۇددى شۇنداقلا ھۇزۇر ـ ھالاۋەتمۇ مەلۇم چەككە يەتكەندىن كېيىن ئادەم پەقەت غايىۋى نەرسىلەرگىلا ھەۋەس قىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ. بۇ پىكرىمگە خانىملار قوشۇلۇشى مۇمكىن. خوش، مۇشۇ پىكرىنى داۋاملاشتۇرايلى. مۆجىزە دېگەن نېمە؟ قولىمىزدىن كەلمەيدىغان ئىشلار مۆجىزە دەپ ئاتىلىدۇ، ئادەم ھەممىدىن بەك نېمىنى ئارزۇ قىلىدۇ؟ ئۆزى ئېرىشەلمىگەن نەرسىنى. مەن ئۆز ھاياتىمنى ئەنە شۇنداق كىشىلەرنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشلارنى قىلىشقا، ئېرىشكىلى بولمايدىغان نەرسىلەرگە ئېرىشىشكە بېغىشلىدىم. بۇنىڭ ئۈچۈن مەن مۇنداق ئىككى ئۇسۇلنى ئىشلىتىمەن: بىرى پۇل، يەنە بىرى ئىرادە. كۆڭلۈمگە پۈكۈپ قويغان ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا مەنمۇ خۇددى ھەر قايسىڭلارغا ئوخشاشلا تىرىشچانلىقىمنى جارى قىلدۇرىمەن. سىلەرمۇ شۇنداق قىلىسىلەرغۇ، مەسىلەن، دانگلار ئەپەندى تۆمۈر يول لىنىيىسىنى قۇرۇشتا، ۋىلفور ئەپەندى بىر ئادەمگە ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىشتا، سىز، دېبرې بىرەر مەملىكەتنى ئەيىۋەشكە كەلتۈرۈشتە، سىز، شاتو ـ رېنو ئاياللارنىڭ قەلبىنى بويسۇندۇرۇشتا، سىز، موررېل ھېچقانداق ئادەم مىنەلمەيدىغان ئاتنى كۆندۈرۈشتە ئەنە شۇنداق تىرىشچانلىق بىلەن ئىش كۆرىسىلەر. ھە، مانا ماۋۇ ئىككى بېلىققا قاراڭلارچۇ، بۇلارنىڭ بىرى پېتىربۇرگقا 50 لىيې

كېلىدىغان يەردە، يەنە بىرى دېنتاپولغا بەش لىي كېلىدىغان يەردە تۇرەلگەن. بۇ ئىككى بېلىقنى بىر شىرەگە قويۇش قىزىقارلىق ئەمەسمۇ ـ ھە؟

ـــ قانداق بېلىقلار بۇ؟ ـــ سورىدى دانگلار.

ـــ مانا، شاتو ـ رېنو روسسىيىدە ياشىغان، ئۇ سىزگە بىر بېلىقنىڭ نامىنى ئېيتىپ بېرىدۇ، ـــ دېدى مونتې ـ كرىستو، ـــ مايور كاۋالكانتى بولسا، ئىتالىيىلىك، ئۇ سىزگە يەنە بىر بېلىقنىڭ نامىنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

ـــ مېنىڭچە، بۇ ستېرلياد بېلىقى بولسا كېرەك، ـــ دېدى شاتو ـ رېنو.

ـــ تامامەن توغرا.

ـــ بۇ بېلىق، ئەگەر خاتالاشمىسام، مىنوگا بولسا كېرەك، ـــ دېدى كاۋالكانتى.

ـــ دەل شۇنىڭ ئۆزى. قېنى، بارون، ئەمدى بۇ بېلىقلارنىڭ ماكانىنى سوراڭ.

ـــ ستېرلياد بېلىقلىرى ۋولگىدىن باشقا يەردە بولمايدۇ، ـــ دېدى شاتو ـ رېنو.

ـــ بۇنداق يوغان مىنوگا بېلىقلىرىنىڭ فۇزارو كۆلىدىن باشقا يەردە بولىدىغانلىقىنى ئاڭلىمىغانىدىم، ـــ دېدى كاۋالكانتى.

ـــ شۇنداق، توغرا. بۇلارنىڭ بىرى ۋولگىدىن، يەنە بىرى فۇزارو كۆلىدىن كەلتۈرۈلگەن.

ـــ مۇمكىن ئەمەس! ـــ بارلىق مېھمانلار بىر ئېغىزدىن خىتاب قىلىشتى.

ـــ شۇنداق بولغانلىقىدىن ھوزۇرلىنىمەن، ـــ دېدى مونتې ـ كرىستو، ـــ مەن، نېرونغا ئوخشاش مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلارنى قىلىدىغان ئادەم. سىلەرمۇ ھوزۇرلانغانسىلەر؟ بۇ بېلىقلار بەلكىم ئوكسۇن ياكى لوسوس بېلىقلىرىغا يەتمەسلىكى



مۇمكىن، ئەمما كىشىنىڭ ھەۋىسىنى قوزغايدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ بۇ داستىخاندا بولۇشى ئادەتتىن تاشقىرى ئىش.

ـــ بۇ بېلىقلار پارىژغا قانداق قىلىپ ئېلىپ كېلىندى؟

ـــ بۇ بەك ئاسان. ئۇلار يوغان ئىككى تۇڭدا ئېلىپ كېلىندى. بۇ تۇڭلاردىن بىرىگە دەريا ئۆسۈملۈكلىرى بىلەن قومۇش سېلىنغان، يەنە بىرىگە كۆل ئۆسۈملۈكلىرى بىلەن شېكەر قومۇش سېلىنغان بولۇپ، ھەر ئىككى تۇڭ مەخسۇس ياسالغان ھارۋىلارغا ئورنىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ستېرلياد 12 كۈن، مىنوگا سەككىز كۈن يول يۈرۈپ، ساق ـ سالامەت ھالدا ئاشپىزىمنىڭ قولىغا يېتىپ كەلدى. ئاندىن، ئاشپەز ئۇلارنىڭ بىرىنى سۈتكە چىلاپ، يەنە بىرىنى مەيگە چىلاپ پىشۇردى. بۇنىڭغا ئىشەنمەمسىز، دانگلار؟

ـــ ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ، ـــ دېدى دانگلار ئۆزىنىڭ يالغان كۈلكىسى بىلەن.

ـــ باتىستېن، ـــ دېدى مونتې ـ كرىستو، ـــ ھېلىقى تىرىك ستېرلياد ۋە مىنوگا بېلىقلىرى سېلىنغان تۇڭلارنى ئەكىرىڭلار.

دانگلارنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى، قالغانلار چاۋاك چېلىپ كەتتى. تۆت مالاي سۇ ئۆسۈملۈكلىرى سېلىنغان ئىككى تۇڭنى كۆتۈرۈپ كىرىشتى. ھەربىر تۇڭدا داستىخانغا قويۇلغان ئىككى خىل بېلىقنىڭ بىرى پىلتىڭلاپ تۇراتتى.

ـــ نېمە ئۈچۈن بىر خىل بېلىقتىن ئىككىسى بار؟ ـــ دەپ سورىدى دانگلار.

ـــ چۈنكى ئۇلاردىن بىرى ئۆلۈپ قېلىشى مۇمكىن ـ دە، ـــ دېدى مونتې ـ كرىستو.

ـــ سىز ھەقىقەتەن ئاجايىپ ئادەم ئىكەنسىز! ـــ دېدى دانگلار، ـــ پەيلاسوپلار نېمە دېسە دېسۇن، يەنىلا باي بولۇش ياخشى.

— ئەڭ مۇھىمى، كەشپىياتچى بولۇش ياخشى، — دانگلار خانىم ئۇنىڭ سۆزىگە لوقما سالدى.

— بۇنى مېنىڭ كەشپىياتىم دېيىشكە بولمايدۇ، بارون خانىم. قەدىمكى رىملىقلار شۇنداق قىلاتتىكەن. پىلنىنىڭ بايانىدىن قارىغاندا، بىرنەچچە تۈركۈم قۇللار بېلىقلارنى بېشىدا كۆتۈرۈپ ۋە يول بويى نۆۋەتلىشىپ، ئوستىيەدىن رىمغا ئېلىپ كېلىدىكەن. پىلنىي ئۇ بېلىقلارنى «مۇلۇس» دەپ ئاتىغان. ئۇنىڭ تەسۋىرىدىن قارىغاندا، بۇ دورادا بېلىقى بولسا كېرەك. بۇنداق بېلىقلارنى تىرىك پېتىچە ئەكېلىشنىڭ يەنە بىر ئەۋزەللىكى بار ئىدى. ئۇ بولسىمۇ، بۇ بېلىق ئۆلۈش ئالدىدا خۇددى ھەسەن - ھۈسەندەك بىرنەچچە تۈرلۈك رەڭگە كىرەتتى. بۇ خىل جان تالىشىش ئۇنىڭ ئەۋزەللىكلىرىدىن بىرى ھېسابلىناتتى. ئەگەر ئۇ بېلىقنى تىرىك ۋاقتىدا كۆرۈشمىسە، ئۇنىڭ ھېچقانچە قىممىتى بولمايتتى.

— ئۇغۇ شۇنداقتۇر، — دېدى دېبرې، — لېكىن ئوستىيەدىن رىمغىچە بولغان ئارىلىق ئاران سەككىز لىيې چىقىدۇ.

— شۇنداق، — دېدى مونتې - كرىستو، — لېكىن لۇكۇلدىن 1800 يىل كېيىن تۇغۇلۇپ، ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ كېتەلمىسەك توغرا بولماس؟

ھەر ئىككى كاۋالكانتى تاڭ قالغان بولسىمۇ، ئەقلىنى جورۇپ ئۈنچىقمىدى.

— بۇلار ھەقىقەتەن كىشىنى قىزىقتۇرىدۇ، — دېدى شاتو - رېنو، — ئەمما، سىزنىڭ بۇيرۇقلىرىڭىزنىڭ ئىجرا قىلىنىشتىكى تېزلىكى مېنى ھەممىدىن بەكرەك ھەيران قىلىۋاتىدۇ. بۇ ئۆينى سېتىۋالغىنىڭىزغا ئەمدىلا بەش - ئالتە كۈن بولدىغۇ دەيمەن؟

— ھەئە، شۇنچىلىك بولدى، — دېدى گراف.



— مۇشۇ بىر نەچچە كۈننىڭ ئىچىدە بۇ ئىمارەت پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ. خاتالاشمىسام، بۇ ئۇرۇن دەرۋازا باشقا تەرەپتە ئىدى، ھويلا تاقىر شېغىللىق ئىدى، ئەمدى ھازىر چۆرىسى 100 يىللىق دەرەخلەر بىلەن ئورالغان كۆركەم چىمەنزارلىققا ئايلىنىپ كېتىپتۇ.

— مەن ھويلا ئىچىنىڭ باغ - ۋارانلىق ۋە سالقىن بولۇشىنى ياخشى كۆرىمەن، — دېدى گراف.

— راست، — دېدى ۋىلفور خانىم، — بۇرۇن دەرۋازا يول تەرەپكە قارايتتى. سىز مېنى قۇتقۇزۇپ قالغان ھېلىقى كۈنى ئۆيىڭىزگە كوچىدىنلا كىرگەنىدۇق.

— شۇنداق، خانىم، — دېدى مونتې - كرىستو، — ئەمما شۇندىن كېيىن بۇلۇن ئورمانلىقىغا قارايدىغان دەرۋازا بولۇشىنى خالاپ قالدىم.

— تۆت كۈننىڭ ئىچىدىلا - ھە! — دېدى موررېل، — بۇ بىر مۆجىزە!

— راست، — دېدى شاتو - رېنو، — كونا ئۆينى پۈتۈنلەي يېڭىبىغى قىلىۋېتىش ھەقىقەتەن مۆجىزىگە ئوخشايدىغان ئىش. بۇ، بەكمۇ كونا، ھەتتا خارابىغا ئوخشاپ قالغان ئۆي ئىدى. بۇنىڭدىن ئىككى - ئۈچ يىل ئىلگىرى ماركىز سېن - مېران بۇ ئۆينى ساتماقچى بولغاندا ئانام مېنى مۇشۇ ئۆينى كۆرۈپ كېلىشكە ئەۋەتكەنىدى.

— ماركىز سېن - مېران؟ — دەپ سورىدى ۋىلفور خانىم، — بۇ ئۆي بۇرۇن ماركىز سېن - مېراننىڭ ئۆيىمىدى؟

— شۇنداق بولسا كېرەك، — دېدى گراف.

— «شۇنداق بولسا كېرەك» دېگىنىڭىز نېمىسى؟ بۇ ئۆينى كىمدىن سېتىۋالغىنىڭىزنىمۇ بىلمەمسىز؟

— بىلمەيدىكەنمەن. بۇنداق ئىشلارنى مېنىڭ غوجىدارىم قىلىدۇ.

— ئون يىلدىن بېرى بۇ ئۆيدە ئادەم تۇرمىدى، — دېدى، — شاتو - رېنو، — تاقىۋېتىلگەن ئىشىك - دېرىزىلەر ۋە ياۋا ئوت بېسىپ كەتكەن ھويلىغا قارىسا، ئادەمنى سۇر باساتتى. ئەگەر بۇ ئۆي خانىلىق مۇپەتتىشنىڭ قېيىن ئاتىسىغا تەئەللۇق بولمىغان بولسا، بۇنى بىر نەس باسقان ئۆي، بۇ يەردە قانداقتۇر بىر چوڭ جىنايى ئىش سادىر بولغان دەپ ئويلاشقا بولاتتى.

ۋىلفور شۇ چاققىچە ئالدىدىكى سەرخىل شارابلارغا قۇيۇلغان قەدەھلەردىن بىرىگىمۇ قول ئۇزارتمىغانىدى، ئەمما شاتو - رېنونىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قولىغا چىققان بىر قەدەھنى ئالدى - دە، بىراقلا كۆتۈرۈۋەتتى. ھەممەيلەن جىمىپ قېلىشتى. مونتې - كرىستو بىردەم شۈك ئولتۇرغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— ئەجەبا، بارون، بۇ ئۆيگە بىرىنچى قېتىم كىرگىنىمدە مەندىمۇ ئاشۇنداق بىر خىل تەسىرات پەيدا بولغانىدى. بۇ ئۆي ماڭا بىر شۇملۇقنىڭ سىرىنى ساقلاۋاتقاندەك كۆرۈندى. مەن بۇ ئۆينى ھەرگىز سېتىۋالماس ئىدىم، بىراق غوجىدارىم ئېلىپ قويۇپتۇ. ئېھتىمال، نوتارىئۇس ئۇنىڭ گېپىنى ياغلاپ قويغان بولسا كېرەك.

— بەلكىم، — ۋىلفور كۈلۈمسىرەشكە ئۇرۇنۇپ، دۇدۇقلاپ سۆزلىدى، — لېكىن بۇ ئىشقا مېنىڭ چېتىشلىقىم يوق. ماركىز سېن - مېران ئۆزىنىڭ نەۋرە قىزىغا ئاتاپ قويغان بۇ ئۆينى سېتىۋەتمەكچى بولغان، چۈنكى بۇ بىنا يەنە ئۈچ - تۆت يىلغىچە بوش تۇرسا پۈتۈنلەي خارابلىشىپ كەتكەن بولاتتى.

ئەمدى موررېل تاتىرىپ كەتتى.

— بۇ بىنادا قىزىل پەردە بىلەن نىقابلانغان بىر ئېغىز ئۆي بار، — مونتې - كرىستو سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — قارىماققا ئادەتتىكىلا بىر ئۆي، لېكىن، نېمە ئۈچۈندۇر، بولۇپمۇ شۇ ئۆي ماڭا ئىنتايىن تراگېدىيىلىك تۇيۇلىدۇ.



— نېمە ئۈچۈن؟ — دەپ سورىدى دېبرې، — نېمە ئۈچۈن تراگېدىيىلىك؟

— تەبىئىي تۇيغۇنى بىر نېمە دەپ چۈشەندۈرۈش مۇمكىنمۇ؟ — دېدى مونتې - كرىستو، — بەزى جايلارغا بارسىڭىز ئىچىڭىز پۇشۇپ، غەم بېسىپ كېتىدۇ. نېمە ئۈچۈنلىكىنى ئۆزىڭىزمۇ بىلمەيسىز. بىزنى ئۆزىمىز تۇرۇۋاتقان ماكان ھەم ۋاقىتتا بەلكىم ھېچقانداق ئالاقىسى بولمىغان باشقا ماكان، باشقا زامانلارغا ئېلىپ بارىدىغان ئۆتمۈش ئەسلىمىلىرى، كۆڭۈلسىز خىياللار... ئاشۇ بىر ئېغىز ئۆي ماڭا ماركىز خانىم گانژنىڭ① ھۇجرىسىنى ئەسلەتتى. ھە، غىزالىنىپ بولدۇق. ئەمدى، خالىساڭلار سىلەرگە شۇ ئۆينى كۆرسىتىپ قوياي. ئاندىن باغقا چىقىپ قەھۋە ئىچىمىز.

مونتې - كرىستو مېھمانلارغا سوئال نەزەرى بىلەن قارىدى. ئەڭ ئالدى بىلەن ۋىلفور خانىم، ئاندىن مونتې - كرىستو ئورنىدىن تۇردى، كېيىن باشقىلارمۇ قوزغىلىشتى. ۋىلفور بىلەن دانگلار خانىم خۇددى مىخلاپ قويۇلغاندەك، بىر مىنۇتچە ئولتۇرۇپ قېلىشتى. ئۇلار ئۈن - تىنىنى چىقارماستىن، قورقۇپ ئالاقزادە بولغان ھالدا بىر - بىرىگە قارىشاتتى.

— ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ — دېدى دانگلار خانىم.

— مېڭىش كېرەك، — دېدى ۋىلفور جاۋاب بېرىپ ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭغا قولىنى بەردى.

مېھمانلار قىزىقىشىنى باسالماي، پۈتۈن بىناغا تارقىلىپ كېتىشتى، چۈنكى ئۇلار كۆرۈشكە تېگىشلىك نەرسىلەر ئاشۇ بىر ئېغىز بىلەن چەكلىنىپ قالمايدىغانلىقىنى ۋە مونتې - كرىستو تەرىپىدىن گوياكى بىر سارايغا ئايلاندۇرۇۋېتىلگەن بۇ خارابىنىڭ

① ماركىز خانىم گانژ 1667 - يىلى ئېرىنىڭ قېرىنداشلىرى تەرىپىدىن پاجىئەلىك تۈردە ئۆلتۈرۈلگەنىدى.

باشقا قىسىملىرىنىمۇ كۆرۈشكە بولىدىغانلىقىنى قىياس قىلىشقانىدى. شۇڭا، ھەممەيلەن ئۇلۇغ ئېچىۋېتىلگەن ئىشىكلەردىن دەرھال چىقىپ كېتىشتى. مونتې - كرىستو ئارقىدا قالغان ئىككىيلەننى كۈتۈپ تۇردى. بۇ ئىككىيلەننىمۇ مېھمان كۈتۈش ئۆيىدىن چىققاندىن كېيىن، ئۇ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ئەڭ ئاخىرىدا ماڭدى. ئەگەر مېھمانلار ئۇنىڭ كۈلۈمسىرىشىنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەن بولسا، بۇ كۈلۈمسىرەش ئۇلارنى ئۆزلىرى كۆرۈشكە كېتىۋاتقان ئاشۇ بىر ئېغىز ئۆيدىنمۇ بەكرەك ۋەھىمىگە سالغان بولاتتى.

شۇنداق قىلىپ، مېھمانلار بىنادىكى بارلىق ئۆيلەرنى بىر باشتىن كۆرۈشكە باشلىدى. ھۇجرىلار شەرقچە سەرەمجانلاشتۇرۇلغان بولۇپ، كارىۋاتلارنىڭ ئورنىغا سافا ۋە ياستۇقلار، ئۆي جاھازىلىرىنىڭ ئورنىغا غاڭزىلار ۋە قورال - ياراقلار تىزىلغانىدى. مېھمان كۈتۈش ئۆيلىرىگە قەدىمكى رەسساملارنىڭ ئەڭ ياخشى رەسىملىرى ئېسىلغان. ئاياللار خانىلىرىغا جۇڭگونىڭ سىپتا توقۇلغان رەڭدار گۈللۈك تاۋارلىرى تارتىلغانىدى. ئاخىرى، سۆزى بولۇنغان ھېلىقى بىر ئېغىز ئۆيگە كىرىشتى.

بۇ ئۆيدە ئالاھىدە تىلغا ئالغۇدەك بىر نەرسە يوق ئىدى. ئۆي ئىچى غۇۋا قاراڭغۇ، لېكىن يورۇتۇلمىغان؛ باشقا خانىلار يېڭىدىن بېزىتىلگەن، لېكىن بۇ ئۆيدىكى ھەممە نەرسە كونا ئىدى.

— بۇ ئۆيدە راستىنلا ئادەمنى سۈر باسىدىكەن، — دەپ خىتاب قىلدى ۋىلفور خانىم.

دانگلار خانىم دۇدۇقلاپ، بىر نېمە دېيىشكە ئۇرۇنۇپ باقتىيۇ، ئەمما ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ھېچكىم ئاڭلىيالمىدى. مېھمانلار، بۇ قىزىل ئۆي ھەققەتەن قانداقتۇر يامانلىقنىڭ ئالامەتلىرى باردەك تۇيغۇ پەيدا قىلىدىكەن دېگەن مەزمۇندا ئۆز-ئارا سۆز ئالماشتۇرۇشتى.



— شۇنداق ئەمەسمۇ - ھە؟ — دېدى مونتې - كرىستو، — قاراڭلار، بۇ كارىۋاتنىڭ تۇرۇشى نېمىدېگەن غەلىتە، بۇ پەردىلەر نېمىدېگەن سۈرلۈك، خۇددى قان بىلەن يۇيۇلغاندەك! بوياق قەلەمدە سىزىلغان مۇنۇ ئىككى رەسىمگە قاراڭلارچۇ! رەي تارتىپ خۇنۇكلىشىپ كەتكەن! قاراڭلار، بۇ رەسىملەردىكى ئادەملەرنىڭ قانسىز لەۋلىرى ۋە چەكچەيگەن كۆزلىرى گويا «بىز كۆرگەن!» دەۋاتقاندەك تۇيۇلمامدۇ؟

ۋىلفور جېنى چىقىپ كەتكەندەك تاتىرىپ كەتتى. دانگلار خانىم مادارىدىن كېتىپ مەشنىڭ يېنىدىكى تۆشەككە ئولتۇرۇپ قالدى.

— ئېرمىنا، — دېدى ۋىلفور خانىم كۈلۈپ تۇرۇپ، — بۇ تۆشەككە ئولتۇرۇشقا قانداق جۈرئەت قىلدىڭىز؟ دەل مۇشۇ تۆشەكنىڭ ئۈستىدە جىنايەت يۈز بەرگەنمۇ، كىم بىلىدۇ.

دانگلار خانىم دەرھال تۇرۇپ كەتتى.

— بۇ تېخى ھەممىسى ئەمەس، — دېدى مونتې - كرىستو.

— يەنە نېمە بار؟ — سورىدى دېبرې. ئۇ، دانگلار خانىمنىڭ ھاياجانلىنىشىنى بايقىغانىدى.

— ھە، يەنە نېمە بار؟ — سورىدى دانگلار، — مەنغۇ تېخى ئالاھىدە بىر نەرسىنى چېلىقتۇرمىدىم. سىزچۇ، كاۋالكانتى ئەپەندى؟

— ھە، مەنغۇ بۇ ئۆيگە ھەيران بولمايمەن، — دېدى كاۋالكانتى، — بىزنىڭ پىزادا ئۇگولىنو مۇنارىسى، فېررارادا تاسسو قەلئەسى، رىمىنىدا فرانچېسكو بىلەن پائولونىڭ ھۇجرىسى بار.

— توغرا، لېكىن سىزنىڭ ۋەتىنىڭىزدە مانا مۇنداق پەلەمپەي يوق، — دېدى مونتې - كرىستو ۋە پەردىنىڭ ئارقى-

سىغا يوشۇرۇنغان ئىشىكنى ئاچتى، — قېنى، بۇياققا قاراڭلار، سىلەر بۇ پەلەمپەينى نېمىدەپ ئويلايسىلەر؟

— نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق پەلەمپەي! — دەپ كۈلۈپ كەتتى شاتو - رېنو.

— راست، — دېدى دېبرې، — خىنئوس شارابىنىڭ تەسىرىدىن كەيپىم ئۆزگىرىپ قالدىمۇ قانداق، ئۆزۈممۇ ئۇقالماي ۋاتىمەن. ئىش قىلىپ، بۇ ئۆي كۆڭلۈمنى غەش قىلىۋاتىدۇ.

موررېلغا كەلسەك، ئۇ بۇ ئۆينىڭ ۋالېنتىناغا قالدۇرۇلماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن بۇيان كۆڭلى يېرىم بولۇپ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى.

— كۆز ئالدىڭلارغا كەلتۈرۈپ بېقىڭلار، — دېدى مونتې - كرىستو، — قاراڭغۇ، بورانلىق كېچىلەردىن بىرىدە قانداقتۇر بىر ئوتېللو ياكى گانژ ھەزرەت مانا مۇشۇ پەلەمپەيدىن ئېھتىيات بىلەن بىر چامداپ، ئىككى چامداپ، تۆۋەنگە چۈشمەكتە. ئۇ، قولىدىكى بىر قورقۇنچلۇق تۈگۈننى تەڭرىنىڭ كۆزىدىن يوشۇرالمىسىمۇ، ئىنسانلارنىڭ كۆزىدىن يوشۇرۇشقا ئالدىرىماقتا.

ئەس - ھوشىنى يوقاتقان دانگلار خانىم ۋىلفورنىڭ قولىغا ئۆزىنى تاشلىۋېتىشكە تاس قالدى. ۋىلفور ئۆزىمۇ يىقىلىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن تامغا يۆلىنىۋالدى.

— نېمە بولدىڭىز، بارون خانىم؟ — دەپ خىتاب قىلدى دېبرې، — بەكلا تاتىرىپ كەتتىڭىزغۇ!

— نېمە بولغانلىقى چۈشىنىشلىكقۇ، — دېدى ۋىلفور خانىم، — گراف مونتې - كرىستو شۇنداق دەھشەتلىك گەپلەرنى قىلىۋاتىدۇكى، ھەممىمىزنى قورقۇپ ئۆلسۇن دەۋاتامدىكىن - تاڭ!

— راست، — دېدى ۋىلفور، — ئاياللارنى قورقۇتۇۋەتتىڭىز، گراف.

— سىزگە زادى نېمە بولدى؟ — دېبرې دانگلار خانىمدىن پىنھانلاپ سورىدى.



— ھېچنېمە، ھېچنېمە، — دېدى دانگلار خانىم ئۆزىنى بېسىۋېلىشقا تىرىشىپ، — بىرئاز دېمىم سىقىلىپ قېلىۋاتىدۇ.

— ئەمىسە، باغقا چىقايلىمۇ؟ — سورىدى دېبرې دانگلار خانىمغا قولىنى بېرىپ ۋە ئۇنى ھېلىقى مەخپىي پەلەمپەي تەرەپكە تارتتى.

— ياق، ياق، دېدى دانگلار خانىم، — مەن مۇشۇ يەردە قالاي.

— خانىم، — دېدى مونتې - كرىستو، — راستىنلا شۇنچە قورقۇپ كەتتىڭىزمۇ؟

— ياق، گراف، — دېدى دانگلار خانىم، — لېكىن سىز شۇنداق جانلىق سۆزلەۋەتتىڭىزكى، فانتازىيىڭىز رېئاللىققا تۈيۈلۈپ كەتتى.

— ھەي، بۇ بىر تەسەۋۋۇردىن باشقا نەرسە ئەمەس، — دېدى مونتې - كرىستو كۈلۈپ تۇرۇپ، — يەنە مۇنداق دەپ تەسەۋۋۇر قىلىشقىمۇ بولىدىغۇ. بۇ بىر ئىناق ئائىلىنىڭ ئۆيى، كۆيۈمچان ئانىنىڭ ھۇجرىسى. بۇ قىزىل چىمىلدىقلىق كارىۋات گوياكى ئىلاھە لىيۇتسىنانىڭ نەزەرى چۈشكەن بەخت بۆشۈكىگە ئوخشايدۇ. بۇ سىرلىق پەلەمپەيمۇ ئەسلىدە ئادەتتىكى بىر پەلەمپەيدىن ئىبارەت. دوختۇر ياكى بالا باققۇچى ئايال ۋە ياكى ئاتا بولغۇچى كىشى شەخسەن ئۆزى ئۇخلاپ قالغان بوۋاقنى كۆتۈرۈپ، تۇغۇتلۇق ئايالنىڭ ئۇيقۇسىنى ئېچىۋەتمەسلىككە تىرىشىپ، مۇشۇ پەلەمپەيدىن ئاستا چۈشۈپ كېتىۋاتماقتا.

دانگلار خانىم بۇنداق تىنچ تۇرمۇش تەسۋىرىدىن تىنچلىنىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە، بىر ئىڭراپ تاشلىدى - دە، پۈتۈنلەي ھوشسىزلىنىپ قالدى.

— دانگلار خانىم بولالماي قالدى، — دېدى ۋىلفور خانىم ھودۇقۇپ، — ئۇنى ھارۋىغا ئەپچىقىپ قويايلىمۇ؟

— ئاپلا! — دەپ خىتاب قىلدى مونتې - كرىستو، — مەن دورا ئالماي چىقىپتىمەن ئەمەسمۇ!

— مەندە دورا بار، — دېدى ۋىلفور خانىم.

شۇ گەپ بىلەن ۋىلفور خانىم قىزىل سۇيۇقلۇق قاچىلانغان كىچىك شىشىنى مونتې - كرىستوغا بەردى. بۇ دورا گرافنىڭ ئېدۇئارنى ھوشىغا كەلتۈرۈشتە ئىشلەتكەن ھېلىقى دورىسىغا ئوخشاش ئىدى.

— مۇنداق دەڭ... — دەپ قويدى مونتې - كرىستو ۋىلفور خانىمنىڭ قولىدىن شىشىنى ئېلىۋېتىپ.

— شۇنداق، — دەپ پىچىرلىدى ۋىلفور خانىم، — سىزنىڭ مەسلىھەتىڭىز بويىچە ئىش قىلدىم.

— نەتىجىلىك بولدىمۇ؟

— شۇنداق بولغاندەك تۇرىدۇ.

شۇ ئارىدا دانگلار خانىمنى ياندىش ئۆيگە ئېلىپ چىقىشتى. مونتې - كرىستو ئۇنىڭ لەۋلىرىنى قىزىل سۇيۇقلۇق بىلەن نەملىگەنىدى، ئۇ ھوشىغا كەلدى.

— نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق چۈش بۇ! — دېدى دانگلار خانىم.

ۋىلفور بۇنىڭ چۈش ئەمەسلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ قولىنى چىڭ قىستى.

شۇندىن كېيىن دانگلارنى ئىزلەشتى. ھالبۇكى، دانگلار شائىرانە ھېس - تۇيغۇلارغا بېرىلمەيدىغان ئادەم بولغاچقا، ئاللىقاچان باغقا چىقىپ كەتكەن بولۇپ، مايور كاۋالكانتى بىلەن لىۋورنودىن فلورېنسىيىگە بارىدىغان تۆمۈر يولنىڭ لايىھىسى ئۈستىدە سۆھبەتلىشىۋاتاتتى.

مونتې - كرىستو ئىنتايىن بىئارام بولۇۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ دانگلار خانىمنى قولتۇقلىۋېلىپ باغقا باشلاپ چىقتى. بۇ



چاغدا دانگلار ئاتا - بالا كاۋالكانتىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرۇپ قەھۋە ئىچىۋاتاتتى.

— خانىم، مەن سىزنى راستىنلا شۇنچىلىك قورقۇتىۋەتتىمۇ؟ — دەپ سورىدى مونتې - كرىستو.

— ياق، گراف، ئۆزىڭىز بىلىسىزغۇ، ئادەمنىڭ كەيپىياتى ياخشى بولمىغاندا ئاسان تەسىرلىنىدۇ.

ۋىلفور ئۈنلۈك كۈلۈشكە ئۇرۇندى.

— كەيپىياتىڭىز ياخشى بولمىسا، ئويىنىشىپ دەپ قويغان ئادەتتىكى بىر گەپلەرمۇ يامان تەسىر قىلىدۇ، — دېدى ئۇ.

— مەيلى ئىشىنىڭلار، ئىشەنمەڭلار، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى رەت قىلدى مونتې - كرىستو، — بۇ ئۆيدە چوقۇم بىر جىنايەت ئۆتكۈزۈلگەن دەپ ئېيتالايمەن.

— ئويلاپىراق سۆزلەڭ، — دېدى ۋىلفور خانىم، — بۇ يەردە خانلىق مۇپەتتىش بار.

— شۇنداق بولغىنى تېخىمۇ ياخشى، — دېدى مونتې - كرىستو، — مەن بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، شۇ جىنايەتنى ئاشكارىلايمەن.

— ئاشكارىلايمەن؟ — ياندۇرۇپ سورىدى ۋىلفور.

— شۇنداق، گۇۋاھچىلارنىڭ ئالدىدا ئاشكارىلايمەن.

— بۇ بەك قىزىقارلىق گەپ بولدى، — دېدى دېبرى، — ئەگەر راستىنلا جىنايەت بولسا، بۇ بىزنىڭ تاماق ھەزىم قىلىشىمىزغا پايدىلىق بولىدۇ.

— جىنايەت بار، — دېدى مونتې - كرىستو، — قېنى، بۇياققا كەلگەيسىلەر، جانابلار. مەرھەمەت، ۋىلفور ئەپەندى. جىنايەتنى ئاشكارىلىشىم قانۇنىي بولۇشى ئۈچۈن ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ مۇناسىپ ۋەكىلى ئالدىدا سۆزلىشىم كېرەك.

مونتې - كرىستو بىر قولى بىلەن ۋىلفورنى، يەنە بىر

قولى بىلەن دانگلار خانىمنى قولتۇقلاپ، دەرەخلەرنىڭ سايىسى ئەڭ قويۇق بولغان بىر جايدىكى چىنارنىڭ تۈۋىگە باشلاپ باردى. باشقىلار ئۇلارنىڭ كەينىدىن ماڭدى.

— قاراڭلار، — دېدى مونتې - كرىستو، — مانا مۇشۇ يەردە (ئۇ پۇتى بىلەن يەرنى تېپىپ قويدى). دەرەخلەرنىڭ توپىسىنى ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى كولاتقۇزغانىدىم، مېنىڭ ئىشچىلىرىم مۇشۇ چىنارنىڭ تۈۋىنى كولاۋېتىپ، بىر كىچىك ساندۇقنى ياكى توغرىسىنى ئېيتقاندا، ساندۇقنىڭ تۆمۈر قىسىملىرىنى تېپىۋېلىشتى. قارىسام، ئۇ تۆمۈرلەرنىڭ ئارىسىدا يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ ئىسكىلىتى ياتىدۇ. بۇنى فانتازىيە دېيىشكە بولمايدىغۇ دەيمەن؟

مونتې - كرىستو دانگلار خانىمنىڭ بىلىكى كىرىشىپ قالغانلىقىنى، ۋىلفورنىڭ قولى تىترەپ كەتكەنلىكىنى سەزدى.

— يېڭى تۇغۇلغان بوۋاق؟ — دېدى دېبرې، — يائاللا! مېنىڭچە، بۇ بىر جىددىي گەپ بولۇۋاتىدۇ.

— مانا، كۆردىڭىزمۇ! — دېدى شاتو - رېنو، — مەن ئۆيلەرنىڭمۇ خۇددى ئادەملەرنىڭكىگە ئوخشاش ئىچكى ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئۆز قەلبى ۋە يۈزى بار دېگەنىدىمغۇ. بۇ ئۆيىنىڭ ۋىجدانى ئازابلانغانلىقى ئۈچۈن غەمكىن كۆرۈنگەن، ئۇنىڭ ئىچىدە بىر جىنايەت يوشۇرۇنۇپ ياتقانلىقى ئۈچۈن ۋىجدانى ئازابلانغان.

— شۇنداقتىمۇ، بۇ جىنايەت دېيىشكە نېمە ئاساس بار؟ — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى ۋىلفور ئۆزىگە زور غەيرەت بېرىپ.

— بۇ قانداق گەپ! بىر تىرىك بوۋاقنى باغقا كۆمۈۋەتسە جىنايەت ھېسابلانمامدۇ؟ — دەپ خىتاب قىلدى مونتې - كرىستو، — ئەمىسە، بۇنداق قىلمىشنى نېمە دەپ ئاتاش مۇمكىن، جانابىي خانلىق مۇپەتتىش؟



— تىرىك بوۋاقنى كۆمۈۋەتكەن دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟

— ئۇنداق بولمىسا، ئۇنى نېمە ئۈچۈن بۇ يەرگە كۆمۈشىدۇ؟ بۇ باغ ھېچقاچان قەبرىستانلىق بولمىغانغۇ.

— فرانسىيىدە بالا ئۆلتۈرگۈچىلەرگە قانداق چارە كۆرۈلىدۇ؟ — دەپ ساددىلىق بىلەن سورىدى مايور كاۋالكانتى.

— كاللىسىنى ئالىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى دانگلار.

— ھە، كاللىسىنى ئالىدىكەن - دە! — تەكرارلىدى كاۋالكانتى.

— شۇنداق بولسا كېرەك. شۇنداقمۇ، ۋىلفور ئەپەندى؟ — دەپ سورىدى مونتې - كرىستو.

— شۇنداق، گراف، — دەپ جاۋاب بەردى ۋىلفور ئادەمنىڭ ئاۋازىغا ئوخشىمايدىغان ئاۋاز بىلەن.

مونتې - كرىستو بۇ ئويۇننى مەخسۇس ۋىلفور بىلەن دانگلار خانىمغا تەييارلىغان بولۇپ، بۇ ئىككىيلەننىڭ ئەمدى بۇنىڭدىن ئارتۇق بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقىنى چۈشەندى - دە، بۇ توغرىدا ئارتۇق سۆزلىمىدى.

— ھە، قەھۋە ئىچەيلى، جانابلار! — دېدى ئۇ، — بۇنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتىپتۇققۇ.

ئۇ، مېھمانلارنى چىملىق ئۈستىگە قويۇلغان شىرەنىڭ يېنىغا قايتىدىن باشلاپ باردى.

— گراف، — دېدى دانگلار خانىم، — بۇنداق ئاجىزلىقىمغا ئىقرار بولۇشتىن نومۇس قىلىۋاتىمەن، لېكىن سىز شۇنداق قورقۇنچلۇق گەپلەرنى قىلدىڭىزكى، ئۆزۈمنى بېسىۋالالماي قالدىم. ئولتۇرۇۋېلىشىمغا رۇخسەت قىلغايسىز.

شۇ گەپ بىلەن ئۇ ئۆزىنى ئورۇندۇققا تاشلىۋەتتى.

مونتې - كرىستو ئۇنىڭغا تەزىم قىلىپ قويۇپ، ۋىلفور خانىمنىڭ يېنىغا كەلدى.

— دانگلار خانىمغا سىزنىڭ دورىڭىز يەنە كېرەك بولۇپ قالغاندەك تۇرىدۇ،— دېدى ئۇ.

ھالبۇكى، ۋىلفور خانىم دوستىنىڭ يېنىغا بارغۇچە، خانلىق مۇپەتتىش دانگلار خانىم بىلەن پىچىرلاپ سۆزلىشىۋېلىشقا ئۈلگۈردى:

— ئىككىمىز ئايرىم بىر سۆزلىشىۋالايلى.

— قاچان؟

— ئەتە.

— قەيەردە؟

— مېنىڭ ئىشخانامدا... سوتتا. مېنىڭچە، بۇ ئەڭ بىخەتەر ئورۇن.

— ماقۇل، باراي.

بۇ چاغدا ۋىلفور خانىم يېتىپ كەلدى.

— رەھمەت سىزگە، دوستۇم،— دېدى دانگلار خانىم كۈلۈمسىرەشكە تىرىشىپ،— ھېچقىسى يوق، خېلى ياخشى بولۇپ قالدىم.

## ئون بىرىنچى باب

## گاداي

كەچ كىرىپ قالغانىدى. ۋىلفور خانىم پارىژغا قايتىشتىن سۆز ئاچتى. دانگلار خانىم بۇ يەردە تۇرۇۋېرىشكە چىدىيالماي قىلىۋاتقان بولسىمۇ، بۇ ھەقتە گەپ قىلالماي ئولتۇرغانىدى.

شۇنداق قىلىپ، ۋىلفور ئۆز ئايالىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن بىرىنچى بولۇپ، قايتىشقا تەرەددۇت قىلدى. ئۇ، دانگلار خانىمنى ئۆز پەيتونىغا تەكلىپ قىلدى، چۈنكى شۇنداق بولغاندا ۋىلفور



خانىم ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالايتتى. دانگلار بولسا، كاۋالكانتى بىلەن قىزغىن سۆھبەتكە چۈشۈپ كەتكەنلىكتىن، ئەتراپتا بولىۋاتقان ئىشلارغا ئېتىبار قىلمايتتى.

مونتې - كرىستو ۋىلفور خانىمنىڭ دورىسىنى سوراۋاتقاندا ۋىلفورنىڭ دانگلار خانىم بىلەن سۆزلىشىۋاتقىنىغا دىققەت قىلىغانىدى. ۋىلفور گەرچە دانگلار خانىم ئاران ئاڭلىيالىغۇدەك قىلىپ، پىچىرلىغان بولسىمۇ، مونتې - كرىستو ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى روھى ھالىتىنى بىلگەچكە، بۇ ئىككىيلەننىڭ نېمە دېيىشكەنلىكىنى پەملىدى.

موررېل، دېبرې، شاتو - رېنولار ئاتلىرىغا مىنىپ، ئىككى خانىم ۋىلفورنىڭ پەيتونىغا ئولتۇرۇپ چىقىپ كېتىشتى. دانگلارنىڭ مايور كاۋالكانتىغا بولغان زوقى بارغانسېرى ئۆلغىيىۋاتاتتى، شۇڭا ئۇنى ئۆزىنىڭ پەيتونىغا تەكلىپ قىلدى.

ئاندرېئا كاۋالكانتى دەرۋازا ئالدىدا ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغان ھارۋىغا قاراپ ماڭدى. بۇ ھارۋىغا بويلۇق كەلگەن توق بوز ئات قوشۇلغان بولۇپ، ياسداق كىيىنىۋالغان ھارۋىكەش ئۇنىڭ تىزگىنىدىن تۇتۇپ تۇراتتى.

ئاندرېئا داستىخان ئۈستىدە كەم سۆز بولدى. ئۇ پەملىك يىگىت بولغاچقا، شۇقەدەر باي ۋە ئابرويلۇق كىشىلەرنىڭ ئالدىدا بىرەر قاملاشمىغان گەپ قىلىپ قويۇشتىن ئېھتىيات قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ يوغان ئېچىلغان تەشۋىشلىك كۆزلىرى بىلەن ئاربلاپ - ئاربلاپ خانلىق مۇپەتتىشكە قاراپ قوياتتى.

كېيىن دانگلار ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلىشقا باشلىدى. دانگلار ھاكاۋۇر قېرى مايور بىلەن ئۇنىڭ تارتىنچاق ئوغلىغا قاراپ ۋە ئۇلارغا قارىتا مونتې - كرىستونىڭ خۇش مۇئامىلىسىنى كۆرۈپ، بۇ مايورنىڭ ئەسلىدە ئوغلىنى ئاقسۆڭەكلەرچە تەربىيىگە

ئىگە قىلىش ئۈچۈن پارىژغا كەلگەن كاتتا مۆتىۋەر ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ ھاسىل قىلدى. شۇڭا، ئۇ، مايورنىڭ چىمچىلاق بارمىقىدا يالتىراپ تۇرغان يوغان برىليانت كۆزلۈك ئۈزۈككە چەكسىز ھۆرمەت تۇيغۇسى بىلەن كۆز تاشلىدى. ۋەھالەنكى، مايور ئېھتىياتچان ۋە تەجرىبىلىك ئادەم بولغاچقا، ئۆز يېنىدىكى قەغەز پۇللاردىن بىر چاتاق چىقىپ قالمىسۇن دەپ، ئۇلارنى دەرھال قىممەتلىك بۇيۇملارغا ئالماشتۇرۇۋالغانىدى. تاماقتىن كېيىن بارون سانائەت ۋە ساياھەت ئۈستىدە سۆھبەتلەشكەن بولۇپ، ئاتا - بالا ئىككىيلەننىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى سۈرۈشتە قىلىپ كۆردى. ئاتا - بالا ئىككىيلەن بولسا، دەل مۇشۇ دانگلارنىڭ بانكىسىدىن ئۆزلىرىنىڭ بىرىگە 48 مىڭ فرانك نەق پۇل ۋە يەنە بىرىگە ھەر يىلى 50 مىڭ لىۋر بېرىلىدىغانلىقىنى بىلىدىغان بولغاچقا، بۇ بانكىرغا بەكمۇ ئوچۇق چىراي بولۇپ، قىلىدىغان قىلىق تاپالماي قالغانىدى. ئۇلار بۇ بانكىرغا ئۆزلىرىنىڭ تولۇپ تاشقان مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ھەتتا ئۇنىڭ مالايلىرىنىڭمۇ قوللىرىنى قىسىشقا تەييار ئىدى.

دانگلارنىڭ كاۋالكانتىغا قارىتا ھۆرمىتى ۋە ھەتتا زوق - ھەۋىسى بارغانسېرى كۈچەيمەكتە ئىدى. بۇنداق بولۇشىنىڭ يەنە بىر سەۋەبىمۇ بار ئىدى. يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، مايور، گوراتسىيىنىڭ «ھېچ نەرسىگە ئەجەبلەنمەسلىك» پىرىنسىپى بويىچە، مىنوگا بېلىقلىرىنىڭ ئەڭ ياخشىلىرى قايسى كۆلدە بولىدىغانلىقىنى تەمكىنلىك بىلەن ئېيتىپ بەردى - دە، شۇ بېلىقنىڭ ئۆزىگە تېگىشلىك ئۇلۇشىنى ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمەستىن يېۋەتتى. بۇنىڭغا قاراپ، دانگلار شۇنداق خۇلاسە چىقاردىكى، بۇنداق ھەشەمەتچىلىكلەر كاۋالكانتىلار ئۈچۈن ئادەتتىكى ئىش بولسا كېرەك؛ خۇددى گرافنىڭ فۇزارو كۆلىدىن مىنوگا ۋە



ۋولگا دەرياسىدىن ستېرلىياد بېلىقلىرىنى كەلتۈرگىنىگە ئوخشاش ئۇمۇ ئۆز يۇرتىدا شۋېتسارىيىدىن ئالدۇرۇلغان فورېل ۋە برىتانىيىدىن كەلتۈرۈلگەن لانگۇست بېلىقلىرىنى ئىستېمال قىلىدىغان بولسا كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، دانگلار كاۋالكانتىنىڭ سۆزلىرىگە ئىخلاس بىلەن قۇلاق سالدى. كاۋالكانتى مۇنداق دېدى:

— تەقسىر، ئەتە سىزنىڭ ئالدىڭىزغا سۆزلەشكىلى بارماقچىمەن.

— تەقسىر، — دېدى دانگلار ئۇنىڭغا جاۋابەن، — قەدەم تەشرىپ قىلىشىڭىزنى ئۆزۈم ئۈچۈن بەخت دەپ ھېسابلايمەن.

شۇندىن كېيىن دانگلار، ئەگەر كاۋالكانتى ئوغلىدىن ئايرىلىپ مېڭىشقا رازى بولسا، ئۇنى پرىنسېۋ مېھمانخانىسىغا ئۆزىنىڭ پەيتونى بىلەن ئاپىرىپ قويۇشنى تەكلىپ قىلدى. كاۋالكانتى ئۇنىڭغا جاۋابەن، ئۆز ئوغلىنىڭ مۇستەقىل ھايات كەچۈرۈشكە ئادەتلەنگەن يىگىت ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ شەخسىي ئات - ھارۋىسى بار ئىكەنلىكىنى، بۇ يەرگىمۇ ئۇلار ئايرىم - ئايرىم كەلگەنلىكىنى ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىرمۇ ئايرىم قايتىشقا بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

شۇنداق قىلىپ، مايور دانگلارنىڭ پەيتونىغا ئولتۇردى. بانكىر ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، بۇ كىشىنىڭ مۇلاھىزىلىرىنى ئىشتىياق بىلەن تىڭشىدى ۋە ئۇنىڭغا بولغان قىزىقىشى يەنىمۇ ئۇلغايدى، چۈنكى ئۇ، گەرچە ئىقتىسادچىللىق ۋە ئىدىتلىق توغرىسىدا سۆزلىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئوغلىغا ھەر يىلى 50 مىڭ فرانك بېرەتتى. دېمەك، بۇ پېشقەدەم مايورنىڭ يىللىق كىرىمى بەش - ئالتە 100 مىڭ فرانك بولۇشى تۇرغان گەپ.

بۇ چاغدا ئاندرېئا ئۆزىنى تېخىمۇ ئەتىۋار كۆرسىتىش مەقسىتىدە ئۆز ھارۋىكىشىنى تىللاپ، ئۇنىڭ ھارۋىنى ئىشىك ئالدىغا ئەكەلمەي، دەرۋازىدا توختىتىپ قويغانلىقى ۋە شۇنىڭ

بىلەن. ھارۋىنىڭ يېنىغىچە راۋۇرۇس 30 قەدەم يول مېڭىشقا مەجبۇر قالغانلىقى ئۈچۈن ئاچچىقلىنىۋاتاتتى. ھارۋىكەش ئۇنىڭ تەنبىھلىرىگە ياۋاشلىق بىلەن سۈكۈت قىلىپ تۇردى. ئۇ، تاقەتسىزلىنىپ، ئالغا ئىنتىلىپ تۇرغان ئاتنىڭ تىزگىنىنى سول قولى بىلەن تۇتۇپ، ئوڭ قولى بىلەن تىزگىننى ئاندرېئاغا ئۇزاتتى. ئاندرېئا تىزگىننى قولىغا ئالدى - دە، لاكلانغان ئاياغ كىيگەن پۇتىنى ھارۋىنىڭ سۇپىسىغا ئالدى.

دەل شۇ چاغدا كىمدۇ بىرى ئۇنىڭ يەلكىسىگە قولىنى قويدى. ئۇ، دانگلار ياكى مونتې - كرىستو بىرەر ئىشنى ئۇنتۇپ قالغان بولسا، ئەمدى شۇنى ئېيتىش ئۈچۈن كەلگەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، ئارقىغا بۇرۇلۇپ قارىدى.

ھالبۇكى، ئۇ، ئۇلارنى ئەمەس، بەلكى باشقا بىر كىشىنى، يەنى ئاپتاپتا كۆيۈپ كەتكەن، ساقىلى ئۆسۈپ كەتكەن، كۆزلىرى چوغدەك يېنىپ تۇرغان ۋە خۇددى ئاچ بۆرىنىڭ چىشلىرىدەك 32 دانە ئاپئاق، ئۆتكۈر چىشلىرىنى يالىڭاچلاپ ھىجىيىپ تۇرغان غەلىتە بىر تەلەتنى كۆردى. بۇ كىشىنىڭ چاچلىرىغا ئاق كىرىشكە باشلىغان بولۇپ، بېشى قىزىل چاقماقلىق ياغلىق بىلەن تېڭىلغانىدى. ئۇ، ئىنتايىن پاسكىنا ۋە جۇل - جۇل بولۇپ كەتكەن چاپان كىيىۋالغان بولۇپ، بويى ئېگىز ۋە شۇقەدەر ئاۋاق ئىدىكى، ھەربىر ھەرىكەت قىلغاندا ئۇنىڭ ئۇستىخانلىرى تاراقلاپ تۆكۈلۈپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. ئاندرېئا ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ يەلكىسىگە تەگكەن قولنى كۆردى. بۇ قول ئۇنىڭغا گىگانت قولدەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ، ھارۋىغا ئېسىپ قويۇلغان پەنەر چىراغنىڭ يورۇقىدا بۇ كىشىنى تونۇدىمۇ ياكى ئۇنىڭ بەتبەشىرىسىدىن قورقۇپ كەتتىمۇ — بۇنى بىز بىلمەيمىز. قانداقلا بولمىسۇن، ئۇ چۆچۈپ كېتىپ، ئارقىغا داجىدى.



— سىزگە نېمە كېرەك؟ — دېدى ئۇ.

— ئەپۇ قىلىڭ، ھۆرمەتلىك زات، — دېدى ھېلىقى كىشى، قىزىل ياغلىقنى قولى بىلەن تۇتۇپ تۇرۇپ، — بەلكىم سىزنى مالال قىلىپ قويغاندۇرمەن، لېكىن سىزگە دەيدىغان گېپىم بار.

— كەچ كىرگەندە سەدىقە تىلىسە بولمايدۇ، — دېدى ھارۋىكەش ئۆز خوجايىنىنى بۇ بەڭباش سەرگەرداندىن قۇتۇلدۇرماقچى بولۇپ.

— مەن سەدىقە تىلەپ كەلمىدىم، تۇمۇچۇقۇم، — دېدى ناتونۇش كىشى ۋە تەنىلىك كۈلۈپ قويدى. ئۇنىڭ بۇ كۈلۈشى شۇنداق قورقۇنچلۇق تۇيۇلدىكى، ھارۋىكەش غىڭ قىلالماي قالدى، — سىنىڭ خوجايىنىڭ ئىككى ھەپتە ئىلگىرى ماڭا بىر ۋەزىپە تاپشۇرغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئىككى ئېغىز گەپ قىلغىلى كەلدىم.

— ھەي، بۇرادەر، — ئاندرېئا ئۆزىنىڭ قانچىلىك ھودۇقانلىقىنى ھارۋىكەش سېزىپ قالمىسۇن دەپ خېلى كەسكىن ئاھاڭدا سۆزلىدى، — نېمە دېمەكچىسىز؟ گېپىڭىز بولسا ئېيتىڭ.

— شۇنى دېمەكچىمەنكى، — دېدى قىزىل ياغلىقلىق كىشى ئاۋازىنى ئاران چىقىرىپ، — شۇنى دېمەكچىمەنكى... مېنى پارىژغىچە پىيادە مېڭىش ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇڭلار. مەن بەك ھېرىپ كەتتىم، ساڭا ئوخشاش ياخشى تاماقلارنى يېمىدىم، ئاران تۇرۇۋاتىمەن.

ئاندرېئا بۇنداق غەلىتە مۇراجىئەتنى ئاڭلاپ، شۈركۈنۈپ كەتتى.

— مېنى زادى نېمە قىل دەيسىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— مېنى بۇ ئېسىل ھارۋاڭغا ئولتۇرغۇزىۋال دەيمەن.

ئاندرېئا تاتىرىپ كەتتىيۇ، ھېچنېمە دېمىدى.

— ھە، بىلىپ قوي، — دېدى قىزىل ياغلىقلىق كىشى ۋە قوللىرىنى يانچۇقلىرىغا تىقىپ ئاندرېئاغا ئۆكتەملىك بىلەن قارىدى، — ھارۋاڭغا ئولتۇرۇۋالاي دەۋاتىمەن! ئاڭلىمىدىڭمۇ، گۆدەك بېنېدېتتو؟

ئاندرېئا بۇ ئىسىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ، ھارۋىكەشنىڭ يېنىغا كېلىپ مۇنداق دېدى:

— مەن بۇ كىشىگە ھەققەتەن بىر ۋەزىپە تاپشۇرغانىدىم. ئۇ ماڭا شۇ ۋەزىپىنىڭ ئورۇنلىنىش ئەھۋالىنى يەتكۈزمەكچى. سىز قاراۋۇلخانىغىچە مېڭىپ بېرىپ، ئاندىن بىر ھارۋا كىرا قىلىپ قايتىڭ.

ھارۋىكەش ھەيران بولۇپ، مېڭىپ كەتتى.

— ھېچبولمىغاندا قاراڭغۇراق بىر يەرگە بېرىپ تۇرايلى، — دېدى ئاندرېئا.

— ماقۇل، مەن سېنى قاراڭغۇ يەرگە باشلاپ باراي. مانا، قاراپ تۇر، — دېدى قىزىل ياغلىقلىق كىشى.

ئۇ، ئاتنىڭ چۇلۋۇرىدىن يېتىلەپ، ھارۋىنى بىر قاراڭغۇ بۇلۇڭغا ئېلىپ باردى. بۇ يەردە ئاندرېئانىڭ ئۇنىڭغا كۆرسىتىۋاتقان ئىلتىپاتىنى ھېچكىم كۆرمەيتتى.

— مەن بۇ ئېسىل ھارۋىغا ئولتۇرۇشقا خۇشتار بولۇپ قالمىدىم، — دېدى ئۇ، — ياق، مەن بەك ھېرىپ كەتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بەزى ئىشلار توغرۇلۇق سەن بىلەن سۆزلىشىۋالاي دەيمەن.

— ھە، ئەمىسە، ھارۋىغا ئولتۇرۇڭ، — دېدى ئاندرېئا.

ئەگەر شۇ تاپتا قاراڭغۇ چۈشكەن مەزگىل بولمىسا، يىرتىق چاپان كىيىپ، تاۋار ياستۇقلاردا كېرىلىپ ئولتۇرغان گاداي بىلەن چىرايلىق كىيىنىۋېلىپ، ھارۋا ھەيدەۋاتقان يىگىتنى كۆرسە ھەرقانداق ئادەم ھاڭ-تاڭ بولۇپ قالار ئىدى.



ئاندرېئا پۈتۈن مەھەللىنى كېزىپ ئۆتكۈچە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. ھېلىقى كىشىمۇ گەپ قىلمىدى. ئۇ، بۇ خىل قاتناش ئۇسۇلىدىن ناھايىتى مەمنۇن بولغاندەك كۈلۈمسىرەپ ئولتۇراتتى.

ئۇلار ئوتېيلنىڭ سىرتىغا چىققاندىن كېيىن ئاندرېئا ئۇلارنى كۆرگەن ئادەم بارمۇ دەپ ئۇياق-بۇياققا قاراپ باقتى. ئاندىن، ئۇ ئاتنى توختاتتى ۋە قوللىرىنى كۆكرىكىنىڭ ئۈستىدىن گىرەلەشتۈرۈپ، قىزىل ياغلىقلىق كىشى تەرەپكە بۇرۇلدى.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ — دېدى ئۇ، — نېمە ئۈچۈن مېنى جان باققىلى قويمايسىز؟

— ھەي، بالا، سەن نېمىشقا ماڭا ئىشەنمەيسەن؟

— سىزگە ئىشەنمەي نېمە قىلدىم؟

— ھە؟ نېمە قىلدىم دەمسەنا؟ بىز ئىككىمىز ۋار كۆۋرۆكىدە ئايرىلغانىدۇق. سەن ماڭا پىيمون ۋە توسكانىغا بارىمەن دېگەنىدىڭ. ئەمدى قارىسام، پارىژدا يۈرىسەنغۇ!

— بۇنىڭ سىزگە نېمە يامىنى بار؟

— ھېچقانداق يامىنى يوق. ئەكسىچە، ماڭا پايداڭ تېگىپ قالار دەپ ئويلاۋاتىمەن.

— ھە، مۇنداق ئىكەن-دە! — دېدى ئاندرېئا، — مېنى ھايانكەشلىككە دەسمايە قىلماقچىمۇ سىز؟

— ۋاي-ۋۇي، نېمانچە كايىپ كېتىسەن!

— ئاگاھلاندۇرۇپ قوياي، ئۇنداق قىلسەن دېسىڭىز ئۆزىڭىز زىيان تارتىپ قالىسىز، كادرۇس ئاكا.

— ھەي سويما، ئۇنداق چىچاڭشىپ كەتمە. تەلەيسىزلىكنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئۆزۈڭ بىلىسەنغۇ. تەلەيسىزلىك ئادەمنى ھەسەتخور قىلىپ قويىدۇ. مەن ئېنىقى سېنى پىيمون ياكى توسكاندا

مۇساپىر بولۇپ، مالايلىق قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپتىكەنمەن. مەن ساڭا چىن قەلبىمدىن كۆيۈنىمەن، سېنى ئۆز ئوغلۇمدەك كۆرىمەن. مەن سېنى «ئوغلۇم» دەپ ئاتايتتىمغۇ.

— ھە، چاققان سۆزلەڭ. يەنە نېمە گېپىڭىز بار؟

— ۋاي تەنتەك! ئالدىرىماي تۇرمامسەن.

— ھېلىمۇ ئالدىرىمايۋاتىمەن. گېپىڭىزنى چاققانراق تۈگىتىڭ.

— كېيىن سېنى ئۈشتۈمتۇت قاراۋۇلخانىنىڭ يېنىدا ئۇچرىتىپ قالدىم. قارىسام، ھارۋاڭمۇ، يېپيېڭى كىيىم كىيگەن ھارۋىكىشىڭمۇ بار ئىكەن. بۇ قانداق گەپ، سەن بىر ئالتۇن تاۋاقنى تېپىۋالدىڭمۇ ياكى دەللاللىق گۇۋاھنامىسىغا ئىگە بولدۇڭمۇ؟

— ھەسەت قىلىۋاتامسىز؟

— ياق، خۇشال بولۇۋاتىمەن، خۇشال بولغانلىقىم ئۈچۈن سېنى تەبرىكلىگىم كېلىپ قالدى، سويما. لېكىن مېنىڭ ئۇچامدا ئانچە ياخشى كىيىملەر بولمىغىنى ئۈچۈن، سېنىڭ يۈزۈڭ چۈشۈپ كەتمىسۇن دەپ ئېھتىيات چارىسىنى قوللاندىم.

— قالتىس ئېھتىيات چارىسى ئىكەن! — دېدى ئاندرېيا، — ھارۋىكەشنىڭ ئالدىدىمۇ گەپ قىلامسىز.

— ئامال يوق، ئوغلۇم. سېنى ئاران ئۇچراتتىم ئەمەسمۇ. سېنىڭ ئېتىڭ يۈگۈرۈك، ھارۋاڭ يېنىك، ئۆزۈڭ خۇددى ئۈگۈر بېلىقتەك سىلىق. سېنى بۈگۈن قولدىن چىقىرىپ قويغان بولسام، بۇندىن كېيىن ھەرگىزمۇ تۇتۇۋالالماس ئىدىم.

— ئۆزىڭىز كۆرۈۋاتىسىز، مەن مۆكۈنۈپ يۈرمەيمەنغۇ.

— بۇ سېنىڭ بەختىڭ. مەنمۇ شۇنداق بولۇشنى بەك ئارزۇ قىلاتتىم، لېكىن مۆكۈنۈپ يۈرىمەن. مېنى تونۇماي قالامدىكىن دەپ قورققانىدىم. ھېلىمۇ ياخشى تونۇدۇڭ، — دەپ قو-



شۇپ قويدى كادرۇس يىرگىنچلىك ھالدا ھىجىيىپ، — تونۇغانلىقىڭغا بەك خۇش بولدۇم.

— ھە، ماقۇل، — دېدى ئاندرېيا، — مېنى نېمە قىل دەيسىز؟

— مېنى سىزلەۋاتىسەنغۇ. بۇنداق قىلساڭ ياخشى بولمايدۇ، بېنېدېتتو. مەن سېنىڭ قەدىناس دوستۇڭ ئەمەسمۇ. بولمىسا، ساڭا بولغان تەلىپىمنى ئېغىزلاشتىمەن.

بۇ تەھدىت سۆزلىرى ئاندرېيانىڭ ئاچچىقىنى باستى. ئۇ، ياۋاش بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى - دە، ئېتىنى يەنە يورغىلىتىپ ماڭغۇزدى.

— ماڭا بۇنداق مۇئامىلە قىلىشىڭ ياخشى ئەمەس، كادرۇس، — دېدى ئۇ، — ئۆزۈڭمۇ «بىز قەدىناس دوستلار» دەۋاتىسەنغۇ. سەن مارسېللىق، مەن ...

— ھە، ئۆزۈڭنىڭ كىملىكىڭنى بىلەلىدىڭمۇ؟

— ياق، لېكىن سەن كورسىكادا چوڭ بولغان. سەن قېرى ۋە جاھىل، مەن ياش ئۆز سۆزلۈك. بىز بىر - بىرىمىزگە تەھدىت سالساق ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ، ھەر قانداق ئىش بولسا كېڭىشىپ قىلغىنىمىز ياخشى. مېنىڭ تەلىيىم كېلىپ قالدى، سېنىڭ تەقدىرىڭ تېخىچە ئوڭشالمايۋاتىدۇ. بۇنىڭدا مېنىڭ نېمە گۇناھىم؟

— راست تەلىيىڭ كەلدىمۇ؟ بۇ ھارۋىكەش، ھارۋا ۋە ئۇچاڭدىكى كىيىملەر ئۆزۈڭنىڭمۇ؟ ئەمىسە بەك ياخشى بوپتۇ! — دېدى كادرۇس ۋە ئۇنىڭ كۆزلىرى تەمەخورلۇق بىلەن يالتىراپ كەتتى.

— شۇنى بىلگەچكە مېنى تۇسۇۋالغانسەن، — دېدى ئاندرېيا بارغانسېرى ھاياجانلىنىپ، — ئەگەر مەنمۇ ساڭا ئوخشاش بېشىمغا ياغلىق چىگىپ، ئۇچامغا مەينەت چاپان،

پۇتۇمغا تۆشۈك ئاياغ كىيگەن بولسام، مەن بىلەن كۆرۈشۈشكە ئانچە ئالدىراپ كەتمىگەن بولاتتىڭ.

— مېنى كەمسىتىۋاتقىنىڭنى قارا، سويما. ئۇنداق دېمە! سېنى تاپتىم ئەمدى ياخشى كىيىم كىيەلەيمەن. مەن سېنىڭ يۈرىكىڭنىڭ ياخشىلىقىنى بىلىمەن. ئىككى چاپىنىڭ بولسا بىرىنى ماڭا بېرىسەن. سەن ئاچ قالغان ۋاقتىڭدا ساڭا ئۆزۈمنىڭ شورپامنى ۋە پۇرچاقلىرىمنى بەرگەنىدىمغۇ.

— ھەئە، — دېدى ئاندرېئا.

— سەن بەك ئىشتەيلىك ئىدىڭ، جۇمۇ. ھازىرمۇ شۇنداق ئىشتىيىڭ ياخشىمۇ؟

— ئەلۋەتتە، — دېدى ئاندرېئا ۋە كۈلۈپ كەتتى.

— بايا ئاۋۇ كىنەزنىڭ ئۆيىدە تاماقلارنى قانداق يېگەنلىكىڭ كۆز ئالدىمغا كېلىۋاتىدۇ.

— ئۇ كىنەز ئەمەس، گراف.

— گراف؟ بايمۇ؟

— باي، لېكىن ئۇنىڭدىن ئۈمىد كۈتمە. ئۇ جانابىنى ئاسانلىقچە جايلىغىلى بولمايدۇ.

— قورقما! سېنىڭ گرافىڭغا ھېچكىم چېقىلمايدۇ. لېكىن، — دەپ قوشۇپ قويدى كادرۇس ۋە يەنە بايىقىدەك يىرگىنچلىك ھالدا كۈلۈپ قويدى، — بۇنىڭ ئۈچۈن سەن ئازراق چىقىم تارتىشىڭ كېرەك.

— ھە، ساڭا قانچە كېرەك؟

— بىر ئايدا 100 فرانك بولسا يېتەر ...

— ھە؟

— بىر ئامال قىلىپ جان بېقىپ تۇرارمەن ...

— 100 فرانك بىلەن؟

— بۇ ئاز، ئەلۋەتتە، ئۆزۈڭ بىلىسەن، لېكىن ...



— ھە، لېكىن؟

— 150 فرانك بەرسەڭ تولۇق يېتىدۇ.

— مانا، 200 فرانك، — دېدى ئاندرېئا.

ئۇ كادرۇسنىڭ قولىغا ئون لۇيىدورنى تۇتقۇزدى.

— ياخشى بولدى، — دېدى كادرۇس.

— ھەر ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى دەرۋازىۋەنىنىڭ يېنىغا كىر. پۇلنى شۇنىڭغا بېرىپ قويىمەن.

— مېنى يەنە كەمسىتىۋاتىسەن!

— نېمىدەپ كەمسىتىمەن؟

— مېنى مالايلار بىلەن ئالاقىلاشتۇرماقچى بولىۋاتىسەن. ياق، مەن سەن بىلەن ئالاقىلىشىشنى خالايمەن.

— ماقۇل، ھەر ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى مېنىڭ يېنىمغا كەل. ئۇلار ماڭا پۇل بېرىشنى توختاتقۇچە سەنمۇ ئۆزۈڭنىڭ ئۈلۈشۈڭنى ئېلىۋېرىسەن.

— بەللى، بەللى، ئادەم تاللاشتا خاتالاشماپتىكەنمەن. يارايدىغان يىگىت ئىكەنسەن. مانا مۇشۇنداق ئادەملەرنىڭ ئامىتى كەلسە ياخشى بولىدۇ. ساڭا بۇ ئامەت نەدىن كەلدى، ھە؟

— بۇنى سوراپ نېمە قىلىسەن؟ — دېدى كاۋالكانتى.

— ماڭا يەنە ئىشەنمەيۋاتىسەنغۇ!

— ئىشەنمەيدىغان گەپ يوق. مەن ئاتامنى تاپتىم.

— ھەقىقىي ئاتاڭنىمۇ؟

— ھەئە ... ئۇ ماڭا پۇل بېرىۋاتقاندىن كېيىن ...

— شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئىشىنىسەن ۋە ئۇنى ھۆرمەتلەيسەن، توغرا. ئاتاڭنىڭ ئىسمى نېمىكەن؟

— مايور كاۋالكانتى.

— ئۇ سېنى ياخشى كۆرەمدۇ؟

— ھازىرچە ياخشى كۆرىدىغانىدەك تۇرىدۇ.

— ئاتاڭنى ساڭا كىم تېپىپ بەردى؟

— گراف مونتې - كرىستو.

— سەن ھازىر شۇنىڭ ئۆيىدىن چىقتىڭمۇ؟

— ھەئە.

— ئۇ، مۇشۇنداق ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولسا، مېنى «بوۋام» دەپ ئۇنىڭ يېنىغا باشلاپ كىرگىنە.

— ئۇنىڭغا سەن توغرۇلۇق گەپ قىلىپ باقاي. ئۇنىڭغىچە سەن نېمە ئىش قىلىسەن؟

— مەنمۇ؟

— ھەئە، سەن.

— شۇنچىلىك كۆڭۈل بۆلگەنلىكىڭگە ھەشقاللا، — دەپ قويدى كادرۇس.

— باباتىن بىرى سەن مەندىن گەپ ئالدىڭ، ئەمدى سېنىڭمۇ ئانچە - مۇنچە سوراپ بېقىشقا ھەققىم بار، — دېدى ئاندرېئا نارازى بولۇپ.

— ماقۇل ... مەن تۈزۈكرەك بىر بىنادىن ئۆزۈمگە بىر ئېغىز ئۆي ئىجارىگە ئالىمەن، ھەر كۈنى ساقىلىمنى قىرىپ، بوش ۋاقىتلىرىمنى قەھۋەخانىغا بېرىپ گېزىت ئوقۇش بىلەن ئۆتكۈزىمەن. كېچىلىرى كىلاكېرلارغا ① قوشۇلۇپ تىياتىرغا بارىمەن. ئومۇمەن، دەم ئېلىشقا چىققان بولكىچىنىڭ قىياپىتىگە كىرىۋالىمەن. مەن بۇرۇنلا شۇنداق قىلىشنى ئويلاپ يۈرگەنىدىم.

— شۇنداق قىلساڭ ياخشى بولىدۇ. مۇشۇ نىيىتىڭ بويىچە ئەقلىڭنى جورۇپ ياشىساڭ، ھەممە ئىشلىرىڭ ئوڭغا تارتىدۇ.

① كىلاكېر — مەخسۇس چاۋاك چېلىپ داغدۇغا پەيدا قىلىش ئۈچۈن تىياتىرخانىلارغا ياللىنىدىغان كىشى؛ ئالقىشچى.



— پاھ، مۇنۇ بوسۇئېنى ①! ھە، سەن ئۆزۈڭ ئەمدى نېمە ئىش قىلىسەن؟ فرانسىيىنىڭ پېرى ② بولامسەن؟

— بولساممۇ بولارمەن! — دېدى ئاندرېئا.

— مايور كاۋالكانتى بەلكىم پېر بولۇشىمۇ مۇمكىن، لېكىن ... ئەپسۇسكى، بۇ ئۇنۋانغا ۋارىسلىق ھوقۇقى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان.

— تولا سىياسەتۋازلىق قىلما، كادرۇس. پۇلنىمۇ ئالدىڭ، مەنزىلگىمۇ يېتىپ كەلدۇق. ئەمدى ھارۋىدىن چۈشۈپ، كەشىڭنى توغرىسىلا.

— ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ، قەدىرلىكىم!

— يەنە نېمە گېپىڭ بار؟

— ئويلاپ باقمامسەن، سويىما. بېشىمدا قىزىل ياغلىق، ئۆتۈكۈمنىڭ پاشنىسى چۈشۈپ قالغان، ھېچقانداق تونۇشتۇرۇش خېتىم يوق، يانچۇقۇمدا ئون لۇيىدور، بۇرۇنقى پۇللىرىم بىلەن قوشقاندا، ئومۇمەن 200 فرانىك نەق پۇل. قاراۋۇلخانىلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتسەم مېنى چوقۇم تۇتۇۋېلىشىدۇ! مەن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بۇ ئون لۇيىدورنى سەندىن ئالغانلىقىمنى ئېيتىشقا مەجبۇر بولىمەن. تەكشۈرۈش، تەرگەۋ قىلىشلار باشلىنىدۇ. ئاندىن، مېنىڭ تۇلوندىن قېچىپ كەلگەنلىكىم ئېنىقلىنىدۇ ۋە مېنى مەھبۇسلار قاتارىغا قوشۇپ، ئوتتۇرا دېڭىز بويىغا ھەيدەپ ئاپىرىپ قويۇشىدۇ. مەن يەنە بۇرۇنقىدەك 106 - نومۇردىنلا ئىبارەت بولۇپ قالىمەن. شۇنىڭ بىلەن، دەم ئېلىشقا چىققان بولكىچىنىڭ قىياپىتىگە كىرىۋېلىش ھەققىدىكى خىياللىرىممۇ يوققا چىقىدۇ. ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ، ئوغلۇم. مەن پايتەختتە تىنچ ياشاشنى خالايمەن.

① بوسۇئە — XVII ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر روھانىي.
② پېر — ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇنۋانى.

ئاندرېئانىڭ قاپىقى تۈرۈلدى. مايور كاۋالكانتىنىڭ يالغان ئوغلى ھەقىقەتەن، ئۆزى ئېيتقاندەك، بەك ئۆز سۆزلۈك ۋە تەرسا ئىدى. ئۇ، ئاتىنى توختاتتى - دە، ئەتراپقا ئالمان - تالمان كۆز تاشلىدى ۋە قولىنى يانچۇقىغا سېلىپ، تاپانچىسىنىڭ تەپكىسگە بارمىقىنى قويدى. ۋەھالەنكى، ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ ئولتۇرغان كادرۇس دەرھال قولىنى ئارقىسىغا قىلدى - دە، ھەر ئېھتىمالغا قارشى ھەمىشە يېنىدا ساقلاپ يۈرىدىغان ئۇزۇن ئىسپان پىچىقىنى غىلاپتىن چىقاردى.

بۇ دوستلار بىر - بىرىدىن قېلىشمايدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئاندرېئا قولىنى يانچۇقىدىن چىقىرىپ، ساپسېرىق بۇرۇتىنى سىلاپ قويدى.

— ئەمدى بەختىڭنى تاپىدىغان بولدۇق، دوستۇم كادرۇس، — دېدى ئۇ.

— شۇنداق بولۇش ئۈچۈن قولۇمدىن كېلىدىغانىنىڭ ھەممىنى قىلىمەن، — دېدى «گار كۆۋرۈكى» نىڭ سابىق مەيپۇرۇشى ۋە پىچىقىنى قايتىدىن غىلاپقا سالدى.

— ماقۇل، پارىژغا بارايلى. لېكىن قاراۋۇلخانىدىن قانداق ئۆتىمىز؟ سەن بۇ تۇرقۇڭ بىلەن ھارۋىدا ئولتۇرساڭ، پىيادە ماڭغاندىن بەكرەك تەۋەككۇلچىلىك بولمامدۇ؟

— توختاپ تۇر، — دېدى كادرۇس، — ھازىر كۆرىسەن.

ئۇ، ئاندرېئانىڭ شلەپىسىنى بېشىغا كىيدى، ھارۋىكەشنىڭ تاشلاپ كەتكەن يوغان ياقىلىق پەلاشىنى ئۈچىسىغا يېپىندى ۋە خۇددى خوجايىنى ھارۋا ھەيدەۋاتقاندا ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئەدەبلىك چاكارغا ئوخشاش چىرايىغا جىددىي تۈس بەردى.

— مەنچۇ؟ يالاڭباش كېتىۋېرەمدىم؟ — دېدى ئاندرېئا.



— بۇ قانچىلىك ئىش ئىدى! — دېدى كادرۇس، — بۈگۈن شامال چىقىۋاتقان بولغاچقا، شلەپەڭ يولدا چۈشۈپ قالغان بولۇشى مۇمكىنغۇ.

— ماقۇل، — دېدى ئاندرېئا، — چاققان بولايلى.

— كىم سېنى تۇتۇۋاپتۇ؟ — دېدى كادرۇس، — مەن سېنى يولۇڭدىن قويمىغاندۇرمەن؟

— جىم بول ... — دەپ پىچىرلىدى كاۋالكانتى.

قاراۋۇلخانا ئالدىدىن تىنچ - ئامان ئۆتۈپ كېتىشتى. كېسىشىپ ئۆتكەن كوچىنىڭ دوقمۇشىغا كەلگەندە ئاندرېئا ئاتنى توختاتتى، كادرۇس ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشتى.

— توختا، — دېدى ئاندرېئا، — پەلاش بىلەن شلەپىنى قايتۇرۇپ بەرمەمسەن.

— سەن مېنىڭ توڭۇپ قېلىشىمنى خالىمايسەنغۇ، — دېدى كادرۇس.

— ئەمىسە مەن قانداق قىلىمەن؟

— سەن ياش، مەن قېرىپ قالدىم. خەير - خوش، بېنېدېتتو!

شۇ گەپ بىلەن ئۇ، دوقمۇشتىن ئەگىلىپ ئۆتۈپ، كۆزدىن غايىب بولدى.

— يائاللا، — دېدى ئاندرېئا ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، — بۇ دۇنيادا بەختلىك بولۇش مۇمكىن ئەمەسمىدۇر!

## ئون ئىككىنچى باب

### ئائىلە ۋەقەسى

لېيۇدوۋىك XV مەيدانىغا يەتكەندىن كېيىن يىگىتلەر

ئايرىلىشتى. موررىيل دەرەخلىق چوڭ كوچىغا، شاتو - رېنو «ئىنقىلاب» كۆۋرۈكىگە يول ئالدى. دېبرى بولسا، دەريا بويىدىكى كوچا بىلەن يۈرۈپ كەتتى. موررىيل بىلەن شاتو - رېنو، ئېھتىمال، پالاتا مۇئبەرلىرىدىكى پاساھەتلىك نۇتۇقلاردا ۋە رىشلىيې كوچىسىدىكى تىياتىرخانا سەھنىسىدە ئوينىلىدىغان مەپتۇن قىلارلىق درامىلاردا تەرىپلىنىۋاتقىنىدەك، ئۆزلىرىنىڭ «ئۆي - ئوچاقلىرى»غا قايتىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن، لېكىن دېبرى ئۇنداق قىلمىدى. لۇۋر دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا بارغاندىن كېيىن ئۇ ئوڭ تەرەپكە بۇرۇلدى ۋە ئېتىنى يورغىلىتىپ، كارۇسېل مەيدانىنى كېسىپ ئۆتتى - دە، سېن - روك كوچىسى ئارقىلىق مىشودىيېر كوچىسىغا كىرىپ، دانگلارنىڭ قورۇسى ئالدىغا كەلدى. بۇ چاغدا ۋىلفورنىڭ پەيتونى ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن ئائىلىسىنى سېنت - ئونورېدىكى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇپ، بارون خانىمنى ئەكەلگەنىدى.

دېبرى بۇ ئۆينىڭ ئادىمى ھېسابلىنىدىغان بولغاچقا، ئالدى بىلەن ئۆزى ھويلىغا كىردى - دە، ئاتنىڭ تىزگىنىنى مالايغا تاشلاپ بېرىپ، پەيتوننىڭ يېنىغا قايتىپ چىقتى ۋە دانگلار خانىمنىڭ پەيتوندىن چۈشۈشىگە ھەمكارلاشتى. ئاندىن ئۇنى ئۆيىگە ئەكىرىپ قويۇش ئۈچۈن قولتۇقلىۋېلىپ، باشلاپ ماڭدى. ئىككىيلەن ھويلا ئىچىگە كىرىپ، دەرۋازا يېپىلغاندىن كېيىن دېبرى مۇنداق دېدى:

— سىزگە نېمە بولدى، ئېرمىنا؟ گراف ھېلىقى ۋەقەنى، ياكى توغرىراق قىلىپ ئېيتقاندا، ھېلىقى ھېكايىنى سۆزلىگەندە نېمە ئۈچۈن كەيپىياتىڭىز ئۆزگىرىپ كەتتى؟

— بۈگۈن زادىلا مىجەزىم يوق، دوستۇم، — دېدى بارون خانىم.

— ئۇنداق ئەمەس، ئېرمىنا، — دېدى دېبرى، — بۇ گېپىڭىزگە ئىشەنمەيمەن. گرافنىڭ ئۆيىگە بارغان چېغىڭىزدا



كەيپىياتىڭىز بەك ياخشى ئىدى. توغرا، دانگلار ئەپەندىنىڭ چىرايى ئېچىلمىدى، لېكىن مەن سىزنى بىلمەمەنغۇ، ئۇنىڭ چىرايىنىڭ ئېچىلىش - ئېچىلماسلىقى سىزگە تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. سىزنى بىر كىم خاپا قىلىپ قويغان ئوخشايدۇ. نېمە بولدى؟ گەپ قىلىڭا. ئۆزىڭىز بىلىسىزغۇ، سىزنى باشقىلار خاپا قىلسا، مەن چىداپ تۇرالمايمەن.

— راست گەپ قىلىۋاتىمەن، لېيۇسىيېن، سىز خاتا چۈشىنىپ قاپسىز، — دېدى دانگلار خانىم، — بايا ئېيتقىنىمدەك، مىجەزىم يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، روھىي كەيپىياتىممۇ بەك ناچار بولدى. بۇنى سىزگە ئېيتمىغانىدىم.

روشەن ئىدىكى، دانگلار خانىم ئاياللاردا كۆپ كۆرۈلىدىغان ئەسەبىيلىكتىن ئۆزىنى ئىدارە قىلالمايۋاتاتتى ياكى ئۇ، دېبرىنىڭ قىياس قىلغىنىدەك، قانداقتۇر بىر يوشۇرۇن روھىي ئازاب چېكىپ، بۇنى ھېچكىمگە ئىقرار قىلىشنى خالىمايتتى. دېبرى ئاياللارنىڭ تەبىئىيىتىدىكى سەۋەبسىز ئەسەبىيلىكلەرنى كۆپ كۆرگەن بولغاچقا، بۇ ھەقتە ئارتۇق گەپ قىلمىدى ۋە باشقا بىر ۋاقىتتا مۇۋاپىق پەيت چىقىرىپ، يەنە سوراپ بېقىشنى ياكى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ بۇنى سۆزلەپ بەرگۈسى كېلىپ قالغۇچە كۈتۈپ تۇرۇشنى قارار قىلدى.

بارون خانىم ئۆز ھۇجرىسىنىڭ ئىشىك ئالدىدا ئۆزىنىڭ سىرداش دېدىكى كورنېلى خېنىمنى ئۇچراتتى.

— قىزىم نېمە قىلىۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدى دانگلار خانىم.

— كېچىچە دەرس ئوقۇغانىدى، بايىراقتا يېتىپ قالدى، — دېدى كورنېلى خېنىم.

— ئەمىسە، رويال چېلىۋاتقان كىم؟

— ئارمىلىي خېنىم رويال چېلىۋاتىدۇ، ئېۋژېنى خېنىم يوتقاندا ياتىدۇ.

— ياخشى، — دېدى دانگلار خانىم، — كىيىملىرىمنى يەشتۈرۈپ قويۇڭلا.

ئۇلار ھۇجرىغا كىرىشتى. دېبرې كەڭ سافاغا ئۆزىنى تاشلاپ ياتتى. دانگلار خانىم كورنېلى خېنىمنى ئەگەشتۈرۈپ، پەرداز ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

— لېۇسيېن، — دەپ سورىدى دانگلار خانىم ئىشكىنىڭ ئۇ تەرىپىدە تۇرۇپ، — ئېژېنى سىزگە گەپ قىلمايدىغانلىقى ئۈچۈن تېخىچە رەنجىپ يۈرۈۋاتامسىز؟

— ئۇنىڭدىن رەنجىيدىغانلار يالغۇز مەن ئەمەس، خانىم، — دېدى لېۇسيېن بارون خانىمنىڭ پىستە كۈچۈكىنى ئوينىتىپ ئولتۇرۇپ. بۇ كۈچۈك لېۇسيېننى بۇ ئۆيىنىڭ ئۆز ئادىمى دەپ بىلگەچكە، ھەمىشە ئۇنىڭغا ئەركىلەيتتى، — ئۆتكەن بىر كۈنى مورسېر ئۇنىڭ بىلەن بىر ئېغىز سۆزلىشەلمەيۋاتقىنىنى سىزگە ئېيتىپ رەنجىگەنىدىغۇ.

— ئۇغۇ شۇنداق، — دېدى دانگلار خانىم، — لېكىن پات ئارىدا بۇنداق ئەھۋال ئۆزگىرىدۇ دەپ ئويلايمەن. ئۇ سىزنىڭ ئىشخانىڭىزغا بارماقچى بولۇۋاتىدۇ.

— مېنىڭ ئىشخانامغا؟

— مىنىستىرنىڭ ئىشخانىسىغا دېمەكچىمەن.

— نېمە ئۈچۈن؟

— ئوپېراغا ئارتىس بولۇش ئۈچۈن سىزنى تونۇشتۇرۇش ئېلىپ بەرسىكەن دەيدۇ. مۇزىكىغا بۇنچىلىك بېرىلىپ كەتكەن كىشىنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم. يۇقىرى تەبىقىدىن كېلىپ چىققان بىر قىزنىڭ مۇشۇنداق بولۇشى كۈلكىلىك ئىش - تە!

دېبرې كۈلۈپ قويدى.

— ماقۇل، — دېدى ئۇ، — بارون بىلەن ئىككىڭلار قوشۇلغان بولساڭلار، مەن بىلەن كۆرۈشسۇن. بىز گەرچە ئۇنىڭدەك



تالانت ئىگىسىگە ئىش ھەققى بېرەلىگۇدەك باي بولمىساقمۇ، ئوبدان تونۇشتۇرۇش ھەل قىلىپ بېرەيلى.

— ئەمدى چىقىپ كەتسىڭىز بولىدۇ، كورنېلى، — دېدى دانگلار خانىم، — باشقا ئىشىڭىز يوق.

كورنېلى چىقىپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن دانگلار خانىم چىرايلىق خالات كىيگەن ھالدا چىقىپ، لېۇسيېننىڭ يېنىغا ئولتۇردى ۋە ئۇنچىقماستىن كۈچۈكنى سىلاشقا باشلىدى. لېۇسيېنمۇ ئۇنچىقماستىن ئۇنىڭغا قارىدى.

— ئېرمىنا، — دېدى ئۇ بىر ھازادىن كېيىن، — راست گېپىڭىزنى قىلىڭا، بىر ئىشقا خاپا بولۇپ قالدىڭىزمۇ، ھە؟

— ياق، خاپا بولمىدىم، — دېدى بارون خانىم.

ئۇنىڭ دېمى سىقىلىشقا باشلىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، چوڭقۇر نەپەس ئالدى - دە، ئەينەكنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— مەن بۈگۈن بىر بۇجۇڭگە ئوخشاپ قاپتىمەنغۇ، — دېدى ئۇ.

دېبرې كۈلۈمسىرەپ ئورنىدىن تۇردى ۋە بارون خانىمنى بۇ جەھەتتىن خاتىرجەم قىلىپ قويۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىغا باراي دەپ تۇرۇشىغا ئىشىك ئېچىلدى. دانگلار كىرىپ كەلدى. دېبرې يەنە سافاغا ئولتۇردى.

ئېچىلغان ئىشىكنىڭ شەپىسىنى ئاڭلاپ، دانگلار خانىم ئارقىغا بۇرۇلۇپ قارىدى ۋە ئېرىنى كۆرۈپ، ھەيران بولغانلىقىنى يوشۇرمىغان ھالدا ئۇنىڭغا قارىدى.

— كەچلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن، خانىم، — دېدى بانكىر، — كەچلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن، دېبرې ئەپەندى.

ئۇنىڭ بۇنداق ئۇشتۇمتۇت كىرىپ كەلگىنىنى بارون خانىم ئۆزىچە چۈشىنىپ، بۈگۈن بىرنەچچە قېتىم قوپاللىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئەپۇ سوراشقا كىردى دەپ ئويلىدى بولغاي. ئۇ، چىرايىغا

تەكەببۇرانە تۈس بەردى ۋە ئېرىگە جاۋاب قايتۇرماستىن، لىيۇسىيېن تەرەپكە بۇرۇلدى.

— ماڭا كىتاب ئوقۇپ بېرىڭلا، دېبرې ئەپەندى، — دېدى ئۇ.

دېبرې دانگلارنى كۆرۈپ، دەسلەپتە بىر ئاز قورقۇپ قالغانىدى، لېكىن بارون خانىمنىڭ پەسەنت قىلمىغانلىقىنى كۆرۈپ كۆڭلى ئەمىن تاپتى ۋە ئالتۇندىن چاپلىما نەقىش ئورنىتىلغان يالپاق سەدەپ خەتكۈچ قىستۇرۇپ قويۇلغان كىتابنى قولىغا ئۇزاتتى.

— ئەپۇ قىلىڭ، بارون خانىم، — دېدى بانكىر، — چارچاپ قالدىڭىز، دەم ئېلىشىڭىز كېرەك. سائەت 11 بولۇپ قالدى. دېبرې ئەپەندىنىڭ ئۆيى بەك يىراق.

دانگلار ئۆزىنى خاتىرجەم تۇتقان بولۇپ، تەلەپپۇزى سىپايە ئىدى. لېكىن بۇ خاتىرجەملىك ۋە سىپايىلىقنىڭ تېگىدىن بۇ قېتىم ئائىلىنىڭ خاھىشى بىلەن ھېسابلاشمايدىغانلىقى سېزىلىپ تۇراتتى. شۇڭا، دېبرې داڭ قېتىپ قالدى. بارون خانىممۇ تەئەججۈپلەندى. ئۇ، ئۆزىنىڭ ئەجەبلىنىشىنى شۇنداق بىر قاراش بىلەن ئىپادىلىدىكى، باشقا چاغلاردا بۇنداق قاراش ئېرىنى تەمتىرىتىپ قويغان بولاتتى. لېكىن بۇ قېتىم ئېرىنىڭ كۆزلىرى گېزىتكە قارىتىلغان بولۇپ، ئۇ، سودا خەۋىرىنى ئىزدەۋاتاتتى. شۇڭا، بارون خانىمنىڭ بۇ مەغرۇر قارىشى نىشانغا تەگمەي زايا كەتتى.

— دېبرې ئەپەندى، — دېدى بارون خانىم، — مېنىڭ زادىلا ئۇخلىغۇم يوق. سىزگە دەيدىغان نۇرغۇن گەپلىرىم بار. شۇڭا، ھەر قانچە ئويقۇڭىز كەلسىمۇ، كېچىچە مېنىڭ گەپلىرىمنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇشىڭىز كېرەك.

— خىزمىتىڭىزگە تەييارمەن، خانىم، — دېدى لىيۇسىيېن.



— قەدىرلىك دېبرې ئەپەندى، — دەپ سۆزگە ئارىلاشتى بانكىر، — مەرھەمەت قىلىپ، بۈگۈن دانگلار خانىمنىڭ قۇرۇق گېپىدىن ئۆزىڭىزنى ئازاد قىلغايسىز. ئۇنىڭ گېپى بولسا ئەتە كېلىپ ئاڭلىسىڭىزمۇ بولىدۇ. بۈگۈنكى كېچە ماڭا تېگىشلىك. جانابىڭىزنىڭ پىكرى بولمىسا، مەن بۈگۈن ئائىلەم بىلەن مۇھىم بىر مەسىلە ئۈستىدە سۆھبەتلەشمەكچىمەن.

بۇ قېتىمقى زەربە شۇنداق ئۇدۇل ۋە نەق جايىغا تەگدىكى، لىيۇسىيېن بىلەن بارون خانىم ھودۇقۇپ قالدى. ئۇلار گوياكى بۇ ھۇجۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئۆز-ئارا مەدەت كۈتكەندەك بىر-بىرىگە قارىشىپ قالدى. ھالبۇكى، ئۆي ئىگىسىنىڭ دەخلىسىز ھوقۇقى تەنتەنە قىلدى ۋە ئەر بولغۇچى كىشى غەلىبە قىلدى.

— قەدىرلىك دېبرې، «مېنى ئۆيىدىن قوغلاۋاتىدۇ» دەپ ئويلاپ قالماڭ، — دېدى يەنە دانگلار، — ئۇنداق ئەمەس، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس! كۈتۈلمىگەن بىر ئەھۋال بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن بارون خانىم بىلەن بۈگۈنلا سۆزلىشىۋالمىسام بولمايدۇ. بۇنداق ئىشلار ئانچە كۆپ كۆرۈلمىگەنىكەن، شۇڭا مەندىن رەنجىمەسسىز.

دېبرې دۇدۇقلاپ بىر نېمىلەرنى دېدى-دە، تەزىم قىلدى ۋە خۇددى «ئاتالىيە» دىكى ناتانغا ئوخشاش ئۆي ئىچىدىكى نەرسە-كېرەكلەرگە پۈتلىشىپ چىقىپ كەتتى.

ئەجەبا، — دېدى ئۇ، ئۆزىنىڭ كەينىدىن ئىشىك يېپىلغاندىن كېيىن، — بىز مەسخىرە قىلىپ يۈرگەن ئەرلەر مۇشۇنداق ئوڭايلا ئۈستۈنلۈككە ئېرىشەلەيدىكەن - ھە!

لىيۇسىيېن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن دانگلار ئۇنىڭ بايا سافادا ئولتۇرغان جايىغا كېلىپ ئولتۇردى-دە، ئېچىپ قويۇلغان كىتابنى ياپتى ۋە بىر خىل ياسالما قىياپەتتە كۈچۈكنى ئوينىتىشقا باشلىدى. دېبرېيگە ئۆگىنىپ قالغان كۈچۈك ئۇنىڭدىن ياتسىراپ، چىشلەشكە ئۇرۇندى. بۇ چاغدا دانگلار ئۇنىڭ بويۇن

يۇڭىدىن تۇتۇۋېلىپ، قارشى تەرەپتىكى يوتقان - كۆرپىلەرنىڭ ئۈستىگە چۆرۈپ تاشلىۋەتتى. كۆچۈك بوشلۇقتا غىڭشىپ تاشلىدى - دە، تۆشەك ئۈستىگە چۈشكەندىن كېيىن ياستۇقنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋالدى ۋە بۇنداق غەيرىي مۇئامىلىدىن ئەجەبلەنگەن هالدا جىم بولۇپ قالدى.

— قالتىس قىلىقلارنى چىقىرىۋاتىسىز، تەقسىر، — دېدى بارون خانىم ئۇنىڭغا تىك بېقىپ، — سىز ئادەتتە قوپال ئىدىڭىز، لېكىن بۈگۈن هايۋانغا ئوخشاش ئىشلارنى قىلىۋاتىسىز.

— چۈنكى بۈگۈن مېنىڭ كەيپىياتىم ياخشى ئەمەس، — دېدى دانگلار.

ئېرمىنا بانكىرغا نەپرەتلىك كۆزلىرى بىلەن قارىدى. ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا بۇنداق نەپرەتلىك قاراشلار هاكاۋۇر دانگلارنىڭ ئوغىسىنى قاينىتىۋېتەتتى. ئەمما بۈگۈن ئۇ، ئايالىغا پەرۋا قىلمىغاندەك كۆرۈنەتتى.

— كەيپىياتىڭىزنىڭ ياخشى بولماسلىقى بىلەن مېنىڭ نېمە چاتىقىم؟ — دېدى بارون خانىم، ئېرىنىڭ پەرۋاسىزلىقىدىن غەزەپلىنىپ، — كەيپىياتىڭىز ياخشى بولمىسا، ئۆزىڭىزنىڭ هۇجرىڭىزغا چىقىپ ئولتۇرۇڭ ياكى ئىدارىڭىزغا بېرىپ چالۋاقاڭ. مائاش بېرىپ ئىشلىتىۋاتقان خىزمەتچىلىرىڭىز بارغۇ، كەيپىياتىڭىزنىڭ قانداقلىقىنى شۇلارغا كۆرسىتىپ بېرىڭ!

— يوقسۇ، خانىم، — دېدى دانگلار، — بۇ مەسلىهەتىڭىز ئورۇنلۇق بولمىدى. بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلاشنى خالىمايمەن، مېنىڭ ئىدارەم، خۇددى دېمۇتى ئەپەندى ئېيتقاندەك، ئالتۇن ئاقىدىغان دەريا. بۇ دەريانىڭ ئېقىمىنى توسۇپ، سۈيىنى بۇلغايدىغان ئەخمەق ئەمەسمەن. مېنىڭ خىزمەتچىلىرىم هالال ئىشلەيدىغان ئادەملەر. ئۇلار مېنىڭ بايلىقىمنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىدۇ. ئۇلارغا بېرىلىۋاتقان مائاش ئۇلارنىڭ تۆهپىلىرىگە



سېلىشتۇرغاندا بەك تۆۋەن. ئۇلارغا ئاچچىقلىنىشقا هەققىم يوق. مېنىڭ ئاش - نېنىمنى يەپ، ئاتلىرىمنى كاردىن چىقىرىپ، خەزىنەمنى قۇرۇتۇۋاتقانلارغا ئاچچىقىم كېلىۋاتىدۇ.

— خەزىنىڭىزنى قۇرۇتۇۋاتقانلار كىم؟ ئېنىقراق سۆزلىمەمسىز.

— ئالدىرىماڭ، ئېنىق سۆزلىمىگەن بولسام، بۇ تېپىشماقنى ئاسانلا تېپىۋالالايسىز، — دېدى دانگلار، — خەزىنەمنى قۇرۇتۇۋاتىدۇ دېيىشىمدە، بانكامدىن بىر سائەتنىڭ ئىچىدىلا 500 مىڭ فرانك پۇلۇمنى ئېلىپ كېتىدىغانلارنى كۆزدە تۇتۇۋاتىمەن.

— گېپىڭىزنى چۈشەنمىدىم، — دېدى بارون خانىم، ئاۋازىنىڭ تىترىشىنى ۋە يۈزىنىڭ قىزىرىشىنى يوشۇرۇشقا تىرىشىپ.

— ئەكسىچە، ناهايىتىمۇ ئوبدان چۈشەندىڭىز، — دېدى دانگلار، — سۆزلەشنى خالىمىسىڭىز مەن سۆزلەي. ئىسپانىيە ئامانەت پۇلىدىن 700 مىڭ فرانك زىيان تارتتىم.

— هىم، شۇنداقمۇ! — دېدى بارون خانىم مازاق قىلغان ئاهاڭدا، — بۇنىڭ ئۈچۈن مېنى ئەيىبلىمەكچىمۇ سىز؟

— نېمە ئۈچۈن ئەيىبلىمەيدىكەنمەن؟

— 700 مىڭ فرانك زىيان تارتقانلىقىڭىز مېنىڭ گۇناهىممۇ؟

— هەر هالدا مېنىڭ گۇناهىم ئەمەس.

— تەقسىر، ماڭا پۇلنىڭ گېپىنى قىلماسلىقىڭىزنى ئېيتقانىدىمغۇ، — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى بارون خانىم كەسكىن ئاهاڭدا، — مەن ئاتا - ئانامنىڭ ئۆيىدىمۇ، بۇرۇنقى ئېرىمنىڭ ئۆيىدىمۇ پۇلنىڭ تىلى بىلەن سۆزلىشىشنى ئۆگەنمىگەن.

— بۇ گېپىڭىزگە ئىشەنمەن، — دېدى دانگلار، — چۈنكى ئۇلار پۇلسىز يوقسۇللار ئىدى.

— شۇنىڭ ئۈچۈن سىزنىڭ ئەتىدىن كەچكىچە قۇلىقىمنى ئاغرىتىدىغان بانكا تىلىڭىزنىمۇ ئۆگىنەلمىدىم. قايتا ـ قايتا سانىلىدىغان تەڭگىلەرنىڭ جاراڭلىغان تاۋۇشلىرىدىن تويۇپ كەتتىم. تەڭگىلەرنىڭ جاراڭلىشىدىنمۇ يىرگىنچلىك ئاۋاز بار بولسا، ئۇ پەقەت سىزنىڭ ئاۋازىڭىزلا بولۇشى مۇمكىن!

— ئەجەبا، — دېدى دانگلار، — سىزنى مېنىڭ پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىمغا بەك قىزىقىدۇ دەپ ئويلاپتىكەنمەن.

— مەن؟ نېمىدېگەن قاملاشمىغان گەپ بۇ! كىم سىزگە شۇنداق دېدى؟

— ئۆزىڭىز.

— تولا ۋالاقلىماڭ!

— ئەلۋەتتە ئۆزىڭىز.

— قاچان شۇنداق دېگەنىدىم؟

— ھازىر ئېيتىپ بېرىمەن. فېۋرال ئېيىدا سىز بىرىنچى بولۇپ ماڭا گايتى پۇلى ھەققىدە سۆز ئاچتىڭىز. سىز چۈشىڭىزدە گاۋر پورتىغا بىر كېمە كىرىپ، قەرزلەرنىڭ تۆلىنىپ بولغانلىق خەۋىرىنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپسىز. ئەسلىدە بۇ قەرزلەر شۇ كېمىنىڭ ئىككىنچى قېتىم كېلىشىدە تۆلىنىدۇ دېگەن گەپلەر بار ئىدى. مەن سىزنىڭ چۈشىڭىزنىڭ دائىم ئۇدۇل چىقىدىغانلىقىنى بىلىمەن. شۇڭا، گايتى قەرز چەكلىرىدىن تېپىشقا مۇمكىن بولغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى سېتىۋېلىشقا بۇيرۇق بەردىم. نەتىجىدە 400 مىڭ فرانك پايدا تاپتىم. بۇنىڭدىن 100 مىڭىنى سىزگە بەردىم. سىز ئۇ پۇللارنى ئۆز مەيلىڭىز بويىچە خەجلەپ تۈگەتتىڭىز. مەن سىزنى توسمىدىم. مارت ئېيىدا تۆمۈر يول قۇرۇلۇشىنىڭ توختاملىق ئىشى توغرىسىدا گەپ چىقتى. ئوخشاش شەرتلەرنى قويغان ئۈچ شىركەت ئۆزئارا رىقابەتلەشتى. سىز ماڭا «ئاتالمىش جەنۇبىي



شىركەتكە ئېتىبار بېرىلىدىغانلىقىنى كۆڭلۈم تۇيۇۋاتىدۇ» دېدىڭىز. سىز گەرچە «پۇل ئىشلىرىغا قىزىقمايمەن» دېسىڭىزمۇ، بەزى مەسىلىلەرنى كۆڭلىڭىز بەك توغرا تاپىدۇ. شۇڭا، مەن جەنۇبىي شىركەت پاي چەكلىرىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ئۆز بانكامغا يازدۇرۇۋالدىم. ھەقىقەتەن بۇ شىركەتكە ئېتىبار بېرىلدى. سىز مۆلچەرلىگەندەك، بۇ پاي چەكلىرىنىڭ باھاسى ئۈچ ھەسسە ئۆرلىدى. بۇ ئىشتا مەن 1 مىليون فرانك پايدا ئالدىم. بۇنىڭدىن 250 مىڭ فرانكنى سىزنىڭ بۇلاپكا سېتىۋېلىشىڭىز ئۈچۈن بەردىم. لېكىن، سىز ئۇ 250 مىڭ فرانكنى نېمىگە ئىشلەتتىڭىز؟

— سىز زادى نېمىدېمەكچى بولۇۋاتىسىز؟ — دەپ خىتاب قىلدى بارون خانىم تىترىكىپ.

— تەخىر قىلىڭ، خانىم، گېپىم ھازىر تۈگەيدۇ.

— خۇداغا شۈكرى!

— ئاپرېل ئېيىدا سىز مىنىستىرنىڭ زىياپىتىگە داخىل بولدىڭىز. ئۇ يەردە ئىسپانىيىنىڭ گېپى چىقىپ قاپتۇ ۋە سىز دون كارلوسنىڭ سۈرگۈنگە ھەيدەلگەنلىكى توغرىسىدىكى مەخپىي گەپنى تاسادىپىي ئاڭلاپ قاپسىز. مەن ئىسپانىيىنىڭ زايوم چەكلىرىنى سېتىۋالدىم. دون كارلوس ھەقىقەتەن سۈرگۈنگە ھەيدەلدى ۋە ئۇ دەل بىداسوغا چىقىپ بارغان كۈنى مەن 600 مىڭ فرانك كىرىم قىلدىم. بۇ 600 مىڭ فرانكتىن سىز 50 مىڭ ئېكيۇ ئالدىڭىز. ئۇ پۇللار سىزنىڭ. سىز ئۇنى ئۆزىڭىز خالىغانچە ئىشلەتتىڭىز. مەن سىزدىن ئۇنىڭ ھېسابىنى ئالماقچى ئەمەسمەن. لېكىن، نېمىدېگەن بىلەنمۇ، بۇ يىل سىز 500 مىڭ لىۋىر ئالدىڭىز.

— ھە، ئاندىن كېيىنچۇ؟

— ئاندىن كېيىن؟ ھە، گەپ شۇنىڭدا، ئاندىن كېيىن ئىش چاتاق بولدى.

— ئاجايىپ غەلىتە گەپلەرنى قىلىۋاتىسىز...
— بۇ گەپلەر مېنىڭ ئوي-پىكىرىمنى ئىپادىلەۋاتىدۇ. ماڭا زۆرۈر بولغىنى شۇ... داۋاملاشتۇرايلى، ئۈچ كۈن بۇرۇنقى ئىش. ئۈچ كۈن ئىلگىرى سىز دېبرې بىلەن سىياسەت ئۈستىدە پاراڭلاشقان ئىكەنسىز. ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن سىز دون كارلوسنىڭ ئىسپانىيىگە قايتىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىپسىز. بۇ گەپنى ئاڭلاپ مەن بانكامدىكى ئىسپانىيە چەكلىرىنى سېتىۋېتىش قارارىغا كەلدىم. بۇ خەۋەر جەمئىيەتكە تارقالدى، غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى. شۇندىن كېيىن مەن ئۇ چەكلەرنى سېتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بىكارغا بەرگەندەكلا تۈگىتىۋەتتىم. ئەتىسى بۇ يالغان خەۋەر بولۇپ چىقتى. شۇ يالغان خەۋەرنىڭ كاساپىتىدىن مەن 700 مىڭ فرانكنى قولدىن چىقىرىپ قويدۇم.
— شۇنىڭ بىلەن نېمىدېمەكچى سىز؟
— شۇنى دېمەكچىمەنكى، مەن كىرىمىمنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىنى سىزگە بېرىپ كېلىۋاتىمەن. شۇڭا، سىزمۇ چىقىمىمنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىنى تۆلىشىڭىز كېرەك. 700 مىڭ فرانكنىڭ تۆتتىن بىر قىسمى 175 مىڭ فرانك بولىدۇ.
— بەكمۇ بىمەنە گەپلەرنى قىلىۋاتىسىز. يەنە كېلىپ، بۇ ۋەقەگە نېمە ئۈچۈن دېبرېنىڭ ئىسمىنى قوشۇۋالغىنىڭىزنى چۈشىنەلمەيمەن.
— بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئەگەر سىزنىڭ 175 فرانكىڭىز بولمىسا، دوستلىرىڭىزدىن ئېلىشىڭىز كېرەك. دېبرې سىزنىڭ دوستىڭىز ئەمەسمۇ.
— پەس! — دەپ ۋارقىراپ تاشلىدى بارون خانىم.
— خانىم، مەرھەمەت قىلىپ، بۇنداق ۋارقىرىماڭ، قولىڭىزنى شىلتىماڭ، ھازىرقى دراممىلاردىكىدەك قىلىقلارنى قىلماڭ. مەن سىزگە شۇنى دېيىشكە مەجبۇرمەنكى، سىز بۇ يىل



دېبرېگە 500 مىڭ لىۋرىنى ئۆتكۈزۈپ بەردىڭىز، ئۇ خۇشاللىقىدىن كۈلۈۋاتىدۇ ۋە ئەڭ ئۇستا قىمارۋازلارمۇ تاپالمايدىغان نەرسىنى تاپتىم دەۋاتىدۇ. ئۇ ھېچنېمىسىنى تىكمەيلا ئۇتۇۋاتىدۇ. ئۇتتۇرۇپ قويغان ھالەتتىمۇ ئۇنىڭ ھېچنېمىسى خورىمايدۇ.
بارون خانىمنىڭ جېنى چىقىپ كەتكۈدەك بولدى.
— مۇتەھەم! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ، — مېنى ئەيىبلەۋاتقىنىنى تېخى، بۇ ئىشلارنى مەن بىلمەيتتىم دەپ بېقىڭا قېنى!
— مەن بىلىمەن ياكى بىلمەيمەن دېمىدىم. دېمەكچى بولغىنىم، سىز ماڭا خوتۇن ئەمەس ۋە مەن سىزگە ئەر ئەمەس بولۇپ ئۆتۈۋاتقان مۇشۇ تۆت يىلدىن بۇيان مېنىڭ ئىپادەمنىڭ قانداق بولغىنىنى ئەسلەپ باقسىڭىز، سۆزلىرىمنىڭ مەنتىقىغە تولىمۇ ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايسىز. مۇناسىۋىتىمىز ئۈزۈلۈشتىن سەل ئىلگىرى سىز ئىتالىيە تىياتىرىدا داڭق چىقارغان ھېلىقى ئوتتۇرا ئاۋازلىق ئەر ناخشىچىدىن مۇزىكا ئۆگىنىشنى خالاپ قالدىڭىز. ئاندىن مەنمۇ لوندوندىكى ھېلىقى مەشھۇر ئايال ئۇسسۇلچىنىڭ يېتەكچىلىكىدە تانسا ئۆگىنىشكە كىرىشتىم. شۇنىڭ بىلەن، ئىككىمىز ئۈچۈن تەخمىنەن 100 مىڭ فرانك چىقىم قىلدىم. مەن بۇنىڭغا نارازى بولمىدىم، چۈنكى ئائىلىۋى تۇرمۇشتا ئەر-خوتۇنلار بىر-بىرىگە ماسلىشىشى كېرەك. ئەر-خوتۇننىڭ مۇزىكا بىلەن تانسىنى پىششىق ئۆگىنىۋېلىشى ئۈچۈن 100 مىڭ فرانك سەرپ قىلىنسا ئانچە قىممەت ھېسابلانمايدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي مۇزىكىدىن زېرىكتىڭىز ۋە مىنىستىرنىڭ كاتىپىدىن دىپلوماتىيە سەنئىتىنى ئۆگىنىشكە قىزىقىپ قالدىڭىز. بۇ ئۆگىنىشىڭىزگىمۇ شارائىت يارىتىپ بەردىم. ئوقۇش ھەققىڭىزنى ئۆزىڭىز بىر تەرەپ قىلىدىغان بولغاچقا نېمە قىلىسىزمۇ كارىم يوق ئىدى. لېكىن ئەمدى قارىسام، مېنىڭ خەزىنەمگە تېگىش قىلىۋاتىسىز، سىزنىڭ بىر ئايلىق ئوقۇشىڭىز

700 مىڭ فرانكقا توختايدىغان بولۇپ قالدى. بەس، خانىم، بۇنداق كېتىۋەرسە بولمايدۇ. ئۇ دىپلوماتنىڭ سىزگە دەرس بەرگۈسى كەلسە پۇل تەلەپ قىلمىسۇن. شۇنداق بولغاندا مەن ئۇنىڭغا يول قويىمەن. ئەكسىچە بولسا، بۇندىن كېيىن ئۆيۈمگە قەدەم باسقۇچى بولمىسۇن. چۈشەندىڭىزمۇ، خانىم؟

— ھەددىڭىزدىن ئېشىپ كەتتىڭىز، تەقسىر! — دەپ خىتاب قىلدى ئېرمىنا غەزەپتىن بوغۇلۇپ، — پەسكەشلىك قىلىۋاتىسىز! چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتتىڭىز!

— شۇنى مەمنۇنىيەت بىلەن كۆرۈۋاتىمەنكى، — دېدى دانگلار، — سىزمۇ مەندىن قېلىشمايۋاتىسىز ۋە «ئايال كىشى ئۆز ئېرىگە ئەگىشىپ ماڭغاي» دېگەن ئايەتكە ئەمەل قىلىۋاتىسىز.

— سىز مېنى ھاقارەتلەۋاتىسىز!

— توغرا ئېيتتىڭىز. ئەمدى بۇ گەپنى قويۇپ، چىرايلىقچە سۆزلىشەيلى. مەن سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى دەپ ھېچقانداق ئىشىڭىزغا ئارىلاشمىدىم. ئەمدى سىزمۇ مېنى ئۆلگە قىلىڭ. سىز مېنىڭ پۇللىرىمغا قىزىقمايدىكەنسىزغۇ، ھە؟ ناھايىتى ياخشى. ئۆزىڭىزنىڭ پۇللىرىڭىزنى ئىشلىتىڭ. مېنىڭ پۇللىرىمنى ھەم كۆپەيتمەڭ، ھەم كېمەيتمەڭ. يەنە بىر تەرەپتىن قارىغاندا، بۇ بىر خىيانەتكارانە ھىيلە - نەيرەڭمۇ، كىم بىلسۇن؟ مەن ئۆكتىچىلەر پارتىيىسىدە بولغىنىم ئۈچۈن مىنىستىر مېنى ئۆچ كۆرىدۇ، مېنىڭ شان - شۆھرىتىمگە ھەسەت قىلىدۇ. بەلكىم ئۇ دېبرې بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، مېنى خانىۋەيران قىلماقچىدۇر.

— بۇ، ئېھتىمالغا يېقىن!

— ئېھتىمالغا بەكمۇ يېقىن. شۇنداقمۇ ئىش بولامدۇ... تېلېگراف خەۋىرىنىڭ خاتا بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئاخىرقى ئىككى تېلېگرافنىڭ سىگناللىرى بىر - بىرىگە تۈپتىن قارىمۇ قارشى... بۇ، گوياكى قەستەن مەن ئۈچۈن قىلىنغاندەكلا.



— سىز بىلىسىزغۇ دەيمەن، — بارون خانىم ئەمدى بىرئاز پەسكويغا چۈشۈپ سۆزلىدى، — ئۇ تېلېگراف خىزمەتچىسىنى خىزمەتتىن چىقىرىشىپتۇ، ھەتتا سوتلىماقچى بولۇشۇپتۇ. قولغا ئالىدىغان چاغدا ئۇ خىزمەتچى قېچىپ كېتىپتۇ. قېچىپ كەتكىنىدىن قارىغاندا، ئۇ يا ساراڭ، يا جىنايەتچى... ياق، بۇ بىر ئوقۇشماسلىق بولۇشى مۇمكىن.

— شۇنداق. ئەقلىڭىزلەر ئاشۇ ئوقۇشماسلىقتىن تاماشا كۆرۈپ، كۈلۈشىدۇ؛ مىنىستىر شۇ ئوقۇشماسلىقتىن بىئارام بولۇپ، كېچىچە ئۇخلىمايدۇ؛ جانابىي كاتىپلار شۇ توغرۇلۇق قەغەزلەرنى بوياپ بىر نېمىلەرنى يازىدۇ؛ لېكىن مەن شۇ ئوقۇشماسلىقنىڭ كاساپىتىدىن 700 مىڭ فرانكنى زىيان تارتتىم.

— ماڭا قاراڭا، — ئېرمىنا ئۇشتۇمتۇت تەلەپپۇزىنى ئۆزگەرتىپ سۆزلىدى، — پەرىزىڭىزچە، بۇ ئىشقا دېبرې سەۋەبچى ئىكەن. ئۇنداق بولسا، بۇنى نېمە ئۈچۈن دېبرېنىڭ ئۆزىگە دېمەستىن، ماڭا دەيسىز؟ نېمە ئۈچۈن بىر ئەر كىشىنى ئەيىبلەپ، ئۇنىڭ جاۋابىنى ئايال كىشىدىن سورايسىز؟

— مەن دېبرېنى چۈشىنەمدىم؟ — دېدى دانگلار، — ئۇنى چۈشىنىشنى خالامدىم؟ ئۇنىڭ ھەر خىل مەسلىھەتلەرنى بېرىۋاتقانلىقىنى بىلىشىم كېرەكمۇ؟ ئۇنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئىش قىلىشنى خالامدىم؟ مەن سودا ئويۇنى قىلىۋاتامدىم؟ ياق، بۇ ئىشلار ماڭا ئەمەس، سىزگە مۇناسىۋەتلىك.

— شۇنداق بولۇش سىزگە پايدىلىق بولسا...

دانگلار مۈرىلىرىنى قىسىپ قويدى.

— ئاياللار نېمىدېگەن ئەخمەق! ئۇلار بىر ياكى ئون مۇھەببەت ۋەقەسىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈشلۈق ئۆتكۈزۈپ، پۈتۈن پارىژ ئۇلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلمىغان بولسا، ئۆزلىرىنى دانىشمەن ھېسابلايدۇ. شۇنى بىلىپ قويۇڭكى، ئاياللار ئۆز قىلمىشلىرىنى

ئېرىدىن ئوڭايلا يوشۇرۇپ قالالايدۇ، چۈنكى ئەرلەر كۆپ ھاللاردا ئۇنداق ئىشلارنى كۆرۈشنى خالىمايدۇ. سىز، شۇنداق قىلالىغان ھالەتتىمۇ ئاقسۆڭەك دوستلىرىڭىزنىڭ پەقەت يېرىم نۇسخىسىدىنلا ئىبارەت بولالايسىز. ھالبۇكى، سىز ئۇنچىلىكمۇ بولالمىدىڭىز. مەن سىزنىڭ ھەممە ئىشلىرىڭىزنى باشتىن-ئاياغ بىلىمەن. 16 يىلدىن بېرى سىز بەلكىم مەندىن قىسمەن ئوي-پىكىرلىرىڭىزنى يوشۇرۇپ قالالىغان بولۇشىڭىز مۇمكىن، لېكىن ھېچقانداق ھەرىكىتىڭىز، ھېچقانداق ئىشىڭىز، ھېچقانداق گۇناھىڭىزنى مەندىن يوشۇرالمىدىڭىز. سىز ئۆزىڭىزگە ئىشىنىپ، مېنى ئالداپ يۈرۈۋاتىمەن دەپ ئويلىغانىدىڭىز، ئەمما قانداق بولدى؟ مەن بىلمەسكە سېلىپ يۈرگەنلىكىم ئۈچۈن سىزنىڭ ۋىلفوردىن دېرىگىچە بولغان ھەممە دوستلىرىڭىز مەندىن قورقىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە مېنى بۇ ئۆينىڭ ئىگىسى دەپ تونۇمايدىغىنى يوق. مېنىڭ سىزدىن كۈتىدىغان بىردىنبىر تەلىپىم شۇ. ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى سىزگە مەن توغرۇلۇق ئۆزۈم ھازىر ئېيتىۋاتقان سۆزلەرنى ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. مېنى يامان دېيىشىڭىز مۇمكىن، لېكىن كىشىلەرنىڭ ئالدىدا كۈلكىگە قالدۇرۇشىڭىزغا يول قويمايمەن. ئەڭ مۇھىمى، مېنى خانىۋەيران قىلىشىڭىزغا قەتئىي رۇخسەت يوق.

ۋىلفورنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنغىچە، بارون خانىم تەستە بولسىمۇ، ئۆزىنى تۇتۇپ ئولتۇرغانىدى. لېكىن بۇ ئىسىم تىلغا ئېلىنغاندىن كېيىن ئۇ تاتىرىپ كەتتى ۋە خۇددى قانداقتۇر بىر پۇرژىنىسى تولغاپ قويۇلغاندەك ئورنىدىن تۇردى، خۇددى كۆزىگە كۆرۈنگەن قورقۇنچلۇق بىر نەرسىگە يېلىنغاندەك، خۇددى مەخپىيەتلىكنىڭ بۇ ئەڭ ئاخىرقى سۆزىنى ئېرىدىن يۇلۇۋالماقچى بولغاندەك قوللىرىنى ئالدىغا سوزۇپ، ئېرى ئولتۇر-غان تەرەپكە بىر چامدىدى. ئۇ، بۇ مەخپىيەتلىكنى ئېري



بىلمەيدۇ دەپ ئويلاپ يۈرەتتى. ئەمدى قارىغۇدەك بولسا، ئۇ بىلىدىكەن. لېكىن قانداقتۇر بىر قارا نىيەتنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، بۇنى ئاخىرىغىچە سۆزلىمەيۋاتاتتى.

— ۋىلفور؟ بۇ نېمىدېگىنىڭىز؟ نېمىدېمەكچىسىز؟

— شۇنى دېمەكچىمەنكى، خانىم، بىرىنچى ئېرىڭىز نارگون ئەپەندى يا پەيلاسوپ، يا بانكىر بولمىغىنى ئۈچۈن ۋە ياكى ھەم پەيلاسوپ ھەم بانكىر بولغىنى ئۈچۈن خانلىق مۇپەتتىشتىن ھېچقانداق نەپ ئالالمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ، ھەسرەت-نادامەت ئىچىدە ئۆلۈپ كەتكەن، چۈنكى سىز ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ، توققۇز ئايدىن كېيىن قايتىپ كەلگەندە ئالتە ئايلىق ھامىلدار بولۇپ قالغانىدىڭىز. مېنىڭ گېپىم قوپال. مەن شۇ ئىشىڭىزنى بىلىمەن ھەم بىلىدىغانلىقىم ئۈچۈن پەخىرلىنىمەن. بۇ، مېنىڭ سودا پائالىيەتلىرىدە ئۇتۇقىقا ئېرىشىش ۋاستىلىرىمدىن بىرى. ئۇ نېمە ئۈچۈن رەقىبىنى ئۆلتۈرمەستىن، ئەكسىچە ئۆزى ئۆلتۈرۈلدى؟ چۈنكى ئۇنىڭ ئۆزىنى قوغدىغۇدەك كاپىتالى يوق ئىدى. مەن بولسام، ئۆز كاپىتالىمغا باغلانغان ئادەممەن. شېرىكىم دېرىنىڭ سەۋەنلىكىدىن 700 مىڭ فرانك زىيان تارتتىم. ئەمدى ئۇ چىقىمنىڭ ئۆزىگە تېگىشلىك ئۈلۈشىنى تۆلىسۇن، شۇندىن كېيىن ئىشىمىزنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىمىز. ياكى ئۇ ئۆزىنى ئاشۇ 175 مىڭ فرانكنى تۆلىيەلمەيدىغان قەرزدار دەپ ئېلان قىلسۇن ۋە ۋەيران بولغان مۈلۈكدارلارغا ئوخشاش جەمئىيەتتىن يوقالسۇن. توغرا، مەن بىلىمەن، ئۇ ناھايىتى كېلىشكەن يىگىت، لېكىن بىزگە ئۇنىڭ توغرا مەلۇمات-لىرى كېرەك. ئەگەر ئۇنىڭ مەلۇماتلىرى توغرا بولمىسا، جەمئىيەتتە ئۇنىڭدىن ياخشىراق يىگىتلەردىن 50 كى تېپىلىدۇ.

دانگلار خانىم ئۈجۈقۈپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ ئېرىنىڭ بۇ تەنبىھلىرىگە جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى غەيرە-

ئىنى يىغىۋالالىدى. ئۇ، كىرىشلوغا ئۆزىنى تاشلىۋەتتى ۋە ۋىلفورنى، زىياپەتتە بولغان ئىشلارنى، كېيىنكى كۈنلەردىن بۇيان ئۇنىڭ ئائىلىۋى تۇرمۇشىنىڭ تىنچلىقىنى ئەدەبسىز جېدەل - ماجراغا ئايلاندۇرۇپ، ئارقا - ئارقىدىن كېلىۋاتقان بەختسىزلىكلىرىنى ئويلاشقا باشلىدى.

بارون خانىم ھوشىدىن كەتمەسلىكتە پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشىۋاتقان بولسىمۇ، دانگلار ئۇنىڭغا قاراپ قويىدى. ئۇ ئەمدى بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي ھۇجرىنىڭ ئىشىكىنى ياپتى - دە، ئۆزىنىڭ خانىسىغا كىرىپ كەتتى. شۇڭا، دانگلار خانىم چالا ھوشسىزلىقتىن ئۆزىگە كەلگەندە ئۆزىنى قارا بېسىپ قالغاندەك ھېس قىلدى.

## ئون ئۈچىنچى باب

## توي پىلانلىرى

ئادەتتە دېبرې ۋازارەتكە كېتىۋاتقان يولىدا دانگلار خانىمنىڭ يېنىغا بىر كىرىپ چىقاتتى، لېكىن يۇقىرىقى ۋەقە يۈز بېرىپ ئەتىسى ئۇنىڭ پەيتونى دانگلارنىڭ ھويلىسىغا كىرمىدى.

سائەت 12 يېرىم بولغاندا دانگلار خانىم ھارۋىنى كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى ۋە ھويلىدىن چىقىپ كەتتى.

دانگلار پەردىنىڭ كەينىگە مۆكۈنۈپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ چىقىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆزەتتى. ئۇ، دانگلار خانىم قايتىپ كېلىشى بىلەن تەڭ ئۆزىگە خەۋەر قىلىشنى بۇيرۇدى، لېكىن سائەت ئىككى بولغاندىمۇ خانىم قايتىپ كەلمىدى.



سائەت ئىككىدە دانگلار پەيتوننى كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى. ئۇ پالاتاغا بېرىپ ئۆزىنى ھۆكۈمەت خام چوتىغا قارشى نۇتۇق سۆزلەيدىغان ناتىقلار قاتارىغا تىزىملاتتى.

سائەت 12 دىن ئىككىگىچە دانگلار ئۆز ئىشخانىسىدىن چىقماي ئولتۇردى ۋە بارغانسېرى قاپىقى سېلىنىپ، ھېججەتلەرنى كۆرۈپ چىقتى، چەكسىزلىگەن رەقەملەرنىڭ ھېسابىنى چىقاردى. ئاندىن، سىرتتىن كەلگەنلەرنى، جۈملىدىن مايور كاۋالكانتىنى قوبۇل قىلدى. ھەر دائىمقىدەك مەغزىلىرى قىزىرىپ تۇرىدىغان، سالاپەتلىك ۋە ۋاقتىدا رىئايە قىلىدىغان كاۋالكانتى ئالىدىن بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ئولگۇرۇپ، بانكىر بىلەن ئۆزىنىڭ ئىش - كۈشلىرىنى پۈتتۈرۈۋېلىش ئۈچۈن كەلگەنىدى.

دانگلار پالاتا يىغىنىدا تولىمۇ ھاياجانلىنىپ، ۋازارەتكە ھەر قانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ كەسكىنرەك سۆزلەر بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، نۇتۇقنى ئاياغلاشتۇرغاندىن كېيىن پەيتونىغا ئولتۇردى ۋە ھارۋىكەشكە يېلىسەي كوچىسىدىكى 30 - قورۇغا ئاپىرىشنى بۇيرۇدى.

مونتې - كرىستو ئۆيىدە ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ يېنىدا كىمدۇر بىر كىشى بولغاچقا، ئۇ دانگلاردىن مېھمان كۈتۈش ئۆيىدە بىرنەچچە مىنۇت ساقلاپ تۇرۇشنى ئۆتۈندى.

بانكىر ساقلاپ ئولتۇرغاندا روھانىي كىيىمىنى كىيگەن بىر كىشى كىردى. ئۇ، ئۆي ئىگىسى بىلەن يېقىن تونۇش بولسا كېرەك، دانگلارغا ئوخشاش ساقلاپ تۇرماستىن، ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

ھايال بولماي، روھانىي كىرىپ كەتكەن ئۆينىڭ ئىشىكى يەنە ئېچىلدى ۋە مونتې - كرىستو چىقتى.

— ئەپۇ قىلىڭ، قەدىرلىك بارون، — دېدى ئۇ، — مېنىڭ ئەڭ يېقىن دوستلىرىمدىن بولغان بۇزونى ھەزرەت تېخى ھازىرلا

پارىژغا كەپتۇ. ئۇنى كۆرگەنسىز، ئۇ ھازىرلا مۇشۇ يەردىن ئۆتكەنىدى. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن بولغانىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ يېنىدىن ئالدىراپ چىقىپ كېتىشكە كۆڭلۈم ئۇنىمىدى. مېنى چۈشىنەرسىز ۋە ساقلىتىپ قويغانلىقىم ئۈچۈن ئەپۇ قىلارسىز.

— ياق، ياق، — دېدى دانگلار، — ئۇنداق بولۇشى تەبىئىي، مەن بىمەزگىل كېلىپ قاپتىمەن، شۇڭا ھازىرلا قايتىپ كېتىمەن.

— ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. قېنى، ئولتۇرۇڭ. سىزگە نېمە بولدى؟ چىرايىڭىز بەك غەمكىن كۆرۈنىدىغۇ. سىزگە قاراپ مەنمۇ تەشۋىشلىنىۋاتىمەن. غەم باسقان كاپىتالىست ئاقار يۇلتۇزغا ئوخشايدۇ ۋە جەمئىيەت ئۈستىگە چۈشۈۋاتقان ئاپەتتىن دېرەك بېرىدۇ.

— مەسىلە شۇنىڭدىكى، قەدىرلىك گراف، بىرنەچچە كۈن بولدى ئىشلىرىم ئوڭۇشسىزلىققا يۈزلىنىۋاتىدۇ، كەينى-كەينىدىن يامان خەۋەرلەر كېلىۋاتىدۇ.

— يائاللا! — دېدى مونتې-كرىستو، — سودا ئىشلىرىدا يەنە ئۇتتۇرۇپ قويدىڭىزمۇ؟

— ياق، مەن ئۇنداق ئىشلارنى بىر مەزگىلگىچە تاشلاپ قويدۇم. بۇ قېتىم، تىرىيېست شەھىرىدىكى قەرزنى تۆلىيەلمەسلىك ۋەقەسى بېشىمنى قاتۇرىۋاتىدۇ.

— ھە، سىز جاكوپو مانفرېدىنىڭ قەرزنى تۆلىيەلمەسلىك ھالىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى دېمەكچىمۇ؟

— شۇ گەپ. ئويلاپ كۆرۈڭا، ئۇ كىشى بىلەن شۇنچە ئۇزۇن يىللاردىن بېرى يىلىغا سەككىز-توققۇز 100 مىڭ فرانكتىن ئېلىم-بېرىم ئىشىنى قىلىپ كېلىۋاتقانىدۇق. تۆلەم ۋاقتىنىڭ كېچىكتۈرۈلۈشى ياكى ھېسابىنىڭ توغرا بولماسلىقىدەك ئىشلار زادى كۆرۈلۈپ باقمىغان. قەرزنى تۆلەشكە كەلگەندە ئۇ خۇددى كىنەز-



گە ئوخشايتتى. ئاخىرقى قېتىم مەن ئۇنىڭغا 1 مىليون فرانك بەرگەنىدىم. قارىمامسىز، بۇ جاكوپو مانفرېدى دېگەن نەرسە ئۇشتۇمتۇت تۆلەمنى توختىتىپ قويدى!

— ھە، شۇنداق ئىش بولدىمۇ؟

— زور بەختسىزلىك. مەن ئۇنىڭغا 600 مىڭ لىۋرغا يېزىلغان پېرېۋوت چېكىنى ئەۋەتىپ بەرگەنىدىم. ئۇ چەك تۆلەمسىز قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، مەندە يەنە ئۇنىڭ مۇشۇ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە تۆلىنىپ بولۇشقا تېگىشلىك 400 مىڭ فرانكقا يېزىلغان چېكى بار. بۇنى ئۇنىڭ پارىژدىكى ۋەكالەتچىسى تۆلىمەكچىدى. بۈگۈن ئاينىڭ 30-كۈنى بولغانلىقى ئۈچۈن شۇ پۇللارنى ئەكېلىشكە ئادەم ئەۋەتكەنىدىم، لېكىن ھېلىقى ۋەكالەتچى قېچىپ كېتىپتۇ. بۇنىڭغا يەنە ھېلىقى ئىسپانىيە ۋەقەسىنى قوشقاندا، بۇ ئاي مەن ئۈچۈن بىر ئاپەت بولدى.

— ئۇ ئىسپانىيە ۋەقەسىدە سىز شۇنچە كۆپ زىيان تارتتىڭىزمۇ؟

— ئەلۋەتتە، تويپتوغرا 700 مىڭ فرانكنى قولدىن چىقىرىپ قويدۇم.

— قانداق قىلىپ، بۇنداق چۈشۈپ كەتتىڭىز-ھە؟ سىز ئىشتا پىشقان ئادەمغۇ.

— بۇ، ئايالىمنىڭ قىلغان ئىشى. ئۇ، چۈشىدە دون كارلوسنىڭ ئىسپانىيىگە قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ چۈشكە ئىشىنىدۇ. ئۇ چۈشنى ماگنېتىزم دەيدۇ ۋە چۈشىدە نېمە كۆرسە، ئۆڭىدىمۇ شۇنداق بولىدۇ دەپ ئىشىنىدۇ. مەن ئۇنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بەردىم. ئۇنىڭ ئۆز پۇلى ۋە ئۆز دەللالى بار. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ، سودا ئويۇنىغا چۈشۈپ ئۇتتۇرۇپ قويدى. توغرا، ئۇنىڭ چىقىم قىلغىنى مېنىڭ ئەمەس، ئۆزىنىڭ پۇلى. شۇنداقتى-

مۇ، ئۆزىڭىزگە مەلۇم، ئايالىنىڭ 700 مىڭ فرانكىنى ئۇتتۇرۇپ قويۇشى ئەر بولغۇچى كىشىگە ئاز - تولا تەسىر كۆرسىتىدۇ. سىز بۇ ۋەقەنى ئاڭلىمىغانمىدىڭىز؟

— ئاڭلىغان. لېكىن بۇنىڭ تەپسىلاتلىرىنى بىلمەيتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەن سودا ئىشلىرىدا پۈتۈنلەي ساۋاتسىز.

— سىز سودا ئويۇنلىرىغا زادى چۈشۈپ باقمىغانمۇ؟

— مەنمۇ؟ ئۇنداق ئويۇنلارغا چۈشۈشكە چولام تەگسۇنمۇ؟ ئۇنىڭسىزمۇ كىرىملىرىمنىڭ ھېسابىنى چىقىرىشقا ئاران ئۈلگۈرۈۋاتىمەن. ئۇنداق قىلسام، ئوجىدارىدىن باشقا يەنە باشقۇرغۇچى ۋە كاسسىرلارنى ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ. ھە، ئىسپانىيىنىڭ گېپىگە كېلەيلى. مېنىڭچە، بارون خانىم دون كارلوسنىڭ قايتقانلىقىنى يالغۇز چۈشىدىلا كۆرگەن بولۇشى ناتايىن. بۇ ھەقتە گېزىتلەردە خەۋەر بېسىلغانغۇ.

— سىز گېزىتلەرگە ئىشىنەمسىز؟

— قىلچىلىكمۇ ئىشەنمەيمەن. لېكىن «خەۋەرلەر» گېزىتى بۇنىڭدىن مۇستەسنا بولۇشى كېرەك. چۈنكى ئۇنىڭدا ئەڭ ئىشەنچلىك مەلۇماتلار، تېلېگراف خەۋەرلىرى بېسىلىدۇ ئەمەسمۇ.

— چۈشىنىكسىز بولۇۋاتقىنى ئەنە شۇ مەسىلە، — دېدى دانگلار، — دون كارلوسنىڭ قايتىشى ھەققىدىكى خەۋەر ھەقىقەتەن تېلېگراف ئارقىلىق ئېلىنغان - دە.

— شۇنداق قىلىپ مۇشۇ بىر ئاي ئىچىدە سىز تەخمىنەن 1 مىليون 700 مىڭ فرانك زىيان تارتىپسىز - دە؟ — سورىدى مونتې - كرىستو.

— تەخمىنەن ئەمەس، نەق شۇنداق.

— ھەي! ئۈچىنچى دەرىجىلىك مۈلۈكدارلار ئۈچۈن بۇ ئەڭ ئېغىر زەربە، — دېدى مونتې - كرىستو ھېسداشلىق قىلغان ئاھاڭدا.



— ئۈچىنچى دەرىجىلىك دېگىنىڭىز نېمىسى؟ — دېدى دانگلار سەل رەنجىگەندەك قىلىپ.

— ئەلۋەتتە شۇنداق، — دېدى يەنە مونتې - كرىستو، — مېنىڭچە، بايلىقلار بىرىنچى، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى دەرىجىلىك دەپ ئۈچ كاتېگورىيىگە ئايرىلىدۇ. مەن ئومۇمىي قىممىتى 100 مىليون فرانكنى تەشكىل قىلىدىغان يەر، كان ۋە فرانسىيە، ئەنگلىيە، ئاۋستىرىيىدەك دۆلەتلەرنىڭ قەغەز پۇللىرى قاتارلىق بىۋاسىتە ئىگىدارلىق قىلىنىدىغان مۈلۈكلەرنى بىرىنچى دەرىجىلىك بايلىق دەپ ئاتايمەن. ئومۇمىي كاپىتالى 50 مىليون فرانكتىن ئارتۇق بولۇپ، يىلىغا بىر يېرىم مىليون فرانك كىرىم قىلىنىدىغان سانائەت كارخانىلىرى، ھەسسىدارلىق شىركەتلىرى، ناپىلىق زېمىنى ۋە بەگلىكلەرنى ئىككىنچى دەرىجىلىك بايلىق دەيمەن. ئۈچىنچى دەرىجىلىك بايلىق دېگىنىم ئوبوروتقا چۈشۈرۈلگەن كاپىتال ۋە باشقىلارنىڭ ئىرادىسىگە ياكى تاساددىپىي ئامەتكە باغلىق بولغان تاپاۋەتتىن ئىبارەت. بىرەر ئادەمنىڭ قەرزىنى تۆلىيەلمەي قېلىشى، تېلېگراف خەۋىرى ۋە كۈتۈلمىگەن ھايانكەشلىكلەر بۇنداق بايلىقنى تەۋرىتىپ قويالايدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇ تەلەيگە باغلىق نەرسە بولۇپ، تەبىئەت كۈچىدىن ئىبارەت ئالىي كۈچنىڭ ئالدىدا تۆۋەن دەرىجىلىك كۈچ ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق ئۈچىنچى دەرىجىلىك بايلىق تەخمىنەن 15 مىليون فرانكچە كېلىدىغان نەق ياكى نىسىي كاپىتالدىن ئىبارەت بولىدۇ. سىزنىڭ ئەھۋالىڭىز شۇنداقتۇ دەيمەن، توغرىمۇ؟

— شۇنداق، — دېدى دانگلار.

— دېمەك، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، — مونتې - كرىستو سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئەگەر مۇشۇ ئايدا تارتقىنىڭىزدەك زىيان ئۇدا ئالتە ئاي داۋاملاشقان بولسا، ئۈچىنچى دەرىجىلىك بايلىق ئەجەل گىردابىغا بېرىپ قالىدۇ.

— بەكمۇ ئاشۇرۇۋەتتىڭىز! — دېدى دانگلار ئاۋازىنى
سوزۇپ ۋە غەمكىن كۈلۈمسىرەپ.
— يەتتە ئاي دەيلى، — دېدى مونتې-كرىستو ئاھاڭنى
ئۆزگەرتمەستىن، — ئېيتىڭا، 1 مىليون 700 مىڭ فرانكنى
يەتتىگە كۆپەيتكەندە 12 مىليونغا يېقىن سان چىقىدى-
غانلىقىنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟ زادى ئويلاپ باقمىغانمىدىڭىز؟
ئويلىمىغىنىڭىز ياخشى بوپتۇ، چۈنكى ئۇنداق خىياللارغا بېرىلىپ
كەتسە، كاپىتالنى يۈرەكلىك ئىشلەتكىلى بولمايدۇ. بانكىرنىڭ
كاپىتالى مەدەنىيەتلىك ئادەمنىڭ كىيىم-كېچىكىگە ئوخشايدۇ.
ياخشى كىيىملەر بىزنىڭ ئابرويىمىزنى ئۆستۈرىدۇ، لېكىن ئادەم
ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ پەقەت تېرىسىلا قالىدۇ. خۇددى شۇن-
داقلا، سىز ئىشلىرىڭىزدىن قول ئۈزسىڭىز قولىڭىزدا دەسمايىڭىزلا
قالىدۇ، يەنى كۆپ بولغاندا 5 — 6 مىليون فرانكىڭىزلا
قالىدۇ، چۈنكى ماھىيەتتىن ئېيتقاندا، ئۈچىنچى دەرىجىلىك
بايلىقلار ئۆزىنىڭ كۆرۈنۈشىنىڭ ئۈچتىن بىر ياكى تۆتتىن بىر
قىسمىدىنلا ئىبارەت بولىدۇ. بۇ خۇددى بەلگىلىك چوڭلۇقتىكى
ماشىنىدىن ئىبارەت بولغان پاراۋوزنىڭ ئىس-تۈتەكلەر ئىچىدە
ھەيۋەتلىك كۆرۈنگىنىگە ئوخشاش. شۇنداق قىلىپ، سىز ھازىر
5 مىليونلۇق دەسمايىڭىزنىڭ سەل كەم ئىككى مىليونىدىن
ئايرىلىپ قالدىڭىز. شۇنىڭغا ماس ھالدا سىزنىڭ سىرتقا تارقى-
تىدىغان قەرزىڭىزمۇ كېمەيدى. باشقىچە ئېيتقاندا، قەدىرلىك
دانگلار ئەپەندى، گوياكى قېنىڭىز تۆكۈلگەندەك ئىش بولدى.
مۇشۇنداق قان تۆكۈلۈش تۆت قېتىم تەكرارلانسا ئۆلۈمگە
ئېلىپ بارىدۇ. قاراپ ئىش قىلىڭ، ئېھتىياتچان بولۇڭ، قەدىرلىك
دوستۇم! سىزگە پۇل كېرەكمۇ؟ قەرز بېرەيمۇ؟
— ھېسابتا بوش ئىكەنسىز! — دەپ خىتاب قىلدى
دانگلار پۈتۈن غەيرىتىنى يىغىپ، — ھازىر مېنىڭ خەزىنەم



بىر قەدەر ئوڭۇشلۇق ئىشلەنگەن باشقا ئىشلار ئارقىلىق تولدۇ-
رۇلدى. قېنىم تۆكۈلگەن بولسا، ئوزۇقلۇق ئارقىلىق تولدۇرۇلدى.
مەن ئىسپانىيىدىكى جەڭدە مەغلۇپ بولدۇم، ترىيېستتا زەربىگە
ئۇچرىدىم، ئەمما ھىندىستاندىكى قىسىملىرىم بىرنەچچە كېمىنى
ئولجىغا ئالغان بولۇشى مۇمكىن، مېكسىكىغا ئەۋەتىلگەن قوشۇنۇم
بىرەر كانغا دۇچ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.
— دۇرۇس! ھالبۇكى جاراھەت ئىزى يوقالمايدۇ،
بىر قېتىملا زەربىگە ئۇچرىسا يەنە قان ئېقىشقا باشلايدۇ.
— يوقسۇ، ئۇنداق بولمايدۇ، چۈنكى مەن ھەرىكەتتە
خاتالاشمايمەن، — دېدى دانگلار ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ئادەتلى-
نىپ كەتكەن پوچىلارغا خاس ماختانچاقلىق بىلەن، — مېنى
ئاغدۇرۇش ئۈچۈن ئۈچ ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇش كېرەك.
— مۇمكىن! ئۇنداق ئىشلار بولغان.
— ياكى بارلىق بايلىقلارنى نابۇت قىلىش كېرەك.
— يەتتە سېمىز ۋە يەتتە ئورۇق كالا ھەققىدىكى رىۋايەت-
نى ئەسلەپ كۆرۈڭ.
— ياكى فىرئەۋننىڭ زامانىسىدا بولغىنىدەك، پۈتۈن بىر
دېڭىز قۇرۇپ كېتىشى كېرەك. ھالبۇكى، دېڭىز كۆپ. ئۇنداق
بولمىغاندىمۇ، كېمىلەرنىڭ ئورنىغا كارۋانلارنى ئىشلىتىشكە
بولىدۇ.
— بارىكاللا، بارىكاللا، قەدىرلىك دانگلار ئەپەندى، — دېدى
مونتې-كرىستو، — قارىغاندا، مەن خاتالىشىپتىمەن. سىز ئەسلى
ئىككىنچى دەرىجىلىك كاپىتالىستلار قاتارىدا تۇرىدىكەنسىز.
— ئۆزۈمنى شۇنداق شەرەپكە مۇناسىپ دەپ ئويلايمەن، — دې-
دى دانگلار ئۆزىنىڭ ياسالما كۈلۈمسىرىشى بىلەن. بۇ
كۈلۈمسىرەش مونتې-كرىستوغا نائۇستا رەسسام تەرىپىدىن
سىزىلىپ، ئەسكى خارابىغا ئوخشاپ قالغان خىرەك ئايىنى

ئەسلەتتى، — ھە، سىز ئىش توغرۇلۇق سۆز ئېچىپ قالدىڭىز، — دەپ قوشۇپ قويدى ئۇ، گەپنى باشقا تەرەپكە بۇراشقا پۇرسەت چىققانلىقىدىن خۇش بولۇپ، — سىزنىڭ قارىشىڭىزچە، مەن كاۋالكانتى ئەپەندىگە نېمە قىلىپ بەرسەم بولار؟

— ئۇ سىزنىڭ بانكىڭىزدىن قەرز ئېلىشقا تىزىملانغان بولغاچقا، ئەگەر ئۇنىڭغا ئىشەنسىڭىز، پۇل بەرسىڭىزلا بولىدۇ.

— ئىشەنمەمدىغان، تولۇق ئىشىنىمەن! ئۇ بۈگۈن ئەتىگەن 40 مىڭ فرانكلىق چەكنى ئېلىپ، ماڭا يولۇقتى. قارىسام، چەك سىزگە قارىتىپ يېزىلىپ، بۇزونى دېگەن كىشىنىڭ ئىمزاسى قويۇلۇپتۇ، ئارقىسىدا سىزنىڭ ئادرېسىڭىز يېزىلىپتۇ. شۇڭا، مەن ئۇنىڭغا شۇ يەردىلا مىڭ فرانكلىق قەغەزدىن 40 نى ساناپ بەردىم.

مونتې-كرىستو رازى بولغانلىقىنى ئىپادىلەپ، بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— ئۇ ئۆز ئوغلىنىمۇ مېنىڭ بانكامدىن قەرز ئېلىشقا تىزىملاتتى، — دېدى يەنە دانگلار.

— كېچىككىنە بىر سوئال قويۇشۇمغا ئىجازەت قىلغايسىز، ئۇ ئوغلىغا قانچىلىك پۇل ئايرىپتۇ؟

— ھەر ئايدا 5 مىڭ فرانكتىن.

— بىر يىلدا 60 مىڭ! — دېدى مونتې-كرىستو مۈرىلىرىنى قىسىپ، — مەن بىلەتتىم، بۇ كاۋالكانتى دېگەنلەر ئۆتۈپ كەتكەن بېخىل خەق. ياش يىگىتكە بىر ئايدا 5 مىڭ فرانك دېگەن نېمە بولىدۇ؟

— ئۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن، ئەگەر ئۇ يىگىتكە يەنە بىر نەچچە مىڭ كېرەك بولۇپ قالسا...

— ئارتۇق پۇل سورىسا بەرمەڭ. ئاتىسى بۇنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. سىز ئىتالىيە مىليونېرلىرىنىڭ قانداق بولىدى-



غانلىقىنى بىلمەيسىز. ئۇلار بەئەينى گارپاگوننىڭ ئۆزى. ئۇنىڭ ھېساب ئاچقان بانكىسى قايسى ئىكەن؟

— فېنىس بانكىسى، بۇ فلورېنسىيەدىكى ئەڭ ياخشى شىركەتلەردىن بىرى.

— سىز زىيان تارتىپ قالىسىز دېمەكچى ئەمەسمەن، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. شۇنداقتىمۇ، قەرز دائىرىسىدىن چىقىپ كەتمەڭ.

— دېمەك، سىز بۇ كاۋالكانتىغا ئانچە ئىشەنمەيدىكەنسىز-دە؟

— مەن؟ يوقسۇ، ئۇ قول قويۇپ بەرسىلا 10 مىليون فرانكنىمۇ بېرىۋېتىمەن. بۇ، مېنىڭ تۈرگە ئايرىشىم بويىچە ئىككىنچى دەرىجىلىك بايلىق ھېسابلىنىدۇ، قەدىرلىك بارون.

— شۇنداق تۇرۇپ ئۇ، نېمىدېگەن ئاددىي-سادde-ھە! قارىماققا ئۇ ئادەتتىكى مايورغىلا ئوخشاپ تۇرىدۇ.

— راست دەيسىز، ئۇنىڭ كۆرۈنۈشى بەك ئاددىي. مەن ئۇنى بىرىنچى قېتىم كۆرگەندە ئۇنى ئۆمۈر بويى ھەربىيچە كىيىمنى سېلىپ باقمىغان قېرى پاروچىك دەپ ئويلىغانىدىم. نېمە دېگۈلۈك، ئىتالىيانلار ھەممىسى شۇنداق كېلىدۇ. ئۇلار ئەگەر ئۆزلىرىنىڭ بايلىقىنى كۆز-كۆز قىلىپ، شەرق سېھىرگەرلىرىدەك كىشىلەرنى ھەيرەتكە سېلىپ تۇرمىسا، بەئەينى قېرى يەھۇدىيلەرگە ئوخشاپ قالىدۇ.

— ئۇنىڭغا قارىغاندا، ئوغلى خېلى تۈزۈك كۆرۈنىدۇ، — دېدى دانگلار.

— ئۇ سەل جۈرئەتسىزرەك، ئەمما، ئومۇمەن ئالغاندا ئەدەپلىك. مەن ئۇنىڭدىن ئانچە خاتىرجەم بولالمىغانىدىم.

— نېمە ئۈچۈن؟

— چۈنكى سىز ئۇنى مېنىڭ ئۆيۈمدە كۆرگەندە، بۇ ئۇنىڭ جەمئىيەتكە تېخى تۇنجى قېتىم ئارىلىشىشى ئىدى. ھەر ھالدا

مەن شۇنداق دەپ ئاڭلىغانىدىم. ئۇ ساياھەتكە چىققاندا، ئۇنىڭغا ئىنتايىن تەلەپچان بىر تەربىيىچى ھەمراھ بولغانىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ پارىژغا كېلىپ باقمىغان.

— ئىتالىيانلارنىڭ بايلىرى ئادەتتە ئۆز ئىچىدىنلا ئۆيلىنىدۇ دەپ ئاڭلىغانىدىم راستمۇ؟ — دەپ مۇنداقلا سوراپ قويدى دانگلار، — ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بايلىقلىرىنى بىرلەشتۈرۈشنى ياخشى كۆرىدىكەن.

— ئادەتتە شۇنداق، لېكىن كاۋالكانتى بەكلا غەلىتە ئادەم. ئۇنىڭ ھەر قانداق ئىشى ئۆزگىچە. ئۇ، بۇ قېتىم فرانسىيىگە ئوغلىنى ئۆيلەش ئۈچۈن كەلگەن.

— سىز شۇنداق دەپ ئويلامسىز؟

— چوقۇم شۇنداق.

— بۇ يەردىكىلەر ئۇنىڭ بايلىقىنى بىلىشەمدۇ؟

— بۇ توغرۇلۇق ھەر خىل گەپلەر بار. بەزىلەر ئۇنى مىليونېر دېسە، بەزىلەر ئۇنىڭ بىر تىيىن پۇلىمۇ يوق دېيىشىدۇ.

— سىزنىڭ كۆز قارىشىڭىز قانداق؟

— مېنىڭ كۆز قارىشىم سۇبيېكتىپ قاراش، بۇ ھەقتە سۆزلەش ھاجەتسىز.

— شۇنداق بولسىمۇ...

— مېنىڭ بىلىدىغىنىم شۇكى، بۇ كاۋالكانتى دېگەنلەرنىڭ ئەجدادلىرى بىر زامانلاردا ئارمىيىلەرگە قوماندانلىق قىلغان، ئۆلكىلەرنى باشقۇرغان. مېنىڭچە، ئۆتمۈشتىكى ئاشۇ ئەمەلدارلار ۋە قوماندانلارنىڭ ئىلكىدە نۇرغۇن مىليونلار بولغان. ئۇلار شۇ مىليونلىرىنى جاي - جايلارغا كۆمۈۋەتكەن بولۇپ، بۇنى ئۇرۇق ئىچىدىكى ئاقساقاللارلا بىلەتتى ۋە ئۆز ئەۋلادلىرىغا مىراس قالدۇراتتى. ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا شۇنداق داۋاملىشىپ كەلمەكتە.



شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ھەممىسى خۇددى جۇمھۇرىيەت دەۋرىدىكى تەڭگىلەردەك سېرىق ۋە قاتتىق. ئۇلار شۇ تەڭگىلەرگە ئۇزۇن زامانلاردىن تارتىپ شاھىت بولۇپ كەلگەچكە، ئالتۇننىڭ نۇرى ئۇلارنىڭ چىرايىغا سىڭىپ كەتكەن.

— دۇرۇس، — دېدى دانگلار، — شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ھېچكىم ئازراقمۇ زېمىن تۇتمىغان.

— زېمىنى بولسىمۇ بەك ئاز. مەن كاۋالكانتىنىڭ لۇككىدىكى سارىيىنى كۆرگەنىدىم.

— نېمە، ئۇنىڭ سارىيى بارمۇ؟ — دېدى دانگلار كۈلۈپ تۇرۇپ، — بۇ بىرئاز چويلىغا توختايدىغان گەپ ئىكەن!

— شۇ سارىيىنىمۇ ئۇ مالىيە مىنىستىرىگە ئىجارىگە بېرىۋېتىپ، ئۆزى بىر كىچىك ئۆيدە ئولتۇرىدۇ. مەن بايا ئۇ بەك بېخىل ئادەم دېدىمغۇ.

— سىز ئۇنىڭ ئانچە ياخشى گېپىنى قىلمايدىكەنسىز.

— ئۇنىڭ بىلەن بولغان تونۇشلۇقۇم ئانچە قويۇق ئەمەس - تە. مەن ئۇنىڭ بىلەن ئاران ئۈچ قېتىملا كۆرۈشتۈم. ئۇ توغرۇلۇق بىلىدىغان گەپلىرىمنىڭ ھەممىسىنى مەن بۇزونى ھەزرەتتىن ۋە ئۇنىڭ ئۆزىدىن ئاڭلىغان. ئۇ بۈگۈن ماڭا ئوغلى توغرۇلۇق بەزى گەپلەرنى قىلدى. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ كاپىتاللىرىنى ئىتالىيىدەك جانسىز مەملىكەتتە ساقلاشتىن زېرىككەنلىكىنى، ئەمدى ئۆزىنىڭ مىليونلىرىنى فرانسىيە ياكى ئەنگلىيىدە ئوبوروتقا چۈشۈرمەكچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. لېكىن، شۇنى ئېسىڭىزدە تۇتۇڭكى، گەرچە بۇزونى ھەزرەتكە غايەت زور ئىشەنچىم بولسىمۇ، بۇ ئىشتا ھېچقانداق مەسئۇلىيەتنى ئۈستۈمگە ئالمايمەن.

— قانداقلا بولمىسۇن، ماڭا مۇشۇنداق بىر قەرز ئالغۇچىنى تېپىپ بەرگەنلىكىڭىز ئۈچۈن رەھمەت. ئۇنىڭ ئىسمى مې-

نىڭ دەپتەرلىرىمگە زىننەت بەردى. مەن كاسسىرىمغا كاۋالكا-
نىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگەنىدىم، شۇندىن بېرى
ئۇمۇ بەك خۇشال. ھە، ئەمدى مۇنداقلا بىر قىزىقىش يۈزىسى-
دىن سوراپ باقاي، بۇ كىشىلەر ئۆز ئوغۇللىرىنى ئۆيلەندۈرگەندە
ئۇلارغا مۈلۈك ئاجرىتىپ بېرەمدۇ؟

— ئەھۋالغا قاراپ بېرىدۇ. مەن بىر ئىتالىيىلىك كىنەزنى
تونۇيتتىم. ئۇ، مەشھۇر توسكانىيە ئۇرۇقلىرىدىن بىرىنىڭ ئەۋلا-
دى بولۇپ، ئالتۇن كاندەك باي ئىدى. شۇ كىنەز ئۆزىنىڭ
كۆڭلىگە ياقىدىغان يەردىن ئۆيلەنگەن ئوغۇللىرىغا بىرنەچچە
مىليونلارنى بېرەتتى، كۆڭلىگە ياقمايدىغان يەردىن ئۆيلەنگەن
ئوغۇللىرىغا بولسا، ھەر ئايدا 30 ئېكيۇ بېرىش بىلەن چەكلىنەت-
تى. مۇبادا، ئاندرېئا ئاتىسىنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئۆيلەنسە، ئا-
تىسى ئۇنىڭغا 2 - 3 مىليون بېرىدۇ. ئالايلى، ئەگەر
ئاندرېئا بىرەر بانكىرنىڭ قىزىغا ئۆيلەنسە، بۇ كاۋالكانتى ئۆز
قۇدىسىنىڭ تاپاۋەت ئىشلىرىغا ھەمكارلىشىشى مۇمكىن. مۇبادا
ئەكسىچە بولۇپ، كېلىنى ئۇنىڭ كۆزلىگەن يېرىدىن بولماي قالسا،
ئۇ چاغدا ئىشنىڭ تۈگىمىگىنى شۇ. كاۋالكانتى ئۆز خەزىنىسىنىڭ
ئاچقۇچىنى قۇلۇپىغا سېلىپ، ئىككى ياندۇرۇپ تولغىۋېتىدۇ - دە،
بىزنىڭ ئاندرېئامىز قارتا ياكى ئوشۇق ئويناپ كۈن ئۆتكۈزىدى-
غان پارىژنىڭ قۇرۇق سۆلەت يىگىتلىرىدىن بىرىگە ئايلىنىپ
قالىدۇ.

— بۇ يىگىت ئۆزىگە باۋارىيە ياكى پېرۇنىڭ مەلىكىسىنى
تاپىدۇ. ئۇ، خوتۇنىغا قوشۇپ كىنەزلىك تاجىنى ۋە ئېلدورادو①
بىلەن پوتوسى شەھىرىنى ئېلىشنى كۆزلەيدۇ.

---

① ئېلدورادو — ئىسپان تىلىدا «ئالتۇنلۇق» دېگەن مەنىدە. ئەپسانىۋى ئالتۇنلۇق دىيار. XVI ئەسىردە ئىسپانىيە مۇستەملىكىچىلىرى بۇ دىيارنى لاتىن ئامېرىكىسىدىن ئىزدىگەن.



— خاتالىشىسىز. مۆتىۋەر ئىتالىيانلارنىڭ تولىسى ئاۋام
پۇقرالارنىڭ قىزلىرىغا ئۆيلىنىدۇ. ئۇلار يۇپتېرگە ئوخشاش ھەر
خىل نەسىللەرنى ئارىلاشتۇرۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. ھە، قەدىرلىك
بارون، بۇ گەپلەرنى سوراپ نېمە قىلىسىز؟ يا ئاندرېئانى ئۆيلەپ
قوياي دەۋاتامسىز؟

— ئەگەر شۇنداق بولسا، بۇ ياخشى كېلىشىم بولىدۇ، مەن
شۇنداق كېلىشىملەرگە تەقەززا، — دېدى دانگلار.

— ھەر ھالدا ئۇنى دانگلار خېنىمغا ئۆيلەندۈرۈشنى
ئويلىمايدىغانسىز؟ ئالبېرنىڭ بىچارە ئاندرېئانى بوغۇزلاپ تاشلى-
شىنى خالىمايدىغانسىز؟

— ئالبېر! — دېدى دانگلار مۈرىلىرىنى قىسىپ، — ئۇ،
بۇ ئىشقا ئارىلاشمايدۇ.

— ئۇ سىزنىڭ قىزىڭىز بىلەن پۈتۈشۈپ قويغان ئەمەسمۇ؟

— مورسېر بىلەن ئىككىمىز بۇ ھەقتە سۆزلەشكەنىدۇق،
بىراق مورسېر خانىم بىلەن ئالبېر...

— ئالبېرنى قىزىڭىزغا لايىق ئەمەس دەپ ھېسابلامسىز؟

— مېنىڭچە، مېنىڭ قىزىم مورسېرنىڭ ئوغلىدىن تۆۋەن
تۇرمايدۇ!

— ئەگەر بۇندىن كېيىن تېلېگرافتىن يەنە چاتاق چىقمى-
سىلا دانگلار خېنىمنىڭ قىز مېلى ھەقىقەتەن كاتتا بولىدۇ. مەن
بۇنىڭغا ئىشىنىمەن.

— گەپ قىز مېلىدىلا ئەمەس. ھە، سىزدىن بىر ئىشنى
سوراپ باقماقچىدىم...

— نېمىسىنى؟

— نېمە ئۈچۈن ئالبېر بىلەن ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنى
زىياپەتكە تەكلىپ قىلمىدىڭىز؟

— تەكلىپ قىلغانىدىم، لېكىن ئالبېر ئانىسى بىلەن دى-

يېپىگە بارماقچىكەن. مورسېر خانىمغا دېڭىز ھاۋاسى تەۋسىيە قىلىنغانىكەن.

— توغرا، توغرا، — دېدى دانگلار كۈلۈپ تۇرۇپ، — دېڭىز ھاۋاسى ئۇنىڭغا شىپا بولىدۇ.

— نېمە ئۈچۈن؟

— چۈنكى ئۇ ياشلىقىدا دېڭىز ھاۋاسى بىلەن نەپەسلەنگەن.

— مونتې - كرىستو بۇ سۆز ئويۇنىغا جاۋاب قايتۇرمىدى.

— شۇنداقتىمۇ، — دېدى ئۇ، — ئالبېر دانگلار خېنىمدەك باي بولمىسىمۇ، نام - ئابرويى بارغۇ.

— مېنىڭ نامىممۇ يامان ئەمەس.

— ئەلۋەتتە، سىزنىڭ نامىڭىز مەشھۇر. سىزنىڭ نەسەپ گېربىڭىز نامىڭىز ئەمەس، بەلكى نامىڭىزنىڭ ئۆزى گېربىڭىزنى بېزەپ تۇرىدۇ. لېكىن سىز زور ئەقىل ئىگىسى بولغىنىڭىز ئۈچۈن شۇنى چۈشىنىسىزكى، بەزى ئەنئەنىۋى قاراشلار بەك چىڭ، بۇنىڭغا كۆز يۇمۇشقا بولمايدۇ. شۇڭا، 500 يىللىق ئاقسۆڭەكلىك 20 يىللىق ئاقسۆڭەكلىككە نىسبەتەن ھامان ئۈستۈن تۇرىدۇ.

— دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، — دېدى دانگلار تەنىلىك كۈلۈشكە ئۇرۇنۇپ، — مەن ئالبېر مورسېرغا قارىغاندا ئاندرېئا كاۋالكانتىنى ئەۋزەل كۆردۈم.

— مورسېرلار ھېچقانداق جەھەتتە كاۋالكانتىلاردىن قېلىشمايدىغۇ، — دېدى مونتې - كرىستو.

— مورسېرلار! — دېدى دانگلار، — قەدىرلىك گراف، سىز ئالىيجاناب ئادەمغۇ، شۇنداقمۇ؟

— مۇمكىن.

— نەسەپ گېربلىرىنىمۇ بىلىدىغانسىز؟

— ئاز - تولا خەۋرىم بار.



— ئۇنداق بولسا، مېنىڭ گېربىمنى كۆرۈپ بېقىڭ. بۇ گېرب مورسېرنىڭ گېربىدىن ئىشەنچلىك.

— نېمىشقا؟

— چۈنكى مەن تۇغۇلۇشتىن بارون بولمىسامۇ، يەنىلا دانگلار.

— نېمە دېمەكچى بولۇۋاتىسىز؟

— لېكىن ئۇ مورسېر ئەمەس.

— مورسېر ئەمەس؟

— ئەمەس.

— بۇ قانداق گەپ؟

— مەن باشقىلار تەرىپىدىن بارونلۇققا ئۆستۈرۈلدۈم، شۇڭا مەن ھەقىقىي بارون. ئۇ بولسا، ئۆزىنى ئۆزى گراف قىلىۋالدى، شۇڭا ئۇ ئەسلا گراف ئەمەس.

— ئۇنداق بولۇشى مۇمكىنمۇ!

— سۆزۈمگە قۇلاق سېلىڭ، — دانگلار سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مورسېر مېنىڭ دوستۇم، توغرىسىنى ئېيتقاندا، 30 يىللىق كونا تونۇشۇم، بىلەمسىز، مەن گېربىم بىلەن ئانچە مەغرۇرلانمايمەن، چۈنكى كېلىپ - چىقىشىمنى ئۇنتۇمىدىم.

— بۇ سىزنىڭ زور قانائەتچانلىقىڭىز ۋە غۇرۇرىڭىزنى كۆرسىتىدۇ، — دېدى مونتې - كرىستو.

— مەن تۆۋەن دەرىجىلىك خىزمەتچى بولغان ۋاقتىمدا مورسېر بىر ئاددىي بېلىقچى ئىدى.

— شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئىسمى نېمە ئىدى؟

— فېرنان.

— يالغۇز فېرنانلىمۇ؟

— فېرنان موندېگو.

— شۇنى ئېنىق بىلەمسىز؟

— شۇنداق بولمايچۇ! مەن ئۇنىڭدىن كۆپ قېتىم بېلىق سېتىۋالغان.

— ئەمىسە نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ ئوغلىغا قىزىڭىزنى بەرمەكچى بولدىڭىز؟

— چۈنكى ھەر ئىككىمىز تۆۋەندىن چىقىپ، ئاقسۆڭەكلىك ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن، بېيىغان ۋە بىر-بىرىمىزگە مۇناسىپ. شۇنداقتىمۇ، مەندە ھېچقانداق چاتاق يوق، لېكىن ئۇنىڭ كەينىدىن بەزى بىر گەپ-چۆچەكلەر بولغان.

— قانداق گەپلەر؟

— ھە، مۇنداقلا دەپ قويدۇم.

— ھە، چۈشەندىم. سىزنىڭ سۆزلىرىڭىز فېرنان مونديگوغا مۇناسىۋەتلىك بەزى ئىشلارنى يادىمغا سالدى. مەن بۇ ئىسىمنى گرېتسىيىدە ئاڭلىغان.

— ئەلى پاشاغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى دەمسىز؟

— شۇنداق.

— بۇ ئۇنىڭ سىرى، — دېدى دانگلار، — راست گېپىمنى قىلسام، شۇ سىرنى ئېنىقلاشقا مۇمكىن بولسا پۇلۇمنى ئايىمايتتىم.

— بەك بىلگىڭىز كەلسە بۇنى ئېنىقلاش قىيىن ئەمەس.

— قانداق؟

— گرېتسىيىدە بىرەر ۋەكالەتچىڭىز باردۇر؟

— بار، ئەلۋەتتە.

— يانىنىدىچۇ؟

— نەدە دېسىڭىز شۇ يەردە بار.

— ئەمىسە، يانىنىدىكى ۋەكالەتچىڭىزگە خەت يېزىپ، ئەلى تەبەلىنىڭ پاجىئەسىدە فېرنان ئىسىملىك فرانسۇزنىڭ قانداق رول ئوينىغانلىقىنى سوراپ بېقىڭ.



— توغرا! — دەپ خىتاب قىلدى دانگلار ئورنىدىن تۇرۇپ، — بۈگۈنلا خەت يازىمەن.

— يېزىڭ.

— چوقۇم.

— ئەگەر بىرەر مۇھىم ئىشتىن خەۋەر تاپسىڭىز...

— سىزگە ئېيتىمەن.

— سىزدىن ئىنتايىن مىننەتدارمەن.

دانگلار ئۆيىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ، ھاپىلا-شاپىلا ھارۋىسىغا ئولتۇردى.

## ئون تۆتىنچى باب

## خانلىق مۇپەتتىشنىڭ ئىشخانىسى

بانكىر ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ ئۆيىگە كېتىۋەرسۇن. بىز ئەمدى دانگلار خانىمنىڭ كەينىدىن مېڭىپ، ئۇنىڭ ئەتىگەنلىك سەيلىسىنى كۆزىتىپ باقايلى.

دانگلار خانىمنىڭ ھارۋىنى كەلتۈرۈشنى بۇيرۇغانلىقىنى ۋە ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ ئۆتكەنىدۇق. ئۇ، سېن-ژېرمېن مەھەللىسىگە يەتكەندىن كېيىن مازارىنى كوچىسىغا ئەگىلدى. ۋە «يېڭى كۆۋرۈك» بازىرىنىڭ ئالدىدا ھارۋىنى توختاتتى.

ئۇ ھارۋىدىن چۈشۈپ، بازارنى كېسىپ ئۆتتى. ئۇ بەك ئاددىي كىيىنگەنىدى. چىرايلىق ئاياللار ئەتىگەندە ئۆيىدىن چىققاندا ئادەتتە ئاشۇنداق ئاددىي كىيىنىدۇ. گېنېگو كوچىسىغا كەلگەندە ئۇ بىر ھارۋىنى كىرا قىلىپ، ئارلې كوچىسىغا مېڭىشنى بۇيرۇدى.

ئۇ ھارۋىغا ئولتۇرغاندىن كېيىن دەرھال يانچۇقىدىن زىچ توقۇلغان قارا چۇمبەل تورىنى چىقىرىپ، چىغ شىلەپىسىگە بېكىتىۋالدى. ئاندىن شىلەپىسىنى كىيىپ، چۆنتەك ئەينىكىگە قارىدى ھەمدە سىرتتىن قارىغان كىشى ئاق ئېتى بىلەن يالتىراق كۆزلىرىنىلا كۆرەلەيدىغانلىقىنى كۆرۈپ، يېنىكلىك ھېس قىلدى.

كىرا ھارۋىسى «يېڭى كۆۋرۈك» تىن ۋە دوفىنا مەيدانىدىن ئۆتۈپ، ئارلې قورۇسىغا كىرىپ توختىدى. ھارۋىكەش ھارۋا ئىشىكىنى ئېچىشىغىلا دانگلار خانىم ئۇنىڭ پۇلىنى تۆلىۋېتىپ، پەلەمپەيگە قاراپ يۈگۈردى ۋە پەلەمپەيدىن چىقىپ، «شەپىسىز قەدەملەر» زالىغا كىردى.

سوت بىناسىدا ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى ئىشلار كۆپ، ئادەملەر ئالدىراش بولىدۇ. ئالدىراش ئادەملەرنىڭ ئاياللارغا قاراشقا چولىسى تەگمەيدۇ. شۇڭا، دانگلار خانىم «شەپىسىز قەدەملەر» زالىنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغا ئۆتكۈچە ئۆز ئادۋوكاتلىرىنى كۈتۈپ ئولتۇرغان ئۇنچە ئايالغا ئوخشاشلا ھېچكىمنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلمىدى.

ۋىلفورنىڭ قوبۇلخانىسىغا ئادەم تولۇپ كەتكەنىدى. ۋەھالەنكى، دانگلار خانىم ئۆزىنى مەلۇم قىلىپمۇ ئاۋارە بولمىدى. ئۇ، ئىشىكتىن كىرىشى بىلەنلا ئۇنىڭ ئالدىغا بىر چاپارمەن كېلىپ: «خانلىق مۇپەتتىش جانابلىرى بۈگۈن كېلىشىنى بەلگىلىگەن خانىم سىز بولامسىز؟» دەپ سورىدى ۋە تەستىق جاۋابنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنى بىر خالى كارىدور ئارقىلىق ۋىلفورنىڭ ئىشخانىسىغا باشلاپ كىردى.

خانلىق مۇپەتتىش كرېسلودا ئىشىككە كەينىچە ئولتۇرۇپ خەت يېزىۋاتاتتى. ئۇ، ئىشىكنىڭ ئېچىلغىنىنى، چاپارمەننىڭ «مەرھەمەت، خانىم» دېگىنىنى، ئاندىن ئىشىكنىڭ يېپىلغىنىنى ئاڭلىدىيۇ، ئورنىدىن قوزغىلىپ قويمىدى؛ لېكىن چاپارمەننىڭ



قەدەم شەپىسى ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىشىكنى قۇلۇپلىدى، پەردىلەرنى ياپتى ۋە ئىشخانىنىڭ ھەممە بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىغا قاراپ چىقتى. ھېچكىمنىڭ ماراپ كۆرەلمەيدىغانلىقى ۋە ئوغرىلىقچە ئاڭلىيالمايدىغانلىقىغا ئىشەنچ ھاسىل قىلغاندىن كېيىن ئۇ خاتىرجەم بولۇپ:

— كېچىكمەي كەلگىنىڭىزگە رەھمەت، خانىم، — دېدى ۋە بىر كرېسلونى ئۇنىڭغا سۈرۈپ بەردى.

دانگلار خانىم ئولتۇردى. ئۇنىڭ يۈرىكى قاتتىق سوقۇپ، ئاران - ئاران نەپەس ئېلىۋاتاتتى.

— سىز بىلەن ئايرىم سۆزلىشىش بەختىنى كۆرمىگىلى ئۇزاق بولدى، خانىم، — دېدى خانلىق مۇپەتتىش ۋە كرېسلونى ئايلاندۇرۇپ، دانگلار خانىمغا يۈزمۇ يۈز ئولتۇردى، — ئەپسۇسكى، بۈگۈن ھەر ئىككىمىزگە بەكمۇ ئېغىر كېلىدىغان سۆھبەت ئۈچۈن كۆرۈشتۇق.

— گەرچە بۇ سوھبەت سىزگە قارىغاندا ماڭا تېخىمۇ ئېغىر بولسىمۇ، مېنى چاقىرىشىڭىز بىلەنلا ئالدىڭىزغا كەلدىم.

ۋىلفور ئاچچىق كۈلۈپ قويدى.

— دېمەك، ئۆتمۈشتىكى ھەممە ئىشلىرىمىزنىڭ گاھ تۇتۇق، گاھ ئېنىق ئىزلىرى قاپتۇ - دە! — دېدى ئۇ، دانگلار خانىمغا سۆزلىگەندىن تولاراق ئۆز خىياللىرىغا جاۋاب بېرىپ، — بىزنىڭ ھايات يولىغا سالغان قەدەملىرىمىز گويا يەر بېغىرلىغۇچى جانۋارنىڭ قۇم ئۈستىدە سۆرۈلۈپ مېڭىپ، ئۇزۇن ئىز قالدۇرغىنىغا ئوخشايدۇ. ھازىر بىر مۇنچە كىشىلەر بۇ ئىزلارغا كۆز ياشلىرىنى تۆكۈۋاتىدۇ!

— تەقسىر، — دېدى دانگلار خانىم، — مېنىڭ قانچىلىك بىئارام بولۇۋاتقانلىقىمنى چۈشىنەمسىز؟ مېنى قىينىماڭ. مۇشۇ ئۆيدە، مۇشۇ كرېسلودا قورقۇنچ ۋە نومۇستىن تىترەپ تۇرغان

نۇرغۇن جىنايەتچىلەر ئولتۇرغان... ئەمدى بۇ يەردە مەن ئولتۇرۇۋاتىمەن. مەنمۇ قورقۇنچ ۋە نومۇستىن تىترەۋاتىمەن! مەن ئۆزۈمنى جىنايەتچىدەك ھېس قىلىۋاتىمەن، سىز ماڭا شەپقەتسىز سوتچىدەك كۆرۈنۈۋاتىسىز.

ۋىلفور بېشىنى چايقاپ، ئېغىر تىنىۋالدى.

— مەن ئۆزۈمگە شۇنداق دەيمەنكى، — دېدى ۋىلفور، — مېنىڭ ئورنۇم سوتچىنىڭ كرېسلوسى ئەمەس، بەلكى سوتلانغۇچىنىڭ ئورۇندۇقى بولۇشى لازىم.

— سىزنىڭ ئورنىڭىز؟ — دەپ سورىدى دانگلار خانىم ھەيران بولۇپ.

— شۇنداق، مېنىڭ ئورنۇم.

— مېنىڭچە، سىز پۇرىتانچە① ئەقىدىلەرگە بېرىلىپ، مۇبالىغىلەشتۈرىۋاتىسىز، — دېدى دانگلار خانىم ۋە ئۇنىڭ چىرايلىق كۆزلىرى چاقناپ كەتتى، — كىمنىڭ يالقۇنلۇق ياشلىقىدىن ئۇنداق ئىزلار قالمىغان دەيسىز؟ بارلىق ئىشىق-ھەۋەسلەرنىڭ لەززەتلىرى ئاقىۋەتتە پۇشايمانغا ئېلىپ بارىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەلمىساقتىن تارتىپ بەختسىزلەرگە باشپاناھ بولۇپ كېلىۋاتقان ئىنجىلدە گۇناھلىق قىز ۋە بۇزۇق ئايال ھەققىدىكى ئاجايىپ تەمسىل بىزدەك بىچارە ئاياللارغا يار-يۆلەك قىلىپ بېرىلگەن. مەن بەزىدە ياشلىقىمدا كۆڭلۈمنىڭ كەينىگە كىرىپ قىلغان ئىشلىرىمنى ئەسلىسەم، ئاللا ئىگەم مېنى كەچۈرىدۇ دەپ ئويلايمەن، چۈنكى ئاقلىنىپ كېتەلمىسەممۇ، تارتقان ئازابلىرىم بىلەن گۇناھلىرىم يۇيۇلۇپ بولغاندۇر. لېكىن سىز نېمىدىن قورقىسىز؟ سىلەرنى، ئەرلەرنى ھېچكىم ئەيىبلىمەيدۇ، ھەر قانچە ئىش بولسىمۇ نام-شۆھرىتىڭلارغا نۇقسان يەتمەيدۇ.

① پۇرىتان — XVI·XVII ئەسىرلەردە ئەنگلىيە بۇرژۇئازىيىسى ئويۇشتۇرغان دىنىي ھەرىكەتنىڭ ئەزاسى.



— خانىم، — دېدى ۋىلفور، — سىز مېنى بىلىسىز. مەن ئىككى يۈزلىمىچى ئەمەس، ھەر ھالدا سەۋەبسىز ئىككى يۈزلىمىلىك قىلمايمەن. ئەگەر مېنى قاپىقى يامان دېيىشكە توغرا كەلسە، قاپىقىمنىڭ يامانلىقى سانسىزلىغان بەختسىزلىكلەردىن بولغان. ئەگەر مېنىڭ يۈرىكىم تاشتەك قېتىپ كەتمىگەن بولسا، ماڭا كەلگەن شۇنچە زەربىلەرگە قانداق چىدايتتىم؟ مەن ياشلىقىمدا بۇنداق ئەمەس ئىدىم، مەن تويۇم بولغان كۈنى مارسېلنىڭ گىران-كۇر كوچىسىدىكى ئۆيىدە مېھمانلار ئارىسىدا ئولتۇرغان چېغىمدا بۇنداق ئەمەس ئىدىم. شۇندىن بۇيان ئۆزۈمدە ۋە ئەتراپىمدىكى مۇھىتتا نۇرغۇن ئۆزگىرىش بولدى. مېنىڭ پۈتۈن ئۆمرۈم توسقۇنلۇقلارنى يىمىرىش بىلەن، بىلىپ-بىلمەي ۋە غەرەزلىك ياكى غەرەزسىز ھالدا يولۇمغا توسالغۇ بولغانلارنى ئۇچۇقتۇرۇش بىلەن ئۆتتى. سەن پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭ بىلەن قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشقان نەرسىنى باشقىلارمۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تالاشمايدىغان ئەھۋال كەم ئۇچرايدۇ. كۆزلىگەن نەرسەڭنى ئۇلارنىڭ قولىدىن يۇلۇپ ئېلىۋالغىڭ كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، «ئېھتىياج» دېگەن چىرايلىق نىقابنىڭ ئاستىدا نۇرغۇنلىغان يامان ئىشلارنى قىلىسەن. ھەۋەس، قورقۇنچ ياكى ئەقىلسىزلىق سەۋەبىدىن ئاشۇ يامانلىقلارنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن «بۇنداق ئىشلارنى قىلمىسام بوپتىكەن» دەپ ئويلاپ قالىسەن. ھەۋەسكە بېرىلىپ كەتكەن ۋاقتىمىزدا كۆزىمىزگە ھېچنېمە كۆرۈنمەي قالىدۇ، ئەمما كېيىن قارىغۇدەك بولساق، بۇ ئىشنى ناھايىتىمۇ ئاددىي ئۇسۇل بىلەن ئوڭايلا ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا بولىدىغانلىقىنى كۆرىمىز ۋە ئۆز-ئۆزىمىزگە كايىپ «نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلماي، ئۇنداق قىلىپ قويدۇم؟» دېگەن سوئالنى قويىمىز. سىلەر، ئاياللار ئەكسىچە، بۇنداق پۇشايمانلارنىڭ دەردىنى ئانچە ھېس قىلمايسىلەر. چۈنكى كۆپ ھاللاردا سىلەر ئۆز ئالدىڭلارغا ئىش قىلماي-

سىلەر. سىلەرنىڭ بەختسىزلىكىڭلار ھېچقاچان دىگۈدەك ئۆزۈڭلارغا باغلىق بولمايدۇ، سىلەر ھەمىشە دىگۈدەكلا باشقىلارنىڭ جىنايەتلىرىگە چېتىلىپ ئەيىبلىنىسىلەر.

— ھەر ھالدا، شۇنى ئىقرار قىلىشىڭىز كېرەككى، — دېدى دانگلار خانىم، — ئەگەر گۇناھ مەندە بولسا، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە مەن جاۋابكار بولسام، تۈنۈگۈن بۇنىڭ قاتتىق جازاسىنى تارتتىم.

— بەختسىز ئايال! — دېدى ۋىلفور ئۇنىڭ قولىنى قىسىپ، — ئۇ بەكمۇ قاتتىق جازا بولدى. سىز ئۇ جازانى كۆتۈرەلمەي ئىككى قېتىم ھالىڭىزدىن كەتتىڭىز. لېكىن، شۇنداق بولسىمۇ...

— شۇنداق بولسىمۇ؟

— سىزگە ئېيتمىسام بولمايدۇ... غەيرەتلىك بولۇڭ، خانىم، چۈنكى ئىش تېخى تۈگىمىدى.

— ۋاي خۇدايىم! — دانگلار خېنىم قورقۇپ خىتاب قىلدى، — يەنە نېمە ئىش بار؟

— سىز ئۆتمۈشنىلا ئويلاۋاتىسىز. ئۆتمۈشىمىزغۇ قايغۇلۇق، لېكىن سىز كەلگۈسىنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈپ بېقىڭ. كەلگۈسى تېخىمۇ قايغۇلۇق ... دەھشەتلىك ... ھەتتا قان بىلەن بويالغان بولۇشى مۇمكىن!

بارون خانىم ۋىلفورنىڭ ئېغىر - بېسىق ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، شۇڭا بۇنچىلىك ئۆزىنى باسالماي قالغىنىنى كۆرۈپ، ۋارقىراپ كېتىشكە تاس قالدى.

— بۇ دەھشەتلىك ئۆتمۈش قانداق قىلىپ يەنە قايتىپ كەلدى؟ — دەپ خىتاب قىلدى ۋىلفور، — بۇ ئەرۋاھ بىزنى ۋەھىمىگە سېلىپ تاتارتىش ۋە نومۇسقا قويۇپ قىزارتىش ئۈچۈن گۆر ئىچىدىن، يۈرەكلىرىمىزنىڭ قېتىدىن قانداق قىلىپ باش كۆتۈرۈپ چىققاندۇر؟



— بۇ بىر تاسادىپ.

— تاسادىپ! — ۋىلفور ئۇنىڭ سۆزىنى رەت قىلدى، — ياق، ياق، خانىم، بۇ تاسادىپى ئىش ئەمەس!

— ياق، ئۇنداق دېمەڭ. بۇ گەرچە پالاكەت كەلتۈرىدىغان ئىش بولسىمۇ، يەنىلا تاسادىپىيلىق بولماي نېمە؟ گراف مونتې-كرىستو ئۇ ئۆينى تاسادىپى سېتىۋالغان ۋە تاسادىپى ھالدا تۇپراقنى كولاتقۇزغان. ئاشۇ بەختسىز بوۋاقنى دەرەخ تۈۋىدىن كولاپ چىقىرىشقىنىمۇ تاسادىپىيلىق بولماي نېمە؟ بىچارە بوۋىقىم، مەن ئۇنى بىر قېتىممۇ سۆيۈپ قويمىغانىدىم، بىراق ئۇنى ئويلاپ قانچىلىك كۆز ياشلىرىم تۆكۈلدى! گراف گۈللەرنىڭ تېگىدىن ئاشۇ قىممەتلىك ئۇستىخانلارنىڭ تېپىلغانلىقىنى ئېيتقاندا پۈتۈن ۋۇجۇدۇم ئۇنىڭغا تەلپۈندى!

— ياق، خانىم، — دېدى ۋىلفور ئاۋازى بوغۇلغان ھالدا، — سىزگە ئېيتماقچى بولغان گېپىمنىڭ دەھشەتلىك يېرى ئەنە شۇنىڭدا. گۈللەرنىڭ تېگىدىن ھېچقانداق ئۇستىخان تېپىلغان ئەمەس، ھېچقانداق بوۋاق كولاپ چىقىرىلغان ئەمەس. يىغلاشنىڭ، ئاھ ئۇرۇشنىڭ پايدىسى يوق، قورقۇپ تىترىشىمىز كېرەك!

— نېمە دېمەكچى بولۇۋاتىسىز؟ — دېدى دانگلار خانىم غال - غال تىترەپ.

— شۇنى دېمەكچىمەنكى، گراف مونتې - كرىستو ئۇ دەرەخنىڭ تۈۋىدىن بوۋاقنىڭ ئىسكىلىتىنىمۇ، ساندۇقنىڭ تۆمۈرلىرىنىمۇ تاپقان بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى ئۇ يەردە ھېچنېمە يوق.

— ھېچنېمە يوق؟ — دەپ تەكرارلىدى دانگلار خانىم قورقۇنچ ئىچىدە يوغان ئېچىلغان كۆزلىرى بىلەن خانلىق مۇپەتتىشكە قاراپ، — ھېچنېمە يوق! — ئۇ گوياكى مېڭىسىدىن ئۇچۇپ چىقىپ كېتىۋاتقان ئەقلى - ھوشىنى ئۆزىنىڭ سۆزى ۋە ئاۋازى بىلەن تۇتۇپ قالماقچى بولغان ئادەمدەك يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى.

— يوق، يوق، يوق، — دېدى ۋىلفور قوللىرى بىلەن يۈزىنى يېپىپ.

— ئەمىسە، بىچارە بوۋاقنى ئۇ يەرگە كۆممەپتىكەنسىز-دە؟ نېمە ئۈچۈن ماڭا يالغان گەپ قىلغانىدىڭىز؟ نېمە ئۈچۈن؟

— ياق، ئۇ يەرگە كۆممىگەن. ئالدى بىلەن مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاڭ. ئاڭلىسىڭىز ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىيدۇ. 20 يىلدىن بېرى سىزگە گەپ قىلماي، بۇ ئازابلىق يۈكنى تەنھا ئۆزۈم كۆتۈرۈپ كەلدىم. ئەمدى سىزگە سۆزلەپ بېرىمەن.

— ۋاي خۇدايىم، مېنى قورقۇتىۋاتىسىز! مەيلى. شۇنداق بولسىمۇ سۆزلەڭ، سۆزلەڭ.

— ئاشۇ بەختسىز كېچىنىڭ قانداق ئۆتكەنلىكى يادىڭىزدا باردۇر. شۇ كېچىسى سىز ھېلىقى قىزىل پەردىلىك ئۆيدىكى تۆشەككە يېتىپ، تولغاق ئازابىدا قىينىلىۋاتاتتىڭىز. مەنمۇ سىزگە ئوخشاشلا ئازابلىنىپ، بۇنىڭ تاماملىنىشىنى كۈتەتتىم. بوۋاق دۇنياغا كېلىپ، مېنىڭ قوللىرىمغا ئۇزىتىلدى. ئۇ، ھەرىكەت قىلمايتتى، تىنىقمۇ بىلىنمەيتتى. ئاۋازىنى چىقارمايتتى. بىز ئۇنى ئۆلۈك دەپ ئويلىدۇق.

دانگلار خانىم سەكرەپ تۇرماقچى بولغاندەك جىددىي ھەرىكەتلىنىپ كەتتى. لېكىن ۋىلفور يېلىنغان قىياپەتتە ئالقانلىرىنى جۈپلەپ، ئۇنى توختىتىۋالدى.

— بىز ئۇنى ئۆلۈك دەپ ئويلىدۇق، — تەكرارلىدى ئۇ، — مەن ئۇنى كىچىككىنە ساندۇققا سېلىپ، باغقا ئېلىپ چىقتىم ۋە گۆر كولىدىم-دە، ئۇنى دەرھال كۆمىۋەتتىم. ئەمدىلا كۆمۈپ بولۇشۇمغا ھېلىقى كورسىكانلىق ماڭا ھۇجۇم قىلدى. بىر ئادەمنىڭ كۆلەڭگىسىنى غىل-پال كۆرگەندەك بولدۇم-دە، شۇھامان گويا چاقماق چېقىلىپ كەتكەندەك بولدى. ئاندىن ئاغرىقنى سەزدىم-دە، ۋارقىرىماقچى بولغانىدىم، ئەمما بەدىنىمدىن



مۇزدەك تەر چىقىپ، تىترەپ كەتتىم ۋە گېلىم سىقىلىپ قالدى... مەن يەرگە يىقىلدىم ۋە «ئۆلدۈم» دەپلا ئويلىدىم. سىزنىڭ شۇ چاغدىكى مىسلىسىز قەيسەرلىكىڭىزنى مەڭگۈ ئۇنۇتمايمەن. مەن ھوشۇمغا كەلگەندىن كېيىن يېرىم ئۆلۈك ھالدا ئۆمىلەپ پەلەمپەيىنىڭ يېنىغا كەلدىم. سىز، ئۆزىڭىزنىڭمۇ جېنىڭىز ئاز قالغان تۇرۇپ، مېنىڭ يېنىمغا چۈشتىڭىز. بۇ پاجىئەلىك ۋەقەنىڭ مەخپىيەتلىكىنى چىڭ ساقلىشىمىز زۆرۈر ئىدى. سىز غەيرىتىڭىزنى يىغىپ، خىزمەتكار ئايال بىلەن بىللە ئۆيىڭىزگە قايتىپ كېتىۋالالىدىڭىز. مەن ياردار بولغىنىمنى «دۇئېلدە چىققانىدىم» دەپ چۈشەندۈردۈم. ئويلىغىنىمىزنىڭ ئەكسىچە، بۇ سىرنى ھېچكىم ئۇقماي قالدى. مېنى ۋېرسالغا ئېلىپ كېتىشتى. ئۈچ ئايغىچە ھايات بىلەن ماماتنىڭ ئارىلىقىدا ياتتىم. ئاخىرى ماڭا ئاستا-ئاستا جان كىرىشكە باشلىدى. دوختۇر مېنى جەنۇبنىڭ قۇياشلىق ۋە ھاۋالىق يەرلىرىدە دەم ئېلىشقا بۇيرۇدى. تۆت ئادەم مېنى زەمبىلگە سېلىپ كۆتۈرۈپ، كۈنىگە ئالتە لېيەدىن يول يۈرۈپ، پارىژدىن شالونغا ئېلىپ باردى. ۋىلفور خانىم ھارۋىغا ئولتۇرۇپ، زەمبىلنىڭ كەينىدىن ماڭدى. شالوندا كېمىگە ئولتۇرۇپ، سونا ۋە ئاندىن رونا دەريالىرىنى بويلاپ ئۈزۈپ، ئارلىغا باردۇق. ئارلىدا مېنى يەنە زەمبىلگە ياتقۇزۇشتى. شۇنداق قىلىپ، ئاخىرى مارسېلغا يېتىپ باردۇق. سالامەتلىكىم ئەسلىگە كەلگۈچە يېرىم يىل ئۆتتى. سىزنىڭ ئۇچۇرىڭىزنى ئالالمىدىم. چۈنكى سىزنى سۈرۈشتۈرۈشكە جۈرئەت قىلالمايتتىم. پارىژغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن سىزنىڭ تۇل قالغانلىقىڭىزنى ۋە كېيىن دانگلارغا ياتلىق بولغىنىڭىزنى ئۇقتۇم.

مەن ھوشۇمغا كەلگەندىن كېيىن نېمىنى ئويلىدىم؟ پىكىر-خىيالىم ئاشۇ بوۋاقنىڭ جەسىتىدىلا بولدى. ھەر كۈنى ئاخشىمى چۈشۈمدە ئۇنىڭ گۆردىن چىقىپ، ماڭا قول شىلتىپ تەھ

دىت سېلىۋاتقىنىنى كۆردۈم. شۇڭا، پارىژغا كېلىشىم بىلەنلا ئاشۇ ئۆينى سۈرۈشتە قىلدىم. بىز كەتكەندىن بۇيان ئۇ ئۆيدە ھېچ-كىم تۇرماپتۇ، لېكىن تېخى ئەمدىلا توققۇز يىللىق ئىجارىگە بېرىلىپتۇ. مەن ئىجارىگە ئالغۇچىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنىڭغا مەرھۇم ئايالىمنىڭ ئاتا-ئانىسىغا تەئەللۇق بولغان ئۆينىڭ يات كىشىلەرگە بېرىلىشىنى خالىمايدىغانلىقىمنى ئېيتتىم ۋە توختامنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش بەدىلىگە پۇل تۆلەشنى ئۈستۈمگە ئالدىم. مەندىن 6000 فرانك تەلەپ قىلىشتى. 10 مىڭ، 20 مىڭنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ بېرەتتىم. يېنىمدا پۇل بار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن توختام دەرھال ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. شۇندىن كېيىن ئېتىمنى چاپتۇرۇپ ئوتېيلىگە باردىم. مەن كەتكەندىن بۇيان ئۇ ئۆيگە ھېچكىم كىرمىگەنىكەن. كۈندۈزى سائەت بەش ئىدى. مەن ھېلىقى قىزىل ئۆيگە كىرىپ، قاراڭغۇ چۈشۈشنى كۈ-تۈپ ئولتۇردۇم. يىل بويى ئامالسىز تەشۋىش ئىچىدە ئويلىغان-لىرىمنىڭ ھەممىسى ئەمدى ماڭا يەنىمۇ قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

ھېلىقى كورسىكانلىق ماڭا قانلىق قىساس ئېلان قىلغانىدى. ئۇ، نىمىدىن پارىژغىچە كەينىمدىن ئوغرىلىقچە ئەگىشىپ كەلدى ۋە باغقا مۆكۈنۈۋېلىپ، ماڭا پىچاق سالدى. شۇ كورسىكانلىق مېنىڭ گۆر كولىغىنىمنى ۋە بوۋاقنى كۆمگىنىمنى كۆرگەن. ئۇ، سىزنى تونۇۋالغان بولۇشى مۇمكىن. بەلكىم شۇ ئىشنىمۇ بىلگەن-دۇر... ئەگەر ئۇ، بۇ دەھشەتلىك سىرنى ئاشكارىلىماسلىق ئۈچۈن سىزدىن ھەق تەلەپ قىلسا قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇ، مېنىڭ ئۆلمىگەنلىكىمنى ئۇقسا، مۇشۇنداق قىلىشنى ئۆزى ئۈچۈن ئەڭ لەززەتلىك قىساس دەپ ھېسابلىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەر ئېھتىمالغا قارشى، ئۆتمۈشنىڭ ئىزلىرىنى، ماددىي ئىسپات بولى-دىغان ھەممە نەرسىنى تېزرەك يوقىتىۋېتىش كېرەك ئىدى. ئۇ



ئىشلارنىڭ مېنىڭ خاتىرەمدە ساقلىنىشىمۇ يېتىپ ئاشاتتى. ئىجارە توختىمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشۇمنىڭ، ئات چاپتۇرۇپ بۇ يەرگە كېلىشىمنىڭ ۋە ئەمدى بۇ ئۆيدە ئولتۇرۇشۇمنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ ئىدى.

كەچ كىرىپ قالدى. مەن تولۇق قاراڭغۇ چۈشۈپ بولۇشى-نى كۈتتۈم. چىراغنى ياقماي ئولتۇردۇم. غۇيۇلداپ چىقىپ تۇر-غان شامال پەردىلەرنى لەپەڭشىتەتتى. ئۇ پەردىلەرنىڭ كەينىدە گويا مۆكۈنۈپ تۇرغان ئىشپىيونلار كۆرۈنۈۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. مەن ھەدەپ چۆچۈيتتىم. كارىۋات كەينى تەرىپىمدە ئىدى. قۇلاق-لىرىمغا سىزنىڭ ئىڭراشلىرىڭىز ئاڭلىنىۋاتقاندەك بولاتتى. شۇڭا، ئارقامغا قاراشتىن قورقاتتىم. جىمجىتلىقتا يۈرىكىمنىڭ سوقۇشى ئۆزۈمگە ئاڭلىنىپ تۇراتتى. يۈرىكىم شۇنداق قاتتىق سوقاتتىكى، جاراھىتىم قايتىدىن يېرىلىپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. ئاخىرى، مەھەللىدىكى ھەممە ئاۋازلار بىر-بىرلەپ جىمىقتى. مەن ئەمدى كىشىلەرنىڭ كۆرۈپ قېلىشى ۋە ئاڭلاپ قېلىشىدىن قورقۇشنىڭ ھاجىتى قالمىغانلىقىنى كۆرۈپ باغقا چىقماقچى بولدۇم.

بىلەمسىز ئىرمىنا، مەن ئانچە قورقۇنچاق ئەمەس. لېكىن پەلەمپەينىڭ مەيدەمگە ئېسىقلىق ئاچقۇچىنى، ئىككىمىزگە شۇنچە قەدىرلىك بولغان ھېلىقى ئاچقۇچنى قولۇمغا ئالغاندا ۋە ئاينىڭ ئاپئاق نۇرى دېرىزىدىن چۈشۈپ، ئايلانما پەلەمپەينىڭ باسقۇچ-لىرىدا خۇددى ئەرۋاھدەك سوزۇلۇپ ياتقىنىنى كۆرگىنىمدە تامغا يېپىشىۋالدىم، ۋارقىراپ تاشلاشقا تاس قالدىم. ئۆزۈمنى ساراڭ بولۇپ قالغاندەك ھېس قىلدىم. ئاخىرى، ئۆزۈمنى بېسىۋېلىپ، پەلەمپەيدىن ئاستا چۈشۈشكە باشلىدىم. تىزلىرىم تىترەپ تۇراتتى، شۇڭا پەلەمپەينىڭ سالاسۇنىنى چىڭ تۇتۇۋالاتتىم. ئۇنداق قىل-مىسام يىقىلىپ چۈشكەن بولاتتىم. تۆۋەندىكى ئىشىكنىڭ يېنىغا يېتىپ باردىم. ئىشىكنىڭ ئارقىسىدا تامغا يۆلەپ قويۇلغان بىر

گۆرجەك تۇراتتى. مەن بىر كىچىك پەنەر چىراغنى ئېلىۋالغانىدىم. چىملىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا بارغانىدىن كېيىن توختاپ، چىراغنى ياقتىم - دە، يەنە ماڭدىم.

نويابىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى ئىدى. باغ ئىچى چۆلدەرەپ قالغان. ئىسكىلىتكە ئوخشاپ قالغان دەرەخلەر ئاغجىراپ كەتكەن ئۇزۇن قوللىرىنى سوزۇپ تۇرۇشاتتى. ئايىغلىرىم ئاستىدا غازاڭ ۋە شېخىل شىرىقلايتتى. يۈرىكىمنى شۇنداق بىر قورقۇنچ قاپلىدىكى، دەرەخزارلىققا يېقىنلاپ كەلگەندە يانچۇقۇمدىن تاپانچامنى چىقىرىپ، تەپكىسىنى قايرىپ قويدۇم. كۆزلىرىمگە خۇددى دەرەخ شاخلىرى ئارىسىدىن ھېلىقى كورسىكانلىق ماراپ تۇرغاندەك كۆرۈنۈپ كېتەتتى. كۆكاتلار ئارىسىنى چىراغ بىلەن يورۇتۇپ كۆرۈپ چىقتىم. ھېچكىم يوق. ئەتراپىمغا سەپسالدىم. مەندىن باشقا ئادەم يوق. جىمجىتلىقنى بۇزىدىغان ھېچقانداق شەپە ئاڭلانمايتتى. پەقەت بىر ھۇقۇشلا گويا تۈن ئەرۋاھلىرىنى چاقىرىۋاتقاندەك يېقىمسىز ۋە سىرلىق ھۇۋلايتتى.

چىراغنى بىر ئاچىماق شاختا ئېسىپ قويدۇم. بۇ شاخنى مەن تېخى بۇلتۇرلا كۆزلەپ قويغانىدىم. بۇ شاخ دەل مەن شۇ چاغدا گۆر كولىغان يەرنىڭ ئۈستىدە ئىدى. ياز بويى بۇ يەرلەرگە قويۇق كۆكات ئۈسۈپ كەتكەن بولۇپ، كۆزلۈكى ئورۇلمىغانىدى، شۇنداقتىمۇ، كۆكاتلار ئانچە قويۇق ئۈسمىگەن بىر جايغا كۆزۈم چۈشتى. مەن كولىغان جاي شۇ ئىكەنلىكى روشەن ئىدى. ئىشقا تۇتۇش قىلدىم. مەن بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت جەريانىدا كۈتكەن پەيت يېتىپ كەلگەنىدى!

ھالبۇكى، ھەر قانچە تىرىشىپ كولىساممۇ، گۆرجەكنىڭ ئۇچى بىر نەرسىگە تاقىشىپ قالغاندا ھەربىر ئوچۇم تۇپراقنى ھەر قانچە سىنچىلاپ تەكشۈرسەممۇ ھېچ نەرسە تېپىلمىدى! دەسلەپتە كولانغان ئورەكتىن ئىككى ھەسسە كېڭەيتىپ كولىدىم.



نەق جايىنى تاپالمىغان ئوخشايمەن دەپ، تەپسىلاتلارنى يادىمغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەتراپتىكى يەرلەرنى ۋە دەرەخلەرنى قاراپ چىقتىم. جاندىن ئۆتكۈدەك سوغۇق شامال يالىڭاچ شاخلارنىڭ ئارىسىدىن ئىسقىرتىپ سوقۇپ تۇرسىمۇ، پۈتۈن بەدىنىم چىلىق-چىلىق تەرگە چۆمگەنىدى. مەن بوۋاق كۆمۈلگەن يەرنى دەسسەپ تۈزلەۋاتقان چېغىمدا پىچاق ئۇرۇلغانلىقى يادىمدا. شۇ چاغدا مەن قولۇم بىلەن بىر سۆگەتكە تايىنىپ تۇرغانىدىم. سەيلىچىلەرگە ئورۇندۇق بولۇش ئۈچۈن ئورنىتىپ قويۇلغان تاش مېنىڭ كەينىمدە ئىدى. مەن يىقىلىپ چۈشۈۋاتقاندا ئاشۇ سوغۇق تاشقا قولۇم تېگىپ كەتكەنىدى. بۇ قېتىممۇ سۆگەت ئوڭ تەرىپىمدە، تاش كەينىمدە تۇراتتى. مەن شۇ چاغدىكىگە تەقلىد قىلىپ، يەرگە ياتتىم، ئاندىن ئورنۇمدىن تۇردۇم - دە، ئورەكنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ كولىدىم. ھېچنېمە يوق! يەنە ھېچنېمە يوق! ساندۇق تېپىلمىدى.

— تېپىلمىدى؟ — دەپ پىچىرلىدى دانگلار خانىم قورقۇپ نەپىسى بوغۇلغان ھالدا.

— مېنى شۇنىڭ بىلەن بولدى قىلدىمىكىن دەپ ئويلاپ قالماڭ، — ۋىلفور سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ياق، دەرەخزار ئىچىنى ئالا قويماي ئاختۇرۇپ چىقتىم. مەن: قاتىل ساندۇقنى كولاپ چىقارغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىچىدە بايلىق بار دەپ، ئۇنى ئېلىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. ئاندىن ئۆزىنىڭ يېڭىلىشقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى يەنە كۆمۈۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلىدىم. ھالبۇكى، ئۇنداق بولۇپ چىقمىدى، مەن يەنىلا ھېچ نەرسىنى تاپالمىدىم. شۇندىن كېيىن مەن، ئۇ بۇنداق ئېھتىيات چارىلىرىنى ئىشلەتمەستىن، ساندۇقنى ئۇدۇل كەلگەن بىر يەرگە تاشلىۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلىدىم. ئۇنداق بولغاندا، ئىزدەشنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن تاڭ ئاتقۇچە كۈتۈپ تۇرۇش

كېرەك ئىدى. شۇڭا ئۆيگە قايتىپ كىرىپ كۈتۈپ ئولتۇردۇم.

— ئاھ، خۇدا!

— تاڭ يورۇشى بىلەنلا يەنە باغقا چىقتىم. ئەڭ ئالدى بىلەن مەن يەنە دەرەخزارلىقنى ئاختۇردۇم. ئۇ يەردە قاراڭغۇدا كۆرەلمىگەن بەزى ئىزلارنى ئەمدى تېپىشىم مۇمكىن دەپ ئويلاپ، 20 نەچچە فۇت كېلىدىغان دائىرىدىكى يەرنى ئىككى فۇت چوڭقۇرلۇقتا كولاپ چىقتىم. مېنىڭ بىر سائەتتە قىلغان ئىشىمنى ياللانما ئىشچى بىر كۈندىمۇ تۈگىتەلمەس ئىدى. يەنىلا تېپىلمىدى، ھېچ نەرسىنى تاپالمىدىم. شۇندىن كېيىن، ساندۇق باشقا بىر يەرگە تاشلىۋېتىلگەن بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلاپ، يەنە ئىزدىدىم. ئەگەر شۇنداق بولسا، ئۇ ساندۇق باغنىڭ ئارقا ئىشىكىگە بارىدىغان يول ئۈستىدىن تېپىلىشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن بۇ قېتىمقى ئىزدىشىمنىڭمۇ نەتىجىسى چىقمىدى. يۈرىكىم سىقىلغان ھالدا دەرەخزارلىققا قايتىپ كەلدىم، ئەمما ئۇ يەردىمۇ ئەمدى ھېچقانداق ئۈمىد يوق ئىدى.

— ھېلىمۇ ساراڭ بولۇپ قالماپسىز! — دەپ خىتاب قىلدى دانگلار خانىم.

— شۇ چاغدا مەنمۇ ساراڭ بولۇپ قالسامكەن دەپ ئويلىغانىدىم، — دېدى ۋىلفور، — بىراق، ئۇنداق بەخت ماڭا نېسىپ بولمىدى. ئاخىرى، پۈتۈن غەيرىتىمنى ۋە ئەس - ھوشۇمنى يىغىۋېلىپ، ئۆزۈمگە شۇنداق سوئال قويدۇم: ئۇ كىشى جەسەتنى نېمە ئۈچۈن ئېلىپ كەتتى؟

— ئۆزىڭىز دېدىڭىزغۇ، دەلىل ئىسپاتقا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، — دېدى دانگلار خانىم.

— ياق، خانىم، ئۇ، جەسەتنى بىر يىلغىچە ساقلاپ ياتمايدۇ، بەلكى مەمۇرلارغا تاپشۇرۇپ، پاش قىلىدۇ. ئەمما ئۇنداق ئىش بولمىدى.



— ئەمىسە بۇ قانداق بولغىنى؟ — دەپ سورىدى دانگلار خانىم تىترەپ تۇرۇپ.

— بۇ، ئىككىمىز ئۈچۈن تېخىمۇ قورقۇنچلۇق، دەھشەتلىك ئىشنىڭ بولغىنى. بوۋاق ئۆلمىگەن، قاتىل ئۇنى ئېلىپ كەتكەن.

دانگلار خانىم ئەس - ھوشىنى يوقاتقان ھالدا ۋارقىراپ تاشلىدى ۋە ۋىلفورنىڭ قولىنى چىڭ تۇتىۋالدى.

— مېنىڭ بالام ھايات ئىكەن! — دېدى ئۇ، — تىرىك بالامنى كۆمۈۋېتىپسىز؟ ئۇنىڭ ئۆلمىگەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ كۆمۈۋېتىپسىز!

دانگلار خانىم ئورنىدىن تۇردى ۋە خانلىق مۇپەتتىشنىڭ ئالدىدا تىك تۇرۇپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە غەزەپ بىلەن تىكىلىپ قارايتتى، ئۇنىڭ قوللىرىنى ئۆزىنىڭ نازۇك قوللىرى بىلەن چىڭ سىقىملايتتى.

— مەن نەدىن بىلەي؟ بۇ مېنىڭ پەرىزىم، — دېدى ۋىلفور. ئۇنىڭ قېتىپ قالغان كۆزلىرى بۇ قۇدرەتلىك كىشىنىڭ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ساراڭ بولۇش ھالىتىگە يەتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى.

— بالام، جېنىم بالام! — دەپ خىتاب قىلدى بارون خانىم ۋە يەنە ئۆزىنى كرېسلوغا تاشلىۋېتىپ، يىغا ئاۋازىنى چىقارماسلىق ئۈچۈن ئاغزىنى قول ياغلىقى بىلەن ئېتىۋالدى.

ۋىلفور ئېسىنى يىغىۋالدى ۋە دانگلار خانىمنىڭ ئانىلىق غەزىپىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ شۇ تاپتىكى ئەندىشىسىنى ئۇنىڭغىمۇ ئۆتكۈزۈش لازىم ئىكەنلىكىنى چۈشەندى.

— ئۆزىڭىز چۈشىنىسىز، ئەگەر ئىش مەن ئېيتقاندەك بولۇپ چىقسا، بىزنىڭ تۈگەشكىنىمىز شۇ، — دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ۋە يەنىمۇ بوشراق ئاۋازدا سۆزلەش ئۈچۈن بارون خانىمغا يېقىن كەلدى، — ئۇ بالا ھايات، كىمدۇ بىرى بۇنى بىلىدۇ،

گېمىدۇ بىرى بىزنىڭ سىرىمىزدىن خەۋەردار. مونتې - كرىستو بىزنىڭ ئالدىمىزدا كولاپ تېپىلغان بالىنىڭ گېپىنى قىلدى، لېكىن ئۇ بالا كۆمۈلگەن يېرىدە يوق. دېمەك، بۇ سىرنى بىلىدىغان كىشى شۇ مونتې - كرىستو.

— ئادىل خۇدا! بۇ سىنىڭ قىساسىڭ، — دەپ پىچىرلىدى دانگلار خانىم.

ۋىلفور بۇنىڭغا جاۋابەن قانداقتۇر بىر غەلىتە ئاھاڭدا غودۇڭشۇپ قويدى.

— ئۇ بالا قەيەردە؟ زادى قەيەردە؟ — دەپ قىستايتتى ئانا.

— ئۇنى ئىزدەپ قىلمىغان ئامالىم قالمىدى! — دېدى ۋىلفور، — ئۇزۇن تۈنلەردە ئۇنى ياد ئېتىپ، بىدار بولدۇم! شۇ كۈنلەردە مەن پادىشاھدەك باي بولسام، مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ سىرىنى سېتىۋالالىسام ۋە شۇ سىرلار ئىچىدىن ئاشۇ بالىنى تاپسام دەپ ئويلايتتىم. 100 قېتىملارچە گۆرجەكنى قولۇمغا ئېلىپ، 100 قېتىملارچە ئۆز - ئۆزۈمدىن «ئۇ كورسكانلىق ئۇ بالىنى نېمە قىلغاندۇر؟» دەپ سورايتتىم. بوۋاق دېگەن قاچقۇنغا بىر ئارتۇقچە يۈك ئەمەسمۇ. يا ئۇ، بالىنىڭ تىرىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنى دەرياغا تاشلىۋەتكەنمىدۇر؟

— مۇمكىن ئەمەس! — دەپ خىتاب قىلدى دانگلار خانىم، — ئۆچ ئالغۇسى كەلگەندە ئادەمنى ئۆلتۈرۈشى مۇمكىن، لېكىن ئۇنداق تاش يۈرەكلىك بىلەن بوۋاقنى سۇغا چۆكتۈرۈۋېتىش مۇمكىن ئەمەس!

— يا ئۇ، بالىنى دارىلئېيتامغا ئاپىرىپ بەرگەنمىدۇر؟ — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ۋىلفور.

— توغرا، توغرا، — دەپ خىتاب قىلدى بارون خانىم، — ئەلۋەتتە، ئۇ شۇ يەردە!



— مەن دارىلئېيتامغا يۈگۈرۈپ باردىم ۋە شۇ كۈنى، يەنى 20 - سېنتەبىر كەچتە ئۇ يەرنىڭ ئىشىك ئالدىغا بىر بوۋاقنىڭ قويۇپ قويۇلغانلىقىنى ئۇقتۇم. بوۋاق نېپىز رەخت پارچىسىغا يۆگەلگەنىكەن. ئۇ رەخت، قارىغاندا، مەقسەتلىك ھالدا ئوتتۇرىدىن يىرتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا بارونلۇق تاجىنىڭ يېرىمى ۋە «ن» ھەرپى بار ئىكەن.

— دېمىدىممۇ، — دەپ خىتاب قىلدى دانگلار خانىم، — يوتقان - كۆرپىلىرىمنىڭ ھەممىسىدە شۇ بەلگىلەر بار ئىدى. نارگون بارون ئىدى. ئۇ، مېنىڭ فامىلەمنىڭ باش ھەرپى ئىدى. خۇداغا شۈكۈر! بالام ئۆلمەپتۇ.

— ياق، ئۆلمىدى.

— ئەجەب يۈرەكلىك گەپ قىلىسىزغۇ؟ مېنى خۇشاللىقتىن ئۆلۈپ كېتىدۇ دەپ قورقمامسىز؟ قېنى ئۇ مېنىڭ بالام قەيەردە؟

ۋىلفور مۈرىلىرىنى قىسىپ قويدى.

— مەن نەدىن بىلەي! — دېدى ئۇ، — ئۇنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلسەم دراماتورگ ۋە رومانچىلارغا ئوخشاش گەپنى ئەگىتىپ، سىزنى شۇنچە ھاياجانغا سېلىپ ئولتۇرامتىم! مەن بىلمەيمەن. ۋەقە يۈز بېرىپ ئالتە ئايدىن كېيىن بىر ئايال دارىلئېيتامغا بېرىپ، ھېلىقى رەختنىڭ ئىككىنچى پارچىسىنى ۋە قانۇندا تەلەپ قىلىنىدىغان ھەممە دەلىل - ئىسپاتلارنى كۆرسىتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، بالىنى ئۇنىڭغا بېرىشىپتۇ.

— سىز ئۇ ئايالنىڭ كىملىكىنى ئېنىقلاپ، ئۇنى ئىزلەپ تېپىشىڭىز كېرەك ئىدى.

— مېنى نېمە قىلدى دەپ ئويلايسىز؟ مەن تەپتىش قىلىش باھانىسى بىلەن ئەڭ ئۇستا پايلاقچىلارنى، ئەڭ تەجرىبىلىك ساقچىلارنى ئۇنىڭ ئىزىغا سالدىم. ئۇنىڭ شالونغىچە بارغانلىقى مەلۇم بولدى ۋە شۇ يەردە ئۇنىڭ ئىزى يوقالدى.

— يوقالدى؟

— ھەئە، پۈتۈنلەي يوقالدى.

دانگلار خانىم گاھ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، گاھ كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ، گاھ ئاھ ئۇرۇپ ۋىلفورنىڭ ھېكايىسىنى ئاخىرغىچە ئاڭلاپ چىقتى.

— ھەممە گەپ شۇمۇ؟ — دېدى ئۇ، — شۇنىڭ بىلەن بولدى قىلدىڭىزمۇ؟

— ياق، — دېدى ۋىلفور، — مەن داۋاملىق تۈردە ئىزدىدىم، سۈرۈشتۈردۈم، مەلۇماتلارنى يىغدىم. توغرا، ئاخىرقى ئىككى - ئۈچ يىلدىن بېرى بىرئاز بوشىشىپ قالدىم. لېكىن ئەمدى ھەر قانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ چىڭ تۇرۇپ، قېتىقىنىپ ئىزدەشكە كىرىشىمەن. ئەمدى بۇ ئىشنى ئاخىرغىچە ئېلىپ چىقماي قويمايمەن، چۈنكى بۇ قېتىم مېنى نومۇسلا ئەمەس، بەلكى قورقۇنچ قامچىلاپ تۇرۇۋاتىدۇ.

— مېنىڭچە، گراف مونتې - كرىستو ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ، — دېدى دانگلار خانىم، — ئۇنداق بولمىغاندا، ئۇ بىز بىلەن بۇنچىلىك يېقىنلىشىشقا تىرىشمىغان بولاتتى.

— ئىنسانلارنىڭ قارا نىيىتى چەكسىز بولىدۇ، — دېدى ۋىلفور، — ئۇ، تەڭرىنىڭ شاپائىتىدەك چەكلىك ئەمەس. ئۇ كىشى بىز بىلەن سۆزلىشىۋاتقان مەزگىللەردە ئۇنىڭ كۆزلىرىگە دىققەت قىلدىڭىزمۇ؟

— ياق.

— قاچانلا بولمىسۇن، سىز ئۇنىڭغا سەپسېلىپ قارىغانمۇ؟

— ئەلۋەتتە. ئۇ بىر غەلىتە ئادەمدەك كۆرۈنىدۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن باشقا ئالامەتنى بايقىمىدىم. بىر ئىشقا ھەيران بولدۇمكى، ئۇ بىز ئۈچۈن ھازىرلىغان ھەشەمەتلىك زىياپەتتە ھېچ نەرسىگە قول ئۇزاتمىدى، ھېچ نەرسىنى يېمىدى.



— شۇنداق، توغرا، — دېدى ۋىلفور، — مەنمۇ شۇنىڭغا دىققەت قىلدىم. مۇبادا ھازىر بىلگەنلىرىمنى شۇ چاغدا بىلگەن بولسام، مەنمۇ ھېچ نەرسىنى يېمىگەن بولاتتىم، ئۇ بىزنى زەھەرلىمەكچى دەپ ئويلىغان بولاتتىم.

— شۇنداق ئويلىغان بولسىڭىز خاتالاشاتتىڭىز.

— ئۇغۇ شۇنداق، لېكىن ئۇ كىشىنىڭ باشقا پىلانلىرى بار. ئەنە شۇنىڭ ئۈچۈن مەن سىز بىلەن كۆرۈشۈشنى، سۆزلىشىشنى خالىدىم، ئەنە شۇنىڭ ئۈچۈن سىزنى ھەممە كىشىلەردىن، ھەتتا ئاشۇ كىشىدىن پەخەس بولۇشقا ئاگاھلاندۇرۇشنى خالىدىم. ئېيتىڭا، — ۋىلفور بارون خانىمغا بالدۇرقىدىنمۇ بەكرەك تىكىلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — سىز ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىرەر كىشىگە ئېيتقانمۇ؟

— ھېچقاچان ھېچكىمگە ئېيتمىغان.

— يەنە سورايدىغان بولدۇم، ئەپۇ قىلىڭ، — دېدى ۋىلفور يۇمشاق ئاۋازدا، — سىز بۇنى دۇنيادا ھېچقانداق ئادەمگە ئېيتمىغانمۇ؟

— ھەئە، دېمەكچى بولغىنىڭىزنى چۈشەندىم، — دېدى بارون خانىم يۈزى قىزارغان ھالدا، — ھېچكىمگە ئېيتمىدىم، قەسەم ئىچىپ بېرىمەن!

— كۈندۈزى بولغان ئىشلارنى كېچىلىرى خاتىرىلەپ يازىدىغان ئادىتىڭىز بارمۇ؟ كۈندىلىك خاتىرە يازامسىز؟

— ياق. مېنىڭ كۈنۈم ئالدىراشچىلىقتا ئۆتىدۇ. ئۇنداق ئىشلارغا چولام تەگمەيدۇ.

— چۈشىڭىزدە جۆيلۈمسىز؟

— مەن خۇددى بوۋاقتەك جىمجىت ئۇخلايمەن. يادىڭىزدا يوقمۇ؟

بارون خانىمنىڭ مەڭزىلىرى قىزىرىپ كەتتى، ۋىلفورنىڭ يۈزى ئۆلگۈدەك تاتىرىپ كەتتى.

— ھەئە، راست، — دېدى ئۇ ئاران ئاڭلانغۇدەك ئاۋازدا.
— يەنە نېمە گېپىڭىز بار؟ — سورىدى بارون خانىم.
— يەنە؟ ئەمدى نېمە قىلىشىمنى ئۆزۈم بىلمەن، — دېدى ۋىلفور، — بىر ھەپتىگە قالمىغان ۋاقىتنىڭ ئىچىدە بۇ مونتې - كرىستو دېگەننىڭ كىملىكىنى، ئۇنىڭ نەدىن پەيدا بولغان ۋە نەگە كېتىۋاتقانلىقىنى ۋە نېمە ئۈچۈن بىزگە ئۆزىنىڭ بېغىدىن كولاپ چىقىرىلغان بوۋاقنىڭ گېپىنى قىلىدىغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقىمەن.

ۋىلفور بۇ گەپلەرنى شۇنداق بىر خىل ئاھاڭدا ئېيتتىكى، مۇبادا گراف ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان بولسا، چۆچۈپ كەتكەن بولارئىدى.

ئاندىن ئۇ، بارون خانىمنىڭ خۇشياقمىغان ھالدا ئۇزاتقان قولىنى قىسىپ قويدى - دە، ئۇنى ئېھتىرام بىلەن ئىشىك ئالدىغىچە ئۇزىتىپ قويدى.

دانگلار خانىم باشقا بىر ھارۋىنى كىرا قىلىپ، بازارغىچە باردى ۋە بازارنىڭ نېرىقى چېتىدە تۇرغان ئۆزىنىڭ ھارۋىسىنى تاپتى. ھارۋىكەش ئۇنى كۈتۈپ تىنچقىنا مۈگدەپ ئولتۇراتتى.

## ئون بەشىنچى باب

## تەكلىپ

شۇ كۈنى، تەخمىنەن دانگلار خانىم خانىلىق مۇپەتتىشىنىڭ ئىشخانىسىدا بولغان مەزگىلدە ئېلىدىر كوچىسىدا بىر ئۇزۇن يوللۇق پەيتۇن كېلىپ، 27 - نومۇرلۇق ئۆيىنىڭ دەرۋازىسىدىن كىردى - دە، ھويلىدا توختىدى.

پەيتۇننىڭ ئىشىكى ئېچىلدى. مورسېر خانىم ئوغلىنىڭ قولىغا تايىنىپ پەيتۇندىن چۈشتى.



ئالبېر ئانىسىنى ئۇنىڭ ھۇجرىسىغىچە ئاپىرىپ قويدى - دە، دەرھال ئۆزىگە ۋاننا ۋە ئاتلارنى تەييارلاشنى بۇيرۇدى. ئاندىن، مەھرەمنىڭ ياردىمى بىلەن كىيىنگەندىن كېيىن ئۆزىنى گراف مونتې - كرىستونىڭ يېلىسەي مەھەللىسىدىكى ئۆيىگە يەتكۈزۈپ قويۇشنى بۇيرۇدى.

گراف ئۇنى ئادەتتىكىدەك كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ قارشى ئالدى. ئەجەبا، بۇ كىشىنىڭ قەلبىگە ياكى ئۇي - پىكىرلىرىگە بىرئازمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا زورلۇق بىلەن كىرىشكە ئۇرۇنغان ھەر قانداق ئادەم (ئەگەر شۇنداق دەپ ئىپادىلەشكە مۇمكىن بولسا) گوياكى بىر مەزمۇت تامغا دۈچ كېلەتتى.

مورسېر دەسلەپتە ئۇنى قۇچاقلاشقا ئىنتىلگەنىدى، لېكىن ئۇنىڭغا قاراپ، گەرچە گراف دوستانە رەۋىشتە كۈلۈمسىرەپ تۇرغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ قولىنى قىسىپ كۆرۈشۈشكە ئاران جۈرئەت قىلدى. مونتې - كرىستو بولسا، ھەر دائىمقىدەك، قول بەردىيۇ، ئەمما ئۇنىڭ قولىنى قىسمىدى.

— مانا مەن كەلدىم، قەدىرلىك گراف، — دېدى ئالبېر.
— مەرھەمەت.
— كەلگىنىمگە ئاران بىر سائەت بولدى.
— دىيىپپتىن كەلدىڭىزمۇ؟
— ياق، ترېپوردىن.
— ھە، راست، شۇنداق.
— مانا، ئەڭ ئالدى بىلەن سىز بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدىم.
— قەدىمىڭىزگە مۇبارەك بولسۇن، — دېدى مونتې - كرىستو خۇددى ھەر قانداق باشقا گەپلەرنى قىلغاندىكىگە ئوخشاش پەرۋا قىلمىغان ئاھاڭدا.
— ھە، نېمە يېڭىلىقلار بار؟ سۆزلەپ بەرمەمسىز.

— يېڭىلىق؟ مەندەك بىر چەتتىن كەلگەن ئادەمدىنمۇ شۇنى سورامسىز.

— گېپىمنى چۈشەنمەي قاپسىز. مەن ئۈچۈن بىرەر ئىش قىلدىڭىزمۇ دەپ سورىماقچىدىم.

— ماڭا بىرەر ئىش تاپشۇرغانمىدىڭىز؟ — دېدى مونتې - كرىستو ئۆزىنى خاتىرجەمسىزلەنگەن قىياپەتكە سېلىپ.

— قويۇڭا، ئۇنداق بىپەرۋا بولىۋالماڭ، — دېدى ئالبېر، — كۆڭۈل رىشتى يىراق يەردىنمۇ تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ، دېگەن گەپ بار. مەن تىرىپوردا ئەنە شۇنداق ئېلېكتر توكىنىڭ تەسىرىنى ھېس قىلدىم. مەن ئۈچۈن ھېچقانداق ئىش قىلمىغان بولسىڭىزمۇ، مېنى ئويلىغانسىز.

— بۇ مۇمكىن، — دېدى مونتې - كرىستو، — دەرۋەقە، مەن سىزنى ئويلىدىم، لېكىن راستىمنى ئېيتسام، مېنى ئۆتكۈزگۈچ قىلغان ماگنىتلىق توك مېنىڭ ئىرادەمدىن سىرت ھەرىكەت قىلدى.

— شۇنداقمۇ؟ قېنى سۆزلەپ بېقىڭا، بۇ قانداق گەپكىن؟

— ھېچقانچە گەپ ئەمەس. مېنىڭ زىياپىتىمگە دانگلار داخىل بولدى.

— بۇنى بىلىمەن. ئاپام بىلەن ئىككىمىز ئۇنىڭ بىلەن بىر سورۇندا بولماسلىق ئۈچۈن بۇ يەردىن كەتكەنىدۇققۇ.

— لېكىن ئۇ، زىياپەتتە ئاندرېيا كاۋالكانتى بىلەن بىرگە بولدى.

— ھېلىقى ئىتالىيىلىك كىنەز بىلەنمۇ؟

— مۇبالىغە قىلماڭ. ئاندرېيا ئۆزىنى پەقەت ۋىكونت دەپلا ئاتايدۇ.

— ئۆزىنى ئاتايدۇ؟

— ئەلۋەتتە.

— ئەمىسە ئۇ ۋىكونت ئەمەسمۇ؟



— مەن نەدىن بىلەي؟ ئۇ ئۆزىنى شۇنداق دەيدۇ، شۇڭا مەنمۇ شۇنداق دەيمەن، باشقىلارمۇ شۇنداق دەيدۇ. ئۇ ھەقىقەتەن ۋىكونت بولسىمۇ بىزنىڭ نېمە كارىمىز؟

— غەلىتە گەپلەرنى قىلىدىكەنسىز! ھە، يەنىچۇ؟

— يەنە نېمە؟

— دانگلار زىياپىتىڭىزگە باردىمۇ؟

— ھەئە.

— سىزنىڭ ئاندرېيا كاۋالكانتىڭىزمۇ باردىمۇ؟

— ھەئە، ۋىكونت ئاندرېيا كاۋالكانتى، ئۇنىڭ ئاتىسى ماركىز، دانگلار خانىم، ۋىلفور بىلەن ئۇنىڭ ئايالى، ئېسىل يىگىتلەر، — دېبرې، ماكسىمىلىئان موررېل ۋە... يەنە كىم بار ئىدى؟ توختاپ تۇرۇڭ... ھە، راست، شاتو - رېنو.

— مېنىڭ گېپىم بولدىمۇ؟

— ھېچقانداق گەپ بولمىدى.

— شۇنىسى چاتاق بوپتۇ - دە.

— نېمىشقا؟ ئۇلارنىڭ سىزنى ئۇنتۇپ كېتىشىنى خالايتتىڭىزغۇ. كۆڭلىڭىزدىكىدەك ئىش بولدى.

— قەدىرلىك گراف، مېنىڭ گېپىمنى قىلىشمىغان بولسا، ئۇلار مەن توغرۇلۇق كۆپ ئويلىغان ئوخشىمامدۇ؟ ئۇنداق بولۇشىنى خالىمايتتىم.

— دانگلار خېنىم سىزنى ئويلىمىسىلا بولدى ئەمەسمۇ. توغرا، ئۇ، ئۆيىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن سىز توغرۇلۇق ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن.

— بۇ جەھەتتىن مەن خاتىرجەم. ئۇ مېنى ئويلىغان ھالەتتىمۇ، خۇددى مېنىڭ ئۇنى ئويلىغىنىمچىلىكلا بولدى.

— نېمىدېگەن تەسىرلىك رىشتە! — دېدى گراف، — بۇ گەپچە، سىلەر بىر - بىرىڭلارنى ئۆچ كۆرىدىغان ئوخشىمامسىلەر؟

— بۇ مۇنداق گەپ، — دېدى مورسېر، — ئەگەر دانگلار خېنىم مۇھەببەتنىڭ دەردىنى چۈشىنىشكە قادىر بولسا (مېنىڭچۇ ئۇنىڭغا قارىتا ئۇنداق ھېسسىياتىم يوق) ۋە بىزنىڭ ئائىلىلىرىمىز نوختام قىلىشقان شەرتلەر بىلەن ھېسابلاشماي، ئۆزىنى ماڭا بېغىشلىغان بولسا، ئۇنىڭغا مەھلىيا بولار ئىدىم. يىغىپ ئېيتقاندا، شۇنداق ھېسابلايمەنكى، دانگلار خېنىم ياخشى ئاشنا بولالايدۇ، بىراق ئۇنى خوتۇن قىلىپ ئېلىش... ھەي تاڭ...

— ئۆزىڭىزنىڭ كەلگۈسىدىكى ئايالىڭىزغا بەكمۇ ياخشى كۆز قاراشتا ئىكەنسىز، — دېدى مونتې - كرىستو كۈلۈپ كېتىپ.

— بىر ئاز قوپاللىراق سۆزلەپ قويدۇم، لېكىن بۇ راست. بۇ، ئەمەلگە ئاشمايدىغان قۇرۇق خىيال. بۇنىڭ مەلۇم دەرىجىدە ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن دانگلار خېنىم مېنىڭ خوتۇنۇم بولۇشى كېرەك، يەنى ئۇنىڭ مەن بىلەن بىرگە ياشىشى، مېنىڭ يېنىمدا ئولتۇرۇپ خىيال سۈرۈشى، ناخشا ئېيتىشى، مۇزىكا بىلەن شۇغۇللىنىشى ۋە مېنىڭدىن ئون قەدەم نېرىدا ئولتۇرۇپ شېئىر يېزىشى كېرەك. ئۆمۈر بويى شۇنداق بولۇشى كېرەك. بۇنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرسەم، تەنلىرىم شۈركىنىپ كېتىدۇ. ئاشنىسىنى تاشلىۋېتىش مۇمكىن، لېكىن خوتۇننى ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ. خوتۇنىڭىز يېنىڭىزدا ياكى باشقا يەردە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭ بىلەن مەڭگۈلۈككە باغلانغان بولىسىز. دانگلار خېنىم بىلەن مەڭگۈلۈككە باغلىنىشنى ئويلىساممۇ قورققۇم كېلىدۇ.

— سىزنىڭ كۆڭلىڭىزدىكىنى تاپقىلى بولمايدىكەن، ۋىكونت.

— شۇنداق، چۈنكى مەن كۆپ ھاللاردا مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلارنى ئارزۇ قىلىمەن.

— قانداق ئىشنى؟

— ئاتام تاپقاندەك ئايالنى تېپىشنى ئارزۇ قىلىمەن.



مونتې - كرىستو تاتىرىپ كەتتى ۋە قولىدا ئويناپ تۇرغان ئىككى دانە زىننەتلىك تاپانچىنىڭ تەپكىلىرىنى ئالدىراشلىق بىلەن شاراقلىتىپ قويۇپ، ئالبېرغا قارىدى.

— دېمەك، ئاتىڭىز ناھايىتى بەختلىك ئىكەن - دە؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— ئاپامغا بولغان مېنىڭ كۆز قارىشىمنى سىز بىلىسىز، گراف. ئۇ بىر پەرىشتە. ئۇنىڭغا دىققەت قىلىپ قاراپ بېقىڭا، ئۇ تېخىچىلا گۈزەل. بۇرۇنقىدەكلا ئەقىللىق ۋە بۇرۇنقىدىنمۇ ياخشى بولۇپ كەتتى. بىز تېخى بۈگۈنلا ترېپوردىن كەلدۇق. ئوغلىنىڭ ئانىغا ھەمراھ بولۇشى — ئامالنىڭ يوقىدىن ئۇنىڭ رايىغا باققانلىق ياكى ئېغىر مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئالغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەن ئۇنىڭ بىلەن تۆت كۈن بىللە بولدۇم. ھازىر ئۆزۈمنى گويا ترېپورغا مەلىكە ماۋنى ياكى تىتانىيەنى ئېلىپ بارغاندىنمۇ بەكرەك بەختلىك، روھلۇق ۋە شائىرانە ھېس قىلىۋاتىمەن.

— بۇنداق سۈپەتلەر ئادەمنى ئۈمىدسىزلىككە سالىدۇ. سىزنىڭ بۇ تەرىپلىرىڭىزنى ئاڭلىغان كىشى بويتاق بولۇپ ئۆتۈشنى خالاپ قالىدۇ.

— مەسىلە شۇنىڭدا، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئالبېر، — دۇنيادا نۇقسانسىز ئايالنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، دانگلار خېنىمغا ئۆيلىنىشنى خالىمايمەن. بىزنىڭ شەخسىيەتچىلىكىمىز ئۆزىمىزگە تېگىشلىك نەرسىلەرنى قانچىلىك كۆركەم قىلىپ كۆرسىتىدىغانلىقىنى بايقىدىڭىزمۇ؟ مارلې ياكى فوسسېننىڭ دۇكىنىدىكى بىرلىيانت بىزنىڭ قولىمىزغا ئۆتكەندىن كېيىن تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كەتكەندەك كۆرۈنىدۇ. ھالبۇكى، ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق بىرلىيانتنىڭ بارلىقىنى، سىزنىڭ قولىڭىزدىكىسى ئۇنىڭغا يەتمەيدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن بۇ ھال بىر ئازابقا ئايلىنىدۇ.

— ھەي جاپاكەش! — پىچىرلىدى گىراف.

— شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئېرىنى خېنىم مېنىڭ كىچىككىنە بىر ئاتوم ئىكەنلىكىمنى، ئۆزى مىليونلارغا ئىگە بولۇپ تۇرغان شارائىتتا مېنىڭ ئاران بىرنەچچە 100 مىڭ فرانكىملا بار ئىكەنلىكىنى ئۇققان كۈنى خۇشاللىقىمدىن سەكرەپ كېتەمەن.

مونتې ـ كرىستو كۈلۈپ قويدى.

— بۇنىڭغا مۇنداق بىر ئامال تاپقانىدىم، — ئالبېر سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — فرانس كۆتۈلمىگەن ئاجايىپ ئىشلارغا ھەۋەس قىلىدۇ. مەن ئۇنى دانگلار خېنىمغا ئاشىق قىلىپ قويۇشنى ئويلىدىم. مەن دانگلار خېنىمنى ئەڭ چىرايلىق سۆزلەر بىلەن تەرىپلەپ، ئۇنىڭغا تۆت پارچە خەت يازدىم. لېكىن فرانس ئۇنىڭغا قىزىقمىدى ۋە «توغرا، مېنىڭ كۆتۈلمىگەن ئىشلارغا ھەۋەس قىلىدىغان ئادىتىم بار، ئەمما مەن ۋەدەمدىن يېنىۋالىدىغان ئادەم ئەمەس»، دەپ تۇرىۋالدى.

— سادىق دوست دېگەن مۇشۇنداق بولىدىكەن ـ دە. ئۆزى ئاشىنا قىلماقچى بولغان ئايالنى دوستىغا خوتۇن قىلىپ ئېلىپ بەرمەكچى بولىدىكەن.

ئالبېر كۈلۈمسىرىدى.

— ھە، راست، — دېدى ئۇ يەنە، — بىزنىڭ قەدىرلىك فرانسىمىز پات ئارىدا قايتىپ كېلىدىكەن. بىلىشىمچە، سىز ئۇنى ياخشى كۆرمەيسىزغۇ دەيمەن؟

— مەنمۇ؟ — دېدى مونتې ـ كرىستو، — بۇ نېمە دېگىنىڭىز، قەدىرلىك ۋىكونت؟ نېمە ئۈچۈن ئۇنى ياخشى كۆرمەيدىكەنمەن؟ مەن ھەممە كىشىنى ياخشى كۆرىمەن.

— شۇ قاتاردا مېنىمۇ... رەھمەت سىزگە.

— ئۇقۇملارنى ئادىيلاشتۇرۇۋەتمەيلى، — دېدى مونتې ـ كرىستو، — مېنىڭ ھەممە كىشىنى ياخشى كۆرۈشۈم تەڭرىنىڭ



بىزگە بۇيرۇغىنىدەك، يېقىن كىشىلىرىمنى خرىستىيانچە مۇھەببەت بىلەن ياخشى كۆرۈشتۇر. مېنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن ئۆچ كۆرىدىغان كىشىلىرىم پەقەت بىرنەچچىلا. ھە، فرانس ئەپىنەنىڭ گېپىگە كېلەيلى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ پات ئارىدا كېلەمدىكەن؟

— ھەئە، ئۇنى ۋىلفور چاقىرتىپتۇ. قارىغاندا، خۇددى دانگلار ئېرىنى خېنىمنى ئەرگە بېرىشكە ئالدىرىغاندەك، ۋىلفورمۇ ۋالېنتىنا خېنىمنى ياتلىق قىلىشقا ئالدىراۋاتقان بولسا كېرەك. بويىغا يەتكەن قىزى بولسا ئىش تەس ئىكەن ـ دە. قىزنىڭ ئاتىسى بەزگەك بولۇپ قالغان ئادەمگە ئوخشاپ قالىدىكەن، تاكى قىزىدىن قۇتۇلمىغۇچە ئۇنىڭ تومۇرلىرى مىنۇتىغا 90 قېتىمدىن سوقۇپ تۇرىدىكەن.

— ئەمما، ئەپىنە ئەپەندى سىزگە ئوخشىمايدىغاندەك قىلىدۇ. ئۇ، ئۆز ئەھۋالىغا قانائەت قىلىدۇ.

— ئۇ راستىنلا بۇ ئىشقا جىددىي قاراۋاتىدۇ. ئۇ، ئاق گالىستۇك تاقاپ، ئۆز ئائىلىسى ھەققىدە سۆزلەپ يۈرگۈدەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ ۋىلفورلارنى بەك ھۆرمەت قىلىدۇ.

— ھۆرمەت قىلىشقا بىرەر ئاساسى باردۇر؟

— بىلىشىمچە، ۋىلفور قاتتىق قول، ئەمما ئادىل ئادەم دەپ تونۇلغان.

— خۇداغا شۈكۈر، — دېدى مونتې ـ كرىستو، — سىزنىڭ بىچارە دانگلار ھەققىدە سۆزلىگەنلىرىڭىزدىن باشقىچە باھا بەرگەن بىر ئادىمىڭىز چىقتى.

— مەن دانگلارنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىشنى خالىمايدىغانلىقىم ئۈچۈن شۇنداق بولسا كېرەك، — دېدى ئالبېر كۈلۈپ تۇرۇپ.

— سىز ئۆزىڭىزگە بەك تەمەننا قويىدىكەنسىز، قەدىرلىكىم، — دېدى مونتې ـ كرىستو.

— مەنمۇ؟

— ھەئە، سىز. ھە، قېنى، تاماكا چېكىڭ.

— ھەشقاللا، نېمە ئۈچۈن مېنى تەمەننا قويىدۇ دەيسىز؟

— چۈنكى سىز دانگلار خېنىمنى بەكلا چەتكە قاقىدىكەن-سىز ۋە ئۇنىڭغا ئۆيلىنىشتە پۈتۈن كۈچىڭىز بىلەن قارشى تۇر-دىكەنسىز. سىز بۇ ئىشلارنى ئۆزىنىڭ يۈرۈشىگە قويۇۋېتىڭ. بەل-كىم، ئۇلار ئۆزلىرى بۇ ئىشتىن يالتىيىپ قېلىشى مۇمكىن.

— مۇنداق دەڭ! — دېدى ئالبېر كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ.

— ئۇلار سىزنى مەجبۇرىي تارتىپ ئېلىپ كەتمەيدىغۇ! ماڭا قاراڭ، ۋىكونت، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى مونتې-كرىستو باشقا بىر خىل ئاھاڭدا، — سىز راستىنلا بۇ ئىشنىڭ بۇزۇلۇشىنى خالامسىز؟

— شۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن 100 مىڭ فرانك بېرىشكە تەييارمەن.

— ئۇنداق بولسا. خوش بولۇڭ. دانگلارمۇ شۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن سىزدىن ئىككى ھەسسە ئارتۇق تۆلەشكە تەييار.

— راستىمۇ؟ نېمە دېگەن زور بەخت! — دېدى ئالبېر، لې-كىن ئۇنىڭ چىرايىدا گوياكى يېنىككىنە بۇلۇت سايىسى چۈشكەن-دەك بىر خىل ئالامەت ئىپادىلەندى، — ئەمىسە دانگلارنىڭ ئۇنداق قىلىشىدا بىرەر سەۋەب بارمىكىنا؟

— مانا، غۇرۇر ۋە شەخسىيەتچىلىك دېگەن شۇ! ئىنسان دېگەن شۇنداق بولىدۇ - دە. باشقىلارنىڭ غۇرۇرىغا پالتا چې-پىشقا تەييار تۇرىدۇ - يۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ غۇرۇرىغا يىڭنە تېگىپ كەتسە داد - پەرياد كۆتۈرىدۇ.

— ياق، ئۇنداق دېمەڭ! مەن ئويلاپتىمەنكى، دانگلار...

— سىزگە ھەۋەسلەنسە بولاتتى، شۇنداقمۇ؟ لېكىن دانگلار-نىڭ دىتى يوق. ئۇ باشقا كىشىگە ھەۋەسلىنىپ يۈرىدۇ.

— كىمگە؟



— بىلمەيمەن. ئۆزىڭىز كۆزىتىڭ، تەكشۈرۈڭ، گەپ - چۆ-چەكلەرگە دىققەت قىلىڭ.

— ھە. ماقۇل. ئەمدى ئۆزىمىزنىڭ گېپىمىزگە كېلەيلى. ئاپام... ياق دادام بەزمە ئۆتكۈزمەكچى.

— مۇشۇ پەسىلدىمۇ بەزمە بولامدۇ؟

— ھازىر يازلىق بەزمىلەر مودا بولۇپ قالدى.

— مودا بولمىغان تەقدىردىمۇ، گراف خانىم شۇنداق قى-لىشنى خالىسىلا ئۇنداق بەزمىلەر مودا بولۇپ قالىدۇ.

— توغرا ئېيتتىڭىز. بىلەمسىز، بۇ ھەقىقىي پارىژچە بەزمە. ھەقىقىي پارىژلىقلار ئىيۇل ئېيىدا پارىژدىن كەتمەيدۇ. بۇ تەك-لىپنى جانابىي كاۋالكانتىلارغا يەتكۈزۈپ قويۇشنى سىزگە ھاۋالە قىلسام بولامدۇ؟

— بەزمە قايسى كۈنى ئۆتكۈزۈلمەكچى؟

— شەنبە كۈنى.

— ئۇ چاغقىچە ئاتا كاۋالكانتى بۇ يەردىن كېتىدۇ.

— بالا كاۋالكانتى قالىدۇ ئەمەسمۇ. ئۇنى سىز باشلاپ بارالامسىز؟

— ياق، ۋىكونت، ئۇنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى مەن پۈتۈنلەي بىلمەيمەن.

— بىلمەيمەن دەمسىزا؟

— بىلمەيمەن. مەن ئۇنىڭ بىلەن ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم تۆت كۈننىڭ ئالدىدا كۆرۈشكەن. شۇڭا، ئۇنىڭغا كېپىل بولالمايمەن.

— ئەمىسە ئۇنى زىياپىتىڭىزگە تەكلىپ قىلىپسىزغۇ؟

— مېنىڭ تەكلىپ قىلىشىم باشقا گەپ. ئۇنى ماڭا بىر مۆھتەرەم ھەزرەت تونۇشتۇرغانىدى. ئۇ ھەزرەتمۇ ئۇنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى خاتا چۈشىنىپ قالغان بولۇشى مۇمكىنغۇ. ئۇنى

ئۆزىڭىز تەكلىپ قىلسىڭىز توغرا بولىدۇ. ماڭا ئۇنداق قىلىش ئەپسىز. ئويلىمىغان يەردىن چىقىپ، ئۇ دانگلار خېنىمغا ئۆيلىنىپ قالسا، سىز بۇ ئىشنى مەندىن كۆرۈپ، مەن بىلەن سوقۇشۇپ قېلىشىڭىز مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مېنىڭ ئۇ يەرگە بېرىشىممۇ ناتايىن.

— نەگە؟

— سىلەرنىڭ بەزمەڭلەرگە.

— نېمىشقا؟

— بىرىنچىدىن، سىز تېخى مېنى تەكلىپ قىلمىدىڭىز.

— مەن سىزنى شەخسەن ئۆزۈم تەكلىپ قىلىش ئۈچۈن كەلدىم.

— ھىممىتىڭىزگە تەشەككۈر، بىراق مېنىڭ باشقا ئىشلىرىم بار.

— مەن سىزگە بىر گەپنى ئېيتسام، ئىش - كۈشلىرىڭىزنى چەتكە قايرىپ قويۇشىڭىز مۇمكىن.

— قېنى، ئېيتىڭ.

— سىزنى ئاپام چاقىردى.

— گراف خانىم مورسېر؟ — دەپ سورىدى مونتې - كرىستو چۆچۈپ كېتىپ.

— سىزگە شۇنى ئېيتىشىم مۇمكىنكى، گراف، ئاپام مەندىن سىر ساقلىمايدۇ. ئەگەر، مەن بايا ئېيتقاندەك، كۆڭۈل رىشتىڭىزنىڭ تارىلىرى تىترىمىگەن بولسا، سىزدە ئۇنداق تارىلار زادى يوق ئىكەن، چۈنكى بىز تۆت كۈن ئۇدا سىزنىڭ گېپىڭىزنى قىلىشتۇق.

— مېنىڭ گېپىمنى؟ مېنى خىجىل قىلمىسىڭىزا.

— شۇنداق بولۇشى تەبىئىي. سىز بىر تىرىك تېپىشماق ئەمەسمۇ.



— ئاپىڭىزمۇ مېنى تېپىشماق دەمدۇ؟ مەن ئۇنى بۇنداق زېھىن ئويۇنلىرىغا كەلگەندە بەك چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزىدۇ دەپ ئويلاپتىكەنمەن!

— قەدىرلىك گراف، سىز ھەممە كىشىلەر ئۈچۈن، ئاپام ئۈچۈنمۇ بىر تېپىشماق بولۇپ تۇرۇۋاتىسىز. ھەممە كىشىلەر ئېتىراپ قىلغان ۋە ھېچكىم تاپالمىغان تېپىشماق. سىز ھازىر جاۋابى تېپىلمىغان سوئال بولۇپ قالدىڭىز. ئاپام ھەمىشە سىزنى «بۇنداق ياش بولۇشى مۇمكىنمۇ؟» دەپ سوراپ يۈرىدۇ. مېنىڭچە، ئۇ ئۆز ئىچىدە سىزنى كالىئوسترو ياكى گراف سېن - ژېرمېنمىكىن دەپ ۋە ياكى گراف خانىم گ دەك سىزنى لورد رۇتۋېنمىكىن دەپ ئويلىسا كېرەك. سىز ئاپام بىلەن بىرىنچى قېتىم كۆرۈشكەندىلا بۇ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىڭ. سىزگە بۇ قىيىن چۈشمەيدۇ. سىزنىڭ پەلسەپىۋى ئىقتىدارىڭىز ۋە ئەقلىڭىز بار.

— بۇنداق گەپلەردىن خەۋەردار قىلىپ قويغىنىڭىزغا رەھمەت، — دېدى گراف كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، — ئۇ پەرەزلەرنىڭ ھەممىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىشكە تىرىشىمەن.

— دېمەك، شەنبە كۈنى بارامسىز؟

— مورسېر خانىم تەكلىپ قىلغان بولسا باراي.

— شۇنداق بولسا بىزنى بەك خوش قىلىسىز.

— دانگلارمۇ بارامدۇ؟

— ۋاي، ئۇنىڭغا قوشلاپ تەكلىپ يوللاندى. بۇنى ئاتام ئۆز ئۈستىگە ئالدى. بىز يەنە ھازىرقى زامانىنىڭ ئۇلۇغ ئارىككوسى① بولۇپ قالغان ۋىلفور ئەپەندىنىمۇ كەلتۈرۈشكە تىرىشىمىز، بىراق ئۇنىڭ كېلىشىدىن ئۈمىد ئاز.

— ھېچقانداق ۋاقىتتا ئۈمىدنى يوقاتماسلىق كېرەك دېگەن ماقال بارغۇ.

---

① ئارىككو — XVIII ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر سوتچى.

— سىز تانسا ئوينامسىز، گراف؟
— مەنمۇ؟
— ھەئە، سىز تانسا ئوينىسىڭىز، بۇنىڭ ئەجەبلەنگۈدەك نېمىسى بار؟
— شۇنداق، دەرۋەقە 40 يېشىمغىچە... ياق، مەن تانسا ئويناشنى بىلمەيمەن، لېكىن تانسىنى كۆرۈشنى ياخشى كۆرىمەن. مورسېر خانىمچۇ، ئۇ تانسا ئوينامدۇ؟
— ئۇمۇ بىلمەيدۇ. ئىككىڭلار پاراڭلىشىسىلەر. ئۇ سىز بىلەن سۆزلىشىشكە بەك خۇشتار.
— شۇنداقمۇ؟
— ئەزىبرايى خۇدا! يەنە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، ئاپام مۇشۇ چاققىچە پاراڭلىشىشنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتمىغانىدى.
ئالبېر شلەپىسىنى ئېلىپ، ئورنىدىن تۇردى. گراف ئۇنى ئۇزىتىپ چىقتى.
— مەن پۇشايمان قىلىۋاتىمەن، — دېدى ئۇ، تاشقارقى ئىشىكنىڭ پەلەمپىيىدە ئالبېرنى توختىتىپ.
— نېمىگە؟
— ئويلىماي سۆزلەپ قويغىنىمغا. مەن سىزگە دانگلارنىڭ گېپىنى قىلمىسام بولاتتى.
— ئەكسىچە، يەنىمۇ كۆپرەك سۆزلەڭ. بۆگۈنكىدەك گەپلىرىڭىز بولسا دائىم سۆزلەڭ.
— ئوبدان، مېنى خاتىرجەم قىلدىڭىز. ھە، فرانس قاچان كېلىدىكەن؟
— بەش - ئالتە كۈندىن كېيىن.
— ئۇنىڭ تويى قاچان بولىدىكەن؟
— سېن - مېران ئەپەندى بىلەن سېن - مېران خانىم كەلگەندىن كېيىن.



— فرانس كەلگەندىن كېيىن ئۇنى مېنىڭ يېنىمغا باشلاپ كېلىڭ. گەرچە سىز مېنى ياخشى كۆرمەيدۇ دېسىڭىزمۇ مەن ئۇنى كۆرسەم خوش بولىمەن.
— خوپ، غوجام، ئېيتقىنىڭىزدەك قىلىمەن.
— خەير - خوش!
— شەنبە كۈنى چوقۇم بارامسىز؟
— ئەلۋەتتە! ۋەدە قىلدىمغۇ.
ئالبېر چىقىپ كەتكىچە گراف ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ تۇرۇپ، قولىنى شىلتىدى. ئالبېر ئۆز پەيتۇنىغا ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، بېرتۇچچونى كۆردى.
— ھە، قانداق بولدى؟ — سورىدى گراف.
— ئۇ سوت بىناسىغا كىردى، — دەپ جاۋاب بەردى غوجىدار.
— قانچىلىك ۋاقىتقىچە شۇ يەردە بولدى؟
— بىر يېرىم سائەتتە چىقتى.
— ئاندىن ئۆيگە قايتتىمۇ؟
— ئۇدۇل ئۆيگە قايتتى.
— ھىم. ئەمدى، قەدىرلىك بېرتۇچچو، — دېدى گراف، — دەرھال نورماندىيىگە بېرىپ، مەن سىزگە ئېيتقان ھېلىقى تۇرالغۇ جاينىڭ غېمىنى قىلىڭ.
بېرتۇچچو تەزىم بەجا كەلتۈردى ھەمدە بېرىلگەن بۇيرۇق ئۇنىڭ خاھىشىغا تولۇق ماس كەلگەنلىكتىن، شۇ كېچىسىلا يولغا چىقتى.

# ئون ئالتىنچى باب

## ئىزدەش

ۋىلفور دانگلار خانىمغا، مۇھىمى ئۆزىگە بەرگەن سۆزىگە ئەمەل قىلىپ، گراف مونتې - كرىستونىڭ ئوتېيلدىكى ئۆيىدە

بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى قانداق قىلىپ بىلىۋالغانلىقىنى ئىنىقلاشقا كىرىشتى.

ئۇ، شۇ كۈنىلا بوۋىل دېگەن بىرىگە خەت يازدى. بۇ بوۋىل دېگەن كىشى بۇرۇن تۈرمە باشلىقى بولۇپ، كېيىن مەرتىۋىسى ئۆسۈپ، خىزمىتى مەخپىي ساقچىغا يۆتكەلگەنىدى. ئۇ، زۆرۈر مەلۇماتلارنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىككى كۈنلۈك مۆھلەت بېرىشنى سورىدى. ئىككى كۈندىن كېيىن ۋىلفور تۆۋەندىكى خەتنى تاپشۇرۇۋالدى:

«گراف مونتې - كرىستو ئىسىملىك شەخسنى ئارىلاپ پارىژغا كېلىپ تۇرىدىغان ۋە ھازىر شەھىرىمىزدە تۇرۇۋاتقان باي چەت ئەللىك لورد ئۇيىلمور يېقىندىن تونۇيدۇ؛ ئۇنى شۇنداقلا، شەرق ئەللىرىدە ساخاۋەتلىك ئىشلىرى بىلەن داڭق چىقارغان سىجىلىيىلىك روھانىي بۇزونى ھەزرەتمۇ تونۇيدۇ».

ۋىلفور بۇ چەت ئەللىكلەر توغرۇلۇق ئەڭ تولۇق مەلۇماتلارنى يىغىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. ئىككىنچى كۈنى كەچكە ئۈلگۈرۈپ، ئۇنىڭ بۇيرۇقى بەجا كەلتۈرۈلدى ۋە ئۇ تۆۋەندىكىلەردىن ۋاقىپ بولدى.

پارىژغا بىر ئايلىق مۆھلەت بىلەن كەلگەن بۇزونى ھەزرەت سېن - سۇلپىس چېركاۋىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى بىر كىچىك ئىككى قەۋەتلىك ئۆيدە تۇرىدۇ. بۇ، تۆت ئېغىزلىق ئۆي بولۇپ، ئىككى ئېغىزى ئاستىنقى قەۋەتتە ۋە يەنە ئىككى ئېغىزى ئۈستۈنكى قەۋەتتە. بۇ ئۆيدە ھەزرەت ئۆزى يالغۇز تۇرىدۇ. ئاستىنقى قەۋەتتە تاماقخانا ۋە ساراي بولۇپ، تاماقخانىغا شىرە، بىرنەچچە ئورۇندۇق ۋە



ياڭاق ياغىچىدىن ياسالغان جاۋەن قويۇلغان، سارايىنىڭ تاملىرىغا تاختاي ئورنىتىلغان بولۇپ، ئاق رەڭدە سىرلانغان، ھېچقانداق زىننەت بۇيۇملىرى، گىلەم ياكى تام سائىتىمۇ يوق. بۇ ھەزرەتنىڭ تۇرمۇشتا پەقەت ئەڭ زۆرۈر نەرسىلەر بىلەنلا چەكلىنىدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

توغرا، ھەزرەت ئادەتتىكى ۋاقىتلىرىنى ئىككىنچى قەۋەتتىكى سارايدا ئۆتكۈزىدىكەن. بۇ سارايغا، ياكى توغرىسىنى ئېيتقاندا، كۇتۇپخانىغا دىنىي كىتابلار ۋە قوليازمىلار تولۇپ كەتكەن. خىزمەتكارنىڭ گېپىدىن قارىغاندا، ئۇ ئايلاپ - ئايلاپ شۇ ئۆيدىن چىقمايدىكەن.

سىرتتىن كەلگۈچىلەر بولسا، خىزمەتكار ئالدى بىلەن ئىشىكتىكى تۆشۈكتىن قاراپ باقىدۇ. ئەگەر كەلگەن كىشى تونۇش بولمىسا ياكى ئۇنىڭ كۆڭلىگە ياقمىسا، «بۇزونى ھەزرەت پارىژدا يوق» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. كۆپ كىشىلەر بۇ ھەزرەتنىڭ پات - پاتلا سىرتقا چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى ۋە بەزىدە بەك ئۇزاققىچە قايتىپ كەلمەيدىغانلىقىنى بىلگەچكە، بۇنداق جاۋابنىڭ چىنلىقىدىن گۇمان قىلمايدۇ.

ئومۇمەن، بۇزونى ھەزرەت ئۆيدە بولسۇن - بولمىسۇن، پارىژدا بولسۇن ياكى قاھىرىدە بولسۇن، ھامان كەمبەغەللەرگە ياردەم قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىشىكىدىكى تۆشۈكمۇ مەخسۇس سەدىقە بېرىش ئۈچۈن تېشىپ قويۇلغان. خىزمەتكار ئۆز خوجايىنى نامىدىن مۇشۇ تۆشۈك ئارقىلىق دائىم سەدىقە بېرىپ تۇرىدۇ.

كۇتۇپخانىغا يانداش ئۆي ھۇجرىدىن ئىبارەت. پاشلىقسىز كارىۋات، ئۇتىرېخت مەخمىلى بىلەن قاپلانغان تۆت كرېسلو ۋە بىر سافا، ئىبادەت قىلىش سۇپىسى. ئەنە شۇ نەرسىلەر بۇ ئۆينىڭ بارى - يوق بىساتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

لورد ئۇيىلمورغا كەلسەك، ئۇ، فونتېن سېن - ژورژ كوچىسىدا

تۇرىدۇ. ئۇ بارلىق دەسمايىسىنى ساياھەتكە سەرپ قىلىدىغان ئىنگلىز ساياھەتچىلىرىدىن بىرى بولۇپ، تولۇق جاھازلانغان ئۆيىنى ئىجارىگە ئالىدۇ، ئەمما ئۇ ئۆيدە كۈنىگە ئىككى ـ ئۈچ سائەتتىن ئارتۇق تۇرمايدۇ ۋە كەمدىن كەم قونىدۇ. ئۇنىڭ غەلىتە ئادەتلىرىدىن بىرى شۇ ئىدىكى، گەرچە ئۇ، كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، فرانسۇز يېزىقىنى ئوبدان ئىشلىتەلىسىمۇ، فرانسۇز تىلىدا قەتئىي سۆزلىمەيتتى.

بۇ قىممەتلىك مەلۇماتلار خانلىق مۇپەتتىشكە يەتكۈزۈلۈپ، ئىككىنچى كۈنى قانداقتۇر بىر كىشى فىبرۇ كوچىسىنىڭ دوقمۇشىدا ھارۋىدىن چۈشۈپ، سۇس يېشىل رەڭدە سىرلانغان ئىشىكنى چەكتى ۋە بۈزونى ھەزرەتنى سورىدى.

— ھەزرىتىم ئەتىگەن چىقىپ كەتكەنىدى، — دەپ جاۋاب بەردى خىزمەتكار.

— بۇنداق جاۋابتىن رازى بولماي قېلىشىم مۇمكىن، — دېدى يوچۇن كىشى، — چۈنكى مېنى بۇ يەرگە شۇنداق بىر شەخس ئەۋەتتىكى، ئۇنىڭ ئىشى چىققاندا ھەرقانداق ئادەم ئۆيدە بولىدۇ. مەرھەمەت قىلىپ، بۈزونى ھەزرەتكە ئېيتىپ قويسىڭىز...

— ئۇ ئۆيدە يوق دېدىمغۇ، — دېدى خىزمەتكار.

— ئۇنداق بولسا، ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا مۇنۇ كارتوچكىنى ۋە مۇنۇ پېچەتلەنگەن لىپاپىنى بېرىپ قويسىڭىز. بۈگۈن كەچ سائەت سەككىزدە بۈزونى ھەزرەت بىلەن كۆرۈشۈشكە بولامدۇ؟

— ئەلۋەتتە، تەقسىر. ئۇ ئىش بىلەن بەنت بولۇپ قالمىسىلا كۆرۈشۈشكە بولىدۇ، ئەمما ئۇ ئىشلەشكە ئولتۇرۇپ قالسا، ئۆيدە يوق بولغىنىغا ئوخشاش.

— ئەمىسە، بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا كېلىمەن، — دېدى ھېلىقى كىشى ۋە قايتىپ كەتتى.



دەرۋەقە، بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ئۇ كىشى يەنە شۇ ھارۋىغا ئولتۇرۇپ كەلدى، لېكىن بۇ قېتىم فىبرۇ كوچىسىنىڭ دوقمۇشىدا توختىماستىن، ئۇدۇل يېشىل ئىشىكنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئۇ كىشى ئىشىكنى چەكتى، ئىشىك ئېچىلدى، ئۇ ئۆيگە كىردى. ئۇ، خىزمەتكارنىڭ ئۆزىنى ئالاھىدە ھۆرمەتلەپ قارشى ئالغانلىقىدىن، ئۆزى ئېلىپ كەلگەن خەتنىڭ تېگىشلىك تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى چۈشەندى.

— بۈزونى ھەزرەت ئۆيدىمۇ؟ — سورىدى ئۇ.

— شۇنداق، ئۇ كۇتۇپخانىدا سىزنى كۈتۈپ ئولتۇرىدۇ، تەقسىر، — دېدى خىزمەتكار.

ناتونۇش كىشى خېلىلا تىك بولغان پەلەمپەي بىلەن ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقتى. ئۆي ئىچى قاراڭغۇ، يوغان قالپاقلىق چىراغ پەقەت شىرە ئۈستىنىلا يورۇتۇپ تۇراتتى. ھەزرەت شىرەنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى. ئۇ، ئۇچىسىغا روھانىيلار چاپىنىنى كىيىۋالغان بولۇپ، چاپاننىڭ ئوتتۇرا ئەسىر ئالىملىرىنىڭ باش كىيىمىگە ئوخشايدىغان چاتما قالپىقى ئۇنىڭ بېشىنى يېپىپ تۇراتتى.

— بۈزونى ئەپەندى بىلەن سۆزلىشىش شەرىپىدىن بەھرىمەن بولۇۋاتامدىم؟ — دەپ سورىدى ھېلىقى كىشى.

— شۇنداق، تەقسىر، — دېدى ھەزرەت، — سابىق تۈرمە باشلىقى بوۋىل ئەپەندى شەھەرلىك ساقچى باشلىقىنىڭ نامىدىن ماڭا ئەۋەتكەن كىشى سىز بولامسىز؟

— مەن شۇ تەقسىر.

— پارىژ مەخپىي ساقچىسىنىڭ ئاگېنتلىرىدىن بولامسىز؟

— شۇنداق، تەقسىر، — ھېلىقى كىشى سەل قىزارغان ھالدا بىرئاز توختىۋېلىپ جاۋاب بەردى.

ھەزرەت ئۆزىنىڭ كۆزلىرى بىلەن قوشۇپ چېكىلىرىنىمۇ يې-

پىپ تۇرىدىغان يوغان كۆزەينەكىنى تۈزەپ قويۇپ ئولتۇردى ۋە ھېلىقى كىشىنىمۇ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

— قۇلىقىم سىزدە، تەقسىر، — دېدى ھەزرەت كۈچلۈك ئىتاليان تەلەپپۇزىدا.

— مېنىڭ ئۆز ئۈستۈمگە ئالغان ۋەزىپەم ۋەزىپىنى بېجىرگۈچىگىمۇ ۋە مۇراجىئەت قىلىنغۇچىغىمۇ ئوخشاشلا ئىناۋەتلىك بولغان ۋەزىپە، — دېدى ھېلىقى كىشى خۇددى تەستە سۆزلەۋاتقاندەك ھەربىر سۆزىنى دانە - دانە چىقىرىپ.

ھەزرەت ئۈنچىقماستىن ئېگىلىپ قويدى.

— شۇنداق، بۇزونى ئەپەندى، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ناتونۇش كىشى، — جانابىي ساقچى باشلىقى سىزنىڭ خالىسلىقىڭىزدىن ۋاقىپ بولغاچقا، مەخپىي ساقچىنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان بەزى مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ھۇزۇرىڭىزغا مېنى ئەۋەتتى. شۇڭا، بۇزونى ئەپەندى، دوستلۇق ھېسسىياتىغا ياكى شەخسىي خاھىشىڭىزغا بېرىلمەسلىكىڭىزنى، ھەقىقىي ئەھۋالنى قانۇندىن يوشۇرماسلىقىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز.

— سىلەرنىڭ بىلمەكچى بولغان نەرسەڭلەر مېنىڭ ۋىجدانىمغا تاقاشمىسىلا ئېيتىپ بېرىمەن. مەن بىر روھانىي، تەقسىر. مەسىلەن، تۆۋە ئىستىغپار بىلەن ئېيتىلغان سۆزلەرنىڭ مەخپىيەتلىكى مەن بىلەن بەندىلەرنىڭ قانۇنى ئوتتۇرىسىدا ئەمەس، بەلكى مەن بىلەن ئاللانىڭ سورىقى ئوتتۇرىسىدا ساقلىنىشى كېرەك.

— خاتىرجەم بولۇڭ، بۇزونى ئەپەندى، — دېدى يوچۇن كىشى، — ھەرقانداق ئەھۋالدىمۇ، ۋىجدانىڭىزغا دەخلى يەتكۈزمەيمىز.

بۇزونى ھەزرەت چىراغ قالپىقىنىڭ بىر چېتىنى بېسىش ئارقىلىق يەنە بىر چېتىنى كۆتۈرۈپ قويۇۋىدى. يورۇقلۇق پۈتۈنلەي يوچۇن كىشىنىڭ يۈزىگە چۈشۈپ، ئۆزىنىڭ يۈزى قاراڭغۇدا قالدى.



— ئەپۇ قىلىڭ، تەقسىر، — دېدى ساقچى باشلىقىنىڭ ۋەكىلى،— كۆزۈمنى يورۇقلۇق چېقىپ كەتتى.

ھەزرەت يېشىل قالپاقنى تۆۋەن چۈشۈردى.

— ئەمدى قۇلىقىم سىزدە، تەقسىر، سۆزلەڭ.

— نەق مەسىلىگە كېلەيلى. سىز گراف مونتې - كرىستونى تونۇمسىز؟

— دزاككونى ئەپەندىنى دەمسىز؟

— دزاككونى؟ ئۇنىڭ ئىسمى مونتې - كرىستو ئەمەسمۇ؟

— مونتې - كرىستو دېگەن بىر يەرنىڭ، توغرىسىنى ئېيتقاندا، بىر قىيالىقنىڭ نامى، فامىلە ئەمەس.

— ھە، مەيلى، بۇنىڭ كارى چاغلىق، سۆز مەنىسىنى تالاشمايلى. مونتې - كرىستو بىلەن دزاككونى بىر شەخس بولسا ...

— ئەلۋەتتە بىر شەخس.

— دزاككونى ئەپەندى ھەققىدە سۆزلىشەيلى.

— مەرھەمەت.

— سىز ئۇنى تونۇمسىز دەپ سورىغانىدىم.

— ناھايىتى ياخشى تونۇيمەن.

— ئۇ كىم؟

— بىر مالتالىق باي كېمە سودىگىرىنىڭ ئوغلى.

— دۇرۇس، مەنمۇ شۇنداق دەپ ئاڭلىغانىدىم. كىشىلەر شۇنداق دېيىشىدۇ، لېكىن ئۆزىڭىزگە مەلۇمكى، ساقچى ئورۇنلىرى كىشىلەرنىڭ گەپ - سۆزلىرى بىلەن قانائەتلەنمەيدۇ.

— ھالبۇكى، — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى ھەزرەت يۇمشاق قىنا كۈلۈپ قويۇپ، — كىشىلەرنىڭ گەپ - سۆزلىرى راست بولسا باشقىلارغا ئوخشاش ساقچىلارمۇ قانائەتلىنىشى كېرەك.

— ئېيتقانلىرىڭىزنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە ئىشەنچىڭىز كامىلمۇ؟

— «ئىشەنچىڭىز كامىلمۇ» دېگەن قانداق گەپ؟

— سۆزۈمنى توغرا چۈشىنىڭ، تەقسىر. سەممىيىتىڭىزدىن شەكلەنمەيمەن. مەن پەقەت سىز شۇنىڭغا ئىشىنەمسىز دەپ سورىماقچىمەن.

— مەن ئاتا بولغۇچى دزاككونىنىمۇ تونۇيتتىم.

— مۇنداق دەڭ!

— شۇنداق. مەن باللىق چاغلىرىمدا ئۇلارنىڭ كىمسازلىق كارخانىسىغا بېرىپ، ئۇنىڭ ئوغلى بىلەن ئوينايتتىم.

— ئۇنىڭ گرافلىق ئۇنۋانىچۇ؟

— ئۇنى سېتىۋېلىشقا بولىدىغۇ.

— ئىتالىيىدىمۇ؟

— ھەرقانداق جايدا.

— بايلىقىچۇ؟ كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ بايلىقى ئىنتايىن زور ئىكەن...

— بۇ توغرا گەپ، — دېدى ھەزرەت، — ئۇنىڭ بايلىقى ھەقىقەتەن زور.

— سىزنىڭچە قانچىلىكتۇر؟

— يىلىغا 150 — 200 لىۋر بولۇشى مۇمكىن.

— ئۇنداق بولسا ئەقىلغا مۇۋاپىق، — دېدى يوچۇن كىشى، — بەزىلەر تېخى ئۈچ، ھەتتا تۆت مىليوننىڭ گېپىنى قىلىشىدىغۇ.

— يىلىغا 200 مىڭ لىۋر دېگەن سۆز، تۆت مىليونلۇق كاپىتالنى تەشكىل قىلىدۇ، تەقسىر.

— يىلىغا 3 ياكى 4 مىليون دېگەن گەپلەر بارغۇ.

— ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

— سىز ئۇنىڭ شۇ مونتې - كرىستو ئارىلىنى بىلەمسىز؟

— ئەلۋەتتە. پالېرمو، نېئاپول ياكى رىمدىن فرانسىيىگە



دېڭىز بىلەن ماڭغان ھەرقانداق ئادەم بىلىدۇ. كېمىلەر شۇ ئارالنىڭ يېنىدىن ئۆتىدۇ.

— گۈزەل مەنزىرىلىك جاي بولسا كېرەك، ھە؟

— ئۇ بىر قىيالىق.

— گراف قىيالىقنى نېمە قىلغىلى سېتىۋالغان؟

— گراف بولۇش ئۈچۈن - دە. ئىتالىيىدە گراف بولۇش ئۈچۈن يەنىلا گرافلىق زېمىنى بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ.

— سىز دزاككونى ئەپەندىنىڭ ياشلىق دەۋرىدىكى سەرگۈزەشتىلىرىنىمۇ بىلىدىغانسىز؟

— ئاتىسىنىڭمۇ؟

— ياق، ئوغلىنىڭ.

— مۇشۇ مەسىلىگە كەلگەندە ئېنىق بىر نېمە دېيەلمەيمەن، چۈنكى بىز ئۇنىڭ بىلەن دەل ياشلىق دەۋرىمىزدە ئايرىلىپ كەتكەن.

— ئۇ ئۇرۇشلاردا بولغانمۇ؟

— ھەربىي سەپتە خىزمەت قىلغانىكەن.

— قايسى قىسىمدا؟

— دېڭىز ئارمىيىسىدە.

— ئېيتىڭا، سىز ئۇنىڭ چوقۇندۇرغۇچىسىمۇ؟

— ياق، تەقسىر، ئۇ لىيۇتېران بولسا كېرەك.

— لىيۇتېران دەمسىز؟

— شۇنداق بولسا كېرەك دەۋاتىمەن، ئېنىق بىلمەيمەن. مەن تېخى فرانسىيىدە دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى يولغا قويۇلغان دەپ ئويلاپتىكەنمەن.

— ئەلۋەتتە شۇنداق. ھازىر بىزنىڭ دىققىتىمىزنى قوزغاۋاتقان مەسىلە ئۇنىڭ دىنىي ئېتىقادى ئەمەس، ئىش - ھەرىكىتى. مەن جانابىي ساقچى باشلىقىنىڭ نامىدىن ئۇلار توغرۇلۇق

بىلدۈرگىنىڭىزنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ بېرىشىڭىزنى سورايمەن.

— كىشىلەر ئۇنى كاتتا ساخاۋەتچى دېيىشىدۇ. ئۇنىڭ شەرقىي خرىستىئانلارغا قوشقان زور تۆھپىلىرى ئۈچۈن ئاتىمىز پاپا ئۇنىڭغا خرىستوس ئوردېنىنى ئاتا قىلغان. بۇ، ئادەتتە ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىلىك شەخسلەرگە بېرىلىدىغان مۇكاپات. ئۇنىڭ تۈرلۈك ھۆكۈمدار ۋە دۆلەتلەرگە كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن بېرىلگەن بەش - ئالتە ئالىي دەرىجىلىك ئوردېنى بار.

— ئۇ، شۇ ئوردېنلارنى تاقاپ يۈرەمدۇ؟

— ياق، لېكىن ئۇ، شۇ ئوردېنلىرى بىلەن پەخىرلىنىدۇ. ئۇ، ئادەم ئۆلتۈرگۈچىلەرگە بېرىلىدىغان مۇكاپاتلارغا قارىغاندا ئىنسانىيەتنىڭ ساخاۋەتچىلىرىگە بېرىلىدىغان مۇكاپاتلارنى ياقتۇرىمەن دەيدۇ.

— ئەمىسە، بۇ جاناب كۋاكېر① ئوخشىمامدۇ؟

— توغرا، كۋاكېر، لېكىن ئۇ كەڭ شىلەپە ۋە خورما رەڭ چاپان كىيمەيدۇ.

— ئۇنىڭ دوستلىرى بارمۇ؟

— ھەئە. ئۇنى تونۇيدىغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا دوست.

— شۇنداقتىمۇ دۈشمىنى يوق ئەمەستۇر؟

— بىرلا دۈشمىنى بار.

— ئۇ كىم؟

— لورد ئۇيىلمور.

— ئۇ قەيەردە؟

— ھازىر پارىژدا.

---

① كۋاكېر — XVII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئەنگلىيىدە قۇرۇلغان خرىستىئان دىنى جامائەسىنىڭ ئەزاسى. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق شوئارى: ھەرقانداق ئۇرۇشقا قارشى تۇرۇش. خەيرى - ساخاۋەتلىك ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىش.



— بۇ كىشى ماڭا ئۇ توغرۇلۇق مەلۇمات بېرەرمۇ؟

— ئىنتايىن مۇھىم مەلۇماتلارنى بېرەلەيدۇ. ئۇ دزاككونى بىلەن بىر ۋاقىتتا ھىندىستاندا بولغان.

— ئۇنىڭ نەدە تۇرۇۋاتقىنىنى بىلەمسىز؟

— ئېيتاۋۇر ئانتېين تاشىيولىنىڭ بىر يېرىدىغۇ، بىراق قايسى كوچىدا، ئۆيىنىڭ نومۇرى قانچە، بۇنى بىلمەيمەن.

— سىز بۇ ئىنگلىزنى ياقتۇرمامسىز؟

— مەن دزاككونىنى ياخشى كۆرىمەن. دزاككونىنىڭ بولسا، ئۇنى كۆرەر كۆزى يوق. شۇڭا مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن يېقىن ئالاقىدە بولمايمەن.

— سىز بىلەمسىزكىن، بۇزونى ئەپەندى، گراف مونتې - كرىستو بۇ قېتىم پارىژغا كېلىشتىن ئىلگىرى فرانسىيىدە بولغانمۇ؟

— يوقسۇ، تەقسىر، بۇنى ئېنىق بىلىمەن. ئۇ فرانسىيىگە كېلىپ باقمىغان. يېرىم يىل ئىلگىرى ئۇ ماڭا مۇراجىئەت قىلىپ، بەزى مەسىلىلەرنى سۈرۈشتۈرگەنىدى. مېنىڭ قاچان پارىژدا بولىدىغانلىقىم ناتايىن بولغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭغا كاۋالكانتى ئەپەندىنى ئەۋەتكەنىدىم.

— ئاندرېئانىمۇ؟

— ياق، بارتولومېئونى، ئۇنىڭ ئاتىسىنى.

— ياخشى. ئەمدى ئەڭ ئاخىرقى بىر سوئالىم قالدى. مەن ۋىجدان، ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە دىنىنىڭ نامى بىلەن توغرا جاۋاب بېرىشىڭىزنى تەلەپ قىلىمەن.

— قۇلۇقۇم سىزدە.

— گراف مونتې - كرىستو ئوتېيلدىكى ئۆيىنى نېمە مەقسەت بىلەن سېتىۋالغانلىقىنى بىلەمسىز؟

— ئەلۋەتتە، ئۇ ماڭا ئۆزى سۆزلەپ بەرگەن.

— خوش، نېمە مەقسەت بىلەن؟

روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسى قۇرۇلۇش ئۈچۈن. بارون پىزانى پالېرمودا شۇنداق بىر دوختۇرخانا قۇرغانىدى. بىلىدىغانسىز؟

— ھە، ئاڭلىغان.

— ئۇ بەك ئوبدان دوختۇرخانا.

شۇ گەپ بىلەن بۇزونى ھەزرەت ئۆزىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالغان ئىشىنى قايتىدىن باشلىماقچى بولغانلىقىنى ئىپادىلەپ، يوچۇن كىشىگە قاراپ ئېگىلىپ قويدى. يوچۇن كىشى ھەزرەتنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەندىمۇ ياكى ئۇنىڭ سوئاللىرى تامام بولدىمۇ، ئىش قىلىپ ئورنىدىن تۇردى. ھەزرەت ئۇنى ئىشىك ئالدىغىچە ئۇزىتىپ قويدى.

— سەدىقە بېرىشتە بەك سېخى ئىكەنسىز، — دېدى يوچۇن كىشى، — سىز گەرچە باي بولسىڭىزمۇ، سىزدىن سەدىقە ئالغۇچى كەمبەغەللەرگە ئاتاپ مېنىڭمۇ ئاز - تولا بىر نېمە بەرگۈم كېلىۋاتىدۇ. ئاتىغىنىمنى قوبۇل قىلارسىزمۇ؟

— رەھمەت سىزگە، تەقسىر. مەن قىلىۋاتقان خەير - ئېھسانلىق ئىشلىرىمنى ئۆز كۈچۈمگە تايىنىپ قىلىشنى خالايمەن.

— شۇنداق بولسىمۇ ...

— بۇ مېنىڭ قەتئىي قارارىم. سىز ئۆزىڭىز ئىزدىنىپ باقسىڭىزمۇ تاپالايسىز، تەقسىر. ھەر قانداق باي ئادەمنىڭ يولىدا نۇرغۇنلىغان موھتاجلىقلار بولۇشى مۇمكىن.

ھەزرەت ئىشىكنى ئاچتى - دە، يەنە بىر قېتىم ئېگىلىپ تەزىم قىلدى. يوچۇن كىشىمۇ تەزىم قىلىپ چىقىپ كەتتى.

ئۇ ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ، ئۇدۇل ۋىلفورنىڭ يېنىغا باردى.

ئارىدىن بىر سائەت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ھارۋىسى يەنە يولغا چىقىپ، فونتېن - سېن ژورژ كوچىسىغا باردى ۋە



5 - نومۇرلۇق ئۆينىڭ ئالدىدا توختىدى. لورد ئۇيىلمور شۇ يەردە تۇراتتى.

ناتونۇش كىشى لورد ئۇيىلمورغا خەت يېزىپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرغانىدى. لورد ئۇيىلمور كەچ سائەت ئونىدا كۆرۈشۈشنى بەلگىلىدى. جانابىي ساقچى باشلىقىنىڭ ۋەكىلى ئونغا ئون مىنۇت قالغاندا كەلدى. ئۇنىڭغا لورد ئۇيىلمورنىڭ تېخى قايتىپ كەلمىگەنلىكىنى، ئەمما ئۇ ۋاقىتقا ئىنتايىن قاتتىق رىئايە قىلىدىغان بولغاچقا، توپتوغرا سائەت ئون بولغاندا چوقۇم كېلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇشتى.

يوچۇن كىشى سارايدا كۈتۈپ ئولتۇردى.

بۇ ساراي ئادەتتىكى جاھازلانغان ئۆيلەرنىڭ سارايلىرىدىن ھېچقانچە پەرقلەنمەيتتى. مەش ئۈستىدە يېڭى ئىشلەپ چىقىرىلغان ئىككى دانە سېۋر لوڭقىسى؛ ئوقيانىڭ كىرىچىنى تارتىپ تۇرغان ئامۇرنىڭ① شەكلى چۈشۈرۈلگەن تام سائىتى؛ ئىككى قاناتلىق تاش ئەينەك ۋە ئۇنىڭ ئىككى يېنىدا ئىككى ئويما رەسىم. رەسىملەرنىڭ بىرىدە يول باشلىغۇچىسىغا ئەگىشىپ كېتىۋاتقان گومېر، يەنە بىرىدە سەدىقە تىلەپ ئولتۇرغان ۋېلىزارىي تەسۋىرلەنگەن؛ بوز رەڭلىك گۈل نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلگەن بوز پەردىلەر؛ قارا يوللۇق قىزىل سوكنا بىلەن قاپلانغان ئورۇندۇقلار. لورد ئۇيىلمورنىڭ ساراي ئۆيى ئەنە شۇنداق ئىدى.

بۇ ئۆي تۇتۇق ئەينەكتىن ياسالغان شارلار بىلەن يورۇتۇلغانىدى. بۇ شارلار خۇددى ساقچى باشلىقىنىڭ ۋەكىلىنىڭ زورۇققان كۆزلىرىگە ئاتايىن ماسلاشتۇرۇلغاندەك خىرە نۇر چېچىپ تۇراتتى.

ئون مىنۇت ئۆتۈپ، سائەت ئونغا جاڭ ئۇردى. بەشىنچى قېتىملىق جاڭ ئۇرۇلۇۋاتقاندا ئىشىك ئېچىلىپ، لورد ئۇيىلمور كىرىپ كەلدى.

① ئامۇر — رىم مىفولوگىيىسىدە مۇھەببەت ئىلاھى.

لورد ئۇيلمور خېلىلا ئېگىز بويلۇق ئادەم بولۇپ، شالاڭ ئۆسكەن ساپسېرىق چېكە ساقىلى بار، تېرىسى بەكمۇ ئاق ۋە سېرىق چاچلىرىغا ئاق سانجىلغان كىشى ئىدى. ئۇ، ساپ ئىنگلىزلارغا خاس هالدا كىيىنگەنىدى: ئېگىز كۆتۈرۈلگەن تىك ياقىلىق كۆك چاپىنىغا ئالتۇن تۈگمىلەر قادالغان (كىشىلەر بۇنداق چاپاننى 1811 - يىلى كىيىشكەن)، ئاق كۆڭلەك ۋە ئاق شىم كىيگەنىدى. شىمى ئۇنىڭ بويىغا قارىغاندا بەكلا كالتە بولۇپ، ئەگەر پۇشقاق تاسمىسى تارتىپ تۇرمىسا تىزىغىچە كۆتۈرۈلۈپ قالغان بولاتتى.

ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان بىرىنچى گەپ مۇنداق بولدى:

— تەقسىر، مېنىڭ فرانسۇزچە سۆزلىيەلمەيدىغىنىمنى بىلەمسىز؟

— هەر هالدا، بىزنىڭ تىلىمىزدا سۆزلەشنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىڭىزنى بىلىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى ساقچى باشلىقىنىڭ ۋەكىلى.

— شۇنداقتىمۇ، سىز فرانسۇزچە سۆزلىسىڭىز بولۇۋېرىدۇ، — دېدى يەنە لورد ئۇيلمور، — چۈنكى مەن سۆزلىيەلمىسەممۇ، ھەممىنى چۈشىنىمەن.

يوچۇن كىشى ئىنگلىز تىلىغا يۆتكىلىپ مۇنداق دېدى:

— مەن ئىنگلىز تىلىدا راۋان سۆزلەيمەن، شۇڭا سۆھبىتىمىزگە دەخلى يەتمەيدۇ. خىجىل بولماڭ، تەقسىر.

— ئوهو! — دەپ قويدى لورد ئۇيلمور پەقەت ساپ برىتانىيىلىكلەرگىلا خاس بولغان ئاهاڭدا.

ساقچى باشلىقىنىڭ ۋەكىلى ئۆزىنىڭ تونۇشتۇرۇش خېتىنى لورد ئۇيلمورغا بەردى. ئۇ، تونۇشتۇرۇشنى ھەقىقىي برىتانىچە چوڭچىلىق بىلەن ئوقۇپ چىقتى ۋە ئىنگلىزچىلاپ:

— چۈشەندىم، تولىمۇ ئوبدان چۈشەندىم، — دەپ قويدى.



يوچۇن كىشى سوئال بېرىشكە باشلىدى.

ئۇنىڭ سوئاللىرى ئاساسەن بۇزۇنى ھەزرەتكە بەرگەن سوئاللارغا ئوخشاش ئىدى. ھالبۇكى، لورد ئۇيلمور گراف مونتې - كرىستوغا ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدىغان ئادەم بولغاچقا، بۇزۇنى ھەزرەتتەك تەمكىن بولمىدى، ئۇنىڭ جاۋابلىرىمۇ باشقىچىرەك بولدى. ئۇ، مونتې - كرىستونىڭ ياشلىق دەۋرىگە ئائىت ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، مونتې - كرىستو ئون ياشلىق ۋاقتىدا بىر كىچىك ھىندى ھۆكۈمدارىنىڭ خىزمىتىدە بولغان. بۇ ھۆكۈمدار داۋاملىق تۈردە ئەنگلىيىگە قارشى ئۇرۇش قىلغان. لورد ئۇيلمور مونتې - كرىستو بىلەن تۇنجى قېتىم ئەنە شۇ يەردە ئۇچراشقان. ئۇلار بىر - بىرىگە قارشى جەڭ قىلىشقان. شۇ ئۇرۇشتا دزاككونى ئەسىرگە ئېلىنىپ، ئەنگلىيىگە ئەۋەتىلگەن ۋە بىر يۈك كېمىسىدە نەزەربەنت قىلىنغان، كېيىن ئۇ يەردىن ئۆزىنى سۇغا تاشلاپ قېچىپ كەتكەن. شۇندىن كېيىن ئۇنىڭ ساياھەتلىرى، دۇئېللىرى، مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرى باشلاندى. گرېتسىيىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەندە ئۇ گرېكلار قوشۇنىغا قاتناشتى. شۇ يەردە خىزمەت ئۆتەۋاتقان مەزگىلدە ئۇ فېسالىي تاغلىرىدا كۈمۈش رۇدىلىرىنى تېپىۋالغان، لېكىن بۇ ھەقتە ھېچكىمگە سۆز قىلمىغان. ناۋارىن ۋەقەسىدە گرېتسىيە ھۆكۈمىتى رەسمىي تىكلەنگەندىن كېيىن ئۇ پادىشاھ ئوتتونغا ئىلتىماس قىلىپ، يەر ئاستى بايلىقلىرىنى ئېچىش ھوقۇقىغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ سانسىزلىغان بايلىقى ئەنە شۇ يوسۇندا قولىغا كەلتۈرۈلگەن. لورد ئۇيلمورنىڭ سۆزىچە، گراف شۇ دەسمايىسىدىن يىلىغا بىر ياكى ئىككى مىليون كىرىم قىلىدۇ. ۋەھالەنكى، ئۇنىڭ كانىدا كۈمۈش زاپىسى تۈگەپ قالسا، بايلىقىمۇ بىراقلا تامام بولىدۇ.

— ئۇنىڭ فرانسىيىگە نېمە ئىش بىلەن كەلگەنلىكىنى بىلەمسىز؟ — سورىدى يوچۇن كىشى.

— تۆمۈر يول قۇرۇلۇشىدا ھايانكەشلىك قىلماقچى، — دېدى لورد ئۇيىلمور، — ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۇ تەجرىبىلىك خىمىك ۋە ناھايىتى ئۇستا فىزىك. ئۇ بىر خىل يېڭى تېلېگرافنى كەشىپ قىلدى. ئەمدى شۇ تېلېگرافنى ئىشقا سالماقچى.

— ئۇ يىلىغا تەخمىنەن قانچىلىك پۇل خەجلەيدۇ؟ — دەپ سورىدى ساقچى باشلىقىنىڭ ۋەكىلى.

— بەش ياكى 600 مىڭدىن ئاشمايدۇ، — دېدى لورد ئۇيىلمور، — ئۇ بەك بېخىل.

ئىنگلىزنىڭ ئۆچمەنلىككە بېرىلىپ كېتىۋاتقانلىقى روشەن ئىدى. ئۇ، گرافنىڭ قانداق ئەيىبىنى تېپىشنى بىلمەي، ئۇنى بېخىللىقتا ئەيىبلەۋاتاتتى.

— ئۇنىڭ ئوتېلىدىكى ئۆيى ھەققىدە بىر نەرسە بىلەمسىز؟

— ئەلۋەتتە بىلمەن.

— خوش، نېمىنى بىلىسىز؟

— ئۇ ئۆيىنى نېمە مەقسەتتە سېتىۋالغان دېمەكچىمۇ سىز؟

— ھەئە.

— بۇ مۇنداق گەپ، گراف بىر ھايانكەش. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىلمىي تەجرىبىلىرى ۋە خام خىياللىرى بىلەن چوقۇم خانىۋەيران بولىدۇ. ئۇ ھەمىشە ئوتېلىدىكى ئۆزى سېتىۋالغان شۇ ئۆيگە يېقىن يەردە مىنېرال بۇلىقى بار، ئۇ بۇلاق بانېردىي - لېيۇشون ۋە كوتىرى ئارىشاڭلىرى بىلەن رىقابەتلىشەلەيدۇ، دەپ يۈرىدۇ. ئۇ ئاشۇ ئۆيدە، نېمىسلارنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، Badehaus قۇرماقچى. ئۇ، ئاتالمىش بۇلاقنى تېپىپ چىقىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بېغىنى ئۈچ قېتىم كولاپ چىقتى، لېكىن ھېچ نەرسە تاپالمىدى. قاراپ تۇرۇڭ، ئۇزۇنغا قالماي ئۇ شۇ ئەتراپتىكى ھەممە ئۆيلەرنى سېتىۋالىدۇ. مېنىڭ ئۇنىڭغا ئاداۋىتىم بولغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭ تۆمۈر يول، ئېلېكتر تېلېگرافى ياكى ئاشۇ ئىسسىق سۇ ئىشى



بىلەن ۋەيران بولۇپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن ئۇنى پايلاپ يۈرۈۋاتىمەن. ئۇنىڭ قاچانلا بولمىسۇن بىر كۈنى مەغلۇپ بولۇشىنى كۆرۈپ ھۇزۇرلىنىشنى خالايمەن.

— نېمە ئۈچۈن ئۇنى شۇنچە ئۆچ كۆرىسىز؟ — دەپ سورىدى يوچۇن كىشى.

— چۈنكى ئۇ ئەنگلىيەدە تۇرغان ۋاقتىدا مېنىڭ بۇرادەرلىرىمدىن بىرىنىڭ خوتۇنىنى ئازدۇرۇپ كەتكەن، — دەپ جاۋاب بەردى لورد ئۇيىلمور.

— ئۇنى شۇنچە يامان كۆرسىڭىز نېمە ئۈچۈن ئۆچ ئېلىشقا ھەرىكەت قىلمايسىز؟

— مەن ئۇ گراف بىلەن ئۈچ قېتىم ئېلىشتىم، — دېدى ئىنگلىز، — بىرىنچى قېتىم تاپانچا بىلەن، ئىككىنچى قېتىم قىلىچ بىلەن، ئۈچىنچى قېتىم ئېسپادرون① بىلەن.

— ئۇ دۇئېللارنىڭ نەتىجىسى قانداق بولدى؟

— بىرىنچى قېتىمدا ئۇ مېنىڭ قولۇمنى يارىدار قىلدى، ئىككىنچى قېتىمدا ئۆپكەمنى تېشىۋەتتى، ئۈچىنچى قېتىمدا مانا مۇنۇ يېرىمنى زەخىملەندۈردى.

ئىنگلىز قۇلاقلىرىغىچە كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆڭلەك ياقىسىنى قايرىپ، جاراھىتىنى كۆرسەتتى. جاراھەتنىڭ شەلۋەرەپ تۇرغان كۆرۈنۈشىدىن ئۇنىڭ يېقىندا پەيدا بولغانلىقىنى بىلىشكە بولاتتى.

— شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۇنىڭغا ئىنتايىن ئۆچ، — دەپ تەكرارلىدى ئىنگلىز، — ئۇ چوقۇم مېنىڭ قولۇمدا ئۆلىدۇ.

— ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇنداق بولۇشى ئاسان ئەمەس، — دېدى ساقچى ۋەكىلى.

— ھىم، — ئىنگلىز چىشلىرىنى كىرىشتۈرۈپ غودۇڭشىدى، —

① ئېسپادرون — نەيزىسىمان ئۇچلۇق قىلىچ.

مەن ھەر كۈنى قارىغا ئېتىش مەيدانىغا بارىمەن، كۈن ئارىلاپ مېنىڭ يېنىمغا گرىزي كېلىپ تۇرىدۇ.

يوچۇن كىشىنىڭ بىلمەكچى بولغانلىرى شۇ ئىدى. توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئىنگلىزنىڭ بىلىدىغىنى شۇنچىلىك بولسا كېرەك. شۇڭا، ئاگېنت ئورنىدىن تۇرۇپ، تەزىم قىلدى. لورد ئۆيلمورمۇ ئىنگلىزلارغا خاس ھالدا ئەدەبلىك، ئەمما سوغۇق قىياپەتتە ئېگىلىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن يوچۇن كىشى چىقىپ كەتتى.

لورد ئۆيلمور بولسا، تاشقارقى ئىشىكنىڭ يېپىلغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆز ھۇجرىسىغا كىردى-دە، ساپسېرىق چاچ ۋە چېكە ساقاللىرىنى، ياسالما ئېڭىكىنى، چاپلىما جاراھەتنى ھەش-پەش دېگۈچە ئېلىپ تاشلاپ، قايتىدىن قارا چاچلىق، ئاق يۈزلۈك ۋە سەدەپ چىشلىق گراف مونتې-كرىستوغا ئايلاندى.

ۋىلفور ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كەلگەن كىشىمۇ ئەسلىدە ساقچى باشلىقىنىڭ ۋەكىلى بولماستىن، بەلكى شۇ ۋىلفور ئەپەندىنىڭ ئۆزى ئىدى.

بۇ ئىككى قېتىملىق سۆھبەتتىن كېيىن خانلىق مۇپەتتىشنىڭ كۆڭلى بىرئاز ئارام تاپتى، چۈنكى ئۇ گەرچە تەسەللىي بولغۇدەك بىرەر نەرسىنى ئۇقالمىغان بولسىمۇ، تەشۋىشلەنگۈدەك ئالاھىدە بىرەر گەپنىمۇ ئاڭلىمىغانىدى.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇ، ئۇتېيلدىكى زىياپەتتىن كېيىن تۇنجى قېتىم ئازدۇر-كۆپتۇر خاتىرجەم ئۇخلاپ، بىر كېچىنى ئۆتكۈزدى.

## ئون يەتتىنچى باب

## يازلىق بەزمە

ئىنسىق ئىيۇل كۈنلىرى بىر-بىرلەپ ئۆتۈپ، مورسېر-



نىڭ ئۆيىدە بەزمە ئۆتكۈزۈلۈشكە بەلگىلەنگەن شەنبە كۈنى يېتىپ كەلدى.

كەچ سائەت ئون ئىدى. گراف بېغىدىكى ھەيۋەتلىك دەرەخلەر يېقىندا ياغقان يامغۇردىن كېيىنكى ئاخىرقى بۇلۇت پارچىلىرى تارقىلىپ، سۈزۈلۈپ چىققان يۇلتۇزلۇق ئاسمان كۆكىدە ئېنىق سۈرەتلىنىپ تۇراتتى.

ئاستىنقى قەۋەتتىكى زالدىن مۇزىكا ساداسى ۋە ۋالسقا چۈشۈپ پىرقىراۋاتقان جۈپلەرنىڭ ئۈن سېلىشلىرى ئاڭلىناتتى. دېرىزىلەرنىڭ رېشاتكىلىق قاپقاقلىرىدىن يوپيورۇق نۇر تۆكۈلۈپ تۇراتتى.

مورسېر خانىم ھاۋانىڭ بارغانسېرى ئېچىلىپ كېتىۋاتقىنىدىن كۆڭلى ئەمىن تېپىپ، كەچلىك غىزانى باغ ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇشنى بۇيرۇغانىدى. شۇڭا ئون نەچچە خىزمەتكار باغدا پايپېتەك بولۇپ يۈرۈشەتتى. شۇ چاغقىچە كەچلىك غىزانى ئۆيگە ياكى چىملىقتىكى يوغان سايىۋەن ئاستىغا ھازىرلاش ئىشى ئايدىڭلاشماي تۇرغانىدى. يۇلتۇزلار چاقناپ تۇرغان كۆپكۆك ئاسمان ئاخىرى چىملىقنى تاللاش قارارىنى مۇقىملاشتۇردى.

ئىتاليانلارنىڭ ئادىتى بويىچە، باغ يوللىرىغا رەڭدار پەنەرلەر يېقىلغان. داستىخان سېلىنغان شىرەلەرگە شىرەنىڭ زىننىتىنى چۈشىنىدىغان ئەللەردىكىدەك گۈل ۋە شاملار تىزىلغان. بۇنداق بېزەلگەن شىرەلەر باشقا ھەرقانداق بېزەكلەردىنمۇ كەم ئۇچرايدۇ.

گراف خانىم مورسېر ئەڭ ئاخىرقى يوليورۇقلارنى بېرىپ بولۇپ، سارايغا قايتىپ كىرگەندە ھەرقايسى خانىلارغا مېھمانلار تولۇشقا باشلىدى. ئۇلارنى گرافنىڭ يۇقىرى مەرتىۋىسىدىن كۆرە، گراف خانىمنىڭ ئاجايىپ مېھماندوستلۇقى جەلپ قىلغانىدى. بارلىق مېھمانلار مېرسېدېسنىڭ دىتىنى بىلگەچكە، بۇ بەزمىدە كېيىن باشقىلارغا سۆزلەپ بەرگۈدەك ۋە ئېپى كەلگەندە

تەقلىت قىلىشقا ئەرزىگۈدەك نۇرغۇن نەرسىلەرنى كۆرۈشكە بولىدىغانلىقىغا ئالدىنئالا ئىشىنەتتى.

دانگلار خانىم يۇقىرىدا بىز بايان قىلىپ ئۆتكەن ۋەقەدىن قاتتىق تەشۋىشلەنگەن بولغاچقا، مورسېر خانىمنىڭ ئۆيىگە بېرىش ـ بارماسلىقىنى بىلمەي ئارىسالدا بولۇپ قالغانىدى. ئەتىگەندە ئۇنىڭ پەيتۇنى ۋىلفورنىڭ پەيتۇنى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ۋىلفور ئىشارە قىلغانىدى، ئىككى پەيتۇن بىر ـ بىرىگە يېقىنلاشتى. خانىلىق مۇپەتتىش پەيتۇنىنىڭ پەنجىرىسىگە ئېگىشىپ تۇرۇپ سورىدى:

— مورسېر خانىمنىڭ ئۆيىگە بارىدىغانسىز؟

— ياق، — دەپ جاۋاب بەردى دانگلار خانىم، — پەقەتلا مىجەزىم يوق.

— ئۇنداق قىلماڭ، — دېدى ۋىلفور ئۇنىڭغا مەنىلىك قاراپ قويۇپ، — بارغىنىڭىزنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى بار.

— شۇنداق دەپ ئويلامسىز؟ — سورىدى بارون خانىم.

— شۇنداق بولۇشىغا قەتئىي ئىشىنىمەن.

— ئەمىسە باراي.

شۇنىڭ بىلەن، پەيتۇنلار ئۆز يوللىرىغا كېتىشتى. شۇنداق قىلىپ، دانگلار خانىم ئۆزىنىڭ تەبىئىي گۈزەللىكى بىلەنلا قالماي، بەلكى يەنە ئالاھىدە كۆركەم كىيىنگەن ھالدا بەزمە سورۇنىغا دەبدەبە بىلەن كىرىپ كەلدى. دەل شۇ چاغدا مېرسېدېس قارشى تەرەپتىكى ئىشىكتىن كىرىۋاتاتتى. ئۇ، ئالبېرنى دانگلار خانىمنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى. ئالبېر بارون خانىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ كىيىم ۋە پەدازلىرىنى تامامەن ھەقلىق ھالدا ماختىدى. ئاندىن بارون خانىم قەيەردە ئولتۇرۇشنى خالىسا شۇ يەرگە ئاپىرىپ قويۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا قولىنى بەردى. ئالبېر شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كۆزلىرى بىلەن كىمدۇ بىرىنى ئىزلەۋاتاتتى.



— قىزىمنى ئىزلەۋاتامسىز؟ — كۈلۈپ تۇرۇپ سورىدى بارون خانىم.

— ئوچۇقىنى ئېيتسام، شۇنداق، — دېدى ئالبېر، — ئۇنى ئەكەلمىدىڭىزمۇ؟ شۇنداقمۇ قاتتىقلىق قىلامسىز؟

— خاتىرجەم بولۇڭ، ئۇ ۋىلفور خېنىم بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ماڭغانىدى. ھە قارىڭا، مانا ئۇلارمۇ كەينىمىزدىنلا ئۈلگۈرۈپ كەپتۇ. ھەر ئىككىسى ئاق كۆڭلەك كىيگەن. بىرىنىڭ قولىدا بىر دەستە چاي گۈلى، يەنە بىرىنىڭ قولىدا بىر دەستە بوتاكۆز گۈلى. ھە سىزدىن سورىماقچى...

— سىزمۇ بىر كىمنى ئىزلەمسىز؟ — دەپ سورىدى ئالبېر كۈلۈمسىرەپ.

— سىز گراف مونتې ـ كرىستونى كۈتۈۋاتىسىزغۇ دەيمەن؟

— 17! — دېدى ئالبېر.

— بۇ نېمىدېگىنىڭىز؟

— شۇنى دېمەكچىمەنكى، — دېدى ۋىكونت كۈلۈپ كېتىپ، — سىز ماڭا بۇ سوئالنى قويغان 17 ـ كىشى بولۇپ قالدىڭىز. گرافنىڭ تەلىيى كەپتۇ ـ دە! ئۇنى تەبرىكلىسەم بولغۇدەك...

— شۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە مۇشۇنداق جاۋاب بەردىڭىزمۇ؟

— ۋاي، ئەپۇ قىلىڭ، سورىغان سوئالىڭىزغا جاۋاب بەرمەي قاپتىمەن. مالال بولماڭ، خانىم. ئۇ مودىلىق ئادەم بۇ يەرگە كېلىدۇ، ئۇ بىزنى ئاشۇنداق شەرەپكە مۇيەسسەر قىلىدۇ.

— سىز تۈنۈگۈن ئوپېراغا باردىڭىزمۇ؟

— ياق.

— ئۇ باردى.

— شۇنداقمۇ؟ ھە، بۇ غەلىتە ئادەم يەنە جامائەتنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان بىرەر ئىش قىلغاندۇر؟

— ئۇنداق قىلماي قالامدۇ؟ ئېلىسلېر «تۇكۇر شەيتان» ئويۇنىدا ئۇسسۇل ئويناپ چىقتى. ھېلىقى ئالبانىيىلىك كىنەز قىزى ئۇنىڭغا بەك زوقلاندى. كاچۇچا① ئوينىلىپ بولغاندىن كېيىن گراف بىر قىممەت باھا ئۈزۈككە بىر كىچىك گۈلدەستىنى ئۆتكۈزۈپ، ئۇ گۈزەل ئۇسسۇلچى قىزغا تاشلاپ بەردى. ئۇ قىز مىننەتدارلىق يۈزىسىدىن ئۈچىنچى پەردە ئېچىلغاندا ئاشۇ ئۈزۈكنى كۆتۈرۈپ سەھنىگە چىقتى. ھە، ئۇنىڭ ئالبانىيىلىك كىنەز قىزىمۇ بۈگۈن كېلەمدۇ؟

— ياق، ئۇنى كۆرۈش ھوزۇرىدىن ئۈمىد ئۈزۈشىڭىزگە توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ گرافنىڭ ئۆيىدە قانداق ئورۇندا تۇرىدىغانلىقى ئېنىق ئەمەس.

— ھە، ئەمدى مېنى مۇشۇ يەردە قويۇپ، ۋىلفور خانىم بىلەن كۆرۈشۈپ كېلىڭ، — دېدى بارون خانىم، قارىشىمچە، ئۇ سىز بىلەن سۆزلىشىشكە تاقەتسىزلىنىپ ئۆلگۈدەك بولىۋاتىدۇ.

ئالبېر دانگلار خانىمغا تەزىم قىلىپ، ۋىلفور خانىمنىڭ ئالدىغا باردى. ۋىلفور خانىم تېخى يىراقتىلا گەپ قىلىشقا تەمشەلگەنىدى، ئالبېر ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلىۋەتتى.

— باغلىشىمەن، دېدى ئۇ، — سىزنىڭ ماڭا نېمە دېمەكچى بولغانلىقىڭىزنى بىلىپ بولدۇم.

— راستمۇ؟

— ئەگەر مەن توغرا تاپسام ئىقرار بولامسىز؟

— ھەئە.

— چىن سۆزىڭىزمۇ؟

— چىن سۆزۈم.

— سىز مەندىن گراف مونتې-كرىستو كەلدىمۇ ياكى كېلەمدۇ، دەپ سورىماقچى.

① كاچۇچا — ئىسپانىيىنىڭ مىللىي ئۇسسۇلى.



— ياق، ھازىر ئويلاۋاتقىنىم ئۇ ئەمەس. فرانسىيىدىن خەۋەر بارمۇ، دەپ سورىماقچىدىم.

— بار، تۈنۈگۈن ئۇنىڭدىن خەت كەلدى.

— نېمە دەپ يېزىپتۇ؟

— شۇ خەت بىلەن بىر ۋاقىتتىلا يولغا چىققانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

— ناھايىتى ياخشى. ھە، ئەمدى گرافنىڭ گېپىگە كېلەيلى.

— گراف كېلىدۇ، خاتىرجەم بولۇڭ.

— ئۇنىڭ ئىسمى يالغۇز مونتې-كرىستولا ئەمەسلىكىنى بىلەمسىز؟

— ياق بىلمەيمەن.

— مونتې-كرىستو دېگەن بىر ئارالنىڭ نامى ئىكەن، ئۇنىڭ يەنە باشقا فامىلىسى بار ئىكەن.

— ئۇنداق گەپنى ئاڭلىمىغانىكەنمەن.

— دېمەك، مېنىڭ بىلىدىغىنىم سىزنىڭكىدىن كۆپ ئىكەن. ئۇنىڭ فامىلىسى دزاككونى.

— ئېھتىمال.

— ئۇ مالتالىق ئىكەن.

— بۇمۇ ئېھتىمال.

— كېمە سودىگىرىنىڭ ئوغلى ئىكەن.

— توختىڭا، بۇنى باشقىلارغا يۇز تۇرانە سۆزلەپ بەرسىڭىز زور ئالقىشقا ئېرىشىسىز.

— ئۇ ھىندىستاندا خىزمەت قىلغان، ھازىر فېسالىيىدە كۈمۈش كانلىرىنىڭ ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇ پارىژغا ئوتېيلدا مىنېرال سۇ شىپاخانىسىنى قۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن.

— ۋاھ، بۇ قالتىس يېڭىلىق ئىكەن! — دېدى مورسېر، — بۇ گەپلەرنى باشقىلارغا سۆزلەپ بەرسەم بولامدۇ؟

— بولىدۇ، لېكىن ئاز-ئازدىن سۆزلەڭ، ھەممىسىنى بىراقلا ئېيتىۋەتمەڭ. بۇ گەپلەرنى مەندىن ئاڭلىغانلىقىڭىزنى ئېيتماڭ.

— نېمىشقا؟

— چۈنكى بۇ ئوغرىلىقچە ئاڭلىۋېلىنغان مەخپىيەتلىك.

— كىمنىڭ مەخپىيەتلىكى.

— ساقچىنىڭ.

— ئەمىسە، بۇ ھەقتە گەپ بولغانىكەن-دە...

— تۈنۈگۈن كەچتە ساقچى باشلىقىنىڭ ئۆيىدە مۇشۇ گەپ بولغان. ئۆزىڭىز بىلىسىزغۇ، ئۇنىڭ شۇ قەدەر مىسلىسىز ھەشەمەتچىلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن پۈتۈن پارىژنىڭ دىققىتى قوزغالدى. شۇڭا، ساقچى تەرەپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپتۇ.

— شۇنداق بولۇشى تۇرغان گەپ! گراف تولىمۇ باي بولغىنىنى ئۈچۈن ئەمدى تېخى ئۇنىڭ يۇرت ئارىلاپ يۈرگەنلىكىنى باھانە قىلىپ، ئۇنى قولغا ئېلىشىمىسىلا بولىدىغۇ.

— راستىنى ئېيتقاندا، ئەسلى شۇنداق بولماقچىكەن، ئەمما ئۇنىڭ كەينىدىن ئېلىنغان مەلۇماتلاردىن ھېچقانداق قۇسۇر چىقماپتۇ.

— بىچارە گراف! ئۇ ئۆزىگە تەھدىت بولۇپ تۇرۇۋاتقان بۇ خەۋپنى بىلەمدۇ؟

— بىلمەسلىكى مۇمكىن.

— ئۇنداقتا، ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇش كېرەك. ئۇ كەلگەندە چوقۇم شۇنداق قىلىمەن.

بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ يېنىغا كۆزلىرى چاقناپ تۇرغان بىر چىرايلىق بۇغداي ئۆڭلۈك يىگىت كېلىپ، ۋىلفور خانىمغا ئېھتىرام بىلەن تەزىم قىلدى. ئالبېر ئۇنىڭغا قولىنى ئۇزاتتى.

— خانىم، — دېدى ئالبېر، — سىزگە شەرەپ بىلەن ماكسىمىلىئان مورېلنى تونۇشتۇرۇپ قوياي. ئۇ شىمالىي ئافرى-



قىدىكى ئاتلىق قىسىملىرىمىزدا كاپىتان بولۇپ خىزمەت قىلغان، بىزنىڭ شەۋكەتلىك، ئەڭ مۇھىمى باتۇر ئوفىتسېرلىرىمىزنىڭ بىرى.

— مورېل ئەپەندى بىلەن گراف مونتې-كرىستونىڭ ئوتېيىلدىكى ئۆيىدە تونۇشقانىدىم، — دېدى ۋىلفور خانىم ۋە چىرايىنى ئاچماستىن تەتۈر قارىۋالدى.

ئۇنىڭ جاۋابى، بولۇپمۇ سۆزلىگەندىكى ئاھاڭى بىچارە مورېلنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ تاشلىغاندەك بولدى. لېكىن ئۇنى يەنە بىر خۇشاللىقمۇ كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇ ئارقىغا بۇرۇلغاندا ئىشىك ئالدىدا تۇرغان بىر ئاق كۆڭلەكلىك قىزغا كۆزى چۈشتى. ئۇ قىزنىڭ ھېچقانداق مەنانى بىلدۈرمەي يوغان ئېچىلغان كۆزلىرى مورېلغا قارىتىلغانىدى. ئۇ قولىدىكى بىر دەستە بوتاكۆز گۈلىنى لەۋلىرىگە ئاستا تەگكۈزدى. مورېل ئۇنىڭ بۇ سالىمىنى چۈشەندى ۋە ئۇنىڭغا مەنىلىك قاراپ، قول ياغلىقىنى لەۋلىرىگە تەگكۈزدى. يۈرەكلىرى گۈپۈلدەپ سوقۇپ تۇرغان ۋە چىرايى تۇرقى مەرمەردەك قېتىپ قالغان بۇ ئىككى جانلىق ھەيكەل زالنىڭ ئىككى چېتىدە تۇرۇپ، بىردەملىكتە ئۆزلىرىنى يوقىتىپ قويۇشتى، توغرىسىنى ئېيتقاندا، بىر-بىرىگە ئۇنسىز قارىشىپ، ھەممىنى ئۇنتۇپ قېلىشتى.

ئۇلارنىڭ بۇنداق شەيدالىق ھالىتىنى ھېچكىم سەزمىدى. شۇ تاپتا ئۇلار بىر-بىرىنى كۆزلىرى بىلەن يەپ كەتكۈدەك قىلىپ يەنە ئۇزاققىچە تۇرۇشى مۇمكىن ئىدى، لېكىن شۇ ئارىدا زال ئىچىگە گراف مونتې-كرىستو كىرىپ كەلدى.

سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۆزىنى يېقىملىق قىلىپ كۆرسىتىشكە ئۇستىلىقىدىنمۇ ياكى تەبىئىي جازىبىلىكىدىنمۇ، ئىش قىلىپ گراف نەگە بارمىسۇن، ھەممىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتاتتى. ئۇنىڭ قاملاشتۇرۇپ تىكىلگەن، ئەمما ئاددىي، ئوردېنلار تاقالمىغان چاپىنى؛ كەشتىلەنمىگەن ئاق كۆڭلىكى؛ كېلىشكەن

پاقالچاقلىرىغا يېپىشىپ تۇرغان شىمى — كىشلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغىنى بۇ نەرسىلەر ئەمەس ئىدى. پارقىراقسىز ئۆڭى، دولقۇنسىمان قارا چاچلىرى، ئېغىر-بېسىق ۋە ئوچۇق چىرايى، ئويچان كۆزلىرىنىڭ غەمكىن قاراشلىرى، تەنە ۋە كىنايىنى شۇنچە ئوڭاي ئىپادىلەيدىغان لەۋلىرى — گرافقا كىشلەرنىڭ كۆزلىرىنى بەنت قىلىدىغان نەرسە ئەنە شۇلار ئىدى.

ئۇنىڭدىن چىرايلىق ئەرلەرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. لېكىن بۇنچىلىك ئالاھىدە بولغىنىدىن (شۇنداق دەپ تەرىپلەش مۇمكىن بولسا) بىرىمۇ يوق ئىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن ئەقىل ۋە ئىدراك ئۇرغۇپ تۇراتتى. مېڭىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز پىكىر قىلىش پائالىيىتى ئۇنىڭ چىرايى، كۆزلىرى ۋە ئادەتتىكى قىلىقلىرىغىمۇ تەڭداشسىز ھېسسىيات ۋە مەنىدارلىق ئىپادىسىنى سىڭدۈرگەنىدى.

ۋاھالەنكى، بىزنىڭ غەلىتە پارىژلىقلىرىمىز بۇ ئالامەتلەرنى كۆرمىگەنمۇ بولار ئىدى، ئەمما چەكسىز بايلىقلارنىڭ سىرلىق نۇرى ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى چاقنىتىپ تۇراتتى.

قانداقلا بولمىسۇن، گراف كىشلەرنىڭ ئوتتەك يېنىپ تۇرغان قىزىقىش نەزەرلىرى ۋە مۆلدۈردەك يېغىۋاتقان سالاملارنىڭ ئاستىدا مورسېر خانىم تەرەپكە قەدەم تاشلىدى. مورسېر خانىم ئۈستىگە گۈل تىزىلغان دەشنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، ئىشىكنىڭ قارشى تەرىپىدىكى تامغا ئېسىلغان ئەينەكتىن ئۇنىڭ كىرگەنلىكىنى كۆردى ۋە ئۇنى كۈتۈۋېلىشقا ھازىرلاندى. ئۇ، غەيرىي تەبىئىي ھالدا كۈلۈمسىرەپ، ئارقىغا بۇرۇلغان پەيتتە گراف ئۇنىڭ ئالدىغا يېتىپ كېلىپ، ئېھتىرام بىلەن تەزىم قىلدى. مورسېر خانىم گرافنى ئۆزى بىلەن سۆزلىشىدۇ دەپ ئويلىغان بولغىيدى. گرافمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئۇنىڭ سۆزىنى كۈتكەن بولغىيدى. ئەمما ھەر ئىككىسى ئۈنچىقمىدى. ئۇلار بۇنداق پەيتتە قۇرۇق تۈزۈت سۆزلەرنى قىلىشنى مۇۋاپىق تاپمىدى بولغاي. مونتې-



كرىستو مورسېر خانىم بىلەن ئۆزئارا تەزىم قىلىشىپ بولۇپ، ئالبېرنىڭ ئالدىغا قاراپ ماڭدى. ئالبېر ئۇنىڭغا قولىنى سوزغان ھالدا ئىتتىك مېڭىپ كېلىۋاتاتتى.

— مورسېر خانىم بىلەن كۆرۈشتىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى ئالبېر.

— تېخى ھېلى ئۇنىڭغا سالام بېرىش شەرىپىنى ئادا قىلدىم، — دېدى گراف، — بىراق، ئاتىڭىز بىلەن تېخى كۆرۈشمىدىم.

— ئەنە ئۇ، كۆردىڭىزمۇ؟ كاتتا مەشھۇر زاتلار بىلەن سىياسەتتىن پاراڭ سېلىشىۋاتىدۇ.

— ئۇ جانابلارنىڭ ھەممىسى مەشھۇر زاتلارمۇ؟ مەن تېخى بىلمەيدىكەنمەن! ئۇلار نېمە ئىش بىلەن مەشھۇر بولغان؟ ئۆزىڭىز بىلىسىز، مەشھۇرلۇق دېگەن ھەر خىل بولىدۇ.

— ئۇلاردىن بىرى ئالىم. ئەنە ئاۋۇ ئېگىز بويلۇق ئورۇق كىشى. ئۇ، رىم ئەتراپلىرىدا ئالاھىدە بىر خىل كەسلەنچۈكلەرنى تاپقان. ئۇ خىل كەسلەنچۈكلەرنىڭ باشقا كەسلەنچۈكلەردىن بىر ئومۇرتقىسى ئارتۇق ئىكەن. ئۇ كىشى ئۆزىنىڭ مۇشۇ كەشپىياتىدىن پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە دوكلات بېرىپتۇ. ئۇنىڭ دوكلاتى ئۈستىدە نۇرغۇن مۇنازىرە بولۇپ، ئاخىرى بۇ ئېگىز بويلۇق ئورۇق جاناب يېڭىپ چىقىپتۇ. بۇ ئومۇرتقا ئىلىم دۇنياسىدا غۇلغۇلا پەيدا قىلدى. باشتا بۇ جانابنىڭ ئاران «ھۆرمەت لېگىئونى» مېدالىلا بار ئىدى. ئەمدى ئۇنىڭغا ئوفىتسېرلار كرېستى تەقدىم قىلىندى.

— ھىم، — دېدى مونتې-كرىستو، — مېنىڭچە. ئۇ، شۇنداق مۇكاپاتقا مۇناسىپ ئىكەن. ئەمدى يەنە بىر ئومۇرتقىنى

تېپىپ چىقسا ئۇنى كوماندىر① قىلىشلىرى مۇمكىنمۇ؟

— شۇنداق بولۇشى ئېھتىمالغا بەك يېقىن، — دېدى ئالبېر.

— ھە، ئاۋۇ يېشىل جىيەكلىك ئەلىتە كۆك چاپان كە-يىۋالغان كىشى كىم بولىدۇ؟

— ئۇ ئۆزى شۇنداق چاپاننى خالاپ كىيىۋالغان ئەمەس. بۇ جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتىنىڭ ئىشى. ھۆكۈمەتنىڭ ئالاھىدە سەنئەت دىتى بولغانلىقى ئۈچۈن ئاكادېمىكلارغا مەخسۇس كىيىم كىيگۈزمەكچى بولۇپ، داۋىتقا ئۇلار ئۈچۈن كىيىم نۇسخىسىنى سىزىپ بېرىشنى تاپشۇرغان.

— مۇنداق دەڭ. — دېدى مونتې-كرىستو. — دېمەك، بۇ جاناب ئاكادېمىك ئىكەن-دە؟

— ئۇ ئۆتكەن ھەپتىدە ئالىملارنىڭ شۇ دەرىجىسىگە ئۆستۈرۈلگەن.

— ئۇنىڭ قانداق تۆھپىسى بار ئىكەن؟ ئۇنىڭ كەسپى نېمە؟

— كەسپى؟ ئاڭلىشىمچە، ئۇ توشقانلارنىڭ بېشىغا يىڭنە سانجىش، توخۇلارغا رويان② يىلتىزىنى يېگۈزۈش ۋە كىتنىڭ بۇرۇتى بىلەن ئىتلارنىڭ يىلىكىنى كوچىلاشتەك ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن.

— شۇ ئىشلىرى ئۈچۈن پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە قوبۇل قىلىنغانمۇ؟

— ياق، فرانسىيە ئاكادېمىيىسىگە.

— فرانسىيە ئاكادېمىيىسى دېگەن قانداق گەپ؟

— بۇ مۇنداق گەپ ئىكەن، ئاڭلىشىمچە...

① مېدال بىلەن مۇكاپاتلانغان كىشى.

② رويان - يىلتىزىدىن قىزىل بوياق ياسىلىدىغان سېرىق گۈللۈك ئۆسۈملۈك.



— ئۇنىڭ تەجرىبىلىرى ئىلىم-پەن ئىشلىرىنى ئالغا سىلجىتىۋېتىپتىمۇ؟

— ياق، ئاڭلىشىمچە، ئۇ يېزىشقا ئۇستا ئىكەن.

— ئەمىسە، بېشىغا يىڭنە سانجىلغان توشقانلار، ئىچ-قارنى قىزىلغا بويالغان توخۇلار ۋە يىلىكى كوچىلانغان ئىتلار ئۇنىڭ يېزىشقا ئۇستا بولغانلىقىدىن پەخىرلەنسە كېرەك.

ئالبېر قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— ئاۋۇ كىمچۇ؟ — دەپ سورىدى گراف.

— قايسى؟

— بۇياقتىن سانىغاندا ئۈچىنچىسى.

— زەڭگەر چاپان كىيگەن كىشىنى دەمسىز؟

— ھەئە.

— ئۇ ئاتامنىڭ خىزمەتدىشى. يېقىندا ئۇ پېرلار پالا-تاسىنىڭ ئەزالىرىغا ئىش كىيىمى تارقىتىش پىكرىگە قارشى نۇتۇق سۆزلىگەن. ئۇنىڭ نۇتقى زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى. ئەسلىدە لىبېراللار ئۇنىڭ بىلەن چىقىشالمايتتى، لېكىن شۇ قېتىمقى ئوردىنىڭ پىكرىگە قارشى سۆزلەنگەن نۇتۇقتىن كېيىن ئۇلار ئەپلىشىپ قالدى. ئاڭلىشىمچە، ئۇنى ئەلچىلىك ۋەزىپىسىگە تەيىنلەشمەكچىكەن.

— ئۇ قانداق قىلىپ پېر بولغانىكەن؟

— ئۇ، ئىككى-ئۈچ ھەجۋى ئوپېرا يازغانىكەن. «ئەسىر» گېزىتىگە بەش-ئالتە قېتىم پاي قوشۇپتۇ ۋە ئۇدا بەش ئالتە يىلغىچە مىنىستىرلىك تەرەپتە تۇرۇپ بېرىپتۇ.

— بارىكاللا ۋىكونت! — دېدى مونتې-كرىستو كۈلۈپ كېتىپ، — سىز بەك ياخشى تونۇشتۇرغۇچى ئىكەنسىز. ئەمدى سىزدىن بىر ئىشنى ئىلتىماس قىلىمەن.

— نېمە ئىش؟

— ئۇ جانابلارغا مېنى تونۇشتۇرماڭ. ئەگەر ئۇلارنىڭ مەن بىلەن تونۇشقۇسى بولسا، مېنى ئالدىن خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇڭ.

بۇ چاغدا گراف كىمدۇ بىرى ئۇنىڭ قولىغا تېگىپ قويغانلىقىنى سەزدى ۋە ئارقىغا بۇرۇلۇپ، دانگلارنى كۆردى.

— ھە، سىزمىدىڭىز، بارون! — دېدى ئۇ.

— نېمە ئۈچۈن مېنى بارون دەپ ئاتايسىز؟ — دېدى دانگلار، — ئۆزىڭىز بىلىسىزغۇ، مەن ئۇنۋانىمغا ئەھمىيەت بەرمەيمەن. بۇ ھەقتە سىزگە ئوخشىمايمەن، ۋىكونت. سىز ئۇنۋانىڭىزنى بەك قەدىرلەيسىزغۇ دەيمەن - ھە؟

— ئەلۋەتتە، — دېدى ئالبېر، — چۈنكى ۋىكونتلىقتىن ئايرىلسام ھېچنېمەم قالمايدۇ. ئەمما سىز بارونلىق ئۇنۋانىڭىزنى بېرىۋەتسىڭىزمۇ يەنىلا مىليونېر بولۇۋېرىسىز.

— مېنىڭچە، بۇ ئىيۇل خانلىقى دەۋرىدىكى ئەڭ ياخشى ئۇنۋان، — دېدى دانگلار.

— بەختكە قارشى، — دېدى مونتې - كرىستو، — مىليونېر دېگەن سۆز بارون، فرانسىيە پېرى ياكى ئاكادېمىك دېگەنلەردەك ئۆمۈرلۈك نام ئەمەس. فرانكفۇرت مىليونېرلىرىدىن فرانك بىلەن پۇلمان بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. ئۇلار يېقىندا خانىۋەيران بولۇشتى.

— راست دەمسىز؟ — دېدى دانگلار تاتىرىپ كېتىپ.

— ھەئە، بۈگۈن كەچكە يېقىن شۇ خەۋەرنى تاپشۇرۇۋالدىم. ئۇلارنىڭ بانكىسىدا مېنىڭ بىر مىليون فرانكتەك پۇلۇم بار ئىدى، لېكىن مەن بۇرۇنلا ئاگاھلاندۇرۇلغان بولغىنىم ئۈچۈن بىر ئاي ئىلگىرى ھەممە پۇلۇمنى قايتۇرۇپ ئېلىۋالغانىدىم.

— ئاپلا، — دېدى دانگلار، — ئۇلار ماڭا 200 مىڭ فرانكلىق چەك ئەۋەتكەنىدى.



— ئەمدى ئەھۋالدىن خەۋەر تاپتىڭىز. ئۇلار ئىمزالىغان چەكنىڭ قىممىتى بەش پىرسەنت.

— ئۇغۇ شۇنداق، لېكىن مەن بەكلا كېچىكىپ قاپتىمەن، — دېدى دانگلار، — ئۇلارنىڭ چېكىنىڭ پۇلىنى ئەۋەتكەنىدىم.

— ئەمىسە، — دېدى مونتې - كرىستو، — ئۆتكەنكى زىيانلىرىڭىزنىڭ ئۈستىگە يەنە 200 مىڭ فرانكنى قولدىن چىقىرىپسىز...

— بولدى، بولدى، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى دانگلار، — بۇ ھەقتە گەپ قىلماڭ... بولۇپمۇ كىچىك كاۋالكانتىنىڭ ئالدىدا، — دەپ قوشۇپ قويدى بانكىر مونتې - كرىستوغا يېقىنراق كېلىپ ۋە سەل نېرىدا تۇرغان يىگىتكە كۈلۈمسىرەپ قاردى.

ئالبېر ئانىسى بىلەن سۆزلىشىش ئۈچۈن گرافنىڭ يېنىدىن كەتتى. دانگلارمۇ كىچىك كاۋالكانتى بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن نېرىغا كەتتى. مونتې - كرىستو بىردەملىككە ئۆزى يالغۇز قالدى.

بۇ ئارىدا ھاۋا بارغانسېرى تىنجىق بولۇپ كېتىۋاتاتتى. مالايلار مېۋە ۋە ماروژنا سېلىنغان پەتنۇسلارنى ھەر قايسى سارايلارغا ئېلىپ كىرىشكە باشلىدى.

مونتې - كرىستو تەرلىشىپ كەتكەن يۈزىنى قول ياغلىقى بىلەن سۈرتتى، لېكىن پەتنۇس كۆتۈرگەن مالايلار ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە بىر قەدەم كەينىگە چېكىندى ۋە سوغۇق يېمەكلىكلەرنىڭ بىرىگىمۇ قول ئۇزاتمىدى.

مور سېر خانىم مونتې - كرىستودىن بىر مىنۇتمۇ كۆزىنى ئۈزمىگەنىدى. ئۇ، مالايلار پەتنۇس كۆتۈرۈپ ئۆتكەندە مونتې - كرىستونىڭ قول ئۇزاتمىغانلىقىنى، ھەتتا كەينىگە چېكىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

— ئالبېر، — دېدى ئۇ، — سەن بىر ئىشقا دىققەت قىلدىڭمۇ؟

— قانداق ئىشقا؟

— گراف، ئاتاڭنىڭ مېھمانغا چاقىرىشىنى بىر قېتىممۇ قوبۇل قىلمىدى.

— شۇنداق، لېكىن ئۇ مېنىڭ زىياپىتىمگە بارىدىغۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ جەمئىيەتتىكە ئارىلىشىشىنى مېنىڭ ئۆيۈمدىكى ئاشۇ ئەتىگەنلىك زىياپەتتىن باشلىدى.

— سەن گراف مورسېرغا ئوخشىمايسەن، — دەپ پىچىرلىدى مېرسېدېس، — مەن ئۇ كىرگەندىن تارتىپ ئۇنى كۆزىتىۋاتىمەن.

— ھە، نېمە بولدى؟

— ئۇ ھېچقانداق يېمەكلىككە قول تەگكۈزمىدى.

— گراف بەك ئېغىر - بېسىق ئادەم.

مېرسېدېس غەمكىن كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— ئۇنىڭ يېنىغا بارغىن. پەتنۇس كەلتۈرگەندە ئۇنى يېمەكلىككە تەكلىپ قىلغىن.

— ئۇنداق قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى، ئاپا؟

— شۇنداق قىلغىن، ئالبېر، — دېدى مېرسېدېس.

ئالبېر ئانىسىنىڭ قولىنى سۆيۈپ قويۇپ، گرافنىڭ يېنىغا باردى.

پەتنۇس كۆتۈرگەن بىر مالاي ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى. مورسېر خانىم ئالبېرنىڭ گرافنى يېمەكلىككە ئېغىز تېگىشكە زورلاۋاتقىنىنى، ھەتتا ماروژنا سېلىنغان كىچىك تەخسىنى قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭغا تۇتقانلىقىنى، لېكىن گرافنىڭ قەتئىي ئېلىشقا ئۇنىمىغانلىقىنى كۆردى.

ئالبېر ئانىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى. گراف خانىمنىڭ چىرايى بەكلا تاتىرىپ كەتكەنىدى.

— مانا، كۆردۈڭمۇ، ئۇ رەت قىلدى، — دېدى گراف خانىم.

— بۇنىڭغا نېمە ئانچە كۆڭلىڭىزنى بۇزىسىز؟



— بىلەمسەن، ئالبېر، ئاياللار غەلىتە كېلىدۇ. گراف مېنىڭ ئۆيۈمدە بىرەر نەرسە يېگەن بولسا، ھېچبولمىغاندا ئانارنىڭ بىر دانىسىنى بولسىمۇ ئاغزىغا سالغان بولسا مەن خوش بولاتتىم. بەلكىم ئۇ فرانسۇزچە تائاملارنى ياقتۇرماسلىقى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۆزى ياقتۇرىدىغان ئالاھىدە يېمەكلىكلىرى بارمىكىن تاڭ.

— ياق، ئۇنداق ئەمەس. ئۇ ئىتالىيىدە ھەر قانداق نەرسىنى يەۋېرەتتى. بۈگۈن مىجەزى يوق بولسا كېرەك.

— يەنە بىر تەرىپىمۇ بار، — دېدى گراف خانىم، — ئۇ پۈتۈن ئۆمرىنى ئىسسىق مەملىكەتلەردە ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن بىزگە قارىغاندا ئىسسىققا چىداملىقراق بولۇشى مۇمكىن، شۇنداقمۇ؟

— ئۇنداق ئەمەستۇر. ئۇ بايا «ھاۋا بەك دىمىق بولۇپ كەتتى، دېرىزە قاپقاقلىرىنىمۇ ئېچىۋەتسەڭلار بولمامتى؟» دېگەنىدى.

— ماقۇل ئەمىسە، — دېدى مېرسېدېس، — ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن ھېچنېمە يېمەيۋاتقانلىقىنى بىلىشكە ئامالىم بار.

شۇ گەپ بىلەن ئۇ سارايدىن چىقىپ كەتتى.

بىردەمدىن كېيىن دېرىزە قاپقاقلىرى كەڭ ئېچىۋېتىلدى. پەنەرلەر بىلەن يورۇتۇلغان باغ ۋە سايىۋەن ئاستىغا ھازىرلانغان شىرە دېرىزىلەر ئالدىدىكى ژاسمىن ۋە لومونوس گۈللىرىنىڭ شاخلىرى ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. تانسىكەشلەر، قارتىچىلار ۋە سۆھبەتچىلەر خۇشال بولۇپ ئۈن سېلىشتى. ئۇلار ئۆي ئىچىگە كەڭ ئېقىندەك كىرىۋاتقان ساپ ھاۋانى ھوزۇرلىنىپ سۈمۈرەتتى.

دەل شۇ چاغدا مېرسېدېس قايتىپ كىردى. ئۇ، بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك تاتىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، چىرايىدىن بىر خىل قەتئىيلىك چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ئۇدۇل مېڭىپ، ئېرىنىڭ ئەتراپىغا ئولاشقان بىر توپ كىشىلەرنىڭ يېنىغا كەلدى.

— گراف، مېھمانلىرىمىزنى بۇ يەرگە بەنت قىلىپ

قويماڭ، — دېدى ئۇ، — ئۇلار قارتا ئوينىمايدىكەن، ئۇنداقتا، بەلكىم ئۆي ئىچىدە بۇرۇختۇم بولۇپ تۇرغاندىن باغقا چىقىپ، ساپ ھاۋادىن نەپەسلىنىشنى ئەۋزەل كۆرۈشلىرى مۇمكىن.

بىر سىپايى پېشقەدەم گېنېرال ئىپادە بىلدۈرۈپ:

— خانىم، بىز يالغۇز چىقمايمىز، — دېدى.

ئاندىن ئۇ، مونتې - كرىستوغا بۇرۇلۇپ مۇنداق دېدى:

— گراف، مېنى شەرەپكە سازاۋەر قىلىپ، قولىڭىزنى بەرسىڭىز.

بۇ ئادەتتىكى سۆزلەردىن گراف سەنتۈرۈلۈپ كېتىشكە تاس قالدى، ئاندىن مېرسېدېسكە تىكىلىپ قارىدى. بۇ، چاقماق تېزلىكىدىكى قىسقىغىنە بىر قاراش ئىدى، لېكىن گراف خانىمغا بۇ قاراش ناھايىتى ئۇزۇن سوزۇلغاندەك تۇيۇلدى. مونتې - كرىستونىڭ كۆزلىرىگە شۇنچە كۆپ مەنا سىڭدۈرۈلگەنىدى. ئۇ، گراف خانىمغا قولىنى بەردى. گراف خانىم ئۇنى قولتۇقلىدى، توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ بىلىكىگە ئۆزىنىڭ كىچىككىنە قولىنى ئارانلا تەگكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئىككى چېتى رودودېندرون ۋە چاي گۈللىرى بىلەن قاشالانغان تاش پەلەمپەيلەرنىڭ بىرىدىن تۆۋەنگە چۈشتى.

باغ سەيلىسى قىلىشنى ئىختىيار قىلغان 20 چە كىشىمۇ ئۇلارنىڭ كەينىدىن ۋە باشقا پەلەمپەيلەردىن چۈشۈپ كېلىشتى.

## ئون سەككىزىنچى باب

## نان ۋە تۇز

مورسېر خانىم ئۆزىنىڭ ھەمراھى بىلەن لىپا دەرەخلىرىنىڭ يېشىل گۈمبىزى ئاستىدىن ئۆتۈپ، ئىسسىق خانىغا ئېلىپ بارىدىغان تار يولغا چۈشۈپ ماڭدى.



— ئۆي بەك ئىسسىپ كەتتى، شۇنداقمۇ؟ — دېدى ئۇ.

— شۇنداق، خانىم. ھەممە ئىشىك ۋە قاپقاقلارنى ئاچقۇزۇۋېتىپ ياخشى قىلدىڭىز.

گراف شۇ سۆزلەرنى قىلىۋېتىپ، مېرسېدېسنىڭ قولى تىترەۋاتقانلىقىنى سەزدى.

— سىز بۇ نېپىز كۆڭلەك ۋە يەلكىلىرىڭىزگە سېلىۋالغان گاز ياغلىق بىلەن توڭلىمامسىز؟ — دېدى ئۇ.

— مەن سىزنى قەيەرگە باشلاپ كېتىۋاتىمەن، بىلەمسىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ، ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمەستىن.

— بىلمەيمەن، خانىم، — دېدى مونتې - كرىستو، — لېكىن، ئۆزىڭىز كۆرۈۋاتىسىزغۇ، نەگە باشلىسىڭىز شۇ يەرگە كېتىۋاتىمەن.

— مۇشۇ يولنىڭ ئايىغىدا كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاۋۇ ئىسسىق خانىغا بارىمىز.

گراف مېرسېدېسكە سوراق نەزەرى بىلەن قارىدى، لېكىن مېرسېدېس گەپ قىلماستىن كېتىۋەردى. مونتې - كرىستومۇ ئۈنچىقمىدى.

ئۇلار سۈپەتلىك مېۋە دەرەخلىرى بىلەن تولغان ئىسسىق خانىغا يېتىپ كەلدى. بۇ مېۋىلەر بىزنىڭ يۇرتىمىزدا يېتىشمەيدىغان ئاپتاپنىڭ ئىسسىقلىقىنى تولۇقلاشقا مۆلچەرلەنگەن ئىسسىق خانىدىكى ھارارەتتە ئىيۇل ئېيىنىڭ بېشىدىلا پىشىپ يېتىلگەنىدى.

گراف خانىم مونتې - كرىستونىڭ قولىنى قويىۋېتىپ، ئۈزۈم تېكىدىن بىر ساپاق مۇسكاتنى① ئۈزدى.

— مەڭ، گراف، — دېدى ئۇ ۋە شۇنداق بىر خىل غەمكىن قىياپەتتە كۈلۈمسىرىدىكى، گويا كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلۈپ كېتىدىغاندەك كۆرۈندى، — فرانسىيە ئۈزۈملىرى سىجىلىيە ياكى كىپىر ئۈزۈملىرىگە يەتمەيدۇ، بۇنى بىلىمەن. شۇنداقتىمۇ،

① مۇسكات — ئۈزۈمنىڭ بىر تۈرى.

بىزنىڭ شىمالدىكى بىچارە قۇياشىمىزغا يۈز خاتىرە قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

گراف تەزىم قىلدى-دە، بىر قەدەم كەينىگە چېكىندى.

— ئالامسىز؟ — دېدى مېرسېدېس تىترىگەن ئاۋازدا.

— خانىم، — دېدى مونتې-كرىستو، — سىزدىن تۆۋەنچىلىك بىلەن ئەپۇ سورايمەنكى، مەن مۇسكاتنى زادى يېمەيمەن.

مېرسېدېس ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ، ئۈزۈمنى يەرگە تاشلىدى.

ئۈزۈم تېكىننىڭ نېرىسىدا خۇددى شۇنداقلا ئىسسىق خانىنىڭ سۈنئىي ھارارىتى بىلەن ئۆستۈرۈلگەن ئاجايىپ چىرايلىق شاپتۇللار شاخلىرىدا ئېسىلىپ تۇراتتى. مېرسېدېس مەخمەل كەبى شاپتۇللارنىڭ يېنىغا بېرىپ، بىرىنى ئۈزدى.

— ئەمىسە بۇ شاپتۇلنى ئېلىڭ، — دېدى ئۇ.

گراف يەنە رەت قىلدى.

— بۇنىمۇ ئالامسىز؟ — دېدى ئۇ. ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنچە ئۈمىدسىزلىك بىلەن چىقتىكى، خۇددى يىغىسىنى ئاران بېسىۋالغاندەك ئاڭلاندى، — كۆڭلىڭىزدىكىنى تاپالمىغان ئوخشايمەن.

ئارىدا ئۇزاققا سوزۇلغان جىمجىتلىق پەيدا بولدى. ئۈزۈمنىڭ كەينىدىن شاپتۇلمۇ قۇم ئۈستىگە تاشلاندى.

— بىلەمسىز، گراف، — دېدى ئاخىرى مېرسېدېس مونتې-كرىستوغا يېلىنغان نەزەرى بىلەن قاراپ، — ئەرەبلەرنىڭ كىشىنى تەسىرلەندۈرگۈدەك بىر ئادىتى بار ئىكەن. ئۇلار بىر ئۆيدە نان ۋە تۇزنىڭ تەمىنى تېتىشقان كىشىلەرنى مەڭگۈلۈك دوست بولىدۇ، دەيدىكەن.

— بۇنى بىلىمەن، خانىم، — دېدى گراف، — لېكىن بىز ھازىر ئەرەبىستاندا ئەمەس. بەلكى فرانسىيىدە تۇرىۋاتىمىز. ھالبۇكى، فرانسىيىدە مەڭگۈلۈك دوستلۇق مەۋجۇت ئەمەس،



خۇددى شۇنداقلا نان ۋە تۇزنى تەڭ تارتىشىپ يەيدىغان ئادەتمۇ مەۋجۇت ئەمەس.

— شۇنداق بولسىمۇ، — دېدى گراف خانىم تىترەپ تۇرۇپ ۋە مونتې-كرىستونىڭ كۆزلىرىگە تىك بېقىپ، ئۇنىڭ قولىنى ئىككى قولى بىلەن چىڭ تۇتۇۋالدى، — شۇنداق بولسىمۇ، بىز دوست، شۇنداقمۇ؟

جېنى چىقىپ كەتكەندەك ئاتىرىپ كەتكەن گرافنىڭ ھەممە قېنى خۇددى يۈرىكىگە ساقىپ چۈشكەندەك بولدى-دە، ئاندىن بىراقلا يۈزىگە تېپىپ چىقتى ۋە خۇددى بېشى قېيىۋاتقان ئادەملەردە بولىدىغاندەك، بىرنەچچە سېكۇنتقىچە كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ كەتتى.

— ئەلۋەتتە، خانىم، — دېدى ئۇ، — بىز دوست بولمىغۇدەك نېمە ئىش بولسۇن؟

ئۇنىڭ بۇ سۆزلەرنى قىلغاندىكى ئاھاڭى مېرسېدېسنىڭ ئارزۇ قىلغىنىدىن بەكمۇ يىراق ئىدى. شۇڭا، مېرسېدېس ئىڭراشقا ئوخشاش بىر خىل ئاۋازدا ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ، چەتكە قارىۋالدى.

— رەھمەت سىزگە، — دېدى ئۇ.

ئۇلار يەنە ماڭدى ۋە بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلماستىن، پۈتۈن باغنى ئايلىنىپ چىقتى.

— گراف، — مېرسېدېس ئون مىنۇتلۇق ئۈنسىز مېڭىشتىن كېيىن ئۇشتۇمتۇت يەنە سۆز باشلىدى، — سىزنىڭ كۆپنى كۆرگىنىڭىز، كۆپ جايلارغا بارغىنىڭىز، كۆپ جاپا تارتقىنىڭىز راستمۇ؟

— راست، خانىم، مەن كۆپ جاپا تارتقان، — جاۋاب بەردى مونتې-كرىستو.

— ھازىر سىز بەختلىكمۇ؟

— ئەلۋەتتە، — دېدى گراف، — مېنىڭ زارلانغىنىمنى ھېچكىم ئاڭلىغان ئەمەسقۇ.

— ئەمىسە، ھازىرقى بەختىڭىزدىن كۆڭلىڭىز ئارام تاپقاندۇر؟

— ھازىرقى بەختىم ئۆتمۈشتىكى بەختسىزلىكلىرىمگە تەڭ.

— سىز ئۆيلەنگەنمۇ؟

— ئۆيلەنگەن؟ — مونتې-كرىستو چۆچۈپ كېتىپ، قايتىلاپ سورىدى، — كىم سىزگە شۇنداق دەيدۇ؟

— ھېچكىم دېمىدى، لېكىن سىز بىرنەچچە قېتىم ئوپېراغا بىر ياش ۋە چىرايلىق ئايال بىلەن بارغانىكەنسىز.

— ئۇ بىر قۇل قىز، مەن ئۇنى كونستانتىنوپولدا سېتىۋالغان. ئۇ ئەسلىدە بىر كىنەزنىڭ قىزى ئىدى، ئەمدى مېنىڭ قىزىم بولۇپ قالدى، چۈنكى ئۇنىڭ بۇ دۇنيادا مەندىن باشقا بىرمۇ يېقىن ئادىمى يوق.

— دېمەك، تەنھا ياشايدىكەنسىز-دە؟

— تەنھا.

— سىزنىڭ ھەمشىرىڭىز... ئوغلىڭىز... ياكى ئاتىڭىز... يوقمۇ؟

— ھېچكىمىم يوق.

— ھاياتقا باغلاپ تۇرىدىغان ھېچنېمىڭىز بولمىسا قانداق ياشاۋاتقانسىز؟

— بۇ مېنىڭ گۇناھىم ئەمەس، خانىم. مەن مالتادا تۇرۇۋاتقان چېغىمدا بىر قىزنى ياخشى كۆرەتتىم. ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشقا پۈتۈشكەنىدۇق، لېكىن ئۇرۇش باشلىنىپ قالدى. ئۇرۇش مېنى ئۇنىڭ يېنىدىن خۇددى قۇيۇندەك ئۇچۇرتۇپ ئېلىپ كەتتى. مەن ئۇ قىز مېنى ھەقىقىي ياخشى كۆرىدۇ، مېنى كۈتىدۇ، ھەتتا ئۆلۈپ كەتسەم قەبرەمگىمۇ سادىق



بولۇپ قالىدۇ دەپ ئويلاپتىكەنمەن. قايتىپ كېلىپ قارىسام، ئۇ ئەرگە تېگىۋاپتۇ. بۇ، 20 ياشتىن ئاشقان ھەر قانداق ئەر كىشىنىڭ ئۆمرىدە كۆرۈلىدىغان ئىش. مېنىڭ يۈرىكىم بەك نازۇك بولسا كېرەك، شۇڭا بەك ئازابلاندىم. مېنىڭ ئورنۇمدا باشقا ھەر قانداق كىشى بولسىمۇ ئۇنچىلىك قىينالمىغان بولار ئىدى.

گراف خانىم دېمى سىقىلىپ كېتىۋاتقاندەك بولۇپ، توختاپ قالدى.

— شۇنداق، — دېدى ئۇ، — شۇ مۇھەببەت سىزنىڭ يۈرىكىڭىزدە تاشتەك قېتىپ قاپتۇ... ھەقىقىي مۇھەببەت ئۆمۈردە بىرلا كېلىدۇ... شۇندىن كېيىن ئۇ ئايال بىلەن كۆرۈشمىدىڭىزمۇ؟

— زادى كۆرۈشمىدىم.

— زادى!

— ئۇ تۇرغان يەرگە ئىككىنچى قايتىپ بارمىدىم.

— مالتاغىمۇ؟

— ھەئە، مالتاغا.

— ئۇ ھازىرمۇ مالتادا تۇرۇۋاتامدۇ؟

— بەلكىم.

— تارتقان ئازابلىرىڭىزنى كۆڭلىڭىزدىن كۆتۈرۈۋېتىپ، ئۇنى ئەپۇ قىلغانسىز؟

— ئۇنى ئەپۇ قىلدىم.

— يالغۇز ئۇنىلا؟ سىلەرنى ئايرىۋەتكەن كىشىلەرنى ھازىرمۇ ئۆچ كۆرەمسىز؟

— ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. ئۇلارنى ئۆچ كۆرۈشنىڭ نېمە ھاجىتى؟

گراف خانىم مونتې-كرىستونىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ توختىدى. ئۇ بىر قولىدا تېخىچە ھېلىقى بىر ساپاق ئۈزۈمنىڭ قالدۇقىنى تۇتۇپ تۇراتتى.

— ئېلىك، — دېدى ئۇ.

— خانىم، مەن مۇسكاتنى يېمەيمەن، — دېدى مونتې-كرىستو خۇددى بۇ ھەقتە ھېچقانداق سۆز بولۇپ ئۆتمىگەندەك.

گراف خانىم پۈتۈنلەي ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا قولىدىكى ئۈزۈمنى يول بويىدىكى كۆكاتلارغا تاشلىۋەتتى.

— تەرسا! — دەپ پىچىرلىدى ئۇ.

مونتې-كرىستو بەجايىكى بۇ ئەيىبلەش ئۆزىگە قارىتىلمىغاندەك پەرۋا قىلماي تۇردى.

بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ يېنىغا ئالبېر يۈگۈرۈپ يېتىپ كەلدى.

— ئاپا، — دېدى ئۇ، — بەختسىزلىك!

— نېمە؟ نېمە بولدى؟ — سورىدى گراف خانىم قەددىنى رۇسلاپ ۋە خۇددى چۈش كۆرۈپ ئەمدىلا ئويغانغاندەك قىلىپ، — بەختسىزلىك دەمسەن؟ راست دەيسەن، بەختسىزلىك ئەمدى باشلىنىدۇ!

— ۋىلفور ئەپەندى كەلدى.

— ھە، كەلسە نېمە بوپتۇ؟

— ئۇ خوتۇنى بىلەن قىزىنى ئېلىپ كەتكىلى كەپتۇ.

— نېمە سەۋەبتىن؟

— ماركىز خانىم سېن-مېران پارىژغا كەپتۇ. ئۇ، ماركىز سېن-مېراننىڭ مارسېلدىن يولغا چىقىپ، بىرىنچى بېكەتتە ئۆلۈپ قالغان خەۋەرنى ئېلىپ كەپتۇ. ۋىلفور خانىم بەكمۇ خۇشال ئولتۇرغانىدى. شۇڭا ئۇ، نېمە بولغانلىقىنى چۈشىنەلمەي ۋە بۇ گەپكە ئىشىنەلمەي قالدى. لېكىن، ۋالېنتىنا خېنىم، ئاتىسى ئۆلگەندىن ھەر قانچە يوشۇرغان بولسىمۇ، دەرھال بىلىۋالدى. ئۇ، خۇددى چاقماق زەربىسىگە دۇچ كەلگەندەك ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپ چۈشتى.

— ماركىز سېن-مېران ۋالېنتىنا خېنىمنىڭ نېمىسى بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى گراف.



— ئانا تەرەپتىن بوۋىسى بولىدۇ. ئۇ، قىز نەۋرىسىنىڭ فرانس بىلەن بولىدىغان toyىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن كېلىۋاتقانىدى.

— ھە، مۇنداق ئىكەن-دە!

— ئەمدى فرانسنىڭ تەخىر قىلىپ تۇرۇشىغا توغرا كېلىدۇ. ئېسىت، ماركىز سېن-مېران دانگلار خېنىمنىڭ بوۋىسى بولغان بولسىچۇ!

— ئالبېر، ئالبېر! نېمە دەۋاتىسەن؟ — مورسېر خانىم ئوغلىغا مۇلايىملىق بىلەن كايىدى، — گراف، ئۇ سىزنى ھۆرمەت قىلىدۇ، ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ قويۇڭ، بۇنداق گەپلەرنى قىلمىسۇن!

ئۇ ئىككى قەدەم مېڭىپ، بىرنەچچە قەدەم ئۈزۈپ كەتتى. مونتې-كرىستو ئۇنىڭغا ئاجايىپ مۇلايىملاشقان ئويچان كۆزلىرى بىلەن شۇنداق سۆيۈنۈپ قارىدىكى، ئۇ يەنە قايتىپ كەلدى ۋە گرافنىڭ قولى بىلەن ئوغلىنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇلارنى جۈپلەشتۈردى.

— بىز دوست، شۇنداقمۇ؟ — دېدى ئۇ.

— ئۆزۈمنى سىزنىڭ دوستلۇقىڭىزغا مۇناسىپ دېيىشكە پېتىنالمايمەن، خانىم، — دېدى گراف، — شۇنداقتىمۇ، سىزنىڭ ئىتائەتمەن چاكىرىڭىز بولۇشقا تەييارمەن.

گراف خانىم يۈرىكى چىدىغۇسىز ئېچىشقان ھالدا مېڭىپ كەتتى. ئۇ تېخى ئون قەدەم ماڭماي تۇرۇپلا، گراف ئۇنىڭ قول ياغلىق بىلەن كۆزلىرىنى سۈرتكەنلىكىنى كۆردى.

— ئاپام بىلەن رەنجىشىپ قالدىڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدى ئالبېر ھەيران بولۇپ.

— ئەكسىچە، — دېدى گراف، — ئۇ ھېلى تېخى سىزنىڭ ئالدىڭىزدا «بىز دوست» دېدىغۇ.

شۇ گەپ بىلەن ئۇلار سارايغا يېنىپ كىرىشتى. بۇ چاغدا

ۋالىنتىنا ۋە ئەر - خوتۇن ۋىلفورلار قايتىپ كېتىشكەنىدى. ئۆزلۈكىدىن مەلۇمكى، موررېلمۇ ئۇلارنىڭ كەينىدىن چىقىپ كەتكەنىدى.

# ئون توققۇزىنچى باب

## ماركىز خانىم سىين - مېران

دەرۋەقە، ۋىلفورنىڭ ئۆيىدە بىر قايغۇلۇق ئىش بولغانىدى.

ۋىلفور خانىم ھەر قانچە سۆزلەپمۇ، يالۋۇرۇپمۇ ئېرىنى بەزمىگە بېرىشقا كۆندۈرەلمىگەنىدى. خانىم بىلەن خانقىز كەتكەندىن كېيىن خانلىق مۇپەتتىش ئادىتى بويىچە، ئۆزىنىڭ ئەنزە ماتېرىياللىرى بىلەن تولۇپ كەتكەن ئىشخانىسىغا كىرىپ ئىشىكنى ئىچىدىن ئېتىۋالدى. بۇ ئەنزىلەرنىڭ كۆپلۈكى باشقا ھەر قانداق كىشىنى قورقۇتىۋەتكەن بولاتتى. ئەمما بۇلار ۋىلفورنىڭ ئىشلەش تەشنالىقىنى ئاران قاندۇرالايتتى.

ھالبۇكى، بۇ قېتىم ئەنزىلەر پەقەت باھانىدىنلا ئىبارەت ئىدى. ۋىلفور ئىشخانىغا ئىشلەش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئاراسخۇدا پىكىر يۈرگۈزۈش ئۈچۈن كىرگەنىدى. ئۇ، ئالاھىدە مۇھىم ئىش بولمىسا ئۆزىنى ئاۋارە قىلماسلىقنى جېكىلەپ، ئىشخانىغا كىرگەندىن كېيىن كرېسلوغا ئولتۇرۇپ، ئاخىرقى ھەپتىدىن بۇيان ئارام بەرمەيۋاتقان ئېغىر غەم ۋە ئاچچىق ئەسلىمىلەرنى قايتا - قايتا ئۆز كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇ، دۆۋىلىنىپ تۇرغان ماتېرىياللارنى كۆرۈشنىڭ ئورنىغا، ئىش ئۈستىلىدىكى مەخپىي پۇرژىنىنى بېسىپ، تارتمىنى ئاچتى - دە، ئۆزىنىڭ شەخسىي خاتىرىلىرى توپلانغان بولاقنى چىقىرىپ ئالدى. بۇ قىممەتلىك قول يازمىلاردا ئۇنىڭ بىر



ئۆزىگىلا مەلۇم بولغان بەلگىلەر بىلەن سىياسىي توقۇنۇشلار، پۇل مۇئامىلىسى، سوت ئىشلىرى ياكى خۇپىيانە مۇھەببەت ۋەقەلىرىدە ئۆزىگە دۈشمەن بولغان كىشىلەرنىڭ ئىسىملىكى تىزىملانغانىدى.

شۇ تاپتا، قورققانغا قوش كۆرۈنۈپ، ئۇ دۈشمەنلەرنىڭ سانى ئۇنىڭغا ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدىغاندەك بىلىنىپ كەتتى. ۋەھالەنكى، ئاشۇ شەخسلەر، ھەتتا ئەڭ قۇدرەتلىك ۋە ھەيۋەتلىك بولغانلىرىمۇ، ئىلگىرى ئۇنىڭ كۈلكىسىنى قوزغايتتى. ئۇنىڭ بۇ كۈلكىسى گوياكى تاغنىڭ چوققىسىغا چىقىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ ئاياغلىرى ئاستىدىكى قىيالار، خەتەرلىك يوللار ۋە تىك يارلارغا، يەنى ئۆزى يۇقىرىغا يامىشىپ چىققۇچە كۆپ جاپالار بىلەن بېسىپ ئۆتكەن ھەممە نەرسىلەرگە قاراپ كۈلۈۋاتقان يولچىنىڭ كۈلكىسىگە ئوخشايتتى.

ئۇ، ئاشۇ كىشىلەرنى ئۆز خاتىرىسىدىن قايتا - قايتا ئۆتكۈزدى، قول يازمىلىرىنى قېتىرقىنىپ ئوقۇپ، تەكشۈرۈپ چىقتى ۋە ئاخىرى بېشىنى چايقىدى.

— ياق، — دەپ پىچىرلىدى ئۇ، — بۇ كىشىلەر مېنى مۇشۇ مەخپىيەتلىك ئارقىلىق يوقاتماقچى بولسا، بۇنداق ئۇزاققىچە سۈكۈت قىلىپ تۇرمىغان بولاتتى. گاملېتنىڭ سۆزى راست بولسا، بەزىدە چوڭقۇر كۆمۈۋېتىلگەن نەرسىلەرنىڭ شاۋقۇنى يەر ئاستىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ، خۇددى فوسفور نۇرىدەك ھاۋادا ئايلىنىپ يۈرىدىكەن. ھالبۇكى، ئۇنداق نۇرلار غىل - پاللا كۆرۈنۈپ قالىدۇ ۋە كىشىنى يولدىن ئازدۇرۇپ قويۇش بىلەنلا چەكلىنىدۇ. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ھېلىقى كورسىكانلىق بۇ ۋەقەنى قانداقتۇر بىر روھانىيغا سۆزلەپ بەرگەن بولسا كېرەك. ئۇ روھانىي ئۆز نۆۋىتىدە باشقىلارغا سۆزلەپ بەرگەن بولۇشى مۇمكىن. جانابىي مونتې - كرىستو بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قالغان ۋە تەكشۈ-

روۋپ كۆرۈش ئۈچۈن... لېكىن ئۇ تەكشۈرۈپ نېمە مەقسەتكە يەتمەكچى؟ — ۋىلفور بىر مىنۇتچە ئويلاپ ئولتۇرغاندىن كېيىن مۇلاھىزىسىنى داۋاملاشتۇردى، — فرانسىيىگە تۇنجى قېتىم كەلگەن جانابىي مونتې-كرىستو، جانابىي دزاككونى، مالتالىق كېمە سودىگىرىنىڭ ئوغلى، ۋېسالىيىدىكى كۆمۈش كانىنىڭ ئىگىسى بۇ قاراڭغۇ، مەخپىي ۋە ئۆزىگە ھېچقانداق پايدىسى بولمىغان ئىشنى تەكشۈرۈپ نېمە قىلىدۇ؟ ھېلىقى بۇزونى ھەزرەت ۋە لورد ئۇيىلمور دېگەنلەرنىڭ بىرى ئۇنىڭغا دوست، يەنە بىرى رەقىب. ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرىدىن شۇ نەرسە ئايانكى، ھېچقانداق ۋاقىتتا، ھېچقانداق شارائىتتا ئۇنىڭ بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا بىرەر چېتىشلىق ئىش بولغان بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

ۋىلفور شۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ سۆزلىرىگە ئۆزى ئىشەنمەيتتى. ئۇ، پاش قىلىنىشتىن ئانچە قورقۇپ قالمايتتى، چۈنكى ئۇ رەت قىلالايتتى ياكى ئۆز لايىقىدا جاۋاب بېرەلەيتتى. ئۇ، ئۇشتۇمتۇت قانلىق ھەرپلەر بىلەن تامغا يېزىلىپ قالغان «مېنى، تېكېل، فارېس» دېگەن سۆزلەردىن غەم قىلمايتتى، لېكىن ئاشۇ سۆزلەر كىمنىڭ قولى بىلەن يېزىلغانلىقىنى ئۇقالماي ئاۋارە ئىدى.

ئۇ، ئۆز ئۆزىگە تەسەللىي بېرىپ، شۇنچە ئۇزاقتىن بېرى ئۇخلاپ ياتقان دۈشمەننى ئويغىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن، شېرىن خىياللىرىدا ئەكس ئېتىدىغان سىياسىي ئىستىقبالىنىڭ ئورنىغا ئائىلە خۇشاللىقلىرى بىلەن چەكلىنىدىغان ئىستىقبالىنى ئويلاپ شۈكرى قىلىشقا باشلىغانىدى. بۇ چاغدا ھويلىدىن ھارۋا چاقلىرىنىڭ تاراقلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ھايال بولماي، ياشانغان كىشىنىڭ پەلەمپەيدىن ئاستا چىقىۋاتقان قەدەم شەپىسى ۋە مالايلارنىڭ خوجايىنلارغا ئۆز ھېسداشلىقلىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئۈستىلىق بىلەن ئۈن سېلىپ يىغلاشلىرى، ئاھ ئۇرۇشلىرى



ئاڭلاندى. ئۇ يۈگۈرۈپ بېرىپ ئىشخانىسىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىشى بىلەن تەڭلا، رومىلى بىلەن شىلەپىسىنى قولىدا تۇتقان بىر ياشانغان خانىم ئۈن-تىنسىز كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ خۇددى پىل سۆڭىكىدەك سارغىيىپ كەتكەن خۇنۇك ماڭلىيىنى ئاپئاق چاچلىرى ئوراپ تۇراتتى، چۆرىسىگە چوڭقۇر قورۇقلار چۈشۈپ كەتكەن كۆزلىرى يىغىدىن قىزىرىپ كەتكەنىدى.

— ئاھ، نېمىدېگەن بەختسىزلىك، — دېدى ئۇ، — نېمىدېگەن بەختسىزلىك! ئەمدى مەن قانداق قىلىمەن! بۇ دەردلەرنى كۆتۈرەلمەيمەن، ياق، كۆتۈرەلمەيمەن!

ئۇ، ئىشىكنىڭ يېنىدىكى بىر كرېسلوغا ئۆزىنى تاشلىۋەتتى-دە، ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى.

بوسۇغىدا توپلىشىپ تۇرغان مالايلار ئىچكىرىگە كىرىشكە پېتىنالماستىن، نوئارتىيىنىڭ قېرى خىزمەتكارىغا قاراپ-قاراپ قويۇشاتتى. بۇ قېرى خىزمەتكار ئۆز خوجايىنىنىڭ ھۇجرىسىدا ئولتۇرۇپ، بۇ پاتىپاراقچىلىقنى ئاڭلاپ، ئاستىنقى قەۋەتكە چۈشكەن ۋە ھەممىسىنىڭ ئارقىدا تۇرغانىدى.

ۋىلفور ئۆزىنىڭ قېيىن ئانىسىنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ كەلدى.

— ۋاي خۇدا، خانىم، نېمە بولدىڭىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ، — نېمە ئانچە يىغلايسىز؟ ماركىز سېن-مېران سىز بىلەن بىللە كەلمىدىمۇ؟

— ماركىز سېن-مېران ۋاپات بولدى، — دېدى قېرى ماركىز خانىم ئۆزىنى يوقاتقان ھالدا گەپنىڭ پوسكاللىسىنى ئېيتىپ.

ۋىلفور ئارقىغا داجىپ، قوللىرىنى پۇلاڭشىتىپ كەتتى.

— ۋاپات بولدى! — دېدى ئۇ دۇدۇقلاپ، — مۇشۇنداق تۇيۇقسىزلا ۋاپات بولدىمۇ؟

— بىر ھەپتە ئىلگىرى بىز چۈشلۈك تاماقنى يەپ بولۇپ يولغا چىققانىدۇق، — دېدى سىبىن - مېران خانىم، — ماركىزنىڭ بىتاپ بولۇپ يۈرگىنىگە بىر نەچچە كۈن بولۇپ قالغانىدى. لېكىن بىزنىڭ قىممەتلىك ۋالېنتىنامىزنى كۆرۈش ئىستىكى ئۇنى غەيرەتلەندۈرەتتى. شۇڭا ئۇ، ساقلىقى بولمىسىمۇ يولغا چىقتى. مارسېلدىن چىقىپ ئالتە لىي يول يۈرگەندىن كېيىن ئۇ ئادىتى بويىچە دورىسىنى ئىچتى ۋە شۇنداق قاتتىق ئۇخلاپ كەتتىكى، مەن ئەنسىرەپ قالدىم. شۇنداقتىمۇ، ئۇنى ئويغىتىشقا كۆڭلۈم قىيمىدى. بىردەمدىن كېيىن قارىسام، ئۇنىڭ يۈزى بەكلا قىزىرىپ، چېكە تومۇرلىرى باشقىچىلا كۆپۈشۈپ كېتىپتۇ. مەن يەنىلا ئۇنى ئويغاتمىدىم. قاراڭغۇ چۈشۈپ ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولماي قالدى. يەنە بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ خۇددى قارا بېسىپ قالغاندەك ۋارقىراپ تاشلىدى - دە، بېشى ئارقىسىغا تارتىلىشىپ قالدى. خىزمەتكارنى تۈۋلىدىم، ھارۋىكەشكە ھارۋىنى توختاتقۇزدۇم ۋە ماركىزنى ئويغىتىپ باقتىم، ئۇنىڭ بۇرنىغا تۇز قويۇلغان فلاكوننى تەڭلىدىم، لېكىن ئىش پۈتكەنىدى، ئۇ قازا قىپتۇ. مەن ئېكىسكىچە ئۇنىڭ جەسىتىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ كەلدىم.

ۋىلفور ھاڭ - تاڭ بولغان ھالدا ئۆرە تۇرۇپ ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدى.

— دەرھال دوختۇرنى چاقىرتقانسىز؟

— شۇ ھامان چاقىرتتىم. ئەمما، ئېيتتىمغۇ، ۋاقتى ئۆتكەنىكەن.

— شۇنداق بولسىمۇ، دوختۇر بىچارە ماركىزنىڭ نېمە كېسەلدىن قازا تاپقانلىقىنى ئېنىقلىغاندۇر؟

— ۋاي خۇدايىم، ئەلۋەتتە شۇنداق قىلدى. دوختۇر بۇنى مېڭىسىگە قان چۈشۈشتىن بولغانمىكىن، دەيدۇ.



— ئاندىن كېيىن قانداق قىلدىڭىز؟

— سىبىن - مېران ئەپەندى «ئەگەر پارىژدىن باشقا يەردە ئۆلۈپ قالسام، تېنىمنى ئائىلىمىزنىڭ قەبرىستانلىقىغا ئېلىپ بېرىڭلار» دەيتتى. مەن ئۇنى قوغۇشۇن ساندۇققا سالغۇزدۇم ۋە ئۇنىڭدىن بىر نەچچە كۈن بۇرۇن بۇ يەرگە يېتىپ كەلدىم.

— بىچارە ئانا! — دېدى ۋىلفور، — شۇنچە ياشقا كىرىپ قالغاندا، شۇنچە دەردلەرنى تارتىپ تۇرۇپ، يەنە شۇنداق ئىشلارنى قىلالاپسىز!

— خۇدا ماڭا مەدەت بەردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مېنىڭ ئورنۇمدا ئېرىم بولغان بولسا، ئۇمۇ مەن ئۈچۈن شۇ ئىشلارنى قىلغان بولاتتى. ئۇنى شۇ يەردە قويۇپ كەتكەندىن بېرى ئەس-ھوشۇم جايىدا ئەمەس. مەن ئەمدى يىغلىيالمايدىغان بولۇپ قالدىم. ئادەم قېرىپ كەتكەندە ياش چىقمايدىغان بولۇپ قالىدۇ دېيىشىدۇ. مېنىڭچە بولغاندا، قايغۇ - ھەسرەت تۈگىمىگۈچە ياشلارمۇ تۈگىمەسلىكى كېرەك ئىدى. ۋالېنتىنا قېنى؟ بىز ۋالېنتىنانى دەپ يولغا چىققان ئەمەسمۇ. ئۇنى كۆرگۈم كېلىۋاتىدۇ.

ۋالېنتىنانى بەزمىگە كەتتى دېيىشكە ۋىلفورنىڭ تىلى بارمىدى. ئۇ ئاددىيلا قىلىپ، ۋالېنتىنا ئۆيدە يوق، ئۆگەي ئانىسى بىلەن چىقىپ كەتكەنىدى، ئۇنى ھازىر چاقىرتىمەن، دەپ جاۋاب بەردى.

— تېز بولۇڭ، تېز بولۇڭ، سىزدىن ئۆتۈنۈپ سوراپ قالاي، — دېدى قېرى ماركىز خانىم.

ۋىلفور ئۇنى قولتۇقىدىن يۆلەپ، ھۇجرىغا ئاپىرىپ قويدى.

— ئارام ئېلىۋېلىڭ، ئانا، — دېدى ئۇ.

ماركىز خانىم «ئانا» دېگەن سۆزدىن تەسىرلىنىپ، ئۆزىنىڭ كۆزىدىن ئۇچقان ۋە قەلبىدە ۋالېنتىنانىڭ سىيماسىدە ساقلىنىپ قالغان قىزىنى ئەسلىتىدىغان بۇ كىشىگە قارىدى - دە، كرىس-

لونىڭ ئالدىغا تىزلىنىپ، ئۇنىڭغا ئاق چاچلىق بېشىنى قويغىنىچە يىغلاپ كەتتى.

ۋىلفور ئۇنى ئاياللارنىڭ كۈتۈشىگە تاپشۇردى. باررۇئا بوۋاي بولسا، چوڭقۇر ھاياجانلانغان ھالدا ئىككىنچى قەۋەتتىكى ئۆزىنىڭ خوجايىنىنىڭ ھۇجرىسىغا چىقىپ كەتتى. قىزلار ئۆلۈمنىڭ ئۆزىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، باشقا بىر قېرى كىشىنى ئېلىپ كەتكىنىنى كۆرگەندە كۆڭلى بۇزۇلىدۇ. سېن - مېران خانىم تېخىچە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئايەت ئوقۇۋاتقان ئارىلىقتا ۋىلفور كىرا ھارۋىسىنى چاقىرتىپ، خوتۇنى بىلەن قىزىنى ئەكېلىش ئۈچۈن مورسېر خانىمنىڭ ئۆيىگە يۈرۈپ كەتتى.

ئۇ ساراي ئىشىكىدە پەيدا بولغاندا چىرايى شۇنداق تاتىرىپ كەتكەنىدىكى، ۋالېنتىنا ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ:

— نېمە بولدى دادا؟ بىر كېلىشمەسلىك بولدىمۇ؟ — دەپ ۋارقىراپ سورىدى.

— مومىڭىز كەلدى، ۋالېنتىنا، — دېدى ۋىلفور.

— بوۋامچۇ؟ — دەپ سورىدى ۋالېنتىنا تىترەپ تۇرۇپ.

ۋىلفور جاۋاب بەرمەستىن، قىزىنىڭ بىلىكىدىن تۇتتى. بۇ، دەل ۋاقتىدا بولدى، چۈنكى ۋالېنتىنانىڭ بېشى قېيىپ، سەنتۈرۈلۈپ كەتتى. ۋىلفور خانىم ئۇنى يۆلىۋالدى ۋە ئېرىگە ھەمكارلىشىپ، ئۇنى پەيتۇنغا ئولتۇرغۇزدى.

— نېمە ئىشتۇر بۇ! نېمە ئىشتۇر! بۇنداق بولۇشىنى كىممۇ ئويلىغان! — دەپ تەكرارلايتتى ئۇ.

ھەسرەتكە چۆمگەن ئائىلە بۇ كۆڭۈللۈك كېچىنىڭ كېيىنكى قىسمىغا ئۆز قايغۇسىنىڭ ماتەملىك كۆلەڭگىسىنى قالدۇرۇپ تېزلىكتە قايتىپ كەتتى.

ۋالېنتىنا پەلەمپەي ئالدىدا ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغان باررۇئانى ئۇچراتتى.



— نوئارتىيې ئەپەندى سىز بىلەن بۈگۈن كۆرۈشمەكچى، — دېدى ئۇ ئاۋازىنى ئاستا چىقىرىپ.

— مومام بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپلا ئۇنىڭ يېنىغا چىقىمەن، ئېيتىپ قويۇڭ، — دېدى ۋالېنتىنا.

ئۇنىڭ يۈرىكى سېن - مېران خانىمنىڭ شۇ تاپتا ئۆزىگە ئىنتىزار بولۇپ تۇرغانلىقىنى سېزەتتى.

ۋالېنتىنا كىرگەندە مومىسى تۆشەكتە ياتقانىدى. ئۈنسىز قۇچاقلىشىشلار، يۈرەكلەرگە تولۇپ كەتكەن ھەسرەتتىن ئۆرتىنىشلەر، بوغۇلغان ئېغىر تىنىقلار، ئۈزلۈكسىز تۆكۈلۈۋاتقان كۆز ياشلىرى — بۇ كۆرۈشۈشنىڭ تەپسىلاتلىرى ئەنە شۇلاردىن ئىبارەت بولدى. ۋىلفور خانىم ئېرىنى قولتۇقلىغان ھالدا بۇ بىچارە تۇل مومايغا ئىچىنى ئاغرىتىپ (تاشقى كۆرۈنۈشىدە بولسىمۇ) قاراپ تۇراتتى. شۇ تەرىقىدە بىردەم تۇرغاندىن كېيىن ئۇ ئېرىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— رۇخسەت قىلسىڭىز، مەن چىقىپ كەتسەم بولارمىكىن. قېيىن ئانىڭىز مېنى كۆرسە تېخىمۇ بىئارام بولىدىغاندەك تۇرىدۇ.

سېن - مېران خانىم ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قالدى.

— ھەئە، شۇنداق، — دەپ پىچىرلىدى ئۇ ۋالېنتىناغا، — ئۇ چىقىپ كەتسۇن، لېكىن سەن قالغىن، سەن چىقىپ كەتمە.

ۋىلفور خانىم چىقىپ كەتتى. بۇنداق كۈتۈلمىگەن ئۆلۈمدىن گاڭگىراپ قالغان خانلىق مۇپەتتىشمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چىقىپ كەتتى. ۋالېنتىنا مومىسىنىڭ يېنىدا يالغۇز قالدى.

باررۇئا ئىككىنچى قەۋەتتىكى نوئارتىيې ئەپەندىنىڭ ھۇجرىسىغا قايتىپ چىقتى.

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، نوئارتىيې ئۆيى ئىچىدە كۆتۈرۈلگەن ۋاراڭ - چۇرۇڭنى ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭ قېرى خىزمەتكارىنى نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئۇقۇپ كىرىش ئۈچۈن چىقار-

غانىدى. خىزمەتكار قايتىپ كىرگەندىن كېيىن بوۋاينىڭ شۇنچە جانلىق، مۇھىمى، شۇنچە ئەقىللىق كۆزلىرى ئۇنىڭغا سوئال نەزەرى بىلەن تىكىلدى.

— زور بەختسىزلىك يۈز بېرىپتۇ، تەقسىر، — دېدى باررۇئا، — سېن - مېران خانىم ئۆزى يالغۇز كەپتۇ، ئۇنىڭ ئېرى قازا قىلىپتۇ.

سېن - مېران بىلەن نۇئارتىيېنىڭ مۇناسىۋىتى ئانچە ياخشى دېگۈدەكمۇ ئەمەس ئىدى. ۋەھالەنكى، قېرىغان ئادەمگە ئۆز تەڭتۇشىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى قانداق تەسىر قىلىدىغانلىقى مەلۇملۇق. نۇئارتىيې بەجايىكى، ھەسرەت بىلەن گاڭگىراپ قالغان ياكى ئۆز خىياللىرىغا بېرىلىپ كەتكەن ئادەمدەك قېتىپ قالدى. ئاندىن، ئۇ بىر كۆزىنى يۇمدى.

— ۋالېنتىنا خېنىمنى چاقىرامدىم؟ — دەپ سورىدى باررۇئا.

نۇئارتىيې «ھەئە» دېگەننى ئىپادىلىدى.

— ئۇ بەزمىگە كەتتى، ئۆزىڭىز بىلىسىزغۇ. ئۇ مېھمانلىق كۆڭلىكىنى كىيىپ سىز بىلەن خوشلاشقىلى كىرگەن ئەمەسمىدى.

نۇئارتىيې يەنە سول كۆزىنى يۇمدى.

— ئۇنى كۆرۈشنى خالامسىز؟

نۇئارتىيې «شۇنداق» دېگەننى بىلدۈردى.

— ھازىر مورسېر خانىمنىڭ ئۆيىگە ئۇنى چاقىرغىلى كېتىشتى. ئۇ قايتىپ كەلگەندە سىزنىڭ چاقىرغىنىڭىزنى ئېيتاي، بولامدۇ؟

ھەئە، — دېگەن جاۋابنى بىلدۈردى پالەچ بوۋاي.

يۇقىرىدا كۆرگىنىمىزدەك، ۋالېنتىنا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن باررۇئا ئۇنىڭغا بوۋىسىنىڭ خاھىشىنى ئۇقتۇردى.

شۇڭا، ۋالېنتىنا نۇئارتىيېنىڭ يېنىغا كىردى. بۇ چاغدا



سېن - مېران خانىم ھەر قانچە ھاياجانلانغان بولسىمۇ، ئاخىرى ھاردۇق يېتىپ، تىنچسىز ئۇيقۇغا كەتكەنىدى.

ئۇنىڭ باش تەرىپىدىكى كىچىك شىرە ئۈستىگە ئۇدائىم ئىچىدىغان بىر شىشە ئورانژاد بىلەن بىر ئىستاكاننى قويۇپ قويۇشتى. ئاندىن، ھېلى ئېيتقىنىمىزدەك، ۋالېنتىنا ئۇخلاپ قالغان ماركىز خانىمنى يالغۇز قويۇپ، نۇئارتىيېنىڭ يېنىغا كىردى.

ۋالېنتىنا بوۋىسىنى سۆيۈپ قويدى. بوۋاي ئۇنىڭغا شۇنداق مېھرى بىلەن قارىدىكى، قىزنىڭ كۆزلىرى يەنە ياشقا تولدى.

بوۋاي ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمەي تىكىلىپ قارىدى.

— ھەئە، ھەئە، — دېدى ۋالېنتىنا، — مېنىڭ يەنە بىر ياخشى بوۋام بار. شۇنى دېمەكچىمۇ سەن؟

بوۋاي دەل شۇنى دېمەكچى ئىكەنلىكىنى كۆزلىرى بىلەن ئۇقتۇردى.

— ھەئە، بۇ مېنىڭ بەختىم، — دېدى يەنە ۋالېنتىنا، — سەن بولمىساڭ قانداقمۇ قىلار ئىدىم!

— كەچ سائەت بىر بولۇپ قالغانىدى. باررۇئانىڭ ئۇيقۇسى كېلىپ، بۇنداق پاراكەندىچىلىكلەردىن كېيىن ھەممەيلەننىڭ ئارام ئېلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى. بوۋاي ئۆزىنىڭ دىل ئارامى بالىسىنى كۆرۈشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئېيتمىدى. ئۇ ۋالېنتىنا بىلەن خوشلاشتى. ۋالېنتىنا ھەقىقەتەن ھارغىنلىق ۋە دەردتىن ئاران دەسسەپ تۇراتتى.

ئەتىسى ۋالېنتىنا موممىسىنىڭ يېنىغا كىرگەندە ئۇ ئورۇن تۇتۇپ ياتقان بولۇپ، قىزىتمىسى ئۆرلەپ تۇراتتى؛ كۆزلىرى ئوتتەك يېنىپ، نېرۋىلىرى چىچىلغانىدى.

— نېمە بولدىڭىز، موما؟ تاۋىڭىز يوقمۇ؟ — دەپ خىتاب قىلدى ۋالېنتىنا ئۇنىڭ ھالىنى كۆرۈپ.

— ھېچقىسى يوق، بالام، ھېچقىسى يوق، — دېدى

سېن - مېران خانىم، ــ سېنىڭ كىرىشىڭگە بەك تەقەززا بولۇپ تۇراتتىم، ئاتاڭنى چاقىرغىن.

ــ ئاتامنى؟ ــ دەپ سورىدى ۋالېنتىنا خاتىرجەمسىزلىنىپ.

ــ ھەئە، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىدىغان ئىشىم بار.

ــ ۋالېنتىنا مومىسىنىڭ سۆزىنى قايتۇرالمايتتى ۋە ئۇنىڭ نېمە ئىشى بارلىقىنىمۇ بىلمەيتتى. ھايال بولماستىن، ھۇجرىغا ۋىلفور كىردى.

ــ تەقسىر، ــ سېن - مېران خانىم خۇددى ۋاقىت يېتىشمەي قېلىشىدىن ئەنسىرىگەندەك، گەپنى ئۇدۇللا باشلىدى، ــ سىز ماڭا قىزىمىزنىڭ توينى قىلىش ئويىدا بولۇۋاتقانلىقىڭىزنى يازغانىكەنسىز.

ــ شۇنداق، خانىم، ــ دېدى ۋىلفور، ــ بۇ مېنىڭ ئويۇملا ئەمەس، بەلكى قارار قىلىنىپ بولغان ئىش.

ــ كەلگۈسىدىكى كۈيئوغلىڭىزنىڭ ئىسمى فرانس ئەپىنەمۇ؟

ــ شۇنداق، خانىم.

ــ ئۇنىڭ ئاتىسى، بىزنىڭ مەسلەكدىشىمىز بولغان گېنېرال ئەپىنەمۇ؟ ئۇ، باش ئىسيانكار ئېلبادىن قايتىپ كېلىشتىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى ئۆلتۈرۈلگەنغۇ دەيمەن؟

ــ تامامەن توغرا.

ــ ئۇ بىر ياكوبىنچىنىڭ نەۋرىسىگە ئۆيلىنىشتىن ئىككىلەنمەمدىكەن؟

ــ بەختىمىزگە يارىشا، بىزنىڭ سىياسىي ئىختىلاپلىرىمىز تۈگىدى، ــ دېدى ۋىلفور، ــ فرانس ئەپىنە ئاتىسى ئۆلگەن چاغدا تېخى قۇچاقتىكى بالا ئىدى. ئۇ نۇئارتىيې ئەپەندىنى ئانچە چۈشىنىپ كەتمەيدۇ. شۇڭا، ئۇنى ياقتۇرمىغان تەقدىردىمۇ، ئانچە پەرۋا قىلمايدۇ.

ــ سىز ئۇنى مۇۋاپىق تاپتىڭىزمۇ؟



ــ ھەممە جەھەتتىن مۇۋاپىق.

ــ ئۇ يىگىت...

ــ ھەممە كىشىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر.

ــ ياخشى تەربىيە كۆرگەنمۇ؟

ــ مەن بىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئىززەتلىك يىگىتلەرنىڭ بىرى.

بۇ سۆھبەت داۋامىدا ۋالېنتىنا بىر ئېغىزمۇ سۆز قوشمىدى.

ــ ئۇنداق بولسا، تەقسىر، ــ دېدى سېن - مېران خانىم بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، ــ چاققانراق تۈگۈش قىلىڭلار، چۈنكى مېنىڭ ھاياتىممۇ ئاخىرلىشىپ قالدى.

ــ خانىم! موما! ــ ۋىلفور بىلەن ۋالېنتىنا بىر ئېغىزدىن خىتاب قىلىشتى.

ــ نېمە دەۋاتقىنىمنى بىلىپ سۆزلەۋاتىمەن، ــ ماركىز خانىم سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، ــ تېز تۈگۈش قىلىڭ. ۋالېنتىنانىڭ ئانىسى بولمىغاندىن كېيىن، مومىسى بولسىمۇ ئۇنىڭ نىكاھىغا دۇئا قىلىشى كېرەك. بىچارە قىزىم رېنې تەرەپتىن يالغۇز مەنلا قالدىم. سىز رېنېنى شۇنچە ئۇڭاي ئۇنتۇپ كەتتىڭىز، تەقسىر.

ــ خانىم، ــ دېدى ۋىلفور، ــ بىچارە قىزىمغا بىر ئانا لازىم بولغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماڭ.

ــ ئۆگەي ئانا ھېچقاچان ئۆز ئانىسىنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ، تەقسىر! لېكىن، بۇ گەپلەرنىڭ ئىشىمىزغا مۇناسىۋىتى يوق. بىز ۋالېنتىنا ھەققىدە مەسلىھەت قىلىۋاتىمىز. ئۆلگەنلەرنىڭ گېپىنى قىلىشمايلى.

ماركىز خانىم ئالدىراپ ۋە شۇنداق باشقىچە ئاۋازدا سۆزلىدىكى، جۆيلۈۋاتقاندەك بولۇپ قالدى.

ــ ئېيتقىنىڭىزدەك قىلىمىز، خانىم، ــ دېدى ۋىلفور، ــ

ئۇككىمىزنىڭ گېپىمىز بىر يەردىن چىقتى. ئەپىنە ئەپەندى كېلىشى بىلەنلا...

— موما، — دېدى ۋالېنتىنا، — ئۇنداق قىلساق بولمايدۇ، بىز مۇسىبەت ئۈستىدە تۇرۇۋاتىمىز. مېنىڭ مۇشۇنداق قايغۇلۇق ئالامەتلەر كۆرۈلۈۋاتقاندا توي قىلىشىمنى خالامسىز؟

— بالام، بۇ گېپىڭنى قوي، — موماي دەرھال ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى، — بۇنداق خۇراپىي گەپلەر ئىرادىسى بوش ئادەملەرنىڭ ئىستىقبالىغا دەخلى يەتكۈزىدۇ. مەنمۇ ئانام ئۆلگەن چاغدا توي قىلغان، لېكىن بەختسىز بولۇپ قالمىدىمغۇ.

— يەنە ئۆلۈمنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىسىز، خانىم! — دېدى ۋىلفور.

— يەنە؟ بۇ گەپنى داۋاملىق تەكىتلەيمەن. مېنىڭ ئۆلۈشۈمگە ئاز قالدى، ئاڭلاۋاتامسىز؟ شۇڭا، ئۆلۈشتىن بۇرۇن كۆيئوغلۇمنى كۆرگۈم كېلىدۇ. مەن ئۇنىڭغا قىزىمنى بەختلىك قىلىش تەلىپىنى قويىمەن. ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ، تەلىپىمنى ئورۇندايدىغان - ئورۇندىمايدىغانلىقىنى بىلگۈم كېلىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلگۈم كېلىدۇ، — موماي سۆزلىگەنسېرى چىرايى قورقۇنچلۇق تۈس ئالدى، — ئەگەر ئۇ ئۆزىگە مۇناسىپ ئىش قىلمىسا، مېنىڭ دېگىنىمدەك بولمىسا، گۆردىن قوپۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىمەن.

— خانىم، — دېدى ۋىلفور، — بۇنداق بولمىغۇر خىياللارنى تاشلاڭ. ئۆلگەنلەر ئۆز گۆرىدە ياتىدۇ، ھەرگىز ئورنىدىن تۇرمايدۇ.

— شۇنداق، موما، ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، — دېدى ۋالېنتىنا.

— ياق، تەقسىر، سىزنىڭ دېگىنىڭىز توغرا ئەمەس. ئاخشام مەن بىر قورقۇنچلۇق كېچىنى ئۆتكۈزدۈم. خۇددى جېنىم



ئۇچۇپ چىقىپ كەتكەندەك، ئۆزۈمنىڭ ئۇخلاۋاتقىنىمنى ئۆزۈم كۆرۈپ تۇردۇم. ئويغىنىشقا تىرىشىپ باقساممۇ، كۆزلىرىم ئۆزلۈكىدىن يۇمۇلۇپ كەتتى. بۇ گەپلىرىمگە سىلەر ئىشەنمەسلىكىڭلار مۇمكىن، بولۇپمۇ سىز، تەقسىر. لېكىن مەن كۆزلىرىمنى يۇمۇپ يېتىپ شۇنى كۆردۈمكى، بۇ ھۇجرىغا ۋىلفور خانىمنىڭ پەداز ئۆيىنىڭ ئىشىكى تۇتىشىدىغان بۇلۇڭدىن بىر ئاق گەۋدە شەپە چىقارماي كىرىپ كەلدى.

ۋالېنتىنا ۋارقىراپ تاشلىدى.

— قىزىتمىڭىز ئۆرلەپ قالغان بولسا كېرەك، خانىم، — دېدى ۋىلفور.

— ئىشەنمىسەڭلار، ئىشەنمەڭلار، لېكىن نېمە دېۋاتقىنىمنى ئۆزۈم بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن. ئاشۇ ئاق گەۋدىنى كۆردۈم. خۇددى ياراتقان ئىگەم مېنى كۆرگىنىڭگە ئىشەنمەي قالمىسۇن دېگەندەك، يەنە ئىستاكاننىڭ تارىقلىغىنىنىمۇ ئاڭلىدىم. شۇنداق، شۇنداق، مانا مۇشۇ شىرەدىكى مۇشۇ ئىستاكان.

— چۈشىڭىزدە شۇنداق كۆرۈپ قالغانسىز، موما.

— ياق، بۇ چۈشۈم ئەمەس. قولۇمنى قوڭغۇراققا ئۇزاتقانىدىم، ھېلىقى گەۋدە دەرھال غايىب بولدى. شۇ چاغدا خىزمەتكار ئايال شام كۆتۈرۈپ كىرىپ قالدى.

— قارىساڭلار ھېچكىم يوقمىكەن؟

— ئەرۋاھلار پەقەت كۆرۈشكە تېگىشلىك ئادەملەرگىلا كۆرۈنىدۇ. بۇ، مېنىڭ ئېرىمنىڭ روھى ئىدى. ئېرىمنىڭ روھى مېنى ئىزلەپ كەلگەن تۇرسا، نېمە ئۈچۈن مېنىڭ روھىم بالامنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن كەلمەيدىكەن؟ مېنىڭچە، بالام بىلەن ئىككىمىزنىڭ باغلىنىشىمىز تېخىمۇ چىڭراق.

— خانىم، سىزدىن سوراپ قالاي، — دېدى ۋىلفور ئىختىيارسىز ھالدا چىن قەلبىدىن تەسىرلىنىپ، — بۇنداق كۆڭۈل

سىز خىياللارغا بېرىلىپ كەتمەڭ. سىز بىز بىلەن بىرگە تۇرىسىز، بەختلىك، سۆيۈملۈك، ھۆرمەتلىك ئانا بولۇپ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىسىز. بىز بۇ قايغۇلىرىڭىزنى ئۇنتۇغۇزىمىز...

— ياق، ياق، ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن! — ماركىز خانىم ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى، — ئەپىنە ئەپەندى قاچان قايتىپ كېلىدۇ؟

— پات ئارىدا كېلىدۇ.

— ياخشى. ئۇ كېلىشى بىلەنلا ماڭا ئېيتىڭلار. تېز تۇتۇش قىلىش كېرەك، تېز. ئەمدى نوتارىئۇس بىلەن كۆرۈشىدىغان ئىشىم بار. بىزنىڭ بارلىق مال - ۋەجىمىزنىڭ ۋالېنتىناغا ئۆتۈشىنى رەسمىيلەشتۈرۈپ قويۇشۇم كېرەك.

— ئاھ، موما، — دېدى ۋالېنتىنا مومايىنىڭ چوغدەك قىزىپ تۇرغان ماڭلىيىغا لەۋلىرىنى تەگكۈزۈپ، — مەن بۇ دەردىنى كۆتۈرەلمەيمەن! ۋاي خۇدايىم، بەك قىزىپ كېتىپسىز. نوتارىئۇسنى ئەمەس، دوختۇرنى چاقىرىش كېرەك.

— دوختۇرنى؟ — دېدى موماي مۈرىلىرىنى قىسىپ، — مەن ئاغرىق ئەمەس. بىرئاز ئۇسساپ قالدىم، باشقا ئىش يوق.

— نېمە ئىچىسىز، موما؟

— ھەر دائىمقىدەك ئورانژاد ئىچىمەن، ئۆزۈڭ بىلىسەنغۇ. مانا، شىرە ئۈستىدە ئىستاكان بار، ماڭا ئېلىپ بەرگىنە.

ۋالېنتىنا شىشىدىن ئىستاكانغا ئورانژادنى قۇيۇپ، مومىسىغا بەردى. بۇ چاغدا ئۇنى ئاز - تولا سۈر باسقاندەك بولدى. چۈنكى ماركىز خانىمنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ئىستاكانغا ئەرۋاھ قول تەگكۈزگەندى.

ماركىز خانىم ئىستاكاندىكى ئىچىملىكنى بىراقلا ئىچىۋېتىپ، ياستۇققا يۆلەندى ۋە:

— نوتارىئۇسنى چاقىرىڭلار، نوتارىئۇسنى! — دېدى.



ۋىلفور ھۇجرىدىن چىقىپ كەتتى. ۋالېنتىنا مومىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. شۇ تاپتا ماركىز خانىمدىن تولاراق ئۇنىڭ ئۆزى دوختۇرغا موھتاج بولۇپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ مەڭزىلىرى ئوت ئالغاندەك قىزىپ، نەپەسلىرى بوغۇلۇپ، يۈرىكى قاتتىق سوقۇۋاتتى.

بىچارە قىز، ماكسىمىلىئان سېن - مېران خانىمنىڭ ئۆزىگە ھەمنەپەس بولماقتا يوق، ئەكسىچە ئۇنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىدەك ئىش قىلىۋاتقىنىنى ئۇقسا قانچىلىك ئازابلىنىدىغانلىقىنى ئويلايتتى.

ۋالېنتىنا بۇ ئىشنى مومىسىغا سۆزلەپ بېرىشكە بىرنەچچە قېتىم تەمشەلگەنىدى. مۇبادا ماكسىمىلىئان موررېلنىڭ ئىسمى ئالبېر مورسېر ياكى پائۇل شاتو - رېنو بولغان بولسا، ئۇ قىلچە ئىككىلەنمىگەن بولاتتى. ھالبۇكى، موررېل كېلىپ چىقىشى جەھەتتىن ئاۋام پۇقرا ئىدى. ۋالېنتىنا ماركىز خانىم سېن - مېراننىڭ تېگى - تەكتىدىن ئېسىلزادە بولمىغان كىشىلەرنى قانچىلىك مەنسىتمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ ھە دېسىلا ئاغزىدىن چىقىپ كېتىشكە تۇرغان مەخپىيەتلىكى ھامان يۈرىكىدە ساقلىنىپ قېلىۋەردى، چۈنكى ئۇ بۇنىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولمايدىغانلىقىنى ۋە بۇ سىرنى ئاتىسى بىلەن ئۆگەي ئانىسى بىلىپ قالسا ھەممە ئىشنىڭ تۈگىشىدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى.

شۇ تەرىقىدە ئىككى سائەتكە يېقىن ۋاقىت ئۆتتى. سېن - مېران خانىم تىنچىسىز، ئەندىشىلىك ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. نوتارىئۇسنىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلىشتى. گەرچە بۇ گەپ ئاران ئاڭلانغۇدەك ئاۋازدا ئېيتىلغان بولسىمۇ، سېن - مېران خانىم بېشىنى ياستۇقتىن كۆتۈردى.

— نوتارىئۇس؟ — دېدى ئۇ، — كىرسۇن، كىرسۇن!

نوتارىئۇس ئىشىك ئالدىدا تۇرغانىدى. ئۇ كىردى.

— ۋالېنتىنا، سەن چىقىپ تۇرغىن، — دېدى سېن -

مېران خانىم، — مېنى بۇ ئەپەندى بىلەن يالغۇز قويغىن.

ۋالېنتىنا مومىسىنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى ۋە كۆزلىرىنى قول ياغلىقى بىلەن سۈرتكەن هالدا چىقىپ كەتتى.

ئىشىكنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان خىزمەتكار ئۇنىڭغا ساراي ئۆيدە دوختۇرنىڭ كۈتۈپ ئولتۇرغانلىقىنى ئېيتتى.

ۋالېنتىنا دەرهال ئاستىنقى قەۋەتكە چۈشتى. ئۆز زامانىسىنىڭ ئەڭ ئاتاقلىق ۋىراچلىرىدىن بىرى بولغان دوختۇر ئاۋرىنىي بۇ ئائىلىنىڭ دوستى ئىدى. ئۇ ۋالېنتىنانى بوۋاق ۋاقتىدىن تارتىپلا بىلەتتى ۋە ئۇنى بەك ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ ۋىلفور خېنىم بىلەن تەڭ دېگۈدەك بىر قىزى بار ئىدى. ئۇ قىز تۇغما ئۆپكە كېسىلى بولغان ئانىدىن تۇغۇلغان بولغاچقا، بۇ دوختۇرنىڭ كۆڭلى داۋاملىق تۈردە شۇ قىزنىڭ غېمىنى يەپ ئۆتەتتى.

— ئاھ، قەدىرلىك ئاۋرىنىي ئەپەندى، — دېدى ۋالېنتىنا، — ئەجەبمۇ يولىڭىزغا قاراپ كەتتۇق! ھە، ئالدى بىلەن ئېيتىڭا، مادلېن بىلەن ئانتۇئانېتنىڭ ئەھۋالى قانداق؟

مادلېن دوختۇرنىڭ ئۆز قىزى، ئانتۇئانېت جىيەن قىزى ئىدى.

ئاۋرىنىي ئەپەندى غەمكىن كۈلۈمسىرىدى.

— ئانتۇئانېتنىڭ ئەھۋالى ياخشى، — دېدى ئۇ، — مادلېنمۇ يامان ئەمەس. ھە، مېنى چاقىرغانمىدىڭىز، قەدىرلىكىم؟ كىم ئاغرىپ قالدى؟ ئاتىڭىز ياكى ۋىلفور خانىم ئەمەستۇر؟ ئۆزىڭىزچۇ؟ قارىسام، نېرۋىلىرىڭىز بىر ئاز جىددىيلىشىپ قالغاندەك تۇرىدۇ. شۇنداقتىمۇ، مەن قول سالغۇدەك ئىش بولمىسا كېرەك. مەن پەقەت ھېس - تۇيغۇلارغا بېرىلىپ كەتمەسلىكىڭىزنىلا مەسلىھەت قىلالايمەن.

ۋالېنتىنا قىزىرىپ كەتتى. ئاۋرىنىي كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدىكىنى تاپالايدىغان ئاجايىپ ئىقتىدارغا ئىگە ئىدى. ئۇ، جىسمانىي



كېسەللىكلەرنى مەنىۋى تەسىر كۆرسىتىش ئارقىلىق داۋالاشنى بىلىدىغان دوختۇرلار جۈملىسىدىن ئىدى.

— ياق، — دېدى ۋالېنتىنا، — بىچارە مومام ئاغرىپ قالدى. بىزنىڭ بېشىمىزغا كەلگەن بەختسىزلىكنى بىلىدىغانسىز؟

— بىلمەيمەن، ئاڭلىمىدىم، — دېدى ئاۋرىنىي.

— بوۋام تۈگەپ كېتىپتۇ، — دېدى ۋالېنتىنا يىغىسىنى ئاران بېسىپ.

— ماركىز سېن - مېرانمۇ؟

— ھەئە.

— تۇيۇقسىزلا قازا قىلىپتىمۇ؟

— مېڭىسىگە قان چۈشۈپتۇ.

— مېڭىسىگە قان چۈشۈپتۇ؟ — تەكرارلاپ سورىدى دوختۇر.

— ھەئە. بىچارە مومام ئۇنىڭدىن زادى ئايرىلىپ باقمىغانىدى. ئەمدى ئۇنىڭ كاللىسىغا «ئېرىم مېنى چاقىرىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ كەينىدىن بېرىشىم كېرەك» دېگەن بىرلا خىيال كىرىۋاپتۇ. سىزدىن ئۆتۈنۈپ سوراپ قالاي، تەقسىر، مومامغا ياردەم قىلىڭ!

— ئۇ هازىر قەيەردە؟

— ھۇجرىسىدا. ئۇنىڭ يېنىدا نوتارىئۇس بار.

— نۇئارتىيې ئەپەندىنىڭ ئەھۋالى قانداق؟

— بۇرۇنقىدەكلا. ئەقلى - ھوشى جايىدا، لېكىن يەنىلا ھەرىكەت قىلالمايدۇ، سۆزلىيەلمەيدۇ.

— يەنىلا سىزنى شۇنداق ياخشى كۆرەمدۇ؟

— ھەئە، — دېدى ۋالېنتىنا ئېغىر تىنىق ئېلىپ، — ئۇ مېنى بەك ياخشى كۆرىدۇ.

— سىزنى ياخشى كۆرمەسلىك مۇمكىنمۇ؟

ۋالېنتىنا غەمكىن كۈلۈپ قويدى.

— ھە، مومىڭىزغا نېمە بولدى؟

— ئۇنىڭ نېرۋىلىرى بەكلا چېچىلىپ كېتىپتۇ، غەلىتە چۈشلەرنى كۆرىدىغان بولۇپ قاپتۇ. بايا ئۇ كېچىدە ئۆزىنىڭ جېنىنىڭ تېنىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆرگەنلىكىنى سۆزلەپ كەتتى. بۇ، ئەلۋەتتە، جۆيلۈش. ئۇ، ھۇجرىغا ئەرۋاھ كىرىپ، ئۇنىڭ ئىستاكانىغا قول تەگكۈزگەنلىكىنى كۆردۈم دەپ تۇرىۋالدى.

— تولىمۇ ئەجەپلىنەرلىك ئىش بوپتۇ، — دېدى دوختۇر، — مەن سېن - مېران خانىمدا گاللىيۇتسىناتسىيە① كېسىلى كۆرۈلگەنلىكىنى ئاڭلاپ باقمىغانىدىم.

— ئۇنىڭ بۇنداق ھالغا چۈشۈپ قالغىنىنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈشۈم، — دېدى ۋالېنتىنا، — بۈگۈن ئەتىگەندە ئۇ مېنى بەكلا قورقۇتىۋەتتى. ئۇنى ئەقلىدىن ئېزىپ قالدىمىكىن دەپ ئويلۇدۇم. ئاۋرىنى ئەپەندى، ئاتامنىڭ قانچىلىك ئۆزىنى تۇتىۋالغان ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلمىسىزغۇ، لېكىن ئۇمۇ ئىنتايىن دىلغۇل بولۇپ قالدى.

— ھازىر كۆرۈپ باقايلى، — دېدى ئاۋرىنى، — بۇ تولىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىش بوپتۇ.

بۇ چاغدا نوتارىئۇس ئىككىنچى قېتىم قايتىپ چۈشۈۋاتاتتى. ۋالېنتىناغا ماركىز خانىمنىڭ يالغۇز قالغانلىقىنى خەۋەر قىلىشتى.

— ئۇنىڭ يېنىغا كىرىڭ، — دېدى ۋالېنتىنا دوختۇرغا.

— سىزچۇ؟

— ياق مەن قورقىمەن. ئۇ سىزنى چاقىرتىشقا ئۇنىمىغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۆزىڭىزمۇ ئېيتتىڭىزغۇ، مېنىڭ ھالىم ناچار، تاۋىم يوق. باغقا چىقىپ، ئايلىنىپ كىرەي.

① گاللىيۇتسىناتسىيە — مېڭىنىڭ زەئىپلىشىشى نەتىجىسىدە يوق نەرسىنىڭ بار بولۇپ تۇيۇلۇشى.



دوختۇر ۋالېنتىنانىڭ قولىنى قىستى ۋە ماركىز خانىمنىڭ يېنىغا كىرىپ كەتتى. ئاندىن ۋالېنتىنا باغقا چىقتى.

ئۇنىڭ باغدىكى قايسى جاينى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى سۆزلەپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز. ئۇ ئادەتتە ئۆيىنىڭ ئەتراپىدىكى گۈللەرنى بىرنەچچە قېتىم ئارىلاپ چىقىپ، بىر ئەتىرگۈلنى ئۈزەتتى ۋە ئۇنى بېلىگە ياكى چاچلىرىغا قىستۇرۇۋالاتتى - دە، دەرەخلەر ئارىسىدىكى يول بىلەن مېڭىپ، سكامىيكا بار جايغا، ئاندىن دەرۋازا يېنىغا باراتتى.

ۋالېنتىنا بۇ قېتىممۇ گۈللەرنى ئارىلاپ چىقتى، لېكىن بىر گۈلنىمۇ ئۈزمىدى. ئۇ گەرچە تېخى قارىلىق كىيىمىنى كىيمىگەن بولسىمۇ، قەلبىدىكى ماتەم تۇيغۇسى مۇشۇنداق بىر ئاددىي زىننەتنىمۇ قوبۇل قىلمايتتى. ئاندىن، ئۇ، دەرەخلەر ئارىسىدىكى يولغا چۈشۈپ ماڭدى. ئۇ ماڭغانسېرى كىمدۇر بىرى ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ چاقىرىۋاتقانلىقى ئېنىق ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئۇ ھەيران بولۇپ توختىدى ۋە چاقىرىۋاتقان ئاۋازنى تېخىمۇ ئېنىق ئاڭلىدى. بۇ، ماكسىمىلىئاننىڭ ئاۋازى ئىدى.

## يىگىرمىنچى باب

### ۋەدە

بۇ ھەقىقەتەن موررېل ئىدى. ئۇ، تۈنۈگۈندىن بېرى ئۆزىنى قويىدىغان جاي تاپالماي يۈرەتتى. ئۇ، ئاشىقلارغا ۋە ئانىلارغا خاس ئىچكى تۇيغۇ بىلەن سېن - مېران خانىمنىڭ كېلىشى ۋە ماركىزنىڭ ئۆلۈمى ئارقىسىدا ۋىلفورلارنىڭ ئۆيىدە ئۆزىنىڭ ۋالېنتىناغا بولغان مۇھەببىتىگە تاقىلىدىغان مۇھىم ۋەقەنىڭ يۈز بېرىشىنى سەزگەنىدى.

ئۇنىڭ ئويلىغانلىرى راست بولۇپ چىقتى. ئۇنىڭ كاشتان دەرەخلىرى يېنىدىكى دەرۋازا ئالدىغا بۇنداق ھودۇقۇپ كېلىشى ئاددىيلا ئەنسىرەشتىن بولمىغانىدى. ۋالېنتىنا موررېلنىڭ ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى بىلمەيتتى. بۇ ئۇنىڭ ئادەتتىكى كېلىدىغان ۋاقتى ئەمەس ئىدى. ئۇ، پۈتۈنلەي بىخەۋەر ھالدا ئىشى ئوڭغا تارتىپ باغقا چىقىپ قالغانىدى.

موررېل ئۇنى باغ يولىدا كۆرۈپ چاقىردى. ۋالېنتىنا دەرۋازا ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى.

— ئەجەب بىمەزگىل كېلىپ قاپسىزغۇ! — دېدى ئۇ.

— شۇنداق بىچارە دوستۇم، — دېدى موررېل، — بۇ يەردىكى ئەھۋالنى ئۇققىلى ۋە سىزگە ئەلەملىك خەۋەرلەرنى يەتكۈزگىلى كەلدىم.

— ئۆيىمىزگە ھەممە بەختسىزلىكلەر يېغىپ چۈشتى، — دېدى ۋالېنتىنا، — سۆزلەڭ. ماكسىملىئان، لېكىن بەختسىزلىكلەر سىز ئېيتمىسىڭىزمۇ ئېشىپ - تېشىپ تۇرىدۇ.

— ئالدى بىلەن سۆزۈمنى ئاڭلاپ بېقىڭ، قەدىرلىكىم، — دېدى موررېل ئوچۇقراق سۆزلەش ئۈچۈن ئۆزىنى بېسىۋېلىشقا تىرىشىپ، — سىزگە ئېيتماقچى بولغىنىم ئىنتايىن مۇھىم گەپلەر. تويىڭىزنى قاچانغا مۆلچەرلەشتى؟

— ماڭا قاراڭ، ماكسىملىئان، — دېدى ۋالېنتىنا، — سىزدىن ھېچ نەرسىنى يوشۇرمايمەن. بۈگۈن ئەتىگەن مېنىڭ تويۇم توغرىسىدا گەپ بولدى. مومام مەن تەرەپتە تۇرامدىكىن دەپ ئويلاپ يۈرۈپتىكەنمەن، بىراق ئۇ، بۇ تويغا قوشۇلۇش تۇرماق، ھەتتا تويىنى چاپسانراق ئۆتكۈزۈشكە قىستاۋاتىدۇ. شۇڭا، ئۇلار ئەپىنە كېلىپ ئەتىسىلا نىكاھ كېلىشىمىگە ئىمزا قويماقچى.

موررېل ئېغىر تىنىق ئېلىپ، ۋالېنتىناغا غەمكىن كۆزلىرى بىلەن ئۇزاققىچە تىكىلىپ قارىدى.



— شۇنداق، — دېدى ئۇ بوش ئاۋازدا، — سۆيۈملۈك قىزنىڭ خاتىرجەملىك بىلەن: «سىزنىڭ جازالىنىش ۋاقتىڭىز بەلگىلىنىپ بولدى، بىرنەچچە سائەتتىن كېيىن ئۆلىسىز، بۇنىڭغا نېمە ئامال، شۇنداق قىلىش كېرەك، بۇنىڭغا قارشى تۇرالمايمەن» دېگىنىنى ئاڭلاش كىشىگە بەكمۇ ئېغىر كېلىدۇ. ئەگەر كېلىشىمگە ئىمزا قويۇش پەقەت ئەپىنەنىڭ كېلىشىگىلا قاراشلىق بولسا، ئەگەر ئۇ كېلىپ ئەتىسىلا سىز ئۇنىڭ ئىلكىگە ئۆتىدىغان بولسىڭىز، ئۇنداقتا ئەتە سىلەرنىڭ تويۇڭلار بولىدۇ، چۈنكى ئۇ بۈگۈن ئەتىگەن كەلدى.

ۋالېنتىنا ۋارقىراپ تاشلىدى.

— بىر سائەت ئىلگىرى مەن گراف مونتې - كرىستونىڭ يېنىدا ئىدىم، — دېدى موررېل، — بىز پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتۇق، ئۇ سىلەرنىڭ ئائىلەڭلارغا كەلگەن مۇسىبەت ھەققىدە، مەن سىزنىڭ دەردلىرىڭىز ھەققىدە سۆزلەشتۇق. ئۇشتۇمتۇت ھويلا ئىچىگە بىر ھارۋا كىرىپ كەلدى. گېپىمنى ئاڭلاڭ. شۇ كەمگىچە مەن كۆڭۈل تۇيغۇسىغا ئىشەنمەيتتىم، لېكىن ئەمدى ئىشىنىشكە توغرا كەلدى. مەن ئۇ ھارۋىنىڭ تاراقلىغان ئاۋازىنى ئاڭلىغاندا تەنلىرىم شۈركۈنۈپ كەتتى. ھايال بولماي پەلەمپەيدە قەدەم تاۋۇشلىرى ئاڭلاندى. بۇ قەدەم تاۋۇشلىرى مېنى شۇ قەدەر قورقىتىۋەتتىكى، كوماندىرنىڭ ئېغىر قەدەملىرى دون ژۇئاننى ئۇنچىلىك قورقۇتالمىغان بولغىيدى. ئاخىرى ئىشىك ئېچىلىپ، ئالدى بىلەن ئالبېر مورسېر كىردى. مەن كۆڭلۈمنىڭ تۇيغۇسىدىن شەكلىنىشكە خاتالىشىپتىمەن دەپ ئويلاشقا تاس قالغانىدىم، شۇنداق قارىسام ئالبېرنىڭ كەينىدىن يەنە بىر كىشى كىردى ۋە گراف: «ھە، بارون فرانس ئەپىنە كەپتىغۇ!» دەپ خىتاب قىلدى. مەن پۈتۈن كۈچ ۋە غەيرىتىمنى يىغىپ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم. بەلكى تاتىرىپ كەتكەندۇرمەن، تىترەپ كەتكەندۇرمەن،

لېكىن ھەر ھالدا كۈلۈمسىرىدىم. بەش مىنۇتتىن كېيىن قايتىپ كەتتىم. بۇ بەش مىنۇت ئىچىدە بولغان سۆزلەردىن بىرىمۇ قۇلىقىمغا كىرمىدى، پۈتۈنلەي ئۇچۇقۇپ كەتتىم.

— بىچارە ماكسىمىلىئان! — پىچىرلىدى ۋالېنتىنا.

— شۇنىڭ بىلەن، بۇ يەرگە كەلدىم، ۋالېنتىنا. ئەمدى ماڭا جاۋاب بېرىڭ. مېنىڭ ھايات ۋە ماماتىم سىزنىڭ جاۋابىڭىزغا باغلىق. سىز ئەمدى قانداق قىلىسىز؟

ۋالېنتىنا بېشىنى تۆۋەن سالدى. ئۇنىڭ پۈتۈنلەي روھىي چۈشۈپ كەتكەنىدى.

— ماڭا قاراڭ، — دېدى موررېل، — بىزنىڭ قانداق ئەھۋالدا تۇرۇۋاتقىنىمىزنى بۇندىن بۇرۇنمۇ ئويلىغان بولغىيدىڭىز. بىز جىددىي، ئېغىر، قىيىن ئەھۋالدا تۇرۇۋاتىمىز. مېنىڭچە، ئەمدى بىھۇدە ھەسرەت چېكىپ، قول قوشتۇرۇپ تۇرۇشقا بولمايدۇ. ئۇنداق قىلىش ياۋاشلىق بىلەن ھەسرەتلىنىپ، كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ قاراپ تۇرىدىغان كىشىلەرنىڭ ئىشى. ئۇنداق كىشىلەرنىڭ ئىتائەتمەنلىكىنى بەلكىم ئەرشئەلادا تەڭرى ھېسابقا ئېلىپ قويار. ھالبۇكى، كۈرەش ئىرادىسى بولغان كىشىلەر قىممەتلىك ۋاقتىنى قولدىن بەرمەستىن، تەقدىرنىڭ زەربىسىگە زەربە بىلەن جاۋاب قايتۇرىدۇ. ۋالېنتىنا، سىز تەتۈر پەلەككە قارشى كۈرەش قىلىشنى خالامسىز؟ ماڭا جاۋاب بېرىڭ. مەن سىزدىن مۇشۇنى سوراش ئۈچۈن كەلدىم.

ۋالېنتىنا چۆچۈپ كەتتى ۋە موررېلغا قورقۇپ قارىدى. ئاتىسىغا، موماسىغا، ئۇمۇمەن پۈتۈن ئائىلىسىگە قارشى تۇرۇش ئۇنىڭ كاللىسىغا كىرىپ چىقمىغانىدى.

— نېمە دېمەكچىسىز، ماكسىمىلىئان؟ — دەپ سورىدى ئۇ، — كۈرەش دېگىنىڭىز نېمىسى؟ بۇ نومۇسسىزلىق! ئاتامنىڭ ئەمرىگە، ئاداققى كۈنلىرىنى ئۆتكۈزۈۋاتقان مومامنىڭ ئىرادىسى-



گە خىلاپلىق قىلسام بولامتى؟ ئۇنداق قىلىش مۇمكىن ئەمەس!

موررېل چۆچۈپ كەتتى.

— سۆيۈملۈكۈم ماكسىمىلىئان، سىزنىڭ يۈرىكىڭىز ياخشى، مېنى چۈشىنەلەيسىز. چۈشەنگەنلىكىڭىز ئۈچۈن گەپ قىلمايۋاتىسىز. مەن قانداقمۇ كۈرەش قىلاي! خۇدايىم ساقلىسۇن! ياق، ياق. مەن پۈتۈن كۈچۈمنى يىغىپ، ئۆزۈمگە ھاي بېرىپ، سىز ئېيتقاندەك كۆز ياشلىرىمنى تۆكۈپ قاراپ تۇرۇشۇم كېرەك. ئاتامنى رەنجىتىدىغان، مومامنى ئاخىرقى كۈنلىرىدە خاپا قىلىدىغان ئىش قولۇمدىن كەلمەيدۇ.

— تامامەن توغرا گەپ قىلدىڭىز، — دېدى موررېل پەرۋا قىلمىغان ئاھاڭدا.

— دەۋاتقان گېپىڭىزنى قاراڭا، ۋاي خۇدايىم! — دەپ خىتاب قىلدى ۋالېنتىنا ئۆزىنى ھاقارەتلەنگەندەك ھېس قىلىپ.

— سىزگە قايىل بولۇپ شۇنداق دەۋاتىمەن، خېنىم، — دېدى موررېل ئېتىراز بىلدۈرۈپ.

— خېنىم! — دەپ خىتاب قىلدى ۋالېنتىنا. — خېنىم! بەكمۇ شەخسىيەتچى ئىكەنسىز! مېنىڭ قانداق قىيىن ئەھۋالدا تۇرۇۋاتقىنىمنى كۆرۈپ تۇرۇپ، مېنى چۈشەنمەسكە سېلىۋاتىسىز.

— ئۇنداق ئەمەس. ئەكسىچە، سىزنى ناھايىتىمۇ ياخشى چۈشەندىم. سىز ۋىلفور ئەپەندىنىڭ گېپىنى يىرمايمەن، ماركىز خانىمنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىسام بولمايدۇ. دەۋاتىسىز. سىز ئەتە نىكاھ كېلىشىمىگە قول قويىسىز. شۇنىڭ بىلەن، ئېرىڭىزگە باغلىنىسىز.

— ئەمىسە، قانداق قىلسام بولىدۇ؟

— بۇنى مەندىن سورىماڭ، خېنىم. بۇ ئىشتا مەن ياخشى سودىيە بولالمايمەن. شەخسىيەتچىلىكىم مېنى ھەر كويغا سېلىشى مۇمكىن، — دېدى موررېل. ئۇنىڭ بوغۇق ئاۋازى ۋە تۈرۈلگەن

مۇشتلىرى بارغانسېرى ئۆرلەۋاتقان غەزىپىنى ئىپادىلەپ تۇراتتى.

— موررېل، ئەگەر پىكرىڭىزنى قوبۇل قىلسام، مېنى نېمە قىل دەيسىز؟ جاۋاب بەرسىڭىزچۇ. «سېنىڭ قىلغىنىڭ توغرا ئەمەس» دېيىش بىلەنلا ئىش پۈتمەيدۇ. زادى نېمە قىلىش توغرىلىق مەسلىھەت بېرىش كېرەك.

— بۇ گېپىڭىز راستمۇ، ۋالېنتىنا؟ مەسلىھەت بېرىشىمنى خالامسىز؟

ئەلۋەتتە خالايمەن، ماكسىمىلىئان. مەسلىھەتىڭىز دۇرۇس بولسا قوبۇل قىلىمەن. سىزنى قانچىلىك قەدىرلەيدىغىنىمنى بىلىسىزغۇ.

— ۋالېنتىنا، — دېدى موررېل، بوشاپ قالغان تاختاينى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، — قوپال سۆزلەپ قويغىنىمغا رەنجىمىگەن بولسىڭىز قولىڭىزنى ماڭا بېرىڭ. مېنىڭ بېشىم ئايلىنىپ كەتتى. بىر سائەتتىن بېرى كاللامغا خىلمۇ خىل خىياللار كىرىۋالدى. ئەگەر مېنىڭ مەسلىھەتىمگە كۆنمىسىڭىز...

— زادى قانداق مەسلىھەت ئۇ؟

— ئەمىسە، قۇلاق سېلىڭ، ۋالېنتىنا.

ۋالېنتىنا كۆزلىرىنى يۇقىرىغا قارىتىپ، ئېغىر تىنىق ئالدى.

— مەن ئەركىن ئادەم، — دېدى موررېل، — بايلىقىممۇ ئىككىمىزگە يېتىدۇ. قەسەم قىلىمەنكى، سىز مېنىڭ ئايالىم بولمىغۇچە ھەتتا ماڭلىيىڭىزغىمۇ لەۋلىرىمنى تەگكۈزمەيمەن.

— قورققۇم كېلىۋاتىدۇ، — دېدى ۋالېنتىنا.

— قېچىپ كېتەيلى، — دېدى موررېل سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — سىزنى سىڭلىمنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ قوياي. ئۇ سىزگە ھەمشىرە بولۇشقا مۇناسىپ. بىز ئالجىرىيىگە، ئەنگلىيىگە ياكى ئامېرىكىغا كېتەيلى، ياكى بولمىسا، دوستلىرىمىز سىزنىڭ ئائىلىڭىزنىڭ قارشىلىقىنى تۈگەتكۈچە بىرەر چەت جايغا بېرىپ تۇرۇپ تۇرايلى.



ۋالېنتىنا بېشىنى چايقىدى.

— مۇشۇنداق دەيدىغىنىڭىزنى ئويلىغانىدىم، ماكسىمىلىئان، — دېدى ئۇ، — بۇ بىر ئەخمىقانە مەسلىھەت. بۇنىڭغا ماقۇل دېسەم تېخىمۇ ئەخمەقلىق بولىدۇ. شۇڭا، سىزنى دەرھال بۇ نىيىتىڭىزدىن ياندۇرۇشۇم كېرەك. ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ.

— ئەمىسە، بېشىڭىزغا كەلگەننى كۆرۈپ، تەقدىرگە باش ئېگىپ، كۈرەش قىلىشقا ئازراقمۇ ئۇرۇنۇپ باقمامسىز؟ — دېدى موررېل قايتىدىن چىرايى تۇتۇلۇپ.

— ھەئە، ئۆلۈپ كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ، قارشىلىق كۆرسەتمەيمەن!

— ماقۇل، ۋالېنتىنا، — دېدى ماكسىمىلىئان، — يەنە بىر قېتىم قايىل بولدۇم، سىز ناھايىتىمۇ توغرا گەپ قىلدىڭىز. دېمىسىمۇ، مەن بىر ئەخمەق. ئەڭ ساغلام پىكىرلىك كىشىلەرمۇ ھەۋەسىنىڭ كەينىگە كىرسە كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەي قالىدىغانلىقىنى ماڭا ئىسپاتلاپ بەردىڭىز. سىزنىڭ ھەۋەسكە بېرىلمەستىن پىكىر يۈرگۈزگىنىڭىزگە رەھمەت. ئەمىسە، شۇنىڭغا توختىشايلى. ئەتە سىز فرانس ئەپىنەگە مەڭگۈلۈككە باغلىنىسىز. بۇ، سەھنىدىكى ۋەقەلىكنىڭ كومېدىيىلىك يېشىلىشى ئۈچۈن ئويلاپ چىقىرىلغان قۇرۇق رەسمىيەت بولماستىن، بەلكى سىزنىڭ ئىختىيارىڭىز بىلەن ئىمزالانغان نىكاھ كېلىشىمى بولىدۇ.

— مېنى يەنە قىيناۋاتىسىز، ماكسىمىلىئان، — دېدى ۋالېنتىنا. — جاراھىتىمنى پىچاق بىلەن قوچۇۋاتىسىز! ئەگەر سىڭلىڭىز ھېلى ماڭا ئېيتقىنىڭىزدەك قىلغان بولسا سىز قانداق قىلغان بولاتتىڭىز؟

— خېنىم، — دېدى موررېل ئاچچىق كۈلۈمسىرەپ، — سىز ئېيتقاندەك، مەن شەخسىيەتچى. شۇڭا، مەن باشقىلار مېنىڭ ئورنۇمدا بولسا قانداق قىلاتتىكىن دېگەننى ئەمەس، بەلكى

ئۆزۈمنىڭ نېمە قىلىشىمنى ئويلايمەن. شۇنى ئويلىدىمكى، سىز بىلەن تونۇشقىنىمىزغا بىر يىل بولۇپ قالدى. سىزنى كۆرگەن كۈندىن بۇيان بەختكە بولغان بارلىق ئۈمىدلىرىم سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىزگە قاراشلىق بولدى. ئاخىرى بىر كۈنى مېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزنى ئېيتتىڭىز شۇ كۈندىن باشلاپ، كەلگۈسىنى ئويلىغاندا سىزنى مېنىڭ بولدى دەپ ئىشىنىدىغان بولدۇم. مەن ئۈچۈن پۈتۈن ھايات ئەنە شۇندىن ئىبارەت ئىدى. ئەمدى ھېچنېمىنى ئويلىمايدىغان بولدۇم. پەقەت ئۆز - ئۆزۈمگە «بەختمەندىن يۈز ئۆرىدى» دېيەلەيمەن. مەن بەخت - سائادەتكە ئېرىشىدىغان بولدۇم دەپ يۈرۈپ، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالدىم. قىمارۋازنىڭ ئۆزىدە بار نەرسىنىلا ئەمەس، بەلكى يوق نەرسىنىمۇ ئۇتتۇرۇۋېتىشى دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان ئىشقۇ.

موررېل بۇ گەپلەرنى ناھايىتى خاتىرجەملىك بىلەن سۆزلىدى. ۋالېنتىنا ئۆزىنىڭ يوغان كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ موررېلنىڭ كۆزلىرىگە ئۆزىنىڭ پاراكەندىلىككە تولغان قەلبىنى كۆرسەتمەسلىككە تىرىشتى.

— سىز زادى نېمە قىلماقچى بولۇۋاتىسىز؟ — سورىدى ۋالېنتىنا.

— سىز بىلەن خوشلاشماقچى بولۇۋاتىمەن، خېنىم. خۇدا مېنىڭ سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ، قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. مەن سىزنىڭ تۇرمۇشىڭىزنىڭ تىنچ، بەختلىك ۋە توققۇزى تەل بولۇپ ئۆتۈشىنى خالايمەنكى، كېيىنكى ھاياتىڭىزدا مېنى ئەسلەشكە ئورۇن قالمىسۇن.

— ئاھ، خۇدا! — دەپ پىچىرلىدى ۋالېنتىنا.

— ئەلۋىدا، ۋالېنتىنا، ئەلۋىدا! — دېدى موررېل ۋە چوڭقۇر تەزىم قىلدى.

— نەگە بارىسىز؟ — دەپ ۋارقىرىدى ۋالېنتىنا ۋە قول-



لىرىنى رېشاتكىلار ئارىسىدىن سوزۇپ، ماكسىمىلىئاننىڭ يېڭىدىن ئۇتۇۋالدى. ئۇ، ئۆز سۆيگىنىنىڭ ئۆزىنى قەستەن خاتىرجەم قىلىپ كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى چۈشىنەتتى، — سىز نەگە بارىسىز؟

— بۇندىن كېيىن ئائىلىڭىزگە ئاۋارىگەرچىلىك تېپىپ بەرمەسلىككە تىرىشىمەن، مۇشۇنداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان ۋىجدانلىق ۋە ساددىق ئادەمنىڭ قانداق قىلىشى لازىم ئىكەنلىكىنى ئەمەلدە كۆرسىتىمەن.

— نېمە قىلىمەن دەيسىز؟ ئېيتىپ بېرىڭ.

موررېل غەمكىن كۈلۈپ قويدى.

— گەپ قىلىڭ، گەپ قىلىسىڭىزچۇ! — دېدى قىز يالۋۇرۇپ.

— بايىقى گەپلىرىڭىزدىن ياندىڭىزمۇ، ۋالېنتىنا؟

ئۇ گەپلىرىمدىن يېنىۋالالمايمەن، ئۆزىڭىز بىلىسىزغۇ! — دەپ خىتاب قىلدى قىز.

— ئەمىسە، خەير - خوش!

ۋالېنتىنا رېشاتكىنى شۇنداق قاتتىق سىلكىپ كەتتى، ئۇنىڭ بۇنچىلىك كۈچى بارلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولمايتتى. موررېلنىڭ توختىماي كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، ئۇ قوللىرىنى ئۇنىڭغا سوزۇپ، ۋارقىراپ كەتتى:

— نېمە قىلىمەن دەيسىز؟ مېنىڭ بىلىشىم كېرەك! نەگە كېتىۋاتىسىز؟

— خاتىرجەم بولۇڭ، — دېدى موررېل قەدىمىنى توختىتىپ، — مەن تەقدىرىم ئۈچۈن كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن باشقىلارنى جاۋابكارلىققا تارتىشنى ئويلىمايمەن. مېنىڭ ئورنۇمدا باشقا بىرى بولسا، ئەپەندىنى دۇئېلغا چاقىرىپ، سوقۇشىمەن دەپ سىزگە تەھدىت سالغان بولاتتى... ئۇنداق قىلىش ئەخمەقلىق. ئەپەندىنىڭ نېمە گۇناھى بولسۇن؟ ئۇ مېنى بۈگۈن ئەتىگەن تۇنجى قېتىم كۆردى. بۇچاققىچە بەلكىم مېنى ئۇنتۇپ كەتكەن-

دۇر. سىلەرنىڭ ئائىلەڭلار ئىككىڭلارنىڭ بېشىڭلارنى قوشۇپ قويۇشقا كېلىشكەندە ئۇ مەندەك بىر ئادەمنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭغا تىل تەككۈزۈشكە ھەققىم يوق. قەسەم ئىچىمەنكى، ئۇنىڭغا قول تەگكۈزۈشنى ئويلىمايمەن.

— ئەمىسە كىمگە قول تەگكۈزىسىز؟ ماڭىمۇ؟

— سىزگىمۇ، ۋالېنتىنا؟ خۇدا ساقلىسۇن! ئايال كىشى مۇقەددەس، ئەگەر ئۇ سۆيۈملۈك ئايال بولسا، قوشلاپ مۇقەددەس بولىدۇ.

— ئەمىسە ئۆزىڭىزگە قول تەگكۈزمەكچىمۇ؟ ئەقىلسىز!

— ھەممە گۇناھ ئۆزۈمدە ئەمەسمۇ، — دېدى موررېل.

— ماكسىمىلىئان، — دەپ چاقىردى ۋالېنتىنا، — بۇياققا كېلىڭ، بۇياققا كېلىشىڭىزنى تەلەپ قىلىمەن!

— ماكسىمىلىئان ئادەتتىكىدەك يۇمشاق كۈلۈمسىرەپ، يېقىنراق كەلدى. ئەگەر ئۇ، شۇ قەدەر تاتىرىپ كەتمىگەن بولسا، ئۇنىڭغا ھېچ ئىش تەسىر قىلمىدى دەپ ئويلاشقا بولاتتى.

— سۆيۈملۈك، قەدىرلىك ۋالېنتىنا، گېپىمنى ئاڭلاپ بېقىڭ، — دېدى ئۇ ئۆزىنىڭ جاراڭلىق ۋە سەمىمىي ئاۋازى بىلەن، — ئىككىمىزدەك كىشىلەرنىڭ، تۇغقانلارنىڭ ۋە خۇدانىڭ ئالدىدا يەرگە قارىغۇدەك ھېچقانداق ئىش قىلمىغان كىشىلەر بىر-بىرىنىڭ قەلبىنى ئېچىپ قويغان كىتابتىكىدەك كۆرەلەيدۇ. مەن رومان پېرسوناژى ئەمەس، ئېچىنىشلىق ئەسەرلەرنىڭ قەھرىمانى ئەمەس؛ مانفرېد، ئانتونىلارنى دورىمايمەن. ھالبۇكى، ئارتۇق سۆز، ۋەدە قەسەم قىلمايلا سىزگە ھاياتىمنى تەقدىم قىلىمەن. سىز مېنى تاشلاپ كەتمەكچى بولۇۋاتىسىز. شۇنداق قىلىشىڭىز توغرا. بۇنى بايا دېگەنىدىم، ھازىر يەنە دەۋاتىمەن. قانداقلا بولمىسۇن سىز مېنى تاشلاپ كەتكەندىن كېيىن مېنىڭ ھاياتىم ئاخىرلىشىدۇ. ۋالېنتىنا، سىز مېنى تاشلاپ كەتكەندىن كېيىن مەن بۇ دۇنيادا يالغۇز قالىمەن، سىڭلىم ياتلىق بولۇپ بەختىنى تاپ-



تى. ئۇنىڭ ئېرى ماڭا پەقەت قېيىن ئىنىلا بولالايدۇ. يەنى ئۇ ماڭا پەقەت كىشىلىك تۇرمۇشتىكى رەسىم-قائىدىلەر ئارقىلىقلا باغلانغان كىشى بولالايدۇ. دېمەك، مېنىڭ ھاياتىم بۇ دۇنيادا ئەمدى ھېچكىمگە ھاجەت ئەمەس. مەن ئەمدى مانا مۇنداق قىلىمەن. سىز نىكاھلانغانغا قەدەر كۈتىمەن. بەزىدە تەقدىرنىڭ ئويۇن كۆرسىتىشى بىلەن چىقىپ قالىدىغان كۈتۈلمىگەن پۇرسەتلەرنىڭ ھەتتا سايىسىنىمۇ قولدىن بەرمەي قويماسقا تىرىشىمەن. دېمىسىمۇ، نىكاھ ۋاقتى توشقۇچە فرانس ئەپىنە ئۆلۈپ كېتىشى مۇمكىنغۇ. ياكى سىلەر مېھراپ ئالدىغا يېتىپ بارغۇچە مېھراپقا چاقماق چۈشۈشى مۇمكىنغۇ. ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان كىشى ئۆزىنىڭ قۇتۇلۇشى ھەققىدىكى ھەرقانداق گەپكە، ھەتتا مۆجىزىگىمۇ ئىشىنىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، مەنمۇ ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتقىچە كۈتىمەن. قايتۇرغىلى بولمايدىغان بەختسىزلىك بېشىمغا چۈشۈپ، ھېچقانداق ئۈمىد قالمىغاندا، قېيىن ئىنىمگە ۋە ساقچى باشلىقىغا بىر پارچىدىن خەت يېزىپ، ئۇلارغا بۇ قارارىمنى ئۇقتۇرىمەن. ئاندىن ئورمانلىقتا بولامدۇ، بىر يار بويىغىمۇ ياكى بىرەر دەريانىڭ بويىغىمۇ بېرىپ ئۆزۈمنى تاپانچا بىلەن ئېتىۋالىمەن. مېنىڭ فرانسىيىدە ياشىغان ئادەملەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ۋىجدانلىق ئادەمنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىم قانچىلىك شەكسىز بولسا، بۇ قارارىممۇ شۇنچىلىك شەكسىز.

ۋالېنتىنانىڭ پۈتۈن ئەزايى - بەدىنىگە تىترەك ئولىشىپ كەتتى. ئۇ، ئۆزى تۇتۇپ تۇرغان رېشاتكىنى قويۇۋەتتى، قوللىرى جانسىز ھالدا ئېسىلىپ قالدى ۋە سالماقلىق ئىككى تامچە ياش مەڭزىنى بويلاپ ئېقىپ چۈشتى.

قەتئىي نىيەتكە كەلگەن موررېل ئۇنىڭ ئالدىدا قاپىقىنى سېلىپ تۇراتتى.

— نىيىتىڭىزنى بۇزماڭ، نىيىتىڭىزنى بۇزماڭ، — دېدى

قىز، — ياق، سىز ئۆزىڭىزنى ئۆلتۈرمەيسىز، شۇنداقمۇ؟

— ۋىجدانىم بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۆزۈمنى ئۆلتۈرمەن، — دېدى ماكسىمىلىئان، — لېكىن سىزگە بەربىر ئەمەسمۇ؟ سىز ئۈستىڭىزدىكى بۇرچىڭىزنى ئادا قىلسىڭىزلا ۋىجدانىڭىزغا نۇقسان يەتمەيدۇ.

ۋالېنتىنا يەرگە تىزلىنىپ، قوللىرىنى كۆكسىگە قويدى. ئۇنىڭ يۈرىكى پارە - پارە بولۇپ كېتىۋاتاتتى.

— ماكسىمىلىئان، — دېدى ئۇ، — دوستۇم، بۇ دۇنيادىكى قېرىندىشىم، ئۇ دۇنيالىق ھەمراھىم، ئۆتۈنۈپ قالاي، ماڭا ئوخشاش بولغىن، ھەسرەت چەكسەڭمۇ ياشىغىن. بەلكىم بىزنىڭمۇ قوشۇلىدىغان كۈنىمىز بولۇپ قالار.

— ئەلۋىدا، ۋالېنتىنا! — دېدى يەنە موررېل.

— خۇدا، — دېدى ۋالېنتىنا سۆز بىلەن تەرىپلىگۈسىز قىياپەتتە قوللىرىنى ئاسمانغا سوزۇپ، — ئۆزۈڭ كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسەن، ئاتامنىڭ ئىتائەتچان قىزى بولۇش ئۈچۈن قولۇمدىن كېلىدىغانىنىڭ ھەممىنى قىلدىم؛ يېلىندىم، يالۋۇردۇم، قاقشىدىم. ئۇ، مېنىڭ يېلىنىش، يالۋۇرۇشلىرىمغىمۇ، كۆز ياشلىرىمغىمۇ پىسەنت قىلمىدى. ئەمدى، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئۇ قەتئىيلىك بىلەن ياشلىرىنى سۈرتۈپ، — پۇشايمان بىلەن ئۆلگەندىن، نومۇستىن ئۆلۈشنى ئەۋزەل كۆرىمەن. سىز ئۆلمەيسىز، ماكسىمىلىئان، مەن سىزدىن باشقا ھېچكىمگە ئۆزۈمنى تۇتقۇزمايمەن، ئۆزۈمنى سىزگە بېرىمەن. قاچان؟ قايسى ۋاقىتتا؟ ھازىرمۇ؟ سۆزلەڭ، بۇيرۇڭ، مەن تەييار.

يەنە بىرنەچچە قەدەم نېرىغا كېتىپ قالغان موررېل دەرھال قايتىپ كەلدى ۋە خۇشاللىقىدىن تاتىرىپ كەتكەن كۆزلىرى نۇرلىنىپ كەتكەن ھالدا رېشاتكىلار ئارىسىدىن قوللىرىنى ۋالېنتىناغا سوزدى.



— ۋالېنتىنا، — دېدى ئۇ، — ئۇنداق دېمەڭ، ئۇنداق قىلغاندىن ئۆلگىنىم ياخشى. ئەگەر سىز مېنى مەن سىزنى سۆيگەندەك سۆيسىڭىز سىزنى مەجبۇرىي ئېلىپ كېتىپ نېمە قىلىمەن؟ ياكى سىز ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىپ شۇنداق دەۋاتامسىز؟ ئەگەر شۇنداق بولسا يەنىلا ئۆلگىنىم ياخشى.

— دېمىسىمۇ، — دەپ پىچىرلىدى ۋالېنتىنا، — بۇ دۇنيادا مېنى بىردىنبىر ياخشى كۆرىدىغان كىشى كىم؟ ئۇ. قايغۇ - ھەسرەتلىرىمدە ماڭا غەمگۇزار بولغان كىشى كىم؟ ئۇ. مېنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدلىرىم كىمگە باغلانغان؟ پەرىشان كۆزلىرىم كىمگە تەلمۈرگەن؟ ئۇنىڭغا جاراھەتلەنگەن قەلبىم كىمدىن شىپالىق تاپقان؟ ئۇنىڭدىن، يالغۇز ئۇنىڭدىن. ھە، سېنىڭ دېگىنىڭمۇ توغرا، ماكسىمىلىئان. مەن سەن بىلەن كېتىمەن، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۆيۈمنى، ھەممىنى تاشلاپ كېتىمەن... ھەممىنى! مەن نېمە دېگەن ۋاپاسىز، — دەپ خىتاب قىلدى ۋالېنتىنا ۋە ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى، — بوۋامنى ئۇنتۇپ قاپتىمەنغۇ!

— ياق، — دېدى ماكسىمىلىئان، — سەن ئۇنى تاشلىۋەتمەيسەن. نوئارتىيې ئەپەندىنىڭ مېنى ياقتۇرىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدىڭ. شۇنداق بولغاندىن كېيىن، قېچىشتىن ئاۋۋال ئۇنىڭغا ھەممىنى سۆزلەپ بەرگىن. ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئالساق، خۇدا سېنى كەچۈرىدۇ. بىز توي قىلغاندىن كېيىن ئۇنى ئۆيىمىزگە ئاپىرىۋالىمىز. ئۇ ئىككى نەۋرىگە ئىگە بولىدۇ. سەن ئۇنىڭ ئۆز پىكرىنى قانداق ئىپادىلەيدىغانلىقىنى ۋە سېنىڭ قانداق جاۋاب قايتۇرىدىغانلىقىڭنى ماڭا سۆزلەپ بەرگەنىدىڭ. كۆرۈپ تۇر، مەن بۇنداق تەسىرلىك بەلگىلەر تىلىنى تېزلا ئۆگىنىۋالىمەن. قەسەم قىلىمەن، ۋالېنتىنا، كۆز ئالدىمىزدىكى ئۈمىدسىزلىكنىڭ ئورنىغا ساڭا بەخت ئاتا قىلىمەن!

— مېنى ۋاڭچىلىك بويسۇندۇرىۋالغىنىڭىزنى قارىغىنا، ماگسىمىلىئان! دەۋاتقان گەپلىرىڭگە ئىشىنىشكە تەييار تۇرىۋاتىمەن، لېكىن بۇنىڭ ھەممىسى كىشىنى قايىل قىلالمايدىغان گەپلەرغۇ. ئاتام ماڭا لەنەت ئوقۇيدۇ. مەن ئۇنى بىلىمەن، ئۇنىڭ تەرسالىقىنى بىلىمەن، ئۇ مېنى ھەرگىز كەچۈرمەيدۇ. مۇنداق قىلساقچۇ، ماكسىمىلىئان، ئەگەر ھىيلە ئىشلىتىپ، يالۋۇرۇپ ياكى تاسادىپىي ئىش بولۇپ، نېمە دېسەم بولىدىكىن، ئىش قىلىپ، قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن، توي ۋاقتىنى كەينىگە سۈرەلىسەم، سىز شۇنىڭغىچە كۈتۈپ تۇرامسىز، ھە؟

— ھەئە، قەسەم ئىچىمەن. ئەمدى سىزمۇ قەسەمياد قىلىڭ. بۇ نىكاھنىڭ ئەمەلگە ئاشمايدىغانلىقىنى، مۇبادا سىزنى مەجبۇرەن ۋالىينىڭ، روھانىينىڭ ئالدىغا سۆرەپ بېرىشقان تەقدىردىمۇ «ياق» دەپ جاۋاب بېرىدىغانلىقىڭىزنى ئېيتىپ قەسەم قىلىڭ.

— ساڭا قەسەم قىلىمەن، ماكسىمىلىئان. ئېيتقىنىڭدەك بولىدۇ. بۇ دۇنيادا مەن ئۈچۈن ئەڭ مۇقەددەس بولغان ئانامنىڭ نامى بىلەن قەسەم ئىچىمەن!

— ئەمىسە، ساقلاپ تۇرايلى، — دېدى موررېل.

— ھەئە، ساقلاپ تۇرايلى، — دېدى ۋالېنتىنا يېنىكلەپ قالغان ھالدا، — قۇتۇلۇشىمىزغا ھەر خىل ئاماللار چىقىشى مۇمكىنغۇ.

— ئەمىسە، سىزگە ئىشەندىم، ۋالېنتىنا، — دېدى موررېل، — ئېيتقىنىڭىزدەك قىلسىڭىز بەك ياخشى بولىدۇ، لېكىن يالۋۇرۇشلىرىڭىز ئەسقاتماي قالسا، ئاتىڭىز بىلەن سېن - مېران خانىم ئەپىنەنى ئەتىلا چاقىرتىپ، كېلىشىمنى ئىمزالىماقچى بولسا...

— ئۇ چاغدا... ۋەدىمىز بويىچە ئىش قىلىمىز.

— سىز ئىمزا قويماي...



— سىزنىڭ ئالدىڭىزغا چىقىمەن، قاچىمىز. لېكىن شۇنىڭغىچە خۇدانىڭ ئالدىدا ۋەدىمىزگە ئەمەل قىلىپ، كۆرۈشمەيلى. ھېلىمۇ شۇ چاغقىچە خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن بىزنى ھېچكىم كۆرۈپ قالمىدى. ئەگەر بىزنىڭ كۆرۈشۈپ يۈرگىنىمىزنى ئۇقۇپ قېلىشسا، ھېچقانداق ئۈمىدىمىز قالمىغان بولاتتى.

— توغرا، ۋالېنتىنا، بىراق سىزنىڭ ئۇچۇرىڭىزنى...

— نوتارىئۇس دېشاندىن ئاڭلايسىز.

— ئۇنى تونۇيمەن.

— ئۆزۈممۇ ئۇچۇر بېرىمەن. سىزگە خەت يازىمەن، ئىشىنىڭ. ماكسىمىلىئان، بۇ نىكاھدىن مەنمۇ خۇددى سىزگە ئوخشاشلا نەپرەتلىنىمەن.

— رەھمەت، ھەشقاللا، ۋالېنتىنا، سۆيۈملۈكۈم! دېمەك، پۈتۈشۈپ بولدۇق. بەلگىلىگەن ۋاقتىڭىزدا مەن ئۇچقاندەك يېتىپ كېلىمەن. سىز توسۇقتىن ئارتىلىپ ئۆتىسىز. بۇ قىيىن ئەمەس. مەن قولىڭىزدىن تۇتۇپ ئۆتكۈزۈپ قويىمەن. كۆكتاتلىقنىڭ ئىشىكى ئالدىدا سىزنى بىر پەيتون كۈتۈپ تۇرغان بولىدۇ، سىزنى سىڭلىمنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ قويىمەن. شۇ يەردە يوشۇرۇنىمىز ياكى ئوچۇق - ئاشكارا يۈرۈۋېرىمىز، سىز قانداق قىلىشنى خالىسىڭىز شۇنداق قىلىمىز. ئۇ يەردە بىزنىڭ ھەققانىي ھەرىكىتىمىز ۋە بەختكە ئىنتىلىش روھىمىز قوللاشقا ئېرىشىدۇ. بىز ئۆزىمىزنى دەرمانسىز پاقلاندەك بوغۇزلاشقا يول قويمايمىز.

— شۇنداق بولسىمۇ، — دېدى ۋالېنتىنا، — ماكسىمىلىئان، ئەمدى مەنمۇ سىزگە ئېيتىپ قوياي، ئېيتقىنىڭىزدەك قىلسىڭىز بەك ياخشى بولىدۇ.

— سۆيۈملۈكۈم!

— ھە، قانداق، ئاياللىڭىزدىن رازى بولدىڭىزمۇ؟ — قىز غەمكىن ئاھاڭدا سورىدى.

— ۋالېنتىنا، قەدىرلىكىم. «ھەئە» دېيىش ئازلىق قىلىدۇ.

— شۇنداق بولسىمۇ، ئېيتىڭ.

ۋالېنتىنا لەۋلىرىنى رېشاتكىغا يېقىنلاشتۇردى. ئۇنىڭ سۆزلىرى ئىسسىق تىنىقلىرىغا قوشۇلۇپ موررېلنىڭ لەۋلىرىگە تەگدى، چۈنكى موررېلمۇ ئۇ تەرەپتە تۇرۇپ، لەۋلىرىنى سوغۇق، رەھىمسىز توسۇققا ياققانىدى.

— خەير - خوش، — دېدى ۋالېنتىنا بۇ بەختسىز تەسلىكتە ئۆزىنى تارتىپ، — خەير - خوش!

— ماڭا خەت يازامسىز؟

— ھەئە.

— رەھمەت، قەدىرلىك ئايالىم، خوش!

ھاۋاغا ئۇچۇرۇلغان ئەيىبسىز سۆيۈشنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى ۋە ۋالېنتىنا لىپا دەرەخلىرى ئارىسىدىكى يول بىلەن يۈگۈرۈپ كېتىپ قالدى.

موررېل ئۇنىڭ كۆڭلىكىنىڭ كوكاتلارغا ئىلىنىشىپ چىقارغان شەپىسى ۋە ئاياغلىرى ئاستىدا قۇمنىڭ شىرىقلاشلىرىنىڭ يىراقلاپ كېتىۋاتقىنىنى تىڭشاپ تۇردى. ئۇ، سۆز بىلەن تەرىپلىگۈسىز تەبەسسۇم بىلەن كۆزلىرىنى ئاسمانغا قارىتىپ، تەڭرىنىڭ ئۆزىگە مۇشۇنداق مۇھەببەتنى ئاتا قىلغىنى ئۈچۈن تەشەككۈر ئەيلىدى. ئاندىن، ئۇمۇ كەتتى.

ئۇ، ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن پۈتۈن بىر ئاخشام ۋە ئەتىسى پۈتۈن بىر كۈن خەۋەر كۈتتى، لېكىن ھېچقانداق ئۇچۇر بولمىدى. پەقەت ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەن سائەت ئوندا، ئۇ، نوتارىئۇس دېشاننى ئىزلەپ تاپاي دەپ تۇرغاندا پوچتا ئارقىلىق خەت كېلىپ قالدى. ئۇ، گەرچە شۇ كەمگىچە ۋالېنتىنانىڭ خېتىنى كۆرۈپ باقمىغان بولسىمۇ، بۇ خەتنىڭ دەل ۋالېنتىنادىن كەلگەنلىكىنى دەرھال چۈشەندى.



خەتتە مۇنداق يېزىلغانىدى:

«كۆز ياشلىرىم، يېلىنىش، يالۋۇرۇشلىرىمنىڭ ھېچقانداق نەتىجىسى بولمىدى. تۈنۈگۈن مۇقەددەس فىلىپ رۇل چېركاۋىغا بېرىپ، ئىككى سائەتكىچە پۈتۈن دىلىم بىلەن خۇداغا ئىبادەت قىلدىم. ھالبۇكى، خۇدامۇ خۇددى بەندىلەرگە ئوخشاشلا رەھىم قىلمىدى. كېلىشىمنىڭ ئىمزالىنىشى بۈگۈن كەچ سائەت توققۇزغا بەلگىلەندى.

موررېل، مەن ئۆز قەلبىمگە سادىق بولغىنىمدەك، ۋەدەمگىمۇ سادىق. سىزگە ۋەدە بەردىم، دېمەك، قەلبىممۇ سىزگە تەئەللۇق!

كەچ سائەت توققۇزغا چارەك قالغاندا ھېلىقى رېشاتكىنىڭ يېنىدا كۆرۈشەيلى.

ئايالىڭىز ۋالېنتىنا ۋىلفور.

بىچارە مومامنىڭ ئەھۋالى بارغانسېرى يامانلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. تۈنۈگۈن ئۇنىڭ بىتاپلىقى جۆيلۈش دەرىجىسىگە يەتتى، بۈگۈن جۆيلۈشى ئەقلىدىن ئېزىپ قالغاندەك ھالەتكە ئۆزگەردى. ئۇنى مۇشۇنداق ئەھۋالدا تاشلاپ كەتكىنىمنى ئۇنتۇلدۇرۇش ئۈچۈن مېنى بەك ياخشى كۆرىدىغان بولارسىزمۇ؟ ئۇلار كېلىشىمنىڭ بۈگۈن كەچتە ئىمزالىنىشىنى نوئارتىيې بوۋامدىن يوشۇرۇۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ».

موررېل ۋالېنتىنادىن ئالغان مەلۇماتلار بىلەن چەكلىنىپ قالمىدى. ئۇ، نوتارىئۇسنىڭ يېنىغا باردى. نوتارىئۇسمۇ كېلىشىمگە بۈگۈن كەچ سائەت توققۇزدا ئىمزا قويۇلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئاندىن ئۇ مونتې - كرىستونىڭ ئۆيىگە باردى ۋە ئۇ

يەردە ھەممىدىن كۆپرەك تەپسىلاتلارنى ئۇقتى. فرانس گرافنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئۆزىنىڭ توي قىلماقچى بولغانلىقىنى ئېيتىپتۇ؛ ۋىلفور خانىم گرافقا خەت يېزىپ، ئۇنى بۇ تويغا تەكلىپ قىلمايدىغانلىقى ئۈچۈن ئەپۇ سوراپتۇ ھەمدە ماركىز سېن - مېراننىڭ ئۆلۈمى ۋە ئۇنىڭ تۇل قالغان ئايالىنىڭ كېسىلى بۇ توينى گوياكى قايغۇ - ھەسرەت بۇلۇتىدەك ئورىۋالغانلىقى ئۈچۈن گرافنى كۆڭۈلسىز سورۇنغا چاقىرىشقا پېتىنالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

ئالدىنقى كۈنى فرانس سېن - مېران خانىمغا تونۇشتۇرۇلغانىدى. سېن - مېران خانىم شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئورنىدىن تۇرغان بولسىمۇ، كېيىن يەنە يېتىپ قالغانىدى.

ئوڭايلا قىياس قىلىشقا بولىدۇكى، موررېل ئىنتايىن دەكە - دۈكىگە چۈشۈپ قالدى. گرافنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى بۇنى كۆرمەي قېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا، مونتې - كرىستو ئۇنىڭغا ئادەتتىكىدىن بەكرەك خۇش مۇئامىلىدە بولدى. ئۇنىڭ مۇئامىلىسى شۇ قەدەر مۇلايىم بولدىكى، ماكسىمىلىئان ئۇنىڭغا ھەممىنى سۆزلەپ بېرىشكە تاس قالدى. ھالبۇكى، ئۇ ۋالېنتىناغا بەرگەن ۋەدىسىنى يادىغا ئېلىپ، بۇ سىرنى يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ساقلاپ قالدى.

شۇ بىر كۈن ئىچىدە ماكسىمىلىئان ۋالېنتىنانىڭ خېتىنى 20 قېتىمچە ئوقۇپ چىقتى. بۇ، ۋالېنتىنانىڭ ئۇنىڭغا يازغان بىرىنچى خېتى ئىدى، يەنە كېلىپ قانداق سەۋەبتىن يېزىلغان - ھە! ئۇ، خەتنى ھەر قېتىم ئوقۇغاندا ۋالېنتىنانى بەختلىك قىلىش توغرىسىدا ئۆز - ئۆزىگە قەسەمياد قىلاتتى. دېمىسىمۇ، بۇنداق جاسارەتلىك ئىشقا بەل باغلىغان قىزغا باش ئۇرسىمۇ ئازلىق قىلىدۇ - دە! ئۇ قىز ئۆزىنىڭ بارلىقىنى بىر كىشىگە بېغىشلىغانىكەن، ئۇ كىشىمۇ ئۇنىڭغا پىداكارلىق بىلەن خىزمەت قىلىشى



كېرەك! ئۇ قىزنىڭ سۆيگىنى ئۇنى يالقۇنلۇق يۈرەكتىن قەدىرلىشى كېرەك! ئۇ قىز ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەم خانىش، ھەم ئايال. ئۇنى سۆيۈش، ئۇنى ئىززەتلەش ئۇ ئۈچۈن گويا بىر قەلب ئازلىق قىلىدۇ.

موررېل ئېيتقۇسىز ھاياجان ئىچىدە ۋالېنتىنانىڭ «مەن كەلدىم، ماكسىمىلىئان، مەن سىزنىڭ» دېگىنىنى ئاڭلايدىغان پەيتكە تەقەززا بولاتتى.

ئۇ، قېچىش ئۈچۈن ھەممە نەرسىنى تەق قىلىپ قويغانىدى. كۆكتاتلىقتىكى بېدىلەر ئارىسىغا ئىككى دانە شوتىنى يوشۇرۇپ قويدى. ماكسىمىلىئان شەخسەن ئۆزى ھەيدىگۈسى پەيتۇن تەييارلاپ قويۇلدى. ئۇ مالاينى كېرەك قىلمىدى، پەنەرنى ياقمىدى، لېكىن ئۇنى بىرىنچى دوقمۇشقا كېلىشى بىلەنلا يېقىشنى ئويلىدى، چۈنكى ئۇنداق قىلماي، ھەددىدىن ئارتۇق ئېھتىياتچانلىق قىلىپ كەتسە، ساقچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىش ئېھتىمالى بار ئىدى.

تۇرۇپلا موررېلنىڭ تەنلىرىگە تىترەك ئولىشىپ كېتەتتى. ئۇ، ۋالېنتىنانىڭ توسۇقتىن ئارتىلىپ ئۆتۈشىگە ھەمكارلىشىدىغان، ئۇنىڭ قورقۇپ بوشىشىپ كەتكەن بەدىنىنى ئۆزىنىڭ قۇچىقىغا ئالىدىغان پەيتنى ئويلايتتى. شۇ كەمگىچە ئۇ ۋالېنتىنانىڭ پەقەت قولىنىلا تۇتقان ياكى بارماقلىرىنىڭ ئۇچلىرىنىلا سۆيگەنىدى.

كۈن پېشىندىن ئۆتۈپ، موررېل بەلگىلەنگەن ۋاقىتنىڭ يېقىنلاپ قالغىنىنى ھېس قىلغاندىن كېيىن پىنھانلىقنى خالاپ قالدى. ئۇنىڭ قېنى قايناپ كەتتى. شۇ تاپتا ھەر قانداق ئادەمنىڭ سوئالى، ئەڭ يېقىن دوستىنىڭ ئاۋازىمۇ ئۇنىڭ سەپرايىنى ئۆرلەتكەن بولاتتى. ئۇ ئۆز ھۇجرىسىغا كىردى ۋە ئىشىكنى ئىچىدىن ئېتىۋېلىپ، كىتاب ئوقۇشقا ئۇرۇنۇپ باقتى، لېكىن كۆزلىرى قۇردىن - قۇرغا كۆچكەندەك قىلغان بىلەن ھېچنېمىنى

كۆرمەيتتى. ئاخىرى، ئۇ، كىتابنى چۆرۈپ تاشلىدى ـ دە، قىچىش ئىشنى قايتىدىن ئويلاشقا كىرىشىپ كەتتى.

بەلگىلەنگەن ۋاقىت يېقىنلاشماقتا ئىدى.

ئاشىق بولغان كىشى سائەت سترېلكىلىرىنىڭ ئۆز مەيلىچە مېڭىشىغا قاراپ تۇرىدىغان ئەھۋال تېخى كۆرۈلۈپ باققىنى يوق. موررېل سائىتىنى شۇنداق ئەسەبىلىك بىلەن سىلكىشكە باشلىدىكى، كەچ سائەت ئالتە بولغاندا سائەت سترېلكىلىرى سەككىز يېرىمنى كۆرسىتىپ قالدى. شۇ چاغدا ئۇ، «ئەمدى ماڭسام بولىدۇ» دېگەن پىكىرگە كەلدى. گەرچە كېلىشىمنىڭ ئىمزالىنىشى سائەت توققۇزغا بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، ۋالېنتىنا بۇنداق پايدىسىز ئىشنىڭ باشلىنىشىنى كۈتۈپ تۇرماسلىقى مۇمكىن ئىدى. شۇنداق قىلىپ موررېل دەل سائەت سەككىز يېرىمدا مېلې كوچىسىدىن يولغا چىقىپ، فىلىپ رۇل چېركاۋىنىڭ سائىتى سەككىزگە جاڭ ئۇرغاندا ئۆزىنىڭ كۆكتاتلىقىغا كىرىپ كەلدى.

ئۇ، ئات ـ هارۋىسىنى ئۆزىنىڭ ئادەتتىكى پانالىنىش جايى بولغان ئەسكى كەپىنىڭ كەينىگە يوشۇرۇپ قويدى.

ئاستا ـ ئاستا قاراڭغۇ چۈشۈپ، باغ ئىچىدىكى باراقسان دەرەخلەر چوڭ ـ چوڭ قارا گەۋدىلەرگە ئايلاندى.

موررېل ئۆزىنىڭ پانالىق جايىدىن چىقىپ، يۈرىكى سالغان هالدا رېشاتكىدىن قارىدى. باغ ئىچىدە هېچكىم يوق ئىدى. سائەت سەككىز يېرىمغا جاڭ ئۇردى.

تەقەززالىق ئىچىدە يېرىم سائەت ئۆتتى. موررېل تۇسۇق ئالدىدا ئۇياق ـ بۇياققا ماڭاتتى ۋە هە دېسىلا توختاپ، تاختايلارنىڭ يوچۇقلىرىدىن مارايتتى. باغ ئىچى بارغانسېرى قاراڭغۇلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ هەرقانچە قارايمۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن ئاق كۆڭلەكنى كۆرەلمىدى، هەرقانچە تىڭشايمۇ جىمجىتلىق ئىچىدىن قەدەم شەپىسىنى ئاڭلىيالمىدى.



دەرەخلەر ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئۆيدە تېخىچە چىراغ يېقىلمىدى. كېلىشىمنىڭ ئىمزالىنىشىدەك مۇهىم ئىشنىڭ بېجىرىلىشىنى بىلدۈرىدىغان هېچقانداق ئالامەت كۆرۈنمەيتتى.

موررېل سائىتىنى چىقىرىپ قارىسا توققۇزدىن چارەك ئۆتۈپتۇ، ئەمما شۇ پەيتتە چېركاۋنىڭ سائىتى توققۇز يېرىمغا جاڭ ئۇرۇپ، ئۇنىڭ يانچۇق سائىتىنىڭ خاتالىقىنى مەلۇم قىلدى. دېمەك، ۋالېنتىنا ئۆزى بەلگىلىگەن ۋاقىتتىن يېرىم سائەت ئېشىپ كەتكەنىدى. ئۇ، سائەت توققۇزدا چىقىمەن دېگەنىدى. شۇڭا، ئۇنىڭدىن بالدۇر چىقالىتتىكى، هەرگىز كېيىن قالماسلىقى كېرەك ئىدى.

موررېل ئۈچۈن بۇ ئەڭ ئېغىر مىنۇتلار ئىدى. هەر بىر سېكۇنت ئۇنىڭ يۈرىكىگە قوغۇشۇن بولقا بىلەن ئۇرغاندەك تۇيۇلاتتى. يوپۇرماقلارنىڭ شىلدىرلاپ قىلىشى، شامالنىڭ يېنىككىنە غۇيۇلدىشى ئۇنى چۆچۈتەتتى ۋە ئۇنىڭ ماڭلىيىدىن سوغۇق تەر چىقىپ كېتەتتى. شۇنداق چاغلاردا ئۇ بېشىدىن تاپىنىغىچە تىترەپ تۇرۇپ، شوتىنى تىكلەيتتى ۋە ۋاقىتنى قولدىن بېرىپ قويماسلىقى ئۈچۈن شوتىنىڭ ئاستىنقى بالدىقىغا پۇتىنى ئالاتتى.

شۇ تەرىقىدە ئۇ، قورقۇنچتىن ئۈمىدلىنىشكە ئۆتۈپ، يۈرىكى سىقىلىپ تۇرغۇچە چېركاۋ سائىتى ئونغا جاڭ ئۇردى.

— ياق، — دەپ پىچىرلىدى ماكسىمىلىئان، — كېلىشىمنىڭ ئىمزالىنىشى بۇنداق ئۇزۇنغا سوزۇلۇشى مۇمكىن ئەمەس. كۈتۈلمىگەن بىر هادىسە يۈز بەردىمۇ ـ يا؟ مەن بارلىق ئېهتىماللارنى هېسابقا ئېلىپ، تۈرلۈك رەسمىيەتلەرنىڭ بېجىرىلىشىگە قانچىلىك ۋاقىت كېتىدىغانلىقىنى هېسابلاپ بولغانىدىم. بىر ئىش بولغان ئوخشايدۇ.

ئۇ، بىردەم رېشاتكىنىڭ ئالدىدا ئۇياق ـ بۇياققا ماڭاتتى،

بىردەم چوغدەك قىزىرىپ تۇرغان ماڭلىيىنى سوغۇق تۆمۈرگە يېقىپ تۇرۇپ قالاتتى. كېلىشىمگە ئىمزا قويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ۋالېنتىنا ھوشىدىن كېتىپ يېتىپ قالدىمۇ - يا؟ ياكى ئۇ قاچاي دېگەندە تۇتۇلۇپ قالدىمۇ؟ موررېل ئويلاپ - ئويلاپ ئاخىرى مۇشۇنداق ئىككى پەرەزگە كېلىپ توختىدى. بۇ پەرەز-لەرنىڭ ھەر ئىككىسىلا ئۇنى ئۈمىدسىزلىككە سالاتتى.

ئەڭ ئاخىرى ئۇ ۋالېنتىنا قېچىپ چىقىۋاتقاندا مادارىدىن كېتىپ، باغ ئىچىدە بىر يەردە يېتىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن دېگەن ئويغا كەلدى.

— ئەگەر شۇنداق بولسا، — دېدى ئۇ شوتىغا يامىشىپ چىقىپ، — ئۆزۈمنىڭ سەۋەنلىكىم بىلەن ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالىمەن!

ئۇنىڭ دىلىغا بۇ ئوينى سالغان شەيتان بارغانسېرى ئەز-ۋەلەپ، ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە شىۋىرلاۋاتقاندەك بولدى ۋە بىر نەچچە مىنۇتنىڭ ئىچىدىلا مەنتىقىي تەپەككۇرنىڭ كۈچى پەرەزنى ئىشەنچكە ئايلاندۇردى. ئۇ، بارغانسېرى قويۇقلىشىۋاتقان قاراڭغۇلۇققا كۆز تىكتى ۋە گويا يول ئۈستىدىكى قۇمدا نېمىدۇر بىر نەرسىنىڭ ياتقانلىقىنى كۆرگەندەك بولدى. موررېل ھەتتا ئۇنى چاقىرىپ تۈۋلاشقا تاس قالدى ۋە گويا شامال تۇتۇق ئىڭرىغان ئاۋازنى ئېلىپ كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

سائەت ئون يېرىمغا جاڭ ئۇردى. ئەمدى تاقەت قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ماكسىمىلىئاننىڭ چېكە تومۇرلىرى لوقۇل-داپ، كۆزلىرى قاراڭغۇلاشتى. ئۇ، توسۇقتىن ئارتىلىپ، يەرگە سەكرەپ چۈشتى.

ئۇ ۋىلفورنىڭ ھويلىسىغا چۈشكەنىدى، ئوغرىلىقچە كىرگەنىدى. بۇنداق ھەرىكەتنىڭ ئېھتىمالدىكى ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغان-لىقىنى ئۇ بىلەتتى. لېكىن ئۇنىڭدىن قورقسا بۇ يەرگە كەلمىگەن بولاتتى.



ئۇ، بىردەم تام ياقىلاپ ماڭدى - دە، ئاندىن تېزلىكتە يولنى كېسىپ ئۆتۈپ، دەرەخلەر ئارىسىغا كىردى ۋە ھەش - پەش دېگۈچە دەرەخزارلىقنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتتى. ئەمدى، ئۇ تۇرغان يەردىن ئۆينى كۆرۈشكە بولاتتى.

موررېل بايا قاراڭغۇلۇق ئىلكىدىكى باغقا كۆز تىكىپ، مېڭىسىدىن ئۆتكۈزگەن پەرەزلىرىنىڭ توغرىلىقىغا ئەمدى ئىشەنچ ھاسىل قىلدى. دېرىزىلەر مۇھىم ئىشلار بولىدىغان كۈنلەرگە مۇناسىپ ھالدا يورۇق بولماستىن، ئەكسىچە، گويا قارامتۇل ماددىغا ئايلىنىپ قالغاندەك تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاينى توسۇۋالغان يوغان بۇلۇت كۆلەڭگە تاشلاپ تۇراتتى.

پەقەت ئىككىنچى قەۋەتتىكى ئۈچ دېرىزىدىلا ئارىلاپ - ئارىلاپ جانسىز يورۇقلۇق پىلىلداپ قالاتتى. بۇ ئۈچ دېرىزە سېن - مېران خانىمنىڭ ھۇجرىسىنىڭ دېرىزىلىرى ئىدى.

قىزىل پەردىلىك دېرىزىلەر مۇقىم يورۇتۇلغان بولۇپ، بۇ ۋىلفور خانىمنىڭ ھۇجرىسى ئىدى.

موررېل بۇنى قىياسەن بىلدى. ئۇ، ۋالېنتىنانىڭ مېڭىش - تۇرۇشلىرىنى ھەر دەم كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ تۇرۇش ئۈچۈن بۇ ئۆينىڭ ئىچكى تۈزۈلمىسىنى كۆپ قېتىم سورىغانىدى. شۇڭا، بۇ ئۆينى تېخى كۆرمەي تۇرۇپلا ئۇنىڭ ئىچكى تۈزۈلمىسى بىلەن تونۇشۇپ بولغانىدى.

بۇ قاراڭغۇلۇق ۋە جىمجىتلىق موررېلنى ۋالېنتىنانىڭ چىقمىغانلىقىدىن بەتەر قورقۇتۇۋەتتى. ئۇ، ھەسرەتتىن ئۆزىنى يوقىتىپ، ۋالېنتىنانى كۆرۈش ئۈچۈن ھېچقانداق ئىشتىن باش تارتماسلىقنى قارار قىلدى. ئۇ، نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلمىسىمۇ ئىش قىلىپ بىر كېلىشمەسلىكنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى پەملىدى. ئۇ، دەرەخزارلىقنىڭ چېتىگە كەلدى ۋە ھەممە تەرىپىدىن ئوچۇق تۇرغان گۈلزاردىن يۈگۈرۈپ ئۆتەي دەپ تۇرۇشىغا، شامال يىراقتىن ئاڭلىنىۋاتقان ئاۋازلارنى ئېلىپ كەلدى.

ئۇ دەرھال دەرەخزارلىقتا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، قاراڭغۇنىڭ پانالىقىدا ئۈنچىقماي، قىمىر قىلماي تۇردى. ئۇ قانداق قىلىشنى ئويلاپ قويدى. ئەگەر بۇ ۋالېنتىنا بولۇپ، بۇ يەردىن ئۆزى يالغۇز ئۆتسە، ئۇنى چاقىرىدۇ؛ ئەگەر ئۆزى يالغۇز بولمىسا، ھېچبولمىغاندا ئۇنىڭ ساق - سالامەت ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالىدۇ؛ ئەگەر بۇ باشقا كىشىلەر بولسا، ئۇلارنىڭ سۆزىنى تىڭشاپ بۇ چۈشىنىكسىز سىردىن ۋاقىپلىنىدۇ.

بۇ چاغدا ئاي بۇلۇتلار ئارىسىدىن سۇزۇلۇپ چىقىپ، مورىرېل ئۆي ئىشىكىدىن ۋىلفور بىلەن يەنە بىر قارا كىيىملىك كىشىنىڭ چىققانلىقىنى كۆردى. ئىككىيلەن پەلەمپەيدىن چۈشۈپ، يولغا چىقتى. ئۇلار ئەمدىلا بىرنەچچە قەدەم مېڭىشىغا، مورىرېل قارا كىيىملىك كىشىنىڭ دوختۇر ئاۋرىنىي ئىكەنلىكىنى تونۇدى. مورىرېل ئۇلارنىڭ مۇشۇ تەرەپكە كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، ئىختىيارسىز ھالدا ئارقىغا داجىدى ۋە يوغان بىر ئىرەن دەرىخىگە تاقىلىپ، توختىدى.

بىردەمدىن كېيىن ۋىلفور بىلەن دوختۇرنىڭ ئاياغلىرى ئاستىدىكى قۇمنىڭ شىرىقلىشى جىمىقتى.

— شۇنداق، قەدىرلىك دوختۇر، — دېدى خانلىق مۇپەتتىش، — دەرۋەقە، بىزگە خۇدانىڭ قارغىشى تەگدى. نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق ئۆلۈم! كۈتۈلمىگەن زەربە! ماڭا تەسەللى بەرمەڭ، قەلبىمدىكى جاراھەت بەك يېڭى، بەك ئېغىر. ئۆلدى، ئۆلدى!

ماكسىمىلىئاننىڭ پېشانىسىدىن سوغۇق تەر چىقىپ، چىشلىرى جالاقلاپ كەتتى. ۋىلفور ئۆزى خۇدانىڭ قارغىشى تەگكەن دەپ ئاتىغان بۇ ئۆيدە كىم ئۆلگەندۇر؟

— قەدىرلىك ۋىلفور ئەپەندى، — دېدى دوختۇر ۋە ئۇنىڭ ئادەتتىكىدىن باشقىچە ئاۋازىدىن مورىرېلنىڭ قورقۇنچى



ئېھتىمۇ ئۆلمىسىپ كەتتى، — مەن سىزگە تەسەللى بېرىش ئۈچۈن بۇ يەرگە باشلاپ چىقمىدىم، بەلكى ئەكسىچە.

— نېمىدېمەكچىسىز؟ — قورقۇپ سورىدى خانلىق مۇپەتتىش.

— شۇنى دېمەكچىمەنكى، سىزگە كەلگەن بۇ بەختسىزلىكنىڭ ئارقىسىدا يەنىمۇ چوڭراق بەختسىزلىك يوشۇرۇنغان بولۇشى مۇمكىن.

— ۋاي خۇدا! — دەپ پىچىرلىدى ۋىلفور قوللىرىنى مىجىقلاپ، — ماڭا دەيدىغان يەنە قانداق گېپىڭىز باركىن؟

— بۇ يەردە بىزدىن باشقا كىشى يوقتۇر، دوستۇم؟

— ھەئە، ئەلۋەتتە. نېمە ئۈچۈن بۇنچىلىك ئېھتىيات قىلىسىز؟

— شۇنىڭ ئۈچۈنكى، مەن سىزگە كىشىنى چۆچۈتكۈدەك بىر گەپنى ئېيتماقچى، — دېدى دوختۇر، — كېلىڭ، ئولتۇرايلى.

ۋىلفور ئۆزىنى سكامېيكىغا تاشلىۋەتتى. دوختۇر ئۆرە تۇرۇپ بىر قولىنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قويدى.

قورقۇپ كەتكەنلىكتىن مورىرېلنىڭ تەنلىرى مۇزلاپ كەتتى ۋە ئۇ يۈرىكىنىڭ سوقۇشى ئاڭلىنىپ قالمىسۇن دەپ، بىر قولى بىلەن كۆكرىكىنى، يەنە بىر قولى بىلەن پېشانىسىنى بېسىۋالدى. ئۇنىڭ يۈرىكىدىن چىقىۋاتقان «ئۆلدى، ئۆلدى!» دېگەن ئاۋاز مېڭىسىدە ئەكس ئېتىۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭغا خۇددى ئۆزى ئۆلۈپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

— سۆزلەڭ، دوختۇر، قۇلىقىم سىزدە، — دېدى ۋىلفور، — يەنە زەربە بېرىڭ، مەن ھەممىسىگە تەييار.

— توغرا، سېن - مېران خانىم خېلىلا ياشىنىپ قالغان، لېكىن ئۇنىڭ سالامەتلىكى بەك ياخشى ئىدى.

ئون مىنۇتتىن بېرى مورىرېل تۇنجى قېتىم ئەركىن تىنىق ئالدى.

— ئۇنى دەرد - ھەسرەت ئۆگەشتۈرىۋەتتى، — دېدى
ۋىلفور، شۇنداق، دەرد - ھەسرەت ئۇ 40 يىللىق ئۆمرىنى
ماركىز بىلەن بىللە ئۆتكۈزگەن ئەمەسمۇ.

— گەپ دەرد - ھەسرەتتە ئەمەس، قەدىرلىك دوستۇم، —
دېدى دوختۇر، — دەرد - ھەسرەتتىن ئۆلىدىغان ئىشلار كەم-
دىن - كەم ئۇچرايدۇ، لېكىن ئۇنداق ئۆلۈم بىر كۈن، بىر سائەت
ياكى ئون مىنۇتنىڭ ئىچىدە يۈز بەرمەيدۇ.

ۋىلفور ئۇن - تىن چىقارماستىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئالاق-
زادىلىك بىلەن دوختۇرغا قارىدى.

— سەكرات ئۈستىدە سىز بارمىدىڭىز؟ — سورىدى
ئاۋرىنى.

— ئەلۋەتتە، — دېدى خانىلىق مۇپەتتىش، — سىز مېنىڭ
قولىقىمغا «چىقىپ كەتمەك» دەپ پىچىرلاپ قويغانىدىڭىزغۇ،

— سېن - مېران خانىمغا قازا يەتكۈزگەن كېسەللىكنىڭ
ئالامەتلىرىگە دىققەت قىلدىڭىزمۇ؟

— ھەئە. ماركىز خانىمنىڭ بىرنەچچە مىنۇت ئارىلىقتا
بىر قېتىمدىن كېسىلى تۇتتى، ھەر قېتىم تۇتقاندا ئالدىنقىسىدىن
قاتتىقراق بولدى. سىز كىرگەن چاغدا ئۇنىڭ نەپىسى بوغۇلۇشقا
باشلىغانىدى. ئاندىن ئۇنىڭ كېسىلى يەنە بىر قېتىم تۇتتى. مەن
بۇنى ئەسەبىيلىكتىن بولغان دەپ ئويلاپتىمەن. كېيىن ئۇ، تۆشەك-
تىن قوزغىلىپ، پۇت - قوللىرى ۋە بوينى غەيرىي تەبىئىي ھالدا
تارتىشىپ قېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، خاتىرجەمسىزلىنىشكە باشلىدىم.
شۇندىلا سىزنىڭ چىرايىڭىزغا قاراپ، ئىشنىڭ چاتاق بولۇۋات-
قانلىقىنى چۈشەندىم. ئۇ تىنچلانغاندىن كېيىن سىزنىڭ كۆزلىرى-
ڭىزگە تەلمۈردۈم، لېكىن سىز ماڭا قارىماستىن، ئۇنىڭ تومۇرىنى
تۇتۇپ ئولتۇردىڭىز. ئۇنىڭ كېسىلى ئىككىنچى قېتىم تۇتقاندىمۇ
مەن تەرەپكە قارىمىدىڭىز، ئىككىنچى قېتىملىق تۇتۇش تېخىمۇ



قورقۇنچلۇق بولۇپ، ئەزالىرى يەنە تارتىشىپ قالدى، لەۋلىرى
كۆكىرىپ، كىرىشىپ كەتتى. ئۈچىنچى قېتىملىق تۇتۇشتا ئۇ
قازا تاپتى. بىرىنچى قېتىم تۇتقاندىن كېيىنلا مەن ئۇنى تۇتقاقلىق
بولسا كېرەك دەپ ئويلىغانىدىم، سىزمۇ شۇنداق دېگەنىدىڭىز.

— ھەئە، باشقىلارنىڭ ئالدىدا شۇنداق دېدىم، — دېدى
دوختۇر، — لېكىن بىز ھازىر يالغۇز.

— نېمىدېمەكچى بولىۋاتىسىز؟

— تۇتقاقلىق ۋە تۈسۈملۈك ئوغلىرى بىلەن زەھەرلىنىش-
نىڭ ئالامەتلىرى ئوخشاش بولىدۇ دېمەكچىمەن.

ۋىلفور ئورنىدىن دەس تۇردى، لېكىن بىردەم ھەرىكەتسىز،
ئۈنسىز تۇرغاندىن كېيىن يەنە سكامېيكىغا ئۆزىنى تاشلىۋەتتى.

— سۇبھاناللا، دوختۇر، — دېدى ئۇ، — نېمىدەۋاتقىنى-
ڭىزنى چۈشىنىۋاتامسىز؟

موررېل، بۇ ئوڭۇممۇ، چۈشۈممۇ، دەپ ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالدى.

— ماڭا قاراڭ، — دېدى دوختۇر، — بۇ گەپلىرىمنىڭ
قانچىلىك جىددىيلىكىنى ۋە بۇنى كىمگە سۆزلەۋاتقىنىمنى بىلىپ
تۇرىۋاتىمەن.

— كىمگە سۆزلەۋاتىسىز؟ مەنسەپدارغىمۇ ياكى دوستىڭىز-
غىمۇ؟ — سورىدى ۋىلفور.

— دوستۇمغا، ھازىر پەقەت دوستۇمغىلا سۆزلەۋاتىمەن،
تۇتقاقلىق ۋە ئۆسۈملۈكلەر بىلەن زەھەرلىنىشنىڭ ئالامەتلىرى شۇ
قەدەر ئوخشايدۇكى، مۇبادا بۇ ئىككىسىنى ئايرىپ بېرىشكە توغرا
كەلسە، تەمتىرەپ قالغان بولاتتىم. شۇڭا، يەنە بىر قېتىم ئېيتى-
مەنكى، مەن سىزنى مەنسەپدار سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى دوست
سۈپىتىدە كۆرۈپ سۆزلەۋاتىمەن. مەن يېرىم سائەتتىن كۆپرەك
ۋاقىت ئىچىدە كېسەللىكنىڭ تۇتۇشى، تارتىشىپ قېلىشلار ۋە
ئاخىرى سېن - مېران خانىمنىڭ ۋاپات بولۇشىنى كۆزىتىپ ئول-

ئۇردۇم. مەن ئۇنىڭ زەھەرلىنىشتىن قازا تاپقانلىقىنىلا ئەمەس، ئۇنىڭ نىمە بىلەن زەھەرلەنگەنلىكىنىمۇ ئېيتىپ بېرەلەيمەن.

— دوختۇر، دوختۇر!

— زەھەرلىنىشنىڭ ھەممە ئالامەتلىرى كۆرۈلدى: ئۇيقۇچانلىق بىلەن كېسەللىكنىڭ ئەسەبىيلەرچە تۇتۇشى، مېڭىنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق قىزىسىپ كېتىشى، ئەزالارنىڭ كۆيۈشۈپ قېلىشى. سېن - مېران خانىم بىرۇتسىن ياكى ستىرىخنىن ئىچىپ ئۆلگەن. بۇنى باشقىلار ئۇنىڭغا بىلمىگەنلىكتىن ياكى ئۇقۇشماسلىقتىن ئىچكۈزۈپ قويغان بولۇشى مۇمكىن.

ۋىلفور دوختۇرنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇۋالدى.

— ئاھ، بۇ نىمىدېگەن گەپ! — دېدى ئۇ، — بۇ ئوڭۇم ئەمەس، چۈشۈم، چۈشۈم! سىزگە ئوخشاش ئادەمنىڭ ئاغزىدىن بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلاش نىمىدېگەن قورقۇنچلۇق! ئۆتۈنۈپ قالاي، دوختۇر، ئۇنداق دېمەڭ، سىزنىڭ خاتالىشىپ قالغان بولۇشىڭىزمۇ مۇمكىنغۇ!

— ئەلۋەتتە، شۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن، لېكىن ...

— لېكىن؟

— لېكىن، مەن خاتالاشمىدىم دەپ ئويلايمەن.

— دوختۇر، ماڭا رەھىم قىلىڭ. يېقىنقى كۈنلەردىن بېرى شۇنداق مىسلىسىز ئىشلار بولىۋاتىدۇكى، ساراڭ بولۇپ قالارمەنمۇ دەپ قورقۇۋاتىمەن.

— سېن - مېران خانىمنىڭ كېسىلىنى مەندىن باشقا كىشىمۇ كۆرگەنمۇ؟

— ياق.

— رېتسېپنى ماڭا كۆرسەتمەستىن بىرەر دورا سېتىۋالغانمۇ؟

— ياق.

— سېن - مېران خانىمنىڭ دۈشمەنلىرى بارمىدى؟



— ئۇنداق گەپنى ئاڭلاپ باقمىغان.

— ئۇنىڭ ئۆلۈشىنى كۆزلىگەن ئادەم بارمۇ؟

— يوق، ۋاي خۇدايىم، زادى يوق. ئۇنىڭ بىردىنبىر مىراسخورى مېنىڭ قىزىم، ۋالېنتىنا، ئۆزى يالغۇز ... ئاھ، ئەگەر مېنىڭ ئاشۇنداق ئىشنى ئويلىشىم مۇمكىن بولسا، بىر دەقىقە ئىچىدە بولسىمۇ ئۆزىگە شۇنداق ئويىنى سىغدۇرالىغان يۈرىكىمنى خەنجەر بىلەن تېشىۋەتكەن بولاتتىم.

— بۇ نىمىدېگىنىڭىز، دوستۇم! — دەپ خىتاب قىلدى ئاۋرىنىي، — خۇدا ئۆزى كۆرۈپ تۇرىدۇ، ھېچكىمنى ئەيىبلىمەكچى ئەمەسمەن. سۆزۈمنى چۈشىنىڭ، مەن پەقەت بىرەر تاسادىپىيلىق، خاتالىشىش بولۇپ قالدىمىكىن دەۋاتىمەن. مەيلى تاسادىپىيلىق بولسىمۇ ياكى خاتالىشىش بولسۇن، ئىش قىلىپ، پاكىت ئېنىق. شۇ پاكىت مېنىڭ ۋىجدانىمنى زوۋانغا كەلتۈرىۋاتىدۇ، مېنىڭ سىزگە بۇ ھەقتە گەپ قىلىشىمنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. ئېنىقلاپ بېقىڭ.

— كىمدىن؟ قانداق قىلىپ؟ نىمىنى؟

— ئالايلى، قېرى خىزمەتكار بارروئا خاتالىشىپ قېلىپ، ئۆزىنىڭ خوجايىنى ئۈچۈن تەييارلانغان دورىنى ماركىز خانىمغا بېرىپ قويىدىمۇ قانداق؟

— ئاتامنىڭ دورىسىنى؟

— ھەئە.

— شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ، سېن - مېران خانىم نوئارتيې ئەپەندىنىڭ دورىسىنى ئىچسە نىمە ئۈچۈن زەھەرلىنىپ قالىدۇ؟

— ئۆزىڭىزگە مەلۇم، بەزى كېسەللەرنى داۋالاشتا زەھەرلىك دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. جۈملىدىن، پالەچ كېسىلىمۇ شۇنداق. ئۈچ ئاي ئىلگىرى مەن نوئارتيې ئەپەندىنىڭ ھەرىكەتلىنىش ۋە سۆزلەش ئىقتىدارىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن قولۇمدىن كېلىدى-

غاننىڭ ھەممىنى قىلىپ، بولۇپ، ئەڭ ئاخىرقى چارىنى قوللىنىش قارارىغا كەلگەنىدىم. شۇندىن بېرى ئۇنى بىرۇتىسىن بىلەن داۋالاۋاتىمەن. شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭغا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بەرگەن دورامنىڭ تەركىبىدە ئالتە سېنتىگرام بىرۇتىسىن بار. بۇنچىلىك ۋەزنىدىكى بىرۇتىسىن نۇئارتىپ ئەپەندىنىڭ پالەچ بولغان ئەزالىرىغا زەرەر يەتكۈزمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىرۇتىسىن تەدرىجىي ھالدا كۆپەيتىلىپ، ھازىرقى ۋەزنىگە يەتكۈزۈلدى. لېكىن، بۇنى باشقا ئادەم ئىچسە ئۆلىدۇ.

— شۇنداق، لېكىن سېن - مېران خانىمىنىڭ ھۇجرىسى بىلەن نۇئارتىپ ئەپەندىنىڭ ھۇجرىسى بىر - بىرىگە تۇتاشمايدۇ، بارروئامۇ قېيىن ئانامنىڭ ئۆيىگە زادى كىرىپ باقمىغان. دوختۇر، مەن سىزنى ئەڭ بىلىملىك دوختۇر، مۇھىمى، ئەڭ خالىس ئادەم دەپ ھېسابلايمەن. ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدىمۇ سىزنىڭ سۆزلىرىڭىز مەن ئۈچۈن قۇياشتەك پارلاق قىلىنىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، دوختۇر، شۇنداق بولسىمۇ، سىزگە ھەر قانچە ئىشەنسەممۇ، يەنىلا «خاتالىشىش ئىنساننىڭ خۇسۇسىيىتىدۇر» دېگەن ماقالىدىن مەدەت ئالغۇم كېلىدۇ.

— ماڭا قاراڭ، ۋىلفور، — دېدى دوختۇر، — مېنىڭ كەسىپداشلىرىمدىن قايسى بىرىگە ماڭا ئىشەنگەندەك ئىشىنىسىز؟

— بۇنى سوراپ نېمە قىلىسىز؟ نېمە قىلىشنى ئويلاۋاتىسىز؟

— شۇ كىشىنى چاقىرىڭ. مەن ئۇنىڭغا ھەممىنى سۆزلەپ بېرىمەن. ئىككىمىز بىرلىكتە جەسەتنى يېرىپ كۆرەيلى.

— زەھەر ئىزلىرىنى تېپىش ئۈچۈنمۇ؟

— ياق، مەن ئۇنداق دېمىدىم. بىز نېرۋا سىستېمىسىنىڭ بۇزۇلۇشىنى تەكشۈرىمىز، ئۆلۈم سەۋەبلىرىنى ئېنىقلايمىز. شۇندىن كېيىن سىزگە مۇنداق دەيمىز: قەدىرلىك ۋىلفور ئەپەندى، ئەگەر بۇ دىققەتسىزلىكتىن بولسا، خىزمەتكارلىرىڭىزغا دىققەت قىلىڭ،



ئەگەر ئۆچمەنلىكتىن بولسا، دۈشمەنلىرىڭىزگە دىققەت قىلىڭ.

— ئويلاپ سۆزلەڭ، ئاۋرىنى! — دېدى روھىي چۈشكەن ۋىلفور، — بۇ سىرنى سىزدىن باشقا بىر كىشى ئۇقۇپ قالسىلا تەرگەۋ قىلىش باشلىنىدۇ. ھالبۇكى، مېنىڭ ئۆيۈمدە تەرگەۋ قىلىنسا قانداق بولغىنى! شۇنداقتىمۇ، — دېدى يەنە خانىلىق مۇپەتتىش ئىسىنى يىغىۋېلىپ ۋە دوختۇرغا دىلغۇللۇق بىلەن قاراپ، — ئەگەر سىز شۇنداق قىلىشنى خالىسىڭىز، شۇنى تەلەپ قىلىسىڭىز، سىزنىڭ دېگىنىڭىزدەك قىلايلى. توغرا، شۇنداق قىلىسام بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ، مېنىڭ خىزمەت ئورنۇم شۇنداق قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ھەي، دوختۇر، كۆرۈۋاتىسىز، مەن پۈتۈنلەي گاڭگىراپ قالدىم. شۇنچىلىك قايغۇدىن كېيىن يەنە بۇنداق چاتاقمۇ چىقارمۇ! ئايالىم بىلەن قىزىم بۇنى كۆتۈرەلمەيدۇ. ئەمدى ئۆزۈمگە كەلسەم، دوختۇر، جەمئىيەتتە ماڭا ئوخشاش ئورۇن تۇتۇپ، 25 يىل ئۇدا خانىلىق مۇپەتتىشلىك مەنسىپىدە ئولتۇرغان ئادەمنىڭ دۈشمەنلىك بولۇشى تۇرغان گەپ. مېنىڭ دۈشمەنلىرىم ئاز ئەمەس. بۇ ئىش ئاشكارىلانسا ئۇلار خۇشال بولىدۇ، تەنتەنە قىلىشىدۇ، مەن ئاھانەتكە قالىمەن، بۇنداق ئوششاق گەپلەرنى قىلىپ ئولتۇرغىنىمنى ئەپۇ قىلىڭ. ئەگەر سىز روھانىي بولسىڭىز بۇ گەپلەرنى دېمىگەن بولاتتىم. لېكىن سىز ئىنسان، كىشىلەرنىڭ قەلبىنى چۈشىنەلەيسىز. دوختۇر، دوختۇر، ماڭا بۇ گەپلەرنى دېمىگەن بولۇڭ، ماقۇلمۇ؟

— قەدىرلىك ۋىلفور ئەپەندى، — دېدى دوختۇر تەسىرلەنگەن ھالدا، — مېنىڭ بىرىنچى بۇرچۇم ئىنسانپەرۋەرلىك. ئەگەر بۇ ئىشتا ئىلىم - پەن ئاجىزلىق قىلمىغان بولسا، سېن - مېران خانىمنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغان بولاتتىم. بىراق، ئۇ ئۆلدى. مەن ئەمدى تىرىكلەرنى ئويلىشىم كېرەك. بۇ دەھشەتلىك سىرنى يۈرىكىمىزنىڭ چوڭقۇر يېرىگە يوشۇرۇپ قويايلى. ئەگەر بىرەر

ئادەم بۇنى ئۇقۇپ قالسا، مېنىڭ بۇ ھەقتە گەپ قىلمىغانلىقىمنى مەسئۇلىيەتسىزلىكتىن بولغان دەپ ئويلىسۇن. مەن بۇنىڭغا رازى. لېكىن سىز بۇنى تەكشۈرۈڭ، ھارماي ـ تالماي، بوشىشىپ قالماي تەكشۈرۈڭ، چۈنكى ئىش مۇشۇنىڭ بىلەنلا توختاپ قالماسلىقى مۇمكىن ... سىز گۇناھكارنى تاپقاندىن كېيىن، ئەگەر ئۇنى تاپالىسىڭىز، مەن سىزگە شۇنداق دەيمەن: سىز سوتچى، قانداق قىلىشنى مۇۋاپىق تاپسىڭىز شۇنداق قىلىڭ!

— رەھمەت سىزگە دوختۇر، رەھمەت! — دېدى ۋىلفور ئېيتقۇسىز خۇشاللىق بىلەن، — سىزدەك ياخشى دوستنى تېخى ئۇچراتمىغانىدىم.

شۇ گەپ بىلەن ئۇ، خۇددى ئاۋرىنى سۆزىدىن يېنىۋالمىسۇن دېگەندەك قىلىپ، دەرھال ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئۇنى ئۆي تەرەپكە باشلاپ ماڭدى.

ئۇلار كەتتى.

موررېل، خۇددى ئۇنىڭغا ھاۋا يېتىشمەيۋاتقاندەك، ئىككى قولى بىلەن شاخلارنى قايرىدى ۋە ئاي نۇرى ئۇنىڭ ئەرۋاھدەك تاتىرىپ كەتكەن چىرايىنى يورۇتتى.

— پەلەك ماڭا رەھىم قىلىپتۇ، لېكىن، بۇ نېمىدېگەن دەھشەتلىك ئىش! — دېدى ئۇ، — ئاھ، بىچار ۋالېنتىنا! ئۇ بۇنچىلىك دەردنى قانداقمۇ كۆتۈرۈپ كېتەر؟

شۇ گەپلەرنى دەپ، ئۇ بىردەم قىزىل پەردىلىك دېرىزىگە، بىردەم ئاق پەردىلىك ئۈچ دېرىزىگە قارايتتى.

قىزىل پەردىلىك دېرىزىدە يورۇقلۇق پۈتۈنلەي دېگۈدەك يوق ئىدى. ۋىلفور خانىم لامپىنى ئۆچۈرىۋەتكەن بولسا كېرەك. ئەمدى بۇ دېرىزىدە پەقەت جىن چىراغنىڭ يورۇقىلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

بۇ چاغدا بىنانىڭ يەنە بىر چېتىدىكى ئاق پەردىلىك



دېرىزىلەردىن بىرى ئېچىلدى. كېچىلىك قاراڭغۇدا مەشىنىڭ ئۈستىدىكى شامنىڭ خىرە يورۇقلۇقى پىلىلداپ كۆرۈنەتتى. بالكوندا قانداقتۇر بىر كۆلەڭگە پەيدا بولدى. موررېل چۆچۈپ كەتتى. ئۇنىڭغا كىمدۇ بىرىنىڭ ئۈن سېلىپ يىغلاۋاتقانلىقى ئاڭلاندى.

بۇ غەيرەتلىك ۋە ئىرادىلىك ئادەمنىڭ ئىنسانلاردا بولىدىغان ئىككى خىل زور ھېسسىيات ـ مۇھەببەت ۋە قورقۇنچ بىلەن ھاياجانلانغان ۋە جىددىيلەشكەن ھالدا شۇنچىلىك روھسىزلىنىپ، خۇراپىي قاراشلارغا بېرىلىپ كەتكەنلىكى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

ئۇ، گەرچە خىلۋەتلىكتە مۆكۈنۈپ تۇرغان بولۇپ، ۋالېنتىنانىڭ ئۇنى كۆرەلىشى مۇمكىن بولمىسىمۇ، ئۇنىڭغا گوياكى دېرىزە تۈۋىدىكى كۆلەڭگە ئۇنى چاقىرىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. بۇ ئوي ئۇنىڭ جىددىيلەشكەن مېڭىسىدە ئەكس ئېتىپ جۇشقۇنلۇق يۈرىكىدە قارارلاشتى. بۇ خىل روھىي ئالدىنىش ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدا شەكسىز رېئاللىققا ئايلاندى. ۋە ئۇ ياشلىقنىڭ يەڭگۈسىز ھېسسىياتىغا ئەگىشىپ، ئۆزى مۆكۈنۈپ تۇرغان جايدىن ئېتىلىپ چىقتى. ئۇ، باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىنى، ۋالېنتىنانىڭ قورقۇپ كېتىپ ۋارقىراپ تاشلىشىنى ۋە شۇنىڭ بىلەن ئەنسىزچىلىك پەيدا بولۇشىنى ئويلىمىدى. ئۇ، ئاي نۇرىدا ئاپئاق كەڭرى كۆلدەك كۆرۈنۈپ تۇرغان گۈلزاردىن ئىككى ئاتلاپلا ئۆتتى ـ دە، بىنانىڭ ئالدىدىكى ئاپېلسىن كۆچەتلىرى تىكىلگەن تەشتەكلەر يېنىغا كەلدى، ئاندىن پېشايۋانغا يۈگۈرۈپ چىقىپ، ئىشكنى ئاچتى.

ۋالېنتىنا ئۇنى كۆرمىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى كۆپكۆك ئاسماندا ئۈزۈپ كېتىۋاتقان كۈمۈش رەڭ بۇلۇتقا قارىتىلغانىدى. بۇ بۇلۇت خۇددى ئەرشكە ئۇچۇپ چىقىپ كېتىۋاتقان كۆلەڭگىگە ئوخشايتتى. قەلبى ئۆرتەنگەن قىز ئۇنىڭغا قاراپ، بەجايىكى مومىننىڭ روھىنى كۆرگەندەك بولاتتى.

ئۈنىڭغىچە، موررېل ئايۋاندىن ئۆتۈپ، پەلەمپەي سالاسۇنىغا قول ئۇزاتتى. پەلەمپەي باسقۇچلىرىغا گىلەم سېلىنغان بولغاچقا، ئۇنىڭ قەدەم تاۋۇشلىرى ئاڭلانمايتتى. ئۇنداق بولمىغاندىمۇ، موررېل شۇ قەدەر ھاياجانغا كەلگەنىدىكى، ۋىلفورنىڭ ئۆزى چىقىپ قالسىمۇ قورقماس ئىدى. ئۇ، ۋىلفور چىقىپ قالسا قانداق قىلىشىنى بىلەتتى: ئۇ، ۋىلفورنىڭ ئالدىغا كېلىپ، راست گېپىنى ئېيتىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ ۋالېنتىناغا بولغان مۇھەببىتىنى چۈشىنىشنى ۋە رازىلىق بېرىشىنى ئۆتۈنىدۇ. قىسقىسى، موررېل تامامەن تەلۋىلەنگەنىدى.

ھېلىمۇ ياخشى، ئۇ ھېچكىمنى ئۇچراتمىدى.

ۋالېنتىنانىڭ ئۇنىڭغا ئۆيىنىڭ ئىچكى قۇرۇلۇشى ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەنلىرى مانا ئەمدى ئەسقاتتى. ئۇ ھېچ تىنىمەيلا ئىككىنچى قەۋەتتىكى پەلەمپەي مەيدانچىسىغا چىقتى ۋە شۇ يەردە توختاپ، ئەتراپقا سەپسالدى. بۇ چاغدا ھېلىقى يىغا ئاۋازى ئۇنىڭ قاياقتا مېڭىشى كېرەكلىكىنى بەلگىلىدى. ئۇ، شۇ تەرەپكە بۇرۇلۇپ قارىدى. يىغا ئاۋازى يورۇقلۇق نۇرى چىقىۋاتقان يېرىم ئوچۇق ئىشىكنىڭ ئىچكىرىسىدىن ئاڭلىنىۋاتاتتى. ئۇ ئىشىكنى ئىتتىرىپ، ئىچكىرى كىردى.

مەرھۇمە ئۈستىگە كىرلىك يېپىلغان ھالدا ياتقان بىرلۇپ، كىرلىك ئاستىدىن بەدەننىڭ تۈزۈلۈشى بىلىنىپ تۇراتتى. موررېل بۇ ئۆلۈمنىڭ سىرىنى ئاڭلاپ قالغان بولغاچقا، مېيىتنى كۆرگەندە ئۇنى سۇر باستى.

ۋالېنتىنا كارىۋات يېنىدىكى ئازادە كرېسلونىڭ ياستۇقىغا يۈزىنى چۆكتۈرۈپ، تىزلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كىرىشىپ كەتكەن قوللىرى بېشىنىڭ ئۈستىدىن گىرەلەشتۈرۈلگەنىدى، پۈتۈن ئەزايى بەدىنى يىغىدىن تىترەپ تۇراتتى.

ئۇ، دېرىزە يېنىدىن قايتىپ كېلىپ، ھەر قانداق باغرى



تاش ئادەمنىمۇ تەسىرلەندۈرگۈدەك ئاۋاز بىلەن دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىۋاتاتتى. يۈرىكىنى كۆيدۈرۈپ تۇرغان ئازاب ئۇنىڭ گېلىنى بوغۇۋالغان بولۇپ، ئالدىراپ ـ ئالدىراپ ئېيتىلىۋاتقان باغلاشمىغان، چۈشىنىكسىز سۆزلەر لەۋلىرىدىن بۇلاقتەك ئۇرغۇپ چىقىۋاتاتتى.

رېشاتكىلىق دېرىزە قاپقىقىدىن چۈشۈۋاتقان ئاي نۇرى شام يالقۇنىنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ، بۇ قايغۇلۇق كۆرۈنۈشنى گىرىمسەن كۆكۈچ رەڭدە يورۇتۇپ تۇراتتى.

موررېل تاقەت قىلالمىدى. ئۇ، ئانچە تەقۋادار ئەمەس ئىدى، روھىي تەسىرلەرگە ئاسانلىقچە بېرىلىپ كەتمەيتتى. ھالبۇكى، ۋالېنتىنانىڭ ئاھ ئۇرۇپ، يىغلاپ، قاقشاپ تۇرغان ھالىتىنى كۆرگەندە ئۇنىڭ چىداپ تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ، ئېغىر تىنىق ئېلىپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى پىچىرلاپ چاقىردى. كۆز يېشى بىلەن نەملەشكەن، كرېسلونىڭ ياپقۇچى پېتىپ ئىز قالدۇرغان يۈز، بەئەينى ماگدالىنا كورېدژونىڭ يۈزى ئۇنىڭغا ئۆرۈلۈپ قارىدى.

ۋالېنتىنا ئۇنى كۆرۈپ ئەجەبلەنمىدى. چەكسىز ھەسرەتكە تولغان يۈرەكتە ئۇنىڭدىن ئارتۇق تەسىرات بولمايدۇ.

موررېل سۆيۈملۈك قىزىغا قولىنى ئۇزاتتى.

ۋالېنتىنا نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە چىقمىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشنىڭ ئورنىغا ئاخىرەتلىك يوپۇق ئاستىدا سوزۇلۇپ ياتقان مېيىتنى كۆزى بىلەن كۆرسەتتى ـ دە، يەنە يىغلاپ كەتتى.

ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى بۇ ئۆيدە سۆزلەشكە جۈرئەت قىلالمايتتى. خۇددى ئۆلۈم بۇ ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا تۇرۇپ، بىر بارمىقىنى لەۋلىرىگە قويۇۋېلىپ، ئۇن چىقارماسلىقنى بۇيرۇۋاتقاندەك، ئۇلار بۇ جىمجىتلىقنى بۇزۇشتىن قورقاتتى.

ئالدى بىلەن ۋالېنتىنا غەيرەتكە كەلدى.

— قانداق بولۇپ بۇ يەرگە كىرىپ قالدىڭىز، دوستۇم؟ — دېدى ئۇ، — ئەگەر بۇ ئۆينىڭ ئىشىكىنى سىزگە ئۆلۈم ئېچىپ بەرمىگەن بولسا، سىزنى «مەرھەمەت!» دەپ قارشى ئالغان بولاتتىم.

— ۋالېنتىنا، — دېدى موررېل تىترەپ تۇرغان ئاۋازى بىلەن، — مەن سىزنى سائەت سەككىز يېرىمدىن تارتىپ كۈتتۈم. سىز چىقمىغاندىن كېيىن ئەنسىرەپ، تۇسۇقتىن ئارتىلىپ باغقا چۈشتۈم. بۇ بەختسىزلىك ھەققىدە بولۇنغان گەپ...

— قانداق گەپ؟

موررېل چۆچۈپ كەتتى. ئۇ، دوختۇر بىلەن ۋىلفورنىڭ قىلىشقان گەپلىرىنى يادىغا ئالدى ۋە خۇددى ئاشۇ كىرىشىپ قالغان قوللار، تارتىشىپ قالغان بويۇن ۋە كۆكىرىپ كەتكەن لەۋلەرنى كۆرۈۋاتقاندەك بولدى.

— مالايلىرىڭلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قېلىپ، ھەممىنى ئۇقتۇم، — دېدى ئۇ.

— شۇنداق بولسىمۇ، بۇ يەرگە كېلىشىڭىز ئىككىمىزنىڭ ئىشىمىز ئۈچۈن پايدىسىز ئەمەسمۇ، دوستۇم، — دېدى ۋالېنتىنا قورقمىغان، ئاچچىقلانمىغان ھالدا.

— ئەپۇ قىلىڭ، — دېدى موررېلمۇ شۇ خىل ئاھاڭدا، — ھازىر كېتىمەن.

— ياق، — دېدى ۋالېنتىنا، — باشقىلار كۆرۈپ قېلىشى مۇمكىن، مۇشۇ يەردە تۇرۇۋېرىڭ.

— بۇ يەرگە كىرىپ قېلىشىمچۇ؟

ۋالېنتىنا بېشىنى چايقىدى.

— ھېچكىم كىرمەيدۇ، — دېدى ئۇ، — خاتىرجەم بولۇڭ. مانا، بىزنىڭ پاناھىمىز.

ئۇ، يوپۇق ئاستىدىكى مېيىتنى كۆرسەتتى.



— ئەپىنە قانداق بولدى؟ چاقچاقلىراق سۆزلەپ بېرىڭا، — دېدى يەنە موررېل.

— ئۇ، كېلىشىمگە ئىمزا قويۇش ئۈچۈن مومامنىڭ ئاخىرقى تىنىقلىرى قالغاندا ئۆلگۈرۈپ كەلدى.

— دەھشەت! — دەپ قويدى موررېل كۆڭلىدە خوش بولۇپ، چۈنكى ئۇ، بۇ ئۆلۈم سەۋەبى بىلەن تويى ۋاقتىنىڭ كېيىنگە سۈرۈلۈشىنى ئويلىدى. ۋەھالەنكى، ئۇ ئۆزىنىڭ شەخسىيەتچىلىكى ئۈچۈن شۇ ھامان جازالاندى.

— شۇنىسى ماڭا بەك ھار كەلدىكى، — دېدى ۋالېنتىنا، — بىچارە مومام ئۆلۈش ئالدىدا ئىمكانىقەدەر تېزرەك تويۇمنى قىلىۋېتىشنى بۇيرۇدى. ئاھ، خۇدا، ئۇ ماڭا ياخشىلىق قىلىمەن دەپ يامانلىق قىلدى.

— ئاڭلاۋاتامسىز؟ — دېدى موررېل ئۈشتۈمتۈت.

ئۇلار جىم بولۇشتى. ئىشىكنىڭ ئېچىلغانلىقى ۋە پەلەمپەي باسقۇچلىرىنىڭ غىچىرلىغانلىقى ئاڭلاندى.

— ئاتام ئىشخانىسىدىن چىقتى، — دېدى ۋالېنتىنا.

— دوختۇرنى ئۇزۇتۇپ چىقتى، — دەپ قوشۇپ قويدى موررېل.

— دوختۇر ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلىسىز؟ — دەپ سورىدى ۋالېنتىنا ھەيران بولۇپ.

— شۇنداقمىكىن دەپ پەرەز قىلىۋاتىمەن، — دېدى موررېل.

ۋالېنتىنا ئۇنىڭغا قاراپ قويدى.

بۇ چاغدا تاشقارقى ئىشىكنىڭ يېپىلغانلىقى ئاڭلاندى. ۋىلفور باغ ئىشىكىنى قۇلۇپلاش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى ۋە كۆپ ئۆتمەي ئۇ يەنە پەلەمپەيدىن يۇقىرىغا چىقتى. ئۇ، دەھلىزگە كەلگەندىن كېيىن ئۆز ھۇجرىسىغا ياكى سىن - مېھران خانىم

نىڭ ھۇجرىسىغا كىرىشنى بىلمەي ئۇيلىنىپ قالدى بولغاي، بىردەملىككە توختاپ قالدى. موررېل دەرھال ئىشىك پەردىسىنىڭ كەينىگە مۆكۈنىۋالدى. ۋالېنتىنا، گوياكى قايغۇ - ھەسرەت ئۇنى كىشىلىك دۇنيادىكى قورقۇنچلاردىن ئايرىپ، ئالاھىدە بىر يۈكسەكلىككە ئېلىپ چىققاندەك، ھەتتا قوزغىلىپمۇ قويمىدى.

ۋىلفور ئۆز ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى.

— ئەمدى، — دېدى ۋالېنتىنا، — سىز چوڭ ئىشىك بىلەنمۇ، باغ تەرەپتىكى ئىشىك بىلەنمۇ چىقىپ كېتەلمەيسىز.

موررېل قانداق قىلىشنى بىلمەي ئۇنىڭغا قاراپ قالدى.

— ئەمدى پەقەت بىرلا يول قالدى، — دېدى يەنە ۋالېنتىنا، — بوۋامنىڭ ھۇجرىلىرى ئارقىلىق چىقىشقا بولىدۇ.

شۇ گەپ بىلەن ئۇ ئورنىدىن تۇردى.

— يۈرۈڭ، — دېدى ئۇ.

— نەگە؟ — سورىدى ماكسىمىلىئان.

— بوۋامنىڭ يېنىغا.

— نۇئارتيېي ئەپەندىنىڭ يېنىغا بارامدىم؟

— ھەئە.

— ئويلاپ سۆزلەڭ، ۋالېنتىنا!

— مەن بۇنى ئويلاۋاتقىلى ئۇزۇن بولدى. بۇ دۇنيادا ماڭا يار - يۆلەكتە بولىدىغان بىرلا ئادەم قالدى، بىز ھەر ئىككىمىز ئۇنىڭغا موھتاج... يۈرۈڭ.

— ئېھتىياتچان بولۇڭ، ۋالېنتىنا، — دېەى موررېل ئۇنىڭ سۆزىگە كۆنمەي، — ئېھتىياتچان بولۇڭ. بۇ يەرگە كىرىپ ئەقىلسىزلىق قىلغانلىقىمنى ئەمدى ھېس قىلىۋاتىمەن. سىزچۇ، قەدىرلىكىم، بۇ گەپلىرىڭىزنى ئوبدان ئويلاپ دەۋاتامسىز؟

— ئەلۋەتتە شۇنداق، — دېدى ۋالېنتىنا، — مەن پەقەت بىچارە مومامنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشتىنلا خىجىل بولۇۋاتىمەن، كېچىچە ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇشقا ۋەدە قىلغانىدىم.



— ھەر قانداق كىشى ئۈچۈن ئۆلۈم مۇقەددەس نەرسە، ۋالېنتىنا، — دېدى موررېل.

— شۇنداق، — دېدى قىز، — شۇڭا، مەن ھايال بولماي قايتىپ كېلىمەن، يۈرۈڭ.

ۋالېنتىنا كارىدوردىن ئۆتۈپ، نۇئارتيېنىڭ ھۇجرىسىغا ئېلىپ بارىدىغان كىچىك پەلەمپەيدىن چۈشتى. موررېل پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭدى. ھۇجرىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئۇلار قېرى خىزمەتكارنى ئۇچراتتى.

— باررۇئا، — دېدى ۋالېنتىنا، — بىز كىرگەندىن كېيىن ئىشىكنى ئېتىپ قويۇپ، ھېچكىمنى كىرگۈزمەڭ.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇ موررېلنى باشلاپ ھۇجرىغا كىردى. نۇئارتيې تاشقىرىغا قۇلاق سېلىپ تېخىچە كرېسلودا ئولتۇراتتى. ئۇ، بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى باررۇئادىن ئاڭلىغان ۋە ئەمدى ئىشىككە تەلمۈرۈپ ئولتۇرغانىدى. ۋالېنتىنانى كۆرۈپ، ئۇنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى.

قىزنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشى ۋە ئۆزىنى تۇتۇشىدىن قانداقتۇر جىددىيلىك ۋە قەتئىيلىك چىقىپ تۇراتتى. بۇ ھال بوۋاينى ئەجەبلەندۈردى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە سوئال ئالامىتى ئەكس ئەتتى.

— جېنىم بوۋا، — دېدى قىز، — گېپىمگە قۇلاق سالغىن. سېن - مېران موماممنىڭ تۈگەپ كەتكىنىگە بىر سائەت بولدى. بۇنى سەن بىلىسەن. ئەمدى بۇ دۇنيادا مېنى ياخشى كۆرىدىغان سەندىن باشقا ئادەم يوق.

بوۋاينىڭ كۆزلىرىدە چەكسىز مېھىر - مۇھەببەت ئىپادىسى جىلۋىلەندى.

— مەن كۆڭلۈمدىكى ھەسرىتىم ۋە ئارزۇ - ئارمانلىرىمنى پەقەت ساڭىلا ئېيتالايمەن، شۇنداقمۇ؟

پالەچ بوۋاي «ھەئە» دېگەننى ئىپادىلىدى.

ۋالېنتىنا ماكسىملىئاننىڭ قولىنى تۇتتى.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى ئۇ، — مانا بۇ كىشىگە قاراپ باققىنا.

بوۋاي موررېلغا تىكىلىپ ۋە بىرئاز ئەجەبلىنىپ قارىدى.

— بۇ، ماكسىمىلىئان موررېل، مارسېللىق سودىگەرنىڭ ئوغلى. ئۇ توغرۇلۇق ئاڭلىغان بولغىيدىڭ؟

— ھەئە، — دېگەننى ئىپادىلىدى بوۋاي.

— بۇ بىر پاك ئىسىم، ماكسىمىلىئان بۇ ئىسىمغا يەنە شەرەپ كەلتۈرىدۇ، چۈنكى ئۇ ئوتتۇز يېشىدىلا «ھۆرمەت لېگىئونى» مېدالىغا ئېرىشكەن ئاتلىق ئارمىيە كاپىتانى بولۇپ قالدى.

بوۋاي بۇنى بىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى.

— بوۋا، — دېدى ۋالېنتىنا بوۋاينىڭ ئالدىغا تىزلىنىپ ۋە ماكسىمىلىئاننى كۆرسىتىپ، — مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن، ئۇنىڭدىن باشقىسىغا ياتلىق بولمايمەن! مېنى ئۇنىڭدىن باشقا كىشىگە تېگىشكە مەجبۇر قىلىشسا، مەن ئۆلىمەن ياكى ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋالىمەن.

پالەچ بوۋاينىڭ كۆزلىرىدە سانسىزلىغان ئەنسىز خىياللار ئەكس ئەتتى.

— سەن ماكسىمىلىئان موررېلنى ياقتۇرامسەن، بوۋا؟ — دەپ سورىدى ۋالېنتىنا.

— ھەئە، — دېگەننى ئىپادىلىدى ھەرىكەتسىز بوۋاي.

— سەن بىزنى، ئۆزۈڭنىڭ باللىرىڭنى ئاتامدىن مۇھاپىزەت قىلالامسەن؟

نۇئارتىيې «بۇ، ئەھۋالغا قاراپ بولىدىغان ئىش» دېگەندەك قىلىپ، ئويچان كۆزلىرىنى موررېلغا قاراتتى. ماكسىمىلىئان بۇنى چۈشەندى.

— خانقىز، — دېدى ئۇ، — سىزنى مومىڭىزنىڭ ھوج-



رىسىدىكى مۇقەددەس بۇرچىڭىز كۈتۈپ تۇرىدۇ. مېنىڭ نۇئارتىيې ئەپەندى بىلەن بىرنەچچە مىنۇت سۆھبەتلىشىشىمگە ئىجازەت قىلالامسىز؟

— توغرا، توغرا، مېنىڭ ئويلىغىنىممۇ شۇ، — دېگەننى ئىپادىلىدى بوۋاينىڭ كۆزلىرى.

ئاندىن ئۇ خاتىرجەمسىزلەنگەن ھالدا ۋالېنتىناغا قارىدى.

— دېمەكچى بولغىنىڭنى ئۇ چۈشىنەلەمدۇ دەپ سورىماقچى بولىۋاتامسەن، بوۋا؟

— ھەئە.

— بۇنىڭدىن غەم قىلمىغىن. بىز سەن توغرۇلۇق كۆپ سۆزلەشكەن. مېنىڭ سەن بىلەن قانداق سۆزلىشىدىغانلىقىمنى ئۇ ئوبدان بىلىدۇ، — ئۇ، ھەسرەتلىك، ئەمما يېقىملىق تەبەسسۇم بىلەن ماكسىمىلىئانغا قاراپ قوشۇپ قويدى: — مەن بىلىدىغاننىڭ ھەممىسىنى ئۇمۇ بىلىدۇ.

شۇ گەپ بىلەن ۋالېنتىنا ئورنىدىن تۇرۇپ، ماكسىمىلىئانغا بىر ئورۇندۇقنى سۈرۈپ بەردى ۋە باررۇئاغا ھېچكىمنى كىرگۈزمەسلىكنى جېكىلىدى. ئاندىن، بوۋىسىنى مۇلايىمغىنا سۆيۈپ قويدى، ماكسىمىلىئان بىلەن غەمكىن ھالدا خوشلاشتى ۋە چىقىپ كەتتى.

موررېل ئۆزىنىڭ ۋالېنتىنانىڭ ئىشەنچىسىگە سازاۋەر ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ھەممە ئىشنى بىلىدىغانلىقىنى نۇئارتىيېگە كۆرسىتىش ئۈچۈن لۇغەت، قەلەم ۋە قەغەزنى ئېلىپ، چىراغ تۈۋىدىكى شىرە ئۈستىگە قويدى.

— تەقسىر، — دېدى ئۇ، — ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆزۈمنىڭ كىم ئىكەنلىكىمنى، ۋالېنتىنا خېنىمنى قانداق ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى ۋە بۇندىن كېيىن نېمە قىلماقچىكەنلىكىمنى سۆزلەپ بېرىشىمگە رۇخسەت قىلغايسىز.

— سۆزلەڭ، — دېگەننى ئىپادىلىدى نۇئارتيې.
باشقىلار ئۈچۈن ئارتۇقچە يۈك بولۇپ كۆرۈنگەن بۇ بوۋاي هاياتقا ئەمدىلا قەدەم قويغان بىر جۈپ ياش، چىرايلىق، كۈچلۈك ئاشىق - مەشۇقنىڭ بىردىنبىر نىجاتكارى، يۆلىكى ۋە پاسبانى بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئالىيجاناب ۋە چىۋەر كۆرۈنۈشى مورىلغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى ۋە ئۇ ئاۋازى تىترىگەن هالدا سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇ، ۋالېنتىنا بىلەن قانداق تونۇشقانلىقى، ئۇنى قانداق ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقى ۋە يېتىمسىرەپ قالغان بەختسىز ۋالېنتىنانىڭ ئۇنىڭ ساداقەتلىكىنى قوبۇل قىلغانلىقى هەققىدە سۆزلەپ بەردى. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ تۇغقانلىرى، ئۆزىنىڭ خىزمەت ۋە ئىقتىسادىي ئەهۋاللىرىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ، سۆز ئارىسىدا پالەچ بوۋايغا بىرنەچچە قېتىم سوئال نەزەرى بىلەن قارىغانىدى، بوۋاي ئۇنىڭغا كۆز ئىشارىسى بىلەن:
— ياخشى، سۆزلەۋېرىڭ، — دېگەننى بىلدۈردى.
— مانا، تەقسىر، — دېدى مورىل سۆزىنىڭ بىرىنچى قىسمىنى تاماملاپ، — ئەمدى بىزنىڭ پىلانلىرىمىزنىمۇ ئېيتىپ بېرەيمۇ؟
— هەئە، — دېگەننى ئىپادىلىدى بوۋاي.
— شۇنداق قىلىپ، بىز مۇنداق قارارغا كەلدۇق.
شۇنىڭ بىلەن، ئۇ، نۇئارتيېگە كۆكتاتلىقتا هارۋا ئەكەلگەنلىكىنى، ۋالېنتىنانى ئەكەتمەكچى بولغانلىقىنى، ئۇنى سىڭلىسىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ نىكاهلانماقچى بولغانلىقىنى ۋە ئاندىن ۋىلفور ئەپەندىنىڭ ئەپۇ قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرماقچى بولغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.
— ياق، — دېگەنى ئىپادىلىدى نۇئارتيې.
— ياق؟ — دەپ سورىدى مورىل، — ئۇنداق قىلىشقا بولمامدۇ؟



— ياق.
— سىز ئۇنداق پىلانغا قوشۇلمامسىز؟
— ياق.
— ئۇنداق بولسا، يەنە باشقا ئامال بار.
بوۋاينىڭ كۆزلىرى «قانداق ئامال؟» دەپ سورىدى.
— بۇ گەپنى ۋىلفور خېنىم يوق چاغدا ئېيتىدىغان بولغىنىمدىن خۇش بولىۋاتىمەن، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ماكسىمىلىئان، — مەن فىرانس ئەپەندىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا ئەدەبلىك ئادەملەر قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى قىلدۇرىمەن.
نۇئارتيېنىڭ كۆزلىرى يەنە سوئالنى ئىپادىلىدى.
— مېنىڭ نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىمنى بىلمەكچىمۇسىز؟
— هەئە.
— ئېيتقىنىمدەك، ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ۋالېنتىنا خېنىم بىلەن ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىزنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بېرىمەن. ئەگەر ئۇ نازۇك تەبىئەتلىك ئادەم بولسا، ئۆزى ئالماقچى بولغان قىزنىڭ مېھرىدىن ئۆزلۈكىدىن ۋاز كېچىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تاكى ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە مەن ئۇنىڭ ئەڭ سادىق دوستى بولۇپ قالىمەن. ئەگەر ئۇ مەغرۇرلۇق قىلىپ، ياكى پايدىنى كۆزلەپ، ئۇنداق قىلىشقا ئۇنىمىسا، ئۇنىڭ قىلمىشى مېنىڭ ۋەدىلىشىپ قويغان ئايالىمغا قىلىنغان زورلۇق بولىدىغانلىقىنى، ۋالېنتىنانىڭ مېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ۋە مەندىن باشقا هېچقانداق ئادەمگە كۆڭلىنى بەرمەيدىغانلىقىنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ قويىمەن. شۇندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن سوقۇشىمەن. يا مەن ئۇنى ئۆلتۈرىمەن، يا ئۇ مېنى ئۆلتۈرىدۇ. مەن ئۇنى ئۆلتۈرسەم، ئۇ ۋالېنتىناغا ئۆيلىنەلمەيدۇ؛ ئەگەر ئۇ مېنى ئۆلتۈرسە، ئىشىنىمەنكى، ۋالېنتىنا بەرىبىر ئۇنىڭغا ياتلىق بولمايدۇ.
نۇئارتيې بۇ مەردانە ۋە ئوچۇق چىرايغا ئىنتايىن خۇشاللانغان هالدا قاراپ ئولتۇراتتى. بۇ چىرايىدىكى هەربىر

ئۆزگىرىش خۇددى پۇختا ئىشلەنگەن ساغلام رەسىمنىڭ رەڭ-
بوياقلىرىدەك، موررېلنىڭ سۆزلىرىنىڭ چىن ئىكەنلىكىنى
روشەنلىك بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇراتتى. ھالبۇكى، مور-
رېل سۆزلەپ توختىغاندا نۇئارتىيې كۆزلىرىنى بىرنەچچە قېتىم
يۇمدى. مەلۇمكى، بۇ، رەت قىلىش مەنىسىنى بىلدۈرەتتى.
— ياق؟ — دەپ سورىدى موررېل، — بۇ پىلانغىمۇ
قوشۇلمامسىز؟
— شۇنداق، قوشۇلمايمەن، — دېگەننى ئۇقتۇردى
بوۋاي.
— ئەمىسە، قانداق قىلىش كېرەك، تەقسىر؟ — سورىدى
موررېل، — سېن - مېران خانىم كۆز يۇمۇش ئالدىدا نەۋرە
قىزىنىڭ توينى كېچىكتۈرمەسلىكنى بۇيرۇپتۇ. شۇنداق بولۇشقا
يول قويۇشۇم كېرەكمۇ؟
نۇئارتىيې ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىدى.
— چۈشەندىم، — دېدى موررېل، — كۈتۈپ تۇرۇشۇم
كېرەك ئىكەن - دە.
— شۇنداق.
— لېكىن، ۋاقىتنى قولدىن بېرىپ قويساق ئىشىمىز
چاتاق بولىدۇ، تەقسىر. ۋالېنتىنانىڭ ئۆزى يالغۇز قارشىلىق
كۆرسىتىشكە قۇربى يەتمەيدۇ. ئۇنى كىچىك بالىنى باشقۇرغان-
دەك مەجبۇر قىلىشىدۇ. ئىشىم ئوڭغا تارتىپتىكەن، بۇ يەرگە
كېلىپ نېمە بولغانلىقىنى ئۇقتۇم، سىزنىڭ ئالدىڭىزغا كىردىم.
لېكىن، بۇندىن كېيىنكى ئىشلاردىمۇ تەلەي سىناپ ئولتۇرۇۋەرسەم
بولمايدۇ - دە. ئويلاپ كۆرۈڭ، ھېلى سىزگە ئېيتقان ئىككى
خىل ئۇسۇلنىڭ بىرىنى ئىشلەتمەي بولمايدۇ. بەك كەسكىن
سۆزلىۋەتكەن بولسام ئەپۇ قىلغايسىز. ئېيتىڭا، بۇ ئىككى خىل
ئۇسۇلنىڭ قايسىنى، مۇۋاپىق كۆرىسىز؟ ۋالېنتىنا خېنىمنىڭ
مەن بىلەن كېتىشىگە رۇخسەت قىلامسىز؟



— ياق.
— مېنىڭ ئەپىنە ئەپەندى بىلەن سۆزلىشىشىمنى
مۇۋاپىق دەمسىز؟
— ياق.
— ئەمىسە، بىزگە كىم ياردەم قىلىدۇ؟ خۇدادىن مەدەت
كۈتۈپ تۇرۇشىمىز كېرەكمۇ؟
بوۋاينىڭ كۆزلىرىدە كۈلۈمسىرەش ئالامىتى پەيدا بولدى.
ئۇ ھەمىشە خۇدانىڭ گېپى چىققاندا ئاشۇنداق مەنىستىمەسلىك
ئىپادىسىنى كۆرسىتەتتى. بۇ پېشقەدەم ياكوبىنچى ھېلىمۇ
ئاتېيىست ئىدى.
— تەلەيدىن ئۈمىد كۈتەمدۇق؟ — سوراشنى داۋاملاش-
تۇردى موررېل.
— ياق.
— ئەمىسە سىز ياردەم قىلامسىز؟
— ھەئە.
— سىز؟
— ھەئە، — دېگەننى تەكرار ئىپادىلىدى بوۋاي.
— نېمىنى سوراۋاتقىنىمنى ئوبدان چۈشەندىڭىزمۇ، تەق-
سىر؟ تولا سوراپ كەتكىنىمدىن خاپا بولماڭ، لېكىن مېنىڭ
ھاياتىم سىزنىڭ جاۋابىڭىزغا باغلىق بولۇپ قالدى. بىزنى سىز
قۇتقۇزۇپ قالالامسىز؟
— ھەئە.
— تولۇق ئىشەنچىڭىز بارمۇ؟
— ھەئە.
— كېپىللىك قىلالامسىز؟
— ھەئە.
بۇ «ھەئە» دېگەن جاۋابنى ئىپادىلىگەن كۆزلەردىن شۇن-

چىلىك قەتئىيلىك چىقىپ تۇراتتىكى، ئۇنىڭ قادىرلىقىغا ئىشىنىش تەس بولغان ھالەتتىمۇ، ئىرادىسىنىڭ چىڭلىق ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىشقا بولمايتتى.

— رەھمەت سىزگە، مىڭ مەرتىۋە رەھمەت! ئەپسۇسكى، تەقسىر ئەگەر تەڭرىنىڭ كارامىتى بىلەن سىزنىڭ سۆزلەش ۋە ھەرىكەتلىنىش ئىقتىدارىڭىز ئەسلىگە كەلمىسە، مۇشۇ كرېسلوغا بەخشەندە بولۇپ، تىلسىز، ھەرىكەتسىز ھالدا قانداق قىلىپ بۇ توينى ياندۇرۇۋېتەلەيسىز؟

بوۋاينىڭ كۆزلىرىدە ئىپادىلەنگەن غەلىتە كۈلۈمسىرەش ئۇنىڭ ھەرىكەتسىز يۈزىنى گويا نۇرلاندۇرۇۋەتكەندەك بولدى.

— دېمەك، كۈتۈپ تۇرۇۋشۇم كېرەك ئىكەن - دە؟ — سورىدى موررېل.

— ھەئە.

— كېلىشىمچۇ؟

بوۋاينىڭ كۆزلىرىدە يەنە كۈلۈمسىرەش ئىپادىلەندى.

— ئۇ كېلىشىم ئىمزالانمايدۇ دېمەكچىمۇ سىز؟

— ھەئە، — دېگەننى بىلدۈردى نۇئارتيې.

— دېمەك، كېلىشىم ئىمزالانمايدىكەن - دە! — خىتاب قىلدى. موررېل، — ۋاي، مېنى ئەپۇ قىلىڭ! زور بەختىنىڭ گېپى چىققاندا ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەي قالىدىكەن. كېلىشىم ئىمزالانمامدۇ؟

— شۇنداق، دېگەن جاۋابنى بىلدۈردى پالەچ بوۋاي.

موررېل يەنىلا ئىشەنمىدى. ئاجىز بوۋاينىڭ بۇ ۋەدىسى شۇ قەدەر ئەجەبلىنەرلىك ئىدىكى، بۇنى ئىرادە كۈچىدىن ئەمەس، بەلكى جىسمانىي جەھەتتىكى زەئىپلىكتىن ئېيتىلغان قالايمىقان گەپ دەپ چۈشىنىش مۇمكىن ئىدى. دېمىسىمۇ، ئەقلىي ھوشى جايىدا بولمىغان كىشى ئۆزىنىڭ قۇربى يەتمەيدىغان



ئىشنى قىلالايمەن دېيىشى تۇرغان گەپ. ئاجىزلار ھامان كۆتۈرگىلى بولمايدىغان ئېغىر نەرسىلەر ئۈستىدە مۇلاھىزە قىلىدۇ؛ قورقۇنچاقلار گويا ئۆزلىرى يەڭگەن دىۋىلەر ھەققىدە ھېكايە سۆزلەيدۇ؛ گادايلار ھامان ئالتۇن - كۈمۈشنىڭ گېپىنى قىلىشىدۇ؛ كارغا كەلمەسلەر چوڭچىلىق قىلىپ، ئۆزىنى گوياكى يۇپىتېردەك① قىلىپ كۆرسىتىدۇ.

نۇئارتيې موررېلنىڭ ئىككىلىنىشىنى چۈشەندىمۇ ياكى ئۇنىڭ ئىتائەتمەنلىك بىلدۈرگىنىگە تولۇق ئىشىنىپ كېتەلمىدىمۇ، ئىشقىلىپ، ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدى.

— نېمە دېمەكچىسىز، تەقسىر؟ — سورىدى موررېل، — ھېچقانداق تەدبىر قوللانماسلىق توغرىسىدا يەنە بىر قېتىم ۋەدە بېرەمسىز؟

نۇئارتيې گويا «ئۇنداق قىلىش يېتەرلىك بولمايدۇ» دېگەندەك قىلىپ، تىك بېقىپ قاراۋەردى. ئاندىن، كۆزلىرىنىڭ قارىشىنى ئۇنىڭ يۈزىدىن ئۇنىڭ قولىغا يۆتكىدى.

— مېنى «قەسەم قىل» دەمسىز؟ — سورىدى، ماكسىمىلىئان.

— ھەئە، شۇنداق قىلىشىڭنى خالايمەن، — دېگەننى ئىپادىلىدى پالەچ بوۋاي.

موررېل، بوۋاينىڭ بۇ قەسەمگە زور ئەھمىيەت بىلەن قارايدىغانلىقىنى چۈشەندى.

ئۇ، قولىنى سوزدى.

— قەسەم قىلىمەنكى، — دېدى ئۇ، — سىزنىڭ قارارىڭىزدىن ئىلگىرى ئەپىنە ئەپەندىگە قارشى ھېچقانداق تەدبىر قوللانمايمەن.

— ياخشى، — دېگەننى ئىپادىلىدى بوۋاينىڭ كۆزلىرى.

---

① يۇپىتېر — قەدىمكى رىم ئەپسانىلىرىدا ئەڭ چوڭ تەڭرى — ت

— ئەفسىرى، ئەمدى قايتىپ كەتسەم بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى موررېل.

— ھەئە.

— ۋالېنتىنا خېنىم بىلەن كۆرۈشمەي كېتەمدىم؟

— ھەئە.

موررېل ئىتائەت بىلدۈرۈپ تەزىم قىلدى.

— ئەمدى، — دېدى ئۇ، — سىزنى قىزىڭىز سۆيگەندەك، ئوغلىڭىزنىڭمۇ سۆيۈپ قويۇشىغا رۇخسەت قىلامسىز؟

نۇئارتيېنىڭ كۆزلىرىدە ئىپادىلەنگەن مەنانى چۈشەنمەسلىك مۇمكىن ئەمەس ئىدى. موررېل، بوۋاينىڭ پېشانىسىگە ئېڭىشىپ، بايا ۋالېنتىنانىڭ لەۋلىرى تەگكەن يېرىگە لەۋلىرىنى تەگكۈزدى. ئاندىن بوۋايغا يەنە بىر قېتىم تەزىم قىلىپ، چىقىپ كەتتى.

ئىشىك ئالدىدا ئۇ قېرى خىزمەتكارنى ئۇچراتتى. ئۇ، ۋالېنتىنانىڭ تاپشۇرۇشى بىلەن شۇ يەردە كۈتۈپ تۇرغان بولۇپ، موررېلنى قاراڭغۇ ئايلانما كارىدور ئارقىلىق باغقا چىقىدىغان كىچىك ئىشىككە باشلاپ باردى.

موررېل باغقا چىققاندىن كېيىن دەرھال دەرۋازا ئالدىغا باردى ۋە شۇ جايدىكى دەرەخنىڭ شاخلىرىغا ئېسىلىپ، ھەش-پەش دېگۈچە تۇسۇقنىڭ ئۈستىگە چىقتى-دە، ئۆزى تىكلەپ قويغان شوتا بىلەن بېدە ئۆسكەن كۆكتاتلىققا چۈشتى. ئۇ يەردە ئۆزى قالدۇرۇپ قويغان ھارۋا تۇراتتى. ئۇ، ھارۋىغا ئولتۇردى ۋە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلاردىن روھى چۈشكەن، ئەمما كۆڭلى ئىمىن تاپقان ھالدا يېرىم كېچە بولاي دېگەندە ميلې كوچىسىغا يېتىپ كەلدى؛ ئۆيگە كىرىپ، تۆشەككە ئۆزىنى ئاتتى-دە، خۇددى مەست ئادەمدەك ئۇخلاپ قالدى.



## يىگىرمە بىرىنچى باب

## ۋىلفور ئائىلىسىنىڭ مازىرى

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ، ئەتىگەن سائەت ئونلاردا ۋىلفور ئەپەندىنىڭ ئىشىكلىرى ئالدىدا نۇرغۇن ئادەم توپلاندى. سېنت-ئونورې ۋە دې-لا-پېپىنيېر كوچىلىرىدا ماتەملىك پەيتۇنلار ۋە شەخسىي ھارۋىلار ئۇزۇن قاتار بولۇپ تىزىلىپ كەتكەنىدى.

بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇزۇن يولدىن كەلگەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرغان بىر ھارۋا ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. بۇ، سوزۇنچاق كۆتەك ھارۋىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل ھارۋا بولۇپ، قارا رەڭدە سىرلانغانىدى. بۇ، يىغىلىش ئورنىغا ئەڭ بالدۇر كەلگەن ھارۋىلارنىڭ بىرى ئىدى.

كېيىن مەلۇم بولدىكى، بۇ ھارۋىدا ماركىز سېن-مېراننىڭ جەستى ئېلىپ كېلىنگەنىدى. بىر مېيىتنى ئۇزىتىمىز دەپ ئۇيۇلغان جامائەت ئەمدى ئىككى مېيىتنى ئۇزىتىدىغانلىقىنى بىلىشتى.

ئۇزاتقۇچىلار كۆپ ئىدى. ماركىز سېن-مېران لىيۇدوۋىك XVIII ۋە كارل X دەۋرلىرىدە كاتتا ئەمەل تۇتقان تۆرە بولغىنى ئۈچۈن قەدىناسلىرى كۆپ ئىدى. ئۇلار يەنە ۋىلفورنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقىدا بولىدىغان كىشىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، زور جامائەتنى تەشكىل قىلغانىدى.

دەرھال ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا مەلۇم قىلىشىپ، ئىككى مېيىتنى بىرلىكتە ئۇزىتىشقا رۇخسەت ئېلىشتى. ئاخىرەتلىك

بېزەكلىرى بىلەن بېزىتىلگەن ئىككىنچى كاتافالك ① خالىق مۇپەتتىشنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىندى ۋە جەسەت ساندۇقىنى كىرا ھارۋىسىدىن ماتەم پەيتونىغا يۆتكەشتى.

ئىككى مېيىت پېر - لاشېز قەبرىستانلىقىغا ئېلىپ بېرىلماقچىدى. ۋىلفور ئۇ قەبرىستانلىقتىن مەخسۇس يەر ئاجرىتىپ، ئۆز ئائىلىسىنىڭ ئەزالىرىنى يەرلىكىدە قويۇش ئۈچۈن خاس مازار بىنا قىلغانىدى، بىچارە رېنېمۇ شۇ مازارغا قويۇلغانىدى. ئەمدى ئۇنىڭ ئاتىسى بىلەن ئانىسى ئون يىلغا سوزۇلغان جۇدالىقتىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن جەم بولۇش ئالدىدا تۇرماقتا ئىدى.

ھەشەمەتلىك ماتەم ئىشلىرىنى كۆرگەندە ھامان قىزىقسىنىپ، غۇلغۇلا قىلىشىدىغان پارىژلىقلار بۇ، ھەيۋەتلىك دەپنە مۇراسىمىنى چوڭقۇر ھۆرمەت تۇيغۇسى بىلەن سۈكۈتتە تۇرۇپ كۆزىتىشتى. ئەنئەنىۋى قائىدىلەردە چىڭ تۇرۇشى، ئۆز تائىپىسىگە سادىقلىقى ۋە شۇ تائىپىنىڭ پرىنسىپلىرىنى تەۋرەنمەي ھىمايە قىلىشى بىلەن شۆھرەت قازانغان بۇ ئىككى نەپەر پېشقەدەم ئاقسۆڭەكنى پۈتۈن جامائەت بىرلىكتە ئاخىرەتلىككە ئۇزىتىپ ماڭدى.

بوشان، ئالبېر ۋە شاتو - رېنو ئۈچەيلەن بىر ماتەم پەيتونىدا ئولتۇرۇپ، بۇ، تۇيۇقسىز ئۆلۈم ئۈستىدە مۇھاكىمە قىلىشتى.

— مەن سېن - مېران خانىمنى بۈلتۈر مارسېلدا كۆرگەنىدىم، — دېدى شاتو - رېنو، — مەن ئۇ چاغدا ئالجىردىن قايتىپ كېلىۋاتاتتىم. ئۇ ئايال قارىماققا 100 ياشقا كىرىدىغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ شۇنچە تېتىك، ساغلام ۋە ئەقلى - ھوشى جايىدا ئىدى. ئۇ قانچە ياشتا ئىدى؟

---

① كاتافالك — مەخسۇس جەسەت توشۇش ئۈچۈن ياسالغان ھارۋا.



— 66 ياشتا، — دېدى ئالبېر، — ئىشقىلىپ، فرانس شۇنداق دېگەنىدى. لېكىن، ئۇنىڭ ئۆلۈشى قېرىلىقتىن ئەمەس، قايغۇدىن بولدى. ئۇ، ماركىزنىڭ ئۆلۈمىنى كۆتۈرەلمەي قالدى. ئاڭلىشىمچە، ماركىز ئۆلگەندىن كېيىن ئۇ ئەقلىدىن ئېزىپ قالغاندەكلا بولۇپ قالغانىكەن.

— شۇنداقتىمۇ، ئۇ زادى نېمە بولۇپ ئۆلۈپتۇ؟ — سورىدى بوشان.

— مېڭىسىگە قان چۈشكەن دەمدۇ، مېڭە تومۇرلىرى يېرىلىپ كەتكەن دەمدۇ، ئىشقىلىپ، شۇنداق بىر گەپنى ئاڭلىدىم. يا بۇ ئىككىسى ئوخشاش گەپمۇ؟

— تەخمىنەن ئوخشاش گەپ.

— مېڭە تومۇرلىرى يېرىلغان؟ — قايتىلاپ سورىدى بوشان، — ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. مەن سېن - مېران خانىمنى ئىككى قېتىم كۆرگەنىدىم، ئۇ، جۇغى كىچىك، ئورۇق، مىجەزى ئىتتىك ئايال ئىدى. ئۇ، قېنى كۆپ ئاياللاردىن ئەمەس ئىدى. تەن قۇرۇلۇشى مۇشۇنداق كىشىلەردە مېڭە تومۇرلىرىنىڭ يېرىلىپ كېتىشى كەم ئۇچرايدىغان ئەھۋال.

— ھەر ھالدا، — دېدى ئالبېر، — ئۇ، مەيلى قانداق كېسەلدىن ئۆلگەن بولسۇن، ئەمدى ۋىلفور ئەپەندى، توغرىسىنى ئېيتقاندا ۋالېنتىنا خېنىم، ياكى ئۇنىڭدىنمۇ توغرىسىنى ئېيتقاندا، دوستۇم فرانس زور بايلىقنى مىراس ئالىدىغان بولدى. بىلىشىمچە، ئۇنىڭ مىراسى يىلىغا 80 مىڭ لىۋر كىرىم كەلتۈرىدۇ.

— پېشقەدەم ياكوبىنچى نۇئارتىيېنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن بۇ مىراس يەنە بىر قاتلىنىدۇ.

— نېمىدېگەن تەرسا بوۋاي ئۇ! — دېدى بوشان، —

دېگەندىن يانمايدىغان تەرسا ئادەم①. ئۇ، ئۆزىنىڭ بارلىق مىراسخورلىرىنى كۆرگە كىرگۈزۈۋەتمىگۈچە كۆز يۇماسلىققا قەسەم ئىچىۋەتكەن بولسا كېرەك. كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسىلەر، ئۇ چوقۇم شۇ مەقسىتىگە يېتىدۇ. 1814 - يىلى ناپالېئونغا ئەقىل كۆرسەتكەن ھېلىقى 93 ياشلىق كېكەش ۋەكىلى شۇ نوتارىئۇسى بولسا كېرەك. ئۇ ۋەكىل ناپالېئونغا مۇنداق دېگەنىدى:

«سىز تۆۋەنگە چۈشۈپ كېتىۋاتىسىز، چۈنكى سىزنىڭ ئىمپېرىيىڭىز تېز ئۆسۈپ كېتىپ، تۆۋلىنەلمەي قالغان ئۆسمۈرلۈككە ئوخشايدۇ. بىر ياخشى ئاساسىي قانۇن تۈزۈپ چىقىپ، يەنە جەڭ مەيدانىغا قايتىپ بېرىڭ. شۇنداق قىلسىڭىز يەنە 500 مىڭ ئەسكەرگە ئىگە بولىسىز، مارېنگو ۋە ئائۇستېرلىتستىكى غەلىبىلەرنى يەنە قولغا كەلتۈرىسىز. جانابىي ئالىيلىرى، ئىدىيىلەر ئۆلمەيدۇ. ئىدىيىلەر مەلۇم بىر مەزگىل ئۇيقۇغا كېتىشى مۇمكىن، لېكىن ئۇلار ئويغانغاندا ئۇخلاشتىن بۇرۇنقىدىنمۇ كۈچلۈكرەك بولۇپ، باش كۆتۈرۈپ چىقىدۇ».

— ئەھۋالدىن قارىغاندا، — دېدى ئالبېر، — ئۇ، ئادەملەرنى ئىدىيىلەرگە ئوخشاش كۆرىدىكەن. شۇنىڭغا ھەيرانمەنكى، فرانس ئەپەندە ئۆزىنىڭ خوتۇنىنىڭ ياردىمىسىز كۈن ئۆتكۈزەلمەيدىغان بوۋاي بىلەن قانداق چىقىشىپ ئۆتەركىن تاڭ. ھە، راست، فرانس كۆرۈنمەيدىغۇ؟

— ئۇ ئەڭ ئالدىدىكى پەيتۇندا ۋىلفور بىلەن كېتىۋاتىدۇ. ۋىلفور ئۇنى ھازىردىن باشلاپلا ئۆز ئائىلىسىنىڭ ئەزاسى دەپ ھېسابلايدىغان بوپتۇ.

قاتارلىشىپ كېتىۋاتقان ھەممە ھارۋىلاردا تەخمىنەن شۇ خىلدىكى گەپ - سۆزلەر بولۇۋاتاتتى. كىشىلەر ئىككى مەرھۇم-

① گوراتىي شېئىرلىرىدىن.



نىڭ شۇنچە ئۇشتۇمتۇت بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى قازا تاپقىنىغا ھەيران بولۇشاتتى، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى دوختۇر ئاۋرىنىينىڭ كېچىلىك باغ سەيلىسىدە ۋىلفورغا ئېيتقان قورقۇنچلۇق سۆزلىرىدىن خەۋەرسىز ئىدى.

بىر سائەت يول يۈرگەندىن كېيىن قەبرىستانلىققا يېتىپ كېلىشتى. ھاۋا خۇددى بۇ قايغۇلۇق مۇراسىمغا ماسلاشقاندەك تىنچ، ئەمما تۇتۇق ئىدى. شاتو - رېنو ئائىلە مازىرىغا كېتىۋاتقان كىشىلەر ئارىسىدا موررېلنى كۆرۈپ قالدى. موررېل باشقىلارغا قوشۇلماي، ئۆز ھارۋىسى بىلەن كەلگەنىدى. ئۇ، چىرايى تاتارغان ھالدا ئۆزى يالغۇز ئۈنچىقماستىن ئىككى يېنىغا تىس① تىكىلگەن يولدا كېتىۋاتاتتى.

— سىز قانداق بولۇپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭىز؟ — دېدى شاتو - رېنو ياش كاپىتاننى قولتۇقلىۋېلىپ، — سىز ۋىلفور بىلەن تونۇشامسىز؟ مەن سىزنى ئۇنىڭ ئۆيىدە زادى كۆرۈپ باقمىغانىدىمغۇ؟

— ۋىلفور بىلەن تونۇشلۇقۇم يوق، — دېدى موررېل، — سېن - مېران خانىم بىلەن تونۇشاتتىم.

بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئالبېر بىلەن فرانس يېتىپ كەلدى.

— بۇ، كىشىلەر بىلەن تونۇشۇشقا ئانچە مۇۋاپىق ئورۇن ئەمەس، — دېدى ئالبېر، — شۇنداقتىمۇ، بىز خۇراپىي ئادەملەردىن ئەمەس. موررېل ئەپەندى، مېنىڭ ئىتالىيىگە قىلغان سەپىرىمدىكى ياخشى ھەمراھىم فرانس ئەپىنە ئەپەندىنى سىزگە تونۇشتۇرۇپ قويۇشۇمغا ئىجازەت قىلغايسىز. قەدىرلىك فرانس، بۇ ماكسىمىلىئان موررېل. سەن قايتىپ كەلگۈچە بىز ئۇنىڭ بىلەن ئىناق دوستلاردىن بولۇپ قالدۇق. بۇنىدىن كېيىن ھەر

① جەنۇبىي بەلباغدا ئۆسىدىغان بىر خىل يىڭنە يوپۇرماقلىق ئۆسۈملۈك.

قانداق ۋاقىتتا سادىق يۈرەك، ئەقىل ۋە چىقىشقاقلىق ھەققىدە سۆز ئېچىلسا، مېنىڭ ئاغزىمدىن ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاڭلايسەن.

موررېل بىر سېكۇنتچە دىلغۇل بولۇپ قالدى. ئۇ، شۇنداق ئويلىدىكى، ئۆزى خۇپىيانە ھالدا قارشى تۇرۇۋاتقان ئادەمگە دوستانە رەۋىشتە سالام بەرسە جىنايەتكارانە خۇشامەتگويلۇق بولۇپ قالماسمۇ؟ ھالبۇكى، ئۇ ئۆزىنىڭ قەسىمىنى ۋە ھازىرقى مۇسىبەتلىك پەيتنى ئېسىگە ئېلىپ، چاندۇرماسقا تىرىشتى ھەمدە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، فرانسقا تەزىم قىلدى.

— ۋىلفور خانقىز بەك قايغۇرۇۋاتامدۇ؟ — دەپ سورىدى دېبرې فرانستىن.

— بەك قايغۇرۇۋاتىدۇ، — دېدى فرانس، — بۈگۈن ئەتىگەن ئۇنىڭ چىرايى شۇنداق ئۆزگىرىپ كېتىپتۇكى، ئۇنى ئاران تونۇدۇم.

بۇ ئادەتتىكى سۆزلەر موررېلنىڭ يۈرىكىگە مۇشت بولۇپ ئۇرۇلغاندەك تۇيۇلدى. دېمەك، بۇ كىشى ۋالېنتىنا بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپتۇ-دە؟ قېنى قىزىق، ياش ئوفىتسېر ئۆز قەسىمىنى بۇزۇۋەتمەسلىك ئۈچۈن پۈتۈن كۈچىنى يىغدى. ئۇ شاتو-رېنونى قولتۇقلىۋالدى-دە، تېز-تېز قەدەم تاشلاپ، ئۇنى مازارغا باشلاپ كەلدى. ئۇ يەردە خىزمەتكارلار ھەر ئىككى مېيىت ساندۇقىنى گۆر ئالدىغا تەق قىلىپ قويۇشقانىدى.

— بۇ نېمىدېگەن ئېسىل ماكان، — دېدى بوشان گۈمبەزگە قاراپ، — بۇ ھەم يازلىق ھەم قىشلىق ساراي. قەدىرلىك فرانس، كېيىن سىزمۇ مۇشۇ يەردە ماكانلىشىسىز، چۈنكى پات ئارىدا بۇ ئائىلىگە ئەزا بولىسىز ئەمەسمۇ. ۋەھالەنكى، مەن پەيلاسوپ بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئەنە ئاشۇ دەرەخلەردىن ئىبارەت ئاددىيغىنا بىر باغچا ياكى كىچىك بىر ئېغىز ئۆي



بولۇشنى ۋە تېنىم ئۈستىگە قەبرە تاشلىرىنىڭ ئازراق قويۇلۇشىنى ئەۋزەل كۆرىمەن. ماڭا ئەجەل يەتكەندە ئەتراپىمدىكىلەرگە خۇددى ۋولتېرنىڭ پىرونغا يازغىنىدەك: «سەھراغا كېتىۋاتىمەن» دېگەن سۆزنىلا ئېيتىمەن... ھە، شۇنداق قىلىپ، فرانس، روھلۇق بولۇڭ. ئايالىڭىز ھەممىگە ۋارىسلىق قىلىدۇ ئەمەسمۇ.

— ھەي... بوشان، — دېدى فرانس، — سىزنىڭ مىجەزىڭىز بەك ئوسال ئىكەن. سىز سىياسىي ئەرباب. سىياسەتكە بەك بېرىلىپ كېتىپ، ھەممىنى مەنسىتمەيدىغان، ھېچنېمىگە ئىشەنمەيدىغان ئادەتنى ئۆزلەشتۈرۈۋاپسىز. شۇنداقتىمۇ، سىز ھازىر ئاددىي بەندىلەرنىڭ ئارىسىدا بىردەملىككە سىياسەتتىن چەتنەپ تۇرۇش بەختىگە ئىگە بولۇپ تۇرۇۋاتىسىز. ھەمىشە ۋەكىللەر پالاتاسى ياكى پېرلار پالاتاسىنىڭ بوسۇغىسىدا قالدۇرۇپ قويىدىغان جېنىڭىزنى قايتىدىن ۋۇجۇدىڭىزغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىپ بېقىڭ.

— يائاللا، — دېدى بوشان، — ھايات دېگەن زادى نېمە ئۇ؟ ئۇنىڭ مەنىسى ئۆلۈمنىڭ بوسۇغىسىدا كۈتۈپ ئولتۇرماقتىن باشقا نەرسە ئەمەسقۇ.

— مەن بوشاننى ئۆچ كۆرۈپ قېلىۋاتىمەن، — دېدى ئالبېر ۋە بوشاننىڭ پەلسەپىۋى مۇلاھىزىلىرىنى ئاڭلاشقا دېبرېنى قالدۇرۇپ، فرانس بىلەن بىرنەچچە قەدەم نېرىغا ئۆتۈپ كەتتى.

ۋىلفورلارنىڭ ئائىلىۋى مازىرى ئاق تاش بىلەن قوپۇرۇلغان بولۇپ، ئېگىزلىكى 20 فۇتچە كېلىدىغان چاسا شەكىللىك تۆپىلىكتىن ئىبارەت ئىدى. مازارنىڭ ئوتتۇرىسىغا سېلىنغان تۇسۇق سېن-مېرانلارغا ئايرىلغان يەر بىلەن ۋىلفورلارغا ئايرىلغان يەرنى ئاجرىتىپ تۇراتتى ۋە ھەر ئىككى قىسىم يەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشىكى بار ئىدى.

بۇنىڭدا باشقا مازارلاردىكىدەك مېيىت سېلىنىپ، قاتار تىزىپ قويۇلىدىغان ۋە خۇددى سېتىلىدىغانماللارنىڭ ماركىلىرىغا ئوخشايدىغان خەتلەر يېزىپ قويۇلىدىغان ساندۇقلار يوق ئىدى. تۈچ بىلەن قاپلانغان ئىشىك ئېچىلغاندىن كېيىن بىر سۇرلۇك ۋە قاراڭغۇ ئارىلىق كۆرۈندى. بۇ ئارىلىق بىر تام ئارقىلىق گۆردىن ئايرىلىپ تۇراتتى. ۋىلفورلارنىڭ ۋە سىن - مىرانلارنىڭ يەرلىكلىرىگە ئېلىپ كىرىدىغان ھېلىقى ئىككى ئىشىك ئەنە شۇ تامدا ئىدى.

بۇ يەردە مەرھۇملارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى قايغۇ - ھەسرەتلىرىنى تۆكۈپ، ئۆزلىرى خالىغانچە پىنھانلىقتا بولالايتتى. پېر - لاشېزغا سەيلە قىلىش ياكى مۇھەببەت ۋىسالى ئۈچۈن چىققان يېنىك تەبىئەتلىك كىشىلەرنىڭ ناخشىلىرى، ۋارقىراشلىرى ۋە ئۇيان - بۇيان يۈگۈرۈشلىرى مازارغا كىرگۈچىلەرنىڭ سۈكۈت ئىچىدە تۇرۇشلىرىغا ياكى يىغلاپ تۇرۇپ قىرائەت قىلىشلىرىغا دەخلى يەتكۈزەلمەيتتى.

ھەر ئىككى مېيىت ساندۇقى سىن - مىرانلار ئائىلىسىگە تەئەللۇق بولغان ئوڭ تەرەپتىكى مازارغا ئېلىپ كىرىلدى ۋە ئۆزىنىڭ ماتەملىك يۈكىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان سۇپا ئۈستىگە قويۇلدى. ۋىلفور، فرانس ۋە يېقىن تۇغقانلار مازار ئىچىگە كىرىپ كېتىشتى.

بارلىق دىنىي رەسىم - قائىدىلەر مازارنىڭ سىرتىدا ئورۇنلىنىپ بولدى. ھېچقانداق نۇتۇق سۆزلەنمىدى. شۇڭا، ئىشتىراك قىلغۇچىلار دەرھال تارقىلىپ كېتىشتى. شاتو - رېنو، ئالبېر ۋە موررېل بىر تەرەپكە، دېبرې بىلەن بوشان يەنە بىر تەرەپكە يۈرۈپ كېتىشتى.

فرانس ۋىلفورنىڭ يېنىدا قالدى. قەبرىستانلىقنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە موررېل قانداقتۇ بىر ئىشنى باھانە



قىلىپ توختىدى. ئۇ، فرانس بىلەن ۋىلفورنىڭ بىر پەيتۇندا قايتقانلىقىنى كۆرۈپ، چۈشىنى يېۋالغاندەك بولۇپ قالدى. ئۇ شەھەرگە قايتتى ۋە گەرچە شاتو - رېنو ۋە ئالبېر بىلەن بىر پەيتۇندا ئولتۇرسىمۇ، ئۇلارنىڭ قىلىشىۋاتقان گەپلىرىدىن بىر سۆزمۇ ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى.

دەرۋەقە، فرانس خوشلىشاي دەپ تۇرغاندا ۋىلفور ئۇنىڭدىن:

— بارون، ئەمدى قاچان كۆرۈشىمىز؟ — دەپ سورىدى.

— قاچان دېسىڭىز شۇ چاغدا، تەقسىر، — دەپ جاۋاب بەردى فرانس.

— تېزرەك بولغىنى ياخشى.

— خىزمىتىڭىزگە تەييارمەن. ئەمىسە بىللە قايتايلىمۇ؟

— مالال كۆرمىسىڭىز شۇنداق قىلايلى.

— ھېچقانچە مالاللىقى يوق.

كەلگۈسىدىكى قېيىن ئاتا ۋە كۈيئوغۇل ئەنە شۇ گەپ بىلەن بىر پەيتۇنغا ئولتۇرغانىدى. موررېلنىڭ خاتىرجەمسىزلىنىشىمۇ بىكار ئەمەس ئىدى. ۋىلفور بىلەن فرانس سېنت - ئونورې كوچىسىغا قايتىپ كېلىشتى.

خانلىق مۇپەتتىش ھېچكىمنىڭ يېنىغا كىرمەي، ئايالى بىلەنمۇ، قىزى بىلەنمۇ سۆزلەشمەي، مېھماننى ئۆز ئىشخانىسىغا باشلاپ كىردى ۋە ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

— ئەپىنە ئەپەندى، — دېدى ئۇ، — سىزنى بەزى ئىشلاردىن خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇشۇم كېرەك. قارىماققا بۇ گېپىم بىمەزگىل ئېيتىلغاندەك بىلىنىشى مۇمكىن، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس، چۈنكى ئۆلگەنلەرنىڭ ۋەسىيىتىنى ئورۇنداش ئۇلارنى ياد ئېتىشتىكى ئەڭ مۇھىم ئىش. مەن سىن - مىران خانىمنىڭ ئۈچ كۈن ئىلگىرى سەكراتتا يېتىپ ئېيتقان ۋەسىيە-

ئىدىن سىزنى ۋاقىپ قىلماقچىمەن. ئۇ، ۋالېنتىنانىڭ تويىنى ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدىمۇ كېچىكتۈرمەسلىكنى تاپىلىغانىدى. ئۆزىڭىزگە مەلۇم، ھەرھالدا ھەممە ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغان. ئۇنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە سېن - مېرانلارنىڭ بارلىق مۈلكى ۋالېنتىنانىڭ قولىغا ئۆتىدۇ. تۆنۈگۈن نوتارىئۇس نىكاھ كېلىشىمىنى رەسمىيلەشتۈرۈشكە مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلەرنى ماڭا كۆرسەتتى. سىز نوتارىئۇس بىلەن كۆرۈشۈپ، مېنىڭ نامىمدىن شۇ ھۆججەتلەرنى كۆرسىتىشنى سورىسىڭىز بولىدۇ. بىزنىڭ نوتارىئۇسىمىز دېشان، بوۋې مەيدانى، سېنت - ئونورې كوچىسىدا تۇرىدۇ.

— تەقسىر، — دېدى ئەپسىنە، — ۋالېنتىنا خېنىم ھازىر مۇسىبەت ئۈستىدە تۇرىدۇ، توي ئىشى توغرۇلۇق سۆزلىشىشنى خالارمۇ؟ مەن...

— ۋالېنتىنانى ھەممىدىن بەك تەقەززا قىلىۋاتقان ئىش مومىسىنىڭ ئاخىرقى ۋەسىيىتىنى ئورۇنداشتىن ئىبارەت، — دېدى ۋىلفور ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋېتىپ، — شۇڭا، ئۇ باشقىچە پىكىردە بولمايدۇ، سۆزۈمگە ئىشىنىڭ.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى فرانس. — مېنىڭمۇ باشقىچە پىكرىم بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىڭىز بىلىپ ئىش قىلىڭ. مەن ۋەدە بەرگەن، شۇ ۋەدەمگە ئاخىرىغىچە خۇشاللىق بىلەن ئەمەل قىلىمەن.

— شۇنداق بولغاندىن كېيىن بۇ ئىشنى كەينىگە سۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق، — دېدى ۋىلفور، — ئەسلىدە كېلىشىم ئۈچ كۈن ئىلگىرىلا ئىمزالىنىشى لازىم ئىدى. بۇنىڭ ھەممە تەييارلىقلىرى پۈتكەن. ئەمدى بۈگۈن ئىمزالىساقمۇ بولىدۇ.

— بىراق ھازىدارلىقچۇ؟ — دەپ ئىككىلىنىپ سورىدى فرانس.

— خاتىرجەم بولۇڭ، — دېدى ۋىلفور، — مېنىڭ ئۆيۈمدە



قائىدە - يوسۇنلارغا زىت كېلىدىغان ئىش بولمايدۇ. ۋالېنتىنا پەرھىز قىلىنغان ئۈچ ئاينىچە ئۆزىنىڭ سېن - مېران ئىگىلىكىگە كېتىپ تۇرىدۇ. ئۆزىنىڭ ئىگىلىكىگە دەۋاتىمەن، چۈنكى سېن - مېرانلارنىڭ ئىگىلىكى ئەمدى ئۇنىڭغا تەئەللۇق. ئەگەر سىز ماقۇل كۆرسىڭىز، يەنە بىر ھەپتىدىن كېيىن شۇ ئىگىلىكتە تىنچ، داغدۇغىسىز، ئاددىي - ساددە قىلىپ، نىكاھ مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ. سېن - مېران خانىم نەۋرە قىزىنىڭ تويىنى ئاشۇ ئۆيدە ئۆتكۈزۈشنى ئارمان قىلغانىدى. تويدىن كېيىن پارىژغا قايتىپ كەلسىڭىز بولىدۇ. ئايالىڭىز ھازىدارلىق مۇددىتى توشقۇچە ئۆگەي ئانىسى بىلەن بىرگە بولۇپ تۇرىدۇ.

— ماقۇل شۇنداق بولسۇن، تەقسىر، — دېدى فرانس.

— ئۇنداق بولسا، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ۋىلفور، — يېرىم سائەت تەخىر قىلىپ تۇرۇڭ. ئۇنىڭغىچە ۋالېنتىنا ساراي ئۆيگە كىرىدۇ. مەن دېشاننى چاقىرتاي. نىكاھ كېلىشىمىنى مۇشۇ يەردىلا جاكالاپ، ئىمزالايلى. ۋىلفور خانىم بۈگۈن ئاخشاملا ۋالېنتىنانى ئۇنىڭ ئىگىلىكىگە ئېلىپ كەتسۇن. بىر ھەپتىدىن كېيىن بىز ئۇلارنىڭ كەينىدىن بارىمىز.

— تەقسىر، — دېدى فرانس، — سىزگە بىر تەلىپىم بار.

— قانداق تەلەپ؟

— كېلىشىمنى ئىمزالاشقا ئالبېر مورسېر بىلەن پائۇل شاتو - رېنو ئىشتىراك قىلىسىكەن دەيمەن. ئۇلار مېنىڭ گۇۋاھچىلىرىم ئەمەسمۇ.

— ئۇلارنى يېرىم سائەتنىڭ ئىچىدىلا ۋاقىپلاندۇرۇشقا بولىدۇ. ئۇلارنى ئۆزىڭىز چاقىرامسىز، يا بىز ئادەم ئەۋەتەيلىمۇ؟

— ئۆزۈم باراي.

— ئەمىسە يېرىم سائەتتىن كېيىن سىزنى كۈتىمەن، بارون. ئۇ چاغقىچە ۋالېنتىنامۇ تەييارلىنىپ بولىدۇ.

فرانسىس ۋىلفورغا تەزىم قىلىپ، چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ كەينىدىن ئىشىك يېپىلىشى بىلەنلا ۋىلفور ۋالېنتىناغا ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنىڭ يېرىم سائەتتىن كېيىن سارايى ئۆيگە كىرىشى لازىملىقى، چۈنكى نوتارىئۇس ۋە باروون ئەپىنەنىڭ گۇۋاھچىلىرى كېلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

بۇ كۈتۈلمىگەن خەۋەر ئائىلىدىكى ھەممەيلەننى ھاڭ - تاڭ قالدۇردى. ۋىلفور خانىمنىڭ بۇ گەپكە ئىشەنگۈسى كەلمەي قالدى، ۋالېنتىنا خۇددى بېشىغا توقماق ئۇرۇلغاندەك ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ قويدى. ئۇ، گويا نىجات ئىزدىگەندەك قىياپەتتە ئۆيىنىڭ تۆت تەرىپىگە قاراپ قالدى. ئۇ بوۋىسىنىڭ يېنىغا كىرمەكچى بولۇپ، پەلەمپەيدىن چۈشۈپ كېتىۋاتقاندا ۋىلفورغا دوقۇرۇشۇپ قالدى. ۋىلفور ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇۋېلىپ، سارايغا باشلاپ ماڭدى. ۋالېنتىنا دەھلىزدە بارروۋئانى ئۇچىراتتى ۋە ئۇنىڭغا يىغلامسىراپ قارىدى.

ۋالېنتىنانىڭ ئارقىسىدىنلا ۋىلفور خانىم كىچىك ئېدۇئارنى ئەگەشتۈرۈپ سارايغا كىرىپ كەلدى. ئائىلە قايغۇسى بۇ چوكانغا كۈچلۈك تەسىر قىلغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ بەكلا تاترىپ كەتكەن ۋە ماغدۇرسىزلانغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ ئولتۇرۇپ، ئېدۇئارنى قۇچىقىغا ئالدى ۋە خۇددى پۈتۈن ھاياتى شۇ بالىغا مەركەزلىشىپ قالغاندەك، تۇرۇپ - تۇرۇپلا ئۇنى كۆكسىگە چىڭ باساتتى.

كۆپ ئۆتمەي ھويلىغا كىرگەن ئىككى ھارۋىنىڭ تاراقلىغان ساداسى ئاڭلاندى. ھارۋىلارنىڭ بىرىدە نوتارىئۇس، يەنە بىرىدە فرانسىس ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى كەلگەنىدى.

ھايال بولماي ھەممەيلەن جەم بولدى.

ۋالېنتىنا شۇنچە تاترىپ كەتكەنىدىكى، چېكىلىرى ۋە كۆزلىرىنىڭ ئەتراپىدىكى كۆكۈچ تومۇرلىرى كۆرۈنۈپ قالغانىدى.



فرانسىس قاتتىق ھاياجانغا چۈشكەنىدى.

شاتو - رېنو بىلەن ئالبېر ھەيران بولۇپ، بىر - بىرىگە قاراشتى. تېخى بايىلا ئاياغلاشقان دەپنە ئىشىمۇ ھازىرقى كەيپىياتتەك قايغۇلۇق ئەمەس ئىدى.

ۋىلفور خانىم مەخمەل پەردىنىڭ دالدىسىغا كېلىپ ئولتۇرىۋالدى. ئۇ ھامان ئوغلىنى قۇچاقلاپ، ئېگىلىپ ئولتۇرغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ كۆڭلىدە نېمىلەر بولىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىش قىيىن ئىدى.

ۋىلفور ھەر دائىمقىدەك غەمسىز ئىدى.

نوتارىئۇس قانۇن خادىملىرىغا خاس ئەستايىدىللىق بىلەن ھۆججەتلەرنى شىرە ئۈستىگە تىزدى. ئاندىن كرېسلوغا ئولتۇرۇپ، كۆزەينىكىنى تۈزەپ قويۇپ، فرانسىسقا مۇراجىئەت قىلدى:

— سىز فرانسىس كېنېل باروون ئەپىنە ئەپەندى بولامسىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ، گەرچە ئۇنى ناھايىتى ئوبدان تونۇسىمۇ.

— شۇنداق، تەقسىر، — دەپ جاۋاب بەردى فرانسىس.

نوتارىئۇس تەزىم قىلىپ قويدى.

— مەن سىزنى ۋىلفور ئەپەندىنىڭ نامىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇشۇم كېرەك، تەقسىر، — دېدى ئۇ، — نىۋائارتىيې ئەپەندى سىزنىڭ ۋىلفور خېنىم بىلەن نىكاھلانماقچى بولغىنىڭىزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن نەۋرە قىزىنى ئۆزىنىڭ مىراسىدىن مەھرۇم قىلدى. يەنە شۇنى ئېيتىشىم كېرەككى، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى نوتارىئۇس، — ۋەسىيەت قىلغۇچى ئۆز مۈلكىنىڭ بىر قىسمىنىلا بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى، لېكىن ئۇ بارلىق مۈلكى ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقاردى. شۇڭا، ئۇنىڭ ۋەسىيەتنامىسىنى ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ. ئۇ ۋەسىيەتنامە ئېتىراپ قىلىنمايدۇ.

— شۇنداق، — دېدى ۋىلفور، — لېكىن مەن ئەپەندىگە ئالدىنئالا ئېيتىپ قويۇشۇم كېرەككى، مەن ھاياتلا بولىدىكەنمەن، ئاتامنىڭ ۋەسىيىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلمايدۇ، چۈنكى مېنىڭ ئىجتىمائىي ئورنۇم ئۇنداق ماجىرالارنىڭ بولۇشىغا ئىمكان بەرمەيدۇ.

— تەقسىر، — دېدى فرانس، — ۋالېنتىنا خېنىمنىڭ ئالدىدا بۇنداق مەسىلىنىڭ گېپى ئېچىلغانلىقتىن ئىنتايىن ئەپسۇسلىنىمەن. مەن ھەرگىزمۇ ۋالېنتىنا خېنىمنىڭ بايلىقىغا قىزىققان ئەمەسمەن. ئۇنىڭ بايلىقى ھەر قانچە كېمەيتىلسىمۇ، يەنىلا مېنىڭكىدىن خېلى كۆپ بولىدۇ. مېنىڭ ئائىلەم ۋىلفور ئەپەندى بىلەن تۇغقان بولۇشنى ئويلىغاندا پەقەت ئادىمىگەرچىلىك نۇقتىسىنى ئاساس قىلغان. مەن بولسام، پەقەت بەختىمنى تېپىشنىلا كۆزلىگەن.

ۋالېنتىنا مىننەتدارلىق ئىپادىسىنى بىلدۈرۈپ، بىلىنەر-بىلىنمەس بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىككى تامچە كۆز يېشى مەڭزىلىرىنى بويلاپ جىمغىنا ئېقىپ چۈشتى.

— تەقسىر، — دېدى ۋىلفور بولغۇسى كۈيئوغلىغا قاراپ، — ئۈمىد قىلغان نەرسىلىرىڭىزنىڭ مەلۇم بىر قىسمىدىن مەھرۇم بولغىنىڭىزنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ كۈتۈلمىگەن ۋەسىيەتنامىدا سىزنىڭ شەخسىيىتىڭىزگە ھاقارەت كەلتۈرگۈدەك ھېچ نەرسە يوق. بۇ، نوئارتىيې ئەپەندىنىڭ ئەقلى جەھەتتىكى ئاجىزلىقىدىن بولغان. ئاتام ۋالېنتىنانىڭ سىز بىلەن توي قىلىشىغا قارشى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئومۇمەن ياتلىق بولۇشىنى خالىمايدۇ. ۋالېنتىنا سىزدىن باشقا بىرىگە ياتلىق بولغان ھالەتتىمۇ، ئۇ يەنىلا نارازى بولىدۇ. ئادەم قېرىغاندا ئۆزىنىلا ئويلايدىكەن، تەقسىر. ۋالېنتىنا ئەتىدىن كەچكىچە ئۇنىڭ يېنىدا



بولاتتى. ۋەھالەنكى، ئۇ بارون خانىم ئەپىنە دەپ ئاتالغاندىن كېيىن ئۇنداق قىلالمايدۇ. ئاتامنىڭ ئەھۋالى ئېچىنىشلىق. ئۇنىڭ بىلەن مۇھىم ئىشلار ئۈستىدە سۆزلىشىشكە ئىمكانىيەت يوق. ئۇ، ئەقلى ئاجىزلاپ كەتكەنلىكتىن، بۇنداق ئىشلارنى چۈشىنەلمەيدۇ. شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، گەرچە ئۇ ھازىر نەۋرە قىزىنىڭ توي قىلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلسىمۇ، كۈيئوغۇل بولغۇچىنىڭ ھەتتا ئىسمىنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى.

ۋىلفور سۆزىنى تۈگىتىپ، فرانس ئۇنىڭ سۆزلىرىگە تەزىم بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ تۇرۇشىغا ئىشىك ئېچىلىپ، باررۇئا كىرىپ كەلدى.

— جانابلار، — دېدى ئۇ بۇنداق جىددىي پەيتتە خوجايىنلىرىغا مۇراجىئەت قىلىۋاتقان مالايغا خاس بولمىغان قاتتىق ئاۋاز بىلەن، — نوئارتىيې ئەپەندى فرانس كېنېل بارون ئەپىنە ئەپەندى بىلەن سۆزلىشىشنى خالايدۇ.

ئۇ، خۇددى نوتارىئۇسقا ئوخشاش، ئۇقۇشماسلىق بولۇپ قالمىسۇن دەپ بولغۇسى كۈيئوغۇلنى تولۇق نام-ئەمىلى بىلەن ئاتىدى.

ۋىلفور چۆچۈپ كەتتى. ۋىلفور خانىم ئوغلىنى قۇچىقىدىن پەسكە چۈشۈردى. ۋالېنتىنا خۇددى ھەيكەلدەك ئاقىرىپ كەتكەن ھالدا ئۈنچىقماي ئورنىدىن تۇردى.

ئالبېر بىلەن شاتو-رېنو دەسلەپكىدىنمۇ بەكرەك ھەيران بولغان ھالدا بىر-بىرىگە قاراشتى.

نوتارىئۇس ۋىلفورغا قارىدى.

— بۇ مۇمكىن ئەمەس، — دېدى خانلىق مۇپەتتىش، — ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەپىنە ئەپەندى ھازىر بۇ يەردىن چىقىپ كەتسە بولمايدۇ.

— خوجايىنىم نوئارتىيې ئەپەندى ئەپىنە ئەپەندى بىلەن

دەل مۇشۇ پەيتتە سۆزلىشىشنى خالايدۇ، — دېدى باررۇئا يەنە بايىقىدەك قەتئىيلىك بىلەن.

— نۇئارتيې بوۋام سۆزلىيەلەيدىغان بولۇپ قالدىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئېدۇئار ھەر دائىمقىدەك بەگباشلىق قىلىپ.

ھالبۇكى، ئۇنىڭ بۇ گېپى ھەتتا ۋىلفور خانىمنىڭمۇ كۆڭلۈمسىرىشىنى قوزغىيالمىدى، چۈنكى ھەممەيلەن شۇ قەدەر تەگلىكتە قالغان ۋە ھازىرقى پەيتمۇ شۇ قەدەر جىددىي پەيت ئىدى.

— نۇئارتيې ئەپەندىگە ئېيتىپ قويۇڭ، ئۇنىڭ تەلىپىنى ئورۇنداشقا بولمايدۇ، — دېدى ۋىلفور.

— ئۇنداقتا، نۇئارتيې ئەپەندى ئۆزىنى بۇ يەرگە ئەكىرىشنى بۇيرۇيدۇ، — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى باررۇئا.

ئىشتىراك قىلغۇچىلار چەكسىز ھەيرەت ئىچىدە قالدى.

ۋىلفور خانىمنىڭ چىرايىدا كۆڭلۈمسىرەشتەك بىر خىل ئالامەت ئىپادىلەندى.

ۋالېنتىنا گويا تەڭرىگە تەشەككۇر بىلدۈرگەندەك قىلىپ، كۆزلىرىنى يۇقىرىغا قاراتتى.

— ۋالېنتىنا، — دېدى ۋىلفور، — مەرھەمەت قىلىپ، بوۋىڭىزنىڭ نېمىدېمەكچى ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ كىرىڭا.

ۋالېنتىنا دەرھال ئىشىك تەرەپكە ماڭدى، لېكىن ۋىلفور ئۇنى يەنە توختىتىۋالدى.

— توختاپ تۇرۇڭ، مەنمۇ چىقاي، — دېدى ئۇ.

— ئەپۇ قىلىڭ، تەقسىر، — دەپ سۆزگە ئارىلاشتى فرانس، — مېنىڭچە، نۇئارتيې ئەپەندى مېنى چاقىرتقانىكەن، ئۇنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇشۇم كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، ھۆرمىتىمنى بىلدۈرۈشۈم كېرەك، چۈنكى مەن ھازىرغا قەدەر بۇنداق شەرەپكە مۇيەسسەر بولمىغانىدىم.



— ۋاي خۇدايىم! — دېدى ۋىلفور ئىت - ئىت بولۇپ، — بۇنچىلىك خاتىرجەمسىزلىنىشىڭىز ئورۇنسىز.

— ئەپۇ قىلغايسىز، تەقسىر، — دېدى فرانس سۆزىدىن يانمايدىغان ئاھاڭدا، — نۇئارتيې ئەپەندىنىڭ ماڭا بولغان كۆز قارىشىنىڭ توغرا بولمىغانلىقىنى ئۆز ئەمەلىيىتىم بىلەن كۆرسىتىش ئۈچۈن بۇ پۇرسەتنى قولدىن بېرىشنى خالىمايمەن. ئۇنىڭ كۆز قارىشىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆزۈمنىڭ چوڭقۇر ساداقەتمەنلىكىم بىلەن ئۇنى قايىل قىلىشىم كېرەك.

شۇ گەپ بىلەن، فرانس ۋىلفورنىڭ توسۇشىغا قارىماي ئورنىدىن تۇرۇپ، ۋالېنتىنانىڭ كەينىدىن چىقىپ كەتتى. ۋالېنتىنا بەجايىكى سۇغا چۆكۈپ كېتىۋاتقاندا بىر قىيا تاشقا ئېسىلىۋالغاندەك خۇشال بولغان ھالدا پەلەمپەيدىن پەسكە چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى.

ۋىلفورمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ چىقىپ كەتتى.

شاتو - رېنو بىلەن مورسېر يەنە بىر - بىرىگە قاراشتى. ئۇلارنىڭ بۇ قېتىمقى قارىشى ئالدىنقى ئىككى قېتىملىق قاراشتىنمۇ بەكرەك ئەجەبلەنگەنلىكىنى ئىپادىلەپ تۇراتتى.

## يىگىرمە ئىككىنچى باب

## ھۆججەت

نۇئارتيې باشتىن - ئاياغ قارا كىيىنگەن ھالدا كرېسلودا ئولتۇراتتى. ئۈچەيلەن كىرگەندىن كېيىن ئۇ ئىشىككە قاراپ قويغانىدى، خىزمەتكار دەرھال ئىشىكنى ئېتىۋەتتى.

— سۆزۈمنى ئۇنۇتماڭ، — دېدى ۋىلفور خۇشاللىقىنى يوشۇرالماي تۇرغان ۋالېنتىناغا بوش ئاۋاز بىلەن، — ئەگەر

نۇئارتىيې ئەپەندى سىزنىڭ تويىڭىزغا قارشى گەپ قىلماقچى بولسا، ئۇنى چۈشىنىشىڭىزنى مەنئى قىلىمەن.

ۋالېنتىنا قىزىرىپ كەتتى، لېكىن ھېچنېمە دېمىدى. ۋىلفور نۇئارتىيېنىڭ يېنىغا كەلدى.

— مانا بۇياق فرانس ئەپىنە ئەپەندى بولىدۇ، — دېدى ۋىلفور بوۋايغا، — سىز ئۇنى چاقىرغانىكەنسىز، شۇڭا ئۇ كىردى. بىزمۇ ئۇزاقتىن بېرى سىلەرنىڭ كۆرۈشۈشىڭلارنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەنىدۇق. سىز ئەمدى ۋالېنتىنانىڭ ياتلىق بولۇشىغا قوشۇلمىغانلىقىڭىزنىڭ توغرا بولمىغانلىقىنى ھېس قىلسىڭىز ئىنتايىن خۇرسەن بولىمەن.

نۇئارتىيې ئۇنىڭغا شۇنداق بىر قارىدىكى، ۋىلفورنىڭ تەنلىرى شۈركۈنۈپ كەتتى. ئاندىن، بوۋاي يەنە كۆزلىرى ئارقىلىق ۋالېنتىنانى چاقىردى.

ۋالېنتىنا بوۋىسى بىلەن سۆزلىشىش ئۇسۇلى ئارقىلىق «ئاچقۇچ» دېگەن سۆزنى ئاسانلا تاپتى. ئاندىن ئۇ يەنە پالەچ بوۋاينىڭ كۆزلىرىنىڭ قارىشىنى كۆزەتتى. بوۋاينىڭ كۆزلىرى ئىككى دېرىزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان ئىشكاپنىڭ تارتمىسىغا تىكىلىپ توختىدى. ۋالېنتىنا شۇ تارتمىنى ئاچتى. دەرۋەقە. ئۇ يەردە بىر ئاچقۇچ بار ئىدى. ئۇ، ئاچقۇچنى ئالدى ۋە بوۋاينىڭ كۆزلىرى ئۇنىڭ دەل شۇنى تەلەپ قىلغانلىقىنى تەستىقلىدى. ئاندىن، پالەچ بوۋاينىڭ كۆزلىرى كونا يېزىق ئۈستىلىنى كۆرسەتتى. بۇ ئۈستەل ئاللىقاچان ئىشلىتىلمەيدىغان بولۇپ، ئۇنىڭدا پەقەت كونا زامانلاردىن قېپقالغان كېرەكسىز قەغەزلەرلا ساقلانغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

— يېزىق ئۈستىلىنى دەمسىز؟ — دەپ سورىدى ۋالېنتىنا.

— ھەئە؟ — دېگەننى ئىپادىلىدى بوۋاي.

— تارتمىلارنى ئاچايمۇ؟



— ھەئە.

— چەتتىكىلىرىنىمۇ؟

— ياق.

— ئوتتۇرىدىكىسىنىمۇ؟

— ھەئە.

ۋالېنتىنا شۇ تارتمىنى ئېچىپ، بىر باغلام قەغەزنى چىقاردى.

— مۇشۇ قەغەزلەر كېرەكمۇ، بوۋا؟ — سورىدى ۋالېنتىنا.

— ياق.

ۋالېنتىنا ھەممە قەغەزلەرنى بىر-بىرلەپ چىقىرىشقا باشلىدى. ئاخىرى، تارتمىدا ھېچ نەرسە قالمىدى.

— تارتمىدا ھېچ نەرسە قالمىدى، — دېدى ئۇ.

نۇئارتىيېنىڭ كۆزلىرى لۇغەتنى كۆرسەتتى.

— شۇنداق، بوۋا، چۈشەندىم، — دېدى ۋالېنتىنا.

ئۇ يەنە ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە ھەرپلەرنى ئوقۇشقا باشلىدى. «م» ھەرپىگە كەلگەندە نۇئارتىيې ئۇنى توختاتتى. ۋالېنتىنا «مەخپىي» دېگەن سۆزگە كەلگۈچە لۇغەتنى ۋاراقلىدى.

— بۇ تارتمىنىڭ مەخپىيلىكى بارمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— ھەئە.

— بۇ مەخپىيەتنى كىم بىلىدۇ؟

نۇئارتىيې كۆزلىرىنى بايا خىزمەتكار چىقىپ كەتكەن ئىشىككە يۆتكىدى.

— باررۇئا بىلەمدۇ؟ — سورىدى ۋالېنتىنا.

— ھەئە.

— ئۇنى چاقىرايمۇ؟

— ھەئە.

ۋالېنتىنا ئىشىك ئالدىغا بېرىپ، باررۇئانى چاقىردى. بۇ ئارىدا ئىچى تىتىلداپ تۇرغان ۋىلفورنىڭ ماڭلىيىدىن تەر

چىقىپ كەتتى. فرانس بولسا، تەئەججۇپ ئىچىدە داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى.

قېرى خىزمەتكار خانا ئىچىگە كىردى.

— بارروئا، — دېدى ۋالېنتىنا، — بوۋام مۇنۇ ئىشكاپتىن ئاچقۇچنى ئېلىپ، ئۇستەل تارتمىسىنى ئېچىشنى بۇيرۇدى. بۇ تارتمىنىڭ مەخپىيلىكى بار ئوخشايدۇ. سىز بۇنى بىلىدىكەنسىز. ئېچىپ بېرىڭ.

بارروئا بوۋايغا قارىدى.

— شۇنداق قىلىڭ، — دېگەننى ئىپادىلىدى نوئارتىيىنىڭ كۆزلىرى.

بارروئا بۇيرۇقنى بەجا كەلتۈردى. تارتمىنىڭ ئاستىنقى قەۋىتى ئېچىلدى ۋە ئۇ يەردىن قارا لېنتا بىلەن چىگىلگەن بىر بولاق قەغەز چىقتى.

— تەلەپ قىلغىنىڭىز مۇشۇمۇ، تەقسىر؟ — دەپ سورىدى بارروئا.

— ھەئە، — دېگەننى ئىپادىلىدى نوئارتىيې.

— بۇ قەغەزلەرنى كىمگە بېرەي؟ ۋىلفور ئەپەندىگىمۇ؟

— ياق.

— ۋالېنتىنا خېنىمغىمۇ؟

— ياق.

— فرانس ئەپىنە ئەپەندىگىمۇ؟

— ھەئە.

فرانس ھەيران بولۇپ، يېقىنراق كەلدى.

— ماڭا دەمسىز، تەقسىر؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— ھەئە.

فرانس بارروئانىڭ قولىدىن قەغەزلەرنى ئېلىپ، مۇقاۋىسىدىكى خەتلەرنى ئوقۇدى: «ۋاپاتىمدىن كېيىن دوستۇم گېنېرال



ديۇرانغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلسۇن. گېنېرال دىيۇرانمۇ ۋاپات بولۇش ئالدىدا بۇ بىر باغلام قەغەزنى ئىنتايىن مۇھىم ھۆججەت سۈپىتىدە ساقلاش ئۈچۈن ئۆز ئوغلىغا ۋەسىيەت قىلىپ قالدۇرسۇن».

— بۇ قەغەزلەرنى نېمە قىلىشىم كېرەك، تەقسىر؟ — دەپ سورىدى فرانس.

— خۇددى ھازىرقىدەكلا پېچەتلەنگەن ھالدا ساقلىسىڭىز بولىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى خانلىق مۇپەتتىش.

— ياق، ياق، — دېگەننى ئالدىراپ ئىپادىلىدى بوۋاينىڭ كۆزلىرى.

— ئەپىنە ئەپەندى بۇنى ئوقۇسۇن دېمەكچىمۇسىز؟ — دەپ سورىدى ۋالېنتىنا.

— ھەئە، — دېگەننى بىلدۈردى نوئارتىيېنىڭ كۆزلىرى.

— كۆردىڭىزمۇ، بارون، بوۋام بۇ خەتلەرنى ئوقۇشىڭىزنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، — دېدى ۋالېنتىنا.

— ئەمىسە، ئولتۇرايلى، — دېدى ۋىلفور ئەلەم قىلغان ھالدا، — بۇ بىرئاز ۋاقىت تەلەپ قىلىدىغان ئىش.

— ئولتۇرۇڭلار، — دېگەن مەنىسنى ئۇقتۇردى بوۋاي كۆزلىرى بىلەن.

ۋىلفور ئولتۇردى، لېكىن ۋالېنتىنا بوۋىسىنىڭ كرېسلوسىغا تايىنىپ تۇرۇۋەردى، فرانسمۇ ئۇلارنىڭ ئالدىدا تۇرغىنىچە تۇرۇۋەردى. ئۇ، ئاشۇ سىرلىق بولاقنى قولىدا تۇتۇپ تۇراتتى.

— ئوقۇڭ، — دېگەننى ئىپادىلىدى بوۋاينىڭ كۆزلىرى.

فرانس بولاقنى يەشتى ۋە خانا ئىچىدە ھۆكۈم سۈرگەن جىمجىتلىق ئىچىدە تۆۋەندىكىلەرنى ئوقۇدى:

— «سېن - ژاك كوچىسىدىكى بوناپارتچىلار كۇلۇبىدا 1815 - يىل 5 - فېۋرال كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن يىغىنىنىڭ ھۆججىتى».

فرانس ئوقۇشنى توختاتتى.

— 1815 - يىل 5 - فېۋرال! مېنىڭ ئاتام شۇ كۈنى ئۆلتۈرۈلگەنىدى!

ۋالېنتىنا ۋە ۋىلفور ئۈنچىقمىدى. پەقەت بوۋاينىڭ كۆزلىرىلا روشەن هالدا: «ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇڭ» دېگەننى بىلدۈرۈپ تۇراتتى.

— ئاتام دەل ئاشۇ كۇلۇبتىن چىققاندىن كېيىن يوقىلىپ كەتكەن ئەمەسمۇ، — دېدى يەنە فرانس.

نۇئارتىيېنىڭ كۆزلىرى يەنىلا «ئوقۇڭ» دېگەننى ئىپادىلەپ تۇراتتى.

فرانس ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى:

— «بىز، تۆۋەندە ئىمزا قويغۇچىلار، توپچى قىسمىنىڭ پودپولكوۋنىكى لۇيى - ژاك بورېپېر، بىرىگادا گېنېرالى ئېتيېن دۇشامپى ۋە يەر باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مۇدىرى كىلود لېشارپال شۇنى بايان قىلىمىزكى، 1815 - يىل 4 - فېۋرال كۈنى ئېلبا ئارىلىدىن ئەۋەتىلگەن مەكتۇپنى تاپشۇرۇۋالدۇق. مەكتۇپتا بوناپارتچىلار كۇلۇبى ئەزالىرىنىڭ گېنېرال فىلاۋىيېن كېنېلگە ئېتىبار بىلەن قارىشى ۋە ئۇنىڭغا ئىشىنىشى لازىم ئىكەنلىكى ئۇقتۇرۇش قىلىنغانىدى. گېنېرال كېنېل 1804 - يىلدىن 1815 - يىلغىچە ئىمپېراتورنىڭ خىزمىتىدە بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، گەرچە ئۇنىڭغا لىيۇدوۋىك XVIII تەرىپىدىن بارون ئەپىنە دېگەن ئۇنۋان ئاتا قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇنى يەنىلا ناپالېئون سۇلالىسىگە سادىق دەپ ئىشىنىشكە بولاتتى.

شۇنىڭ بىلەن، گېنېرال كېنېلنى 5 - فېۋرال كۈنى ئۆتكۈزۈلىدىغان يىغىنغا تەكلىپ قىلىپ، باغاق ئەۋەتىلدى. باغاقتا يىغىننىڭ ئورنى يېزىلمىدى ۋە ئىمزا قويۇلمىدى، لېكىن



كەچ سائەت توققۇزدا ئۇنى چاقىرىشقا ئادەم بارىدىغانلىقى ئېيتىلدى.

كۇلۇبنىڭ يىغىنلىرى ئادەتتە كەچ سائەت توققۇزدىن يېرىم كېچىگىچە داۋاملىشاتتى.

سائەت توققۇز بولغاندا كۇلۇب رەئىسى گېنېرالنىڭ ئۆيىگە كەلدى. گېنېرال تەييار ئىدى. رەئىس ئۇنى كۇلۇبقا باشلاپ كىرىشتىكى شەرتلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى، يەنى گېنېرال يىغىن ئورنىنى بىلمەسلىكى، كۆزىنى تېڭىپ قويۇشقا ماقۇل بولۇشى ۋە تېڭىقنى يېشىۋەتمەسلىككە قەسەم قىلىشى كېرەك ئىدى. گېنېرال كېنېل بۇ شەرتلەرگە ماقۇل بولدى ۋە نەگە كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈشكە ئۇرۇنماسلىققا قەسەم قىلدى.

گېنېرال ئۆزىنىڭ هارۋىسىنى ئالدىنئالا تەييارلاپ قويغانىدى، لېكىن رەئىس بۇ هارۋىنى ئىشلىتىشكە بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ: «هارۋىكەشنىڭ كۆزلىرى ئوچۇق بولۇپ، قايسى كوچىدا كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرسە، ئۇنىڭ خوجايىنىنىڭ كۆزىنى تېڭىپ قويۇشنىڭ نېمە هاجىتى؟» — دېدى.

«ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟» — دەپ سورىدى گېنېرال.

«مەن پەيتۇن ئەكەلدىم» — دېدى رەئىس.

«ئەجەبا، مېنىڭ هارۋىكىشىمگە ئىشەنمەي، ئۆزىڭىزنىڭ هارۋىكىشىڭىزگە ئىشىنىدىكەنسىز؟»

«كۇلۇبىمىزنىڭ بىر ئەزاسى بىزگە هارۋىكەشلىك قىلىدۇ، — دېدى رەئىس، — هارۋىنى بىزنىڭ كاتىپىمىز هەيدەيدۇ».

«ئۇنداق بولسا، بىز باشقا بىر خىل خەۋپ ئاستىدا قالىدىكەنمىز، — دېدى گېنېرال كۈلۈپ كېتىپ، — ئۇ، هارۋىنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ».

بىز بۇ چاقچاقنى شۇنىڭ ئۈچۈن نەقىل كەلتۈرۈۋاتىمىزكى،

بۇنىڭدىن، گېنېرالنىڭ يىغىنغا مەجبۇرىي ئېلىپ بېرىلمىغانلىقىنى، بەلكى ئۆز ئىختىيارى بىلەن قاتناشقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

ئۇلار پەيتۇنغا ئولتۇرغاندىن كېيىن، رەئىس گېنېرالنىڭ كۆزىنى تېڭىشقا ماقۇل بولغانلىقىنى ئەسلەتتى. گېنېرال بۇنداق رەسمىيەتكە ھېچقانداق قارشىلىق بىلدۈرمىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئالدىنئالا تەييارلاپ قويۇلغان يىپەك لاتا بىلەن تېڭىلدى.

يولدا كېتىۋېتىپ، رەئىس گېنېرالنىڭ تېڭىقنى بىرئاز سۈرۈپ، يولغا قارىماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى ۋە ئۇنىڭ قەسىمىنى ئەسلىتىپ قويدى.

«شۇنداق، شۇنداق، راست دەيسىز» — دېدى گېنېرال.

پەيتۇن سېن - ژاك كوچىسىغا كېلىپ توختىدى. گېنېرال رەئىسنىڭ قولىغا تايىنىپ پەيتۇندىن چۈشتى. ئۇ، بۇ كىشىنىڭ نام - ئەمىلىنى بىلمەيتتى ۋە ئۇنى كۇلۇبنىڭ ئادەتتىكى بىر ئەزاسى دەپ ئويلايتتى. ئۇلار كوچىنى كېسىپ ئۆتۈپ، ئىككىنچى قەۋەتتىكى يىغىن زالىغا كىردى.

يىغىن باشلانغانىدى. كۇلۇب ئەزالىرى شۇ ئاخشىمى يېڭى ئەزانى تونۇشتۇرۇشتەك بىر ئىش بولىدىغانلىقىدىن ۋاقىپلانغان بولغاچقا، ھەممىسى تولۇق يىغىلغانىدى. گېنېرالنى زالنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئەكېلىپ، تېڭىقنى ئېلىۋېتىشنى تەكلىپ قىلىشتى. ئۇ، تېڭىقنى دەرھال ئېلىۋەتتى ۋە بۇ تەشكىلاتنىڭ يىغىنىدا شۇنچە كۆپ تونۇش چىرايلارنى كۆرۈپ ئىنتايىن ئەجەبلەندى. ئۇ، بۇنداق تەشكىلاتنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ھەتتا ئويلاپ باقمىغانىدى.

يىغىندىكىلەر ئۇنىڭ كۆز قارىشىنى سۈرۈشتە قىلدى، لېكىن ئۇ: ‹ئېلبادىن كەلگەن خەتتە بۇ ھەقتە بىر نېمە دېيىلگەندۇر› دېيىش بىلەن چەكلەندى...»



فرانس ئوقۇشنى توختاتتى.

— مېنىڭ ئاتام پادىشاھ تەرەپدارى ئىدى، — دېدى ئۇ، — بۇ ھەممىگە ئايان. شۇنداق تۇرۇپ، ئۇنىڭ كۆز قارىشىنى سوراپ نېمە قىلىدۇ؟

— شۇنداق بولغىنى ئۈچۈن مەن سىزنىڭ ئاتىڭىز بىلەن يېقىنلاشقانىدىم، قەدىرلىك بارون، — دېدى ۋىلفور، — كۆز قارىشى ئوخشاش كىشىلەر ئاسان چىقىشىپ كېتەلەيدۇ.

— داۋامىنى ئوقۇڭ، — دېگەننى ئىپادىلەيدى بوۋاينىڭ كۆزلىرى.

فرانس ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى:

— «شۇندىن كېيىن رەئىس سۆز ئېلىپ، گېنېرالنى تەپسىلىرەك سۆزلەشكە تەكلىپ قىلدى، لېكىن گېنېرال ئەپەندى ‹ئالدى بىلەن مەندىن نېمە تەلەپ قىلماقچى ئىكەنلىكىڭلارنى بىلگۈم كېلىدۇ› دەپ تۇرۇۋالدى.

شۇنىڭ بىلەن، گېنېرالغا ئېلبا ئارىلىدىن كەلگەن مەكتۇپنى ئوقۇپ بېرىشتى. مەكتۇپتا گېنېرال كېيىل كۇلۇب ئەزالىرىغا تونۇشتۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا ئىشىنىشكە بولىدىغانلىقى يېزىلغانىدى. مەكتۇپنىڭ مەخسۇس بىر بۆلۈمىدە ئىمپېراتورنىڭ ئېلبا ئارىلىدىن قايتىپ كېلىشىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلار سۆزلەنگەن ۋە مارسېللىق سودىگەر موررېلنىڭ «فىرئاۋن» ناملىق كېمىسىنىڭ ئىمپېراتورغا سادىق بولغان كاپىتانى تېخىمۇ تەپسىلىي يېزىلغان مەكتۇپنى ئېلىپ بارىدىغانلىقى ئېيتىلغانىدى.

مەكتۇپ ئوقۇلۇپ بولغۇچە گېنېرال بۇ ئىشلارغا ھېسداشلىقىنى بىلدۈرۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا نارازىلىق ۋە قارشىلىق ئىپادىسىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى.

مەكتۇپ ئوقۇلۇپ بولغاندا ئۇ قاپىقىنى تۈرۈپ، زۇۋان سۈرمەي تۇردى.

«ھە، قانداق، گېنېرال، — دەپ سورىدى رەئىس، — بۇ مەكتۇپكە نېمىدەيسىز؟»

«شۇنى دەيمەنكى، — دېدى گېنېرال، — بىز تېخى يېقىندىلا XVIII لېيۇدوۋىك گە قەسەم بەرگەنىدۇق. ئەمدى ئۇ قەسەمنى بۇزۇپ، سابىق ئىمپېراتورنى قوللىساق توغرا بولمايدۇ».

بۇ جاۋاب شۇ قەدەر ئېنىق بولدىكى، گېنېرالنىڭ ئېتىقادىنىڭ قانداق ئىكەنلىكى شەكسىز ئايدىڭلاشتى.

«گېنېرال، — دېدى رەئىس، — بىز ئۈچۈن پادىشاھ XVIII لېيۇدوۋىك ۋە سابىق ئىمپېراتور دېگەنلەر مەۋجۇت ئەمەس. بىز پەقەت ئون ئاي ئىلگىرى زورلۇق ۋە خائىنلىق بىلەن فرانسىيىدىن، ئۆز ۋەتىنىدىن چەتلىتىلگەن ئىمپېراتور ئالىيلىرىنى ئېتىراپ قىلىمىز».

«ئەپۇ قىلىڭلار، جانابلار، — دېدى گېنېرال، — سىلەر پادىشاھ XVIII لېيۇدوۋىك نى ئېتىراپ قىلماسلىقىڭلار مۇمكىن، بىراق مەن ئۇنى ئېتىراپ قىلىمەن. ئۇ مېنى بارونلۇق دەرىجىسىگە ئۆستۈردى، فېلد - مارشاللىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلىدى. بۇ ئىككى ئۇنۋانغا ئېرىشكەنلىكىم ئۈچۈن فرانسىيىگە قايتىپ كەلگەن پادىشاھنىڭ مۇبارەك قەدەملىرىگە قەرزدارمەن».

«تەقسىر، — دېدى رەئىس ئورنىدىن تۇرۇپ ئىنتايىن جىددىيلىك بىلەن، — ئويلاپ سۆزلەڭ. سۆزلىرىڭىز شۇنى روشەنلەشتۈرۈۋاتىدۇكى، ئېلبا ئارىلىدىكىلەر سىزنى خاتا چۈشىنىپ قاپتۇ ۋە بىزنىمۇ ئازغاشتۇرۇپ قويۇشقا تاس قاپتۇ. سىزگە ئىشىنىپ چاقىرغانىكەنمىز. بىلىسىز. بۇ ئىشەنچىمىز سىز ئۈچۈن پايدىلىق ئىدى. ئەپسۇسكى، بىز خاتالىشىپتۇق. ئۇنۋان ۋە مەنسەپ سىزنى يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ قوينىغا سۆرەپ كىرىپتۇ، لېكىن بىز بۇ ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلىماقچى بولۇۋاتىمىز. بىز



سىزنى ھەمكارلىشىشقا زورلىمايمىز. بىز ھېچقانداق ئادەمنى ئۇنىڭ ۋىجدانى ۋە ئىرادىسى بىلەن ھېسابلاشماي تۇرۇپ ئۆز سېپىمىزگە قوشمايمىز، لېكىن بىز سىزنى ئالىيجاناب ئادەملەرگە مۇناسىپ ئىش قىلىشقا مەجبۇر قىلىمىز».

«سىلەرنىڭ سۇيىقەستىڭلارنى بىلىپ تۇرۇپ، پاش قىلماسام ئالىيجانابلىق بولىدىكەن - دە! يوقسۇ، ئۇنداق قىلسام سىلەرنىڭ شېرىكىڭلار بولۇپ قالىمەن. كۆردىڭىزمۇ، مەن سىزگە قارىغاندا تېخىمۇ ئوچۇق - يورۇق سۆزلەۋاتىمەن...»

— ئاتا، ئاتا، — دېدى فرانس ئوقۇشنى توختىتىپ، — ئۇلار سېنى نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئەمدى بىلدىم!

ۋالېنتىنا ئىختىيارسىز ھالدا فرانسقا قارىدى. پەرزەنتلىك مېھرى بىلەن ئۆرتىنىپ تۇرغان بۇ يىگىت ھەقىقەتەنمۇ ئۆز كۆرۈنەتتى.

ۋىلفور خانا ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى.

نۇئارتىيې ھەربىر كىشىنىڭ چىرايىنى كۆزىتىپ، ئۆزىنىڭ جىددىي ۋە كىشى ئەيمەنگۈدەك تۇرقىنى ئۆزگەرتمەي ئولتۇراتتى.

فرانس قول يازمىنى يەنە ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى:

— «تەقسىر، — دېدى رەئىس، — سىزنى بۇ يەرگە زورلاپ ئەكەلمىدۇق بەلكى يىغىنغا تەكلىپ قىلدۇق. كۆزىڭىزنى تېڭىشنى ئېيتقاندىمۇ سىز رازى بولدىڭىز. بۇ ئىككى تەكلىپكە رازىلىق بىلدۈرگەن چېغىڭىزدا بىزنىڭ XVIII لېيۇدوۋىك تەختىنى مۇستەھكەملەش بىلەن شۇغۇللانمايدىغانلىقىمىزنى چۈشەنگەن بولغىيدىڭىز. ئەكسىچە بولغاندا، بىز ساقچىدىن بۇنچىلىك ئېھتىيات بىلەن يوشۇرۇنمىغان بولاتتۇق. ئۆزىڭىزگە مەلۇم، ئەگەر بىز باشقىلارنىڭ ئىچكى سىرىنى بىلىۋېلىشقا ئىمكان بېرىدىغان نىقاب تارتىۋېلىپ، ئاندىن بۇ نىقابنى چۆرۈپ

تاشلاپ، كۆڭلىدىكىنى ئاشكارىلاپ قويغان كىشىنى هالاك قىلىشنەك ئۇسۇلنى قوللانغان بولساق، ئىشىمىز تولىمۇ ئوڭاي بولغان بولاتتى. ياق، ياق، سىز ئالدى بىلەن راست گېپىڭىزنى ئېيتىڭ، سىز تاسادىپىي تەختكە چىقىپ قىلىپ، هازىر هۆكۈم سۈرۈۋاتقان پادىشاھ تەرەپتە تۇرامسىز ياكى ئىمپىراتور ئائىلىلىرى تەرىپىدە تۇرامسىز؟»

«مەن پادىشاھ تەرەپدارى، — دېدى گېنېرال، — مەن ليۇدوۋىك XVIII گە قەسەم بەرگەن، شۇ قەسەمنى بۇزمايمەن».

بۇ سۆزلەر كۆپچىلىكنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى. كۇلۇب ئەزالىرىنىڭ كۆپچىلىكى ئەپەندىنىڭ ئەدىبىنى بېرىشكە تەييار تۇرغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

رەئىس يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ، كۆپچىلىكنى تىنچلاندۇردى.

«تەقسىر، — دېدى ئۇ گېنېرالغا، — سىز بىلەن بىزنىڭ ئۇچرىشىشىمىزدا شەكىللىنىپ قالغان ۋەزىيەتنىڭ قانداق ئاقىۋەتكە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى سىز ئوبدان چۈشىنەلەيسىز. سىزنىڭ ئوچۇق - يورۇقلۇق بىلەن قىلغان سۆزلىرىڭىزگە قارىتا بىز سىزنىڭ ئالدىڭىزغا بىر شەرت قويىمىز، يەنى بۇ يەردە ئاڭلىغانلىرىڭىزنى هېچكىمگە ئېيتماسلىق ھەققىدە ۋىجدانىڭىز بىلەن قەسەم ئىچىشىڭىز كېرەك».

گېنېرال دەرھال شەمشىرىنىڭ دەستىسىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ، خىتاب قىلدى:

«ۋىجداندىن سۆز ئېچىشقا توغرا كەلسە، ئالدى بىلەن سىلەر ۋىجداننىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتمەڭلار، ئادەمگە بېسىم ئىشلەتمەڭلار!»

«تەقسىر، شەمشەر بىلەن ئويناشماسلىقىڭىزنى سورايمەن» — دېدى رەئىس گېنېرالنىڭ غەزىپىنى بېسىپ چۈشىدىغان دەھشەتلىك خاتىرجەملىك بىلەن.



گېنېرال بىرئاز ئەنسىرىگەن هالدا ئەتراپتىكىلەرگە كۆز يۈگۈرتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ يەنىلا بوش كەلمەي، پۈتۈن غەيرىتىنى يىغىۋالدى.

«سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا قەسەم ئىچمەيمەن» — دېدى ئۇ.

«ئۇنداق بولسا، تەقسىر، — دېدى رەئىس خاتىرجەملىك بىلەن، — سىزنى ئۆلتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ».

ئەپىنە ئەپەندى تامدەك تاتىرىپ كەتتى ۋە ئەتراپتىكىلەرگە يەنە بىر قېتىم كۆز يۈگۈرتتى. كۇلۇب ئەزالىرىدىن بەزىلىرى ئۆزئارا پىچىرلىشىپ، يېپىنچىلىرىنىڭ ئاستىدىكى قوراللىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈشكە باشلىدى.

«گېنېرال، — دېدى رەئىس، — قورقماڭ. سىز ۋىجدانلىق كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا تۇرۇۋاتىسىز. ئۇلار ئەڭ ئاخىرقى چارىنى قوللىنىشتىن بۇرۇن سىزنى قايىل كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەممە ۋاستىلەرنى ئىشلىتىپ كۆرىدۇ. لېكىن، يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، سىز بىزنى سۇيىقەستچىلەر دەپ ئاتىدىڭىز. سىز بىزنىڭ مەخپىيەتلىكىمىزنى قولىڭىزغا ئېلىۋالدىڭىز. ئەمدى شۇ مەخپىيەتلىكنى ئۆزىمىزگە قايتۇرۇپ بېرىشىڭىز كېرەك».

شۇ سۆزلەردىن كېيىن چوڭقۇر مەنىلىك جىمجىتلىق هۆكۈم سۈردى. گېنېرال جاۋاب قايتۇرمىدى.

«ئىشىكنى ئېتىۋېتىڭلار» — دېدى رەئىس.

بۇ ئىككى سۆزدىن كېيىنمۇ جىمجىتلىق داۋاملاشتى. بىر هازادىن كېيىن گېنېرال سەل ئالدىغىراق سىلجىپ كېلىپ، ئۆزىگە زور بېرىپ، تەسلىكتە مۇنداق دېدى:

«مېنىڭ بىر ئوغلۇم بار. قاتىللار ئارىسىدا تۇرغىنىمدا ئۇنى ئويلىماسام بولمايدۇ».

«گېنېرال، — دېدى ئۇنىڭغا جاۋابەن يىغىن رەئىسى، — بىر ئادەم ھەرقانداق ۋاقىتتا 50 ئادەمگە هاقارەت كەلتۈرەلىشى

مۇمكىن. بۇ ئاجىزلىقنىڭ ئىپادىسى. ھالبۇكى، ئۇنداق قىلىش پايدىسىز. سىزگە شۇنى تەۋسىيە قىلىمەنكى، گېنېرال، بىزنى ھاقارەتلىمەستىن، قەسەم قىلىڭ».

گېنېرال يىغىن رەئىسىنىڭ ئۇستۇنلۈكى بىلەن يەنە پەسكويغا چۈشۈپ، بىر مىنۇتچە دىلغۇل بولۇپ تۇردى. ئاندىن رەئىس ئۇستىلىنىڭ يېنىغا كېلىپ سورىدى:

«قەسەمنىڭ مەزمۇنى قانداق؟»

«مانا مۇنداق: ۋىجدانىم بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، 1815 - يىل 5 - فېۋرال كەچ سائەت توققۇز بىلەن ئونىنىڭ ئارىلىقىدا كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىمنى ھېچقانداق ئادەمگە ئېيتمايمەن. ئەگەر بۇ قەسەمنى بۇزسام، ئۆلۈمگە رازى بولىمەن».

گېنېرال ئەسەبىيلىشىپ، تەنلىرىگە تىترەك ئولاشتى ۋە بىرنەچچە سېكۇنتقىچە گەپ قىلالماي قالدى. ئاخىرى ئۇ روشەن ئىپادىلىنىپ تۇرغان نەپرىتىنى بېسىپ، تەلەپ قىلىنغان قەسەمنى تەكرارلىدى، لېكىن ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنداق بوش چىقتىكى، ئاران ئاڭلاندى. شۇڭا، بەزى ئەزالار قەسەمنى ئۈنلۈك ۋە ئېنىق قىلىپ يەنە بىر قېتىم تەكرارلاشنى تەلەپ قىلدى. گېنېرال شۇ بويىچە قەسەمنى قايتىدىن يادلىدى.

«ئەمدى مەن قايتسام بولامدۇ؟ — دېدى گېنېرال، — ئەمدى مېنىڭ ئىشىم تۈگىگەندۇر؟»

رەئىس ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆزىگە ھەمراھ بولۇشقا ئۈچ ئەزانى تاللىۋالدى ۋە گېنېرالنىڭ كۆزلىرىنى تاڭدى. ئاندىن ئۇلار پەيتۇنغا ئولتۇرۇشتى. شۇ ئۈچ ئەزانىڭ ئىچىدە ھارۋىكەشنىڭ رولىنى ئىجرا قىلىۋاتقان كىشىمۇ بار ئىدى.

كۇلۇبنىڭ باشقا ئەزالىرى ئارتۇق سۆز قىلىشماستىن، تارقىلىپ كېتىشتى.



«سىزنى قەيەرگە ئاپىرىپ قويساق بولىدۇ؟» — دەپ سورىدى رەئىس.

«قەيەرگە بولسىمۇ بولىۋېرىدۇ. ئىش قىلىپ، سىلەردىن قۇتۇلسام بولدى» — دەپ جاۋاب بەردى ئەپىنە ئەپەندى.

«تەقسىر، — دېدى رەئىس ئۇنىڭغا جاۋابەن، — ئۆزىڭىزگە ئاگاھ بولۇڭ. سىز ئەمدى يىغىندا ئەمەس، بەلكى ئايرىم شەخسلەرنىڭ ئارىسىدا تۇرىۋاتىسىز، شەخسلەرنى ھاقارەتلىمەڭ. بولمىسا، ھاقارىتىڭىزدىن ھېساب ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ».

ھالبۇكى، ئەپىنە ئەپەندى بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسىگە يېتىشنىڭ ئورنىغا مۇنداق دېدى:

«سىز ئۆزىڭىزنىڭ پەيتۇنىدىمۇ خۇددى يىغىندا ئولتۇرغاندەكلا باتۇر ئىكەنسىز. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، تەقسىر، تۆت ئادەم ھەرقانداق ۋاقىتتا بىر ئادەمدىن كۈچلۈك بولىدۇ».

رەئىس پەيتۇننى توختىتىشنى بۇيرۇدى. بۇ چاغدا ئۇلار ئورم كوچىسىدىكى دەريا بويىغا ئېلىپ بارىدىغان پەلەمپەينىڭ يېنىغا كېلىپ قالغانىدى.

«نېمە ئۈچۈن بۇ يەردە توختايسىلەر؟» — سورىدى ئەپىنە ئەپەندى.

«شۇنىڭ ئۈچۈنكى، تەقسىر، — دېدى رەئىس، — سىز بىر شەخسكە ھاقارەت كەلتۈردىڭىز. بۇ شەخس ئەمدى سىزدىن قانۇنسىي ھېساب ئالماي تۇرۇپ بۇ يەردىن بىر چامداممۇ مېڭىشنى خالىمايدۇ».

«قاتىللىقنىڭ يەنە بىر خىل ئۇسۇلى چىقتى» — دېدى گېنېرال مۈرىلىرىنى قىسىپ قويۇپ.

«ئارتۇقچە گەپدانلىق قىلماڭ، تەقسىر، — دېدى رەئىس، — بولمىسا، مەن سىزنى ھېلى ئۆزىڭىز ئېيتقاندەك ئادەملەرنىڭ، يەنە ئاجىزلىقنى ئۆزىگە قالقان قىلىدىغان قورقۇنچاق ئادەم-

لەرنىڭ بىرى ئىكەن دەپ ئويلاپ قالىمەن. سىز يالغۇز، شۇنىڭ ئۈچۈن سىز بىلەن بىر ئادەم سوقۇشىدۇ. سىزنىڭ شەمشىرىڭىز بار، مېنىڭمۇ هاسامنىڭ ئىچىدە شەمشەر بار. سىزنىڭ سېكۇندانتىڭىز① يوق. مانا بۇ جانابلاردىن بىرى سىزگە سېكۇندانت بولىدۇ. ئەمدى، خالىسىڭىز، تېگىقنى يېشىۋېتىڭ».

گېنېرال كۆزلىرىگە تېگىلگەن ياغلىقنى دەرهال يۇلۇپ ئېلىۋەتتى.

«قانداق ئادەمگە ئۇچراشقىنىمنى ئەمدى بىلىۋاتىمەن» — دېدى ئۇ.

پەيتۇننىڭ ئىشىكى ئېچىلدى. تۆتەيلەن پەيتۇندىن چۈشتى...»

فرانس يەنە ئوقۇشنى توختاتتى ۋە ماكلېيىننى قاپلىغان سوغۇق تەرنى سۈرتتى. تاتىرىپ كەتكەن، تىترەپ تۇرغان پەرزەنتىنىڭ ئۆز ئاتىسىنىڭ هازىرغىچە مەلۇم بولمىغان ئۆلۈم سەۋەبىنى ئۈنلۈك ئوقۇۋاتقان كۆرۈنۈشى كىشىنى هەيرەتكە سالاتتى.

ۋالېنتىنا خۇددى دۇئا قىلىۋاتقاندەك قىياپەتتە قوللىرىنى جۈپلىدى.

نۇئارتىيې ئاجايىپ غۇرۇر ۋە نەپرەت بىلەن ۋىلفورغا قاراپ ئولتۇراتتى.

فرانس ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى:

— «بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، بۇ، 5 - فېۋرال كۈنى بولۇپ ئۆتكەن ئىش ئىدى. ئاخىرقى كۈنلەردىن بۇيان بەش - ئالتە گرادۇسلۇق سوغۇق بولۇپ، پەلەمپەيگە مۇز قېتىپ كەتكەنىدى. گېنېرال ئېگىز بويلۇق بەستلىك كىشى ئىدى. دەريا بويىغا چۈشۈشتە رەئىس ئۇنىڭغا پەلەمپەينىڭ

① سېكۇندانت — دۇئېلغا چىقىپ ئېلىشىدىغان كىشىلەرنىڭ ۋەكىلى ۋە ۋاستىچىسى.



سالاسۇنى بار تەرىپىنى ئۆتۈنۈپ بەردى. ئىككى سېكۇندانت ئۇلارنىڭ كەينىدىن ماڭدى.

قاپقاراڭغۇ ئىدى. پەلەمپەيدىن دەرياغىچە بولغان ئارىلىق قار ۋە قىراۋدىن نەملىشىپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا قاپقارا، چوڭقۇر ۋە ئۇيەر - بۇيېرىدە مۇز پارچىلىرى لەيلەپ ئۆتۈۋاتقان دەريا ئاقماقتا ئىدى.

سېكۇندانتلاردىن بىرى كۆمۈر توشۇيدىغان كېمىگە چىقىپ بىر پەنەر چىراغنى ئېلىپ كەلدى ۋە شۇ چىراغنىڭ يورۇقىدا قوراللارنى تەكشۈرۈشتى.

رەئىسنىڭ شەمشىرى هاسىغا سېلىنىدىغان ئادەتتىكى تىغ بولۇپ، رەقىبىنىڭ شەمشىرىدىن بەش ديۇيم قىسقا ۋە دەستىسى قالپىقى يوق ئىدى.

گېنېرال ئەپىنە شەمشەرلەرنى چەك تاشلاش ئارقىلىق ئېلىشنى تەكلىپ قىلدى، لېكىن رەئىس ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: «مەن سىزنى دۇئېلغا چاقىرغاندا، هەر قايسىمىز ئۆز قوراللىرىمىزنى ئىشلىتىشنى كۆزلىگەن» دېدى.

سېكۇندانتلار بۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈرمەكچى بولۇشقانىدى، لېكىن رەئىس ئۇلارنى گەپ قىلغۇزمىدى.

پەنەر چىراغنى يەرگە قويۇشتى. رەقىبلەر ئىككى تەرەپكە تۇرۇشتى. بىرگە - بىر ئېلىشىش باشلاندى. چىراغنىڭ يورۇقىدا شەمشەرلەر گوياكى چاقماقتەك يالتىرايتتى. ئادەملەر بولسا، ئارانلا كۆرۈنەتتى. شۇ قەدەر قاراڭغۇ ئىدى.

گېنېرال پۈتۈن ئارمىيە بويىچە ئەڭ ماهىر قىلىچۋازلاردىن هېسابلىناتتى. ۋەهالەنكى، بۇ قېتىم شۇنداق شىددەتلىك هۇجۇمغا دۇچ كەلدىكى، هە دېگەندىلا چېكىنىۋېتىپ يىقىلىپ چۈشتى.

سېكۇندانتلار ئۇنى ئۆلدى بولغاي دەپ ئويلاپ قېلىشتى.

لېكىن رەئىس ئۇنىڭغا تىغ تەگمىگەنلىكىنى بىلگەچكە، ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇش ئۈچۈن قولىنى ئۇزاتتى. بۇ ھال گېنېرالنى خاتىرجەم قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئوغسىنى قايناتتۇۋەتتى ۋە ئۇ سەكرەپ تۇرۇپ، رەقىبىگە ئېتىلدى. ھالبۇكى، رەئىس بىر قەدەممۇ چېكىنمەستىن، ئۇنىڭ شەمشەر ئۇرۇشلىرىنى كەينى - كەينىدىن قايتۇردى. گېنېرال ئۈچ قېتىم چېكىنىپ، يەنە ئۈچ قېتىم ھۇجۇم قىلىشقا ئۇرۇندى.

ئۈچىنچى قېتىمدا ئۇ يەنە يىقىلدى.

ھەممەيلەن ئۇنى يەنە تېيىلىپ كەتتى دەپ ئويلاشتى. ھالبۇكى، ئۇنىڭ قىمىر قىلماي ياتقىنىنى كۆرۈپ، سېكۇندانتلار ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئۇنى تۇرغۇزۇپ قويماقچى بولۇشتى، لېكىن ئۇنى يۆلىگەن كىشى قولىغا ئىسسىق ۋە سۇيۇق بىر نەرسىنىڭ يېپىشقانلىقىنى سەزدى. بۇ قان ئىدى.

ھالىدىن كەتكەن گېنېرال يەنە ئېسىنى يىغىۋالدى.

«ھە، ماڭا بىر ياللانما قاتىلنى، قانداقتۇر بىر قىلىچۋازلىق ئوقۇتقۇچىسىنى كۈشكۈرتۈپ قويۇپسىلەر - دە؟» — دېدى ئۇ.

رەئىس ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرمىدى ۋە چىراغنى كۆتۈرۈپ تۇرغان سېكۇندانتنىڭ ئالدىغا كەلدى - دە، بىر يېڭىنى تۈرۈپ، شەمشەر بىلەن تېشىۋېتىلگەن ئىككى جاراھەتنى كۆرسەتتى. ئاندىن، چاپىنىنىڭ ئالدىنى ئېچىپ، جىلىتكىسىنىڭ تۈگمىلىرىنى يەشتى ۋە خۇددى شۇنداقلا جاراھەتلەنگەن بېقىنىنى يالىڭاچلىدى. ئەھۋال شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ غىڭ قىلماي تۇراتتى.

گېنېرال ئەپىنە سەكراتقا چۈشتى ۋە بەش مىنۇتتىن كېيىن ئۆلدى...»

فرانس بۇ ئاخىرقى سۆزلەرنى شۇنداق روھى سۇنغان ھالدا ئوقۇدىكى، ئاۋازى ئاران ئاڭلاندى. ئاندىن ئۇ جىمىپ



قالدى ۋە گويا كۆزلىرىگە تىقىلىپ قالغان تۇماننى چىقىرىۋەتمەكچى بولغاندەك، قولى بىلەن كۆزلىرىنى سۈرتتى. بىر ئەسنادىن كېيىن ئۇ يەنە ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى:

— «رەئىس شەمشىرىنى ھاسىسىغا سېلىپ، پەلەمپەيدىن يۇقىرىغا چىقتى. قارغا چۈشكەن قانلىق ئىز ئۇنىڭ ماڭغان يولىنىڭ نىشانىسى بولۇپ قالدى. ئۇ، پەلەمپەينىڭ ئۈستىگە چىقىپ بولماي تۇرۇپلا سۇنىڭ «چولتۇك» قىلغان ساداسىنى ئاڭلىدى. سېكۇندانتلار گېنېرالنىڭ جەسىتىنى دەرياغا تاشلىۋەتكەنىدى.

شۇنداق قىلىپ، گېنېرال ئوغرىلىقچە ئۆلتۈرۈلمىدى، بەلكى بىرگە - بىر چىققان مەردلەرچە ئېلىشىشتا قازا تاپتى.

بىز كەلگۈسىدە بۇ ۋەقەنىڭ ئىشتىراكچىلىرىدىن كىم بولمىسۇن بىرى قولغا ئېلىنىپ، قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگەن ياكى ۋىجدانىنىڭ چېكىدىن چىقىپ كەتكەن دەپ ئەيىبلىنىپ قېلىش ئېھتىمالىنى كۆزدە تۇتۇپ، يۇقىرىقى ئىشلارنىڭ گۇۋاھچىسى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ھەقىقىي ئەھۋالنى بايان قىلىپ، مەزكۇر ھۆججەتنى ئىمزالىدۇق.

ئىمزا: روبېپىر، دۇشامپى، لېشارپال».

فرانس پەرزەنت ئۈچۈن شۇنچە ئېغىر بولغان بۇ خەتنى ئوقۇپ تاماملىغاندا ۋالېنتىنا ھاياجاندىن تاتىرىپ كەتكەن ھالدا كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى. ۋىلفور غال - غال تىترىگەن ھالدا بىر بۇلۇڭغا تىقىلىۋېلىپ، كېلىشمەسلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئۇرۇنۇپ، رەھىمسىز بوۋايغا يالۋۇرغان قىياپەتتە قاراپ تۇراتتى.

— تەقسىر، — دېدى ئەپىنە نوئارتىيېغا قاراپ، — سىز بۇ پاجىئەلىك ۋەقەنىڭ تەپسىلاتلىرىنى بىلىدىكەنسىز. بۇ ھۆججەتكە ئىناۋەتلىك شەخسلەرنىڭ ئىمزاسى قويۇلۇپتۇ. ئەھ-

ۋالدىن قارىغاندا، سىز ماڭا قىزىقىدىكەنسىز. سىزنىڭ بۇ قىزىقىشىڭىز، گەرچە ماڭا ئازاب كەلتۈرۈش بىلەنلا ئىپادىلىنىۋاتقان بولسىمۇ، مېنىڭ بىردىنبىر ئىلتىماسىمنى رەت قىلمىسىڭىز. ئاشۇ كۇلۇب رەئىسىنىڭ ئىسمىنى ماڭا ئېيتىپ بەرگەيسىز، ئاتامنى كىمنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكىنى بىلىپ قالاي.

ۋىلفور ھودۇقۇپ كېتىپ، ئىشىك تۇتقۇچىنى سىيپاشتۇرۇپ ئىزدەشكە باشلىدى. ۋالېنتىنا بوۋاينىڭ قانداق جاۋاب قايتۇرۇشىنى دەرھال پەملىدى، چۈنكى ئۇ، بوۋىسىنىڭ ئۈستۈنكى بىلىكىدىكى شەمشەر زەربىسىدىن قالغان ئىككى جاراھەت ئىزىنى بىرىنچى قېتىم كۆرگەنىدى. شۇڭا، ئۇ ئىختىيارسىز تۈردە بىر قەدەم كەينىگە چېكىندى.

— خۇدا ھەققى، ۋالېنتىنا خېنىم، — دېدى فرانس، — ماڭا ياردەم قىلىسىڭىزچۇ، مېنى ئىككى ياشلىق چېغىمدا يېتىم قىلىپ قويغان ئادەمنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىۋالاي!

ۋالېنتىنا قىمىر قىلماستىن، جىمجىت تۇراتتى.

— ماڭا قاراڭا، — دېدى ۋىلفور، — بۇ كۆڭۈلسىز ئويۇننى بولدى قىلايلى. ھۆججەتتىكى ئىسىملار قەستەن ئاشكارا يېزىلمىغان. ئۇ رەئىسنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئاتام ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ. بىلگەن تەقدىردىمۇ ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ. لۇغەتتە ئادەم ئىسىملىرى يوق.

— ھەي، ئېست! — دەپ خىتاب قىلدى فرانس، — ئاتامنى ئۆلتۈرگەن كىشىنىڭ ئىسمىنى بىلىۋېلىشقا بولغان بىر ئۈمىدلا ماڭا بۇ ھۆججەتنى ئاخىرىغىچە ئوقۇپ چىقالىغۇدەك كۈچ بېرىپ تۇرغانىدى! تەقسىر، تەقسىر، — دېدى ئۇ نۇئارتىيېگە قاراپ، — خۇدا ھەققى، قولىڭىزدىن كېلىدىغاننىڭ ھەممىنى قىلىپ بېقىڭ... سىزدىن ئۆتۈنۈپ سوراپ قالاي، ماڭا ئېيتىپ بېرىشكە، چۈشەندۈرۈشكە بىر ئامال قىلىپ بېقىڭ...



— ھەئە، — دېگەن جاۋابنى ئىپادىلىدى نۇئارتىيېنىڭ كۆزلىرى.

— ۋالېنتىنا خېنىم! — دەپ خىتاب قىلدى فرانس، — بوۋىڭىز... ئۇ كىشىنىڭ ئىسمىنى ئېيتالايدىغانلىقىنى ئىشارەت قىلدى... ماڭا ياردەم قىلىسىڭىزچۇ... سىز ئۇنى چۈشىنەلەيسىزغۇ...

نۇئارتىيې لۇغەتكە قارىدى.

فرانس ئەسەبىيلىك بىلەن تىترەپ تۇرغان ھالدا لۇغەتنى قولىغا ئالدى - دە، ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە ھەرپلەرنى بىر - بىرلەپ ئوقۇشقا باشلىدى. «م» ھەرپىگە كەلگەندە بوۋاي «شۇ» دېگەننى ئىپادىلىدى.

— «م»؟ — دەپ تەكرارلىدى فرانس.

يىگىت بارمىقى بىلەن سۆزلەرنى بىر - بىردىن كۆرسەتكىلى تۇردى. نۇئارتىيې ھەربىر سۆزدە «ياق» دېگەننى ئىپادىلىدى.

ۋالېنتىنا ئالقانلىرى بىلەن يۈزىنى ئېتىۋالدى.

فرانس ئاخىرى «مەن» دېگەن ئالماشنى كۆرسەتتى.

— ھەئە، — دېگەننى بىلدۈردى بوۋاي.

— سىز؟ — دەپ خىتاب قىلدى فرانس ۋە ئۇنىڭ چاچلىرى گويا دىك تۇرۇپ كەتتى، — سىزمۇ، نۇئارتىيې ئەپەندى؟ مېنىڭ ئاتامنى ئۆلتۈرگەن كىشى سىزمۇ؟

— ھەئە، — دېگەن جاۋابنى ئۇقتۇردى بوۋاي، ئۇنىڭغا ئۇلۇغۋار قىياپەتتە قاراپ.

فرانس ماغدۇرىدىن كېتىپ، كرېسلوغا ئۆزىنى تاشلىۋەتتى.

ۋىلفور، بوۋاينىڭ بويسۇنماس يۈرىكىدە تېخىچە پىلىلداپ تۇرغان ھايات ئۇچقۇنىنى بېسىپ ئۆچۈرۈۋېتىش ئىستىكىنى تەستە يېڭىپ، ئىشىكنى ئاچتى - دە، يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

## يىگىرمە ئۈچىنچى باب

# ئاندرېئا كاۋالكانتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى

يۇقىرىقى ئىشلار بولۇپ ئۆتكۈچە، مايور كاۋالكانتى ئەپەندى پارىژدىن يۈرۈپ كەتتى. ھالبۇكى، ئۇ، ئاۋستىرىيە ئىمپېراتورىنىڭ قوشۇنىغا ئەمەس، بەلكى لۇككىدىكى ئارىشاگىغا قايتتى. ئۇ، ئارىشاگىغا ئەڭ كۈچلۈك ھەۋەس باغلىغان كىشىلەردىن بىرى ئىدى. ئۆزلۈكىدىن مەلۇمكى، ئۇ، بۇ قېتىمقى سەپىرى ئۈچۈن ۋە ئۇلۇغۋار، باي ئاتىنىڭ رولىنى ئوينىغانلىقى ئۈچۈن تەقدىم قىلىنغان سوممىدىن بىر تىيىننى كەم قالدۇرماي ئېلىپ كەتتى.

ئۇ كەتكەندىن كېيىن ئاندرېئا ئۆزىنىڭ ماركىز بارتولومېئو بىلەن ماركىز خانىم ئولىۋا كورسىنارىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ھۆججەتلەرگە ئىگە بولدى.

شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئەمدى پارىژ جەمئىيىتىدە ئازدۇر - كۆپتۇر پۇختا ئاساسقا ئىگە بولۇپ قالغانىدى. پارىژ جەمئىيىتى چەت ئەللىكلەرنى ئاسان قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكى بىلەن ئانچە ھېسابلىشىپ كەتمەيدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ قانداق ئادەم بولۇش خاھىشىغا يارىشا ئىش تۇتىدۇ. ئۇنى دېمىسىمۇ، پارىژدا ياش يىگىتلەرگە قانچىلىك تەلەپ قويۇلماقچىدى! ئانچە - مۇنچە سۆزلىيەلىسە، قاملاشتۇرۇپ كىيىنەلىسە، مەردلىك بىلەن قىمار ئوينىيالىسا ۋە يانچۇقىدىن ئالتۇن چىقىرالىسىلا بولدى. يەنە شۇنىسىمۇ باركى، پارىژلىقلارغا نىسبەتەن چەت ئەللىكلەرگە قويۇلىدىغان تەلەپلەر تېخىمۇ ئاز بولىدۇ.



شۇنداق قىلىپ، ئىككى ھەپتە ئۆتكەندە ئاندرېئا خېلى ئوبدانلا نوپۇزغا ئىگە بولۇپ قالدى. كىشىلەر ئۇنى گراف دەپ ئاتىشاتتى، يىلىغا 50 مىڭ لىۋر كىرىم قىلىدۇ دەپ ھېسابلىشاتتى ۋە ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ ساۋېرېنىس كانلىرىدىن ئېلىنىدىغان چەكسىز بايلىقلىرى ھەققىدە پاراڭ سېلىشاتتى.

قانداقتۇر بىر ئالىم بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن شۇ كانلارنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن، تېخى تولۇق ئاساسقا ئىگە بولالماي تۇرغان گەپ - چۆچەكلەر يەنىمۇ ئەۋج ئېلىپ كەتتى ۋە كۆرۈنەرلىك ھالدا چىنلىق تۈسىنى ئالدى.

بىز كىتابخانلىرىمىزنى باشلاپ كىرگەن پارىژ جامائەتچىلىكىدە ئەھۋال ئەنە شۇنداق بولۇپ تۇرغان كۈنلەرنىڭ بىر ئاخشىمى مونتې - كرىستو دانگلار ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە كەلدى. دانگلار ئۆز ئۆيىدە يوق ئىدى. خىزمەتكار گرافتىن، «بارون خانىمغا خەۋىرىڭىزنى يەتكۈزسەم بولامدۇ؟» دەپ سورىدى. گراف ماقۇل بولدى.

ئوتېيلدىكى زىياپەتتە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار تۈپەيلىدىن دانگلار خانىم گراف مونتې - كرىستونىڭ ئىسمىنى ئاڭلىسا ئەسەبىيلىشىپ كېتىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئەگەر ئۇنىڭ ئىسمى ئېيتىلغاندىن كېيىن گرافنىڭ ئۆزى پەيدا بولمىسا كۆڭۈل غەشلىكى تېخىمۇ ئۇلغىياتتى. ئەكسىچە، گراف ئۆزى پەيدا بولغاندا ئۇنىڭ ئوچۇق چىرايى، چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى، دانگلار خانىمغا بولغان خۇش مۇئامىلىسى ۋە سىپايىلىقى ئەنسىزچىلىكنىڭ ئاخىرقى كۆلەڭگىلىرىنى دەرھال تارقىتىۋېتەتتى. بارون خانىم تاشقى كۆرۈنۈشى شۇنچە ئۇز بولغان كىشىنىڭ ئۆزىگە يامان نىيەتتە بولۇشىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلمەيتتى. ئۇنداق بولمىغاندىمۇ، ھەتتا ئەڭ نائەھلى

ئادەملەرمۇ كىشلەرنىڭ بىرەر مەنپەئەتكە ئاساسلانماي تۇرۇپ يامانلىق قىلىش مۇمكىنچىلىكىنى كۆڭلىگە كەلتۈرمەيدۇ. مەقسەتسىز، سەۋەبسىز يامانلىق گويا ئىپلاسلىققا ئوخشاش يىركىنچلىكتۇر.

مونتې - كرىستو بىز بىر قېتىم كىتابخانلىرىمىزنى باشلاپ كىرگەن دانگلار خانىمنىڭ ھېلىقى ھۇجرىسىغا كىردى. بۇ چاغدا بارون خانىم قىزى بىلەن ئاندرېئا كۆرۈپ بولغان رەسىملەرگە خاتىرجەمسىزلىك بىلەن كۆز يۈگۈرتۈپ ئولتۇراتتى. مونتې - كرىستونىڭ پەيدا بولۇشى ھەر دائىمقىدەك تەسىر قوزغىدى. بارون خانىم دەسلەپتە ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ خاتىرجەمسىزلەنگەن بولسا، ئەمدى ئۇنى كۆرۈپ، تەبەسسۇم بىلەن قارشى ئالدى.

مونتې - كرىستو ئۆز نۆۋىتىدە بىر قاراشتىلا بۇ ھالنى بايقىدى.

كىچىك سافادا يانپاشلاپ ياتقان بارون خانىمنىڭ يېنىدا ئېۋژېنى ئولتۇراتتى. كاۋالكانتى ئۇنىڭ ئالدىدا تۇراتتى.

كاۋالكانتى خۇددى گيوتىنىڭ ئەسىردىكى قەھرىمانىدەك باشتىن - ئاياغ قارا كىيىم، لاكلانغان كېپىش ۋە ئاق پايپاق كىيگەنىدى. بۇ ئابروييپەرەس يىگىت مونتې - كرىستونىڭ مەسلىھەتىگە كۆنمەستىن، چىمچىلاق بارمىقىغا بىر دانە ئېسىل ئۈزۈك سېلىۋالغان بولۇپ، ئۇ ھەر قېتىم ساپسېرىق چاچلىرىنى سىيپىغاندا ئۈزۈكنىڭ برىلليانت كۆزى نۇرلىنىپ كېتەتتى. ئۇ، قولىنىڭ شۇ ھەرىكىتى بىلەن بىرلىكتە يەنە دانگلار خېنىمغا ئىشقى بىلەن قارايتتى ۋە ئۇلۇغ - كىچىك تىناتتى.

دانگلار خېنىم يەنە بۇرۇنقىدەكلا ئىدى، يەنى چىرايلىق، سوغۇق ۋە تەكەببۇر ئىدى. ئاندرېئانىڭ ھەربىر قارىشى، ھەربىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىشى ئۇنىڭ نەزىرىدىن چەتتە قالمايتتى. ھالبۇكى، بۇ قاراشلار ۋە ئۇلۇغ - كىچىك تىنىشلار گوياكى



مېنېرۋانىڭ ساۋۇتىغا ئۇرۇلغاندەك ئەكس تەسىر پەيدا قىلالمايتتى. پەيلاسوپلارنىڭ قەيت قىلىشىچە، سافو، قىسمەن ھاللاردا كۆكسىنى ئەنە شۇنداق ساۋۇت بىلەن نىقابلىغانىكەن.

ئېۋژېنى گرافقا سوغۇق تەزىم قىلىپ قويدى ۋە باشقىلارنىڭ پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ مۇزىكا ئۆگىنىشى ئۈچۈن ئاجرىتىلغان ساراي ئۆيگە چىقىپ كەتتى. ھايال بولماي ئۇ ئۆيدىن ئىككى قىزنىڭ شوخ ۋە كۆتۈرەڭگۈ ئاۋازى روياليىنىڭ ساداسىغا قوشۇلۇپ ئاڭلاندى. بۇنىڭدىن مونتې - كرىستو شۇنداق يەكۈن چىقاردىكى، دانگلار خېنىم گراف بىلەن كاۋالكانتى ئەپەندىنىڭ ئۆلپەتچىلىكىدە بولۇشتىن ھەزەر ئەيلەپ، ئۆزىنىڭ ناخشا ئوقۇتقۇچىسى لۇيىزا ئارمىلىيى خېنىم بىلەن بىللە بولۇشنى ئەۋزەل كۆرگەن.

گراف دانگلار خانىمنىڭ سۆزلىرىگە مەپتۇن بولغان قىياپەتتە ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرۇپ، ئاندرېئا كاۋالكانتىنىڭ دىلغۇل بولۇپ قالغانلىقىنى دەرھال پەملىدى. ئاندرېئا تۇرۇپ - تۇرۇپلا ئىشىك يېنىغا بېرىپ، مۇزىكىغا قۇلاق سالاتتى ۋە بوسۇغىدىن ئاتلاپ ئۆتۈشكە جۈرئەت قىلالماي، قول ۋە بېشىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، زوقىنى ئىپادىلەيتتى.

بىردەمدىن كېيىن بانكىر قايتىپ كەلدى. ئۇ ئالدى بىلەن مونتې - كرىستوغا، ئاندىن ئاندرېئاغا قارىدى. ئۇ، ئايالى بىلەن خۇددى بەزى ئەر - خوتۇنلارنىڭ سالاملىشىشىغا ئوخشاش سالاملاشتى. بۇنداق سالاملىشىشنى بويتاقلار پەقەت نىكاھلىق ئەر - خوتۇنلارنىڭ غەلىتە مۇناسىۋەتلىرى توپلىمى نەشىر قىلىنغاندىن كېيىنلا چۈشىنەلەيدۇ.

— بىزنىڭ خانىقىزلىرىمىز سىزنى ئۆزلىرى بىلەن مۇزىكا ئۆگىنىشكە تەكلىپ قىلمىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى دانگلار ئاندرېئادىن.

— ئەپسۇسكى، تەكلىپ قىلىنمىدى، تەقسىر، — دېدى ئاندرېئا بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ.

دانگلار ئىتتىك مېڭىپ بېرىپ، ئىشىكنى كەڭ ئېچىۋەتتى. خانا ئىچىدىكىلەر بىر ئورۇندۇقتا يانمۇ يان ئولتۇرۇپ، رويال چېلىۋاتقان ئىككى قىزنى كۆرۈشتى. ئۇلار ھەربىرى رويالنى بىر قولى بىلەن چېلىش ئۇسۇلىنى ئويلاپ چىقارغان بولۇپ، بۇ ئىشتا يۇقىرى ماھارەتكە يەتكەنىدى.

بۇ ئىككى قىز ئوچۇق تۇرغان ئىشىكنىڭ رامكىسى ئىچىدە بەجايىكى گېرمانىيىدە شۇنچە قەدىرلىنىدىغان جانلىق سۈرەتلەرنى ئەسلەتتى. ئارمىلىيې خېنىم ناھايىتى گۈزەل ياكى توغرىسىنى ئېيتقاندا، بەك ئوماق ئىدى. ئۇ، جۇغى كىچىك، ئورۇق، خۇمار كۆزلۈك بولۇپ، خۇددى پەرىشتىلەرنىڭ چېچىدەك ئالتۇن رەڭلىك، دولقۇنسىمان ئۇزۇن چاچلىرى خۇددى پېرۇدژىنو① سىزغان رەسىملەردىكى بۇۋى مەريەمنىڭكىگە ئوخشاش ئۇزۇنراق كەلگەن بويىنىغا چۈشۈپ تۇراتتى. كىشىلەر ئارىسىدا «ئۇنىڭ ئۆپكىسىدە چاتاق بار، ئۇ خۇددى «كىرىمون ئىسكىرىپكىسى» ناملىق ئەسەردىكى ئانتونىيىگە ئوخشاش ئاخىرى بىر كۈنى ناخشا ئېيتىۋاتقان مەزگىلدە ئۆلۈپ قالىدۇ» دېگەندەك گەپ - سۆزلەر تارقىلىپ يۈرەتتى.

مونتې - كرىستو ئۇنىڭغا قىزىقسىنىپ، ئىتتىك قارىدى. ئۇ، ئارمىلىيې خېنىمنىڭ گېپىنى بۇ ئۆيدە كۆپ ئاڭلىغان بولسىمۇ، تېخى بىرىنچى قېتىم كۆرۈشى ئىدى.

— بىزچۇ؟ بىزنى قارشى ئالامسىلەر؟ — دەپ سورىدى بانكىر ئۆزىنىڭ قىزىدىن.

ئاندىن ئۇ، ئاندرېئانى سارايغا باشلاپ كىردى ۋە تاسادىپىيمۇ ياكى ئاتايىنمۇ، ئىش قىلىپ، ئىشىكنى قىيا يېپىپ

① پېرۇدژىنو (1452 — 1523) — ئىتالىيىلىك رەسسام.



قويغانىدى، بارون خانىم بىلەن مونتې - كرىستو ئولتۇرغان يەردىن ھېچنېمە كۆرۈنمەي قالدى. ھالبۇكى، بارون ئۆزىمۇ ئاندرېئانىڭ كەينىدىن قىزلارنىڭ يېنىغا كىرىپ كەتكەن بولغاچقا، دانگلار خانىم ئۇلارغا ئىرەڭ قىلمىدى.

كۆپ ئۆتمەي، ئاندرېئانىڭ رويالغا تەڭكەش قىلىپ، قانداقتۇر بىر كورسىكا ناخشىسىنى ئېيتىۋاتقانلىقى ئاڭلاندى.

گراف كۈلۈمسىرىگەن ھالدا بۇ ناخشىغا قۇلاق سالدى ۋە ئاندرېئانى ئۇنتۇپ، بېنېدېتتونى ئەسلىدى. شۇ ئارىدا دانگلار خانىم مىلاندىكى قانداقتۇر بىر شىركەتنىڭ ۋەيران بولۇشى نەتىجىسىدە ئېرىنىڭ بۈگۈن ئەتىگەن ئۈچ - تۆت 100 مىڭ فرانك زىيان تارتقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى ۋە ئېرىنىڭ بۇنىڭغا پىسەنت قىلماي يۈرگىنىدىن ھەيران بولدى.

دەرۋەقە، بارونىنىڭ ئۆزىنى تۇتۇشى ھەيران قالارلىق ئىدى. مۇبادا، گراف بۇ ئىشنى بارون خانىمدىن ئاڭلىمىغان بولسا، ياكى ئۆزىنىڭ ھەر قانداق ئىشنى تەكشۈرۈپ چىقالايدىغان ئۇسۇللىرى بىلەن ئۇقۇۋالمىغان بولسا، بارونىنىڭ چىرايىدىن ھېچنېمىنى قىياس قىلالمىغان بولاتتى.

«ۋاھ! — دەپ ئويلىدى مونتې - كرىستو، — ئۇ، تارتقان زىيانلىرىنى يوشۇرىدىغان بولۇپ قاپتۇ. بىر ئاي ئىلگىرى ئۇ بۇنداق ئىشلارنى داۋراڭ قىلىپ يۈرەتتى».

— خانىم، — دېدى ئۇ، — دانگلار ئەپەندى پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىغا پىشقان ئادەم. ئۇ بىر ئىشتا زىيان تارتسا، يەنە بىر ئىشتا ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋالىدۇ.

— قارىغاندا، سىزمۇ باشقىلاردەك خاتا چۈشەنچىدە بولۇپ يۈرۈپسىز، — دېدى دانگلار خانىم.

— قانداق خاتا چۈشەنچە؟ — دەپ سورىدى مونتې - كرىستو.

— ھەممە كىشىلەر دانگلار ئەپەندىنى سودا پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ دەپ ئويلايدۇ، لېكىن بۇ توغرا ئەمەس.
— ھە. راست، خانىم، ئەمدى يادىمغا كېلىۋاتىدۇ. دېبرې ئەپەندى ماڭا بىر گەپ قىلغانىدى... ھە، دېبرې ئەپەندى كۆرۈنمەيدىغان بولۇپ كەتتىغۇ؟ مەن ئۇنى كۆرمىگىلى ئۈچ - تۆت كۈن بولدى.
— مەنمۇ كۆرمىدىم، — دېدى دانگلار خانىم قىلچە پەرۋا قىلمىغان سىياقتا، — سىز بىر گەپنى باشلاپ قويۇپ، ئاخىرىنى چىقارمىدىڭىزغۇ.
— نېمىدېگەنىدىم؟
— دېبرې بىر نېمىدېدى دېگەندەك قىلىۋاتاتتىڭىز...
— ھە، توغرا. دېبرې سىزنى تەلەي پەرىشتىسىگە ئېتىقاد قىلىدۇ دېگەنىدى.
— ھەئە، بىر چاغلاردا شۇنداق ئىدى، — دېدى دانگلار خانىم، — بىراق، ئەمدى ئۇنداق ئىشلارغا قىزىقمايدىغان بولۇپ قالدىم.
— ئەپسۇس، خانىم. تەقدىر ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ ئەمەسمۇ. ھايات ئىشلىرىدا ھەممە نەرسە تەلەيگە باغلىق. ئەگەر مەن بىر ئايال، بولۇپمۇ بانكىرنىڭ ئايالى بولغان بولسام، ئېرىمنىڭ تەلىيىگە ھەر قانچە ئىشەنسەممۇ، يەنىلا ئۆز ئالدىمغا بىر ئىقتىسادىي ئاساس قۇرۇۋالغان بولاتتىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەتتا ئۆز مەنپەئەتلىرىمنى ئېرىمدىن ئوغرىلىقچە باشقا كىشىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇشنىمۇ باش تارتمىغان بولاتتىم.
دانگلار خانىم ئىختىيارسىز تۇردە قىزىرىپ كەتتى.
— مانا، مەسىلەن، — دېدى مونتې - كرىستو ئۇنىڭ قىزىرىشىنى سەزمىگەن قىياپەتتە، — تۈنۈگۈن نېئاپول پۇلى بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ بېرىلغان سودا ئىشىنى ئاڭلىدىڭىزمۇ؟



— مەندە نېئاپول پۇلى يوق، — دەپ ئىتتىك جاۋاب قايتۇردى بارون خانىم. — بۇرۇنمۇ بولمىغان. گراف، بىز خۇددى ئىككى ھايانكەشتەك پۇلغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى كۆپ سۆزلەپ كەتتۇق. بۇنى قويۇپ، بىچارە ۋىلفورلار توغرۇلۇق سۆزلىشەيلىچۇ. ئۇلارنىڭ بېشىغا كەينى - كەينىدىن بەختسىزلىكلەر يېغىۋاتىدۇ.
— ئۇلارغا نېمە بوپتۇ؟ — سورىدى مونتې - كرىستو ئۆزىنى ساددىلىقتا سېلىپ.
— ئۆزىڭىز بىلىسىزغۇ. سېن - مېران ئەپەندى يولغا چىقىپ ئۈچ - تۆت كۈندىن كېيىن ئۆلۈپ كېتىپتۇ. ئەمدى ماركىز خانىممۇ بۇ يەرگە كېلىپ ئۈچ - تۆت كۈندىن كېيىن ئۆلۈپ كەتتى.
— ھە، راست، مەن بۇنى ئاڭلىغان، — دېدى مونتې - كرىستو، — بۇ، خۇددى كلاۋدىيىنىڭ گاملېتقا ئېيتقىنىدەك، تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى. ئاتا - ئانىلار بۇرۇن ئۆلسە، پەرزەنتلەر يىغلايدۇ. ئەمدى بۇلارمۇ پەرزەنتلىرىدىن بۇرۇن ئۆلىدۇ ۋە پەرزەنتلىرى يىغلاپ قالىدۇ.
— لېكىن، بۇ تېخى ھەممىسى ئەمەس.
— ھەممىسى ئەمەس دېگىنىڭىز نېمىسى؟
— سىز بىلىسىز، ئۇلار قىزىنى ياتلىق قىلماقچى بولغان...
— شۇنداق، فرانس ئەپىنە ئەپەندىگە ياتلىق قىلماقچى بولغان... توي بۇزۇلۇپ كېتىپتىمۇ؟
— ئاڭلىشىمچە، تۈنۈگۈن فرانس سۆزىدىن يېنىۋاپتۇ.
— راستمۇ؟ نېمە سەۋەبتىن ئۇنداق بوپتۇ؟
— بىلمەيمەن.
— ۋاي خۇدايىم! ئەمدى ۋىلفور ئەپەندى قانداق قىلىۋاتقاندۇر؟
— ئۆزىنىڭ ئادىتى بويىچە پەيلاسوپتەك يۈرىدۇ.

بۇ چاغدا دانگلار قايتىپ چىقتى.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭىز، — دېدى بارون خانىم، — كاۋالكانتى ئەپەندىنى قىزىڭىز بىلەن يالغۇز قويۇپ چىقتىڭىزمۇ؟

— ئارمىلىيى خېنىمچۇ، — دېدى بارون، — ئۇنى ھېسابقا ئالمامسىز؟

ئاندىن ئۇ مونتې - كرىستوغا مۇراجىئەت قىلدى:

— بۇ كىنەز كاۋالكانتى بەك يېقىملىق يىگىت ئىكەن، شۇنداق ئەمەسمۇ، گراف؟ ئۇ، راستىنلا كىنەزمۇ؟

— بۇنىڭغا بىر نېمە دېيەلمەيمەن، — دېدى مونتې - كرىستو، — بىلىشىمچە، ئۇنىڭ ئاتىسى ماركىز ئىكەن. شۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۇ ئۆزى گراف بولسا كېرەك. ئۇ، كىنەزلىك ئۇنۋانىغا ئانچە ھەۋەس قىلمايدىغاندەك كۆرۈنىدىغۇ.

— نېمە ئۈچۈن؟ — دېدى بانكىر، — ئەگەر ئۇ كىنەز بولسا، بۇنى يوشۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. كېلىپ چىقىشىنى يوشۇرىدىغان كىشىلەرنى ياقتۇرمايمەن.

— ھەي، سىز بىر ئاتاقلىق دېموكرات ئەمەسمۇ، — دەپ قويدى مونتې - كرىستو كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

— ماڭا قاراڭ، — دېدى بارون خانىم، — ئەگەر مۇشۇ تاپتا ئۇشتۇمتۇت مورسېر كىرىپ قالسا قانداق قىلىسىز؟ ئۇ، ئېھتىمال تۇرۇپ كاۋالكانتى ئەپەندى كىرگەن بۇ ئۆيگە تېخى كىرىپ باقمىغانىدى.

— «ئۇشتۇمتۇت» دېگىنىڭىز ناھايىتى ئورۇنلۇق بولدى، — دېدى بانكىر ئېتىراز بىلدۈرۈپ، — راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ بىزنىڭ ئۆيىمىزگە شۇنچە كەمدىن كەم كېلىدۇكى، ئۇنى ھەقىقەتەن ئۇشتۇمتۇت كېلىپ قالىدۇ دېيىش مۇمكىن.

— قىسقىسى، ئۇ كېلىپ، قىزىڭىزنى بۇ يىگىتنىڭ يېنىدا كۆرسە خاپا بولۇشى مۇمكىن.



— خاپا بولىدۇ؟ سىز تولىمۇ خاتا گەپ قىلدىڭىز! ۋىكونت ئەپەندى ئۆزى ئالماقچى بولغان قىزنى ئانچە كۆڭلىمەيدۇ، ئۇنى ئانچە ياخشى كۆرمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ خاپا بولامدۇ، بولمامدۇ، مېنىڭ چاتىقىم نېمە؟

— شۇنداقتىمۇ، بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز...

— مۇناسىۋىتىمىز دەمسىز! ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزنىڭ قانداقلىقىنى بىلگىڭىز كېلەمدۇ؟ ئۇنىڭ ئانىسى ئۆيۈشتۇرغان بەزمىدە ئۇ مېنىڭ قىزىم بىلەن ئاران بىر قېتىملا تانسا ئوينىدى. كاۋالكانتى ئەپەندى بولسا، ئۇنىڭ بىلەن ئۈچ قېتىم تانسىغا چۈشتى. شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇ مورسېر دېگەن ئۇلارغا قىلچىلىكمۇ پەرۋا قىلمىدى.

— ۋىكونت ئالبېر مورسېر ئەپەندى كەلدى! — دەپ خەۋەر قىلدى خىزمەتكار.

بارون خانىم ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى. ئۇ، كىچىك سارايغا كىرىپ، قىزىنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويماقچى بولغانىدى، لېكىن دانگلار ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇۋالدى.

— ئۇنداق قىلماڭ، — دېدى ئۇ.

بارون خانىم ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ قارىدى. مونتې - كرىستو ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى كۆرمىگەنگە سېلىۋالدى.

ئالبېر كىردى. ئۇ بەك چىرايلىق ۋە بەك خۇشال ئىدى. ئۇ، بارون خانىمغا ئۆزىنى ئەركىن تۇتۇپ، دانگلارغا قائىدە - يوسۇنلۇق ھالدا ۋە مونتې - كرىستوغا دوستانە رەۋىشتە تەزىم قىلدى. ئاندىن بارون خانىمغا قارىدى:

— سىزدىن سورىشىمغا ئىجازەت قىلغايسىز، خانىم، — دېدى ئۇ، — دانگلار خېنىمنىڭ ئەھۋالى قانداق؟

— ئەھۋالى ناھايىتى ياخشى، تەقسىر، — ئالدىراپ جاۋاب بەردى دانگلار، — ئۇ ھازىر ئۆزىنىڭ كىچىك ساراي

ئۆيدە كاۋالكانتى ئەپەندى بىللە مۇزىكا ئۆگىنىۋاتىدۇ.

ئالبېر بۇ گەپكە پەرۋا قىلمىدى. بەلكىم ئۆز ئىچىدە ئانچە-مۇنچە ئەپسۇسلانغاندۇر، لېكىن ئۇ مونتې - كرىستونىڭ ئۆزىگە قاراۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتى.

— كاۋالكانتى ئەپەندى ئەرلەر يۇقىرى ئاۋاز، ئېۋژېنى خېنىم ئايالالار يۇقىرى ئاۋاز. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ روياللى خۇددى تالبېرگدەك ئوينايدۇ. ئۇلار ئىككىسى بىرلەشسە ناھايىتى ياخشى كونسېرت بولۇشى مۇمكىن.

— ھەر ھالدا ئۇلار ناخشىدا تەڭكەش بولالىدى، — دېدى دانگلار.

بۇ ئىككى بىسلىق سۆز شۇنچە قوپاللىق بىلەن ئېيتىلدىكى، دانگلار خانىم قىزىرىپ كەتتى. لېكىن ئالبېر بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمىگەندەك ئىدى.

— مەنمۇ سازچى، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئۇ، — ھەر ھالدا ئوقۇتقۇچىلىرىم شۇنداق دەيتتى. بىراق، نېمە ئۈچۈندۇر، ھېچكىم بىلەن ناخشىدا تەڭكەش بولالمىدىم. ھەتتا باشقا خىلدىكى ئاۋازلارغا قارىغاندا ئايالالار يۇقىرى ئاۋازغا زادىلا تەڭكەش قىلالمايمەن.

دانگلار گوياكى «ھە، قېنى، خاپا بولغىن!» دېگەندەك قىلىپ، زەردە بىلەن ھىجىيىپ قويدى.

— تۆنۈگۈن كىنەز بىلەن قىزىم ئىككىسى ناخشا ئېيتىپ، كۆپچىلىكنى تاڭ قالدۇردى، — دېدى ئۇ قانداقلا بولمىسۇن، ئۆز مۇددىئاسىغا يەتمەكچى بولۇپ، — سىز تۆنۈگۈن بىزنىڭ ئۆيگە كەلمىگەنمىدىڭىز، تەقسىر؟

— قايسى كىنەز؟ — دەپ سورىدى ئالبېر.

— كىنەز كاۋالكانتى، دېدى دانگلار. ئۇ، ئاندېرىئانى ئىزچىل تۈردە شۇ ئۇنۋان بىلەن ئاتاشقا ئادەتلىنىپ قالغانىدى.



— ھە، — شۇنداقمۇ، ئەپۇ قىلىڭ، — دېدى ئالبېر، — مەن ئۇنىڭ كىنەز ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىكەنمەن. ھە، تۆنۈگۈن كىنەز كاۋالكانتى ئېۋژېنى خېنىم بىلەن بىرلىكتە ناخشا ئېيتقانمىدى؟ بۇ ھەقىقەتەن ئىنتايىن زوقلانغۇدەك ئويۇن بولغانلىقى تۇرغان گەپ. ئېسىت، مەن ئۇلارنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلىيالماي قاپتىمەن - دە. سىز مېنى تەكلىپ قىلغان بولسىڭىزمۇ كېلەلمەي قالدىم، چۈنكى ئاپام بىلەن بىللە بارون خانىم شاتو - رېنو مومايىنىڭ ئۆيىگە بارىدىغان ئىش چىقىپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئۆيىدە نېمىسلار ناخشا ئېيتتى.

ئاندىن، ئۇ بىردەم جىم تۇرۇۋېلىپ، خۇددى ھېچنېمە بىلمىگەندەك سورىدى:

— دانگلار خېنىم بىلەن كۆرۈشۈپ، ھۆرمەت بىلدۈرسەم بولامدۇ؟

— ياق، توختاپ تۇرۇڭ، ئۆتۈنۈپ قالاي، — دېدى بانكىر ئۇنى توختىتىۋېلىپ، — ئاڭلاپ بېقىڭا، بۇ بەك ياخشى ئارىيە: تا، تا، تا، تى، تا، تى، تا، تا، تا، نېمىدېگەن ياخشى ناخشا - ھە. مانا ھازىر تۈگەيدۇ... يەنە بىردەم تەخىر قىلىپ تۇرۇڭ. ھە، مانا تۈگىدى. بارىكاللا، بارىكاللا، بارىكاللا!

بانكىر قاتتىق چاۋاك چېلىپ كەتتى.

— دەرۋەقە، — دېدى ئالبېر، — بۇ ئارىيە بەك ياخشى ئورۇندالدى. كىنەز كاۋالكانتى ئۆز ۋەتىنىنىڭ مۇزىكىسىنى بەك ياخشى چۈشىنىدىكەن. ئۇنى «كىنەز» دېدىڭىزغۇ دەيمەن - ھە؟ ھە، ئۇ ھازىر كىنەز بولمىغان تەقدىردىمۇ كېيىن بەربىر كىنەز بولىدۇ. ئىتالىيىدە كىنەز بولۇش تەس ئەمەس. ھە، ئۇ گەپنى قويۇپ، ئۆزىمىزنىڭ بۇ ئاجايىپ ناخشىچىلىرىمىزغا كېلەيلى. سىز ھەممىمىز ئۈچۈن بىر ياخشى ئىش قىلىپ بەرسىڭىز بولاتتى، دانگلار ئەپەندى. بۇ يەردە چەتتىن كىرگەن كىشى بار

ئىكەنلىكىنى ئېيتماي تۇرۇپ، دانگلار خېنىم بىلەن كاۋالكانتى ئەپەندىنى يەنە بىر ناخشا ئېيتىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىسىڭىز. ئادەم ئۆزىنىمۇ ھېچ نەرسىنى كۆرمەستىن، ناخشا ئېيتقۇچىلارنىمۇ خىجىل قىلماستىن، ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ ئولتۇرۇپ ئاڭلىسا بەك ياخشى بولىدۇ. شۇنداق بولغاندا، ناخشا ئېيتقۇچىلار قەلب ھەۋەسلىرىگە ئەركىن بېرىلىپ، ئۆز تالانتىنى بىمالال جارى قىلالايدۇ.

دانگلار ئەمدى ئالبېرنىڭ شۇ قەدەر پەرۋاسىزلىقىدىن گاڭگىراپ قالدى. ئۇ مونتې - كرىستونى بىر چەتكىرەك تارتىپ ئېلىپ باردى.

— ئاشىق يىگىت دېگەنمۇ شۇنداق بولامدۇ - ھە؟ سىز بۇنىڭغا نېمە دەيسىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— مېنىڭچە، ئۇنىڭ مۇئامىلىسى بەكلا سوغۇق. بۇنىڭدا گەپ يوق. ئامال قانچە؟ سىز ئۇنىڭغا سۆز بەرگەن - دە!

— شۇنداق، ئەلۋەتتە. بىراق، مەن قىزىمنى ياخشى كۆرمەيدىغان كىشىگە ئەمەس، بەلكىم ئۇنى ياخشى كۆرىدىغان كىشىگە بېرىشكە سۆز بەرگەن. ئۇنىڭغا قاراپ بېقىڭا، خۇددى مەرمەر تاشتەك سوغۇق، ئاتىسىدەك چوڭچى. ئۇ كاۋالكانتىدەك باي بولسىمۇ كاشكى، بۇنداق قىلىقلىرىنى ئېغىر ئالمىسام بولاتتى. راستىنى ئېيتقاندا، مەن تېخى قىزىمنىڭ رازىلىقىنىمۇ ئالمىدىم. ئەگەر قىزىمنىڭ دىتى بولسا...

— نېمە دېيىشىمنى بىلمەيۋاتىمەن، — دېدى مونتې - كرىستو، — ۋىكونت مورسېر بىلەن مېنىڭ كۆڭلۈم يېقىن بولغىنى ئۈچۈنمىكىن، ئىشقىلىپ، ئۇ ماڭا بەك ياخشى يىگىتتەك كۆرۈنىدۇ. ئۇ، سىزنىڭ قىزىڭىزغا بەخت كەلتۈرەلەيدۇ ۋە قاچانلا بولمىسۇن، ئۆز يولىنى تېپىپ كېتەلەيدۇ. ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ يېرى چىڭ ئەمەسمۇ.



— ھىم! — دەپ غوڭشۇپ قويدى دانگلار.

— ئىشەنمەمسىز؟

— ئۇنىڭ ئۆتمۈشىچۇ... قاراڭغۇ ئۆتمۈش.

— ئاتىسىنىڭ ئۆتمۈشى ئوغلىغا تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ.

— ئەكسىچە!

— ئۇنداق دەپ تۇرۇۋالماڭ. تېخى ئۆتكەن ئايدىلا سىز مورسېرنى لايىق تاپقان ئەمەسمۇ. مەن تولىمۇ ئەپسۇسلىنىۋاتىمەن. سىز بۇ ياش كاۋالكانتى بىلەن مېنىڭ ئۆيۈمدە تونۇشقانىدىڭىز. لېكىن يەنە بىر قېتىم تەكرارلاپ ئېيتىپ قويايكى، مەن ئۇنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى زادى بىلمەيمەن.

— لېكىن مەن بىلىمەن - دە، دېدى دانگلار، — شۇنىڭ ئۆزى يېتەرلىك.

— سىز بىلەمسىز؟ ئۇنىڭ كەينىدىن سۈرۈشتۈرۈپ كۆردىڭىزمۇ؟ — سورىدى مونتې - كرىستو.

— ئۇنداق قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ئادەمنى بىر قاراشتىلا بىلگىلى بولىدىغۇ. ئەڭ مۇھىمى، ئۇ باي.

— ئۇنداق بولۇشىغا بىر نېمە دېيەلمەيمەن.

— سىز ئۇنىڭغا ئاتىدارچىلىق قىلىۋاتىسىزغۇ؟

— ئۇ قانچىلىك ئىش ئىدى، ناھايىتى كەتسە، 50 مىڭ فرانك.

— ئۇ ناھايىتى بىلىملىك.

— ھىم! — ئەمدى مونتې - كرىستومۇ غوڭشۇپ قويدى.

— ئۇ سازەندە.

— ئىتاليانلارنىڭ ھەممىسى ساز چالالايدۇ.

— گراف سىز ئۇنىڭغا ئادىل باھا بەرمىدىڭىز.

— شۇنداق، مەن شۇنىڭدىن ئەپسۇسلىنىۋاتىمەنكى، ئۇ، سىلەرنىڭ مورسېرلار بىلەن بولغان باغلىنىشلىرىڭلارنى بىلىپ تۇ-

رۇپ، ئۆزىنىڭ بايلىقىدىن پايدىلىنىپ، پۇتلىكاشاڭ بولۇۋاتىدۇ.

دانگلار كۈلۈپ كەتتى.

— ئەدەب - قائىدىلەرگە ئۇنچىۋالا چىڭ ئېسىلىۋالماڭ، بۇ دۇنيادىكى ئىشلار مۇشۇنداق بولىدۇ، — دېدى ئۇ.

— شۇنداق بولسىمۇ، بۇ ئىشنى مۇشۇنداقلا ئۈزۈۋەتسىڭىز بولمايدۇ - دە، دانگلار ئەپەندى. مورسېرلار بۇ تويدىن ئۈمىد كۈتۈۋاتىدۇ.

— شۇنداقمۇ؟

— چوقۇم شۇنداق.

— ئۇنداق بولسا، ئۇلار بۇ ھەقتە سۆز ئاچسۇن. قەدىرلىك گراف، سىز ئالبېرنىڭ ئاتىسىنى ئالدىرىتىپ قويىسىڭىز بولاتتى. ئۇلار سىزنى ياخشى قارشى ئالىدىغۇ.

— مېنى؟ سىز نەدە كۆرگەنىدىڭىز؟

— باشقىسىنى دېمىسەكمۇ، ئۇلارنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلگەن بەزمىدىچۇ. گراف خانىم، مەغرۇر مېرسېدېس، ھېچكىمنى كۆزگە ئىلمايدىغان ئىسپانىيىلىك ئايال ھەتتا ئەڭ كونا تونۇشلىرى بىلەنمۇ ئانچە - مۇنچىلا سۆزلىشىپ قويىدۇ، لېكىن ئۇ سىزنى قولتۇقلىۋېلىپ، باغنىڭ ئەڭ خىلۋەت بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغا باشلاپ ئېلىپ كەتتى. سىلەر ئۇ يەردىن يېرىم سائەت ئۆتكەندە ئاران قايتىپ كەلدىڭلار.

— ھەي، بارون، بارون، — دېدى ئالبېر، — ناخشا ئاڭلىشىمىزغا كاشىلا قىلمىسىڭىزچۇ. سىزدەك بىر ناخشا - ساز ھەۋەسكارىنىڭ بۇنداق قىلىشى بەك قاملاشمىغان ئىش!

— ماقۇل، ماقۇل، چاقچاقچى ئەپەندى، — دېدى دانگلار.

ئاندىن ئۇ يەنە مونتې - كرىستوغا قارىدى.

— ئۇنىڭ ئاتىسى بىلەن سۆزلىشىشنى ئۈستىڭىزگە ئالامسىز؟

— سىز شۇنى خالىسىڭىز سۆزلىشىپ باقاي.



— لېكىن، بۇ قېتىم ھەممە گەپ ئوچۇق، ئېنىق بولسۇن. ئەگەر ئالدى بىلەن، ئۇ قىزىمنى سورىسۇن، توي ۋاقتىنى بەلگىلىسۇن، پۇل ئىشىدىكى شەرتلىرىنى ئوقتۇرسۇن. قىسقىسى، بۇ قېتىم يا ئۈزۈل - كېسىل كېلىشەيلى، يا بىراقلا توگىشەيلى. لېكىن ئەمدى كېيىنگە سۈرۈشكە بولمايدۇ.

— ماقۇل، ئۇ سىز بىلەن سۆزلەشسۇن.

— مەنمۇ بۇ ئىشقا ھازىر ئانچە خۇشتار ئەمەس. شۇنداقتىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭ سۆزىنى كۈتىمەن. بانكىر دېگەن ئۆز ۋەدىسىنىڭ قولى بولۇشى كېرەك.

شۇ گەپ بىلەن، دانگلار خۇددى يېرىم سائەت ئىلگىرى ئاندرېئانىڭ ئۇلۇغ - كىچىك تىنغىنىدەك، ئېغىر تىنىق ئالدى.

— بارىكاللا، بارىكاللا، بارىكاللا! — دەپ ۋارقىرىدى ئالبېر بانكىرنى دوراپ ۋە تاماملانغان ناخشىغا ئالقىش ياغدۇراتتى.

شۇ ئارىدا خىزمەتكار كىرىپ، دانگلارنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ بىر نېمىدېگەنىدى، دانگلار ئالبېرغا كۆزىنىڭ قىرىدا قاراپ قويدى.

— مەن ھازىر قايتىپ كىرىمەن، — دېدى بانكىر مونتې - كرىستوغا، — بىردەم ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ. سىزگە ئېيتىدىغان گەپلەر چىقىپ قالىدىغاندەك تۇرىدۇ.

ئۇ چىقىپ كەتتى.

بارون خانىم ئېرىنىڭ چىقىپ كەتكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، قىزى ئولتۇرغان ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋەتتى. روياليڭ يېنىدا ئېژېنى خېنىم بىلەن بىرگە ئولتۇرغان ئاندرېئا خۇددى پۇرژىنىغا دەسسىۋالغاندەك سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى.

ئالبېر كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ دانگلار خېنىمغا تەزىم قىلدى. خانقىز قىلچە تارتىنماي ئادەتتىكىدەك سوغۇق تەزىم بىلەن

جاۋاب قايتۇردى. كاۋالكانتىنىڭ ئوڭايسىزلىنىۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ مورسېرغا تەزىم قىلدى. مورسېر ئۇنىڭ تەزىمىگە مەنسىتمىگەن هالدا جاۋاب قايتۇردى. ئاندىن ئۇ، دانگلار خېنىمنىڭ ئاۋازىنى ماختاشقا چۈشۈپ كەتتى ۋە ئاخشامقى ئولتۇرۇشقا كېلەلمەي قالغانلىقىغا ئەپسۇس بىلدۈردى.

كاۋالكانتى ئۆزى بىلەن هېچكىمنىڭ كارى بولمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، مونتې - كرىستونى بىر چەتكە تارتىپ ئېلىپ كەتتى.

— مۇزىكىنىڭ گەپلىرى ۋە ماختاشلار شۇنچىلىك بولسا يېتەر، يۈرۈڭلار، چاي ئىچەيلى، — دېدى دانگلار خانىم.

— يۈر، لۇيىزا، — دېدى دانگلار خېنىم دوستىغا.

ھەممەيلەن چاي راسلاپ قويۇلغان قوشنا ئۆيگە يۆتكىلىپ چىقىشتى.

مېھمانلار ئىنگلىزلارنىڭ ئادىتى بويىچە ئۆز قوشۇقلىرىنى چىنىلىرىگە سېلىپ قويۇپ، ئەمدى قوزغىلاي دەپ تۇرۇشىغا ئىشىك يەنە ئېچىلىپ، دانگلار كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ بەكلا هاياجانغا چۈشۈپ قالغانلىقى سېزىلىپ تۇراتتى. بۇ هالەتنى بىرىنچى بولۇپ مونتې - كرىستو سەزدى ۋە ئۇنىڭغا سوراق نەزەرى بىلەن قارىدى.

— مەن هازىر گرېتسىيەدىن ئەۋەتىلگەن بىر پارچە خەتنى تاپشۇرۇۋالدىم، — دېدى ئۇ.

— سىزنى شۇ ئىش ئۈچۈن چاقىرتىشقانمىكەن؟ — سورىدى گراف.

— هەئە.

— پادىشاھ ئوتتونىڭ ئەھۋالى قانداق ئىكەن؟ — دەپ سورىدى ئالبېر چاقچاق قىلغان ئاھاڭدا.

دانگلار ئۇنىڭغا كۆزىنىڭ قىرىدا قاراپ قويۇپ، جاۋاب



بەرمىدى، مونتې - كرىستو ئۆزىنىڭ چىرايىدا غىل - پال ئىپادىلىنىپ، يەنە دەرهال غايىب بولغان ئېچىنىش ئالامىتىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن تەتۈر قارىۋالدى.

— ئىككىمىز بىللە قايتايلى، ماقۇلمۇ؟ — دېدى ئالبېر گرافقا.

— ماقۇل، شۇنداق قىلايلى، — دېدى گراف.

ئالبېر بانكىرنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆزىگە زۇۋان سۈرمەستىن قاراپ قويغانلىقىنى چۈشىنەلمىگەنىدى. شۇڭا، ئۇ، بۇ هالنى ئوبدان چۈشەنگەن مونتې - كرىستودىن سورىدى:

— ئۇنىڭ ماڭا قانداق قارىغانلىقىغا دىققەت قىلدىڭىزمۇ؟

— هەئە، — دېدى گراف، — بىراق، ئۇنىڭ قارىشىدا باشقىچە بىر خىل مەنە ئىپادىلەندىمۇ؟

— شۇنداق بولمايچۇ. ئۇ، گرېتسىيەدىن كەلگەن خەتنى تىلغا ئېلىپ نېمەدېمەكچى بولغانىدىكىنا؟

— مەن نەدىن بىلەي؟

— سىزنىڭ ئۇ مەملىكەت بىلەن قانداقتۇر ئالاقىڭىز باردەك هېس قىلغانىدىم.

مونتې - كرىستو جاۋاب بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، كۈلۈپ قويدى.

— قاراڭا، — دېدى ئالبېر، — ئۇ سىزگە قاراپ كېلىۋاتىدۇ. مەن دانگلار خېنىمنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ سىرغا ۋە ئۈزۈكلىرىنى ماختاپ تۇراي. ئۇنىڭغىچە، ئۇنىڭ ئاتىسى سىز بىلەن سۆزلىشىۋالىدۇ.

— ماختىغىڭىز كەلسە، هېچ بولمىغاندا ئۇنىڭ ئاۋازىنى ماختاڭ، — دېدى مونتې - كرىستو.

— ياق، ئۇنداق قىلىش هەرقانداق ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىدۇ.

— قەدىرلىك ۋىكونت، — دېدى مونتې - كرىستو، —

سىز ئۇلارغا نەزەر سالماسلىقىڭىزنى كۆز - كۆز قىلىۋاتىسىز.
ئالبىر كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، ئېرىنىنىڭ ئالدىغا باردى.
شۇ ئارىدا دانگلار كېلىپ، گرافنىڭ قۇلىقىغا ئېگىشتى.
— سىز بايا ماڭا ناھايىتى دۇرۇس مەسلىھەت كۆرسەتتىڭىز، — دېدى ئۇ، — «فېرنان» ۋە «يانىنا» دېگەن بۇ ئىككى سۆزدە بىر دەھشەتلىك تارىخ يوشۇرۇنغانىكەن.
— بۇ نېمىدېگىنىڭىز؟ — دېدى مونتې - كرىستو.
— شۇنداق، مەن سىزگە ھەممىنى سۆزلەپ بېرىمەن. لېكىن، ئالبېرنى بۇ يەردىن ئېلىپ كېتىڭ. ھازىر ئۇنىڭ بىلەن بىر يەردە بولۇشۇم بەك ئەپسىز بولۇۋاتىدۇ.
— مەنمۇ شۇنداق قىلاي دەپ تۇرغانىدىم. ئۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز بىللە قايتىمىز. ئۇنىڭ ئاتىسىنى سىزنىڭ ئالدىڭىزغا ئەۋەتىشىمنى يەنىلا خالامسىز؟
— بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك خالايمەن.
— ياخشى.
گراف ئالبېرغا ئىشارەت قىلدى. ئالبېر دانگلار خېنىمنىڭ تەكەببۇرلۇقىغا پىسەنت قىلمىغان ھالدا خوشلاشتى. مونتې - كرىستو دانگلار خانىمغا بانكىرنىڭ ئايالى ئېھتىياتچان بولۇشى ۋە ئۆزىنىڭ كەلگۈسىنى غەملەپ قويۇشى كېرەك دېگەن مەسلىھەتنى يەنە بىر قېتىم تەكىتلىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار خانىم ۋە خانقىزلارغا تەزىم قىلىپ، چىقىپ كەتتى.
جەڭ مەيدانى كاۋالكانتى ئەپەندىگە قالدى.

## يىگىرمە ئۈچىنچى باب

## گايدە

گرافنىڭ ئاتلىرى دوقمۇشتىن ئەگىلىپ ئۆتۈشىگىلا ئالبېر



شۇنداق قاتتىق كۈلۈپ كەتتىكى، بۇ كۈلكىنىڭ سۈنئىيلىكى بىلىنىپ تۇراتتى.
— ھە، ئەمدى ئۆزىمىزنىڭ گېپىمىزگە كېلەيلى، — دېدى ئۇ گرافقا. — خۇددى كارل IX ۋارفولوم كېچىسىدىن كېيىن يېكاتېرىنا مېدىچىدىن سورىغاندەك، مەنمۇ سىزدىن سوراپ باقاي. بۈگۈن ئۆزۈمنىڭ كىچىككىنە رولۇمنى ياخشى ئوينىيالىدىممۇ؟
— قانداق رولنى دەيسىز؟ — سورىدى مونتې - كرىستو.
ئۆزۈمنىڭ رەقىبىمنى دانگلار ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە بەنت قىلىپ قويۇش ئۈچۈن ئوينىغان رولۇمنى دەيمەن...
— رەقىبىم دېگىنىڭىز كىم ئۇ؟
— كىم دەيسىزغۇ سىز قانات ئاستىڭىزغا ئېلىۋاتقان ئاندرېيا كاۋالكانتىچۇ!
— بۇنداق ئەخمىقانە چاقچاقلارنى قىلماڭ، ۋىكونت. مەن ئاندرېيانى ھەرگىزمۇ قانات ئاستىمغا ئالمايمەن، بولۇپمۇ دانگلارنىڭ ئۆيىدە.
— ئەگەر ئۇ يىگىت ياردەمگە موھتاج بولۇپ تۇرغاندا سىز ئۇنىڭدىن باش تارتسىڭىز، مەن سىزنى ئەيىبلەيمەن. ۋەھالەنكى، ئۇ مەندىن ئۇنداق ياردەمنى تەلەپ قىلمايدۇ.
— سىز ئۇنى ئېرىنى خېنىمغا يېقىنچىلىق قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلامسىز؟
— شۇنداق بولمايچۇ. ئۇ، كۆزلىرىنى مەستانىلارچە يۇقىرىغا قارىتىپ، ئۇھ تارتىۋاتىدۇ، ئاشىق بىقارار بولغاندەك ناخشىلارنى ئېيتىۋاتىدۇ؛ ئۇ، مەغرۇر ئېرىنىنى قولىغا كەلتۈرۈشتەك شېرىن خىياللارغا بېرىلىۋاتىدۇ. كۆردىڭىزمۇ، ئۇ تېخى شېئىرلارنى ئوقۇپ كەتتى! ئەزبىرايى خۇدا، مەن ئۇلارنىڭ ئىشىغا ئارىلاشمايمەن. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، يەنە بىر قېتىم ئېيتىپ قوياي، ئۇ ئېرىنىغا ئاشىق بوپتۇ.

— لېكىن، ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە سىز بولغاندىن كېيىن نېمە بولسىمۇ مەيلى ئەمەسمۇ.

— ئۇنداق ئەمەس، قەدىرلىك گراف، ھەر ئىككىسىنىڭ ماڭا مۇئامىلىسى سوغۇق بولدى.

— ھەر ئىككىسىنىڭ؟

— شۇنداق. ئېژېنى خېنىم مەن گەپ قىلسام ئارانلا جاۋاب قايتۇردى، ئۇنىڭ دوستى ئارمىلىيې خېنىم ھەتتا ماڭا جاۋابمۇ بەرمىدى.

— شۇنداق، ئەمما ئاتىسى سىزنى خالايدۇ.

— ئاتىسى؟ ئەكسىچە، ئۇ مېنىڭ يۈرىكىمگە مىڭلىغان خەنجەرلەرنى سانجىدى. توغرا، ئۇ سەھنە ئويۇنلىرىدىكى تىغى دەستىسىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىدىغان خەنجەرلەر، لېكىن ئۇ ئۆزى بۇنى ھەقىقىي خەنجەر دەپ ئويلاپ يۈرۈۋاتىدۇ.

— كۈندەشلىك مۇھەببەتنىڭ ئالامىتى.

— شۇنداق، لېكىن مەن كۆنەلمەيمەن.

— ئۇ كۆنەلەيدۇ ئەمەسمۇ.

— كىمدىن؟ دېبرېدىنمۇ؟

— ياق، سىزدىن.

— مەندىن؟ كۆرۈپ تۇرۇڭ، بىر ھەپتە ئۆتمەي تۇرۇپلا دانگلار ئەپەندى مېنى ئۆيىگە كىرگۈزمەيدىغان بولىدۇ.

— خاتالاشتىڭىز، قەدىرلىك ۋىكونت.

— خاتالاشقىنىمغا نېمە ئىسپاتىڭىز بار؟

— سىزگە ئىسپات كېرەكمۇ؟

— ھەئە.

— سىلەرنىڭ تويۇڭلارنى بېكىتىش ئۈچۈن گراف مورسېرنى بارونىنىڭ ئۆيىگە چاقىرىش ئىشى ماڭا تاپشۇرۇلدى.



— كىم تاپشۇردى؟

— بارون ئۆزى.

— لېكىن، قەدىرلىك گراف، — دېدى ئالبېر، — سىز ئۇنداق ئىشنى قىلمايسىز، شۇنداقمۇ؟

— خاتالاشتىڭىز، ئالبېر، مەن ئۇ ئىشنى قىلىمەن، شۇنداق قىلىشقا ۋەدە بەرگەن.

— ھەي، ئىست، — دېدى ئالبېر، — سىزمۇ مېنىڭ ئۆيلىنىشىمنى خالايدىكەنسىز-دە.

— مەن ھەممە كىشىلەر بىلەن ياخشى مۇناسىۋەتتە بولۇشنى خالايمەن. بولدى، ئەمدى دېبرېنىڭ گېپىگە كېلەيلى. ئۇ، بارون خانىمنىڭ ئۆيىدە كۆرۈنمەيدىغان بولۇپ قالدىمۇ؟

— ئۇلار يامانلىشىپ قاپتۇ.

— بارون خانىم بىلەنمۇ؟

— ياق، بارون بىلەن.

— بارون بىرەر ئىشنى سېزىپ قاپتىمۇ؟

— قالتىس گەپ قىلدىڭىز-دە!

— بارون گۇمانلىنىپ قاپتۇ دېمەكچىمۇ سىز؟ — سورىدى مونتې-كرىستو قاملاشتۇرۇپ ئوينالغان ساددىلىق بىلەن.

— قاراڭا. بۇ گەپلىرىڭىزنى! قەيەردىن كېلىپ قالغان ئادەم سىز، قەدىرلىك گراف؟

— كونگودىن كەلگەن دەپ قويايلى.

— ئانچە يىراق ئەمەس ئىكەن.

— پارىژلىق ئەرلەرنىڭ مىجەزىنى مەن نەدىن بىلەي؟

— ھەي، قەدىرلىك گراف، ھەممە يەردىكى ئەرلەر ئوخشاش بولىدۇ. سىز بىرەر مەملىكەتتىكى ئىنسانلارنىڭ بۇ تۈرىنى تەكشۈرۈپ چىققان بولسىڭىز ئۇلارنىڭ پۈتۈن دۇنيادىكى نەسلىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىلىسىز دېگەن گەپ.

— ئۇنداق بولسا، دانگلار بىلەن دېبرې نېمە ئۈچۈن يامانلىشىپ قالىدۇ؟ بىلىشىمچە، ئۇلار بەك چىقىشىپ ئۆتەتتىغۇ، — دېدى مونتې - كرىستو ئۆزىنى يەنە ساددىلىقا سېلىپ.

— گەپ شۇنىڭدا. بۇ خۇددى ئىزىدانىڭ① سىرىغا ئوخشايدۇ. بۇنداق سىرلىق ئىشلاردىن مېنىڭ خەۋىرىم يوق. ئاندرېئا كاۋالكانتى ئۇلارنىڭ ئائىلىسىگە ئەزا بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن سوراپ بېقىڭ.

هارۋا توختىدى.

— يېتىپ كەلدۇق، — دېدى مونتې - كرىستو، — تېخى ئەمدىلا سائەت ئون يېرىم بوپتۇ، بىزنىڭ ئۆيگە كىرەيلى.

— بۇ تەكلىپىڭىزنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىمەن.

— كېيىن مېنىڭ هارۋام سىزنى ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ قويىدۇ.

— يوقسۇ، رەھمەت، مېنىڭ پەيتۇنۇم بىزنىڭ كەينىمىزدىن كېلىشى كېرەك ئىدى.

— ھە، مانا، كەپتۇ، — دېدى مونتې - كرىستو، هارۋىدىن چۈشۈپ.

ئۇلار ئۆيگە كىردى. سارايغا چىراغ يېقىلغانىدى، ئۇلار شۇ يەرگە كىرىپ ئولتۇرۇشتى.

باتىستېن، بىزگە چاي كەلتۈرۈڭ، — بۇيرۇدى مونتې - كرىستو.

باتىستېن چىقىپ كەتتى ۋە ئارىدىن ئىككى سېكۇنت ئۆتەر - ئۆتمەيلا خۇددى ئاجايىپ چۆچەكلەردىكى غايىبتىن پەيدا بولىدىغان نازۇ - نېمەتلەرنى كەلتۈرگەندەك، بارلىق لازىمەتلىكلەر تىزىلغان پەتنۇسنى كۆتۈرۈپ قايتىپ كىردى.

① ئىزىدا — قەدىمكى مىسىر ئەپسانىلىرىدا ئەر - خوتۇنلۇق ۋاپادارلىقى ۋە ئانىلىق مېھرىنىڭ نامايەندىسى. — ت.



— بىلەمسىز، — دېدى ئالبېر، — مېنى ھەيرەتتە قالدۇرۇۋاتقان نەرسە سىزنىڭ بايلىقىڭىز ئەمەس، بەلكىم سىزدىنمۇ باي ئادەملەر بولۇشى مۇمكىن: سىزنىڭ ئەقلىڭىزمۇ ئەمەس، بەلكىم بومارشېنىڭ ئەقلى سىزنىڭكىدىن ئارتۇق بولمىسىمۇ، ھەر ھالدا سىزدىن قېلىشماسلىقى مۇمكىن. مېنى ھەيرەتتە قالدۇرۇۋاتقىنى سىزنىڭ كىشىلەرنى ئىشلىتىشنى بىلىشىڭىز. خىزمەتكارلىرىڭىز خۇددى سىز قوڭغۇراقنى جىرىڭلاتسىڭىزلا نېمە دەيدىغانلىقىڭىزنى بىلىدىغاندەك ئۇن چىقارماستىن، شۇ مىنۇت، شۇ دەقىقىنىڭ ئىچىدىلا بۇيرۇقىڭىزنى بەجا كەلتۈرىدىكەن.

— بۇ گېپىڭىزنىڭ مەلۇم دەرىجىدە توغرىلىقى بار. بۇ ئۆيدىكىلەر مېنىڭ ئادەتلىرىمنى ئوبدان بىلىدۇ. مانا، قاراپ تۇرۇڭ، چايدىن كېيىن يەنە نېمە كەلتۈرۈلۈشىنى خالايسىز؟

— تاماكا چېكىۋالساق ئوبدان بولاتتى.

مونتې - كرىستو قوڭغۇراقنى بىر قېتىم ئۇردى. شۇ ھامان ياندىكى ئىشىك ئېچىلدى ۋە ئەلى ئالىي دەرىجىلىك لاتاكىيە تاماكىسى تولدۇرۇلغان ئىككى دانە ئۇزۇن غاڭزىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى.

— بۇ كەم - كۆتىسىز مۆجىزىغۇ، — دېدى ئالبېر.

— يوقسۇ، بۇ بەك ئوڭاي، — دېدى مونتې - كرىستو، — ئەلى مېنىڭ چاي ياكى قەھۋە ئىچكەندىن كېيىن تاماكا چېكىدىغانلىقىمنى بىلىدۇ. ئۇ، ھازىر مېنىڭ چاي ئىچكەنلىكىمنى، سىز بىلەن بىللە كەلگەنلىكىمنى بىلىدۇ، ئاندىن قوڭغۇراق ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئۇنى نېمە ئۈچۈن چاقىرغانلىقىمنى پەملىدى. ئۇنىڭ يۇرتىدا تاماكا تۇتۇش مېھماندوستلۇقنىڭ بىرىنچى ئالامىتى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ئۇ غاڭزىدىن بىرنى ئەمەس، ئىككىنى ئېلىپ كىردى.

— شۇنداق، بۇنى شۇنداق دەپ چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ، ئەلۋەتتە. شۇنداقتىمۇ، يالغۇز سىزلا... ۋۇي، بۇ نېمە؟

مورىسېر بىر ئىشىكنى ئىشارەت بىلەن كۆرسەتتى. ئۇ ئىشىكنىڭ كەينىدىن گىتارىنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل سادا ياڭراشقا باشلىغانىدى.

— قارىغاندا، بۈگۈن سىزنىڭ مۇزىكا ئاڭلايدىغان كۈنىڭىز ئىكەن، قەدىرلىك ۋىكونت. دانگلار خېنىمنىڭ رويال چېلىشىنى ئاڭلاپ بولۇشىڭىزغىلا گايدەنىڭ لىيۇتنە چېلىشىغا دۇچ كەلدىڭىز.

— گايدە! ئاجايىپ چىرايلىق ئىسىم ئىكەن! مەن بۇ ئىسىمنى بايروننىڭ داستانلىرىدىلا ئۇچراتقانىدىم. دېمەك، ئەمەلىي تۇرمۇشتىمۇ گايدە ئىسىملىك ئاياللار بار ئىكەن-دە؟

— ئەلۋەتتە. بۇ ئىسىم فرانسىيەدە ناھايىتى كەم ئۇچرايدۇ، لېكىن ئالبانىيە ۋە ئېپىردا خېلى كۆپ. بۇ ئىسىم ئىپپەت، ھايا، گۇناھسىز دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. قىسقىسى، بۇمۇ خۇددى سىلەرنى چوقۇندۇرغاندا قويىدىغان ئىسىملارغا ئوخشاشلا ئىسىم.

— نېمە دېگەن ياخشى ئىسىم! — دېدى ئالبېر، — فرانسۇز قىزلىرىمۇ ئاق كۆڭۈل خېنىم، مۇلايىم خېنىم، خىرىستىئانلار شەپقىتى خېنىم دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتالسا بەك ياخشى بولاتتى! ئويلاپ بېقىڭا، مۇبادا دانگلار خېنىمنىڭ ئىسمى ئېژېنى بولماستىن، ئىپپەت، ھايا، كەمتەرلىك دەپ ئاتالغان بولسا، بۇ ئىسىم نىكاھ مۇراسىمىدا ئېلان قىلىنغاندا كىشىلەر ئارىسىدا قانچىلىك كۈچلۈك تەسىر قوزغىغان بولار ئىدى-ھە!

— ئەقلىڭىز جايىدىمۇ! — دېدى گراف، — بۇنداق گەپلەرنى ئۈنلۈك سۆزلەشكە بولمايدۇ، گايدە ئاڭلاپ قېلىشى مۇمكىن.

— ئاڭلاپ قالسا خاپا بولامدۇ؟

— ياق، خاپا بولمايدۇ، ئەلۋەتتە، — دېدى گراف ئۆزىنى چوڭ تۇتقان ئاھاڭدا.

— ئۇنىڭ مىجەز-خۇلقى ياخشى ئىكەن-دە؟ — سورىدى ئالبېر.



— بۇ مىجەز-خۇلقىغا باغلىق ئىش ئەمەس. خاپا بولماسلىق ئۇنىڭ بۇرچى. قۇل دېگەن خوجايىنىغا خاپا بولمايدۇ.

— ئەمدى چاقچاق قىلغىلى تۇردىڭىز! ھازىرقى زاماندىمۇ قۇل بولامدۇ؟

— بولىدۇ. گايدە مېنىڭ قۇلۇمغۇ.

— يائاللا، سىزنىڭ ھېچقانداق ئىشىڭىز باشقا ئادەملەرنىڭ ئىشىغا ئوخشىمايدۇ، سىزدە بار نەرسىلەرمۇ باشقا ئادەملەرنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ! گراف مونتې-كرىستونىڭ قۇلى! فرانسىيەدە بۇ پەۋقۇلئاددە ئەھۋال ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سىز ئالتۇننى ئەخلەتنىڭ ئورنىدا چاچىدىكەنسىز. بۇنداق ئەھۋالدا سىز يىلىغا 100 مىڭ ئېكيۇ كىرىم قىلىدىغان بولسىڭىز كېرەك.

— 100 مىڭ ئېكيۇ! بۇ بىچارە قىزنىڭ كىرىمى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئىدى. ئۇ، شۇنداق كاتتا بايلىق ئىچىدە تۇغۇلغانكى، ئۇنىڭ ئالدىدا «مىڭ بىر كېچە» دىكى بايلىقلار ھېچقانچە گەپ ئەمەس.

— دېمەك، ئۇ راستىنلا كىنەز قىزى ئىكەن-دە؟

— شۇنداق. يەنە كېلىپ ئۆز ئېلىدىكى ئەڭ مەشھۇر كىنەزلەردىن بىرىنىڭ قىزى.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلىغانىدىم. ھالبۇكى، مەشھۇر كىنەزنىڭ قىزى قانداق قىلىپ قۇل بولۇپ قالغان؟

— ھۆكۈمدار دىئونىسىي قانداق قىلىپ بىر مەكتەپتە ئاددىي ئوقۇتقۇچى بولۇپ قالغان؟ ئۇرۇشتىكى تەلەي، قەدىرلىك ۋىكونت، تەقدىر.

— ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشىنى سىر قىلىپ ساقلامسىز؟

— باشقىلارغا قارىتا شۇنداق، لېكىن سىز ئۈچۈن ئۇنداق ئەمەس، چۈنكى سىز مېنىڭ دوستۇم، بۇنى باشقىلارغا سۆزلەپ يۈرمەيسىز، شۇنداقمۇ؟ ۋەدە قىلالامسىز؟

— ھېچكىمگە ئېيتمايمەن، ئەزبىرايى خۇدا!

— سىز يانىنا پادىشاھىنىڭ ۋەقەسىنى ئاڭلىغانمۇ؟

— ئەلى تەبەلىننى دەمسىز؟ ئەلۋەتتە، مېنىڭ ئاتام ئۇنىڭ قول ئاستىدا خىزمەت قىلىپ باي بولغان ئەمەسمۇ.

— ھە، راست، شۇنى دېيىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن.

— گايدە بىلەن ئەلى تەبەلىننىڭ نېمە مۇناسىۋىتى بار؟

— گايدە ئۇنىڭ قىزى.

— نېمە؟ ئەلى پاشانىڭ قىزى؟

— پادىشاھ ئەلى بىلەن گۈزەل ۋاسىلىكانىڭ قىزى.

— شۇنداق تۇرۇپ ئۇ يەنە سىزنىڭ قۇلىڭىزمۇ؟

— ھەئە.

— قانداقلەرچە ئۇنداق بولۇپ قالغان؟

— مەن بىر قېتىم كونستانتىنوپول بازىرىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ ئۇنى سېتىۋالغانىدىم.

— بەللى! قەدىرلىك گراف، ئادەم سىز بىلەن بىللە بولسا، خۇددى شېرىن خىياللار دۇنياسىغا كىرىپ قالغاندەك بولىدىكەن. ئېيتىڭا، سىزدىن بىر ئىشنى ئىلتىماس قىلسام بولارمۇ؟

— قۇلىقىم سىزدە.

— سىز ئۇنىڭ بىلەن بىللە سىرتقا چىقىدىكەنسىزغۇ. شۇنداق بولغاندىن كېيىن، ئۇنى ئوپېراغا بىللە ئېلىپ بېرىڭا...

— سۆزلەۋېرىڭ، نېمىدېمەكچىسىز؟

— سىزدىن شۇنى ئىلتىماس قىلسام بولارمۇ؟

— قانداق ئىلتىماسىڭىز بولسىمۇ سۆزلەۋېرىڭ.

— مېنى ئۇ كىنەز قىزىغا تونۇشتۇرۇپ قويسىڭىز.

— بولىدۇ، بىراق بۇنىڭغا ئىككى شەرتىم بار.

— قانداق شەرتىڭىز بولسىمۇ قوبۇل قىلىمەن.



— بىرىنچىدىن، ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقانلىقىڭىزنى ھېچ قانداق ۋاقىتتا، ھېچقانداق ئادەمگە ئېيتمايسىز.

— ياخشى. (ئالبېر قولىنى كۆتۈردى.) دېگىنىڭىزدەك قىلىشقا قەسەم ئىچىمەن!

— ئىككىنچىدىن، ئاتىڭىزنىڭ ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ قول ئاستىدا خىزمەت قىلغانلىقى ھەققىدە ئۇنىڭغا بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلمايسىز.

— بۇنىڭغىمۇ قەسەم قىلىمەن.

— ياخشى، ۋىكونت. بۇ ئىككى قەسىمىڭىزنى ئۇنتۇپ قالمايسىزغۇ، شۇنداقمۇ؟

— ئۇنتۇشۇم مۇمكىنمۇ، گراف! — دەپ خىتاب قىلدى ئالبېر.

— ياخشى. مەن بىلىمەن، سىز ۋىجدانلىق ئادەم.

گراف يەنە قوڭغۇراقنى بىر قېتىم ئۇردى. ئەلى كىردى.

— گايدەگە خەۋەر قىلىپ قوي، — دېدى گراف ئۇنىڭغا، — مەن ئۇنىڭ يېنىغا قەھۋە ئىچكىلى كىرىمەن. يەنە ئۇنىڭدىن بىر دوستۇمنى باشلاپ كىرىشكە رۇخسەت سورايدىغانلىقىمنى ئۇقتۇرۇپ قوي.

ئەلى تەزىم قىلىپ چىقىپ كەتتى.

— ئەمدى، كېلىشىۋالايلى. ئۇنىڭدىن ھېچقانداق مەسىلىنى بىۋاستە سورىماڭ. بىرەر ئىشنى ئۇقماقچى بولسىڭىز، مەندىن سوراڭ، مەن ئۇنىڭدىن سورايمەن.

— كېلىشىۋالدۇق.

ئەلى ئۈچىنچى قېتىم كىردى ۋە خوجايىن بىلەن ئالبېرنىڭ قىز ھۇجرىسىغا كىرىشىگە رۇخسەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، ئىشىك پەردىسىنى كۆتۈردى.

— يۈرۈڭ، — دېدى مونتې - كرىستو.

ئالبېر چاچلىرىنى سىلاپ، بۇرۇتىنى تولغاپ قويدى. گراف

پەلەيلىرىنى كىيىپ، قولىغا شىلەپىسىنى ئالدى ۋە ئالبېرنى گايدەنىڭ ھۇجرىسىغا باشلاپ ماڭدى. ھۇجرىنىڭ ئىشىك ئالدىدا ئەلىي خۇددى سادىق جىسەكچىدەك تىك تۇراتتى. ئۇنىڭدىن سەل نېرىدا مىرتونىڭ قوماندانلىقىدىكى ئۈچ فرانسۇز قىز خىزمەتكار قېتىپ قالغاندەك تۇراتتى.

گايدە ساراي قىلىنغان بىرىنچى بۆلمىدە ئەجەبلىنىشتىن كۆزلىرىنى يوغان ئاچقان ھالدا ئۇلارنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى. بۇ، مونتې - كرىستودىن باشقا بىر ئەر كىشىنىڭ ئۇنىڭ ئالدىغا بىرىنچى قېتىم كىرىشى ئىدى. ئۇ، بىر بۇلۇڭدىكى سافانىڭ ئۈستىدە پۇتلىرىنى پۈكلەپ ئولتۇراتتى. شەرق ئەللىرىنىڭ كەشتىلەنگەن يول - يول تاۋار - دۇردۇنلىرى ئۇنىڭ ئەتراپىدا دۆۋىلىنىپ، گوياكى بىر قۇش ئۇۋىسىنى ھاسىل قىلغانىدى، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن دېرەك بەرگەن ھېلىقى چالغۇ ئەسۋابى ئۇنىڭ يېنىدا ياتاتتى. بۇ قىز ھەقىقەتەن گۈزەل ئىدى.

ئۇ، مونتې - كرىستونى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ ئالاھىدە بىر خىل تەبەسسۇمى، يەنى پەرزەنتلىك ۋە مۇھەببەتلىك تەبەسسۇمى بىلەن ئورنىدىن قوزغالدى. مونتې - كرىستو يېقىن كېلىپ ئۇ-نىڭغا قولىنى ئۇزارتتى. قىز ھەر دائىمقىدەك ئۇنىڭ قولىغا لەۋلىرىنى تەگكۈزدى.

ئالبېر بۇ ئاجايىپ گۈزەللىكتىن تەئەججۇپلەنگەن ھالدا بوسۇغىدا توختاپ قالدى. ئۇ فرانسىيىدە تەسەۋۋۇر قىلىش مۇم-كىن بولمىغان بۇنداق گۈزەللىكنى تېخى تۇنجى قېتىم كۆرۈپ تۇرۇۋاتاتتى.

— مېنىڭ يېنىمغا كىمنى باشلاپ كىردىڭ؟— گرېك تىلىدا سورىدى قىز مونتې - كرىستودىن،— ئۇ سېنىڭ قېرىندىشىڭمۇ، دوستۇڭمۇ، ئادەتتىكى تونۇشۇڭمۇ ياكى دۈشمىنىڭمۇ؟

— دوستۇم،— مونتې - كرىستومۇ گرېك تىلىدا جاۋاب بەردى.



— ئۇنىڭ ئىسمى نېمە؟

— گراف ئالبېر. مەن رىمدا قاراقچىلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىققان ھېلىقى دوستۇم مۇشۇ.

— ئۇنىڭ بىلەن قايسى تىلدا سۆزلەشسەم بولىدۇ؟

مونتې - كىرىستو ئالبېرغا قارىدى.

— سىز ھازىرقى زامان گرېك تىلىنى بىلەمسىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— ئەپسۇسكى، مەن ھەتتا قەدىمكى گرېكچىنىمۇ بىلمەيمەن، قەدىرلىك گراف،— دېدى ئالبېر،— گومېر بىلەن پلاتون ئۆز ئۆمۈرلىرىدە مېنىڭدەك لاياقەتسىز ۋە تىرىشمايدىغان شاگىرتنى كۆرۈپ باقمىغان بولغىيدى.

— ئۇنداق بولسا،— دېدى گايدە، مونتې - كرىستونىڭ سوئالىنى ۋە ئالبېرنىڭ جاۋابىنى چۈشەنگەنلىكىنى ئاشكارا قىلىپ،— ئەگەر خوجايىنىم مېنىڭ سۆزلىشىمگە رۇخسەت قىلسا، مەن فرانسۇزچە ياكى ئىتاليانچە سۆزلەي.

مونتې - كرىستو بىرئاز ئويلاندى.

— ئىتاليانچە سۆزلە،— دېدى ئۇ.

ئاندىن ئۇ ئالبېرغا مۇراجىئەت قىلدى:

— ھازىرقى زامان گرېكچىسىنىمۇ، قەدىمكى گرېكچىسىنىمۇ بىلمەيدىغىنىڭىز چاتاق ئىكەن. گايدە بۇ تىللارغا بەك پىششىق. بىچارە قىز ئەمدى سىز بىلەن ئىتاليانچە سۆزلە-شىدىغان بولدى. شۇ سەۋەبتىن سىز ئۇنىڭ سۈپىتىنى تولۇق ھېس قىلالماي قېلىشىڭىز مۇمكىن.

شۇ گەپتىن كېيىن ئۇ گايدەگە ئىشارەت قىلدى.

— خوجايىنىم ۋە ھۆكۈمدارىمنىڭ دوستى، سىزنى قارشى ئالىمەن،— دېدى قىز،— ئەلى، قەھۋە ۋە غاڭزىلارنى ئېلىپ كىر!

ئۇ، توسكان شىۋىسىدە قاملاشتۇرۇپ سۆزلىسىمۇ، دانتېنىڭ تىلىنى گومېرنىڭ تىلىغا ئوخشاشلا ئاھاڭدارلىققا ئىگە قىلغان يېقىملىق رىم تەلەپپۇزىنى ئارىلاشتۇرۇۋالاتتى.

گايده ئىشارەت بىلەن ئالبېرنى يېقىنراق كېلىشكە تەكلىپ قىلدى. ئۇنىڭغىچە، ئەلى خوجايىن قىزنىڭ بۇيرۇقىنى ئورۇنداش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى. مونتې - كرىستو ئالبېرغا بىر قاتلىما ئورۇندۇقنى سۇرۇپ بەردى، ئۆزىمۇ شۇ خىل ئورۇندۇقلارنىڭ بىرىنى ئالدى ۋە ئۇلار پاكار شىرەنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. شىرە ئۈستىدىكى چىلىمنىڭ ئەتراپىدا تەبىئىي گۈللەر، رەسىملەر ۋە مۇزىكا دەپتەرلىرى چېچىلىپ ياتاتتى.

ئەلى قەھۋە ۋە غاڭزىلارنى كۆتۈرۈپ قايتىپ كىردى. باتىستېننىڭ بۇ يەرگە كىرىشى چەكلەنگەنىدى. ئالبېر ئەلى سۇنۇپ بەرگەن غاڭزىنى چەتكە ئىتتىرىپ قويدى.

— ئېلىڭ، ئېلىڭ، — دېدى مونتې - كرىستو، — گايدە پارىژ قىزلىرىغا ئوخشاش دېگۈدەكلا مەدەنىيەتلىك. ئۇ، سىگارا چەكمەيدۇ، چۈنكى يېقىمسىز پۇراقىغا چىداپ تۇرالمايدۇ. لېكىن شەرق تاماكىسى خۇش بۇي كېلىدۇ، ئۆزىڭىز بىلىسىزغۇ.

ئەلى چىقىپ كەتتى.

قەھۋە چىنىلەرگە قۇيۇپ تەييارلىگەنىدى. شۇنداقتىمۇ، مەخسۇس ئالبېر ئۈچۈن بىر قەندەل قويۇپ قويۇلدى. مونتې - كرىستو بىلەن گايدە بۇ ئەرەبچە ئىچىملىكنى ئەرەبچىسىگە قەنت سالماي ئىچىشتى. گايدە قولىنى ئۇزىتىپ، ياپونىيە پارفورىدىن ياسالغان چىنىنى ئېلىپ، سۇزۇك بارماقلىرىنىڭ ئۇچى بىلەن تۇتۇپ، بەئەينى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئىچىملىكنى ياكى يېمەكلىكنى كۆرگەن سەبى بالىدەك ھۇزۇرلىنىپ ئوتلىدى.

شۇ ئارىدا ئىككى خىزمەتكار قىز شەربەت ۋە قەھۋە سېلىنغان پەتنۇسلارنى كۆتۈرۈپ كىرىپ، مەخسۇس شۇنىڭ ئۈچۈن ئاجرىتىلغان كىچىككىنە شىرە ئۈستىگە قويدى.

— قەدىرلىك خوجايىن ۋە سىنيورا①، — دېدى ئالبېر

---

① سىنيورا (ئىتاليانچە) — خانىم، خانقىز.



ئىتاليان تىلىدا، — مېنىڭ ئەجەبلىنىشىمنى ئەپۇ قىلغايسىلەر. مەن ھەقىقەتەنمۇ نېمىدېيىشىمنى بىلمەي قېلىۋاتىمەن. مېنىڭ ئالدىمدا شەرق دۇنياسى، مەن تېخى كۆرمىگەن. لېكىن كۆرۈشنى ئارمان قىلىپ يۈرگەن ھەقىقىي شەرق دۇنياسى نامايان بولماقتا. شەرق دۇنياسى پارىژدا! مەن ھېلى تېخى ئومنىبۇسلارنىڭ② تاراقلىشىنى ۋە قەھۋە ساتقۇچىلار جاراڭلاتقان قوڭغۇراقلارنىڭ ساداسىنى ئاڭلىغانىدىم... ئاھ، سىنيورا، گرېك تىلىدا سۆزلىيەلىسەمچۇ، كاشكى! مۇشۇنداق بىر ھېكمەتلىك خانىدا قىلغان سۆزلىرىڭىز مېنىڭ قەلبىمدە ئۆمۈر بويى ئۇنتۇلغۇسىز بىر كېچىنىڭ خاتىرىسى بولۇپ قالاتتى.

— مەن ئىتاليان تىلىدا يامان ئەمەس سۆزلىيەلەيمەن، شۇڭا ئىككىمىز سۆھبەتلىشەلەيمىز، — دەپ تەمكىنلىك بىلەن جاۋاب بەردى گايدە، — شەرق دۇنياسىنى شۇنچە ياخشى كۆرسىڭىز، مەن سىزنى شەرقتە تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلدۇرۇشقا تىرىشىمەن.

— نېمە توغرۇلۇق سۆزلىسەم بولىدۇ؟ — دەپ پىچىرلاپ سورىدى ئالبېر گرافتىن.

— نېمە توغرۇلۇق سۆزلىسىڭىزمۇ بولۇۋېرىدۇ. ئۇنىڭ يۇرتى، باللىق چاغلىرى، ئەسلىمىلىرى ھەققىدە؛ ياكى رىم، نېئاپول، فلورېنسىيە ھەققىدە.

— ياق، گرېك قىزىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغاندا، پارىژ قىزلىرى بىلەنمۇ سۆزلىشىشكە بولىدىغان گەپلەرنى قىلىشنىڭ نېمە قىزىقى بولسۇن، — دېدى ئالبېر، — شەرق ئەللىرى توغرىسىدا سۆزلىشىشكە رۇخسەت قىلىڭ.

— مەرھەمەت، قەدىرلىك ئالبېر. بۇنداق گەپلەر ئۇنىڭغا بەك ياقىدۇ.

---

② ئومنىبۇس — كۆپ ئورۇنلۇق چوڭ پەيتۇن. ئەينى زاماندا پارىژدىكى ئۇلغار قاتناش قورالى ھېسابلىناتتى.

ئالبېر گايدەگە مۇراجىئەت قىلدى:

— سىنيورا، سىز گرېتسىيىدىن نەچچە يېشىڭىزدا ئايرىلغان؟

— ئۇ چاغدا مەن بەش ياشتا ئىدىم، — جاۋاب بەردى گايدە.

— ۋەتىنىڭىز يادىڭىزدا بارمۇ؟

— كۆزلىرىمنى يۇمسام، بىر چاغلاردا كۆرگەنلىرىمنىڭ ھەممىسى ئالدىمدا نامايان بولىدۇ. ئادەمنىڭ ئىككى خىل كۆرۈشى بولىدۇ. بىرى جىسمانىي كۆرۈش، يەنە بىرى دىلنىڭ كۆرۈشى. جىسمانىي كۆرۈش بەزىدە ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ، لېكىن دىلنىڭ كۆرۈشى ھەرگىز ئۇنتۇلمايدۇ.

— ئۆزىڭىزنى قانچىلىك ۋاقىتلىرىڭىزدىن تارتىپ ئەسلىيەلەيسىز؟

— تەمتىلەپ ماڭىدىغان چاغلىرىمدىن تارتىپ يادىمدا بار. ئانام ۋاسىلكى... ۋاسىلكى دېگەن ئىسىم «شاھانە» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، — دەپ قوشۇپ قويدى قىز بېشىنى كۆتۈرۈپ. — ئانام مېنى يېتىلەپ، سىرتقا ئېلىپ چىقاتتى ۋە بىز ئىككىمىز روماللارغا ئورىنىۋېلىپ، ئۆزىمىزدە بولغان ھەممە تىللالارنى بىر خالتىغا سېلىپ، مەھبۇسلار ئۈچۈن سەدىقە تىلەپ ماڭاتتۇق. بىز: «كەمبەغەللەرگە ياخشىلىق قىلغانلارغا خۇدا رەھمەت قىلىدۇ» دەيتتۇق. خالتىمىز تولغاندىن كېيىن بىز ئوردىغا قايتىپ كېلەتتۇق ۋە كىشىلەر بىزنى گاداي ئوخشايدۇ دەپ بەرگەن پۇللارنى ئاتامغا ئۇقتۇرماستىن، موناستىردىكى پوپقا ئەۋەتىپ بېرەتتۇق. پوپ ئۇ پۇللارنى مەھبۇسلارغا تەقسىملەپ بېرەتتى.

— سىز شۇ چاغدا نەچچە ياشتا ئىدىڭىز؟

— ئۈچ ياشتا ئىدىم، — دېدى گايدە.

— ئۈچ يېشىڭىزدىن باشلاپ بولغان ھەممە ئىشلارنى ئەسلىيەلەمسىز؟



— ئەسلىيەلەيمەن.

— گراف، — دېدى ئالبېر ئاۋازىنى پەسەيتىپ، — سىنيورانىڭ ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىشىگە رۇخسەت قىلىسىڭىز. سىز مېنىڭ ئاتام توغرۇلۇق سۆزلىشىمگە رۇخسەت قىلمىدىڭىز، لېكىن بۇ قىز ئاتامنىڭ كېيىنى چىقىرىپ قېلىشى مۇمكىن. ئاتامنىڭ ئىسمىنى بۇ چىرايلىق لەۋلەردىن ئاڭلاش مەن ئۈچۈن قانچىلىك خۇشاللىق بولىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرەلمەيسىز.

مونتې - كرىستو گايدەگە بۇرۇلۇپ قارىدى ۋە ئۆزىنىڭ سۆزلىرىگە ئۇنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى تارتىش ئۈچۈن قاشلىرىنى كۆتۈرۈپ، گرېكچىلاپ مۇنداق دېدى:

— ئاتاڭنىڭ قىسمىتىنى سۆزلەپ بەر، لېكىن خائىننىڭ ئىسمىنى ۋە خائىنلىقىنى تىلغا ئالما.

گايدە ئېغىر تىنىق ئالدى ۋە ئۇنىڭ ئوچۇق چىرايىغا گوياكى قارا بۇلۇتلارنىڭ سايىسى چۈشكەندەك بولدى.

— ئۇنىڭغا نېمە دېدىڭىز؟ — پىچىرلاپ سورىدى ئالبېر.

— سىزنى بىزنىڭ دوستىمىز، ھەر قانداق گەپ بولسىمۇ يوشۇرماي سۆزلەۋەرگىن، دېدىم.

— شۇنداق قىلىپ، — دېدى ئالبېر، — سىزنىڭ بىرىنچى ئەسلىمىڭىز مەھبۇسلار ئۈچۈن سەدىقە يىغىش بولدى. ئىككىنچى ئەسلىمىڭىزچۇ؟

— ئىككىنچىسىمۇ؟ مەن ئۆزۈمنى كۆل بويىدىكى چىنارنىڭ سايىسىدە كۆرۈۋاتىمەن. يوپۇرماقلار ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئەينەكتەك كۆل يۈزى ھېلىمۇ كۆز ئالدىمدا تۇرىدۇ. ئاتام يوغان ۋە شاخلىق دەرەخقە يۆلىنىپ، ياستۇق ئۈستىدە ئولتۇرىدۇ. ئانام ئۇنىڭ ئاياغ تەرىپىدە سوزۇلۇپ ياتىدۇ. مەن تېخى كىچىك، ئاتامنىڭ كۆكرىكىگە چۈشۈپ تۇرغان ئاق ساقىلىنى ۋە ئۇنىڭ

كەمىردىكى ئالماس بىلەن نەقىشلەنگەن خەنجىرىنى ئويناپ ئولتۇرىمەن. ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ئاتامنىڭ يېنىغا بىر ئالبانىيىلىك كېلىپ، ئۇنىڭغا بىرنېمىلەرنى دەيدۇ. مەن ئۇنىڭ گەپلىرىگە دىققەت قىلمايمەن. ئاتام بولسا ئۇنىڭغا ھەر دائىم ئاۋازىنى ئۆزگەرتمەستىن: «ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار» ياكى «مەن ئۇنى كەچۈرىمەن» دەيدۇ.

— ئەجەبا، — دېدى ئالبېر، — ياش قىزلارنىڭ ئاغزىدىن بۇنداق گەپلەرنى پەقەت تىياتىر سەھنىسىدىلا ئاڭلاش مۇمكىن دەپ يۈرۈپتىكەنمەن، يەنە كېلىپ، بۇ ئويلاپ چىقىرىلغان گەپ ئەمەس. شۇنداق شائىرانە ئۆتمۈش ۋە ئاجايىپ دىياردىن ئايرىلىپ، بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن فرانسىيىنى ياقتۇرىدىغانسىزمۇ؟

— بۇ ناھايىتى گۈزەل مەملىكەت ئىكەن، — دېدى گايدە، — ھالبۇكى، مەن ھازىر چوڭ ئايالنىڭ كۆزلىرى بىلەن قارىغىنىم ئۈچۈن فرانسىيىنى ئەينەن كۆرۈۋاتىمەن. لېكىن ئۆز ۋەتىنىمنى گۆدەك بالىنىڭ كۆزلىرى بىلەن كۆرگەنىدىم. شۇڭا، ۋەتىنىم مېنىڭ كۆزلىرىمگە بەزىدە نۇرغا چۆمگەن سۆيۈملۈك دىيار بولۇپ، بەزىدە قارا بۇلۇتلارغا پۈركەنگەن ئاچچىق قايغۇ ـ ھەسرەت ماكانى بولۇپ كۆرۈنىدۇ.

— سىنئورا، — دېدى ئالبېر ئىختىيارسىز تۇردە ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىپ، — سىز شۇنچە ياش تۇرۇپ، قانداق قايغۇ ـ ھەسرەتلەرنى كۆرگەنسىز؟

گايدە مونتې ـ كرىستوغا قارىدى. مونتې ـ كرىستو ئۇنىڭغا بىلىنەر ـ بىلىنمەس ئىشارەت قىلدى ـ دە:

— سۆزلەۋەرگىن، — دەپ پىچىرلىدى.

— ئەڭ دەسلەپكى ئەسلىمىلەر ئادەمنىڭ قەلبىدە ئۆچمەس ئىز قالدۇرىدۇ. سىزگە سۆزلەپ بەرگەن بايىقى ئىككى



ئەسلىمىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ياشلىق دەۋرىمنىڭ ھەممە ئەسلىمىلىرى قايغۇ ـ ھەسرەتكە تولغان.

— سۆزلەڭ، سۆزلەڭ سىنئورا، — دېدى ئالبېر، — سىزنىڭ سۆزلىرىڭىزنى ئاڭلاش مەن ئۈچۈن زور بەخت.

گايدە غەمكىن كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— باشقا ئىشلارنىمۇ سۆزلەپ بېرىشىمنى خالامسىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— ئۆتۈنۈپ سورايمەن، سۆزلەپ بېرىڭ.

— ماقۇل. تۆت ياشقا كىرگەن ۋاقتىم ئىدى. بىر كۈنى ئاخشىمى مېنى ئانام ئويغاتتى. بىز ئۇ چاغدا يانىنادىكى ئوردىدا تۇراتتۇق. ئانام مېنى ياستۇقتىن كۆتۈرۈپ ئالغاندا كۆزلىرىمنى ئاچقانىدىم، ئانامنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ گەپ قىلماستىن، مېنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ ماڭدى. ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىنى كۆرۈپ، مېنىڭمۇ يىغلىغۇم كەلدى.

«يىغلىما، بالام» — دېدى ئانام.

مەن باشقا بالىلارغا ئوخشاش كەيپسىز بولغىنىم ئۈچۈن، كۆپ ھاللاردا ئانامنىڭ ئەركىلىتىشلىرى ياكى قورقىتىشلىرىغا قارىماي، يىغلىغۇم كەلسە يىغلاۋېرەتتىم. لېكىن بۇ قېتىم بىچارە ئانامنىڭ ئاۋازى شۇنداق قورقۇنچ بىلەن چىققانىكى، مەن دەرھال ئاۋازىمنى بېسىۋالدىم.

ئانام مېنى كۆتۈرۈپ تېز ـ تېز ماڭاتتى. مەن كەڭ پەلەمپەي ئارقىلىق تۆۋەنگە چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىمىزنى كۆردۈم. ئانامنىڭ دېدەكلىرى ساندۇق، خالتا، زىننەت بۇيۇملىرى، ئالتۇن سېلىنغان ھەميانلارنى كۆتۈرۈپ، بىزنىڭ ئالدىمىزدا كېتىۋاتاتتى، توغرىسى، يۈگۈرۈپ كېتىشىۋاتاتتى.

ئاياللارنىڭ كەينىدىن ئۇزۇن مىلتىق ۋە تاپانچىلار بىلەن قوراللانغان 20 چە مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلەر كېلىۋاتاتتى،

ئۇلار ھەربىچە كېيىنگەنىدى. سىلەر، فرانسىيىلىكلەر ئۇنداق كىيىملەرنى گرېتسىيە قايتىدىن مۇستەقىللىققا ئېرىشكەندىن كېيىن كۆردۈڭلار.

— چۈشىنىۋاتامسىز، — سۆزىنى داۋاملاشتۇردى گايدە ۋە كېيىنكى ئىشلارنى يادىغا ئېلىش بىلەنلا تاتىرىپ كەتتى، — ئۇزۇن سوزۇلۇپ كېتىۋاتقان قول ۋە دېڭىز دېدەكلەرگە قاراپ، قانداقتۇر بىر يامانلىقنى سەزگەنىدەك بولدۇم. مېنىڭ ئۇيقۇم يېشىلمىگەن بولغاچقا، ئۇلارمۇ ماڭا ئۇيقۇسىراپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

قارا مومدىن ياسالغان مەشئەللەرنىڭ لاۋۇلداپ تۇرغان يورۇقىدا يوغان - يوغان كۆلەڭگىلەر پەلەمپەي باسقۇچلىرىدىن ئۆتۈشۈپ تۇراتتى.

«تېز بولۇڭلار!» — بىنانىڭ ئىچكىرىسىدىن كىمدۇ بىرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

بەجايىكى، ئېتىزدا شامال چىققاندا بۇغداي باشاقلىرى ئېگىلگەندەك، بۇ ئاۋاز ئاڭلىنىش بىلەنلا ھەممەيلەن بېشىنى ئەگدى.

مەن بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ، چۆچۈپ كەتتىم. بۇ، ئاتامنىڭ ئاۋازى ئىدى. ئۇ، زىننەتلىك كىيىملىرىنى كىيگەن ۋە قولىدا سىلەرنىڭ ئىمپېراتورۇڭلار سوۋغات قىلغان مىلتىقنى تۇتقان ھالدا ھەممىنىڭ كەينىدىن كېلىۋاتاتتى. ئۇ، ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان مۇھاپىزەتچىسى سەلىمنىڭ قولىغا تايىنىپ، خۇددى ئۇركۈپ كەتكەن قوي پادىسىنى ھەيدەپ كېلىۋاتقان چوپاندەك بىزنى ئالدىغا سېلىپ ئالدىرىتاتتى.

— مېنىڭ ئاتام ئۇلۇغ ئىنسان ئىدى، — دېدى گايدە بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، — ئۇ، يانىنانىڭ پادىشاھى ئىدى. ئۇ ياۋروپاغا ئەلى تەبەلىن دېگەن ئىسىم بىلەن تونۇلغان. تۈركىيە ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىسا ۋەھىمىگە چۈشەتتى.



سۆز بىلەن تەرىپلىگۈسىز ئېيتىخار بىلەن ئېيتىلغان بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، ئالبېر ئىختىيارسىز تۇردە سەسكىنىپ كەتتى.

پاجىئەلىك ئۆلۈم ئارقىلىق ھازىرقى زامان ياۋروپاسىنىڭ نەزەرىدە يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ قانلىق كۆلەڭگىسىگە جان كىرگۈزگەن بۇ قىز شۇتاپتا بەجايىكى ئەرۋاھلارنى چاقىرىۋاتقان پىفىيىنى① ئەسلىتەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى سۈرلۈك ۋە قورقۇنچلۇق تۈس ئېلىپ چاقناپ كەتتى.

— بىر ھازا ماڭغاندىن كېيىن ھەممەيلەن توختىدى، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى گايدە، — بىز پەلەمپەيدىن چۈشۈپ، كۆل بويىغا چىقىپ قالغانىدۇق.

ئانام قاتتىق ھاللىراپ، مېنى كۆكسىگە چىڭ باساتتى. ئۇنىڭ كەينىدىن كېلىۋاتقان ئاتام تەشۋىشلەنگەن ھالدا ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتەتتى.

بىزنىڭ ئالدىمىزدا تۆت باسقۇچلۇق مەرمەر پەلەمپەي بولۇپ، ئەڭ تۆۋەنكى باچقۇچىنىڭ يېنىدا بىر قولۋاق چايقىلىپ تۇراتتى. كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدىن چوقچىيىپ چىقىپ تۇرغان يوغان ۋە قاپقارا بىرنەرسە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ، بىز بارماقچى بولغان قەلئە ئىدى. ئېھتىمال، قاراڭغۇدىن بولسا كېرەك، ئۇ قەلئە ماڭا ناھايىتى يىراقتەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

بىز قولۋاققا ئولتۇردۇق. پالاقلار سۇغا ئۇرۇلغاندا ھېچقانداق شەپە چىقمىغانلىقى يادىمدا. ئېگىشىپ قارىسام، پالاقلار بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىزنىڭ بەلباغلىرى بىلەن ئوراپ قويۇلغانىكەن.

قولۋاقتا پالاقچىلاردىن باشقا، پەقەت ئاياللار، ئاتام، ئانام ۋە مەن بار ئىدۇق. ئەسكەرلەر كۆل بويىدا قالدى. ئۇلار، ئارقىدىن قوغلاپ كەلگۈچىلەر بولسا، پەلەمپەي باسقۇچلىرىنى پانا قىلىش ئۈچۈن تىزلىنىپ تۇراتتى.

① پىفىيە — قەدىمكى يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى ئايال كاھىن.

قولىۋىقىمىز ئوقتەك ئىتتىك ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتاتتى.

«قولىۋاق نېمە ئۈچۈن بۇنداق تېز ماڭىدۇ؟» — دەپ سورىدىم مەن ئانامدىن.

«ئۇنىڭغا چىقارمىغىن، بالام، — دېدى ئۇ، — بىز قېچىپ كېتىۋاتىمىز».

مەن ھېچنېمىنى چۈشەنمىدىم. ئاتام شۇنچە قۇدرەتلىك تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن قاچىدۇ؟ ئۆزگىلەر ھامان ئاتامنىڭ ئالدىدىن قاچاتتى. ئاتام ھەمىشە: «ئۇلار مەندىن قورقىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن مېنى ئۆچ كۆرىدۇ» — دەيتتى.

ھالبۇكى، بۇ قېتىم ئاتام ھەقىقەتەن جېنىنى ئېلىپ قېچىۋاتاتتى. ئۇ، كېيىن ماڭا يانىنادىكى مۇھاپىزەتچى قىسىم ئۇزاق ئىرىكىشىپ چارچىغانلىقىنى ئېيتتى.

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە گايدە مونتې - كرىستوغا مەنىلىك قاراپ قويدى. مونتې - كرىستو ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ ئولتۇراتتى. شۇندىن كېيىن گايدە خۇشىياقمىغاندەك قىلىپ، ئالدىرىماي سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ گەپ ياساۋاتقانلىقى ياكى بەزى ئىشلارنى قەستەن چۈشۈرۈپ قويۇپ سۆزلەۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

— سىنيورا، سىز بايا يانىنادىكى مۇھاپىزەتچى قىسىم ئۇزاق ئىرىكىشىپ چارچىدى دېگەن گەپنى قىلغانىدىڭىز، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى ئالبېر، ئۇ بۇ قىزنىڭ سۆزلىرىنى ئىنتايىن زور قىزىقىش بىلەن تىڭشاپ ئولتۇراتتى.

— شۇنداق. يانىنادىكى قىسىم تۈركىيە سۇلتانى ئاتامنى تۇتۇش ئۈچۈن ئەۋەتكەن سەركەردە خۇرشىد بىلەن تىل بىرىكتۈردى. شۇندىن كېيىن ئاتام ئۆزى تولۇق ئىشىنىدىغان بىر فرانسۇز ئوفىتسېرنى سۇلتاننىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى ۋە ئۆزى «پاناھ جاي» دەپ ئاتايدىغان كىچىك قەلئەدە يوشۇرۇنۇپ تۇرماقچى بولدى.



— شۇ ئوفىتسېرنىڭ ئىسمى يادىڭىزدا بارمۇ، سىنيورا؟ — سورىدى ئالبېر.

مونتې - كرىستو گايدەگە چاقماق تېزلىكىدە بىر قاراپ قويدى. ئالبېر بۇنى سەزمىدى.

— ياق، — دېدى گايدە، — ئۇنىڭ ئىسمىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. كېيىن يادىمغا كەلسە ئېيتىپ بېرەي.

ئالبېر ئۆزىنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىسمىنى ئېيتاي دەپ تۇرۇۋىدى، مونتې - كرىستو ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ، بىربارمىقىنى كۆتۈرۈپ قويدى.ئالبېر بايىقى قەسىمىنى ئېسىگە ئېلىپ گەپ قىلمىدى.

— بىز قولىۋاقتا ئولتۇرۇپ، ئەنە شۇ پاناھ جايغا قاراپ يول ئالدۇق، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى گايدە، — ئىمەر - چىمەر نەقىشلەر بىلەن قاپلانغان بىرىنچى قەۋەتنىڭ ئايۋانلىرى سۇ ئۈستىدىلا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئىككىنچى قەۋەتنىڭ رۇجەكلىرى كۆلگە قارايتتى. بىز بۇ كىچىك ئوردىغا يېقىنلىشىپ كەلگەندە كۆزىمىزگە تاشلانغىنى ئەنە شۇ بولدى.

ۋەھالەنكى، ئاستىنقى قەۋەتنىڭ تېگىدە ئارالغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ كېتىدىغان بىر زور لەخمە بار ئىدى. ئانامنى، مېنى ۋە دېدەكلەرنى ئەنە شۇ يەرگە ئەكىرىپ قويۇشتى. ئۇ يەردە 60 مىڭ ھەميان ۋە 200 تۇڭ يوغان بىر دۆۋە قىلىپ قويۇلغانىدى. ھەميانلارغا 25 مىليون تىللا، تۇڭلارغا 30 مىڭ فۇنت پارتلاتقۇچ دورا قاچىلانغانىدى.

بايا مەن ئېيتقان ئاتامنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان مۇھاپىزەتچىسى سەلىم شۇ تۇڭلارنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالدى. ئۇ، ئوت يېقىلغان پىلىك قادالغان نەيزىسىنى قولىدا تۇتۇپ، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ قاراۋۇللۇق قىلدى. ئۇنىڭغا ئىشارەت قىلىشى بىلەنلا ھەممىنى، پاناھ جاينى، قوروقچىلار، پادىشاھ، ئاياللار ۋە ئالتۇنلارنى قوشۇپ ھەممىنى پارتلىتىۋېتىش بۇيرۇقى بېرىلگەنىدى.

ھېلىمۇ ئېسىمدە تۇرىدۇ، دېدەكلىرىمىز بۇ بۇيرۇقنى ئۇققاندىن كېيىن كېچە - كۈندۈز دۇئا قىلىپ، ئاھ ئۇرۇپ ۋە يىغلاپ چىقتى.

ئاشۇ ئاق يۈزلۈك، قارا كۆزلۈك ياش جەكچى ھەر دائىم كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ. قاچانكى ئەزرائىل جېنىمنى ئالغىلى كەلسە، ئۇنى ئاشۇ سەلىمگە ئوخشىتىپ قېلىشىم مۇمكىن.

شۇ تەرىقىدە قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكىنىنى بىلمەيمەن.

ئۇ چاغلاردا مەن ۋاقىت ھېسابىنى بىلمەيتتىم. بەزىدە ئاتام ئانام بىلەن ئىككىمىزنى ئايۋانغا چاقىرىپ چىقاتتى. بۇ مېنى خۇشال قىلىدىغان پەيتلەر ئىدى. مەن لەخمە ئىچىدە ئاھ ئۇرۇۋاتقان كىشىلەرنىڭ كۆلەڭگىلىرى بىلەن سەلىمنىڭ كۆيۈپ تۇرغان نەيزىسىدىن باشقا ھېچ نەرسىنى كۆرمەيتتىم. ئاتام يوغان تۆشۈكنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، قاپىقى سېلىنغان ھالدا يىراق ئۇپۇققا كۆز تىكەتتى ۋە كۆل يۈزىدە پەيدا بولۇپ قالىدىغان ھەرقانداق قارا نۇقتىغا دىققەت بىلەن قارايتتى. ئانام ئۇنىڭ يەلكىسىگە بېشىنى قويۇپ جىم ئولتۇراتتى. مەن ئاتامنىڭ ئاياغلىرى يېنىدا ئەركىلەپ ئوينايتتىم ۋە گۈدەكلەرگە خاس قىزىقىش بىلەن ئۇپۇقتا كۆرۈنۈپ تۇرغان پىندا تاغلىرىغا، گوياكى كۆپكۆك كۆل سۈيىدىن چىقىپ تۇرغاندەك ھەيۋەتلىك يانىنا سېپىللىرىگە، يىراقتىن قارىغاندا خۇددى تاغ قاپتاللىرىدىكى كۆكاتلاردەك كۆرۈنىدىغان گىگانت پىنىيە ۋە مىرتا دەرەخلىرىگە قارايتتىم.

بىر كۈنى سەھەردە ئاتام بىزنى چاقىردى. قارىماققا ئۇ خاتىرجەم كۆرۈنسىمۇ، ئادەتتىكىدىن بەكرەك تاتىرىپ كەتكەنىدى.

«يەنە بىرئاز تەخىر قىلغىن، ۋاسىلىكى، بۈگۈن ھەممە ئىشلار بىر تەرەپ بولىدۇ. بۈگۈن ھۆكۈمدارنىڭ پەرمانى كېلىدۇ.



مېنىڭ تەقدىرىم شۇنىڭغا باغلىق. ئەگەر مەن تولۇق كەچۈرۈم قىلىشقا ئېرىشسەم بىز تەنتەنە بىلەن يانىناغا قايتىمىز. ئەگەر شۇم خەۋەرلەر كەلسە، بۈگۈن كېچىدە بۇ يەردىن كېتىمىز».

«بىراق، ئۇلار بىزنىڭ كېتىشىمىزگە يول قويامسىچۇ؟» — دەپ سورىدى ئانام.

«ئۇنىڭدىن غەم قىلما، — دېدى ئەلى كۈلۈپ قويۇپ، — سەلىم ئۆزىنىڭ كۆيۈپ تۇرغان نەيزىسى بىلەن ئۇلارغا جاۋاب بېرىدۇ. ئۇلار مېنىڭ ئۆلۈشۈمنى بەك ئارزۇ قىلىدۇ، ئەمما مەن بىلەن ئۆزلىرىنىڭمۇ ئۆلۈشىنى ئويلاپ باقمىدى».

ئاتامنىڭ چىن يۈرىكىدىن چىقمىغان بۇ تەسەللىي سۆزلىرىگە ئانام ئاھ ئۇرۇش بىلەنلا جاۋاب قايتۇراتتى.

ئۇ، ئاتامنىڭ ئىچمىلىكىگە مۇز سېلىنغان سۇ تەييارلاپ بەردى، چۈنكى بىز قاچقان كۈندىن باشلاپ ئاتامنىڭ ئىچى قىزىپ، ھاياجانلىنىپ تۇراتتى. ئانام ئۇنىڭ ئاپئاق ساقىلىغا ئەتىر سەپتى ۋە غاڭزىسىنى تۇتاشتۇرۇپ بەردى. ئاتام بەزىدە شۇ غاڭزىنى تارتىپ، ئىس - تۈتەكلەر ئىچىدىن پەرىشان ھالدا سائەتلەپ يىراققا كۆز تىكىپ ئولتۇراتتى.

ئۇ، ئۇشتۇمتۇت چۆچۈپ كەتكەندەك بىر ھەرىكەت قىلىپ، مېنى قورقۇتىۋەتتى. شۇندىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ دىققىتىنى تارتقان نۇقتىدىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇرۇپ، دۇربۇننى بېرىشنى بۇيرۇدى. ئانام ئۇنىڭغا دۇربۇننى ئېلىپ بەردى. ئۇنىڭ يۈزى ئۆزى يۆلىنىپ قالغان ھاكلانغان تۈۋرۈكتىنمۇ بەكرەك ئاقىرىپ كەتتى.

مەن ئاتامنىڭ قولىنىڭ تىترەپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم.

«قولۋاق! ئىككى... ئۈچ ...— دەپ پىچىرلىدى ئۇ، — تۆت...»

ئېسىمدە، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ مىلتىقىنى قولىغا ئالدى، تاپانچىلىرىنى ئوقلىدى.

«ۋاسىلكى، — دېدى ئۇ ئانامغا تىترەپ تۇرۇپ، — بىزنىڭ تەقدىرىمىز ھەل بولىدىغان پەيت يېتىپ كەلدى. يەنە يېرىم سائەتتىن كېيىن بۈيۈك ھۆكۈمدارنىڭ جاۋابىنى ئاڭلايمىز. گايدەنى ئېلىپ لەخمىگە چۈشۈپ كەتكىن».

«سىزنى تاشلاپ كەتمەيمەن، غوجام، — دېدى ۋاسىلكى، — ئۆلۈش توغرا كەلسە، سىز بىلەن بىللە ئۆلىمەن».

«سەلىمنىڭ يېنىغا كېتىڭلار!» — دەپ ۋارقىرىدى ئاتام.

«ئەلۋىدا، غوجام!» — ئانام ئىستائەتمەنلىك بىلەن پىچىرلىدى ۋە گوياكى ئۆلۈمنى قارشى ئالغاندەك بېلىنى پۈكتى.

«ۋاسىلكىنى ئېلىپ كېتىڭلار» — دېدى ئاتام نەۋكەرلەرگە.

مەن ئۆزۈمنى ئۇنۇتقان ھالدا يۈگۈرۈپ بېرىپ ئاتامغا قوللىرىمنى ئۇزارتتىم. ئاتام مېنى كۆرۈپ، ئالدىمغا كەلدى ۋە ئېگىلىپ تۇرۇپ ماڭلىيىمغا سۆيدى. بۇ، ئۇنىڭ مېنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم سۆيۈشى ئىدى. بۇ سۆيۈش ھازىرغىچە مېنىڭ ماڭلىيىمنى كۆيدۈرۈپ تۇرىدۇ!

بىز تۆۋەنگە چۈشۈپ كېتىۋاتقاندا، ئايۋانغا ئېسىلىپ بارلىق بولغان ئۈزۈملەرنىڭ ئارىسىدىن قولۋاقلارنى كۆردۈم. قولۋاقلار بارا - بارا چوڭىيىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلار تېخى بايىلا قارا چېكىتلەرگە ئوخشاپ كۆرۈنگەن بولسا، ئەمدى گوياكى سۇ بېغىرلاپ ئۇچۇپ كېلىۋاتقان قۇشلارغا ئوخشايتتى.

ئاتامنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇرغان 20 نەۋكەر سەدەپ ۋە كۈمۈش بىلەن نەقىشلەنگەن ئۇزۇن مىلتىقلىرىنى تەييار ھالەتتە تۇتۇپ، قانغا تولغان كۆزلىرى بىلەن يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان كېمىلەرنى كۆزەتتى. پولغا نۇرغۇنلىغان مىلتىق ئوقلىرى چېچىپ قويۇلغانىدى. ئاتام ھەدەپ سائەتكە قارايتتى ۋە تەشۋىشلەنگەن ھالدا ئۇيان - بۇيان ماڭاتتى.

مەن ئاتامنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سۆيۈشىنى ئېلىپ كېتىۋاتقىنىمدا كۆزۈمگە چېلىققىنى شۇ بولدى.



ئانام بىلەن ئىككىمىز لەخمىگە چۈشتۇق. سەلىم ئاۋۋالقىدەكلا ئۆز ئورنىدا قاراۋۇللۇق قىلىپ تۇراتتى. ئۇ، بىزگە قاراپ مەيۈسلۈك بىلەن كۈلۈمسىرەپ قويدى. بىز لەخمىنىڭ نېرىقى بۇلۇڭىدىن ياستۇقلارنى ئېلىپ كېلىپ، سەلىمنىڭ يېنىدا ئولتۇردۇق. زور خەۋپ يېتىپ كەلگەندە سادىق كىشىلەر يېقىن تۇرۇشقا ئىنتىلىدىكەن. مەن گەرچە بەك كىچىك بولسامۇ، بېشىمىزغا زور بەختسىزلىك كېلىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدىم...

ئالبېر ئاتىسىدىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلىمىغانىدى. ئاتىسى بۇ ھەقتە زادى گەپ قىلمايتتى. شۇنداقتىمۇ، ئالبېر باشقىلارنىڭ ئاغزىدىن يانىنا ۋەزىرىنىڭ ئاداققى ئۆمرى ھەققىدىكى گەپ - سۆزلەرنى كۆپ ئاڭلىغان ۋە ئۇنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدە يېزىلغان نۇرغۇن ھېكايىلەرنى ئوقۇغانىدى. ھالبۇكى، گايدەنىڭ كۆزلىرى ۋە ئاۋازى ئارقىلىق قايتىدىن جانلىنىپ چىققان بۇ ۋەقە، بۇ ھاياجانلىق ۋە قايغۇلۇق بايان ئالبېرنى تەڭداشسىز دەرىجىدە جەلب قىلدى ۋە ھەيرەتكە سالدى.

گايدە دەھشەتلىك ئەسلىمىلەرگە ئەسىر بولۇپ، سۆزلەشتىن توختىدى. ئۇنىڭ بېشى خۇددى بوران ئېگىۋەتكەن گۈلدەك ئۆزىنىڭ قولىغا تىرەلدى. ئۇنىڭ قاراڭغۇلاشقان كۆزلىرى گويا ئۇپۇقتا كۆكىرىپ تۇرغان پىندا تېغىنى ۋە كۆپكۆك يانىنا كۆلىنى كۆرۈۋاتقاندەك، گوياكى ئۆزى سىزىپ چىققان ئاشۇ قايغۇلۇق سۈرەتنى ئەكس ئەتتۈرۈۋاتقان بىر ھېكمەتلىك ئەينەككە قاراۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

مونتې - كرىستو ئۇنىڭغا چەكسىز كۆيۈنۈش ۋە ئېچىنىش بىلەن قاراپ ئولتۇراتتى.

— سۆزلىگىن، قوزام، — دېدى ئۇ گرېك تىلىدا.

گايدە، خۇددى مونتې - كرىستونىڭ ئاۋازى ئۇنى ئۇيقۇدىن ئويغىتىۋەتكەندەك، بېشىنى كۆتۈردى ۋە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— سائەت تۆت بولغان مەزگىل ئىدى. گەرچە سىرتتا هاۋا ئوچۇق ۋە يورۇق بولسىمۇ، بىز لەخمە ئىچىدە قاراڭغۇلۇقتا ئولتۇراتتۇق. لەخمە ئىچىدە بەجايىكى قاراڭغۇ ئاسماندا پىلىلداپ تۇرغان يېگانە يۇلتۇزغا ئوخشايدىغان پەقەت بىرلا يورۇق نۇقتا بار ئىدى. ئۇ بولسىمۇ، سەلىمنىڭ مەشئىلى ئىدى.

ئانام ئىنجىل ئايەتلىرىنى قىرائەت قىلدى. ئۇ خىرىستىئان دىنىغا ئېتىقات قىلاتتى. سەلىم ئارىلاپ - ئارىلاپ مۇسۇلمانلارنىڭ مۇقەددەس سۆزلىرىنى تەكرارلاپ:

«ئۇلۇغ ئاللا!» — دەپ قوياتتى.

قانداقلا بولمىسۇن، ئانام يەنىلا ئۈمىدىنى يوقاتمىغانىدى. ئۇ، لەخمىگە چۈشۈش ئالدىدا بىر قولۋاقتا ئولتۇرغانلار ئىچىدە هېلىقى فرانسۇزنى كۆرگەنىدەك بولدى. ئاتام فرانسىيە سۇلتانىنىڭ جەڭچىلىرىنى ۋىجدانلىق ۋە ئالىيجاناب كىشىلەر دەپ بىلگەچكە، ئاشۇ فرانسۇزغا تولۇق ئىشىنىپ، كونستانتىنوپولغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەنىدى. ئانام پەلەمپەيگە يېقىنراق كېلىپ، سىرتقا قۇلاق سالدى.

«ئۇلار يېقىنلىشىپ قالدى، — دېدى ئۇ، — ئاھ، ئۇلار تىنچلىق ۋە هاياتلىق ئېلىپ كەلسىدى!»

«نېمىدىن قورقىسىز، ۋاسىلىكى؟ — دېدى سەلىم مۇلايىملىق بىلەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇنىڭ ئاۋازىدىن تەۋرەنمەس غۇرۇرى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى، — ئەگەر ئۇلار بىزگە تىنچلىق بەرمىسە، بىز ئۇلارغا ئۆلۈمنى تەقدىم قىلىمىز».

ئۇ، نەيزە ئۇچىدىكى ئوتنى تۈزەشتۈرۈپ قويىدى. ئۇنىڭ بۇ هەرىكىتى ئۇنى قەدىمكى كرىستىكى دىئونىسقا ئوخشىتىپ تۇراتتى.

مەن كىچىك ۋە غەرەز ئۇقمايدىغان بولغىنىم ئۈچۈن ئۇنىڭ بۇنداق باتۇرلۇقىنى رەھىمسىزلىك ۋە ئەقىلسىزلىق دەپ چۈشى-



نەتتىم، بۇنداق ئوت ئىچىدە پارتلاپ، هاۋاغا ئۇچۇپ چىقىشتەك دەھشەتلىك ئۆلۈمدىن قورقاتتىم.

ئاناممۇ خۇددى ماڭا ئوخشاشلا قورقۇپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ دىر - دىر تىترەپ تۇرغانلىقىنى سەزدىم.

«ۋاي خۇدايىم، جېنىم ئاپا، — دەپ يىغلىدىم مەن، — بىز راستىنلا هازىر ئۆلەمدۇق؟»

دېدەكلەر بۇ گەپلىرىمنى ئاڭلاپ قايتىدىن داد - پەرياد كۆتۈرۈپ، دۇئا قىلىشقا باشلىدى.

«خۇدا سېنى ئامان قىلسۇن، بالام، — دېدى ئانام ماڭا، — ئۆزۈڭ ئۆلۈمنى ئىختىيار قىلىدىغان كۈنۈڭگىچە ئۆمرىڭنى بەرسۇن».

ئاندىن ئانام بوش ئاۋازدا سەلىمدىن سورىدى:

«غوجام ساڭا قانداق بۇيرۇق بەردى؟»

«ئەگەر ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ خەنجىرىنى ئەۋەتسە، بۇ، سۇلتاننىڭ كەچۈرۈم قىلمىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، مەن پارتلىتىمەن. ئەگەر ئۇ ئۆزىنىڭ ئۈزۈكىنى ئەۋەتسە، سۇلتاننىڭ كېچىرىم قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ چاغدا مەن پارتلاتقۇچ دورىلارنى ئۆتكۈزۈپ بېرىمەن».

«دوستۇم، — دېدى ئانام، — ئەگەر غوجام خەنجەرنى ئەۋەتسە، بىزنى بۇنداق دەھشەتلىك ئۆلۈمگە قويمىغىن. بىز ساڭا بوينىمىزنى تۇتۇپ بېرىمىز. شۇ خەنجەر بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتكىن»

«شۇنداق قىلىمەن، ۋاسىلىكى»، — خاتىرجەملىك بىلەن جاۋاب بەردى سەلىم.

ئۇشتۇمتۇت قاتتىق ۋارقىرىغان ئاۋازلار ئاڭلاندى. بىز قۇلاق سالدۇق. بۇ خۇشال ۋارقىراشلار ئىدى. بىزنىڭ نەۋكەرلىرىمىز كونستانتىنوپولغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىلگەن فرانسۇزنىڭ ئىسمىنى چاقىرىشىۋاتاتتى. ئۇ، بۈيۈك هۆكۈمدارنىڭ جاۋابىنى ئېلىپ

كەلگەنلىكى ۋە بۇ ياخشى جاۋاب ئىكەنلىكى روشەن ئىدى.

— ئۇ فرانسۇزنىڭ ئىسمى تېخىچە يادىڭىزغا كەلمىدىمۇ؟— دەپ سورىدى مورسېر، ئۇنى قىزنىڭ يادىغا سېلىشقا تىرىشىپ.

مونتې - كرىستو مورسېرغا ئىشارەت قىلدى.

— يادىمغا كەلمىدى، — دەپ جاۋاب بەردى گايدە.

— غۇلغۇلا بارغانسېرى كۈچەيدى. يېقىنلاپ كېلىۋاتقان قەدەم شەپىلىرى ئاڭلاندى. كىمدۇ بىرى لەخمىگە چۈشۈپ كېلىۋاتاتتى. سەلىم نەيزىسىنى تەييار قىلىپ تۇتتى. لەخمە ئېغىزىدىن چۈشۈپ تۇرغان كۆكۈچ يورۇقلۇقتا بىر ئادەمنىڭ كۆلەڭگىسى پەيدا بولدى.

«كىم سەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى سەلىم،— كىم بولساڭمۇ جايىڭدىن قىمىرلىماي تۇر!»

«ئاللا سۇلتانغا رەھمەت قىلسۇن!— جاۋاب قايتۇردى كۆلەڭگە،— ۋەزىر ئەلى تولۇق كەچۈرۈم قىلىندى. ئۇنىڭ هاياتىغىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن بايلىقى ۋە مال - مۈلكىگە كېپىللىك قىلىندى».

ئانام خۇشاللىقىدىن ۋارقىراپ تاشلىدى ۋە مېنى باغرىغا چىڭ باستى. سەلىم ئانامنىڭ لەخمىدىن چىقىشقا تەمشەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنى توسىدى.

«توختاڭ! — دېدى ئۇ، —ئۆزىڭىز بىلىسىزغۇ، مەن ئۇزۇكنى تاپشۇرۇپ ئېلىشىم كېرەك».

«توغرا» — دېدى ئانام ۋە ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ، تىزلاندى. ئۇ گويا خۇداغا مەن ئۈچۈن يېلىنىۋاتقاندەك ۋە مېنىڭ خۇداغا يېقىنراق بولۇشۇمنى خالىغاندەك مېنى بېشىنىڭ ئۈستىدىن ئېگىز كۆتۈردى.

گايدە يەنە سۆزلەشتىن توختىدى. ئۇ، شۇنچە قاتتىق



هاياجانغا چۈشكەنىدىكى، ئۇنىڭ تاتىرىپ كەتكەن ماڭلىيىنى مۇنچاق - مۇنچاق تەر باستى، نەپىسى بوغۇلۇپ، قۇرۇپ كەتكەن تامىقىدىن ئاۋازى چىقماي قالدى.

مونتې - كرىستو ئىستاكانغا مۇزدەك سۇنى قۇيۇپ، ئۇنىڭغا سۇندى ۋە مۇلايىملىق بىلەن، لېكىن يەنىلا بۇيرۇق تەلەپپۇزى ئارىلاشقان ئاهاڭدا گەپ قىلدى:

— غەيرەتلىك بولغىن، بالام!

گايدە كۆزلىرىنى ۋە ماڭلىيىنى سۈرتۈۋېتىپ، سۆزلەشنى داۋاملاشتۇردى:

— شۇ ئارىدا، بىزنىڭ قاراڭغۇلۇقتا كۆنۈكۈپ قالغان كۆزلىرىمىز پادىشاهنىڭ ئەلچىسىنى تونۇدى. ئۇ بىزنىڭ دوستىمىز ئىدى. سەلىممۇ ئۇنى تونۇدى، لېكىن بۇ باتۇر يىگىت پەقەت بۇيرۇققا ئەمەل قىلىشنىلا بىلەتتى.

«سەن كىمنىڭ نامىدىن كەلدىڭ؟» — دەپ سورىدى ئۇ.

«غوجىمىز ئەلى تەبەلىننىڭ نامىدىن كەلدىم».

«ئەلىننىڭ نامىدىن كەلگەن بولساڭ، ماڭا نېمە ئەكېلىپ بېرىشىڭ كېرەكلىكىنى بىلەرسەن؟»

«بىلىمەن، — دېدى ئەلچى، — ساڭا ئۇنىڭ ئۈزۈكىنى ئەكەلدىم».

ئۇ، قولىنى بېشىنىڭ ئۈستىدىن كۆتۈردى. لېكىن ئۇ بەك يىراقتا تۇرغاچقا ۋە يېتەرلىك يورۇق بولمىغاچقا، سەلىم ئۇنىڭ نېمىنى كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى پەرق ئېتەلمىدى.

«قولۇڭدا نېمە بارلىقىنى كۆرەلمىدىم» — دېدى سەلىم.

«بۇياققا كەل، — دېدى ئەلچى، — بولمىسا مەن سېنىڭ يېنىڭغا باراي».

«ياق، — دېدى ياش جەڭچى، — قولۇڭدىكىنى يورۇق چۈشىدىغان يەرگە قويۇپ، ئۆزۈڭ نېرىغا ئۆتۈپ تۇر، مەن ئۇنى كۆرۈۋالغۇچە يېقىن كەلمە».

«ماقۇل» — دېدى ئەلچى ۋە قولىدىكى نەرسىنى يەرگە قويۇپ، ئۆزى بىر چەتكە ئۆتۈپ تۇردى.

بىزنىڭ يۈرەكلىرىمىز ئويناپ كەتتى. ئۇ نەرسە بىزگە ھەقىقەتەن ئۈزۈكتەك كۆرۈندى. بىراق، ئۇ ئاتامنىڭ ئۈزۈكىمۇ، ئەمەسمۇ؟.

سەلىم لاۋۇلداپ كۆيۈپ تۇرغان مەشئەلنى تۇتقان ھالدا شۇ جايغا بېرىپ، يەردىن ئۈزۈكنى ئالدى.

«غوجامنىڭ ئۈزۈكى» — دېدى ئۇ ۋە ئۈزۈكنى سۆيدى. ئاندىن، مەشئەلنى يەرگە قويۇپ، دەسسەپ ئۆچۈردى.

ئەلچى خۇشاللىقىدا ۋارقىراپ كەتتى - دە، چاۋاك ئۇردى. ئۇنىڭ شۇ سىگنالى بويىچە سەركەردە خۇرشىدنىڭ تۆت جەڭچىسى يۈگۈرۈپ كىرىشتى ۋە بىراقلا بەش خەنجەر سانجىلغان سەلىم يەرگە يىقىلدى.

ئۇلار، گەرچە تېخىچىلا قورقۇشتىن چىرايلىرى تاتىرىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ بۇ جىنايىتىدىن خۇدىنى يوقاتقان ھالدا لەخمىگە ئېتىلىپ كىرىشتى ۋە بەزىلىرى ئوت ئىزدىسە، بەزىلىرى ئالتۇن سېلىنغان خالتىلارغا چاڭ سېلىشتى.

ئانام مېنى كۆتۈرۈۋالدى - دە، پەقەت بىزگىلا مەلۇم بولغان يوللاردىن چەبدەسلىك بىلەن ئۆتۈپ، مەخپىي پەلەمپەي ئارقىلىق ئۇستۇنكى قەۋەتكە يۈگۈرۈپ چىقتى. ئۇستۇنكى قەۋەتتە دەھشەتلىك مالىمانچىلىق بولۇۋاتاتتى. ھەممە زاللارغا خۇرشىدنىڭ ئەسكەرلىرى، بىزنىڭ دۈشمەنلىرىمىز تولغانىدى.

ئانام ئىشىكنى ئەمدى ئاچاي دەپ تۇرۇشىغا ئاتامنىڭ ھەيۋەتلىك ئاۋازى ياڭرىدى. ئانام تاختايلارنىڭ يوچۇقىدىن قارىدى. مېنىڭ كۆزلىرىم تاسادىپىي بىر تۆشۈككە دۇچ كېلىپ قالدى ۋە مەنمۇ شۇ تۆشۈكتىن قارىدىم.

«سىلەر نېمە قىلماقچى؟» — دېدى ئاتام ئالتۇن رەڭلىك



ھەتلەر يېزىلغان قەغەزنى تۇتۇپ تۇرغان كىشىلەرگە قاراپ. «بىز ساڭا جانابىي ئالىيلىرىنىڭ ئىرادىسىنى يەتكۈزمەكچى، — دېدى ئۇلاردىن بىرى، — مۇنۇ پەرماننى كۆردۈڭمۇ؟»

«ھەئە، كۆرۈۋاتىمەن» — دېدى ئاتام.

«ئۇنداق بولسا، ئوقۇپ باق. ئۇ سېنىڭ كاللاڭنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ».

بۇنىڭغا جاۋابەن ئاتام شۇنداق قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتىكى، ھەرقانداق تەھدىتمۇ شۇ كۈلكىدەك دەھشەتلىك بولماس. ئۇ، ئەنە شۇنداق كۈلۈپ تۇرۇپ ئىككى تاپانچىسىنىڭ تەپكىسىنى بىراقلا باستى. ئىككى تاپانچا ئېتىلىش بىلەن تەڭ ئىككى ئادەم يەرگە يىقىلىپ ئۆلدى.

ئاتامنىڭ ئەتراپىدا دۈم ياتقان نەۋكەرلەر دەرھال سەكرەپ تۇرۇشۇپ، ئوق ئۈزۈشتى. گۈلدۈرلىگەن سادالار بىلەن تەڭ خانە ئىچى ئوت ۋە تۈتۈنگە تولدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قارشى تەرەپتىنمۇ مىلتىقلار ئېتىلدى ۋە ئوقلار بىزنىڭ يېنىمىزدىكى تاختايلارنى تېشىپ ئۆتۈشكە باشلىدى.

ئاھ، ۋەزىر ئەلى تەبەلىن، مېنىڭ ئاتام، قولىدا ئەگرى قىلىچ تۇتقان، يۈزى ئوق دورىسىدىن قارىداپ كەتكەن تۇرقى بىلەن نېمىدېگەن گۈزەل، نېمىدېگەن ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى! دۈشمەنلەر ئۇنىڭ ئالدىدىن بەدەر قېچىشتى!

«سەلىم! سەلىم! — دەپ ۋارقىرىدى ئاتام، — ئوت ساقلىغۇچى، ۋەزىپەڭنى ئىجرا قىل!»

«سەلىم ئۆلدى، — لەخمە تەرەپتىن ۋارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى، — ئەمدى سەن تۈگەشتىڭ، غوجام ئەلى!»

شۇنىڭ بىلەن، گۈلدۈرلىگەن ئوق ئاۋازلىرى ئاڭلاندى ۋە ئاتامنىڭ ئاياغ ئاستىدىكى پولنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرى پاچاق-

لىنىپ سۇلۇپ كەتتى. ئاستىنقى قەۋەتتىكى تۆرت ئەسكەرلىرى پولغا قارىتىپ ئوق ئاتماقتا ئىدى. ئۈچ - تۆت نەۋكەر پەستىن ئېتىلغان ئوقلارنىڭ زەربىسىدىن يىقىلدى. ئۇلارنىڭ تەنلىرى ئۆتمە تۆشۈك بولۇپ كەتتى.

ئاتام غەزەپلىنىپ قاتتىق ۋارقىرىدى. ۋە ئوق تېگىشتىن ھاسىل بولغان تۆشۈكلەرگە بارماقلىرىنى تىقىپ تۇرۇپ، پولنىڭ بىر تاختىيىنى يۇلۇپ چىقاردى. لېكىن، بۇ ئېچىلغان ئورۇندىن يىگىرمە ساتىق بىراقلا ئېتىلدى ۋە خۇددى ۋولقان پارتىلىغاندەك ئېتىلىپ چىققان ئوت تاملارغا ئۇرۇلدى.

بۇ قىيامەتتەك گۈلدۈر - تاراقلار، بۇ دەھشەتلىك ۋارقىراشلار ئىچىدە ئەڭ قاتتىق ئېتىلغان ئىككى پاي ئوق ئاۋازى ۋە ئىككى قېتىم ۋارقىرىغان ئېچىنىشلىق ئاۋاز مېنى گوياكى ئوتتىن ئېلىپ مۇزغا سالغاندەك بولدى. بۇ ئىككى پاي ئوق ئاتامغا ئەجەللىك جاراھەت يەتكۈزدى ۋە ئاتام ئەنە شۇنداق ئىككى قېتىم ئېچى-نىشلىق ۋارقىرىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ پەنجىرىنى تۇتۇۋېلىپ، يىقىلمىدى. ئاتام ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆلۈش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىشىكنى تارتقىلى تۇردى، لېكىن ئىشىك ئىچىدىن ئېتىپ قويۇلغانىدى.

ئاتامنىڭ ئەتراپىدا نەۋكەرلەر جان تالىشىپ تىپىرلاپ يا-تاتتى. ئۇلاردىن ئوق تەگمىگەن ياكى يېنىك يارىدار بولغان ئىككى - ئۈچى دېرىزىگە سەكرەپ چىقىۋېلىشتى.

بۇ چاغدا ئاستىدىن ئۇرۇلۇۋاتقان زەربىلەردىن پۈتۈن پول قاراسلاپ سۇندى. ئاتام بىر تىزىغا يىقىلدى. دەل شۇ پەيتتە قىلىچ، تاپانچا، خەنجەرلەر بىلەن قوراللانغان 20 قول ئاتامغا كۆتۈرۈلدى. شۇ 20 قولنىڭ زەربىسى بىراقلا بىر ئادەمنىڭ ئۈستىگە ئۇرۇلدى. گوياكى ئاتامنىڭ ئاياغلىرى ئاستىدىن جەھەننەمنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ كەتكەندەك بولدى. بۇ غالجىرلاشقان



ئالۋاستىلار تۇتاشتۇرۇۋەتكەن ئوت يالقۇنلىرى ئىچىدە ئاتام غايىپ بولدى.

مەن يەرگە يىقىلىپ چۈشۈۋاتقانلىقىمنى سەزدىم. ئانام ھوشىدىن كەتتى....

گايدە ئىڭرىغان ھالدا قوللىرىنى تىزلىرىنىڭ ئۈستىگە تاشلىدى ۋە «سېنىڭ تەلىپىڭ بويىچە سۆزلەپ بەرگىنىمدىن رازى بولدۇڭمۇ؟» دېگەندەك قىلىپ گرافقا قارىدى.

گراف ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ، گرېك تىلىدا سۆز قىلدى:

— ئارام ئېلىۋالغىن، قەدىرلىكىم، كۆڭلۈڭنى بۇزما. يادىڭ-دا بولسۇن، خائىنلارنى جازالايدىغان خۇدا بار.

— بۇ نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق ۋەقە، گراف، — دېدى ئالبېر ۋە گايدەنىڭ تاتىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، قاتتىق ئەنسىرىدى، — مەن ئۇنى سۆزلەشكە تەكلىپ قىلىپ، ئىنتايىن رەھىمسىزلىك قىلغانلىقىمنى چۈشەندىم.

— ھېچقىسى يوق، — دېدى مونتې - كرىستو ۋە قىزنىڭ تۆۋەن قارىتىلغان بېشىغا قولىنى قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — گايدە يۈرەكلىك قىز. ئۇ بەزى چاغلاردا ئۆزىنىڭ بەختسىز-لىكلىرىنى سۆزلىسە يېنىكلەپ قالىدۇ.

— بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، غوجام، بەختسىزلىكلىرىمنى ئويلىسام، سېنىڭ ياخشىلىقلىرىڭنىڭ قەدرىگە يېتىمەن، — دېدى گايدە تېتىكلەشكەن ھالدا.

ئالبېر ئۇنىڭغا قىزىقسىنىپ قارىدى. ئۇ، قانداق قىلىپ گرافنىڭ قۇلى بولۇپ قالغانلىقى ھەققىدە تېخى ئېغىز ئاچمى-غانىدى. گايدە گراف بىلەن ئالبېرنىڭ كۆزلىرىدىن شۇ ھەقتە سۆزلەپ بېرىشنى خالايدىغانلىقىنى پەملىدى ۋە يەنە سۆزلىدى:

— ئانام ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن بىزنى سەركەردە خۇرشىدنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىشتى.

«مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكىلار، — دېدى ئانام، — لېكىن ئەلىنىڭ تۇل قالغان ئايالىنىڭ نومۇسىغا تەگمەڭلار».

«بۇ گېپىڭنى ماڭا ئېيتما» — دېدى خۇرشىد.

«ئەمىسە كىمگە ئېيتىمەن؟»

«يېڭى خوجايىنىڭغا ئېيت».

«كىم ئۇ؟»

«مانا بۇ كىشى».

خۇرشىد ئاتامنى ئۆلتۈرۈشتە ھەممىدىن بەكرەك كۈچ چىقارغانلاردىن بىرىنى كۆرسەتتى، — دېدى گايدە ۋە ئۇنىڭ كۆزلىرى غەزەپتىن چاقناپ كەتتى.

— شۇنداق قىلىپ، — دېدى ئالبېر، — سىلەر شۇ كىشىنىڭ قول ئاستىغا ئۆتۈپ قالدىڭلارمۇ؟

— ياق، — دېدى گايدە، — ئۇ بىزنى يېنىدا ساقلاشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇ بىزنى كونستانتىنوپولغا كېتىۋاتقان قۇلدارلارغا سېتىۋەتتى. بىز پۈتۈن گرېتسىيىنى كېزىپ ئۆتۈپ، جېنىمىز ئاز قالغان ھالدا ئىمپېراتور ئوردىسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ توختىدۇق. ئوردا ئالدىدا نۇرغۇن كىشىلەر توپلىشىپ تۇراتتى. كىشىلەر بىزگە يول بوشىتىپ بېرىشتى. ئانام ھەممە كىشىلەر قاراۋاتقان تەرەپكە قارىدى ۋە ئۇشتۇمتۇت ۋارقىراپ تاشلىدى. ئۇ، دەرۋازا ئۈستىدە نەيزە بىلەن سانجىپ قويۇلغان بىر باشنى ماڭا كۆرسەتتى - دە، يىقىلىپ چۈشتى. شۇ باشنىڭ تېگىگە «يانىنا پادىشاھى ئەلى تەبەلىنىڭ بېشى» دەپ يېزىپ قويۇلغانىدى.

مەن يىغلاپ تۇرۇپ ئانامنى تۇرغۇزۇشقا ئۇرۇندۇم. قارىسام ئۇ ئۆلۈپ قاپتۇ!



مېنى بازارغا ئېلىپ بېرىشتى. ئۇ يەردە مېنى بىر باي ئەرمەن سېتىۋالدى. ئۇ مېنى بېقىپ ئۆستۈردى، ئوقۇتقۇچىلارنى ئەكېلىپ، مېنى ئوقۇتتى. شۇ تەرىقىدە مەن 13 ياشقا كىرگەندە، ئۇ مېنى سۇلتان مەھمۇدقا سېتىپ بەردى.

— ئەنە شۇ سۇلتان مەھمۇدنىڭ قولىدىن ئۇنى مەن ئالدىم، — دېدى مونتې - كرىستو، — يادىڭىزدا بولسا كېرەك، ئالبېر. مەن مەجۇن سالىدىغان ھېلىقى زۇمرەت قۇتىدىن بىرنى بېرىپ، ئۇنى سېتىۋالدىم.

— ئاھ، سەن نېمىدېگەن ئاق كۆڭۈل، نېمىدېگەن ئۇلۇغ ئىنسان، مېنىڭ غوجام، — دېدى گايدە ۋە مونتې - كرىستونىڭ قوللىرىنى سۆيدى، — مەن سېنىڭ پاناھىڭغا ئۆتۈپ بەختىمنى تاپتىم!

ئالبېر بۇ سۆزلەردىن ھەيرەتتە قالدى.

— قەھۋىڭىزنى ئىچىۋېتىڭ، — دېدى گراف ئۇنىڭغا، — ھېكايە تامام بولدى.

## يىگىرمە بەشىنچى باب

## يانىنادىن خەۋەر

فرانس نۇئارتيېنىڭ ھۇجرىسىدىن شۇنداق ئېزىلگەن ۋە ھودۇققان ھالدا قايتىپ چىقتىكى، ھەتتا ۋالېنتىنانىڭمۇ ئۇنىڭغا ئېچى ئاغرىپ قالدى.

بۇ كۆڭۈلسىز ئويۇن جەريانىدا ئاران بىرنەچچە ئېغىز پاھلاشمىغان سۆزنىلا ئېيتىپ، ئۆز ئىشخانىسىغا چىقىپ كەتكەن

ۋىلفور ئىككى سائەت ئۆتكەندىن كېيىن تۆۋەندىكى خەتنى تاپشۇرۇۋالدى:

«بۈگۈنكى ئىشتىن ئايان بولدىكى، نوئارتيې ۋىلفور ئەپەندى ئۆز ئائىلىسى بىلەن فرانس ئەپىنە ئائىلىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇغقانلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ئورنىتىلىشىغا رازى بولماسلىقى تۇرغان گەپ. ۋىلفور ئەپەندىنىڭ بۈگۈن ئاشكارا قىلىنغان ئىشلاردىن هازىرغا قەدەر ئېغىز ئاچمىغانلىقى فرانس ئەپىنەگە بەك ئەلەم قىلدى».

شۇ تاپتا بۇ زەربىدىن مۆكچىيىپ قالغان خانىلىق مۇپەتتىشنى كۆرگەن كىشى «ۋىلفور بۇنداق زەربىنىڭ كېلىشىنى كۈتمىگەنىكەن.» دەپ ئويلىشى مۇمكىن ئىدى. دەرۋەقە، ۋىلفور ئاتىسىنىڭ ھەممە گەپنى بۇنداق ئېچىۋېتىشىنى، توغرىسى، بۇنداق رەھىمسىزلىك قىلىشىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. نوئارتيې ئەپەندى ئوغلىنىڭ كۆز قاراشلىرىغا ئانچە ئەھمىيەت بەرمەيدىغان بولغاچقا، بۇ ۋەقەنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەرمىگەنىدى. شۇڭا، ۋىلفور گېنېرال كېنېلنى، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، بارون ئەپىنەنى قاتىلنىڭ قولىدا ئۆلدى دەپ ئويلاپ يۈرەتتى، ئۇنىڭ بىرگە-بىر چىققان مەردلەرچە ئېلىشىشتا ئۆلگەنلىكىنى بىلمەيتتى.

شۇنچە ئەدەبلىك بولغان بۇ يىگىتنىڭ مۇشۇنداق قوپاللىق بىلەن يېزىلغان بۇ خېتى ۋىلفورنىڭ غۇرۇرىغا ئىنتايىن قاتتىق تەسىر قىلدى.

ۋىلفور ئىشخانىسىغا كىرىپ تۇرۇشىغا كەينىدىن ئايالى كىردى. نوئارتيې ئەپەندىنىڭ يېنىغا كىرىپ كەتكەن فرانسنىڭ ئۇشتۇمتۇت قايتىپ كېتىشى ھەممەيلەننى شۇنچىلىك ئەجەبلەندۈردىكى، نوتارىئۇس ۋە گۇۋاھچىلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ئولتۇرغان



ۋىلفور خانىم تولىمۇ ئوڭايسىزلاندى. ئاخىرى، ئۇ، نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئۇقۇپ كېلەي دەپ چىقىپ كەتكەنىدى.

ۋىلفور ئۇنىڭغا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەنى ئۇقتۇردى ۋە ئەمدى ۋالېنتىنا بىلەن فرانسنىڭ تويىنى قىلىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئېيتتى.

نوتارىئۇس بىلەن گۇۋاھچىلارغا بۇ گەپنى ئېيتىشقا بولمايتتى. شۇڭا، ۋىلفور خانىم سارايغا قايتىپ چىقىپ، «نوئارتيې ئەپەندىنىڭ ئەھۋالى ئۆزگىرىپ قالغانلىقى ئۈچۈن نىكاھ كېلىشىمگە ئىمزا قويۇش ئىشىنى بىر-نەچچە كۈن كېيىنىگە سۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ» دەپ قويدى.

نوتارىئۇس ۋە گۇۋاھچىلار ھەيران بولۇپ، بىر-بىرىگە قاراشتى ۋە گەپ قىلماستىن قايتىپ كېتىشتى.

ھەم شادلانغان ھەم قورقۇپ كەتكەن ۋالېنتىنا ئۆزى ئۈزۈش مۇمكىن ئەمەس دەپ ئويلىغان زەنجىرنى بىر ئۆرۈپلا ئۈزۈۋەتكەن دەرمانسىز بوۋايىنى مېھرى بىلەن سۆيۈپ قويدى ۋە ئۆز ھۇجرىسىغا چىقىپ ئارام ئېلىشقا رۇخسەت سورىدى. نوئارتيې كۆزلىرى ئارقىلىق رۇخسەت قىلغانلىقىنى ئىپادىلىدى.

ۋەھالەنكى، ۋالېنتىنا بوۋىسىنىڭ يېنىدىن چىقىپ، ئۆز ھۇجرىسىغا كىرمەستىن، كارىدوردىن ئۆتۈپ، كىچىك ئىشىكتىن باغقا چىقتى. بۇ ئىشلار بولۇپ ئۆتكىچە يوشۇرۇن تەشۋىشتىن ئۇنىڭ يۈرىكى سىقىلىپ تۇرغانىدى. ئۇ، ھېلىدىن ھېلىغا موررېلنى خۇددى «لامېرمۇر قىزى» دراممىسىدىكى رېۋېنسۋوردەك تاتىرىپ كەتكەن ۋە قاپىقى سېلىنغان ھالدا كىرىپ كېلىدۇ دەپ ئەندىشە قىلاتتى.

ۋالېنتىنا باغدىكى رېشاتكا يېنىغا دەل ۋاقتىدا ئۈلگۈرۈپ كەلدى. ماكسىمىلىئان فرانس بىلەن ۋىلفورنىڭ قەبرىستانلىقتىن بىللە قايتقانلىقىنى كۆرۈپ، بۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنگەن

ۋە ئۇلارنىڭ كەينىدىن ماڭغانىدى. ئۇ، فرانسىنىڭ بۇ ئۆيگە كىرگەنلىكىنى ئاندىن قايتىپ چىقىپ، بىر مەھەل ئۆتكەندىن كېيىن ئالبېر بىلەن شاتو - رېنونى باشلاپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ نېمە ئىش بولىدىغانلىقىنى چۈشەندى ۋە ۋالېنتىنا چوقۇم بىر ئامال قىلىپ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ، كۆكتاتلىققا ئۆزىنى ئاتتى.

ئۇنىڭ ئويلىغىنى توغرا بولۇپ چىقتى. ئۇ يوچۇقتىن قارىغانىدى، ئادەتتىكىدەك ئېھتىيات چارىلىرىنى كۆرمەستىن ئۇدۇل دەرۋازا تەرەپكە يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان ۋالېنتىنانى كۆردى. ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا كۆڭلى جايىغا چۈشتى ۋە ئۇنىڭ بىرىنچى سۆزىنى ئاڭلاش بىلەنلا خۇشاللىقتىن سەكرەپ كەتتى.

— قۇتۇلدۇق! — دەپ خىتاب قىلدى ۋالېنتىنا.

— قۇتۇلدۇق! — دەپ تەكرارلىدى موررېل ئۆز بەختىگە ئىشەنمىگەن ھالدا، — كىم بىزنى قۇتۇلدۇردى؟

— بوۋام، ئۇنى مەڭگۈ قەدىرلەڭ، موررېل!

موررېل بوۋاينى چىن قەلبىدىن قەدىرلەشكە قەسەم قىلدى. ئۇنىڭ بۇنداق قەسەم قىلىشى ئوڭاي ئىدى، چۈنكى ئۇ شۇ پەيتتە نۇئارتيېي بوۋاينى دوستى ياكى ئاتىسىدەك كۆرۈپ قەدىرلەش بۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئۇنى خۇدادەك كۆرۈپ، ئۇنىڭغا سەجدە قىلىشقا تەييار ئىدى.

— ئۇ بىزنى قانداق قىلىپ قۇتۇلدۇردى؟ — دەپ سورىدى موررېل، — ئۇ نېمە قىلدى؟

ۋالېنتىنا بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىشكە تەمشەلدى - يۇ، ئەمما شۇ ھامان بۇ ئىشتىكى دەھشەتلىك مەخپىيەتلىكنى ۋە بۇ مەخپىيەتلىككە بوۋىسىدىن باشقا كىشىلەرنىڭمۇ چېتىلغانلىقىنى ئەسلىدى.

— كېيىن ئېيتىپ بېرىمەن، — دېدى ۋالېنتىنا.



— قاچان؟

— سىزنىڭ ئايالىڭىز بولغاندىن كېيىن.

موررېل بۇنداق گەپنى ئاڭلىسا، ھەر قانداق ئىشقا ماقۇل دەيتتى. شۇڭا، ئۇ ۋالېنتىنانىڭ گېپىگە ئىتائەتمەنلىك بىلەن قانائەت قىلدى ۋە دەرھال قايتىپ كېتىشكىمۇ رازى بولدى، لېكىن ئۇنىڭ بىلەن ئەتە ئاخشاملىققا يەنە كۆرۈشۈشنى شەرت قىلدى. ۋالېنتىنا ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلىشقا ۋەدە بەردى. ئۇنىڭ نەزەرىدە ئەھۋال پۈتۈنلەي ئۆزگەرگەنىدى. بىر سائەت ئىلگىرى ئۇ فرانسقا ياتلىق بولمايدىغانلىقىغا ئانچە ئىشىنەلمىگەن بولسا، ئەمدى ماكسىمىلىئانغا ياتلىق بولىدىغانلىقىغا تولۇق ئىشەنگەنىدى.

شۇ ئەسنادا ۋىلفور خانىم نۇئارتيېنىڭ يېنىغا كىردى. نۇئارتيې ھەر دائىمقىدەك، ئۇنىڭغا سوغۇق نەزەر سالدى.

— تەقسىر، — دېدى ۋىلفور خانىم ئۇنىڭغا، — بولىدىغان ئىش بولدى. ۋالېنتىنانىڭ تويىنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى ئېيتىشىمنىڭ ھاجىتى يوق.

نۇئارتيېنىڭ سىياقىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى.

— لېكىن سىز بىلمەيسىز، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ۋىلفور خانىم، — مەن باشتىن - ئاياغ بۇ تويغا قوشۇلمىغانىدىم.

نۇئارتيې كېلىنىنىڭ نېمە دېمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشەنگەندەك قىلىپ قارىدى.

— ئەمدى، سىز قوشۇلمىغان بۇ توي بۇزۇلدى. مەن سىزدىن بىر نەرسىنى ئۆتۈنۈپ سوراش ئۈچۈن كىردىم، چۈنكى بۇ گەپنى ئېردەممۇ، ۋالېنتىنامۇ سىزگە ئېيتالمايدۇ.

نۇئارتيې ئۇنىڭغا سوئال نەزەرى بىلەن قارىدى.

— سىزدىن ئۆتۈنۈپ سورايمەن، — سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ۋىلفور خانىم، — بۇ گەپنى قىلىشقا يالغۇز مەنلا ھەقلىق،

چۈنكى بۇ ئىشتا يالغۇز مەنلا خالىس ئورۇندا تۇرىمەن. نەۋرە قىزىڭىزنى مۇھەببىتىڭىزدىن مەھرۇم قىلماڭ دېمەكچى ئەمەسمەن، چۈنكى سىزنىڭ مېھىر - مۇھەببىتىڭىز پۈتۈنلەي شۇ قىزغا بېرىلگەن. سىزدىن سورايدىغىنىم، ئۇنى مىراسىڭىزدىن مەھرۇم قىلماڭ.

نوئارتىيېنىڭ كۆزلىرىدە ئىككىلىنىش ئالامىتى ئىپادىلەندى. قارىغاندا، ئۇ، بۇ ئۆتۈنۈشنىڭ سەۋەبىنى بىلمەكچى بولۇپ، بىلەلمەيۋاتقاندەك ئىدى.

— تەقسىر، — دەپ سورىدى ۋىلفور خانىم، — سىزنىڭ مۇددىئايىڭىز مېنىڭ مۇددىئايىمغا ئوخشاش ئىكەنلىكىگە ئىشەنسەم بولامدۇ؟

— ھەئە، — دېگەننى ئىپادىلىدى نوئارتىيې.

— ئۇنداق بولسا، ئۆزۈمنى بەختلىك ھېس قىلىمەن ۋە سىزگە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن، — دېدى ۋىلفور خانىم ۋە بوۋايغا تەزىم قىلىپ چىقىپ كەتتى.

ئەتىسى نوئارتىيې نوتارىئۇسنى چاقىرتتى. دەسلەپكى ۋەسىيەتنامە ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، يېڭى ۋەسىيەتنامە تۈزۈلدى. بۇ ۋەسىيەتنامىدە ئۇنىڭ بارلىق مىراس مۈلكى ۋالېنتىناغا تەئەللۇق قىلىندى ۋە ۋالېنتىنانى بوۋىسىنىڭ يېنىدىن ئايرىماسلىق شەرتى قويۇلدى.

ئەر - خوتۇن سېن - مېرانلارنىڭ مىراسخورى بولغان ۋە ئەمدى يەنە بوۋىسى نوئارتىيېنىڭمۇ مىراسىغا ئىگە بولغان ۋالېنتىنا خانقىزنىڭ كۈنلەرنىڭ بىرىدە 300 مىڭ لىۋر يىللىق دارامەتكە ئىگىدارچىلىق قىلىدىغانلىقىنى ھېسابلاپ چىققان كىشىلەرمۇ تېپىلدى.

شۇ ئارىدا گراف مونتې - كرىستو گراف مورسېرنى يوقلاپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن، گراف مورسېر دانگلارغا ئۆزىنىڭ



رازىمەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن بايراملىق گېنېرالچە كىيىمىنى كىيىپ، بارلىق ئوردېنلىرىنى تاقىدى ۋە ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى ھارۋىسىنى كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى.

ئۇ ئانتېن كوچىسىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن دانگلارغا ئۆزىنىڭ كەلگەنلىك خەۋىرىنى يەتكۈزۈپ قويۇشنى بۇيرۇدى. دانگلار بۇ چاغدا ئۆزىنىڭ بىر ئايلىق كىرىم - چىقىمىنى ھېسابلاش بىلەن مەشغۇل بولۇپ ئولتۇراتتى.

ئاخىرقى ۋاقىتلاردىن بۇيان دانگلارنى روھىي كەيپىياتى ياخشى مەزگىلدە ئۇچرىتىش ئۈچۈن بۇنداق ئىش بىلەن شۇغۇللانمىغان پەيتتە كىرىش كېرەك ئىدى.

دانگلار قەدىناس دوستىنى كۆرگەندىن كېيىن چىرايىغا ئۇلۇغۋار تۈس بېرىپ، كرېسلودا قەددىنى رۇسلاپ ئولتۇردى.

ئەكسىچە، ھەر دائىم خاپىغان بولۇپ يۈرىدىغان مورسېر بۇ قېتىم خۇش خۇي ۋە ئوچۇق چىراي بولۇشقا تىرىشتى. ئۇ، ئۆزىنىڭ تەكلىپىنىڭ خۇشاللىق بىلەن قارشى ئېلىنىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن ھالدا قائىدە - يوسۇنلارنى چەتكە قايرىپ قويۇپ، گەپنىڭ پوسكاللىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

— سىز بىلەن سۆزلەشكىلى كەلدىم، بارون، — دېدى ئۇ، — بىز ئىككىمىز ئۇزۇندىن بېرى ئۆزىمىزنىڭ كونا پىلانلىرىمىز ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ كېلىۋاتىمىز...

مورسېر، بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، باروننىڭ چىرايى ئېچىلىپ كېتىدۇ دەپ ئويلىغانىدى. چۈنكى ئۇ، باروننىڭ بۇنداق قاپقىنىڭ سېلىنىپ كېتىشى ئۆزىنىڭ ئۇزۇنغىچە سۆز ئاچمىغانلىقىدىن بولغان دەپ قىياس قىلاتتى. ھالبۇكى، ئويلىمىغان يەردىن دانگلارنىڭ چىرايى تېخىمۇ تۇتۇلۇپ سۆرۈنلىشىپ كەتتى. ئەنە شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مورسېر گېپىنىڭ ئايىغىنى چىقارماستىن توختاپ قالدى.

— قانداق پىلانلارنى دەيسىز گراف؟ — سورىدى بانكىر خۇددى ئۇنىڭ دېمەكچى بولۇۋاتقىنىنى چۈشەنمىگەندەك قىلىپ.

— سىز بەك رەسمىيەتچىكەنسىز، قەدىرلىك بارون، — دېدى گراف، — مەن بۇ گەپنى قائىدە يوسۇنلىرى بىلەن ئېچىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. ئەپۇ قىلىڭ. مېنىڭ يالغۇز بىرلا ئوغلۇم بار ئەمەسمۇ. ئۆمرۈمدە بىرىنچى قېتىم ئوغلۇمنى ئۆيلەشكە تەرەددۇت قىلىۋاتقىنىم ئۈچۈن بۇنداق ئىشلارغا تېخى خام ئىكەنمەن. رەنجىمەڭ، ئەمدى سىزنىڭ خاھىشىڭىز بويىچە ئىش قىلىمەن.

مورسېر زورغا كۈلۈمسىرەپ، ئورنىدىن تۇردى ۋە دانگلارغا چوڭقۇر تەزىم قىلىپ سۆزلىدى:

— بارون، مەن قىزىڭىز ئېژېنى دانگلار خانىقىزنى ئوغلۇم ۋىكونت ئالبېر مورسېرغا سوراپ كەلدىم.

مورسېر ئۆزىنىڭ بۇ سۆزلىرىگە ماقۇللۇق جاۋابىنى ئېلىشتىن ئۈمىد كۈتۈشكە ھەقلىق ئىدى. بىراق، دانگلار قاپىقىنى تۈردى ۋە گرافنى قايتىدىن ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلمايلا سۆزلىدى:

— گراف، سىزگە جاۋاب بېرىشتىن ئاۋۋال ئويلاپ بېقىشىم كېرەك.

— ئويلاپ باقاي دەمسىز؟ — دېدى مورسېر ھەيران بولۇپ، — بۇندىن بۇرۇن ئويلاپ بېقىشقا ۋاقتىڭىز يەتمىگەنمىدى؟ بىز سىز بىلەن بۇ توي ھەققىدە تۇنجى قېتىم سۆزلەشكەندىن بېرى سەككىز يىل ئۆتۈپ كەتتىغۇ.

— ئەھۋال ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، گراف، — دېدى دانگلار، — ئادەملەرمۇ ئەھۋالغا قاراپ مەقسەتلىرىنى ئۆزگەرتىپ تۇرىدۇ.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ — دەپ سورىدى گراف، — گېپىڭىزنى چۈشىنەلمىدىم، بارون.



— شۇنى دېمەكچىمەنكى، ئەفسىر، ئىككى ھەپتىدىن بۇيانقى ئەھۋاللار...

— توختاڭا، — دېدى مورسېر، — بۇنداق كومېدىيە ئويناشنىڭ نېمە ھاجىتى؟

— قانداق كومېدىيە؟

— ئوچۇق - يورۇق سۆزلىشەيلى.

— مەرھەمەت.

— سىز گراف مونتې - كرىستو بىلەن كۆرۈشكەنمىدىڭىز؟

— مەن ئۇنىڭ بىلەن دائىم كۆرۈشۈپ تۇرىمەن، — دېدى دانگلار ماختانغان ھالدا، — ئۇ مېنىڭ دوستۇم.

— ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشكەندە سىز ئۇنىڭغا مېنى بۇ توي ئىشىغا كەلگەندە ئۇنتۇتقاق ۋە جۈرئەتسىز بولۇپ قالدى دەپتىكەنسىز.

— توغرا.

— مانا كۆرۈپ تۇرۇپسىزكى، مەن ئۇنتۇتقاقمۇ ئەمەس، جۈرئەتسىزمۇ ئەمەس. ئەكسىچە سىزنىڭ ۋەدىڭىزگە ئەمەل قىلىشىڭىزنى سوراپ ئالدىڭىزغا كەلدىم.

دانگلار گەپ قىلمىدى.

— ئەمىسە ۋەدىڭىزدىن يېنىۋالغان ئوخشىمامسىز؟ — دېدى يەنە مورسېر، — ياكى مېنى مەسخىرە قىلىپ ھۇزۇرلىنىش ئۈچۈن ماڭا گەپ ئاچقۇزدىڭىزمۇ؟

دانگلار ئەگەر سۆھبەتنى مۇشۇ تەرىقىدە داۋاملاشتۇرىۋەرسە ئۆزىنىڭ بىر كۆڭۈلسىزلىككە قېلىشىنى چۈشەندى.

— گراف، — دېدى ئۇ، — مېنىڭ بۇ ئىشقا ئالدىرىمايۋاتقىنىمغا ھەيران بولۇشىڭىز تامامەن ئورۇنلۇق. كۆڭلىڭىزنى چۈشىنىپ تۇرىۋاتىمەن. ئىشەنسىڭىز، مەن ئۆزۈممۇ ئىنتايىن ئەپسۇسلىنىۋاتىمەن، لېكىن بەك مۇھىم بولغان بەزى مەسىلىلەر مېنى مۇشۇنداق قىلىشقا مەجبۇر قىلىۋاتىدۇ.

— بۇنىڭ ھەممىسى قۇرۇق باھانە، تەقسىر، — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى گراف، — مېنىڭ ئورنۇمدا باشقا كىشى بولسا، مۇشۇ گەپلىرىڭىز بىلەن ئىشنى پۈتتۈرۈشى مۇمكىن، لېكىن گراف مورسېر سىز بىلەن بىرىنچى قېتىم يۈز كۆرۈشۈپ تۇرغان كىشى ئەمەس. مەن بىر كىشىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ ۋەدىسىنى ئەسلەتسەم، ئۇ كىشى ئۆز ۋەدىسىدىن باش تارتقان شارائىتتا ھېچبولمىغاندا بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۇقۇپ بېقىش ھوقوقۇم بار.

دانگلار قورقۇنچاق ئادەم ئىدى، لېكىن قورقۇنچاقلىقىنى چاندۇرۇشنى خالىمايتتى. مورسېرنىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭ ئاجىز يېرىگە تەگدى.

— سەۋەبقۇ بار، — دېدى ئۇ.

— نېمىدېمەكچىسىز؟

— شۇنى دېمەكچىمەنكى، سەۋەب بولغان بىلەن، بۇ سەۋەبنى سىزگە ئېيتىش تەس.

— ئويلاپ بېقىڭ، — دېدى مورسېر، — سىزنىڭ بۇنداق چالا گەپلىرىڭىزدىن قانائەت ھاسىل قىلالمايمەن. ھەر ھالدا شۇ نەرسە ئېنىق بولدىكى، سىز بىز بىلەن تۇغقانلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىشنى رەت قىلدىڭىز.

— يوقسۇ، تەقسىر، — دېدى دانگلار، — مەن پەقەت بۇ ئىشنى كېيىنگە قالدۇرماقچىمەن.

— ئەمىسە، ئاخىرى بىر كۈنى ئوچۇق - ئاشكارا رەت قىلىش جاۋابىڭىزنى ئاڭلىغۇچە ياۋاشلىق بىلەن كۈتۈپ ئولتۇرۇشۇم كېرەك ئىكەن - دە؟

— گراف، ئەگەر كۈتۈشنى مۇۋاپىق تاپمىسىڭىز، بۇ پىلانىمىزنى ئەمەلگە ئاشمىدى دەپ ھېسابلىساق بولىدۇ.

گراف ئۆزىنىڭ تەكەببۇرلۇقى ۋە مىجەزىنىڭ ئىتتىكلىكىنى



تىزگىنلىۋېلىش ئۈچۈن لېۋىنى چىشلىدى. ئۇ، بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئىتتىكلىك قىلسا، پەقەت ئۆزىنىڭلا كۈلكىلىك ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى. ئۇ، ئىشىك تەرەپكە ماڭدى - دە، تۇساتتىن ئويلىنىپ قېلىپ، يەنە قايتىپ كەلدى. گوياكى ئۇنىڭ يۈزىگە بىر قارا سايە چۈشكەندەك بولدى، چىرايىدىكى غۇرۇرى ھاقارەتلەنگەنلىك ئىپادىسى ئەمدى غۇۋا دىلغۇللۇق ئالامەتلىرىگە ئالماشتى.

— ماڭا قاراڭ، قەدىرلىك دانگلار، — دېدى ئۇ، — سىز بىلەن بىز يېڭى تونۇشقان ئادەملەر ئەمەس. بىر - بىرىمىزگە بۇنداق قاتتىقلىق قىلساق بولمايدۇ. بۇ گەپلىرىڭىزنىڭ تېگى - تەكتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشىڭىزنى سورايمەن. ئوغلۇمغا بولغان كۆز قارىشىڭىزنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆزگىرىپ قالغانلىقىنى بىلىشىم كېرەكقۇ.

— بۇ ئىش شەخسەن ۋىكونتقا مۇناسىۋەتلىك ئەمەس. سىزگە ئېيتالايدىغان گېپىم شۇ، — دېدى دانگلار. ئۇ، مورسېرنىڭ سەل يۇمشىغانلىقىنى كۆرۈپ يەنە كۆرەڭلەشكە باشلىغانىدى.

— ئەمىسە كىمگە مۇناسىۋەتلىك؟ — دەپ سورىدى مورسېر. ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ، ئاۋازى ئۆزگىرىپ كەتتى.

دانگلار ئۇنىڭ تەڭلىكتە قالغىنىنى پەملەپ، ئۇنىڭغا ئادەتتىكىدىن بەكرەك مەنمەنلىك بىلەن قارىدى.

— گەپنى ئېچىۋەتمىگىنىمگە رەھمەت دەڭ، — دېدى ئۇ.

مورسېر زورغا بېسىۋېلىنغان غەزەپتىن تىترەپ كەتتى.

— بۇنى سوراشقا ھوقۇقۇم بار، — دېدى ئۇ، — گەپنىڭ توغرىسىنى ئېيتىشىڭىزنى تەلەپ قىلىمەن. مورسېر خانىمغا نارازىلىقىڭىز بارمۇ؟ ياكى مېنى ئانچە باي ئەمەس دەمسىز؟ ۋە ياكى سىزنىڭ كۆز قاراشلىرىڭىز مېنىڭكىگە ئوخشىمامدۇ؟

— ئۇنداق ئەمەس، — دېدى دانگلار، — سىز بىلەن

ۋەدىلەشكەن چېغىمىزدا مەن بۇلارنى بىلەتتىم. بولدى، سوراۋەرمەڭ. سىزنى بۇنداق بىئارام قىلىپ قويغىنىمدىن ئەپسۇسلىنىۋاتىمەن. ئەمدى بۇ گەپنى قويايلى. ئوتتۇردىكى يولنى تاللايلى، مۇناسىۋىتىمىزنى ئۈزۈۋەتمەيلى، مەجبۇرىيەتلەرگىمۇ تۇتۇش قىلمايلى. ئالدىراپ نېمە قىلىمىز؟ مېنىڭ قىزىم تېخى ئەمدىلا 17 ياشقا كىردى. سىزنىڭ ئوغلىڭىز 21 ياشتا. ئالدىرىمايلى. يەنە بىر مەزگىل ئۆتسۇن. بۈگۈن ئېنىق بولماي تۇرغان مەسىلىلەر ئەتە ئايدىڭلىشىپ قېلىشى مۇمكىن. ئەڭ ئەجەللىك تۆھمەتمۇ بىر كۈندىلا ئاغدۇرۇلۇپ كېتىشى مۇمكىنغۇ.

— تۆھمەت؟ — دەپ خىتاب قىلدى مورسېر ئۆلگۈدەك تاتىرىپ كېتىپ، — ماڭا چاپلانغان تۆھمەت بارمىكەن؟

— سوراۋەرمەڭ دېدىمغۇ، گراف.

— ئەمىسە، سىزنىڭ رەت قىلىشىڭىزغا سۈكۈت قىلىپ تۇرسام بولامدۇ، تەقسىر؟

— بۇنداق رەت قىلىش ماڭىمۇ بەك ئېغىر تۇيۇلۇۋاتىدۇ، تەقسىر. شۇنداق، سىزگە قارىغاندا ماڭا تېخىمۇ ئېغىر تۇيۇلۇۋاتىدۇ، چۈنكى مەن سىز بىلەن قۇدا بولۇش شەرىپىنى ئۈمىد قىلىپ كەلگەنىدىم. ۋەھالەنكى، ئەمەلگە ئاشمىغان توي يىگىتكە قارىغاندا قىزنىڭ شەنىگە كۆپرەك داغ چۈشۈرىدۇ.

— ماقۇل، تەقسىر، بۇ گەپنى قويايلى. — دېدى مورسېر ۋە پەلەيلىرىنى زەردە بىلەن سىقىملىۋېلىپ چىقىپ كەتتى.

دانگلار شۇنىڭغا دىققەت قىلدىكى، مورسېر دانگلارنىڭ ۋەدىسىدىن يېنىۋالغانلىقى شەخسەن ئۇنىڭ ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىنمۇ دېگەن مەسىلىنى بىر قېتىممۇ سوراشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

شۇ كۈنى كەچتە دانگلار بىرنەچچە بۇرادىرى بىلەن ئۇزاق سۆھبەتلەشتى. باشتىن-ئاياغ ساراي ئۆيدە خانىملارغا ھەمراھ



بولغان كاۋالكانتى ئۇنىڭ ئۆيىدىن ئەڭ ئاخىردا قايتتى.

ئەتىسى دانگلار ئويقۇدىن كۆزىنى ئېچىپلا گېزىتلەرنى سورىدى. گېزىتلەر كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇ باشقىلىرىنى بىر چەتكە ئىتتىرىپ قويۇپ، «خالىس ئاۋاز» گېزىتىنى قولىغا ئالدى.

بۇ گېزىتنىڭ مۇھەررىرى بوشان ئىدى.

دانگلار گېزىتنى ئالدىراشلىق بىلەن ئاچتى-دە، باش ماقالىغا قاراپمۇ قويماستىن، خەۋەرلەرگە كۆز يۈگۈرتتى ۋە زەھەرخەندىلىك بىلەن كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، «يانىنادىن خەۋەر» دېگەن سۆزلەر بىلەن باشلىنىدىغان ماقالىنى ئوقۇشقا كىرىشتى.

— ياخشى، — دېدى ئۇ، ماقالىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، — مانا، پولكوۋنىك فېرنان ھەققىدە يېزىلغان قىسقىغىنا ماقالە. بۇ ماقالە مېنى گراف مورسېرغا يۈزتۇرانە رەددىيە بېرىش ئاۋارىگەرچىلىكىدىن خالاس قىلىشى مۇمكىن.

دەل شۇ مەزگىلدە، يەنى ئەتىگەن سائەت توققۇزدا ئالبېر مورسېر باشتىن-ئاياغ قارا رەڭدە كىيىنىپ، ھەممە تۈگمىلىرى ئېتىلگەن، تاتىرىپ كەتكەن ۋە ھاياجانلانغان ھالدا گراف مونتې-كرىستونىڭ يېلىسەي دالىسىدىكى ئۆيىگە كەلدى.

— گراف يېرىم سائەت ئىلگىرى چىقىپ كەتكەنىدى، — دېدى دەرۋازىۋەن.

— باتىستېننى بىللە ئېلىپ كەتتىمۇ؟ — دەپ سورىدى مورسېر.

— ياق جانابىي ۋىكونت.

— ئەمىسە، باتىستېننى چاقىرىپ قويسۇڭىز، دەيدىغان گېپىم بار.

دەرۋازىۋەن باتىستېننى چاقىرىش ئۈچۈن كىرىپ كېتىپ، بىر مىنۇتتىن كېيىن ئۇنى باشلاپ چىقتى.

— دوستۇم، — دېدى ئالبېر، — كاجلىق قىلىپ كەتمەي تۇرۇۋالغىنىمنى ئەپۇ قىلىڭ، لېكىن مەن شەخسەن سىزدىن ئۇقۇپ باقماقچىدىم، گراف راستىنلا ئۆيدە يوقمۇ؟

— يوق، تەقسىر، — دېدى باتىستىن.

— مەن ئۈچۈنمۇ يوقمۇ؟

— گراف ھەر دائىم سىزنى كۆرگەندە قانچىلىك خۇشال بولىدىغانلىقىنى بىلىمەن، مەن سىزنى ھەرگىزمۇ باشقىلار بىلەن بىر قاتاردا قويمايمەن.

— گرافقا مۇھىم ئىشىم بار ئىدى. ئۇ قاچان قايتىپ كېلەر؟

— كېچىكمەي قايتىپ كېلەر دەپ ئويلايمەن. ئەتىگەنلىك تاماقنى سائەت ئونغا بۇيرۇپ قويغانىدى.

— ئەمىسە مەن يېلىسېي دالىسىنى بىر قۇر ئايلىنىپ كېلەي. سائەت ئوندا يەنە كېلىمەن. گراف مەندىن بالدۇر كېلىپ قالسا، مېنى كۈتۈپ تۇرسۇن، ئېيتىپ قويۇڭ.

— خوپ، تەقسىر.

ئالبېر ئۆزى كىرا قىلىپ كەلگەن ھارۋىنى گرافنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا قالدۇرۇپ، پىيادە مېڭىپ كەتتى. «تۇل ئاياللار كوچىسى» دىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، ئۇ مىلتىق ئېتىش مەشقى قىلىنىدىغان جاينىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا گرافنىڭ ھارۋىسى تۇرغانلىقىنى كۆردى ۋە يېقىن كېلىپ، ھارۋىكەشنى تونۇدى.

— گراف مەشق مەيدانىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئالبېر.

— شۇنداق، تەقسىر، — دېدى ھارۋىكەش.

دەرۋەقە، ئالبېر مەشق مەيدانىغا يېقىنلاپ كەلگەندە ئوق ئاۋازلىرىنى ئاڭلىدى. ئۇ، ئىچكىرىگە كىردى ۋە ئالدىنقى دەرەخلىق ھويلىدا بۇ يەرنىڭ خىزمەتكارىنى ئۇچراتتى.

— ئەپۇ قىلىڭ، ۋىكونت ئەپەندى، — دېدى خىزمەت-



كار، — بىردەم كۈتۈپ تۇرسىڭىز قانداق بولاركىن؟

— نېمە ئۈچۈن، فىلىپ؟ — دەپ سورىدى ئالبېر. ئۇ، بۇ يەرگە دائىم كېلىپ تۇراتتى، شۇڭا بۇنداق توسقۇنلۇققا دۇچ كېلىپ، ھەيران بولغانىدى.

— چۈنكى، ھازىر مەشق قىلىۋاتقان كىشى پۈتۈن مەشق مەيدانىنى ئۆزى يالغۇز ئىجارىگە ئېلىۋالدى. ئۇ، ھېچقانداق ۋاقىتتا باشقا كىشىلەرنىڭ ئالدىدا تاپانچا ئاتمايدۇ.

— ھەتتا سىزنىڭ ئالدىڭىزدىمۇ ئاتمامدۇ، فىلىپ؟

— ھەئە، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن مۇشۇ يەردە تۇرۇۋاتىمەن-دە.

— ئۇنىڭغا تاپانچىنى كىم ئوقلاپ بېرىۋاتىدۇ؟

— ئۆزىنىڭ مالىيى.

— قارا تەنلىكمۇ؟

— نېگىر.

— ھە، شۇ ئىكەن-دە.

— ئۇ جانابنى تونۇمسىز؟

— مەن شۇ كىشىنى ئىزلەپ كەلدىم، ئۇ مېنىڭ دوستۇم.

— ھە، ئەمىسە، بۇ باشقا گەپ. مەن ئۇنىڭغا ئېيتىپ قوياي.

ئەجەبلىنىشنى باسالماي تۇرغان فىلىپ دەرھال مەشق مەيدانىغا كىرىپ كەتتى. كۆپ ئۆتمەي بوسۇغىدا مونتې-كرىستو پەيدا بولدى.

— بۇ يەرگە ئۇسۇپ كىرگىنىمنى ئەپۇ قىلىڭ، گراف، — دېدى ئالبېر، — لېكىن ئالدى بىلەن شۇنى ئېيتىپ قويۇشۇم كېرەككى، خىزمەتكارلىرىڭىزدا گۇناھ يوق. مەن ئۆزۈم مۇشۇنداق جاھىللىق قىلىپ تۇرۇۋالدىم. ئۆيىڭىزگە بارغانىدىم. خىزمەتكارلىرىڭىز سىزنىڭ سەيلە قىلىشقا چىقىپ كەتكەنلىكىڭىزنى ۋە

سائەت ئوندا ئەتىگەنلىك تاماققا كېلىدىغانلىقىڭىزنى ئېيتتىڭىز، مەنمۇ سائەت ئونغىچە ئايلىنىپ كېلەي دەپ، بۇ يەردە سىزنىڭ ھارۋىڭىزنى كۆرۈپ قالدىم.

— مەن بۇ گەپتىن شۇنى مەمنۇنىيەت بىلەن ھېس قىلدىمكى، سىز مەن بىلەن بىللە غىزالىنىشقا كەلگەن ئوخشايسىز.

— رەھمەت سىزگە، ھازىر غىزانى ئويلىغۇدەك ھالىم يوق. باشقا بىر ۋاقىتتا سىز بىلەن غىزالىنىشىم مۇمكىن، بىراق ئۇ چاغدا ئۆلپەتچىلىكىمىز ئانچە كۆڭۈللۈك بولمايدۇ!

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ چۈشەنمىدىم.

— قەدىرلىك گراف، مەن بۈگۈن دۇئېلغا چىقىمەن.

— سىز؟ نېمە ئۈچۈن؟

— ئەلۋەتتە، سوقۇشۇش ئۈچۈن - دە!

— بۇنى بىلدىم، لېكىن نېمە سەۋەبتىن؟ ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن سوقۇشۇش مۇمكىنغۇ.

— مېنىڭ غۇرۇرۇمغا دەخلى يەتتى.

— بۇ جىددىي ئىش ئىكەن.

— ھەقىقەتەن جىددىي ئىش. شۇنىڭ ئۈچۈن سىزدىن ياردەم سوراپ كەلدىم.

— قانداق ياردەم؟

— مېنىڭ سېكۇندانتىم بولۇپ بەرسىڭىز.

— بۇ ئويلىنىشىدىغان ئىش ئەمەس. بۇ گەپنى بۇ يەردە قىلىش ئەپسىز، بىزنىڭكىگە بارايلى. ئەلى، ماڭا سۇ بەرگىن.

گراف يەڭلىرىنى تۈرۈپ، مەشق مەيدانىنىڭ ئىشتىراكچىلىرى قول يۇيىدىغان كىچىك خانىغا كىرىپ كەتتى.

— بۇياققا كىرىڭا، ۋىكونت، — دەپ پىچىرلىدى فىلىپ، — بۇنى كۆرۈپ بېقىڭا، ھەيران قالىسىز.

مورسېر مەشق مەيدانىغا كىردى. قارىغا ئېلىش تاختىيىدا



نىشانلارنىڭ ئورنىغا قارتىلار چاپلاپ قويۇلغانىدى. مورسېرغا يىراقتىن قارىغاندا، گويا رەسىملىك قارتىلاردىن باشقا تۈزدىن ئونلۇققىچە بولغان ھەممە قارتىلار چاپلانغاندەك كۆرۈندى.

— سىز پىكېت ئوينىغانمىدىڭىز؟ — دەپ سورىدى ئالبېر.

— ياق، — دېدى گراف، — رەسىمسىز قارتىلارنى تولۇقلىدىم.

— تولۇقلىدىم؟

— ھەئە. كۆردىڭىزمۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى تۈز بىلەن ئىككىلىك. مېنىڭ ئاتقان ئوقلىرىم ئۇلاردىن ئۈچلىك، بەشلىك، يەتتىلىك، سەككىزلىك، توققۇزلۇق ۋە ئونلۇقلارنى تولۇقلاپ ياسىدى.

ئالبېر يېقىن بېرىپ قارىدى. ھەقىقەتەن، ئوقلار تۈز سىزىق بويىچە ۋە ئوخشاش ئارىلىقلارنى قالدۇرۇپ، كەم بەلگىلەرنى تولۇقلىغان بولۇپ، شۇ بەلگىلەرنىڭ بولۇشقا تېگىشلىك ئورۇنلىرىنى تېشىپ ئۆتكەنىدى.

بۇنىڭدىن باشقا، ئالبېر قارىغا ئېتىش تاختىيىنىڭ ئەتراپىدىن ئۈچ قارلىغاچنى تېرىۋالدى. بۇ قارلىغاچلار ئېھتىياتسىزلىق قىلىپ، گرافنىڭ ئوقى يەتكۈدەك ئارىلىقتا ئۇچۇپ كېلىپ قالغانىدى.

— ئوھوي! — دەپ ۋارقىراپ تاشلىدى ئالبېر.

— بۇنىڭ نېمىسى بار، قەدىرلىك ۋىكونت، — دېدى مونتې - كرىستو، ئەلى سۇنۇپ بەرگەن لۆڭگە بىلەن قوللىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، — بوش ۋاقىتلارنى بىرەر مەشغۇلات بىلەن ئۆتكۈزۈش كېرەك - دە. ھە، قېنى، يۈرۈڭ، مەن سىزنى ساقلاپ تۇرۇۋاتىمەن.

ئۇلار مونتې - كرىستونىڭ پەيتونىغا ئولتۇرۇپ، بىرنەچچە

مىنۇت ئىچىدىلا 30 - نومۇرلۇق قورۇنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا يېتىپ كېلىشتى.

مونتې - كرىستو مورسېرنى ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىغا باشلاپ كىردى ۋە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئىككىيلەن ئولتۇرۇشتى.

— ئەمدى خاتىرجەم پاراڭلىشايلى، — دېدى مونتې - كرىستو.

— ئۆزىڭىز كۆرۈۋاتىسىز، مەن تامامەن خاتىرجەم.

— سىز كىم بىلەن سوقۇشماقچى بولۇۋاتىسىز؟

— بوشان بىلەن.

— ئۇ سىزنىڭ دوستىڭىزغۇ.

— سوقۇشىدىغان ئىش ھامان دوستلارنىڭ ئىچىدىن چىقىدۇ.

— شۇنداقتىمۇ، بۇنىڭ سەۋەبى بولۇشى كېرەك.

— سەۋەب بار.

— ئۇ نېمە قىلدى؟

— تۈنۈگۈن ئاخشام ئۇنىڭ گېزىتىدە... مانا، ئۆزىڭىز ئوقۇپ بېقىڭ.

ئالبېر مونتې - كرىستوغا گېزىتنى بەردى. مونتې - كرىستو تۆۋەندىكىنى ئوقۇدى:

«يانىنادىن خەۋەر:

بىز ھازىرغا قەدەر ھېچكىمگە مەلۇم بولمىغان ياكى ھەر ھالدا ھېچكىم تەرىپىدىن ئېلان قىلىنمىغان بىر ئىشتىن خەۋەر تاپتۇق. شەھەرنى قوغداۋاتقان قورغانلار ۋەزىر ئەلى تەبەلىننىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن فېرنان ئىسىملىك بىر فرانسۇز ئوفىتسېرى تەرىپىدىن تۈركلەرگە سېتىۋېتىلگەن».



— بۇنىڭدا سىزنى خاپا قىلغۇدەك نېمە گەپ بار؟ — دەپ سورىدى مونتې - كرىستو.

— نېمە گەپ بار دېگىنىڭىز قانداق گەپ؟

— يانىنا قورغانلىرى فېرنان ئىسىملىك ئوفىتسېر تەرىپىدىن سېتىۋېتىلگەن بولسا، بۇنىڭغا سىزنىڭ نېمە مۇناسىۋىتىڭىز بار؟

— شۇنداق مۇناسىۋىتىم باركى، مېنىڭ ئاتام گراف مورسېرنىڭ ئىسمى فېرنان.

— ئاتىڭىز ئەلى پاشانىڭ خىزمىتىدە بولغانمىدى؟

— شۇنداق. ئۇ، گرېتسىيىنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ گېزىت خەۋىرى تۆھمەت.

— توختاڭا، قەدىرلىك ۋىكونت، تۈزۈكرەك سۆزلىشەيلى.

— مەرھەمەت.

— ئېيتىڭا، ئوفىتسېر فېرنان بىلەن گراف مورسېرنىڭ بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى فرانسىيىدە كىم بىلىدۇ؟ خاتالاشمىسام، يانىنا 1822 - ياكى 1823 - يىلى مۇنقەرز قىلىنغان. ئەمدى ھازىر يەنە كىم يانىناغا قىزىقىپ قاپتۇ؟

— بۇ گەپنىڭ رەزىللىك يېرى شۇ ئەمەسمۇ. شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى ھېچقانداق گەپ يوق، ئەمدى ئۇشتۇمتۇتلا ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارنى چۇۋۇپ چىقىشتى. بۇنداق قىلىشتىكى قىسمەن ماجرا تۇغدۇرۇش ۋە يۇقىرى مەرتىۋىلىك ئادەمنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرۈشنى قەستلىگەنلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس. مەن ئاتامنىڭ ئىسمىغا ۋارىسلىق قىلىدىغان ئادەم. شۇڭا، بۇ ئىسمىغا ھەتتا گۇماننىڭ سايىسى چۈشۈپ قېلىشىنىمۇ خالىمايمەن. مەن بوشاننىڭ ئالدىغا سېكۇندانتلىرىمنى ئەۋەتىمەن. ئۇ، مۇشۇ ماقالە بېسىلغان گېزىتنىڭ ئۆزىدە بۇ خەۋەرنى رەت قىلسۇن.

— بوشان ھېچنېمىنى رەت قىلمايدۇ.

— ئۇنداق بولسا، ئۇنىڭ بىلەن سوقۇشىمەن.

— ياق، سىلەر سوقۇشمايسىلەر، چۈنكى ئۇ سىزگە گرېتسىيە ئارمىيىسىدە فېرنان ئىسىملىك ئوفىتسېرلاردىن 50 — 60 ى بولغان بولۇشى مۇمكىن دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

— مەيلى. بەربىر سوقۇشىمىز. مەن ئۇنى بۇنداقلا قويۇۋەتمەيمەن... مېنىڭ ئاتام مەرد پىدائىي جەڭچى، ئۇنىڭ ئىسمى شەرەپلىك ئىسىم...

— ئەمىسە ئۇ: «بۇ فېرنان بىلەن خۇددى شۇنداقلا فېرنان ئىسىملىك گراف مورسېرنى بىر ئادەم ئەمەس دېيىشكە ئاساسىمىز بار» دەپ يازسۇن.

— مېنىڭ تەلەپ قىلىدىغىنىم ھەقىقىي، تولۇق ئاقلاش. ئۇنداق گەپلەرگە قانائەت قىلمايمەن!

— ئەمىسە ئۇنىڭغا سېكۇندانتلارنى ئەۋەتەمسىز؟

— شۇنداق.

— ئۇنداق قىلماڭ.

— دېمەك، سىز ماڭا ياردەم قىلمايدىكەنسىز — دە؟

— مېنىڭ دۇئېلغا بولغان كۆز قارىشىمنى ئۆزىڭىز بىلىسىزغۇ. مەن بۇ ھەقتە سىزگە رىمدا سۆزلەپ بەرگەنىدىم. يادىڭىزدا بارمۇ؟

— شۇنداقتىمۇ قەدىرلىك گراف، مەن تېخى بۈگۈنلا سىزنىڭ تاپانچا ئېتىشنى مەشىق قىلىۋاتقىنىڭىزنى كۆردۈمغۇ. بۇ مەشغۇلاتىڭىز كۆز قارىشىڭىز بىلەن ئانچە باغلاشمايدۇ.

— قەدىرلىك دوستۇم، ھېچقانداق ۋاقىتتا كىشىلەردىن ئايرىمچە بولۇۋالغىلى بولمايدۇ. ساراڭلارنىڭ ئارىسىدا ياشىساڭ ئۆزۈڭمۇ ساراڭ بولۇشنى ئۆگىنىۋېلىشىڭ كېرەك. ئادەم ھەر قەدەمدە بىر ھاماقەت تەلۋىگە ئۇچراپ قېلىشى مۇمكىن. خۇددى



سىز بوشان بىلەن سوقۇشماقچى بولغاندەك، مەن بىلەن سوقۇشىمەن دەيدىغان ئادەم چىقىپ قېلىشى ۋە قاملاشمىغان بىر سەۋەبنى ئويدۇرۇپ چىقىپ، مېنى دۇئېلغا چاقىرىشى ياكى ئالدىمغا سېكۇندانتلارنى ئەۋەتىشى مۇمكىن ياكى بولمىسا، جامائەتچىلىك ئىچىدە ماڭا ھاقارەت كەلتۈرۈشى مۇمكىن. مەن بۇنداق تەلۋىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە مەجبۇر بولىمەن.

— دېمەك، سىز ئۆزىڭىزنىڭ دۇئېلغا چىقىش ئېھتىماللىقىڭىزنى چەتكە قاقمايدىكەنسىز — دە؟

— ئەلۋەتتە!

— ئۇنداق بولسا، نېمە ئۈچۈن مېنى سوقۇشماسلىققا دەۋەت قىلىسىز؟

— مەن سىزگە سوقۇشماسلىق كېرەك دېمىدىم. دېمەكچى بولغىنىم، دۇئېل دېگەن ئويلىنىشىدىغان ئىش ئەمەس. شۇڭا، ئوبدان ئويلىنىپ بېقىش كېرەك.

— بوشان مېنىڭ ئاتامغا ھاقارەت كەلتۈرگەندە ئويلىنىپ بېقىپتىمۇ؟

— ئۇ ئويلىنىپ باقمىغان بولسىمۇ ۋە بۇ خەۋەرنىڭ چىنلىقىنى ئېتىراپ قىلسىمۇ، سىزنىڭ ئۇنىڭغا خاپا بولۇشىڭىز توغرا ئەمەس.

— قەدىرلىك گراف، سىز بەك شەپقەتلىك ئىكەنسىز!

— سىز تولىمۇ تەرسا ئىكەنسىز. پەرەز قىلايلى... ئاڭلاۋاتامسىز، پەرەز قىلايلى، دەۋاتىمەن... لېكىن، ماڭىمۇ خاپا بولۇپ يۈرمەڭ جۇمۇ.

— قېنى، سۆزلەڭ.

— پەرەز قىلايلى، خەۋەردىكى گەپ توغرا بولۇپ قالسا...

— ئوغۇل بولغۇچى كىشى ئۆز ئاتىسىنىڭ شەنىگە نۇقسان يېتىدىغان پەرەزلەرگە يول قويمايدۇ.

— بىزنىڭ دەۋرىمىزدە نۇرغۇن ئىشلارغا يول قويۇلىدىغان بولۇۋاتىدۇ.

— دەۋرىمىزنىڭ ئىللىتى ئەنە شۇنىڭدا.

— سىز بۇ ئىللەتنى تۈزەتمەكچىمۇ؟

— ھەئە ماڭا مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردا ئىللەت بولسا، تۈزىتىمەن.

— سىزنىڭ بۇنداق قاتتىقلىقىڭىزنى بىلمەپتىكەنمەن.

— شۇنداق يارىتىلىپ قاپتىمەن.

— ياخشى نىيەتلىك مەسلىھەتلەرنىمۇ ئاڭلىمامسىز؟

— يوقسۇ، دوستلارنىڭ مەسلىھەتلىرىنى ئاڭلايمەن.

— مېنى دوست دەپ ھېسابلامسىز؟

— شۇنداق.

— ئۇنداق بولسا، بوشانغا سېكۇندانتلارنى ئەۋەتىشتىن ئاۋۋال بۇ ئىشنى سۈرۈشتۈرۈپ بېقىڭ.

— كىمدىن سۈرۈشتۈرىمەن؟

— گايدەدىن سوراپ باقسىڭىزمۇ بولىدۇ.

— بۇ ئىشقا ئاياللارنى ئارىلاشتۇرامدىم؟ ئۇ ماڭا نېمە دېيىشى مۇمكىن؟

— ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدا ۋە ئۆلۈشىدە سىزنىڭ ئاتىڭىزنىڭ گۇناھى يوقلۇقىنى ئېيتىشى مۇمكىن. ياكى بەزى مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشى مۇمكىن. ناۋادا ئاتىڭىز سەۋەنلىك قىلىپ...

— قەدىرلىك گراف، سىزگە ئېيتتىمغۇ، بۇنداق پەرەزلەرگە يول قويمايمەن.

— ئەمىسە، بۇ ئۇسۇلنى قوبۇل قىلمامسىز؟

— قوبۇل قىلمايمەن.

— قەتئىي قوبۇل قىلمامسىز؟



— قەتئىي!

— ئۇنداق بولسا، سىزگە يەنە ئەڭ ئاخىرقى بىر مەسلىھىتىم بار.

— ماقۇل، ئەمما بۇ ئەڭ ئاخىرقى مەسلىھەت بولسۇن.

— ياكى گەپ قىلمايلا قويايمۇ؟

— ياق، سۆزلەڭ.

— بوشانغا سېكۇنداتتلارنى ئەۋەتمەڭ.

— نېمىشقا؟

— ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆزىڭىز بېرىڭ.

— بۇ ھېچقانداق قائىدىگە سىغمايدىغان ئىش.

— سىزنىڭ بۇ ئىشىڭىزمۇ باشقا ئىشلارغا ئوخشىمايدۇ.

— نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىغا شەخسەن ئۆزۈم بېرىشىم كېرەك؟

— چۈنكى، شۇنداق قىلسىڭىز ھەممە گەپ بوشان بىلەن ئىككىڭلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىلا قالىدۇ.

— چۈشەنمىدىم.

— بۇ بەك ئېنىق گەپقۇ. ئەگەر بوشان گېزىت خەۋىرىنى رەت قىلىشقا ماقۇل بولسا، ئۇنىڭ بۇ ئىشنى ئۆز رازىلىقى بىلەن قىلىشىغا يول قويىسىز ۋە شۇنىڭ بىلەن، مەقسىتىڭىزگە يېتىسىز. ئەگەر ئۇ ئۇنىمىسا، بۇ سىرىڭىزنى باشقىلارغا ئېيتىشقا ھامان ئۈلگۈرىسىز.

— باشقىلارغا ئەمەس، دوستلارغا.

— بۈگۈنكى دوستلار ئەتە دۈشمەن بولۇشى مۇمكىن.

— قويۇڭ بۇ گەپنى!

— بوشانچۇ؟

— شۇنداق قىلىپ...

— شۇنداق قىلىپ، ئېھتىياتچان بولۇڭ.

— دېمەك بوشاننىڭ ئالدىغا ئۆزۈم بارسام بولىدىكەن - دە؟

— ھەئە.

— يالغۇز بارامدىم؟

— يالغۇز بېرىڭ. ئادەم ئۆز غۇرۇرىنى ھىمايە قىلماقچى بولسا، غۇرۇرغا تاقىشىدىغان ئىشلارغا ئارتۇقچە كىشىلەرنى ئارىلاشتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

— بۇ گېپىڭىز توغرا.

— ناھايىتى خۇشالمەن.

— يالغۇز باراي.

— بېرىڭ، لېكىن بارمايلا قويسىڭىز تېخىمۇ ياخشى بولاتتى.

— ئۇنداق قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

— مەيلى، ھەرھالدا بۇ سىز قىلماقچى بولغان ئىشتىن ياخشىراق.

— لېكىن، ھەرقانچە ئېھتىياتچان بولساممۇ، قولۇمدىن كېلىدىغان چارە - تەدبىرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىشلىتىپ باقساممۇ، يەنىلا دۇئېلغا چىقىشقا توغرا كەلسە، ماڭا سېكۇندانت بولامسىز؟

— قەدىرلىك ۋىكونت، — دېدى مونتې - كرىستو جىددىيلىك بىلەن، مېنىڭ سىزگە ياردەم قىلىشقا تەييار تۇرىدىغانلىقىمنى ئۆز ئەمەلىيىتىڭىزدە بىر قېتىم كۆرگەنىدىڭىز، لېكىن ھازىر مۇمكىن بولمايدىغان ياردەمنى سوراۋاتىسىز.

— نېمىشقا؟

— كېيىنرەك بىلىپ قالارسىز.

— ئۇنىڭغىچە قانداق قىلىشىم كېرەك؟

— ئۇنىڭغىچە بۇ گەپنى ئۆز ئىچىڭىزدىلا بىلىپ تۇرۇڭ.

— ماقۇل، سېكۇندانتلىققا فرانس بىلەن شاتو - رېنونى چاقىراي.



— شۇنداق قىلىڭ، فرانس بىلەن شاتو - رېنونى چاقىرىڭ.

— سوقۇشۇشقا چىقىدىغان بولۇپ قالسام، ماڭا قىلىچۋازلىق ياكى تاپانچا ئېتىشنى ئۆبدانراق ئۆگىتىپ قويامسىز؟

— ياق، بۇمۇ مۇمكىن ئەمەس.

— ئاجايىپ غەلىتە ئادەم ئىكەنسىز! دېمەك، ھېچقانداق ئىشقا ئارىلىشىشنى خالىمايدىكەنسىز - دە؟

— ھېچقانداق ئىشقا ئارىلاشمايمەن.

— ئەمىسە بۇ گەپنى قويايلى. خەير - خوش، گراف.

— خەير - خوش، ۋىكونت.

ئالبېر شلەپىسىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. دەرۋازا ئالدىدا ئۇنى كىرا ھارۋىسى كۈتۈپ تۇراتتى. ئالبېر غەزىپىنى بېسىۋېلىشقا تىرىشىپ، بوشاننىڭ ئۆيىگە باردى. بوشان تېخى بۇلۋارغا كەتكەنىدى. ئالبېرمۇ شۇ يەرگە باردى.

بوشان قاراڭغۇ، تورىا بېسىپ كەتكەن ئىشخانىدا ئولتۇراتتى. تەھرىرلىك ئىش ئورۇنلىرى ھەمىشە شۇنداق بولغان ۋە بۇندىن كېيىنمۇ شۇنداق بولىدۇ. ئۇنىڭغا ئالبېر مۇرسېرنىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلىشتى. ئۇ، بۇئىسمنى ئىككى قېتىم قايتىلاپ سورىدى. ئاندىن، يەنىلا ئىشەنگۈسى كەلمىگەن ھالدا ۋارقىرىدى:

— كىرىڭ!

ئالبېر كىردى.

بوشان دوستىنى كۆرۈپ ئىنتايىن ھەيران بولدى. ئالبېر ئىشخانىنىڭ سىرلانغان تاختىيى ئۈستىگە دەستە - دەستە قىلىپ قويۇلغان قەغەز ۋە ھەرخىل ئۆلچەمدىكى گېزىتلەرنىڭ ئارىسىدىن قولاشمىغان ھالدا ئۆتۈپ كەلدى.

— بۇياققا كېلىڭ، بۇياققا كېلىڭ، قەدىرلىكىم، — دېدى ئۇ ئالبېرغا قولىنى ئۇزىتىپ، — قانداق شامال سىزنى

ئۇچۇرتۇپ كەلدى؟ بارماق بالىدەك① ئادىشىپ قالدىڭىزمۇ ياكى ئىچىڭىز پۇشۇپ، مەن بىلەن غىزالىنىش ئۈچۈن كەلدىڭىزمۇ؟ ئورۇندۇقتىن بىرنى ئەكېلىپ ئولتۇرىڭا. ئەنە، ئاۋۇ گىران گۈلىنىڭ يېنىدا بىر ئورۇندۇق تۇرىدۇ. مەن پەقەت ئاشۇ گۈلگە قارىساملا گېزىتتىن باشقا نەرسىلەرنىڭمۇ بارلىقىنى ھېس قىلىمەن.

مەنمۇ دەل سىزنىڭ گېزىتىڭىزنىڭ سەۋەبىدىن كەلدىم، — دېدى ئالبېر.

— سىز؟ نېمە بولدى؟

— سىزنىڭ رەت قىلىشىڭىزنى تەلەپ قىلىمەن.

— رەت قىلىش؟ نېمىنى رەت قىلىمەن؟ ھە، ئولتۇرۇڭا.

— رەھمەت، — دېدى ئالبېر يېنىككىنە ئېگىلىپ قويۇپ.

— ئوچۇقراق سۆزلىسىڭىزچۇ؟

— ئائىلىمىزنىڭ بىر ئەزاسىنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرىدىغان بىر خەۋەرنى رەت قىلىشىڭىزنى خالايمەن.

— بۇ قانداق گەپ؟ — دېدى بوشان ھەددىدىن تاشقىرى ئەجەبلەنگەن ھالدا، — قانداق خەۋەر؟ بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

— يانىنادىن ئالغان خەۋىرىڭىز.

— يانىنادىن؟

— ھەئە، گېپىمنى چۈشەنمىدىڭىزمۇ نېمە؟

— ئەزبىرايى خۇدا... باتىست، تۈنۈگۈنكى گېزىتنى ئەكىرىپ بېرىڭ! — دەپ ۋارقىرىدى بوشان.

— كېرەك ئەمەس، گېزىتنى مەن ئەكەلدىم.

بوشان ئوقۇدى:

① مەلۇم بىر چۆچەكتىكى بوي - تۇرقى بارماقچىلىك كېلىدىغان بالىنى دېمەكچى — ت.



«يانىنادىن خەۋەر» — ۋەھاكازا...

— بۇنىڭ جىددىي مەسىلە ئىكەنلىكىنى ئەمدى چۈشەنگەنسىز؟

— ئۇ ئوفىتسېر سىزنىڭ تۇغقىنىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى مۇخبىر.

— ھەئە، — دېدى ئالبېر قىزىرىپ كېتىپ.

— ئۇنداقتا، سىز ئۈچۈن نېمە قىلىپ بېرىشىمنى خالايسىز؟

— گېزىتتە بۇ خەۋەرنى رەت قىلىشىڭىزنى خالايتتىم، بوشان.

بوشان دوستانە رەۋىشتە ئالبېرغا سىنچىلاپ قارىدى.

— ئالدىرىماڭ، تۆزۈكرەك سۆزلىشەيلى، — دېدى ئۇ، — بىر خەۋەرنى رەت قىلىش دېگەن ئادەتتىكى ئىش ئەمەس. ئولتۇرۇڭ، بۇ خەۋەرنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ باقاي.

ئالبېر ئولتۇردى. بوشان، دوستىنىڭ غەزىپىنى قوزغىغان قۇرلارنى بىرىنچى قېتىمقىدىنمۇ زەڭ قويۇپ ئوقۇپ چىقتى.

— ئۆزىڭىز كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسىز، — دېدى ئالبېر قاتتىق ھەتتا كەسكىن تەلەپپۇز بىلەن، — سىزنىڭ گېزىتىڭىزدە مېنىڭ ئائىلەمنىڭ بىر ئەزاسىغا ھاقارەت قىلىندى. شۇڭا، ئۇ خەۋەرنىڭ رەت قىلىنىشىنى تەلەپ قىلىمەن.

— سىز... تەلەپ...

— شۇنداق، تەلەپ قىلىمەن.

— سۆز قىستۇرۇشۇمغا ئىجازەت قىلغايسىز، قەدىرلىك ۋىكونت، سىز ئۇستا دىپلومات ئەمەس ئىكەنسىز.

— دىپلومات بولۇشقا ھەۋىسىم يوق، — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى ئالبېر ئورنىدىن تۇرۇپ، — مەن بۇ خەۋەرنىڭ رەت قىلىنىشىنى تەلەپ قىلىمەن ۋە بۇ مەقسىتىمگە چوقۇم يېتىمەن. سىز مېنىڭ دوستۇم، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئالبېر

بوشاننىڭ نارازىلىق بىلەن بېشىنى كۆتۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ، — شۇڭا. مېنىڭ تەرسالىقىمنى چۈشىنىسىز دەپ ئويلايمەن.

— مەن سىزنىڭ دوستىڭىز، مورسېر. لېكىن يەنە مۇشۇنداق تەلەپپۇزدا سۆزلەيدىغان بولسىڭىز، بۇ دوستلۇقنى ئۇنتۇپ قېلىشىم مۇمكىن... بولدى، تاكاللاشمايلى... سىز ھاياجانلىنىپ، ئاچچىقلىنىپ قاپسىز... ئېيتىڭا، ئۇ فېرنان سىزنىڭ نېمىڭىز بولىدۇ؟

— مېنىڭ ئاتام، — دېدى ئالبېر، — فېرنان موندېگو، گراف مورسېر، پىشقەدەم جەڭچى. ئۇ 20 قېتىملىق جەڭگە قاتناشقان. مانا ئەمدى ئۇنىڭ نامىغا قارا چاپلىماقچى بولۇشۇۋاتىدۇ.

— ئاتىڭىز؟ — دېدى بوشان، — ھە، ئۇنداق بولسا، بۇ باشقا گەپ. نېمە ئۈچۈن بۇنچىلىك غەزەپلىنىپ كەتكىنىڭىزنى چۈشەندىم، قەدىرلىك ئالبېر... قېنى، يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ باقايچۇ...

ئۇ، ئەمدى خەۋەردىكى ھەربىر سۆزنى ئوبدان ئويلىنىپ، يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ چىقتى.

— بۇنىڭدا ئاشۇ فېرناننى سىزنىڭ ئاتىڭىز دېگەن گەپ يوقمۇ؟ — سورىدى بوشان.

— ئۇنداق گەپ يوق، بىلىمەن. لېكىن باشقىلار شۇنداق دەپ ئويلاپ قېلىشى تۇرغان گەپ. ئەنە شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ خەۋەرنىڭ رەت قىلىنىشىنى تەلەپ قىلىۋاتىمەن.

بوشان «تەلەپ قىلىۋاتىمەن» دېگەن سۆزلەر ئېيتىلغاندا ئالبېرغا كۆزىنى كۆتۈرۈپ قارىدى — دە، يەنە دەرھال يەرگە قارىۋالدى ۋە بىر ھازا ئويلىنىپ قالدى.

— رەت قىلامسىز؟ — دەپ سورىدى ئالبېر بارغانسېرى غەزىپى ئۆرلەپ، لېكىن يەنىلا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ.



— ھەئە، — دېدى بوشان،

— خۇداغا شۈكۈر! — دېدى ئالبېر.

— بىراق، بۇ خەۋەرنىڭ يالغان ئىكەنلىكى ئېنىقلانغاندىن كېيىن رەت قىلىمەن.

— نېمە؟

— شۇنداق، بۇنى ئېنىقلاش كېرەك. مەن ئۆزۈم ئېنىقلايمەن.

— بۇنىڭ ئېنىقلىغۇدەك نېمىسى بار، تەقسىر؟ — دېدى ئالبېر، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماستىن، — ئەگەر سىز ئۇ خەۋەر ئاتامغا مۇناسىۋەتسىز دەپ قارىسىڭىز نەق گەپنى قىلىڭ، ئەگەر ئۇ خەۋەر ئاتام توغرۇلۇق يېزىلغان دەپ ئويلىسىڭىز مېنىڭ دۇئېلغا چىقىش تەلىپىمنى قانائەتلەندۈرۈڭ.

بوشان ئالبېرغا شۇنداق بىر كۈلۈمسىرەش بىلەن قارىدىكى، بۇ كۈلۈمسىرەشكە ھەر خىل مەنىلەرنى بېرىشكە بولاتتى.

— تەقسىر، — دېدى ئۇ، — ماڭا مۇشۇ گەپنى قىلىش ئۈچۈن، مېنى دۇئېلغا چاقىرىش ئۈچۈن كەلگەن بولسىڭىز، گەپنى شۇنىڭدىنلا باشلىسىڭىز بولماسمىدى. دوستلۇق توغرىسىدا گەپ سېتىپ نېمە قىلاتتىڭىز؟ ئۇنداق قۇۋۇق گەپلىرىڭىزنى ئاڭلاپ ئولتۇرغىنىمغا يېرىم سائەت بولدى. شۇنداق قىلىپ، مۇشۇ يولغا ماڭماقچى بولدىڭىزمۇ؟

— شۇنداق. ئەگەر بۇ رەزىل تۆھمەتنى يوققا چىقارمايدىغان بولسىڭىز شۇنداق قىلىمەن!

— قايناپ كەتمەي تۇرۇڭ! فېرنان موندېگو ۋىكونت مورسېر ئەپەندى، تەھدىت سالماي سۆزلىشىڭىزنى سورايمەن. مەن دۈشمەنلەرنىڭمۇ، دوستلارنىڭمۇ تەھدىت سېلىشىنى كۆتۈرەلمەيمەن. دېمەك، سىز پولكوۋنىك فېرنان ھەققىدىكى خەۋەرنى، مېنىڭ ھېچقانداق چېتىشلىقىم بولمىغان شۇ خەۋەرنى ماڭا رەت قىلدۇرماقچى ئىكەنسىز — دە؟

— توغرا، شۇنداق قىلىشىڭىزنى تەلەپ قىلىمەن! — دېدى ئالبېر ئۆزىنى ئىدارە قىلالمىغان هالدا.

— ئۇنداق قىلمىسام دۇئېلغا چىقىدىغان گەپمۇ؟ — دېدى بوشان يەنە شۇنداقلا خاتىرجەملىك بىلەن.

— شۇنداق! — دېدى ئالبېر ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ.

— ئۇنداق بولسا، جاۋابىم شۇكى، مۆھتەرەم ئەپەندى، — دېدى بوشان، — بۇ خەۋەرنى مەن يازمىدىم، بۇ ھەقتە ھېچنېمىنى بىلمەيمەن. لېكىن سىز بۇ مەسىلىگە مېنىڭ دىققىتىمنى جەلپ قىلدىڭىز. ئەمدى مەنمۇ بۇنىڭغا قىزىقىپ قالدىم. شۇڭا، بۇ خەۋەر تاكى بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر تەرىپىدىن رەت قىلىنغۇچە ياكى تەستىقلانغۇچە دەخلى - تەرۈزسىز بولىدۇ.

— ماقۇل، مۆھتەرەم ئەپەندى، — دېدى ئالبېر ئورنىدىن تۇرۇپ، — ئەمدى سىزنىڭ ئالدىڭىزغا سېكۇندانتلىرىمنى ئەۋەتىمەن. سىز ئۇلار بىلەن دۇئېلغا چىقىش ئورنى ۋە قانداق قورال ئىشلىتىش مەسىلىلىرىنى كېلىشىسىز.

— ناھايىتى ياخشى، مۆھتەرەم ئەپەندى.

— خالىسىڭىز، بۈگۈن كەچتە ياكى بەك كېچىككەندىمۇ ئەتە سىز بىلەن ئىككىمىز ئۇچرىشىمىز.

— ياق، ياق! مەن سىز بىلەن سوقۇشۇشقا بۇنىڭ ۋاقتى كەلگەندە بارىمەن. مېنىڭچە (مەن ۋز كۆز قارىشىمنى ئېيتىشقا ھەقلىق، چۈنكى دۇئېلغا سىز چاقىردىڭىز)، بۇنىڭ تېخى ۋاقتى كەلمىدى. مەن بىلىمەن، سىز قىلىچ ئىشلىتىشكە ماھىر، مەنمۇ ئانچە قېلىشمايمەن، تاپانچا ئېتىشتا ئالتە ئوقتىن ئۈچىنى نىشانغا تەگكۈزەلەيسىز، مەنمۇ تەخمىنەن شۇنداق. مەن بىلىمەن، بىز دۇئېلغا چىققاندا بىر مەيدان قاتتىق ئېلىشىش بولىدۇ، چۈنكى سىز باتۇر، مەنمۇ... خۇددى شۇنداق. شۇڭا يېتەرلىك



ئاساس بولمىغان شارائىتتا سىزنى ئۆلتۈرۈشنى ياكى ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈشنى خالىمايمەن. ئەمدى ئۆز نۆۋىتىدە مەنمۇ قەتئىي قىلىپ بىر مەسىلىنى سىزنىڭ ئالدىڭىزغا قويىمەن. مەن سىزگە ئېيتتىم. يەنە تەكرارلايمەن ۋە ۋىجدانىم بىلەن تەكىتلەپ ئېيتىمەنكى، بۇ ماقالىدىن مەن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە، فېرنان ئىسىملىك كىشىنى گراف مورسېر دەپ تونۇش سىزدەك بىر تەنتەكتىن باشقا ھېچقانداق ئادەمنىڭ كاللىسىغا كىرىپ چىقمايدۇ. شۇنداق تۇرۇپ، ئەگەر مەن بۇ خەۋەرنى رەت قىلمىسام، بۇ تەلىپىڭىزدە مېنى ئۆلتۈرۈۋەتكۈدەك دەرىجىدە چىڭ تۇرامسىز؟

— جەزمەن شۇنداق قىلىمەن.

— ماقۇل، مۆھتەرەم ئەپەندى، بىر - بىرىمىزنى بوغۇزلاشقا رازىلىق بېرىمەن، لېكىن مەن ئۈچ ھەپتىلىك مۆھلەت بېرىشىڭىزنى تەلەپ قىلىمەن. ئۈچ ھەپتىدىن كېيىن مەن سىزگە بىر بولسا «بۇ يالغان خەۋەر ئىكەن» دەيمەن ۋە بۇ خەۋەرنى رەت قىلىمەن، يەنە بىر بولسا «بۇ ھەقىقەت» دەيمەن ۋە بىز سىزنىڭ تاللىشىڭىز بويىچە يا قىلىچلىرىمىزنى قىنىدىن چىقىرىمىز، ياكى بىر ساندۇقتىن ئىككى تاپانچىنى ئالىمىز.

— ئۈچ ھەپتە! — دەپ خىتاب قىلدى ئالبېر، — بۇ مېنىڭ غۇرۇرۇمنى دەپسەندە قىلىدىغان ئۈچ ئەسىرگە باراۋەر ئەمەسمۇ!

— ئەگەر بىز بۇرۇنقىدەكلا دوست بولغان بولساق مەن سىزگە «تاقەت قىلىپ تۇرۇڭ، دوستۇم» دېگەن بولاتتىم. سىز ھازىر ماڭا دۈشمەن بولدىڭىز. ئەمدى مەن شۇنداق دەيمەنكى، مېنىڭ چاتىقىم نېمە، مۆھتەرەم ئەپەندى!

— ماقۇل، ئۈچ ھەپتىدىن كېيىن، — دېدى ئالبېر، — لېكىن يادىڭىزدا بولسۇن، ئۈچ ھەپتىدىن كېيىن ۋاقتىنى يەنە

كەينىگە سۈرۈشكە بولمايدۇ، ھېچقانداق باھانە - سەۋەبلەرگە يول قويمايمەن...

— ئالبېر مورسېر ئەپەندى، — بوشانمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ سۆزلىدى، — ئۈچ ھەپتە توشمىغۇچە مەن سىزنى دېرىزىدىن چۆرۈپ تاشلىۋېتىشكە ھوقۇقلۇق ئەمەس، سىزمۇ شۇ ۋاقىتقىچە ماڭا تىغ كۆتۈرۈشكە ھوقۇقلۇق ئەمەس. بۈگۈن 29 - ئاۋغۇست، دېمەك، 21 - سېنتەبىر كۈنى كۆرۈشىمىز. ئۇنىڭغىچە، بىز ئىككى ئىتقا ئوخشاش بىر - بىرىمىزگە ئېتىلمىغىنىمىز تۈزۈك.

بوشان ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، ئالبېرغا تەزىم قىلدى - دە، كەينىگە بۇرۇلۇپ، باسمىخانىغا كىرىپ كەتتى.

ئالبېر جۇدۇنى ئۆرلەپ، بىر دەستە گېزىتنى ھاسا تايىقى بىلەن ئۆرۈپ - چۆرۈۋەتتى ۋە شۇندىن كېيىن باسمىخانا تەرەپكە يېنىپ - يېنىپ بىرنەچچە قېتىم قاراپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

ئالبېر ھېچ ئەيىبى بولمىغان گېزىتلەرنى ساۋاب بولۇپ، قايتىپ كېتىۋاتقاندىمۇ ئۆزى ئولتۇرغان ھارۋىنىڭ ئالدى توسۇقىغا ھاسا تايىقىنى زەردە بىلەن توكۇلدىتىپ ئولتۇردى. ئۇشتۇمتۇت ئۇ يولدا كېتىۋاتقان موررېلنى كۆرۈپ قالدى. موررېل بېشىنى ئېگىز كۆتۈرگەن، كۆزلىرى چاقناپ تۇرغان ھالدا تېتىك قەدەم تاشلاپ، «جۇڭگو مونچىسى» نىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ، مادلېن چېركاۋى تەرەپكە كېتىۋاتاتتى.

— مانا بۇ بەختلىك ئادەم ئىكەن - دە! — دېدى ئالبېر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ.

ئۇنىڭ بۇ گېپى خاتا ئەمەس ئىدى.



# يىگىرمە ئالتىنچى باب

## شەربەت

دەرۋەقە، موررېل ئىنتايىن بەختلىك ئىدى.

ئۇنى ھېلى تېخى نۇئارتىيې بوۋاي چاقىرتقانىدى.

شۇڭا، ئۇ بۇنداق چاقىرتىشنىڭ سەۋەبىنى ئۇقۇشقا ئالدىراپ ۋە كىرا ھارۋىلىرىغا قوشۇلغان سوك - سوك ئاتلارنىڭ پۇتلىرىغا قارىغاندا ئۆزىنىڭ پۇتلىرىغا تولاراق ئىشەنچ قىلىپ، پىيادە كېتىۋاتاتتى. ئۇ سېنت - ئونورى كوچىسىغا يۈگۈرۈپ دېگۈدەك يېتىپ كەلدى.

موررېل خۇددى تەنھەرىكەتچىلەردەك قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتقان بولغاچقا، بىچارە باررۇئا ئۇنىڭغا ئاران يېتىشىپ كېلىۋاتاتتى. موررېل 31 ياشتا، باررۇئا 60 تا ئىدى. موررېل مۇھەببەت بىلەن قاناتلانغانىدى. باررۇئا بولسا، تەشنالىقتىن ۋە ئىسسىقتىن ئازابلىناتتى. مۇددىئاسى ۋە ياش قۇرامى جەھەتتە بىر - بىرىدىن شۇنچە يىراق تۇرىدىغان بۇ ئىككى كىشى ئۈچ بۇلۇڭنىڭ ئىككى يېنىغا ئوخشايتتى. ئۇلار ئۈچ بۇلۇڭنىڭ ئاساسىي ئارقىلىق بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ، چوققىسىغا كەلگەندە قوشۇلاتتى.

بۇ ئۈچ بۇلۇڭنىڭ چوققىسى نۇئارتىيېدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ موررېلنى چاقىرتقان ۋە ئۇنىڭ تېزرەك كېلىشىنى جېكىلىگەنىدى. شۇڭا، موررېل ئۇنىڭ جېكىلىشىنى ئەينەن ئىجرا قىلىپ، باررۇئانىڭ ھالىنى قويمىغانىدى.

موررېل يېتىپ كەلگەندە ھەتتا بىرئازمۇ ھالسىرىمىدى:

مۇھەببەت ئادەمگە كۈچ بېرىدۇ. لېكىن بارروئا مۇھەببەتنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كەتكەن بولغاچقا، چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمگەنىدى.

قېرى خىزمەتكار موررېلنى بىزگە مەلۇم بولغان ھېلىقى خالىي ئىشىك ئارقىلىق باشلاپ كىرىپ، بۆلمىنىڭ ئىشىكىنى تاقاپ قويدى. كۆپ ئۆتمەي، كۆڭلەكنىڭ شىرىقلىغان شەپىسى ۋالېنتىنانىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر بەردى، ۋالېنتىنا ماتەملىك كىيىمدە ئاجايىپ چىرايلىق بولۇپ كەتكەنىدى.

موررېل ئۆزىنى گويا ئويغاق تۇرۇپ چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ھېس قىلدى. شۇ تاپتا ئۇ نۇئارتىيې بىلەن بولىدىغان سۆھبەتنى ئۇنتۇپ قالغانىدى. لېكىن، شۇ ئارىدا يېقىنلاپ كېلىۋاتقان چاقلىق كرېسلونىڭ شەپىسى ئاڭلاندى - دە، بوۋاي پەيدا بولدى.

موررېل، بوۋاينىڭ مۆجىزە كۆرسەتكەندەك ئىش قىلىپ، ئۆزى بىلەن ۋالېنتىنانى ئۈمىدسىزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق ئىزھار قىلدى. نۇئارتىيې خوش بولغان قىياپەتتە تىڭشاپ ئولتۇراتتى. ئاندىن موررېل سوئال نەزەرى بىلەن ۋالېنتىناغا قارىدى. ۋالېنتىنا قورۇنغان ھالدا ئۆزىنىڭ سۆزلەش نۆۋىتىنى كۈتۈپ، بىر چەتتە ئولتۇراتتى. نۇئارتىيېمۇ خۇددى شۇنداقلا ئۇنىڭغا قارىدى.

— ماڭا تاپشۇرغان گەپلىرىڭىزنى ئېيتامدىم؟ — دەپ سورىدى ۋالېنتىنا.

— ھەئە، — دېگەننى ئىپادىلىدى نۇئارتىيې.

— موررېل ئەپەندى، — دېدى ۋالېنتىنا خۇددى ئۇنى كۆزلىرى بىلەن يەپ كېتىدىغاندەك قاراپ ئولتۇرغان ماكسىمىلىئانغا مۇراجىئەت قىلىپ، — مۇشۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە بوۋام سىزگە دېمەكچى بولغان نۇرغۇن گەپلىرىنى ماڭا ئېيتتى. ئۇ بۈگۈن شۇ گەپلەرنى ماڭا ئېيتقۇزۇش ئۈچۈن سىزنى چاقىرتتى.



بوۋام تەرجىمانلىقتا مېنى تاللىۋالدى. مەن سىزگە ئۇنىڭ دېمەكچى بولغانلىرىنى سۆزمۇ - سۆز ئېيتىپ بېرىمەن.

— مەن تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈپ ئولتۇرۇۋاتىمەن، خانىقىز، — دېدى موررېل، — سۆزلەڭ، سۆزلەڭ.

ۋالېنتىنا كۆزلىرىنى پەسكە قاراتتى. موررېل بۇنى ياخشى ئالامەت دەپ چۈشەندى، چۈنكى ۋالېنتىنا پەقەت ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلغان چاغلاردىلا جۈرئەتسىز بولۇپ قالاتتى.

— بوۋام بۇ ئۆيدىن كەتمەكچى، — دېدى ئۇ، — بارروئا ھازىر ئۆي ئىزدەۋاتىدۇ.

— سىزچۇ؟ — دېدى موررېل، — نۇئارتىيې ئەپەندى سىزنى بەك ياخشى كۆرىدىغۇ. يەنە كېلىپ سىز ئۇنىڭغا بەك كېرەكلىك.

— مەن بوۋامدىن ئايرىلمايمەن، — دېدى ۋالېنتىنا، — بۇ تۇرغان گەپ. مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولىمەن. ۋىلفور ئەپەندى رازى بولسا، مەن دەرھال كېتىمەن. ئەگەر ئۇ ئۇنىمىسا، يېشىمغا يەتكۈچە كۈتۈپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭغىچە يەنە ئون ئاي بار. شۇ ئون ئايدىن كېيىن مەن ئەركىن، مۇستەقىل بولىمەن ۋە...

— ۋە؟ — دەپ سورىدى موررېل.

— ۋە بوۋامنىڭ رازىلىقى بىلەن، سىزگە بەرگەن ۋەدەمگە ئەمەل قىلىمەن.

ۋالېنتىنا ئاخىرقى سۆزلەرنى شۇنچىلىك بوش ئاۋازدا ئېيتتىكى، ئەگەر موررېل ئۇنىڭ سۆزلىرىنى شۇ قەدەر تەشنالىق بىلەن تىڭشاپ ئولتۇرمىغان بولسا، ئاڭلىماي قالغان بولاتتى.

— دېمەكچى بولغىنىڭىزنى توغرا ئىپادىلەپ بەردىممۇ، بوۋا؟ — دەپ قوشۇپ قويدى ۋالېنتىنا نۇئارتىيېگە مۇراجىئەت قىلىپ.

— ھەئە، — دەپ جاۋاب بەردى بوۋاينىڭ كۆزلىرى،

— مەن بوۋامنىڭ ئۆيىگە بارغاندىن كېيىن، — دېدى يەنە ۋالېنتىنا، — موررىيل ئەپەندى مېنىڭ ئاق كۆڭۈل، ھۆرمەتلىك باشپاناھىمنىڭ ئالدىدا مەن بىلەن كۆرۈشەلەيدىغان بولىدۇ. بىزنىڭ تەجرىبىسىز ۋە ئېھتىمال ئۆزگىرىشچان يۈرەكلىرىمىزنى باغلاپ تۇرغان يىپلار ئۇنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، بىزنىڭ كەلگۈسى بەختىمىزنىڭ كاپالىتى بولۇپ قالسا (كىم بىلسۇن، توسقۇنلۇققا ئۇچرىغاندا يالقۇنلاپ كۆيگەن يۈرەكلەر ئوڭۇشلۇققا ئېرىشكەندە سوۋۇپ قالىدۇ دېگەن گەپ بار)، ئۇ چاغدا موررىيل ئەپەندىنىڭ مېنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ. ئۇنىڭغىچە مەن كۈتۈمەن.

— بۇنداق بەختكە مۇيەسسەر بولغۇدەك نېمەم باردۇر؟ — دەپ خىتاب قىلدى موررىيل. شۇ تاپتا ئۇ، بۇ بوۋاينى خۇدادەك كۆرۈپ، ۋالېنتىنانى پەرىشتەدەك كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا سەجدە قىلىشقا تەييار ئىدى.

— شۇنىڭغىچە، — دېدى ۋالېنتىنا جاراڭلىق ۋە جىددىي ئاۋازدا، — مېنىڭ ئاتا - ئانام بىزنى ئايرىۋېتىش ئويىدا بولمىسىلا، ئۇلارنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلىشىمىز كېرەك. قىسقىسى مەن بۇنى شۇنىڭ ئۈچۈن تەكىتلەۋاتىمەنكى، سىزگە دەيدىغان گەپلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ.

— قەسەم قىلىمەنكى، مەن بۇنىڭغا ئىتائەتمەنلىك ۋە خۇشاللىق بىلەن رىئايە قىلىمەن، — دېدى موررىيل بوۋايغا قاراپ.

— شۇنىڭ ئۈچۈن، دوستۇم، — دېدى ۋالېنتىنا ماكسىمىلىئانغا چوڭقۇر مېھرى بىلەن قاراپ، — ئەمدى ئالدىراقسانلىق قىلماڭ. بۈگۈندىن باشلاپ سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى قوبۇل قىلىشقا ئۆزىنى بېغىشلىغان قىزنىڭ ياخشى نامىنى ساقلاڭ.

موررىيل قولىنى يۈرىكىگە باستى.



نۇئارتيې ئىللىق مېھرى بىلەن ئۇلارغا قاراپ ئولتۇراتتى. باشتىن - ئاياغ ھەممە ئىشتىن ۋاقىپ بولغان بارروئا تاقىر بېشىدىن ئېقىپ چۈشۈۋاتقان تەرلىرىنى سۈرتۈپ، كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى.

— بىچارە بارروئا بەك جاپا تارتتى، — دېدى ۋالېنتىنا.

— شۇنداق، دېدى بارروئا، — بۈگۈن بەك يۈگۈرۈپ كەتتىم جۇمۇ، خانقىز. لېكىن موررىيل ئەپەندى مەندىن بەك - رەك يۈگۈردى.

نۇئارتيې پەتنۇس ئۈستىدىكى شەربەت قۇيۇلغان شىشە بىلەن ئىستاكاننى كۆرسەتتى. يېرىم سائەت ئىلگىرى نۇئارتيې بۇ شەربەتنى ئىچكەن بولۇپ، ئەمدى شىشە يېرىمىغىچە بوش تۇراتتى.

— ئىچكىن، بارروئا، — دېدى ۋالېنتىنا، — شەربەت ئىچكىڭ كەلگەنلىكى كۆزلىرىڭدىن چىقىپ تۇرىدۇ.

— راستىنى ئېيتقاندا، — دېدى بارروئا، — ئۇسساپ ئۆلەي دېدىم. ئەمما، سىزنىڭ سالامەتلىكىڭىز ئۈچۈن بىر ئىستاكان ئىچىۋېتەي، خانقىز.

— ئالغىن، — دېدى ۋالېنتىنا، — ئىچىپ بولغاندىن كېيىن يەنە قايتىپ كىرگىن.

بارروئا پەتنۇسنى كۆتۈرۈپ، كارىدورغا چىقىپ كەتتى. قىيا ئېچىلىپ قالغان ئىشىكتىن ئۇنىڭ ئىستاكاندىكى ۋالېنتىنا قۇيۇپ بەرگەن شەربەتنى بىر كۆتۈرۈپلا ئىچىۋەتكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ۋالېنتىنا بىلەن موررىيل نۇئارتيېنىڭ ئالدىدا خوشلىشىۋاتاتتى، ئۇشتۇمتۇت ۋىلفورنىڭ خانىسىغا چىقىدىغان پەلەمپەي تەرەپتىن قوڭغۇراقنىڭ جىرىڭلىشى ئاڭلاندى. ۋالېنتىنا تام سائىتىگە قارىدى.

— چۈش ۋاقتى بوپتۇ، — دېدى ئۇ، — بۈگۈن شەنبە بوۋا، دوختۇر كەلگەن ئوخشايدۇ.

نۇئارتيېمۇ شۇنداق دەپ ئويلاۋاتقانلىقىنى ئىپادىلىدى.

— ئۇ ھازىر بۇ يەرگە كىرىدۇ. موررېل ئەپەندى قايتىپ گەتسە بولامدىكىن، بوۋا؟

— ھەئە، — دېگەننى بىلدۈردى بوۋاي.

— باررۇئا! — دەپ چاقىردى ۋالېنتىنا، — باررۇئا، بۇ ياققا كېلىڭا.

— كېلىۋاتىمەن، خانىقىز، — قېرى خىزمەتكارنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— باررۇئا سىزنى ئىشىك ئالدىغىچە ئۇزىتىپ قويىدۇ، — دېدى ۋالېنتىنا موررېلغا، — ئەمدى، جانابىي ئوفىتسېر، بوۋامنىڭ گېپىنى قولىقىڭىزدا تۇتۇپ، بەختىمىزگە نۇقسان يەتكۈزىدىغان ئىشلارنى قىلماسلىقىڭىزنى سورايمەن.

— كۈتىمەن دەپ ۋەدە بەردىمغۇ، — دېدى موررېل، — چوقۇم كۈتىمەن.

بۇ چاغدا باررۇئا كىرىپ كەلدى.

— كىم كەلدى؟ — دەپ سورىدى ۋالېنتىنا.

— دوختۇر ئاۋرىنىي، — دېدى باررۇئا. ئۇ ئەلەڭ - سەلەڭ بولۇپ، يەرنى ئاران دەسسەپ تۇراتتى.

— نېمە بولدىڭىز، باررۇئا؟ — سورىدى ۋالېنتىنا.

بوۋاي گەپ قىلمىدى. ئۇ چەكچىيىپ كەتكەن كۆزلىرى بىلەن خوجايىنىغا قارايتتى ۋە يىقىلىپ چۈشمەسلىك ئۈچۈن كىرىشىپ قالغان قولى بىلەن بىر نېمىنى تۇتۇۋېلىشقا ئۇرۇناتتى.

— يىقىلىپ چۈشىدىغان بولدى! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى موررېل.

دېمىسىمۇ، باررۇئا بارغانسېرى جالاقلاپ تىترەپ كېتىۋا-



تاتتى. ئۇنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ، قاتتىق ئازابلىنىۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

نۇئارتيې باررۇئانىڭ بولالماي قېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، تەشۋىشلەنگەن ھالدا ئۇياق - بۇياققا قاراشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تىت - تىت بولۇۋاتقانلىقى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

باررۇئا سەنتۈرۈلۈپ، خوجايىنىنىڭ ئالدىغا چامدىدى.

— ۋاي خۇدايىم، خۇدايىم، — دېدى ئۇ، — نېمە بولغاندىمەن؟ پۈتۈن بەدىنىم ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ... كۆزلىرىم قاراڭغۇلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. بېشىم قىزىپ كەتتى. مېنى تۇتىۋالىڭلار، تۇتىۋالىڭلار!

ئۇنىڭ كۆزلىرى چاناقلىرىدىن چىقىپ كەتتى، بېشى كەينىگە تارتىشىپ، بەدىنى كېرىشىپ قالدى.

ۋالېنتىنا قورقۇپ، ۋارقىراپ كەتتى. موررېل گوياكى ئۇنى غايىبتىن كېلىۋاتقان بىر خەۋپتىن قوغداۋاتقاندەك، چىڭ قۇچاقلىۋالدى.

— ئاۋرىنىي ئەپەندى! ئاۋرىنىي ئەپەندى! — دەپ ۋارقىرىدى ۋالېنتىنا بوغۇلغان ئاۋازى بىلەن، — بۇياققا كېلىڭ، بۇياققا كېلىڭ، ياردەم قىلىڭ!

باررۇئا تۈگۈلۈپ قېلىپ بىر قەدەم كەينىگە چېكىندى - دە، دەلدەڭشىپ كېلىپ، نۇئارتيېنىڭ ئاياغ ئاستىغا يىقىلدى ۋە بىر قولى بىلەن ئۇنىڭ تىزىغا يېپىشىۋالدى.

— خوجايىن! ياخشى خوجايىنىم! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ.

شۇ ئەسنادا بۇ ۋارقىراشلارنى ئاڭلاپ كەلگەن ۋىلفور بوسۇغىدا پەيدا بولدى.

موررېل ئەس - ھوشىنى يوقاتقان ۋالېنتىنانى قويۇۋېتىپ، يۈگۈرۈپ بىر چەتكە ئۆتۈۋالدى - دە، دەرھال ئۇزۇن پەردىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، مۆكۈنىۋالدى. ئۇ، خۇددى ئۆزىنىڭ ئالدىدا

زەھەرلىك يىلاننى كۆرۈپ قالغاندەك، جان تالىشىۋاتقان بوۋايغا تامدەك تاتىرىپ كېتىپ، دەھشەت بىلەن قاراپ تۇراتتى.

نۇئارتىيې تەشۋىش ئىچىدە تاقەتسىزلىنىپ، ئۆرتەنمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ قەلبى بىچارە بوۋاينى قۇتقۇزۇشقا تەلپۈنەتتى. بۇ بوۋاينى ئۇنىڭ مالىيى دېيىشتىن كۆرە، دوستى دېيىش مۇۋاپىق ئىدى. ھەممىيلەننىڭ كۆز ئالدىدا يۈز بېرىۋاتقان ھايات بىلەن ئۆلۈم ئوتتۇرىسىدىكى دەھشەتلىك كۈرەش پالەچ بوۋاينىڭ چىرايىدا ئەكس ئەتمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ ماڭلىيىدىكى تومۇرلار كۆپۈشۈپ چىقتى، كۆزلىرى ئەتراپىدىكى تېخى ھاياتىي كۈچىنى يوقاتمىغان ئەڭ ئاخىرقى بولجۇڭ گۆشلىرى ئازاب ئىچىدە تارتىشىپ قالدى.

مەڭزىلىرى لىكىلداپ تۇرغان، كۆزلىرىگە قان تولغان ۋە بېشى كەينىگە تارتىشىپ قالغان باررۇئا قوللىرى بىلەن نۇئارتىيېنى تارتاتتى، ئۇنىڭ كۆيۈشكەن پۇتلىرى خۇددى سۇنۇپ كېتىدىغاندەك ئېگىلىپ قالغانىدى. ئاغزىدىن كۆپۈك يېنىپ، نەپىسى بوغۇلۇپ قالدى.

ۋىلفور بوسۇغىدىن ئاتلاپ كىرىشى بىلەن تەڭلا ھاڭ-تاڭ بولغان ھالدا ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئالالماي تىكىلىپ قاراپ قالدى. ئۇ، موررېلنى كۆرمىدى. ئۇ كۆرۈنەرلىك تاتىرىپ كەتكەن ھالدا بىردەم جىم تۇردى.

— دوختۇر! دوختۇر! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ ئاخىرى ئىشىكتىن يۈگۈرۈپ چىقىپ، — بۇياققا كېلىڭ، تېز بولۇڭ!

ۋالېنتىنا خۇددى يوقاتقان ھالدا پەلەمپەي سالاسۇنىغا چىڭ يېپىشىۋېلىپ، ئۆگەي ئانىسىنى چاقىردى:

— خانىم! بۇياققا كېلىڭ، تېز كېلىڭ! ھېلىقى پۇرايدىغان دورىڭىزنى ئېلىپ چىقىڭ!



— نېمە بولدى؟ — ۋىلفور خانىمنىڭ مېتالدەك سوغۇق ئاۋازى ئاڭلاندى.

— بۇياققا چىقىڭ، بۇياققا چىقىڭ!

— دوختۇر قېنى؟ قېنى؟ — دەپ ۋارقىرايتتى ۋىلفور.

ۋىلفور خانىم پەلەمپەيدىن ئالدىرىماي چۈشتى. ياغاچ پەلەمپەينىڭ باسقۇچلىرى غىچىرلىدى. ئۇ بىر قولىدا قول ياغلىق تۇتقان بولۇپ، ھەدەپ يۈزىنى سۈرتەتتى، يەنە بىر قولىدا پۇراش دورىسى قاچىلانغان شىشىنى تۇتقانىدى.

ئىشىك ئالدىغا كەلگەندىن كېيىن ئۇ ئەڭ ئالدى بىلەن نۇئارتىيېگە كۆز تاشلىدى. نۇئارتىيې بۇنداق ئەھۋالدا تەبىئىي ھالدا بولىدىغان ھاياجانلىنىشنى ھېسابقا ئالمىغاندا، پۈتۈنلەي ساق-سالامەت ئىدى. ئاندىن، ۋىلفور خانىمنىڭ كۆزلىرى جان تالىشىپ ياتقان بوۋايغا چۈشتى.

ۋىلفور خانىم تاتىرىپ كەتتى ۋە ئۇنىڭ كۆزلىرى خىزمەتكاردىن يۆتكىلىپ، يەنە خوجايىنغا تىكىلدى.

— خۇدا ھەققى، خانىم، دوختۇر قېنى؟ — دەپ تەكرارلىدى ۋىلفور، — ئۇ، سىزنىڭ يېنىڭىزغا چىقىپ كەتكەن ئەمەسمۇ. كۆرۈۋاتىسىزغۇ، باررۇئانىڭ مېڭىسىگە قان چۈشۈپتۇ. دەرھال قان ئالغۇزۇلسا، ئۇنى قۇتقۇلدۇرۇپ قېلىشقا بولىدۇ.

— ئۇ بىر نېمە يەپ قويغانمىدى-يا؟ — سورىدى ۋىلفور خانىم، جاۋاب بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ.

— ئۇ تېخى ناشتا قىلمىغان، — دېدى ۋالېنتىنا، — لېكىن بوۋام ئۇنىڭغا بىر مۇھىم ئىشنى بۇيرۇغانىدى. ئۇ بەك ھېرىپ كېتىپتىكەن، قايتىپ كېلىپ پەقەت بىر ئىستاكان شەربەتلا ئىچتى.

— نېمە ئۈچۈن مەي ئىچمىدى؟ — دېدى ۋىلفور خانىم، — شەربەت بەك زىيانلىق.

— شەربەت مۇشۇ يەردە، بوۋامنىڭ شىشىسىدە ئىدى، بىچارە بارروۋئا بەك ئۇسساپ كەتكەچكە شۇنى ئىچىۋەتكەن.

ۋىلفور خانىم چۆچۈپ كەتتى. نۇئارتىيې چوڭقۇر مەنا سىڭگەن كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدى.

— ئۇنىڭ بوينى ئەجەبمۇ قىسقا ئىكەن! — دېدى ۋىلفور خانىم.

— خانىم، — دېدى ۋىلفور، — مەن سىزدىن ئاۋرىنىي قېنى دەپ سوراۋاتمەن. جاۋاب بەرسىڭىزچۇ، خۇدا ھەققى!

— ئۇ ئېدۇئارنىڭ يېنىدا. ئۇ بالىنىڭ ساقلىقى يوق، — دېدى ۋىلفور خانىم، يەنە جاۋاب بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا جۈرئەت قىلالماي.

ۋىلفور دوختۇرنى چاقىرىپ كىرىش ئۈچۈن يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

— مەڭ، — دېدى ۋىلفور خانىم، ۋالېنتىناغا دورا شىشىسىنى بېرىپ، — ئۇنىڭدىن قان ئاققۇزىدىغان ئوخشايدۇ. مەن ھۇجرامغا چىقىپ كېتەي، قاننى كۆرسەم قورقىمەن.

شۇ گەپ بىلەن ئۇمۇ ئېرىنىڭ كەينىدىن چىقىپ كەتتى.

موررېل ئۆزىنىڭ موكۇنگەن يېرىدىن چىقتى. مالىمانچىلىق ئىچىدە ئۇنى ھېچكىم كۆرمىگەنىدى.

— تېزرەك كېتىڭ، ماكسىمىلىئان، — دېدى ئۇنىڭغا ۋالېنتىنا. — مەن چاقىرمىغۇچە كەلمەڭ. كېتىڭ.

موررېل «راست كېتەمدىم؟» دېگەندەك قىلىپ، نۇئارتىيېگە قارىدى. نۇئارتىيې كۆزلىرى ئارقىلىق «شۇنداق قىلىڭ» دېگەننى بىلدۈردى.

موررېل ۋالېنتىنانىڭ بىر قولىنى ئۆزىنىڭ كۆكسىگە چىڭ باستى ۋە ئاندىن يان كارىدور ئارقىلىق چىقىپ كەتتى.

دەل شۇ پەيتتە قارشى تەرەپتىكى ئىشىكتىن ۋىلفور بىلەن دوختۇر كىرىشتى.



بارروۋئا ئاستا — ئاستا ئۆزىگە كېلىشكە باشلاپ، ئىڭرىغىلى تۇردى ۋە بىر تىزىغا تايىنىپ ئۆرە بولدى.

ئاۋرىنىي بىلەن ۋىلفور بارروۋئانى تۆشەككە ياتقۇزدى.

— نېمە لازىم، دوختۇر؟ — دەپ سورىدى ۋىلفور.

— سۇ بىلەن ئېفىر لازىم. ئۆيۈڭلەردە ئېفىر بارمۇ؟

— بار.

— سىكىپدار يېغى بىلەن قۇستۇرۇش دورىسىنى ئەكەلتۈرۈڭ.

— يۈگۈرۈڭلار، تېز بولۇڭلار! — دەپ بۇيرۇدى ۋىلفور.

— ئەمدى باشقىلار چىقىپ كەتسۇن.

— مەنمۇ چىقىپ كېتەمدىم؟ — دەپ ئاستاغىنە سورىدى ۋالېنتىنا.

— شۇنداق، خانقىز، ئەڭ ئالدى بىلەن سىز چىقىپ كېتىڭ، — دېدى دوختۇر.

ۋالېنتىنا ھەيران بولۇپ ئاۋرىنىيگە قارىدى ۋە بوۋىسىنىڭ ماڭلىيىغا سۆيۈپ قويۇپ، چىقىپ كەتتى. دوختۇر قاپىقى سېلىنغان ھالدا ئۇنىڭ كەينىدىن ئىشىكنى يېپىپ قويدى.

— قاراڭ، قاراڭ، دوختۇر، ئۇ ئېسىگە كېلىۋاتىدۇ. بۇ ئادەتتىكى بىر ھوشىدىن كېتىش ئىكەن.

ئاۋرىنىي مەيۈس كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— ئەھۋالىڭىز قانداق بولىۋاتىدۇ، بارروۋئا؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— بىرئاز ياخشى بولۇپ قالدىم، تەقسىر.

— ئېفىر قوشۇلغان بىر ئىستاكان سۇنى ئىچىۋېتەلەمسىز؟

— ئىچىپ باقاي، لېكىن مېنى تۇتماڭ.

— نېمىشقا؟

— ماڭا قولىڭىز تېگىپ كەتسىلا يەنە كېسىلىم قوزغىلىپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلىۋاتىدۇ.

— ئىچىڭ.

باررۇئا ئىستاكاننى قولىغا ئېلىپ، كۆكىرىپ كەتكەن كالپۇكلىرىغا تەگكۈزدى ۋە يېرىمىنى ئىچتى.

— نەرىڭىز ئاغرىۋاتىدۇ؟ — سورىدى دوختۇر.

— ھەممە يېرىم. بەدىنىمگە تىترەك ئولىشىپ كېتىۋاتىدۇ.

— بېشىڭىز قېيىۋاتامدۇ؟

— ھەئە.

— قۇلىقىڭىز زىڭىلداۋاتامدۇ؟

— بەك زىڭىلداپ كېتىۋاتىدۇ.

— بۇ قاچان باشلاندى؟

— ھازىر.

— بىراقلا باشلاندىمۇ؟

— خۇددى بىر نېمە پارتلاپ كەتكەندەكلا باشلاندى.

— تۈنۈگۈن ئەھۋالىڭىز ئۆزگەرمىگەنمۇ؟ ئالدىنقى كۈنچۇ؟

— ياق. ھېچقانداق ئۆزگىرىش ھېس قىلمىغان.

— ئۇيقۇ باسمىغانمۇ؟ ئاشقازىنىڭىز ئېغىرلاشمىغانمۇ؟

— ياق.

— بۈگۈن نېمە يېدىڭىز؟

— تېخى ھېچ نەرسە يېمىدىم. پەقەت نۇئارتيېي ئەپەندىنىڭ شىشىسىدىكى شەربەتتىن بىر ئىستاكان ئىچتىم.

باررۇئا بېشىنى لىڭشىتىپ، بوۋاي تەرەپنى كۆرسەتتى. نۇئارتيېي بوۋاي ئولارنىڭ بىر ھەرىكىتىنىمۇ، بىر سۆزىنىمۇ ئۆتكۈزۈۋەتمەي ئۆزىنىڭ كرېسلوسىدا جىم ئولتۇراتتى.

— ئاشۇ شەربەت قېنى؟ — دوختۇر بىراقلا جانلىنىپ كېتىپ سورىدى.

— شىشىدە، تۆۋەنكى قەۋەتتە.

— تۆۋەنكى قەۋەتنىڭ نەرىدە؟



— ئاشخانىدا.

— مەن ئەكېلەيمۇ، دوختۇر؟ — دەپ سورىدى ۋىلفور.

— ياق، سىز مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ، باررۇئاغا ئىستاكاندىكىنىڭ ھەممىسىنى ئىچۈرۈۋېتىڭ.

— شەربەتنىچۇ؟

— ئۆزۈم ئەكېلىمەن.

ئاۋرىنىي ئېتىلىپ بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى - دە، تار پەلەمپەيدىن يۈگۈرۈپ چۈشۈپ كەتتى ۋە خۇددى شۇنداقلا ئاشخانىغا چۈشۈپ كېتىۋاتقان ۋىلفور خانىمنى سوقۇپ يىقىتىۋەتكىلى تاس قالدى. ۋىلفور خانىم بوشقىنا ۋارقىراپ تاشلىدى. ئاۋرىنىي بۇنى سەزمىدى. ئۇ پەقەت بىرلا پىكىرگە بېرىلىپ كەتكەن بولۇپ، پەلەمپەينىڭ ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرىدىن سەكرەپ چۈشتى - دە، ئاشخانىغا يۈگۈرۈپ كىردى ۋە پەتنۇستىكى تۆتتىن ئۈچ قىسمى بوشىتىلغان شىشىنى كۆردى. ئۇ، خۇددى ئولجىغا تاشلانغان بۈركۈتتەك ئېتىلىپ بېرىپ، شىشىنى قولىغا ئالدى ۋە ئېغىر ھالسىرىغان ھالدا نۇئارتيېينىڭ ھۇجرىسىغا قايتىپ كىردى.

بۇ چاغدا ۋىلفور خانىم ئاستا مېڭىپ، ئۆز ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

— مۇشۇ شىشىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئاۋرىنىي.

— شۇ، دوختۇر ئەپەندى.

— سىز مۇشۇ شەربەتنى ئىچكەنمۇ؟

— شۇ بولسا كېرەك.

— شەربەتنىڭ تەمى قانداق ئىكەن؟

— ئاچچىق.

دوختۇر شەربەتنى ئالقىنىغا بىرئاز قۇيۇپ، سۈمۈردى ۋە خۇددى مەينىڭ سۈپىتىنى كۆرۈپ باقماقچى بولغاندەك ئاغزىدا بىردەم تۇرغۇزغاندىن كېيىن مەشنىڭ ئىچىگە تۈكۈرۈپ چىقىرىۋەتتى.

— شۇ، شۇ، — دېدى ئۇ، — بۇنى سىزمۇ ئېچتىڭىزمۇ، نۇئارتىپ ئەپەندى؟

— ھەئە، — دېگەننى ئىپادىلىدى نۇئارتىپ.

— سىزگىمۇ ئاچچىق بىلىندىمۇ؟

— ھەئە.

— دوختۇر ئەپەندى، — دەپ ۋارقىرىدى بارروۋئا، — يەنە بولالماي قېلىۋاتىمەن! ۋاي خۇدايىم، رەھىم قىلغىن!

دوختۇر بىمارنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ باردى.

— ۋىلفور، قۇستۇرۇش دورىسى قېنى؟

ۋىلفور ھۇجرا ئىچىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ ۋارقىرىدى:

— قۇستۇرۇش دورىسى قېنى؟ ئەكەلدىڭلارمۇ؟

ھېچكىم جاۋاب بەرمىدى. پۈتۈن ئۆيدىكىلەر قورقۇپ، ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ قويۇشقانىدى.

— ئۇنىڭ ئۆيىگە ھاۋا يۈرگۈزەلىگەن بولسام ئىدى، — دېدى ئاۋرىنىي، ئەتراپىغا قاراپ، — نەپەسنىڭ بوغۇلۇپ قېلىشىنى توسۇغىلى بولاتتى. زادى ھېچ نەرسەڭلار يوقمۇ؟ ھېچ نەرسە يوقمۇ؟

— دوختۇر، — دەپ ۋارقىرايتتى بارروۋئا، — مېنى قۇتۇلدۇرۇڭ! ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدۇم، ۋاي خۇدا، ئۆلىدىغان بولدۇم!

— قەلەم! قەلەم بارمۇ؟ — سورىدى دوختۇر.

ئۇ، شىرە ئۈستىدىكى قەلەمنى كۆردى. ئۇ، غال - غال تىترەپ، تولغىنىپ ياتقان بىمارنىڭ ئاغزىغا قەلەمنى كىرگۈزۈشكە ئۇرۇنۇپ باقتى، لېكىن ئۇنىڭ ئاغزى شۇنداق كىرىشىپ كەتكەنىدىكى، زادىلا كىرگۈزەلمىدى.

بارروۋئانىڭ كېسىلى ئالدىنقى نۆۋەتتىكىدىنمۇ كۈچلۈكرەك تۇتۇشقا باشلىدى. ئۇ، تۆشەكتىن دومىلاپ يەرگە چۈشۈپ، قىمىر قىلماي يېتىپ قالدى.



دوختۇر ھېچقانداق ئامال قىلالمىغانلىقتىن، ئۇنى قويۇپ، نۇئارتىپنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— سىزنىڭ ئەھۋالىڭىز قانداق؟ — دەپ ئىتتىك سورىدى ئۇ بوش ئاۋازدا، — ياخشىمۇ؟

— ھەئە.

— ئاشقازىنىڭىزدا ئېغىرلىق ھېس قىلمامسىز؟

— ياق.

— سىزگە ھەر يەكشەنبە كۈنى بىردىن ئىچىش ئۈچۈن ياساپ بەرگەن ھېلىقى دورامنى ئىچىۋاتامسىز؟

— ھەئە.

— بۇ شەربەتنى سىزگە كىم تەييارلاپ بەرگەن؟ بارروۋئامۇ؟

— ھەئە.

— بۇ شەربەتنى ئۇنىڭغا سىز بەردىڭىزمۇ؟

— ياق.

— ۋىلفور ئەپەندىمۇ؟

— ياق.

— ۋىلفور خانىممۇ؟

— ياق.

— ئەمىسە، ۋالېنتىنامۇ؟

— ھەئە.

بارروۋئانىڭ چىشلىرىنى غىچىرلىتىپ، ئېغىر تىنىق ئالغانلىقى ئاۋازىنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئۇ، بىمارنىڭ يېنىغا كەلدى.

— بارروۋئا، سۆزلىيەلەمسىز؟ — سورىدى دوختۇر.

بارروۋئا چۈشەنگىلى بولمايدىغان بىر نېمىلەرنى دېدى.

— غەيرەت قىلىڭ، دوستۇم.

بارروۋئا قان قۇيۇلغان كۆزلىرىنى ئاچتى.

— بۇ شەربەتنى كىم تەييارلىغان؟

— مەن ئۆزۈم.

— بۇنى تەييارلاپ بولۇپلا خوجايىنىڭىزنىڭ ئالدىغا ئەكىردىڭىزمۇ؟

— ياق.

— ئۇنى قەيەردە قويغانىدىڭىز؟

— جاۋەندە قالغانىدى. بۇ چاغدا مېنى سىرتقا چاقىرىشقان.

— شەربەتنى بۇ يەرگە كىم ئەكەلدى؟

— ۋالېنتىنا خېنىم.

ئاۋرىنىي پېشانىسىنى سىلاپ قويدى.

— خۇدا! — دەپ پىچىرلىدى ئۇ.

— دوختۇر، دوختۇر! — دەپ ۋارقىرىدى بارروئا كېسىلى يەنە قوزغىلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ.

— قۇستۇرۇش دورىسىنى ئەكەلمەمسىلەر! — دەپ ۋارقىرىدى دوختۇر.

— مانا، مانا، — دېدى ۋىلفور ھۇجرىغا كىرىپ كېلىپ.

— بۇنى كىم ياسىدى؟

— دورىگەر. ئۇ ئۆزىمۇ بىللە كەلدى.

— ئىچىۋېتىڭ.

— ئىچەلمەيمەن، دوختۇر، ۋاقتى ئۆتتى! گېلىم سىقىلىپ قېلىۋاتىدۇ، دەم ئالالماي قېلىۋاتىمەن! يۈرىكىم... بېشىم... نېمىدېگەن ئازاب بۇ! يەنە ئۇزاققىچە مۇشۇنداق قىينىلامدىم؟

— ياق، دوستۇم، — دېدى دوختۇر، — ئازابلىرىڭىز ھازىر توگەيدۇ.

— چۈشەندىم! — دەپ خىتاب قىلدى بارروئا، — خۇدا، رەھىم قىلغىن!

ئۇ بىر ۋارقىرىدى - دە، خۇددى چاقماق سوقۇۋەتكەندەك جىم بولۇپ يېتىپ قالدى.



ئاۋرىنىي ئۇنىڭ يۈرىكىگە قولىنى قويدى، ئاغزىغا ئەينەكنى تەگكۈزۈپ باقتى.

— ھە، قانداق؟ — دەپ سورىدى ۋىلفور.

— تېز بولۇڭ، ماڭا بىنەپشە شەربىتى ئەكىرىپ بېرىڭ.

ۋىلفور دەرھال ئاشخانىغا چىقىپ كەتتى.

— قورقماڭ. نوئارتىيې ئەپەندى، — دېدى ئاۋرىنىي، — بىمارنى ياندىكى بۆلمىگە ئېلىپ چىقىپ قان ئاقتۇزاي. بۇ ئىشنى باشقىلار كۆرسە قورققۇسى كېلىدۇ.

ئۇ، بارروئانىڭ قولتۇقلىرىدىن يۆلەپ ئېلىپ، ياندىكى بۆلمىگە سۆرەپ ئېلىپ چىقتى. ئاندىن، ئېشىپ قالغان شەربەتنى ئېلىش ئۈچۈن يەنە نوئارتىيېنىڭ ھۇجرىسىغا قايتىپ كىردى. قارىسا، نوئارتىيې ئۇڭ كۆزىنى يۇمۇۋالغانىدى.

— ۋالېنتىنانى چاقىرىش كېرەكمۇ؟ ۋالېنتىناغا گېپىڭىز بارمىدى؟ ماقۇل، ئۇنى چاقىرىڭلار دەپ ئېيتىپ قوياي.

ۋىلفور پەلەمپەي ئارقىلىق قايتىپ چىقىۋاتاتتى. ئاۋرىنىي ئۇنىڭ بىلەن كارىدوردا ئۇچراشتى.

— ھە، قانداق؟ — سورىدى ۋىلفور.

— يۈرۈڭ، — دېدى ئاۋرىنىي.

ئۇ، ۋىلفورنى بارروئا ياتقان بۆلمىگە باشلاپ كىردى.

— تېخىچە ھوشىغا كەلمىدىمۇ؟ — سورىدى خانلىق مۇپەتتىش.

— ئۇ ئۆلدى.

ۋىلفور بېشىنى چاڭگاللاپ تۇتۇۋېلىپ، سەنتۈرۈلۈپ كەتتى ۋە مەرھۇمغا ھەقىقىي ئىچى ئاغرىغان ھالدا قاراپ خىتاب قىلدى:

— مۇشۇنداق ئۇشتۇمتۇتلا ئۆلۈپ كەتتىمۇ؟

— بەكلا ئۇشتۇمتۇت بولدى، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ — دېدى ئاۋرىنىي، — لېكىن بۇنىڭغا ئەجەبلىنىشكە بولمايدۇ. سېن - مېران

ئەر ــ خوتۇن ئىككىيلەنمۇ مۇشۇنداق ئويشتۇمتۇت ئۆلگەن. شۇنداق، سىزنىڭ ئۆيىڭىزدە كىشىلەر ناھايىتى تېزلا ئۆلىدىغان بولۇپ قالدى.

— نېمە؟ — دەپ خىتاب قىلدى خانلىق مۇپەتتىش قورقۇنچ ۋە نارازىلىق بىلەن، — سىز يەنە ئاشۇ دەھشەتلىك پىكرىڭىزنى ئېيتماقچىمۇ؟

— شۇنداق، تەقسىر، — دېدى ئاۋرىنىي، — بۇ پىكىر كاللامدىن زادى چىقىپ كەتمەيدۇ. ماڭا قايىل بولۇشىڭىز ئۈچۈن گېپىمگە ئوبدان قۇلاق سېلىشىڭىزنى سورايمەن، ۋىلفور ئەپەندى.

ۋىلفورنىڭ پۈتۈن ئەزايى ـ بەدىنىگە تىترەك ئولاشتى.

— ھېچقانچە ئىز قالدۇرماي دېگۈدەك ئادەمنى ئۆلتۈرىدىغان زەھەرلەرمۇ بولىدۇ. ئۇنداق زەھەرنى مەن ياخشى بىلىمەن. مەن ئۇنىڭ ھەممە ئىپادىلىرىنى ۋە قانداق ئاقىۋەتلەرگە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى تەتقىق قىلغان. ئۆتكەندە سېن ـ مېران خانىمنى تەكشۈرگىنىمدىكىگە ئوخشاش، بۇ قېتىممۇ بىچارە باررۇئانىڭ ئۆلۈشىدە شۇ خىل زەھەرنىڭ ئىپادىلىرى كۆرۈلدى. بۇ زەھەرنى ئېنىقلاش ئۇسۇلىنى مەن بىلىمەن. بۇ زەھەر كىسلاتالىق بوياق بىلەن قىزىلغا بويالغان لاكمۇس قەغىزىنىڭ ئەسلىدىكى كۆك رەڭگىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. ئۇ يەنە بىنەپشە شەربىتىنى يېشىل رەڭگە كىرگۈزىدۇ. ھازىر بىزدە لاكمۇس قەغىزى يوق، لېكىن، مانا، بىنەپشە شەربىتىنى ئەكىرىۋاتىدۇ.

كارىدوردا قەدەم شەپىسى ئاڭلاندى. دوختۇر ئىشىكنى ئېچىپ، ئايال خىزمەتكارنىڭ قولىدىن ئىككى ـ ئۈچ قوشۇق شەربەت قۇيۇلغان قاچىنى ئالدى ۋە يەنە ئىشىكنى يېپىپ قويدى.

— مانا قاراڭ، — دېدى ئۇ يۈرىكى گۈپۈلدەپ سوقۇپ تۇرغان خانلىق مۇپەتتىشكە قاراپ، — بۇ چىنىگە بىنەپشە شەربىتى قۇيۇلغان، مانا بۇ شىشىدىكىسى نۇئارتىيې بىلەن باررۇئا



ئىچكەن ھېلىقى شەربەتنىڭ قالدۇقى. ئەگەر بۇ شەربەتكە زەھەر ئارىلاشمىغان بولسا، بىنەپشە سۈيىنىڭ رەڭگى ئۆزگەرمەيدۇ. ئەگەر بۇ شەربەت زەھەرلەنگەن بولسا، بىنەپشە سۈيى يېشىل رەڭگە ئۆزگىرىدۇ. قاراڭ!

دوختۇر شىشىدىكى شەربەتنى ئاستا تامچىتىپ چىنىگە قۇيدى. شۇ ھامان بىنەپشە سۈيىنىڭ تېگىدە دوغ پەيدا بولدى. ئۇ، ئالدى بىلەن كۆك تاش رەڭگىگە كىردى، ئاندىن كەھرىۋانىڭ رەڭگىنى ئالدى ۋە ئەڭ ئاخىرىدا زۇمرەتتەك يېشىل رەڭگە كىرىپ توختىدى.

بۇ تەجرىبە ھېچقانداق گۇمانغا ئورۇن قويمىدى.

— بىچارە باررۇئا ئانگوستۇر ياكى ئىگناتىي ئۇرۇقى بىلەن زەھەرلەنگەن، — دېدى ئاۋرىنىي، — مەن ئەمدى خۇدانىڭ ئالدىدىمۇ، بەندىلەرنىڭ ئالدىدىمۇ بۇنى قەسەم قىلىپ ئېيتالايمەن.

ۋىلفور گەپ قىلمىدى. ئۇ، قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئالاق ـ جالاق بولۇپ كەتكەن كۆزلىرىنى يوغان ئاچتى ـ دە، ئۆزىنى كرېسلوغا تاشلىۋەتتى.

## يىگىرمە يەتتىنچى باب

## ئەيىبلەش

ئاۋرىنىي بۇ مۇدھىش ئۆيدىكى يەنە بىر جەسەتكە ئوخشاپ قالغان خانلىق مۇپەتتىشنى ئوڭايلا ھوشىغا كەلتۈردى.

— مېنىڭ ئۆيۈم ئۆلۈمنىڭ ئۆيى بولۇپ قالدى! — دەپ ئاھ ئۇردى ۋىلفور.

— جىنايەتنىڭ ئۆيى بولۇپ قالدى، — دېدى دوختۇر.

— ئۆزۈمنىڭ قانداق بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىمنى سىزگە ئېيتىپ بېرەلمەيمەن، — دېدى ۋىلفور، — دەھشەت، ئازاب... ساراڭدەك بولۇپ قالدىم.

— شۇنداق، — دېدى ئاۋرىنىي تەمكىنلىك بىلەن ۋە ئاۋازىنى ئالاھىدە چىقىرىپ. — ئەمدى ھەرىكەت قىلىش كېرەك. مېنىڭچە، ئەمدى بۇنداق كەينى-كەينىدىن ئۆلۈشلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام، ئەمدى بۇ سىرنى ئاشكارىلىماي تۇرالمايمەن، جەمئىيەت ئۈچۈن ۋە بۇ گۇناھسىز قۇربانلار ئۈچۈن قىساس ئېلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ۋىلفور روھىي چۈشكەن ھالدا ئۆي ئىچىگە كۆز يۈگۈرتتى.

— مېنىڭ ئۆيۈمدە! — دەپ پىچىرلىدى ئۇ. — مېنىڭ ئۆيۈمدە!

— ماڭا قاراڭ، ۋىلفور، — دېدى ئاۋرىنىي، — غەيرەتلىك بولۇڭ. سىز قانۇننىڭ ھىمايىچىسى. ۋىجدانىڭىز شۇنى تەلەپ قىلىدۇكى، ئەمدى بۇنداق قۇربان بېرىشتىن باش تارتماسلىقىڭىز كېرەك.

— دەھشەتلىك گەپلەرنى قىلىۋاتىسىز، دوختۇر. ئۆز-ئۆزىنى قۇربان قىلىش!

— گەپ شۇنىڭدا.

— سىز كىمدىن گۇمان قىلىۋاتىسىز؟

— ھېچكىمدىن گۇمان قىلغىنىم يوق. ئۆلۈم سىزنىڭ ئىشىكىڭىزنى چېكىۋاتىدۇ. ئۇ ئىچكىرىلەپ كىردى، مېڭىۋاتىدۇ. قارىغۇلارچە ئەمەس، بەلكى ئوبدان ئويلانغان قەدەملەر بىلەن ئۇ ئۆيدىن بۇ ئۆيگە كۆچۈۋاتىدۇ. مەن ئۇنىڭ ئىزىنى قوغلىشىپ مېڭىۋاتىمەن، ئۇنىڭ يولىنى كۆرۈۋاتىمەن. مەن قەدىمكىلەرنىڭ



ئەقىدىسىگە سادىق. كور كىشىدەك تەمتىرەپ مېڭىۋاتىمەن. مېنىڭ سىلەرگە بولغان دوستلۇقۇم ۋە سىزگە بولغان ھۆرمىتىم گويا قوش تېڭىقتەك كۆزلىرىمنى ئېتىپ تۇرۇۋاتىدۇ. شۇڭا...

— سۆزلەڭ، دوختۇر، سۆزىڭىزنى ئاخىرىغىچە ئاڭلايمەن.

— سىزنىڭ ئۆيىڭىزدە، ئېھتىمال، ئائىلىڭىزدە 100 يىلدا بىر تۇغۇلۇپ قالىدىغان مەخلۇقلاردىن بىرى يوشۇرۇنۇپ تۇرماقتا. لوكۇستا بىلەن ئاگرىپپىنا بىر دەۋردە ياشىغان. لېكىن بۇ ئايرىم ئەھۋال بولۇپ، تەڭرىنىڭ زالىملىقى چېكىدىن ئاشقان رىم ئىمپېرىيىسىنى قانچىلىك غەزەپ بىلەن يوقاتماقچى بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. برونگىلدا بىلەن فرېدېگوندا ئىككىسى بولسا، بىخ ئۇرۇپ چىقىۋاتقان مەدەنىيەتنىڭ جاھالەت ئەلچىسىنىڭ ياردىمى بىلەن بولسىمۇ روھنى بىلىشكە ئىنتىلىشىدىكى جاپالىق كۈرەشلىرىنىڭ مەھسۇلىدىن ئىبارەت. ئەنە شۇ ئاياللارنىڭ ھەممىسى ياش ۋە گۈزەل ئىدى. بىر چاغلاردا ئۇلارنىڭ پېشانىسىدە گۇناھسىزلىق تامغىسى بار ئىدى. سىزنىڭ ئۆيىڭىزدە ياشاۋاتقان جىنايەتچىنىڭ پېشانىسىدىمۇ ئەنە شۇنداق تامغا بار.

ۋىلفور ئاھ ئۇرۇپ، قوللىرىنى كىرىشتۇرۇپ، دوختۇرغا يالۋۇرغاندەك سىياقتا قارىدى. لېكىن دوختۇر رەھىمسىزلىك بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— قانۇن بىلىمىنىڭ قائىدىلىرىدىن بىرىدە «جىنايەتتىن كىم نەپ ئالىدۇ؟ شۇنى ئىزدە» دېگەن گەپ بار.

— دوختۇر! — دەپ خىتاب قىلدى ۋىلفور، — مۇشۇنداق سۆزلەر بىلەن قانچىلىغان ئادەملەر ناھەق جازالىنىپ كەتكەن! قانداقلىقىنى بىلمەيمەن، شۇنداقتىمۇ، بۇ جىنايەت...

— ئىش قىلىپ، بۇنىڭ جىنايەت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدىكەنسىز-دە؟

— ھەئە، ئېتىراپ قىلىمەن. ئېتىراپ قىلمايمۇ نېمە ئا-

مالىم بار؟ لېكىن بۇنى ئىنىقلاپ چىقىشىم كېرەك. بۇ جىنايەتنىڭ ئاساسلىق قۇربانى مەن ئۆزۈم بولۇپ قېلىشىم مۇمكىن. بۇ سىرلىق ئۆلۈملەرنىڭ كەينىدە شەخسەن مېنىڭ ھالاكىتىم يوشۇرۇنۇپ تۇرغان بولۇشى مۇمكىن.

— ئىنسان، — دەپ پىچىرلىدى ئاۋرىنىي، — بارلىق مەخلۇقلار ئىچىدە ئەڭ مەنپەئەتپەرەس، بارلىق جانلىقلار ئىچىدە ئەڭ شەخسىيەتچى! ئۇ، قۇياشنىڭ نۇر چېچىشى، يەرنىڭ ئايلىنىشى ۋە ئۆلۈمنىڭ كېلىشىنى پەقەت ئۆزى ئۈچۈنلا دەپ ئويلايدۇ. بىر تال كۆكاتقا چىقىۋېلىپ خۇدانى قارغايدىغان چۈمۈلە! ھاياتىدىن مەھرۇم قىلىنغانلارچۇ؟ ماركىز سىن - مىران، ماركىز خانىم، نۇئارتىيې ئەپەندى...

— نېمە؟ نۇئارتىيې ئەپەندى؟

— شۇنداق! مۇشۇ بىچارە مالايغا قەست قىلىنغان دەپ ئويلامسىز؟ ياق، ئۇ خۇددى شېكسپىرنىڭ ئەسىرىدىكى پولونىگە ئوخشاش باشقا كىشىنىڭ ئورنىدا ئۆلۈپ كەتكەن. ئەسلىدە شەربەتنى ئىچىۋرۇشكە قەستلەنگەن كىشى نۇئارتىيې ئىدى. نۇئارتىيېمۇ ئىچكەن، لېكىن بارروئا تاسادىپىي ئىچىپ قالغان. بارروئا ئۆلدى، لېكىن ئەسلى نۇئارتىيېنىڭ ئۆلۈشى كۆزلەنگەنىدى.

— ئەمىسە نېمە ئۈچۈن ئاتام ئۆلمىدى؟

— سىن - مىران خانىم ئۆلگەن كېچىسى باغدا مەن سىزگە بۇ ھەقتە سۆزلىگەنىدىم. نۇئارتىيېنىڭ ئورگانىزمى بۇنداق زەھەرنى ئىستېمال قىلىشقا كۆنگەن. ئۇنىڭغا زەرەر يەتكۈزمىگۈدەك ۋەزىنىدىكى زەھەر باشقا ھەر قانداق ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ. قىسقىسى، دۇنيادا ھېچكىم، ھەتتا ئاشۇ قاتىلمۇ مېنىڭ بىر يىلدىن بېرى نۇئارتىيې ئەپەندىنى برۇتسىن بىلەن داۋالاۋاتقىنىمنى بىلمەيدۇ. لېكىن قاتىل شۇنى بىلىدۇكى، ۋە ئۆز تەجرىبىسىدە كۆردىكى، برۇتسىن كۈچلۈك تەسىر قىلىدىغان زەھەر.



— ئاھ خۇدا! — دەپ پىچىرلىدى ۋىلفور ئۆزىنىڭ قوللىرىنى قايرىپ.

— جىنايەتچىنىڭ قىلمىشلىرىنى ئەسلەپ بېقىڭ. ئۇ ماركىزنى ئۆلتۈردى...

— دوختۇر!

— بۇ گېپىمنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايمەن. كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدا ئېيتقانلىرى مېنىڭ ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنلىرىمگە ناھايىتىمۇ ئوخشايدۇ.

ۋىلفور ئەمدى گەپ تالاشمىدى. ئۇ، بوغۇق ئاۋازدا ئاھ ئۇراتتى.

— ئۇ ماركىزنى ئۆلتۈردى، — دەپ تەكرارلىدى دوختۇر، — ماركىز خانىمنى ئۆلتۈردى. بۇ قوش مىراسقا ئىگە بولۇشنىڭ قەستى.

ۋىلفور ماڭلىيىدىن ئېقىپ چۈشۈۋاتقان تەرنى سۈرتتى.

— ئوبدان ئاڭلاڭ.

— ھەربىر سۆزىڭىزنى قويۇۋەتمەي ئاڭلاۋاتىمەن، — پىچىرلىدى ۋىلفور.

— نۇئارتىيې ئەپەندى، — رەھىمسىزلىك بىلەن سۆزلەشنى داۋاملاشتۇردى ئاۋرىنىي، — ئۆزىنىڭ ۋەسىيەتنامىسىدا قول ئىلكىدىكىنىڭ ھەممىسىنى كەمبەغەللەرگە ئاتاپ قويىدى. شۇنىڭ بىلەن، سىزنى ۋە ئائىلىڭىزنى مىراستىن مەھرۇم قىلىدى. نۇئارتىيې ئەپەندىگە دەسلەپتە قول تەگكۈزۈشمىدى، چۈنكى ئۇنىڭدىن كېلىدىغان نەپ يوق ئىدى. ھالبۇكى، ئۇ بىرىنچى ۋەسىيەتنامىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئىككىنچى ۋەسىيەتنامىنى تۈزگەندىن كېيىن جىنايەتچى يەنە ئۈچىنچى ۋەسىيەتنامىنىڭ چىقىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنى زەھەرلىدى. خاتالاشمىسام، ئاخىرقى ۋەسىيەتنامە ئالدىنقى كۈنى تۈزۈلگەنىدۇ. كۆردىڭىزمۇ، ئۇ ۋاقىتنى قولدىن بەرمىگەن.

— رەھىم قىلىڭ، ئاۋرىنى!
— رەھىم قىلىشقا بولمايدۇ، تەقسىر. دوختۇرنىڭ مۇقەددەس بۇرچى بار. شۇ بۇرچنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئۇ ھاياتلىقنىڭ مەنبەلىرىنى قىدىرىدۇ، سىرلىق ئۆلۈملەرنىڭ قاراڭغۇ چوڭقۇرلۇقىغا چۆكىدۇ. جىنايەت سادىر بولۇپ، خۇدا جىنايەتچىدىن ئۆز نەزەرىنى تارتقاندىن كېيىن، دوختۇرنىڭ بۇرچى «جىنايەتچى مۇشۇ!» دەپ كۆرسىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت.
— قىزىمغا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن! — دەپ پىچىرلىدى ۋىلفور.
— سىز ئۆزىڭىز ئۇنى تىلغا ئالدىڭىز، سىز ئۇنىڭ ئاتىسى.
— ۋالېنتىناغا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن! ياق، ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنى ئەيىبلىگەندىن كۆرە، مېنى ئەيىبلەڭ! ۋالېنتىنا ئالتۇندەك پاك قىز، ئۇنىڭ ھېچقانداق گۇناھى يوق!
— ئىچ ئاغرىتىشقا بولمايدۇ، جانابىي خانلىق مۇپەتتىش. پاكىت ئېنىق. ماركىز سېن - مېرانىغا ئەۋەتىلگەن دورىلارنى ۋىلفور خانقىز ئۆزى قاچىلاپ تاڭغان. ئاقىۋەتتە ماركىز ئۆلدى. ۋىلفور خانقىز ماركىز خانىم سېن - مېرانىغا ئىچىملىك تەييارلاپ بەرگەن ۋە ماركىز خانىم ئۆلدى. نۇئارتىيې ئەپەندىنىڭ ئەتىگەندە ئىچىدىغان شەربىتىنى بارروئانىڭ قولىدىن ۋىلفور خانقىز ئېلىۋالغان، لېكىن نۇئارتىيې بوۋاي تاسادىپىي قۇتۇلۇپ قالغان. ۋىلفور خانقىز جىنايەتچى، زەھەرلىگۈچى! جانابىي خانلىق مۇپەتتىش، مەن ۋىلفور خانقىزنى ئەيىبلەيمەن، سىزمۇ ئۆز بۇرچىڭىزنى ئادا قىلىڭ!
— دوختۇر، گەپ تالاشمايمەن، ئۆزۈمنى ئاقلىمايمەن، سۆزىڭىزگە ئىشەندىم. لېكىن مېنى ۋەيران قىلماڭ، نامىمنى ئاياغ ئاستى قىلماڭ!
— ۋىلفور ئەپەندى، — دېدى دوختۇر بارغانسېرى



قەتئىيلىشىپ، — بىر قىسىم ئەھۋاللاردا قۇرۇق رەسمىيەتچىلىككە ئېسىلىۋېلىشقىمۇ بولمايدۇ. ئەگەر قىزىڭىز بىر قېتىم جىنايەت ئۆتكۈزگەن بولۇپ، يەنە ئىككىنچى قېتىم جىنايەت ئۆتكۈزۈشنى قەستلەۋاتىدۇ، دەپ ئويلىغان بولسام، سىزگە: «قىزىڭىزنى چىڭ تۇتۇڭ، ئۇنى جازالاڭ، ئۇ ئەمدى بىرەر ئىبادەتخانىدا بەخشەندە بولۇپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىنى گۇناھىنى تىلەش بىلەن كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ ئۆتكۈزسۇن» دېگەن بولاتتىم. ئەگەر ئۇ ئىككىنچى قېتىم جىنايەت ئۆتكۈزگەن بولسا، مەن سىزگە مۇنداق دېگەن بولاتتىم: «ۋىلفور، مانا بۇ زەھەرنى ئېلىڭ، بۇنى ئىچكەن ئادەم ساقايمايدۇ. بۇ خۇددى خىيالدەك، تېز، چاقماقتەك ئۇشتۇمتۇت تەسىر قىلىدۇ ۋە گويا بىر زەربە بىلەنلا ئادەمنى ھالاك قىلىدۇ. قىزىڭىزنىڭ جېنىنى تەڭرىنىڭ شەپقىتىگە تاپشۇرۇپ، ئۇنىڭغا بۇ زەھەرنى ئىچۈرۈڭ. شۇنداق قىلسىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ شەنىڭىزنى ۋە ھاياتىڭىزنى ساقلاپ قالالايسىز، چۈنكى ئۇ سىزگە قەست قىلىۋاتىدۇ. ئۇ سىزگە يالغان كۈلۈپ، شېرىن سۆزلەرنى قىلىپ، جېنىڭىزغا قول ئۇزىتىۋاتىدۇ! ئەگەر ئالدى بىلەن ئۇنى سىز يوقاتمىسىڭىز، بېشىڭىزغا بالا بولىدۇ!» ئەگەر ئۇ ئىككى ئادەمنى ئۆلتۈرۈش بىلەنلا چەكلەنگەن بولسا، مەن سىزگە شۇ گەپلەرنى قىلغان بولاتتىم. لېكىن ئۇ ئۈچ ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولدى، ئۈچ ئادەمنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆردى، ئۈچ جەسەتنىڭ ئالدىدا تىزىنى پۈكتى. بۇ زەھەرلىگۈچىنى جاللاتنىڭ قولىغا تاپشۇرۇش كېرەك، جاللاتنىڭ قولىغا! سىز ئۆزىڭىزنىڭ شەنىڭىزنى ئويلايدىكەنسىز، ئۇنداق بولسا، مېنىڭ دېگىنىم بويىچە ئىش قىلىڭ. شۇنداق قىلسىڭىز، نامىڭىز ئۆلمەيدۇ!

ۋىلفور ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ تىزلاندى.
— مەن سىزدەك ئىرادىلىك ئەمەس ئىكەنمەن، — دېدى

ئۇ، — لېكىن بۇ گەپ مېنىڭ قىزىم ئۈستىدە ئەمەس، سىزنىڭ قىزىڭىز ئۈستىدە بولغان بولسا، سىزمۇ بۇنچىلىك ئىرادىلىك بولالمىغان بولاتتىڭىز.

ئاۋرىنىسى تاتىرىپ كەتتى.

— دوختۇر، ئايال كىشىدىن تۇغۇلغان ھەر قانداق ئادەم ئازابلىنىشتىن ۋە ئۆلۈشتىن ئۆزىنى قاچۇرالمايدۇ. مەنمۇ مۇشۇنداق ئازاب ئىچىدە ئۆزۈمنىڭ ئۆلۈش سائىتىمنى كۈتىمەن.

— ئاگاھ بولۇڭ، — دېدى ئاۋرىنىسى، — سىزنىڭ سائىتىڭىز بالدۇر تۇشمايدۇ. كۆز ئالدىڭىزدا ئاتىڭىز، ئايالىڭىز ۋە بەلكىم ئوغلىڭىز ئۆلگەندىن كېيىن، ئاندىن نۆۋەت سىزگە كېلىدۇ.

ۋىلفورنىڭ نەپسى بوغۇلۇپ، دوختۇرنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى.

— ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن، — دەپ خىتاب قىلدى ئۇ، — ماڭا ياردەم قىلىڭ... ياق، قىزىمدا گۇناھ يوق... مېنى سوتقا ئاپارسىڭىزمۇ شۇنى دەيمەن، ياق، قىزىمدا گۇناھ يوق... مېنىڭ ئۆيۈمدە جىنايەت بولمىدى... خالىمايمەن، ئاڭلاۋاتامسىز، مېنىڭ ئۆيۈمدە جىنايەت بولۇشىنى خالىمايمەن... چۈنكى، بىر ئۆيگە جىنايەت كىرسە، ئۇ خۇددى ئۆلۈمگە ئوخشاش ھەرگىزمۇ يالغۇز كەلمەيدۇ. ماڭا قاراڭ، مەن قاتىللىقنىڭ قۇربانى بولسامۇ سىزنىڭ چاتقىڭىز نېمە؟ سىز ماڭا دوستمۇ؟ سىز ئادەممۇ؟ سىزنىڭ يۈرىكىڭىز بارمۇ؟ ياق، سىز دوختۇر! سىزگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، مەن قىزىمنى جاللاتنىڭ قولىغا بەرمەيمەن! بۇ گەپلىرىڭىز مېنى يۇتۇپ كېتىۋاتىدۇ، مەن خۇددى ساراڭ ئادەمدەك تىرناقلىرىم بىلەن كۆكسۈمنى تاتىلاپ يىرتىۋېتىشكە تەييار بولۇپ قالدىم! ئەگەر سىزنىڭ دىگىنىڭىزدەك بولماي چىقسىچۇ، دوختۇر؟ ئەگەر بۇ قىزىم ئەمەس، باشقا بىر ئادەم بولۇپ چىقسىچۇ؟ كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەن



خۇددى ئەرۋاھدەك تاتىرىپ كەتكەن ھالدا ئالدىڭىزغا كېلىپ: «قاتىل، سەن مېنىڭ قىزىمنى ئۆلتۈردۈڭ!» دەيمەن. ناۋادا شۇنداق بولۇپ قالسا... مەن خىرىستىئان، ئاۋرىنىسى، لېكىن مەن ئۆزۈمنى ئۆلتۈرىۋالىمەن.

— ماقۇل، — دېدى دوختۇر بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، — مەن كۈتۈپ تۇراي.

ۋىلفور ئۇنىڭغا ئىشەنمىگەندەك قىلىپ قارىدى.

— لېكىن شۇنى ئېيتىپ قويايكى، — دېدى ئاۋرىنىيى ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، — ئەگەر ئۆيۈڭلاردا بىر كىم ئاغرىپ قالسا، ئەگەر ئۆزىڭىز زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقىڭىزنى ھېس قىلسىڭىز مېنى چاقىرتماڭ، كەلمەيمەن. بۇ دەھشەتلىك سىرنى ساقلاشقا رازى بولاي، ئەمما قەلبىمگە نومۇس ۋە پۇشايمان كىرىپ، خۇددى سىزنىڭ ئۆيىڭىزگە كىرگەن ياۋۇزلۇق ۋە قايغۇ - ھەسرەتتەك زورىيىپ ۋە كۆپىيىپ بېرىشىنى خالىمايمەن.

— مەندىن يۈز ئۆرۈمسىز، دوختۇر؟

— شۇنداق، چۈنكى ئەمدى ئىككىمىزنىڭ يولىمىز بىر ئەمەس، سىز بىلەن مويىتۇكىزىنىڭ ئالدىغىچە بىللە كەلدىم. يەنە بىر كىشى تەرىپىدىن پاش قىلىنىسىڭىز بۇ دەھشەتلىك تراگېدىيە تامام بولىدۇ. خەير - خوش.

— دوختۇر، ئۆتۈنۈپ قالاي!

— بۇ يەردە مەن كۆرگەن ئىشلار ئادەمنىڭ ئەقلىنى بۇلغايدۇ. سىزنىڭ ئۆيىڭىزدىن نەپرەتلىنىمەن. خەير - خوش، تەقسىر!

— يەنە بىر گەپ، پەقەت بىرلا گەپ، دوختۇر! سىز ماڭا دەھشەتلىك گەپلەرنى قىلدىڭىز، ئەمدى مېنى مۇشۇنداق دەھشەتلىك ئەھۋالدا يالغۇز قويۇپ كېتىۋاتىسىز. بىراق، بىچارە باررۇئانىڭ ئۈشتۈمتۇت ئۆلۈمى توغرىسىدا باشقىلار نېمە دەپ قالار؟

— بۇ گېپىڭىز توغرا، — دېدى ئاۋرىنيې، — مېنى ئۈزۈتۈپ چىقىڭ.

دوختۇر ئالدىدا، ۋىلفور كەينىدە مېڭىپ، بۆلمىدىن چىقىشتى. قورقۇپ كەتكەن خىزمەتكارلار كارىدور ۋە پەلەمپەيدە دوختۇرنىڭ يولىنى توسۇپ تۇرۇشاتتى.

— تەقسىر، — ئاۋرىنيې ھەممەيلەن ئاڭلىغۇدەك قىلىپ، ۋىلفورغا قاتتىق ئاۋازدا سۆزلىدى، — بىچارە بارروئا ئاخىرقى يىللاردىن بېرى ناھايىتى ئاز ھەرىكەت قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ، بۇرۇن خوجايىنى بىلەن بىللە پۈتۈن ياۋروپانى ئات مىنىپ ۋە ھارۋىغا ئولتۇرۇپ ئايلىنىپ چىققان. ئۇ، شۇنداق كۆپ ھەرىكەت قىلىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەنىدى. كېيىن پالەچ بولغان بىمارغا قاراپ، ھەرىكەتسىز ئولتۇرۇۋېرىش ئۇنىڭ سالامەتلىكىگە زىيان يەتكۈزدى. ئۇنىڭ قېنى قويۇقلىشىپ كەتكەن. ئۇ، ئۆزى بوينى قىسقا، سېمىز ئادەم بولغاچقا، ئاخىرى ئۇنىڭ مېڭىسىگە قان چۈشۈپتۇ. مەن كەلگەندە ئاللىقاچان ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئېپىتقاندەك، — دەپ قوشۇپ قويدى ئۇ پىچىرلاپ، — بىنەپشە سۈيىنى مەشكە تۆكۈۋېتىشنى ئۇنتۇپ قالماڭ.

دوختۇر ۋىلفورغا قولىنى بەرمەستىن ۋە ئارتۇق سۆز قىلماستىن، ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. خىزمەتكارلار ياشلىرىنى تۆكۈشۈپ ۋە غۇلغۇلا قىلىشىپ، ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ قېلىشتى.

شۇ كۈنى ئاخشىمى بارلىق خىزمەتكارلار ئاشخانىغا يىغىلىپ، ئۆزئارا غۇلغۇلا قىلىشتى ۋە ئاخىرى ۋىلفور خانىمنىڭ ئالدىغا كىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ بۇ يەردىن كېتىشىگە رۇخسەت قىلىشنى سوراشتى. يالۋۇرۇشلارمۇ، ئىش ھەققىنى ئۆستۈرۈپ بېرىش ھەققىدىكى گەپلەرمۇ كار قىلمىدى. خىزمەتكارلار:

— كەتمىسەك بولمايدۇ، بۇ ئۆيگە ئۆلۈم كىرىۋالدى، — دېگەن گەپتە چىڭ تۇرۇۋېلىشتى.



ئۇلار يەنە بۇنداق ياخشى خوجايىنلاردىن، بولۇپمۇ ۋالېنتىنا خېنىمدەك ئاق كۆڭۈل، دىلى يۇمشاق ۋە مۇلايىم خانىمىزدىن ئايرىلىشقا بەك ئېچىنىدىغانلىقىنى ئېيتىشتى، ئەمما ھېچقانداق يېلىنىش - يالۋۇرۇشلارغا قارىماي خوشلىشىپ چىقىپ كېتىشتى.

ۋىلفور خىزمەتكارلارنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندا، ۋالېنتىناغا قارىدى.

ۋالېنتىنا يىغلاپ ئولتۇراتتى.

ۋىلفور ۋالېنتىنانىڭ كۆز ياشلىرىنى كۆرۈپ، كۆڭلى بۇزۇلدى ۋە ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئېلىپ، ۋىلفور خانىمغا قارىغانىدى. ئەجەبا، ئۇنىڭ نېپىز لەۋلىرىدە بەئەينى جۇدۇنلۇق ئاسماندىكى بۇلۇتلار ئارىسىدىن ئۇچۇپ چىقىشكەن شۇم خەۋەر يەتكۈزگۈچى ئاقار يۇلتۇزدەك غىل - پال كۆرۈنۈپلا، شۇ ھامان يوقالغان سوغۇق كۈلۈمسىرەشنى كۆرۈپ قالدى.

# يىگىرمە سەككىزىنچى باب

## بولكىمچىنىڭ ئۆيىدە

گراف مورسېر دانگلارنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىگە دۇچ كەلگەنلىكتىن ئىزا ۋە ئاھانەتتىن ئۆزىنى يوقاتقان ھالدا قايتىپ كەتكەن كۈنى كەچتە كۆپتۈرمە چاچلىرى مايلانغان، بۇرۇتى يۇقىرىغا تولغاپ قويۇلغان، قوللىرىغا ئاپئاق پەلەي كىيگەن ئاندرېئا كاۋالكانتى ئۆزىنىڭ پەيتۇنىدا ئۆرە تۇرۇپ دېگۈدەك ئانتېن كوچىسىدىكى بانكىرنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدى.

ئۇ، ساراي ئۆيىدە بىردەم نېرى - بېرى پاراڭ بىلەن

ئولتۇرغاندىن كېيىن بىر ئەپلىك پۇرسەت چىقىرىپ، دانگلارنى دېرىزە يېنىغا تارتىپ ئېلىپ باردى ۋە ئۇستىلىق بىلەن گەپ ياساپ، ئاتىسى كەتكەندىن بۇيان كۆڭلىگە ئارام بەرمەيۋاتقان غەملىرىدىن سۆز ئاچتى. ئۇ، شۇنداق دەپ سۆزلىدىكى، ئاتىسى كەتكەندىن بۇيان بانكىرنىڭ ئائىلىسى ئۇنى ئۆز ئوغلىدەك كۆرۈپ، غەمخورلۇق قىلدى. ئۇ، بۇ ئائىلىدە ئۆز بەختىنىڭ كاپالىتىنى تاپتى. بۇنداق بەختنى ھەر قانداق ئادەم ئادەتتىكى مۇھەببەت ھەۋىسىدىن ئۈستۈن قويىشى كېرەك. ۋەھالەنكى، ئۇ دانگلار خانىقىزنىڭ ئاجايىپ گۈزەل كۆزلىرىدىن ئۆزىنىڭ مۇھەببىتىنى تېپىشتەك بەختكە مۇيەسسەر بولدى.

دانگلار ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئىنتايىن بېرىلىپ ئاڭلىدى. ئۇ بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئاندرېئانىڭ سۆز ئېچىشىنى كۈتۈپ يۈرگەنىدى. ئۇ، مورسېرنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندا قانچىلىك قاپىقى سېلىنغان بولسا، ئەمدى ئاندرېئانىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغانسېرى چىرايى شۇنچە ئېچىلىپ كەتتى.

شۇنداقتىمۇ، ئۇ، بۇ يىگىتنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىشتىن ئىلگىرى ئۆزىنىڭ بەزى گۇمانىي قاراشلىرىنى ئېيتىۋېلىشنى مۇۋاپىق تاپتى.

— ۋىكونت، — دېدى ئۇ، توي ھەققىدە باش قاتۇرۇشقا يېشىڭىز كىچىكلىك قىلماسمۇ؟

— يوقسۇ، تەقسىر، — دېدى كاۋالكانتى، — ئىتالىيىدە باي كىشىلەر بالدۇر توي قىلىدۇ. بۇ ناھايىتى ئاقىلانە ئادەت. ھايات شۇنداق ئۆزگىرىشچان كېلىدۇكى، بەخت قولۇڭغا كەلگەندە ئۇنى ۋاقتىدا چىڭ تۇتۇۋېلىشىڭ كېرەك.

— مەنمۇ سىزنىڭ تەلىپىڭىزنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىمەن، — دېدى دانگلار، — ئايالىم بىلەن قىزىممۇ بۇنىڭغا رازى بولىدۇ دەيلى. لېكىن، ئىقتىسادىي مەسىلىلەرنى كىم



بىلەن مۇزاكىرە قىلىشىمىز؟ مېنىڭچە، بۇ مۇھىم ئىشنى ئاتا بولغۇچى كىشىلا بىر تەرەپ قىلالايدۇ.

مېنىڭ ئاتام پەملىك ۋە پاراسەتلىك ئادەم. ئۇ، مېنىڭ فرانسىيىدە لايىق تېپىپ قېلىشىمنى مۆلچەرلىگەن. شۇڭا، ئۇ يولغا چىقىشتا مېنىڭ گۇۋاھنامىلىرىم بىلەن بىللە، ئەگەر مېنىڭ تاللىغان لايىقىم ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىدەك بولسا، توي قىلغان كۈنۈمدىن ئېتىبارەن ھەر يىلى 150 مىڭ لىۋىر بېرىش ھەققىدە يېزىلغان ھۆججەتنىمۇ قالدۇرۇپ كەتتى. بۇ، ئاتامنىڭ يىللىق كىرىمىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ.

— مەن قىزىمنىڭ تويلۇقىغا 500 مىڭ فرانك بېرىمەن، — دېدى دانگلار، — ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ مېنىڭ بىردىنبىر ۋارىسىم.

— مانا كۆردىڭىزمۇ، — دېدى ئاندرېئا، — ناۋادا، بارون خانىم دانگلار بىلەن ئېۋژېنى خانىقىز مېنىڭ تەكلىپىمنى رەت قىلمىسا، ئىشلار ناھايىتى ياخشى يۈرۈشۈپ كېتىدىكەن. بىز 175 مىڭ لىۋىر يىللىق كىرىمگە ئىگە بولىدىكەنمىز. يەنە بىر ئېھتىمالمۇ باركى، ماركىز ماڭا قەرەللىك خىراجەت بەرمەستىن، بەلكى پۈتۈن كاپىتالىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشىمۇ مۇمكىن. بۇنى قولغا كەلتۈرۈش ئوڭاي ئەمەس. بۇنى بىلىمەن. شۇنداقتىمۇ، ئۇنى ماقۇل كەلتۈرۈشكە بولار دەپ ئويلايمەن. شۇنداق بولۇپ قالسا، سىز بىزنىڭ ئىككى - ئۈچ مىليونىمىزنى ئوبوروتقا كىرگۈزىسىز. بۇنچىلىك دەسمايە تەجرىبىلىك قوللارغا ئۆتسە، ئون پىرسەنت پايدا كەلتۈرەلەيدۇ.

— مەن ھېچقانداق ئادەمگە تۆت پىرسەنتتىن ئارتۇق ئۆسۈم تۆلىمەيمەن، — دېدى بانكىر، — توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئۈچ يېرىم پىرسەنت بېرىمەن. لېكىن كۈيئوغلۇمغا بەش پىرسەنت بېرىپ، پايدىسىنى تەڭ بۆلۈشىمىز.

— ۋاھ، بۇ قالتىس گەپ بولدى، داداڭزا، — دېدى كاۋالكانتى ئۆزىنىڭ لوكچەكلىك تەبىئىتىگە بىر ئاز بېرىلىپ كېتىپ. ئۇ، ئۆزىنى ئاقسۆڭەكلەرچە تۇتۇشقا ھەر قانچە تىرىشسىمۇ، تۇرۇپ - تۇرۇپلا كونا ئادىتىنى چاندۇرۇپ قوياتتى.

ھالبۇكى، ئۇ دەرھال ھوشىنى يىغىۋېلىپ، گەپ ياسىدى:

— ئەپۇ قىلىڭ بارون. كۆردىڭىزمۇ، كىچىككىنە ئۈمىدلىنىپ قېلىۋىدىم، ئەقلىمنى يوقىتىپ قويۇشقا تاس قالدىم. ئەگەر بۇ ئۈمىدىم ئەمەلگە ئېشىپ قالسا قانداق بولۇپ كېتەرمەن؟

— بۇ ئىشنىڭ يەنە بىر تەرىپى بار، — دېدى دانگلار، خالىسانە تۇستە باشلانغان بۇ سۆھبەتنىڭ شۇنچە تېزلىك بىلەن بۇ سودىغا ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى سەزمەستىن، — مال - ۋەجىڭىزلەرنىڭ دەخلىسىز ھالدا سىزگە تەئەللۇق بولىدىغان قىسمىمۇ بولۇشى مۇمكىن.

— قايسى قىسمىنى دەيسىز؟ — سورىدى ئاندرېئا.

— ئانىڭىزغا تەئەللۇق بولغان قىسمى.

— ئەلۋەتتە، ئانام ئولىۋا كورسىنارىغا تەئەللۇق بولغان قىسمى بار.

— ۋەجىڭىزلەرنىڭ بۇ قىسمى قانچىلىك؟

— راستىنى ئېيتقاندا، — دېدى ئاندرېئا، — بۇ مەسىلە ئۈستىدە بۇرۇن ئويلىنىپ باقمىغانىكەنمەن، لېكىن پەرىزىمچە، ئاز بولغاندىمۇ 2 مىليوننى تەشكىل قىلىدۇ.

خۇشاللىقتىن دانگلارنىڭ دېمى سىقىلىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنى خۇددى يوقىلىپ كەتكەن مىلىنى تېپىۋالغان بېخىلدەك ۋە سۇغا چۆكۈپ كېتىۋېتىپ ئۇشتۇمتۇت قاتتىق يەرگە دەسسەپ قالغان ئادەمدەك ھېس قىلدى.

— شۇنداق قىلىپ، بارون، — دېدى ئاندرېئا، خۇشا-



مەتكۈيلۈق بىلەن بانكىرغا تەزىم قىلغاندەك ئېگىلىپ تۇرۇپ، — ئۈمىد قىلسام بولامدۇ؟

— ۋىسكونت، — دېدى دانگلار، — ئۈمىد قىلسىڭىز بولىدۇ. سىز تەرەپتىن باشقىچە پىكىر چىقمىسىلا، بۇ ھەل بولغان مەسىلە.

— ئاھ، مەن نېمىدېگەن بەختلىك، بارون! — دېدى ئاندرېئا.

— بىراق، — دېدى يەنە دانگلار، — پارىژ جامائەتچىلىكى ئىچىدە سىزگە ئاتىدارچىلىق قىلىدىغان گراف مونتې - كرىستو نېمە ئۈچۈن سىز بىلەن بىللە كەلمىدى؟

ئاندرېئا بىلىنەر - بىلىنمەس قىزاردى.

— مەن ھازىر گرافنىڭ ئالدىدىن كەلدىم، — دېدى ئۇ، — ئۇ ھەقىقەتەن ياخشى ئادەم، بىراق مىجەزى ئۆزگىچە. ئۇ، مېنىڭ سىزگە گەپ ئاچماقچى بولغانلىقىمنى تولۇق قوللىدى. ئۇ ھەتتا ئاتامنىڭ پۈتۈن كاپىتالىنى ماڭا بېرىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ، ئاتامنى بۇنىڭغا ماقۇل كەلتۈرۈشكە ۋەدە بەردى. لېكىن ئۇ يەنە ھېچقانداق ئادەمنىڭ توي ئىشىغا ئارىلاشمايمەن دەيدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭغا خاپا بولمايمەن، ئۇ ماڭا شەرەپ كەلتۈرۈپ شۇنداق دېدىكى، ئۇ بىزنىڭ توي ئىشىمىزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق ئادەتنى ئۆزلەشتۈرۋالغىنىدىن ئەپسۇسلىنىپتۇ، چۈنكى ئۇ بىزنىڭ تويىمىزنىڭ بەختلىك توي بولۇشىغا ئىشىنىدىكەن. يەنە بىر گەپ، گەرچە ئۇ بۇ ئىشقا رەسمىي ئارىلاشمىسىمۇ، ئەگەر سىز خالىسىڭىز، ئۆزىنىڭ پىكرىنى بىلدۈرۈپ، سىز بىلەن سۆزلىشىشنى رەت قىلمايدىكەن.

— ناھايىتى ياخشى.

— ئەمدى، — دېدى ئاندرېئا يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ

تۇرۇپ، — قېپىن ئاتامغا قىلىدىغان گەپنى توختىتىپ بانكىرغا مۇراجىئەت قىلىمەن.

— ئۇنىڭغا نېمە گېپىڭىز بار ئىدى؟ — دېدى دانگلار كۈلۈپ كېتىپ.

— ئۆگۈنلۈككە مەن سىزدىن 4 مىڭ فرانك ئالاي دېگەنىدىم. لېكىن گراف بۇ ئايدا ماڭا كۆپ چىقىم قىلىشقا توغرا كېلىدىغانلىقىنى ۋە مېنىڭدەك بويتاقنىڭ كىرىمى بۇنىڭغا چىقىش قىلمايدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ماڭا 20 مىڭ فرانكنىڭ چېكىنى بەردى. مانا شۇ چەك. مانا، گرافنىڭ ئىمزاسى. قانداق، بېرەلەمسىز؟

— بۇنداق چەكلەر مىليونغا يېزىلغان بولسىمۇ بېرىمەن، — دېدى دانگلار، چەكنى يانچۇقىغا سېلىپ، — ئەتىلىككە سائەت قانچىدە ۋاقتىڭىز بار؟ ۋاقتىنى بەلگىلەپ بېرىڭ. مېنىڭ كاسسىرىم پۇلنى ئېلىپ ئالدىڭىزغا بارىدۇ. 24 مىڭ فرانكقا قول قويۇپ بېرىسىز.

— مۇمكىن بولسا، ئەتىگەن سائەت ئوندا. قانچە بالدۇر بولسا، شۇنچە ياخشى. مەن ئەتە شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقماقچىدىم.

— ماقۇل، سائەت ئوندا بولسۇن. پىرىنسېۋ مېھمانخانىسىدىمۇ؟

— ھەئە.

ئەتىسى دەل ئوندا بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا كاۋالكانتىغا نەق 24 مىڭ فرانك تاپشۇرۇپ بېرىلدى. كاۋالكانتى كادرۇسقا 200 فرانكنى قالدۇرۇپ، ياتاقتىن چىقىپ كەتتى.

ئاندرېئا ئاساسەن ئۆزىنىڭ بۇ خەتەرلىك دوستىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن چىقىپ كەتكەنىدى. يەنە شۇ سەۋەبتىن ئۇ ياتىقىغا



ئىمكانقەدەر كەچ قايتتى. لېكىن ئۇ دەرۋازىدىن كىرىشى بىلەنلا، ئۇنىڭ ئالدىدا مېھمانخانا دەرۋازىۋەنى پەيدا بولدى. ئۇ شەپكىسىنى قولىغا ئالغان ھالدا ئاندرېئانى كۈتۈپ تۇرغانىدى.

— تەقسىر، — دېدى ئۇ، — ھېلىقى كىشى كېلىپ كەتتى.

— قايسى كىشى؟ — دەپ سورىدى ئاندرېئا يادىدىن ھەرگىزمۇ چىقمايدىغان ئادەمنى گويا پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ قالغاندەك قىياپەتتە.

— جانابىلىرى ئاز-تولا نەپىقە بېرىپ تۇرىدىغان كىشى.

— ھە، راست، — دېدى ئاندرېئا، — ئاتامنىڭ كونا مالىيى. مەن قويۇپ كەتكەن 200 فرانكنى ئۇنىڭغا بەردىڭىزمۇ؟

— بەردىم، جانابىلىرى.

ئاندرېئانىڭ خاھىشى بويىچە مالايلار ئۇنى «جانابىلىرى» دەپ ئاتايتتى.

— بىراق، ئۇ ئالمىدى، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى دەرۋازىۋەن.

ئاندرېئا تاتىرىپ كەتتى، لېكىن بەك قاراڭغۇ بولغاچقا، بۇنى ھېچكىم سەزمىدى.

— نېمە؟ ئالمىدى؟ — دېدى ئۇ ئاۋازى تىترىگەن ھالدا.

— ئالمىدى. ئۇ جانابىلىرى بىلەن كۆرۈشمەكچىكەن. مەن ئۆزلىرىنى ياتاقتا يوق دېسەممۇ ئۇنىماي تۇرۇۋالدى. ئاخىرى ئۇ سۆزۈمگە ئىشەندى ۋە سىلىگە خەت قالدۇرۇپ كەتتى. خەتنى ئۇ ئۆزى چاپلاپ ئەكەلگەنىكەن.

— ئەكېلىڭ، ئۇ خەتنى، — دېدى ئاندرېئا.

ئۇ پەيتۇنىنىڭ چىرىغىنىڭ يورۇقىدا خەتنى ئوقۇدى:

«مېنىڭ قەيەردە تۇرىدىغانلىقىمنى ئۆزۈڭ بىلىسەن. ئەتە

ئەتىگەن سائەت توققۇزدا سىزنى كۈتىمەن».

ئاندرېئا بۇ خەتنى باشقا كىشى ئېچىپ كۆرگەنمىدۇ، دېگەن گۇمان بىلەن چاپلانغان يېرىنى سىنچىلاپ قاراپ تەكشۈرۈپ باقتى. خەت شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن قاتلاپ چاپلانغانىدىكى، پېچەتنى بۇزماي تۇرۇپ ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. خەتنىڭ پېچىتى ساق ئىدى.

— شۇنداق، — دېدى ئۇ، — بىچارە! ئۇ بەك ياخشى ئادەم.

دەرۋازىۋەن بۇ گەپلەردىن قانائەت ھاسىل قىلدى ۋە بۇ ياش خوجايىن بىلەن قېرى مالايىنىڭ ئىككىسىنىڭ قايسىسىدىن تەسىرلىنىشنى بىلمەي قالدى.

— ئاتنى ھارۋىدىن چىقىرىپ بولۇپ، مېنىڭ يېنىمغا كىرىڭ، — دېدى ئاندرېئا ئات باقارغا.

ئۇ ۋە ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ ياتىقىغا كىردى-دە، كادرۇسنىڭ خېتىنى كۆيدۈرىۋەتتى ۋە ھەتتا ئۇنىڭ كۈلىنىمۇ يوقىتىۋەتتى. بۇ ئىشنى ئەمدى تۈگىتىپ تۇرۇشىغا ئات باقار كىردى.

— سېنىڭ بويۇڭ مەن بىلەن تەڭ ئىكەن، پېيىر، — دېدى ئۇنىڭغا ئاندرېئا.

— شۇنداق، بۇ مەن ئۈچۈن شەرەپ، — دەپ جاۋاب بەردى ئات باقار.

— تۈنۈگۈن ساڭا يېڭى خىزمەتكارلار كىيىمى بېرىشتىغۇ دەيمەن؟

— شۇنداق، تەقسىر.

— بىر مەيخانىدا خىزمەت قىلىدىغان قىز بىلەن ئالاقەم بار ئىدى. مەن ئۇنىڭدىن ئۆزۈمنىڭ كىم ئىكەنلىكىمنى ۋە ئۇنۋانىمنى يوشۇرىمەن. شۇڭا، ماڭا ئۆزۈڭنىڭ كىيىمىڭنى ۋە ھۆججەتلىرىڭنى بېرىپ تۇرغىن، مەيخانىدا قونۇپ قالسام كېرەك بولىدۇ.

پېيىر ماقۇل بولدى.



بەش مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن ئاندرېئا كىيىمىنى ئالماشتۇرۇپ، مېھمانخانىدىن چىقتى ۋە بىر ھارۋا كىرا قىلىپ، ئۆزىنى پىكپۇستىكى «قىزىل ئات» مەيخانىسىغا يەتكۈزۈپ قويۇشنى بۇيرۇدى.

ئەتىسى ئۇ مەيخانىدىنمۇ ھېچكىمگە تۇيدۇرماي چىقىپ كەتتى ۋە سېنت-ئانتۇئاندىن ئۆتۈپ، مېنىلمونتان كوچىسىغا كىردى. ئۇ دوقمۇشتىن سانىغاندا سول تەرەپتىكى ئۈچىنچى ئۆينىڭ ئىشىك ئالدىدا توختىدى ۋە دەرۋازىۋەن بولمىغانلىقتىن كىمدىن سورىسام بولار دەپ تۇرۇپ قالدى.

— كىمنى ئىزلەيسىز، چىرايلىق يىگىت؟ — دەپ سورىدى باققالچىلىق دۇكىنى ئىچىدە مېۋە سېتىپ ئولتۇرغان ئايال.

— پايېتىن ئەپەندىنى، ھېلىقى سېمىز كىشىنى، — دېدى ئاندرېئا.

— بۇرۇن بولكىچىلىق قىلغان كىشىنىمۇ؟

— ھەئە، شۇنى.

— ماۋۇ ھويلىنىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىدە، سول تەرەپتە، تۆتىنچى قەۋەتتە.

ئاندرېئا ئۇ كۆرسەتكەن يەرگە بېرىپ، تۆتىنچى قەۋەتكە چىقتى ۋە توشقان پۇتى شەكىللىك ئىشىك تۇتقۇچىنى زەردە بىلەن تارتقانىدى، قوڭغۇراق قاتتىق جاراڭلاپ كەتتى. ھايال بولماي، ئىشىككە بېكىتىلگەن رېشاتكىدىن كادرۇسنىڭ بېشى كۆرۈندى.

— دەل ۋاقتىدا كەپسەن، — دېدى ئۇ ۋە تاقاقنى ئاچتى.

— ئەلۋەتتە ۋاقتىدا كېلىمەن-دە! — دېدى ئاندرېئا ئۆيگە كىرىپ ۋە شەپكىسىنى ئورۇندۇققا قارىتىپ چۆرۈپ تاشلىدى، لېكىن شەپكە يەرگە چۈشۈپ، دومىلاپ كەتتى.

— ھە، ھە، خاپا بولمىغىن، سويما، — دېدى كادرۇس، كۆردۈڭمۇ، مەن سېنىڭ غېمىڭنى قىلىۋاتىمەن. مانا ساڭا

ئاشتىلىق تەييارلاپ قويدۇم. قارا، سەن ياخشى كۆرىدىغان ھەممە يېمەكلىكلەر بار.

دەرۋەقە، ئاندرېئا تەييارلاپ قويۇلغان غىزانى كۆردى. بۇ غىزانىڭ پۇرىقى يېقىمسىز بولسىمۇ، قورسىقى ئاچقان ئادەمگە يەنىلا يېقىملىق تۇيۇلاتتى. بۇ، ئاددىي پۇقرالارنىڭ تامىقىغا خاس بولغان ياغ بىلەن سامساقنىڭ پۇرىقى ئىدى. شۇنداقلا، قورۇلغان بېلىق، پۇرچاق ۋە قەلەمپۇرنىڭ ھىدى كېلىپ تۇراتتى. بۇ پۇراقلار ئۈستى يېپىپ قويۇلغان ئىككى دانە چوڭقۇر تاۋاقتىن ۋە چويۇن مەشنىڭ دوخوپكىسىدا شىڭىلداپ تۇرغان كورىدىن چىقىۋاتاتتى.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئاندرېئا ياندىكى بۆلمىدە پاكىز سۈرتۈلگەن شىرەنى كۆردى. شىرەنىڭ ئۈستىگە، بىرى يېشىل، بىرى سېرىق سۈرگۈچ بىلەن پېچەتلەنگەن ئىككى بوتۇلكا مۇسەللەس، بىر شىشە ۋودكا ۋە چىنە تەخسىگە يېيىپ قويۇلغان كاپۇستا ياپراقلىرى ئۈستىگە ئۇستىلىق بىلەن تىزىپ قويۇلغان توغرالغان مېۋىلەر ھازىرلانغانىدى.

— ھە، قانداق؟ — دېدى كادرۇس، — مەززىلىك پۇراۋاتامدۇ؟ ئۆزۈڭ بىلىسەنغۇ، مەن ئۇستا ئاشپەز ئىدىم. يادىڭدىمۇ، مېنىڭ تامىقىمنى يېگەندە ھەممەڭلار بارماقلىرىڭلارنى يالاپ كېتەتتىڭلار. مېنىڭ تاماقلىرىمنى ھەممىدىن كۆپرەك سەن يەيتتىڭ ھەم ئۇنىڭدىن يېرگەنمەيتتىڭ.

شۇ گەپنى قىلىپ، كادرۇس پىياز ئاقلاشقا تۇتۇش قىلدى.

— ماقۇل، ماقۇل. — دېدى ئاندرېئا ئەلەم قىلغان ھالدا، — ئەگەر مېنى تاماق ئۈچۈنلا چاقىرغان بولساڭ، كۆتۈر قاسقىنىڭنى!

— ئوغلۇم، — دېدى كادرۇس نەسىھەت قىلغان ئاھاڭدا، — تاماق يېگەچ پاراڭلىشىدىغان گەپ. ئۇنداق بولمىغاندىمۇ، قەدىناس دوستۇڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى خالىمامتىڭ؟ قارىغىنا، مېنىڭ كۆزلىرىمدىن ياش ئېقىۋاتىدۇ.



كادرۇس ھەقىقەتەن ياش تۆكۈۋاتاتتى. ھالبۇكى، بۇ سابىق مەيپۇرۇشنىڭ ياش چىقىرىش بەزلىرىگە تەسىر قىلغىنى خۇشاللىقمۇ ياكى پىيازمۇ؟ بۇنى بىلىش تەس ئىدى.

— قۇرۇق گەپ قىلما، خۇشامەتچى! — دېدى ئاندرېئا، — سەن مېنى ياخشى كۆرەمتىڭ؟

— شۇنداق، ياخشى كۆرىمەن، — دېدى كادرۇس، — بۇ مېنىڭ ئاجىزلىقىم، لېكىن بۇنىڭغا ئامال يوق.

— مېنى قاپقانغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن چاقىرغانسەن.

— ئۇنداق دېمە! — دېدى كادرۇس پىچىقىنى پەشتامىسىغا سۈرتۈپ، — سەن مېنى مۇشۇ كۈنگە قويدۇڭغۇ. سېنى ياخشى كۆرمىسەم، مۇشۇنداق تۇرمۇشقا رازى بولامتىم؟ قارا، سېنىڭ ماليىڭ باردەك قىلىدۇ، ئۇچاڭغا ماليىڭنىڭ كىيىمىنى كىيىۋاپسەن. مېنىڭ ماليىم يوق، كۆكتاتلىرىنىمۇ ئۆزۈم ئاقلايمەن. سەن ئەمدى مېنىڭ تامىقىمنى ياقتۇرمايدىغان بولۇپ قاپسەن، چۈنكى سەن پىرىنسېۋ مېھمانخانىسىدا ياكى پارى قەھۋەخانىسىدا تاماق يەپ ئۆگىنىپ قالدىڭ. ۋەھالەنكى، مەنمۇ ساڭا ئوخشاش مالاي ۋە پەيتۇنغا ئىگە بولۇشۇم مۇمكىنغۇ؛ ساڭا ئوخشاش نەدە خالىسام شۇ يەردە تاماق يەيدىغان بولۇشۇم مۇمكىنغۇ. مەن نېمە ئۈچۈن بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن ۋاز كېچىۋاتىمەن؟ چۈنكى، ئوغلۇم بېنېدېتتونى خاپا قىلىشنى خالىمايمەن. ھېچبولمىغاندا مۇشۇ گەپلىرىمنىڭ راست ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغىن.

كادرۇسنىڭ مەنىلىك قاراپ تۇرغان كۆزلىرى بۇ سۆزلەرنى يەنىمۇ كۈچكە ئىگە قىلدى.

— ھە، ماقۇل، — دېدى ئاندرېئا، — مېنى ياخشى كۆرىدىكەنسەن. لېكىن مېنى تاماققا چاقىرىپ نېمە قىلاتتىڭ؟

— سېنى كۆرگۈم كەلدى، سويما.

— مېنى كۆرۈپ نېمە قىلاتتىڭ؟ دەيدىغان گەپنى دېيىشىپ بولدۇقكۇ.

— ھەي، قەدىرلىك دوستۇم، — دېدى كادرۇس، — تىلخەت بەرمىگەن ۋەدىنى ۋەدە دېيىشكە بولامدۇ؟ بولدى، بۇنى قويۇپ، ئاۋۋال قورساقنى تويغۇزايلى. ئولتۇر، مۇنۇ بىلىق بىلەن ياغدىن باشلايلى. سېنى چوڭ كۆرۈپ، بۇلارنى ئۆزۈم يوپۇرماقلىرىنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ قويدۇم، كۆردۈڭمۇ؟ ۋاھ، نېمىدېگەن ئاچچىقىڭ يامان سېنىڭ ـ ھە! كۆرۈۋاتىمەن، سەن مېنىڭ بۇ ھۇجرامغا، سامان تىقىلغان ئورۇندۇقلىرىمغا، تاملاردىكى ئۇششاق رەسىملەرگە قاراۋاتىسەن. قانداق قىلغۇلۇق، بۇ پىرىنسىپ مېھمانخانىسى ئەمەس ـ تە!

— مانا ئەمدى دەرد تۆككىلى، نارازى بولغىلى تۇردۇڭ. سەن ئۆزۈڭ دەم ئېلىشقا چىققان بولكىچى بولۇۋېلىپ ياشاشنى ئارزۇ قىلغان ئەمەسمىدىڭ.

كادرۇس ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويدى.

— ھە، يەنە نېمە گېپىڭ بار؟ ئارزۇيۇڭ ئەمەلگە ئاشتىغۇ.

— ياق، بۇ يەنىلا ئارزۇ. قەدىرلىك بېنېدېتتو، بولكىچى دېگەن باي بولىدۇ، ئۆزىنىڭ كىرىمى بولىدۇ.

— سېنىڭمۇ كىرىمىڭ بارغۇ.

— مېنىڭ؟

— شۇنداق. ساڭا 200 فرانكتىن بېرىۋاتىمەنغۇ.

كادرۇس مۈرىلىرىنى قىستى.

— بۇ بىر خورلۇق، — دېدى ئۇ، — سەن ماڭا ئۇ پۇللىرىڭنى ئىلاجسىزلىقتىن بېرىۋاتىسەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ پۇللار ئىشەنچلىك ئەمەس، بۈگۈندىن ھە دېگەندىلا ئايرىلىپ قېلىشىم مۇمكىن. شۇڭا، سېنىڭ ئامىتىڭ تامام بولغۇچە بۇنى ئىقتىساد قىلىپ، يىغىشقا توغرا كېلىدۇ. ھەي، دوستۇم! بىزنىڭ بۇرۇنقى پولكتىكى روھانىي ئېيتقاندەك، بەخت بىر ئادەمنىڭ قولىدا تۇرۇۋەرمەيدۇ. شۇنداقتىمۇ، مەن بىلىمەن، سېنىڭ ئامىتىڭ چەكسىز،



ھۇي مۇتتەھەم، سەن دانگلارنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىسەن ئەمەسمۇ.

— نېمە؟ دانگلار؟

— ئەلۋەتتە دانگلار! ياكى بارون دانگلار دېيىشىم كېرەكمىدى؟ بۇ خۇددى گراف بېنېدېتتو دېگەنگە ئوخشاشلا گەپ! دانگلار بىلەن مەن ئاغىنە ئەمەسمۇ. ئۇنىڭ ئەستە ساقلاش قابىلىيىتى شۇ قەدەر ناچار بولمىسا، مېنى سېنىڭ تويۇڭغا چاقىرىشى مۇمكىن... ئۇ مېنىڭ تويۇمغا بارغان ئەمەسمۇ... شۇنداق، شۇنداق، مېنىڭ تويۇمغا! شۇنداق، ئۇ چاغلاردا ئۇ ھازىرقىدەك تەكەببۇر ئەمەس ئىدى. ئۇ، موررېل ئەپەندىنىڭ قول ئاستىدىكى بىر كىچىك خىزمەتچى ئىدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن ۋە گراف مورسېر بىلەن كۆپ قېتىم داستىخان ئۈستىدە بىللە بولغان... كۆردۈڭمۇ، مەن ئەنە شۇنداق ئىناۋەتلىك كىشىلەر بىلەن ئارىلاشقان. ئەگەر ئۇلار بىلەن بولغان تونۇشلۇقۇمنى يەنە داۋاملاشتۇرۇشنى خالىسام، مەنمۇ ساڭا ئوخشاش مېھمانخانىلاردا ياتقان بولاتتىم.

— ھەسەت قىلىپ، پۇتۇنلەي يالغان سۆزلەشكە باشلىدىڭ، كادرۇس.

— ماقۇل، بېنېدېتتو، نېمە دەۋاتقانلىقىمنى ئۆزۈم بىلىمەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەنمۇ چىرايلىق كىيىنىپ، بىرەر ھەشەمەتلىك بىنانىڭ ئالدىغا كېلىپ: «مەرھەمەت قىلىپ، ئىشىكنى ئېچىڭ!» دەيدىغان بولۇپ قالارمەن. ھە، بولدى، بۇ گەپنى قويۇپ، تاماق يەيلى.

كادرۇس ئۈلگە كۆرسىتىپ، ئىشتىھا بىلەن تاماققا تۇتۇش قىلدى ۋە شىرەگە تىزىلغان ھەممە يېمەكلىكلەرنى ماختاپ، ئۆز مېھمىنىنى غىزاغا زورلىدى. ئاندىرېئا ئامالسىزلىقتىن ئولتۇردى ۋە دەرھال بوتۇلكىلارنىڭ ئاغزىنى ئاچتى. ئاندىن ئۇمۇ ياغ ۋە سامساق بىلەن قورۇلغان بېلىقلارغا تۇتۇش قىلدى.

— ھە، دوستۇم، — دېدى كادرۇس، — كونا ئاشپىزىڭنى ئۇنتۇپ قالمىغاندەك كۆرۈنىسەنغۇ، ھە؟

— توغرا، — دېدى ئاندرېئا. ئۇنىڭ ساغلام ئىشتىيىسى باشقا ھەممە ئوي - پىكىرلەردىن ئۈستۈن كەلدى.

— قانداق، تەملىكمىكەن؟

— بەك تەملىك ئىكەن! مۇشۇنداق تەملىك تائاملار بىلەن غىزالىنىدىغان ئادەمنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆز تۇرمۇشىدىن نارازى بولىدىغانلىقىنى زادى چۈشىنەلمەيمەن.

— مېنى پەقەت بىر خىيالla ئازابلايدۇ، — دېدى كادرۇس.

— قانداق خىيال؟

— مەن ھالال ئەمگەك بىلەن جان بېقىپ كەلگەن ئادەم ئىدىم. مانا ئەمدى دوستۇمنىڭ قولىغا قاراشلىق بولۇپ قالدىم.

— شۇنىڭدىنمۇ غەم قىلامسەن، — دېدى ئاندرېئا، — مېنىڭ پۇلۇم ئىككىمىزگە يېتىدۇ، خىجىل بولما.

— ياق، ئىشەنسەڭمۇ، ئىشەنمىسەڭمۇ، ھەر ئاينىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، نومۇستىن ئازابلىنىمەن.

— بولدى، كادرۇس!

— شۇنچىلىك ئازابلىنىمەنكى، ھەتتا تۈنۈگۈن سەن قويۇپ كەتكەن 200 فرانكنى ئالمىدىم.

— شۇنداق، مەن بىلەن كۆرۈشمەكچى بوپتىكەنسەن. نومۇس قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن كۆرۈشمەكچى بولغانمىدىڭ؟

— دەل شۇنىڭ ئۈچۈن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كاللامغا بىر پىكىر كىرىپ قالدى.

ئاندرېئا چۆچۈپ كەتتى. ئۇ ھەمىشە كادرۇسنىڭ پىكىرلىرىنى ئاڭلىسا، تەنلىرى شۈركۈنۈپ كېتەتتى.

— بىلەمسەن، — دەپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى كادرۇس، — ھەر ئاينىڭ بىرىنچى كۈنىنى تۆت كۆزۈك بىلەن ساقلاپ ياشاش بەك قاملاشمىغان ئىش ئىكەن.



— ھەي، — دېدى ئاندرېئا، بۇ گەپلەرنىڭ تېگى - تەكتىگە يەتمەكچى بولۇپ، — ھايات دېگەن ساقلاش بىلەن ئۆتمەمدۇ؟ مەن قانداق ياشاۋاتىمەن؟ مېنىڭ كۈنۈم تاقەت قىلىپ ساقلاش بىلەن ئۆتۈۋاتىدۇ.

— شۇنداق، چۈنكى سەن 200 فرانكنى ئەمەس، بەلكى 5 ياكى 6 مىڭنى، ھەتتا 10 مىڭنى ۋە بەلكىم 12 مىڭنى كۈتىسەن. مەن ھېلىگەر ئەمەسمۇ. بۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ ھەمىشە ئۆزۈڭنىڭ قانداقتۇر ھەميانلىرىڭنى، خالتىلىرىڭنى بىچارە كادرۇستىن يوشۇرۇپ يۈرەتتىڭ. بىراق، بۇ كادرۇس بەك سەزگۈر.

— يەنە قۇرۇق گەپ قىلغىلى تۇردۇڭ، — دېدى ئاندرېئا، — دائىم ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارنىڭ گېپىنى قىلىسەن. بۇنىڭ نېمە ھاجىتى؟

— سەن تېخى ئەمدى 21 ياشقا كىردىڭ. شۇڭا ئۆتكەن ئىشلارنى ئوڭاي ئۇنتۇپ كېتەلەيسەن. مەن بولسام 50 كە كىرىپ قالغان ئادەم، ئۆتمۈشنى دائىم ئەسلەپ تۇرىمەن. ھە، بۇنى قويۇپ، ئۆزىمىزنىڭ ئىشىمىزغا كېلەيلى.

— مانا بۇ گېپىڭ توغرا بولدى.

— سېنىڭ ئورنۇڭدا مەن بولسام...

— ھە؟

— دەسمايەمنى نەق پۇلغا ئالماشتۇرۇۋالغان بولاتتىم.

— نەق پۇلغا؟

— شۇنداق، ئۆي سېتىۋالماقچى، سايلام ھوقۇقىغا ئىگە بولماقچى دېگەننى باھانە قىلىپ، بىر يىللىق پۇلۇمنى ئالدىن بېرىشنى سورايتتىم - دە، ئۇ پۇللار قولۇمغا چۈشكەندىن كېيىن قېچىپ كېتەتتىم.

— ھە، ھە، شۇنداق! — دېدى ئاندرېئا، — بۇ ھەقىقەتەن يامان ئەمەس پىكىر ئىكەن!

— قەدىرلىك دوستۇم، — دېدى كادرۇس، — مېنىڭ تامىقىمنى يەپ، مېنىڭ پىكىرىم بويىچە ئىش قىلساڭ، زىيان تارتمايسەن.

— نېمە ئۈچۈن ئۆزۈڭ شۇنداق قىلمايسەن؟ — دېدى ئاندرېئا، — نېمە ئۈچۈن يېرىم يىللىق ياكى بىر يىللىق نەق پۇلنى ئېلىپ برۇسېلغا كەتمەيسەن؟ كونا بولكىچى بولۇۋېلىپ يۈرگىچە، بىرەر سۇنغان باينىڭ قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ يۈرسەڭ تېخىمۇ ياخشى بولمامدۇ؟ هازىر ئۇنداق ئادەملەر ناهايىتى كۆپ.

— يانچۇقۇمدا ئاران 200 فرانك بولغان ئەهۋالدا مەن نېمە قىلالىشىم مۇمكىن؟

— نەپسىڭ بەك يوغىناپ كېتىۋاتىدۇ، كادرۇس! — دېدى ئاندرېئا، — ئىككى ئاينىڭ ئالدىدا ئاچلىقتىن ئۆلەي دەپ قالغان ئادەم ئىدىڭ.

— ئالدىڭغا غىزا كەلگەندە ئىشتىيىڭ ئېچىلىدۇ، — دېدى كادرۇس ۋە خۇددى كۈلۈۋاتقان مايمۇندەك ياكى خىرىس قىلىۋاتقان يولۋاستەك چىشلىرىنى يالىڭاچلىدى، — شۇڭا، مەن بىر پىلان تۈزۈپ قويدۇم، — دەپ قوشۇپ قويدى ئۇ ۋە پىشىنىڭ چوڭ بولۇپ قالغىنىغا قارىماي، تېخىچە ئاپئاق ۋە ئۆتكۈر تۇرغان چىشلىرىنى يوغان بىر پارچە نانغا پاتۇردى.

كادرۇسنىڭ پىكىرلىرىگە قارىغاندا، پىلانلىرى ئاندرېئانى تېخىمۇ قورقۇنچقا سالاتتى. پىكىرلەر پەقەت بىخلاردىن ئىبارەت بولسا، پىلان دېگەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلغۇسى ئىشتىن بىشارەت بېرەتتى.

— قانداق پىلان ئۇ؟ — دېدى ئاندرېئا، — ئۇقۇپ باقسام بولامدۇ؟

— ئىككىمىزنىڭ مەلۇم بىر جايدىن قېچىپ چىقىش پىلانىمىزنى كىم ئويلاپ تاپقان؟ مەنغۇ. ئۇ پىلاندىن



زىيان تارتمىدۇققۇ. شۇ بويىچە ئىش قىلمىغان بولساق، ئىككىمىز بۇ يەردە ئولتۇرمىغان بولاتتۇق!

— بۇنىڭغا كۆز يۇممايمەن، — دېدى ئاندرېئا، — بەزىدە دۇرۇس گەپلەرنى قىلىسەن. هە، ئۇ قانداق پىلان؟

— ماڭا قارا، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى كادرۇس، — سەن ئۆز يېنىڭدىن بىر تىيىنمۇ چىقارماي تۇرۇپ، ماڭا 15 مىڭ فرانك... ياق، 15 مىڭ ئازلىق قىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن تۈزۈك جان باقىقىلى بولمايدۇ... ماڭا 30 فرانك تېپىپ بېرەلەمسەن؟

— ياق، — دەپ سوغۇققىلا جاۋاب بەردى ئاندرېئا، — بۇ قولۇمدىن كەلمەيدۇ.

— گېپىمنى چۈشەنمەپسەن، — دېدى كادرۇس، — ئۆز يېنىڭدىن بىر تىيىنمۇ چىقارمايسەن، دەۋاتىمەن.

— مېنى نېمە قىل دەيسەن؟ ئوغرىلىق قىلىپ، هەممە ئىشنى بۇزايمۇ؟ بىزنى يەنە هېلىقى يەرگە ئاپىرىپ قويۇشسۇنمۇ؟

— ئۆزۈمنى ئالسام، — دېدى كادرۇس، — مېنى يەنە تۇتۇپ كېتىشسىمۇ مەيلى. بىلەمسەن، مېنىڭ غەلىتە مىجەزىم بار. بەزى چاغلاردا شۇ يەردىكى ئاغىنىلەرنى سېغىنىپ قالىمەن. مەن ساڭا ئوخشاش ئەمەس، سويما! سەن ئۇلار بىلەن بۇندىن كېيىن زادى كۆرۈشۈشنى خالىمايسەن.

ئاندرېئا بۇ قېتىم چۆچۈش بىلەنلا قالماي، بەلكى تاتىرىپ كەتتى.

— ساراڭلىق قىلما، كادرۇس! — دېدى ئۇ.

— هەي، سەن قورقما، بېنېدېتتو. سەن پەقەت ئاشۇ 30 مىڭ فرانكنى تېپىش ئۇسۇلىنى كۆرسىتىپ بەرسەڭلا بولىدى. سەن بۇ ئىشقا قاتناشمايسەن، بۇنى ماڭا قويۇپ بەر.

— ماقۇل، ئويلاپ باقاي، دېدي ئاندرېئا.

— ئۇنىڭغىچە ماڭا 500 فرانكتىن بېرىپ تۇرغىن، بولامدۇ؟ مەن دېدەك ياللاپ ئىشلىتەي دەۋاتىمەن.

— ماقۇل، 500 فرانك بېرەي، — دېدى ئاندرېئا، — لېكىن بۇ ماڭا ئاسانغا توختىمايدۇ، كادرۇس... مېنى قىيىن ئەھۋالدا قويۇۋاتىسەن.

— قويە بۇ گېپىڭنى! — دېدى كادرۇس، — سەن تۈۋى يوق ساندۇقلاردىن پۇل ئېلىۋاتىسەن.

ئاندرېئاغا بۇ گەپ بەك ياقتى بولغاي، ئۇنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى-دە، يەنە دەرھال خۇنۈكلەشتى.

— توغرا، — دېدى ئاندرېئا، — مېنىڭ ھامىيىم ماڭا كۆپ ياخشىلىق قىلىۋاتىدۇ.

— نېمىدېگەن ياخشى ھامىي! — دېدى كادرۇس، — ئۇ ساڭا ھەر ئايدا قانچىلىك پۇل بېرىۋاتىدۇ؟

— 5000 فرانك، — دېدى ئاندرېئا.

— ماڭا 500 بېرىپ، ئۆزۈڭ 5000 نى ئالىدىكەنسەن، — دېدى كادرۇس، — نىكاھسىز تۇغۇلغانلار تەلەيلىك بولىدۇ دېگەن گەپ راست ئىكەن-دە. بىر ئايدا 5000 فرانك... ئۇنچىلىك پۇلنى قانداقمۇ خەجلەپ تۈگەتكىلى بولسۇن، ھە؟

— خەجلەش دېگەن ئوڭاي گەپ، لېكىن مەنمۇ ساڭا ئوخشاش دەسمايە يىغىشنى ئويلاۋاتىمەن.

— دەسمايە... چۈشىنىشلىك... ھەرقانداق ئادەم دەسمايىگە ئىگە بولۇشنى خالايدۇ.

— مەن چوقۇم دەسمايىگە ئىگە بولىمەن.

— ئۇنى ساڭا كىم بېرىدۇ؟ ئاشۇ كىنەزىڭمۇ؟

— ھەئە، شۇ كىنەزىم. بىراق، مەن يەنە بىر مەزگىل كۈتۈپ تۇرۇشۇم كېرەك.



— نېمىنى كۈتىسەن؟ — دەپ سورىدى كادرۇس.

— ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى.

— ئاشۇ كىنەزىڭنىڭ ئۆلۈمىنىمۇ؟

— ھەئە.

— نېمە ئۈچۈن؟

— چۈنكى، ئۇ ئۆزىنىڭ ۋەسىيەتنامىسىدە مېنى تىلغا ئالىدۇ.

— راستمۇ؟

— ئەزىبىرايى خۇدا!

— ساڭا قانچىلىك پۇل قالدۇرىدۇ؟

— 500 مىڭ!

— نېمىلەرنى دەپ يۈرىسەن!

— راست گەپ قىلىۋاتىمەن.

— مۇمكىن ئەمەس!

— كادرۇس، سەن ماڭا ھەقىقىي دوستمۇ؟

— سەن بىلەن ھايات-ماماتتا بىللە بولىدىغان دوستۇڭ مەن!

— ساڭا سىرىمنى ئېيتىپ بېرەي.

— سۆزلە.

— بىراق، ئېسىڭدە بولسۇن...

— خۇددى بېلىقتەك تىلسىز بولىمەن.

— ئەھۋالدىن قارىغاندا...

ئاندرېئا سۆزىنى توختىتىپ، ئۆپچۆرىسىگە قاراپ قويدى.

— ئەھۋالدىن قارىغاندا... ھە، قورقما! بىز يالغۇز.

— ئەھۋالدىن قارىغاندا، مەن ئاتامنى تاپقان ئوخشايمەن.

— ھەقىقىي ئاتاڭنىمۇ؟

— ھەئە.

— كاۋالكانتى ئاتاڭنى ئەمەستۇر؟
— ياق، ئۇ كەتتى. ھەقىقىي ئاتامنى دەيمەن.
— ئۇ ئاتاڭ...
— كادرۇس، ئۇ گراف مونتې - كرىستو.
— نېمە دەيسەن ھوي!
— شۇنداق. شۇڭا، بۇ ئوتتۇرىدىكى ئىشلار ئەمدى چۈشىنىشلىك بولۇۋاتىدۇ. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇ مېنى ئوچۇق - ئاشكارا ئوغلۇم دەپ ئېتىراپ قىلالمايدۇ، لېكىن كاۋالكانتى بوۋاي مېنى ئوغلۇم دەيدۇ ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ 50 مىڭ فرانك ئالدى.
— سېنىڭ ئاتاڭ بولۇپ بەرگىنى ئۈچۈن 50 مىڭ فرانك ئېلىش - ھە! مەن شۇنىڭ يېرىمىغىمۇ رازى بولاتتىم، 20 مىڭ، 15 مىڭ بەرسىمۇ مەيلى ئىدى. ئەجەب بىر مېنى يادىڭغا ئالماپسەن - ھە، ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان.
— بۇنداق بولۇپ چىقىشىنى مەن نەدىن بىلەي؟ بۇ ئىشلار بىز تېخى ھېلىقى يەردە تۇرغان چېغىمىزدىلا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ بولغان.
— شۇنداق، توغرا. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ۋەسىيەتنامىدە...
— ماڭا 500 مىڭ فرانكنى ئايرىپ قويغان.
— چوقۇم شۇنداقمۇ؟
— ئۇ ماڭا ئۆزى كۆرسەتتى. لېكىن بولا ئەمەس.
— يەنە ئىزاھاتىمۇ باردۇر؟
— ئەلۋەتتە.
— ئىزاھاتتا نېمە دېيىلگەن؟
— مېنى ئوغلۇم دەپ ئېتىراپ قىلغان.
— نېمىدېگەن ياخشى ئاتا، شەرەپلىك ئاتا، ھۆرمەتلىك ئاتا! — دەپ خىتاب قىلدى كادرۇس ۋە تەخسىنى يۇقىرىغا چۆرۈپ تاشلاپ، يەنە ئىككى قولى بىلەن تۇتۇۋالدى.



— مانا كۆردۈڭمۇ! ئەمدى سېنىڭدىن يوشۇرىدىغان سىرىم يوق.
— توغرا. ماڭا ئىشەنگەنلىكىڭ ئۆزۈڭگە پايدىلىق. ھە، ئۇ كىنەز، سېنىڭ ئاتاڭ باي ئادەممۇ؟ بەك بايمۇ؟
— شۇنداق بولمايچۇ. ئۇ قانچىلىك پۇلى بار ئىكەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ.
— ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس!
— بۇنى مەن بىلمىسەم كىم بىلسۇن. مەن ئۇنىڭ ئالدىغا قاچان خالىسام شۇ چاغدا كىرەلەيمەن. يېقىندا بىر بانكا خىزمەتچىسى سېنىڭ داستىخىنىڭدەك چوڭلۇقتىكى بىر خالتىغا 50 مىڭ فرانكنى سېلىپ ئۇنىڭغا ئەكېلىپ بەردى. تۈنۈگۈن بانكىرنىڭ ئۆزى ئۇنىڭغا 100 مىڭ فرانكلىق ئالتۇننى تاپشۇردى.
كادرۇس ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ قويدى. ئاندرېئانىڭ سۆزلىرىدىن ئۇنىڭغا گويا مېتاللىڭ جاراڭلىشى، تۆكۈلۈۋاتقان تىللالارنىڭ ساداسى ئاڭلانغاندەك بولدى.
— سەن ئۇنىڭ ئۆيىگە خالىغان ۋاقىتىڭدا كىرەلەمسەن؟ — ساددىلىق بىلەن خىتاب قىلدى كادرۇس.
— ھەرقانداق ۋاقىتتا كىرەلەيمەن.
— كادرۇس جىمىپ قالدى. ئۇنىڭ كاللىسىغا قانداقتۇر بىر مۇھىم خىيال كىرىۋالغانلىقى ئېنىق ئىدى. ئۇشتۇمتۇت ئۇ خىتاب قىلدى:
— ئۇنىڭ ئۆيىنى مەنمۇ بىر كۆرسەم ئىدى! بەك ھەشەمەتلىك بولسا كېرەك!
— شۇنداق، — دېدى ئاندرېئا، — ئۇ بەك ھەشەمەتلىك تۇرمۇش كەچۈرىدۇ.
— يېلىسەي كوچىسىدا تۇرىدىغۇ دەيمەن؟
— ھەئە، 30 - نومۇرلۇق ئۆيدە.

— 30 - نومۇر؟ — دەپ تەكرارلىدى كادرۇس.

— ھەئە، بەك چىرايلىق ئۆي. ھويلىسى ۋە بېغى بار. سەنمۇ كۆرگەن بولۇشۇڭ مۇمكىن.

— ئېھتىمال. بىراق مەن ئۇنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىگە ئەمەس، ئىچكى تۈزۈلمىسىگە قىزىقىۋاتىمەن. ئۆي ئىچى بەك ئېسىل بولسا كېرەك.

— سەن تېيۇئىلىرىنى كۆرگەنمۇ؟

— ياق.

— ئۇنىڭ ئۆيى تېيۇئىلىرى سارىيىدىنمۇ كاتتا.

— ئېيتقىنا، ئاندرېئا، بۇ ئاق كۆڭۈل مونتې - كرىستونىڭ ھەمىيىنى چۈشۈپ قالسا، ئۇنىڭغا ئېگىشىپ قول ئۇزىتىش تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئىش بولىدىغۇ دەيمەن، ھە؟

— ھەمىيانىنىڭ چۈشۈپ قېلىشىنى ماراپ يۈرۈشىنىڭ ھاجىتى يوق، — دېدى ئاندرېئا، — ئۇنىڭ ئۆيىدە پۇل دېڭىزنىڭ خۇددى باغدىكى ئالمىدەك چېچىلىپ ياتىدۇ.

— بىر كۈنى مېنى ئالغاچ بارساڭ بولاتتى.

— ئۇنداق قىلىشقا بولامدۇ؟ سېنى كىم دەپ تونۇشتۇرىمەن؟

— راست دەيسەن. بىراق، گېپىڭنى ئاڭلاپ، شۆلگەيلىرىم ئېقىپ كەتتى. ئۇ ئۆيىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمىسەم بولمايدۇ. بۇنىڭ ئامالىنى تاپىمەن.

— سارائلىق قىلما، كادرۇس!

— تاختاي يۇغۇچى بولۇپ بارمامدىم.

— ئۇ يەردە ھەممە ئۆيلەرگە گىلەم سېلىنغان.

— ۋاي كاساپەت! ئەمىسە مەن بولارنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈش بىلەنلا چەكلىنىدىكەنمەن - دە.

— شۇنداق قىلغىنىڭ تۈزۈك.



— ھېچبولمىغاندا ماڭا سۆزلەپ بەرگىن، ئۇ يەردە قانداق نەرسىلەر بار؟

— قانداق سۆزلەيمەن؟

— بۇ ئوڭاي گەپقۇ. ئۆي بەك چوڭمۇ؟

— چوڭمۇ ئەمەس، كىچىكمۇ ئەمەس.

— خانىلارنىڭ جايلىشىشى قانداق؟

— ئەگەر ساڭا ئۆيىنىڭ پىلانى لازىم بولسا، ماڭا قەغەز، بىلەن سىيا بەر.

— ھازىر بېرىمەن! — دېدى كادرۇس ئالدىراپ - تېنەپ.

ئۇ كونىراپ كەتكەن يېزىق ئۈستىلىنىڭ ئۈستىدىن بىر ۋاراق قەغەز، سىيا ۋە قەلەمنى ئالدى.

— مانا! دېدى كادرۇس، — قەغەزگە سىزىپ كۆرسىتىپ باققىنا، ئوغلۇم.

ئاندرېئا سەل - پەل كۈلۈمسىرەپ قويدى ۋە قەلەمنى ئېلىپ ئىشقا كىرىشتى.

— بايا ئېيتقىنىمدەك، ئۆينىڭ ھويلىسى ۋە بېغى بار. مانا قارا!

ئاندرېئا باغ، ھويلا ۋە بىنانى سىزدى.

— تېمى ئېگىزمۇ؟

— ئېگىز ئەمەس. سەككىز ياكى ئون فۇتتىن ئاشمايدۇ.

— بۇ بەك ئېھتىياتسىزلىق، — دېدى كادرۇس.

— ھويلىدا ئاپېلسىن دەرەخلىرى تىكىلگەن تۆڭلەر، چىملىق ۋە گۈلزارلىق بار.

— قاپقانلار يوقتۇر؟

— يوق.

— ئاتخانىلىرى قايسى جايدا؟

— دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىدە. بىرى ماۋۇ يەردە، يەنە بىرى بۇ يەردە.

ئاندرېئا سىزىشنى داۋاملاشتۇردى.

— ئاستىنقى قەۋەتنى سىزىپ باققىنا، — دېدى كادرۇس.

— ئاستىنقى قەۋەتتە ئاشخانا، ئىككى ساراي، بىرنىيارت ئوينىاش ئۆيى، دالان، چوڭ پەلەمپەي ۋە كىچىك پەلەمپەي.

— دېرىزىلىرىچۇ؟

— دېرىزىلىرىمۇ ئىسىل، يوغان، كەڭ. پەملىشىمچە، ئۇ دېرىزىلەرنىڭ ھەربىر كۆزنىگە سېنىڭدەك بىر ئادەم سىغىپ كېتىدۇ.

— دېرىزىلىرى شۇنداق بولسا، پەلەمپەي ياساپ نېمە قىلىدۇ.

— ھەشەمەتچىلىك - تە.

— دېرىزىلەرنىڭ قاپقاقلىرى بارمۇ؟

— بار. لېكىن قاپقاقلارنى ھېچقانداق ۋاقىتتا ياپمايدۇ. بۇ گراف مونتې - كرىستو ئاجايىپ بىر غەلىتە ئادەم. ئۇ ھەتتا تۈندىمۇ ئاسمانغا قاراپ ئولتۇرۇشنى ياخشى كۆرىدۇ.

— مالايلىرى نەدە ئۇخلايدۇ؟

— ئۇلارنىڭ ئايرىم ئۆيى بار. دەرۋازىدىن كىرىپ ئوڭ تەرەپتە بىخەتەرلىك شوتىلىرى ساقلىنىدىغان ئامبار بار. شۇ ئامبارنىڭ ئۈستىدە مالايلارنىڭ ئۆيلىرى بار، ھەربىرىنىڭ ئۆيى ئايرىم. ئۇ ئۆيلەرگە بىنادىن قوڭغۇراقلار ئۇلانغان.

— ھەي كاساپەت! قوڭغۇراق بار ئىكەن - دە!

— ھوي، نېمىدەپ يۈرىسەن؟

— ياق، ھېچ گەپ ئەمەس. قوڭغۇراق دېگەن قىممەت نەرسە، دېمەكچىمەن. ئۇنىڭ نېمە كېرىكى، ھە؟

— بۇرۇن بىر ئىت بار ئىدى. ئۇ ئىت كېچىچە ھويلىنى



ئايلىنىپ يۈرەتتى. كېيىن ئۇ ئىتنى ئوتېيلگە ئېلىپ كېتىشتى. ئۇ يەرگە سەن بىر قېتىم بارغانىدىڭ. بىلىسەنغۇ؟

— ھەئە.

— مەن تېخى تۈنۈگۈنلا ئۇنىڭغا: «گراف، سىز بەك بىخەستەلىك قىلىۋاتىسىز. ھەممە مالايلىرىڭىزنى باشلاپ، ئوتېيلگە كېتىدىغان ۋاقىتلىرىڭىزدا بۇ ئۆيدە ھېچكىم قالمايدۇ ئەمەسمۇ» دېگەنىدىم.

«شۇنداق بولسا نېمە بولىدۇ؟» — دەپ سورىدى ئۇ.

«بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى ئوغرى كىرىپ قېلىشى مۇمكىن».

— ھە، شۇنداق دېسەڭ، ئۇ نېمىدەپ جاۋاب بەردى؟

— نېمە دېدى دەمسەنا؟

— ھەئە.

— ئۇ، «ئوغرى كىرسە كىرمەمدۇ» دېدى.

— ئاندرېئا، ئۇ يەردە بىرەر تۇزاق قويۇلغان ساندۇق بولۇشى مۇمكىن.

— قانداق تۇزاق؟

— ئوغرىنىڭ قولىنى قىسىۋېلىپلا مۇزىكا چېلىنىپ كېتىدىغان تۇزاق بولۇشى مۇمكىن. كۆرگەزمىدە ئاشۇنداق تۇزاقلارنى كۆرسەتكەن دەپ ئاڭلىغانىدىم.

— ئۇ يەردە قىزىل سىرلانغان بىرلا ئىش ئۈستەلى بار. پۇللىرىنى شۇنىڭ تارتمىسىغا سېلىپ قويىدۇ. ئۇنىڭ ئاچقۇچى دائىم قۇلۇپىغا تىقىپ قويۇلىدۇ.

— شۇنداق تۇرۇپ، يەنە ئۇ گرافنىڭ پۇلىنى ھېچكىم ئوغرىلىمامدۇ؟

— ياق. مالايلار ئۇنىڭغا بەك سادىق.

— ئۇ يەردە قانچىلىك پۇل ساقلىنىدىغاندۇر؟

— ئۇ يەردە، ئېھتىمال... ھەي، كىم بىلسۇن!
— ئۇ ئۇستەل قەيەرگە قويۇلغان؟
— ئىككىنچى قەۋەتتە.
— ئىككىنچى قەۋەتنىڭمۇ تەخمىنىي پىلانىنى سىزىپ باقىنا، شاكىچىك.
— ماقۇل.
ئاندرېئا يەنە قەلەمنى قولىغا ئالدى.
— ئىككىنچى قەۋەتتە، كۆرۈۋاتامسەن، مانا دالان، ساراي. سارايىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە كىتابخانا بىلەن ئىشخانا. سول تەرىپىدە ھۇجرا بىلەن دەم ئېلىش ئۆيى. ھېلىقى ئۇستەل ئەنە شۇ دەم ئېلىش ئۆيىدە.
— دېرىزىسى بارمۇ؟
— ئىككى دېرىزىسى بار. مانا ۋە مانا.
ئاندرېئا، گرافنىڭ ھۇجرىسىغا يانداش بولغان كىچىكرەك ئۆينىڭ ئىككى دېرىزىسىنى سىزدى. كادرۇس ئويلىنىپ قالدى.
— ئۇ ئوتېلگە تولا قاتنامدۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.
— ھەپتىدە ئىككى - ئۈچ قېتىم بارىدۇ. ئەتە يەنە بارماقچى، شۇ يەردە قونۇپ قالىدۇ.
— جوقۇم شۇنداقمۇ؟
— ئۇ مېنى شۇ يەردە غىزالىنىشقا تەكلىپ قىلدى.
— ۋاھ، ھايات دېگەن شۇنداق بولسا! — دېدى كادرۇس، — شەھەردىمۇ ئۆيى بار، شەھەر سىرتىدىمۇ بار.
— شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ باي - دە.
— سەن شۇ يەرگە غىزالىنىشقا بارامسەن؟
— بېرىشىم مۇمكىن.
— ئۇنىڭ ئۆيىدە غىزاغا داخىل بولغان چاغلىرىڭدا شۇ يەردە قونامسەن؟



— ئىختىيار ئۆزۈمدە. گرافنىڭ ئۆيى ئۆزۈمنىڭ ئۆيۈمگە ئوخشاش.
كادرۇس ئاندرېئاغا شۇنداق تىكىلىپ قارىدىكى، گويا ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر يېرىگە يوشۇرۇنغان سىرىنى سۇغۇرۇپ چىقىرىۋالماقچى بولغاندەك كۆرۈنەتتى. ئاندرېئا يانچۇقىدىن تاماكا قۇتىسىنى چىقاردى ۋە بىر تال تاماكىنى تۇتاشتۇرۇۋېلىپ، ئىس چەمبىرەكلىرىنى چىقىرىشقا باشلىدى.
— 500 فرانكىڭنى قاچان ئالىسەن؟ — دەپ سورىدى ئۇ كادرۇستىن.
— يېنىڭدا بولسا، ھازىر بەرسەڭمۇ بولىدۇ.
ئاندرېئا يانچۇقىدىن 25 لۇيىدورنى چىقاردى.
— ياق، — دېدى كادرۇس، — بۇنى ئالمايمەن، ھەشقاللا!
— بۇنى ياقتۇرمامسەن؟
— ئەكسىچە، بەك ياقتۇرىمەن، لېكىن ئالمايمەن.
— بۇنى ئالماشتۇرساڭ پايدا ئالىسەن ئەمەسمۇ، ئەخمەق. بىر تىللاغا بەش سۇ① ئارتۇق بېرىشىدۇ.
— بىلىمەن. كېيىن بىچارىنىڭ پېيىغا ئادەم چۈشىدۇ ۋە ئۇنى تۇتۇۋېلىشىدۇ. ئاندىن، بۇ ئالتۇنلارنى كىمدىن ئالغانلىقىمنى چۈشەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئەخمەقلىق قىلما شاكىچىك، ماڭا بىرەر ھۆكۈمرانىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن دۈگىلەك كۈمۈش تەڭگىلىرىنى بەرسەڭلا بولدى. بەش فرانكلىق تەڭگە دېگەن ھەرقانداق ئادەمدە بولىدۇ.
— 500 فرانكلىق كۈمۈشنى يېنىمغا سېلىپ يۈرگىلى بولمايدۇ - دە. ئۇنداق قىلىش ئۈچۈن بىر ھامماللىنى ياللاشقا توغرا كېلىدۇ.

① سۇ — فرانسىيە پۇل بىرلىكى.

— مېھمانخانىدىكى دەرۋازىۋەنگە بېرىپ قوي. ئۇ ئوبدان ئادەم ئىكەن. مەن شۇنىڭدىن ئېلىۋالىمەن.

— بۇگۇنمۇ؟

— ياق، ئەتە. بۇگۇن ئىشىم بار.

— ماقۇل، ئەتە ئوتېلگە كەتكۇچە دەرۋازىۋەنگە بېرىپ قويای.

— گېپىڭگە ئىشەنسەم بولامدۇ؟

— تولۇق ئىشەن.

— دېدەك بىلەن بالدۇرراق سۆزلىشىپ قويای دەيمەن.

— سۆزلىشىۋەرگىن. شۇنىڭ بىلەن ئىشىڭ توگەمدۇ؟ ئەمدى كەينىمگە كىرىۋالماسسەن؟

— ياق.

كادرۇسنىڭ چىرايى شۇنداق تۇتۇلۇپ كەتتىكى، ئاندرېئا ئۇنىڭ يەنە بىر ئىشى چىقىپ قالمىغىدى دەپ ئەنسىرەپ قالدى. شۇڭا، ئۇ ئۆزىنى شوخ ۋە غەمسىز كۆرسىتىشكە تىرىشتى.

— نېمىگە شۇنچە خۇشال بولۇپ كەتتىڭ؟ — دېدى كادرۇس، — يا مىراسنى ئالىدىغان قولغا كەلتۇرۇپ بولغانمىدىڭ؟

— ئەپسۇسكى، ئۇنداق ئەمەس. لېكىن مىراسنى قولغا كەلتۇرسەم...

— ھە، نېمە قىلىسەن؟

— ئۇ چاغدا دوستلارنى ئۇنتۇپ قالمايمەن.

— بولدى، قانداق ئۇنتۇپ قالمايدىغانلىقىڭنى مەن بىلمەمتىم!

— مەن سېنى مېنىڭ پۇللىرىمنى كۆزلەپ يۇرىدۇ دەپ ئويلايتتىم.

— مەنمۇ؟ شۇمۇ گەپ بوپتۇ - دە! ئەكسىچە، مەن ساڭا ياخشى مەسلىھەت بېرىمەن.



— قانداق مەسلىھەت؟

— مۇنۇ برىلىيانت كۆزلۇك ئۇزۇكىڭنى ماڭا قويۇپ كەت. بىزنىڭ تۇتۇلۇپ قېلىشىمىزنى خالامسەن؟ ئىككىمىزنىڭ نابۇت بولۇشىمىزنى خالامسەن؟

— نېمە بولدى؟ — سورىدى ئاندرېئا.

— نېمە بولدى دەيسەنغۇ! ئۇچاڭغا مالاينىڭ كىيىمىنى كىيىۋاپسەن - يۇ، بارمىقىڭدا 5000 فرانكقا توختايدىغان برىلىيانت تۇرىدۇ.

— ۋاي كاساپەت! راست دەيسەن. نېمە ئۇچۇن قىممەتلىك بۇيۇملارنى باھالىغۇچى بولۇپ ئىشلىمەيسەن، ھە؟

— شۇنداق. مەن برىلىيانت تاللاشنى بىلىمەن. مېنىڭ ئۆزۈمنىڭمۇ مۇشۇنداق برىلىيانتلىرىم بار ئىدى.

— تولا ماختانما! — دېدى ئاندرېئا ۋە كادرۇسنىڭ بۇ يېڭى خۇپسەنلىكىگە قىلچە خاپا بولماستىن، ئۇزۇكنى بارمىقىدىن چىقاردى - دە، ئۇنىڭغا سېخىلىك بىلەن بېرىۋەتتى.

كادرۇس ئۇزۇكنى كۆزىگە يېقىن تۇتۇپ قارىدى. ئاندرېئا ئۇنىڭ برىلىيانتنى تەكشۇرۇۋاتقانلىقىنى چۇشەندى.

— بۇ سىۈنئىي برىلىيانت ئىكەن، — دېدى كادرۇس.

— چاقچاق قىلىۋاتامسەن نېمە؟ — دېدى ئاندرېئا.

— خاپا بولما، ھازىر سىناپ كۆرىمىز.

كادرۇس دېرىزىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇزۇكنىڭ كۆزى بىلەن ئەينەككە سىجاپ باققانىدى، غىچىرلىغان ئاۋاز چىقتى.

— ئۇنداق ئەمەس ئىكەن! — دېدى كادرۇس، ئۇزۇكنى ئۆزىنىڭ چىمچىلاق بارمىقىغا سېلىپ، — مەن خاتالىشىپتىمەن. بۇ زەرگەر دېگەن مۇتتەھەملەر ئۇزۇك كۆزىنى شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن جايلىۋېتىدۇكى، ئۇلارنىڭ دۇكانلىرىغا كىرىشنىڭ ئۆزىمۇ ئادەمنىڭ قورققۇسى كەلگۇدەك ئىش بولۇپ قالدى. بۇ بەك يارىماس ھۇنەر بولۇپ قالدى!

— ھە، ئەمدى بولدىمۇ؟ — دېدى ئاندرېئا. — يەنە نېمە گېپىڭ بار؟ چاپىنىم بىلەن شەپكەمنىمۇ بېرەيمۇ؟ تېزۇۋت قىلما.

— ياق. سەن ھەقىقەتەن ياخشى يىگىت جۇمۇ. ئەمدى سېنى ئاۋارە قىلمايمەن ۋە ئۆزۈمنىڭ ئابرويپەرەسلىكىمنى تىزگىنلەشكە تىرىشىمەن.

— بايا تىللانى ئېلىشتىن ئېھتىيات قىلغانىدىڭ. ئەمدى بۇ بىرلىيانتنى سېتىشتىمۇ پەخەس بولغىن.

— خاتىرجەم بول، بۇنى ساتمايمەن.

«ھەر ھالدا ئەتىكى كۈن ئۆتۈپ كەتكۈچە ساتمايمەن» — دەپ ئويلىدى ئاندرېئا.

— تەلىيىڭ بار ئىكەن جۇمۇ، — دېدى كادرۇس، — ئەمدى مالايلىرىڭ، ئاتلىرىڭ، ھارۋاڭ ۋە مەشۇقۇڭنىڭ يېنىغا قايتامسەن؟

— ئەلۋەتتە، — دېدى ئاندرېئا.

— دانگلارنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىدىغان كۈنۈڭ ماڭا ئوبدان بىر تويلۇق سوۋغىتى تەييارلاپ قويارسەن؟ دانگلار مېنىڭ دوستۇم ئەمەسمۇ.

— بايا دېدىمغۇ، بۇ سېنىڭ قۇرۇق گېپىڭ.

— قىز مېلى ئۈچۈن قانچىلىك پۇل ئاجرىتىپ بېرىدىكەن؟

— مەن ساڭا دەۋاتىمەنغۇ...

— مىليونمۇ؟

ئاندرېئا مۈرىلىرىنى قىستى.

— مىليون دەپ تۇرايلى، — دېدى كادرۇس، — قانچىلىك بولسا بولسۇن، ساڭا يەنىمۇ كۆپرەك بولۇشىنى تىلەيمەن.

— رەھمەت، — دېدى ئاندرېئا.

— چىن دىلىمدىن سۆزلەۋاتىمەن، — دەپ قوشۇپ قوي-



دى كادرۇس، — توختاپ تۇر، مەن سېنى ئۇزىتىپ قوياي.

— ئاۋارە بولۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

— ئۇزىتىپ چىقمىسام بولمايدۇ.

— نېمىشقا؟

— چۈنكى، قۇلۇپۇمنىڭ كىچىككىنە مەخپىيەتلىكى بار. ئېھتىيات يۈزىسىدىن شۇنداق قىلغانىدىم. يۇرې ۋە فىشې كارخانىسىدىن چىققان ۋە گاسپار كادرۇس تەرىپىدىن تۈزىتىپ ياسالغان قۇلۇپ. سەن كاپىتالىست بولغاندىن كېيىن ساڭىمۇ شۇنداق قۇلۇپتىن بىرنى ياساپ بېرىمەن.

— رەھمەت، — دېدى ئاندرېئا، — كېرەك بولغاندا بىر ھەپتە بۇرۇن ساڭا ئېيتىپ قويىمەن.

ئۇلار خوشلاشتى. ئاندرېئا بىنانىڭ ئىشىكىدىن چىقىپ، كوچىنىڭ نېرىقى چېتىگە ئۆتۈپ بولغۇچە كادرۇس پەلەمپەيدە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ تۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئالدىراپ ئۆيگە قايتىپ كىردى - دە، ئىشىكنى ئېتىپ قويدى ۋە ئاندرېئا ئۆي شەكلىنى سىزىپ قالدۇرۇپ كەتكەن قەغەزنى بەئەينى تەجرىبىلىك بىناكاردەك بېرىلىپ كۆرۈشكە باشلىدى.

— قارىغاندا، بۇ بېنېدېتتو دېگەن سولتەك مىراسقا ئىگە بولۇش كويىدا ئىكەن، — دېدى ئۇ، — ئۇنىڭ قولىغا 500 مىڭ فرانك كىرىدىغان كۈننى يېقىنلاشتۇرۇپ بېرىدىغان كىشى ئۇنىڭ ياخشى دوستى بولۇپ قالىدۇ.

## يىگىرمە توققۇزىنچى باب

## ئوغرىلىق

يۇقىرىدىكى سۆھبەت بولۇپ ئۆتكەن كۈننىڭ ئەتىسى گراف مونتې - كرىستو ئەلى بىلەن بىرنەچچە خىزمەتكارنى ۋە ئۆزى

سىناپ كۆرمەكچى بولغان بىرنەچچە ئاتنى ئېلىپ، ئوتېيلگە كەتتى.

ئۇ، ئەسلىدە خۇددى ئاندرېئاغا ئوخشاشلا ئۇ يەرگە بېرىشنى ئويلىمىغانىدى. ئۇ يەرگە بېرىشتىكى ئاساسىي سەۋەب، بېرتۇچچونىڭ نورماندىيىدىن قايتىپ كەلگەنلىكى ئىدى. بېرتۇچچو ئۆي ۋە كېمە توغرۇلۇق تاپشۇرۇلغان ئىشنى ئورۇنداپ كەلگەنىدى. ئۆي تەييارلاپ قويۇلغانىدى. ئالتە ماتروسنىڭ باشقۇرۇشىدىكى كىچىك كېمە بارلىق زۆرۈر رەسمىيەتلەرنى ئۆتەپ بولۇپ، خالىغان ۋاقىتتا دېڭىزغا چىقىشقا تەييار ھالەتتە بىر ھەپتىدىن بېرى بىر كىچىك كۆرپەزدە كۈتۈپ تۇراتتى. مونتې - كرىستو بېرتۇچچونىڭ ئىشلارنى تېز ئورۇنلاشتۇرغانلىقى ئۈچۈن ماختىدى ۋە پات ئارىدا يولغا چىقىشقا تەييارلىنىپ تۇرۇشنى ئېيتتى، چۈنكى ئۇ بىر ئاي ئىچىدە فرانسىيىدىن كېتىشنى ئويلايتتى.

— ئۇنىڭغىچە، — دېدى ئۇ بېرتۇچچوغا، — بىر كېچىدىلا پارىژدىن تىرېپورغا يېتىپ بارمىسام بولمايدىغان ئىشىم چىقىپ قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا، بۇ ئىككى شەھەر ئوتتۇرىسىدىكى يول ئۈستىدە سەككىز ئورۇنغا ئالماشتۇرىدىغان ئاتلار تەييارلاپ قويۇلسۇن. بۇ ئەللىك لىيې مۇساپىنى ئون سائەتتە بېسىپ ئۆتۈش كېرەك.

— جانابلىرى بۇ گەپنى بۇرۇن ئېيتقانىدىلە، — دېدى بېرتۇچچو، — دېگەنلىرىدەك قىلىپ قويدۇم. ئاتلارنى ئۆزۈم سېتىۋالدىم ۋە ئەڭ قولاي ئورۇنلارغا، يەنى ئادەتتە ھېچقانداق ئادەم توختىمايدىغان كەنتلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇم.

— ياخشى، — دېدى مونتې - كرىستو، — مەن بۇ يەردە بىر - ئىككى كۈن تۇرۇپ قالىمەن. ئۆزىڭىز بىلىپ ئىش قىلىڭ.



بېرتۇچچو خىزمەتكارلارغا ئىش تاپشۇرۇش ئۈچۈن چىقىپ كېتىشى بىلەن تەڭ باتىستېن كىرىپ كەلدى. ئۇ، ئالتۇن رەڭلىك ھەل بېرىلگەن پەتنۇستا بىر پارچە خەتنى كۆتۈرۈپ كىرگەنىدى.

— نېمە ئىش بىلەن كىردىڭىز؟ — سورىدى گراف، ئۇنىڭ ئۈستى - بېشىنىڭ چاڭ بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، — مەن سىزنى چاقىرمىغانىدىمغۇ.

باتىستېن گەپ قىلماستىن گرافنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا خەتنى سۇنۇپ بەردى.

— بەك مۇھىم ۋە جىددىي خەت، — دېدى ئۇ.

گراف خەتنى ئېچىپ، تۆۋەندىكىلەرنى ئوقۇدى:

«گراف مونتې - كرىستو ئاگاھ بولسۇنكى، بۈگۈن تۈندە ئۇنىڭ يېلىسەيدىكى ئۆيىگە بىر ئادەم ئوغرىلىققا كىرىدۇ. ئۇ ئادەم دەم ئېلىش ئۆيىدىكى ئىش ئۈستىلىدە ئۆزى كۆزلىگەن ھۈججەتلەر بار دەپ ھېسابلايدىكەن. شۇ ھۈججەتلەرنى ئوغرىلىماقچى. گراف مونتې - كرىستو شۇ قەدەر مەرد ئادەمكى، بۇ ئىشقا ساقچى تەرەپنى ئارىلاشتۇرمايدۇ، چۈنكى ساقچىلارنىڭ بۇ ئىشقا قول تىقىشى مەزكۇر خەۋەرنى يەتكۈزگۈچىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزۈشى مۇمكىن. گراف بىر بولسا، ھۇجرا بىلەن دەم ئېلىش ئۆيىنى ئايرىپ تۇرىدىغان تامدىكى تۆشۈك ئارقىلىق، يەنە بىر بولسا، شۇ دەم ئېلىش ئۆيىدە يوشۇرۇنۇپ تۇرۇش ئارقىلىق ئوغرىنىڭ ئەدىبىنى ئۆزى بېرەلەيدۇ. بۇ ئىشقا كۆپ ئادەمنىڭ جەلىپ قىلىنغانلىقى ۋە ئالاھىدە ئېھتىيات چارىلىرى قوللىنىلغانلىقىنى كۆرسە، ئۇ سۇيىقەستچى جەزمەن ھەرىكىتىنى توختىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، گراف مونتې - كرىستو ئۆز دۈشمىنىنى تونۇۋېلىش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويىدۇ. مەزكۇر خەۋەرنى يەتكۈزگۈچى

شەخس بۇ دۈشمەننى ئاسادىپى بىلىپ قالدى. ئاۋادا، سۈيىقەستچى بۇ قېتىم خەزىنىنى ئەمەلگە ئاشۇرالماي، ئىككىنچى قېتىم قول سېلىشنى قەستلىسە، مەزكۇر شەخس يەنە بىر قېتىم مۇشۇنداق خەۋەر يەتكۈزۈشكە ئامالسىز بولۇپ قالىدۇ.

دەسلەپتە گرافنىڭ گۇمانى قوزغالدى. «بۇ، كىچىك خەۋپتىن شەپە بېرىپ قويۇپ، چوڭ خەۋپنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ئويلىنىلۋاتقان شۇملۇق، قوپال ھىيلە» دەپ ئويلىدى. ئۇ، بىر غەمخورلۇق قىلغۇچىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىغا قارىماي ۋە بەلكىم شۇنداق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن خەتنى ساقچىغا ئەۋەتىپ بەرمەكچى بولۇپ تۇرۇۋىدى، ئۇشتۇمتۇت مېڭىسىگە بىر يېڭى پىكىر كەلدى: ئۇ، ھەقىقەتەن ئۆزىنىڭ شەخسىي دۈشمەنلىرىدىن بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالماسمۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا، زورۇر تېپىلغاندا، شۇ دۈشمەندىن بىرەر ئىشتا پايدىلىنىشقا بولىدۇ. فېيىسكو ۋە ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان ھېلىقى ماۋرنىڭ ئوتتۇرىسىدىمۇ شۇنداق ئىش بولغانىدى.

بىز گرافنى بىلىمىز. شۇڭا، ئۇنىڭ ھەرقانداق قىيىن ئىشقا شىجائەت بىلەن تۇتۇش قىلىدىغان مەرد ۋە باتۇر ئادەم ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز. ئۇ، ھەر قانداق خەۋپ-خەتەرگە باش ئەگمەسلىك قارارىنى قوبۇل قىلغان ۋە شۇ بويىچە ئىش قىلىپ كەلگەن بولۇپ، خۇدا ياراتقان تەبىئەتكە قارشى ۋە جىن-شەيتانلار دەپ ئاتاشقا بولىدىغان جەمئىيەتكە قارشى كۈرەشلەردە ئاجايىپ ھۇزۇرلىناتتى.

— ئۇلارنىڭ ھۆججەت ئوغرىلىماقچى بولغىنى يالغان گەپ، — دېدى مونتې-كرىستو، — ئۇلار مېنى ئۆلتۈرمەكچى. ئۇلار ئوغرى ئەمەس، قاتىللار. جانابىي ساقچى باشلىقىنىڭ مې-



نىڭ شەخسىي ئىشلىرىمغا ئارىلىشىشىنى خالىمايمەن. مەن ئۆزۈممۇ يېتەرلىك دەرىجىدە باي. ساقچى تەرەپنى چىقىمدار قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق.

گراف خەتنى بېرىپ چىقىپ كەتكەن باتىستېننى يەنە چاقىردى.

— دەرھال پارىژغا قايتىپ بېرىپ، ھەممە خىزمەتكارلارنى چاقىرىپ كېلىڭ. ئۇلار بۇ يەردە كېرەك بولىدۇ، — دېدى ئۇ.

— ئۆيدە ھېچكىم قالمامدۇ، گراف؟ — دەپ سورىدى باتىستېن.

— ياق، دەرۋازىۋەن قالىدۇ.

— جانابىي گراف ئويلاپ باقسا بولامدىكىن، دەرۋازىۋەننىڭ ياتىقىدىن بىناغىچە خېلى يىراق.

— شۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟

— ئۆيدىكى ھەممە نەرسىنى ئوغرىلاپ كېتىشسىمۇ دەرۋازىۋەن ئاڭلىماي قېلىشى مۇمكىن.

— كىم ئوغرىلايدىكەن؟

— ئوغرىلارچۇ.

— سىز ئەخمەق ئىكەنسىز، تەقسىر. ئۆيدىكى ھەممە نەرسىنى بۇلاپ كېتىشسىمۇ، بۇ يەردە خىزمەتكارلار يېتىشمەي قالغىنىدىن ياخشى.

باتىستېن تەزىم قىلدى.

— چۈشەندىڭىزمۇ، — دېدى گراف، — خىزمەتكارلارنىڭ بىرىنى قالدۇرماي ئېلىپ كېلىڭ، لېكىن ئۆيدىكى ھەممە نەرسە ئۆز پېتىچە قالسۇن. پەقەت ئاستىنقى قەۋەتنىڭ دېرىزە قاپقاقلىرىنى ئېتىۋەتسىڭىزلا بولىدى.

— ئىككىنچى قەۋەتتىكىلىرىنىچۇ؟

— ئىككىنچى قەۋەتتىكى دېرىزە قاپقاقلىرى ھېچقانداق ۋاقىتتا ئېتىلمەيدىغانلىقىنى بىلىسىزغۇ. مېڭىڭ.

گراف ئۆي ئىچىدىكىلەرگە بۈگۈن ئۆزى يالغۇز غىزالىنىدىغانلىقىنى ۋە غىزا ئۈستىدە ئەلى خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

ئۇ ئادەتتىكىدەك خۇشياقمايلا غىزالاندى. غىزادىن كېيىن ئەلىنى ئەگەشتۈرۈپ، ئارقا ئىشىكتىن چىقتى ۋە سەيلە قىلغاندەك بولۇپ، بۇلون ئورمانلىقىغا يەتتى. ئاندىن، چاندۇرماستىن پارىژ تەرەپكە بۇرۇلدى-دە، گۈگۈم چۈشكەن مەزگىلدە ئۆزىنىڭ يېلىسەيدىكى ئۆيىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ توختىدى.

ئۆي ئىچى جىمجىت ئىدى. پەقەت باتىستىن ئېيتقاندەك، بىنادىن 40 قەدەمچە نېرىدىكى دەرۋازىۋەن ياتىقىدىلا خىرە ئوت شولىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

مونتې-كرىستو ئۆزىنى پايلاپ تۇرغان كىشىلەرنىڭ بار-يوقلۇقىنى تەكشۈرۈپ، بىر دەرەخنىڭ دالدىسىغا ئۆتتى-دە، ئالدىدىكى يولنى، ئۆتكەن-كەچكەنلەرنى ۋە ئەتراپتىكى كوچىلارنى كۆزەتتى. شۇ تەرىقىدە ئون مىنۇتچە تۇرغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ پېيىغا چۈشكەن ئادەم يوق ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ ھاسىل قىلدى.

شۇندىن كېيىن ئۇ ئەلى بىلەن يۈگۈرۈپ بېرىپ، كىچىك دەرۋازىدىن كىردى ۋە ئارقا تەرەپتىكى پەلەمپەي ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا كىردى. بۇ جەرياندا ئۇ بىر پەردىنىمۇ مىدىرلىتىپ قويمىدى. شۇڭا، بۇ ئۆينى بوش قالدى دەپ ئويلاپ ئولتۇرغان دەرۋازىۋەن خوجايىنىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى تۇيمىدى.

ھۇجرىغا كىرگەندىن كېيىن گراف ئەلىگە قاراپ توختاشقا ئىشارەت قىلدى. ئاندىن دەم ئېلىش ئۆيىگە چىقىپ تەكشۈردى. ھەممە نەرسە ئۆز جايىدا ئىدى. ئىش ئۈستىلىنىڭ ئاچقۇچى قۇلۇپىغا سېلىقلىق تۇراتتى. گراف ئاچقۇچنى ئىككى تولغاپ چىقىرىۋالدى ۋە ھۇجرا ئىشىكىنىڭ يېنىغا كېلىپ، گىرەچىنى چىقىرىپ ئېلىۋەتتى-دە، دەم ئېلىش ئۆيىدىن چىقىپ كەتتى.



بۇ ئارىدا ئەلى گراف كۆرسەتكەن قوراللارنى، يەنى بىر دانە كالتە مىلتىق بىلەن ئىككى دانە قوش ئاتار تاپانچىنى ئېلىپ كېلىپ، شىرە ئۈستىگە قويدى. بۇلار خۇددى مەشق مەيدانلىرىدىكى مىلتىقلاردەكلا دەل تېگىدىغان قوراللار ئىدى. بۇلار بىلەن قوراللانغان گراف بەش ئادەمنىڭ جېنىنى قولىدا تۇتۇپ تۇراتتى.

سائەت توققۇز يېرىم بولۇپ قالغانىدى. گراف بىلەن ئەلى بىر پارچىدىن نان يەپ، بىر ئىستاكاندىن ئىسپانىيە شارابىنى ئىچىۋېلىشتى. ئاندىن، گراف مەخسۇس ياندىكى ئۆينى كۆزىتىش ئۈچۈن ياساپ قويۇلغان تۆشۈكنىڭ پۈرژىنىلىق توسۇقىنى ئېچىۋەتتى. مىلتىق ۋە تاپانچىلىرى ئۇنىڭ يېنىدا ئىدى. ئەلى بولسا، ئەرەبلەرنىڭ تاكى سەلىپ يۈرۈشلىرى زامانىسىدىن تارتىپ شەكلى ئۆزگەرمىگەن پالتىلىرىدىن بىرىنى تۇتۇپ تۇراتتى.

ھۇجرىدىكى دېرىزىلەرنىڭ بىرى، خۇددى دەم ئېلىش ئۆيىدىكى دېرىزىلەرگە ئوخشاشلا يېلىسەي دالاسى تەرەپكە قارايتتى. گراف بۇ دېرىزىدىن بىر كوچىنى كۆزىتەلەيتتى.

شۇ تەرىقىدە ئىككى سائەت ئۆتتى. قاپقاراڭغۇ تۈن ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئەلى ئۆزىنىڭ ياۋايىلارچە ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن ۋە گراف ئۆزىنىڭ قاراڭغۇلۇققا كۆنۈپ كەتكەن كۆزلىرى بىلەن ھويلىدىكى شاخلارنىڭ مىدىر-سىدىر قىلغىنىنى پەرق ئېتىپ ئولتۇراتتى.

دەرۋازىۋەن ياتىقىدىكى ئوت ئاللىقاچان ئۆچتى.

سۇيىقەستچىلەر (ئەگەر ھەقىقەتەن سۇيىقەستچىلەر مەۋجۇت بولسا) دېرىزىدىن ئارتىلىپ چۈشمەستىن، ئاستىنقى قەۋەتتىن پەلەمپەي ئارقىلىق چىقىدۇ دەپ پەرەز قىلىشقا بولاتتى. مونتې-كرىستو، سۇيىقەستچىلەر ئوغرىلىق قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، ئۇنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن كەلمەكچى دەپ ئويلايتتى. شۇنداق بولغاندا، ئۇلار ھۇجرىنى نىشان قىلىدۇ ۋە ھۇجرىغا بىر بولسا، مەخپىي

پەلەمپەي ئارقىلىق، بىر بولسا، دەم ئېلىش ئۆيىنىڭ دېرىزىسى ئارقىلىق كىرىدۇ.

ئۇ، ئەلىنى پەلەمپەي ئىشىكىنىڭ يېنىغا تۇرغۇزۇپ قويدى ۋە ئۆزى دەم ئېلىش ئۆيىنى داۋاملىق كۆزەتتى.

«مەجرۇھلار ئۆيى» نىڭ سائىتى چارەك كەم 12 گە جاڭ ئۇردى. نەمخۇش غەرب شامىلى ئۈچ قېتىم ئۇرۇلغان سىرلىق سادانى ئېلىپ كەلدى.

ئاخىرقى سادا تېخى بېسىلماي تۇرۇپ، گراف دەم ئېلىش ئۆيى تەرەپتىن يېنىككىنە غىچىرلىغان شەپىنى ئاڭلىدى. ئاندىن يەنە غىچىرلىدى ۋە يەنە غىچىرلىدى. ئۈچىنچى قېتىم غىچىرلىغاندا گرافنىڭ گۇمانى قالمىدى. كۆنۈك، تەجرىبىلىك قول دېرىزە ئەينىكىنى ئالماس بىلەن كەسمەكتە ئىدى.

گرافنىڭ يۈرىكى قاتتىق سوقۇشقا باشلىدى. كىشىلەر تەشۋىش ئىچىدە ھەرقانچە چىنىققان، خەۋپ - خەتەرگە تاقابىل تۇرۇشقا ھەر قانچە تەييارلانغان بولسىمۇ، يۈرەك سوقۇشىنىڭ تېزلىشىپ كېتىشىدىن ۋە بەدىنىنىڭ سەل جۇغۇلدىشىدىن تەسەۋۋۇر بىلەن ئەمەلىيەت، مەقسەت قىلىش بىلەن ئىجرا قىلىش ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ نەقەدەر چوڭ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ.

مونتې - كرىستو ئەلىگە ئىشارەت قىلدى. ئەلى خەۋپنىڭ دەم ئېلىش ئۆيى تەرەپتىن كېلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ، خوجايىنىغا يېقىن كېلىپ تۇردى.

مونتې - كرىستو ئۆز دۈشمەنلىرىنىڭ كىم ۋە قانچە ئىكەنلىكىنى كۆرۈشكە ئالدىراپ تاقەتسىزلىنەتتى.

ئالماس بىلەن كېسىلىۋاتقان دېرىزە دەل گراف قاراپ تۇرغان تۆشۈكنىڭ ئۇدۇلىدا ئىدى. گرافنىڭ كۆزلىرى شۇ دېرىزىگە قارىتىلغانىدى. ئۇ، تۇن قاراڭغۇسىدا قاپقارا بىر گەۋدىنىڭ سۈرەتلىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. شۇندىن كېيىن دېرىزە ئەينەك



لىرىدىن بىرى خۇددى سىرتىدىن قەغەز چاپلاپ قويۇلغاندەك كۆرۈنمەس بولۇپ قالدى. ئاندىن ئەينەك سۇندى، لېكىن يەرگە چۈشمىدى. ھاسىل بولغان تۆشۈكتىن بىر قول كىرىپ، ئىلمەكنى ئىزدەشكە باشلىدى. بىردەمدىن كېيىن دېرىزە ئېچىلدى ۋە بىر ئادەم پەيدا بولدى. ئۇ يالغۇز ئىدى.

ئەجەب قورقمايدىغان مۇتتەھەم ئىكەن - ھە! — دەپ پىچىرلىدى گراف.

بۇ چاغدا ئەلى ئۇنىڭ يەلكىسىنى يېنىككىنە نوقۇپ قويدى. گراف ئۇنىڭغا قارىدى. ئەلى ھۇجرىنىڭ كوچىغا قارايدىغان دېرىزىسىنى كۆرسەتتى. مونتې - كرىستو شۇ دېرىزە تەرەپكە ئۈچ قەدەم ماڭدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ بۇ سادىق چاكىرىنىڭ ئاجايىپ سەزگۈرلۈكىنى بىلەتتى. دەرۋەقە، ئۇدۇلدىكى دەرۋازا كەينىدىن بىر ئادەم پەيدا بولغانلىقىنى ۋە تاش ئورۇندۇق ئۈستىگە چىقىۋېلىپ، ئۆي ئىچىگە قاراۋاتقانلىقىنى كۆردى.

— ھىم، ئۇلار ئىككى ئىكەن، — دېدى گراف، — بىرى ھەرىكەت قىلسا، يەنە بىرى كۆزەتچىلىك قىلىۋاتىدۇ.

ئۇ، ئەلىگە ئىشارەت قىلىپ، كوچىدىكى ئادەمنى كۆزىتىشنى بۇيرۇدى ۋە ئۆزى دەم ئېلىش ئۆيىگە كىرگەن ئادەمنى كۆزىتىشكە باشلىدى.

يوچۇن كىشى ئۆي ئىچىگە كىرىپ بولغانىدى. ئۇ ئەمدى قوللىرىنى ئالدىغا سوزۇپ، ئاستا مېڭىۋاتاتتى.

ئاخىرى ئۇنىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇلۇققا كۆندى بولغاي. ئۇ، دەم ئېلىش ئۆيىدىكى ھەر ئىككى ئىشىكنىڭ ئىلمەكلىرىنى ئىلىپ قويدى. ئاندىن، ھۇجرىغا ئېلىپ بارىدىغان ئىشىكنىڭ ئالدىغا كەلدى. مونتې - كرىستو ئۇنى ھۇجرىغا كىرىدۇ دەپ ئويلاپ، بىر تاپانچىنى قولىغا ئالدى. لېكىن ئۇ بۇ چاغدا ئىشىك ئىلمىكىنىڭ شىرىقلاپ ئېتىلگەنلىكىنى ئاڭلىدى. بۇ، پەقەت ئېھتىيات

يۈزىسىدىن قوللىنىلغان تەدبىر ئىدى، خالاس. تۈندىكى مېھمان گرافنىڭ ئىشىك گىرەچىسىنى ئېلىشۋەتكەنلىكىنى بىلمەي، ئۆزىنى بىخەتەر ھېس قىلىشى ۋە خاتىرجەم ئىشقا كىرىشىشى مۇمكىن ئىدى.

يوچۇن كىشى ئۆزىنىڭ يوغان يانچۇقىدىن قانداقتۇر بىر نەرسىنى چىقىرىپ، شىرە ئۈستىگە قويدى. ئاندىن ئىش ئۈستىلىنىڭ يېنىغا كېلىپ، قۇلۇپىنى سىيپاشتۇرۇپ تۇتتى ۋە ئويلىغىنىنىڭ ئەكسىچە، ئاچقۇچ يوق ئىكەنلىكىنى كۆردى. لېكىن ئۇ پىششىق ئادەم بولۇپ، ھەر خىل ئېھتىماللارنى ئالدىن مۆلچەرلەپ قويغانىدى. گراف بىرنەرسىلەرنىڭ شاراقلىغان شەپىسىنى ئاڭلىدى. بۇزۇلغان قۇلۇپنى ئوڭشاش ئۈچۈن كەلگەن ئۇستىنىڭ قولىدىكى بىر باغلام ئاچقۇچ ۋە سايمانلار ئەنە شۇنداق شاراقلايدۇ. ئېھتىمال، بۇ سايمانلارنىڭ تۈن - كېچىلىرى قۇلۇپ ئىچىدە غىچىرلاپ، ئۇياق - بۇياققا تولغىنىپ «سايراشلىرى» ئوغرىلارنىڭ قۇلىقىغا بەك يېقىملىق ئاڭلىنىدىغان بولسا كېرەك. شۇڭا، ئۇلار بۇنداق سايمانلارنى «بۇلبۇل» دەپ ئاتىشىۋالغان.

— بۇ ئادەتتىكى بىر ئوغرى ئىكەنغۇ، — دەپ غۇدۇڭشىدى مونتې - كرىستو ئەپسۇسلانغان ھالدا.

ھېلىقى ئادەم قاراڭغۇدا كېرەكلىك سايماننى تاپالمايۋاتاتتى. كېيىن ئۇ بايا شىرە ئۈستىگە قويۇپ قويغان نەرسىگە قول ئۇزاتتى. ئۇ، پۇرژىنىنى باسقانىدى، خىرە يورۇقلۇق چىقىپ، ئۇنىڭ قوللىرى ۋە يۈزىنى يورۇتتى.

— ئۇھوي! بۇ... — دەپ بوشقىنا خىتاب قىلدى مونتې - كرىستو ھەيران بولغان ھالدا بىر قەدەم كەينىگە چېكىنىپ.

ئەلى پالتىنى كۆتۈردى.

— جايىڭدا تۇر، — دەپ پىچىرلىدى ئۇنىڭغا مونتې - كرىستو، — پالتىنى قوي. ئەمدى بىزگە قورال كېرەك ئەمەس.

ئاندىن ئۇ ئاۋازىنى تېخىمۇ پەسلىتىپ، يەنە بىرنەچچە



ئېغىز گەپ قىلدى. چۈنكى ئۇ بايا ھەيران بولۇپ خىتاب قىلغانىدا، گەرچە ئاۋازى ئاران ئاڭلانغۇدەك چىققان بولسىمۇ، ئوغرى چۆچۈپ كېتىپ ئارقىسىغا بۇرۇلدى.

ئەلى گرافنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ بېرىپ، كىيىم ئىلغۇچتىن قارا چاپان ۋە ئۈچ بۇلۇڭ شەكىللىك شىلەپىنى ئالدى. شۇ ئارىدا مونتې - كرىستو تېزلىكتە ئۈچىسىدىكى كالتە چاپان، جىلىتكە ۋە كۆڭلىكىنى سالدى. دېرىزە پەردىلىرىنىڭ يوچۇقىدىن چۈشۈپ تۇرغان ئىنچىكە يورۇقلۇق نۇرىدا گرافنىڭ بەدىنىگە كىيىلگەن نېپىز ۋە ئەۋرىشىم ساۋۇتنى كۆرگىلى بولاتتى. ليۇدوۋىك XVI خەنجەرنىڭ زەربىسىگە ئۇچراشتىن قورقۇپ، ھەمىشە مۇشۇنداق ساۋۇتنى كىيىپ يۈرەتتى. لېكىن، ئاقىۋەتتە ئۇنىڭغا خەنجەر تىقىلماستىن، بەلكى كاللىسى چېپىپ تاشلانغانىدى. شۇندىن كېيىن، فرانسىيىدە كىشىلەر خەنجەردىن ئەنسىرىمەيدىغان بولغان ۋە بۇنداق ساۋۇتلارنى ھېچكىم كىيمەيدىغان بولۇپ قالغان.

گراف ساۋۇتنىڭ ئۈستىدىن ئۇزۇن قارا چاپان ۋە چاچلىرىنىڭ ئۈستىدىن ئۇزۇن ياسالما چاچ كىيدى. ئاندىن ياسالما چاچنى باستۇرۇپ ئۈچ بۇلۇڭلۇق شىلەپە كىيىۋالغانىدى، ھەقىقىي روھانىيغا ئايلاندى.

ھېلىقى ئوغرى بولسا، ئەمدى باشقا ئاۋۇش ئاڭلانمىغاچقا، قەددىنى رۇسلىدى ۋە مونتې - كرىستو كىيىمىنى ئالماشتۇرۇپ بولغۇچە ئىش ئۈستىلىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ ھېلىقى «بۇلبۇلى» بىلەن قۇلۇپنى تىرىقلاتقىلى تۇردى.

— ماقۇل، ماقۇل، سەن تېخى يەنە بىرنەچچە مىنۇت ئاۋارە بولىسەن، — دەپ پىچىرلىدى گراف. قارىغاندا، ئۇ قۇلۇپنىڭ ئوغرى بىلمەيدىغان سىرىغا ئىشىنىدىغاندەك قىلاتتى.

ئۇ دېرىزىنىڭ يېنىغا كەلدى.

تاش ئورۇندۇقتا چىقىۋالغان ئادەم ئەمدى ئۇنىڭدىن چۈشۈپ، كوچىدا ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى. ئەجەبا، ئۇ يېلىسەي تەرەپتىن ياكى سېنت - ئونورې تەرەپتىن چىقىپ قېلىش ئېھتىمالى بولغان يولۇچىلارنى كۆزەتمەستىن، ھەدەپ گرافنىڭ ئۆيىگىلا قارايتتى ۋە ئامال قىلىپ، دەم ئېلىش ئۆيىدە نېمە بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈشكە تىرىشاتتى.

مونتې - كرىستو توساتتىن ئالقىنى بىلەن پېشانىسىغا بىرنى قويدى ۋە لەۋلىرىدە ئۈنسىز كۈلۈمسىرەش پەيدا بولدى. ئۇ ئەلىنىڭ يېنىغا كەلدى.

— مۇشۇ يەردە جىم تۇر، — دېدى گراف ئۇنىڭغا بوش ئاۋازدا، — ھەرقانداق گەپ بولسىمۇ، ھەر قانداق ئىش بولسىمۇ، مەن سېنى چاقىرمىغۇچە بۇ يەردىن چىقما، ئۆزۈڭنى كۆرسىتىپ قويما.

ئەلى بېشىنى لىڭشىتتى.

شۇندىن كېيىن مونتې - كرىستو ئىشكاپتىن شامنى ئېلىپ ياندۇردى ۋە ئوغرى قۇلۇپقا باش چۆكۈرۈپ تۇتۇش قىلىپ كەتكەن پەيتتە شامنىڭ يورۇقىنى ئىلاجى بار ئۆزىنىڭ يۈزىگە چۈشۈرۈشكە تىرىشىپ، ئىشىكنى ئاستا ئاچتى. ئىشىك شۇنداق ئاستا ئېچىلدىكى، ئوغرى ھېچنېمىنى ئاڭلىمىدى. ھالبۇكى، ئۆي ئىچى ئۇشتۇمتۇت يورۇپ كەتكەنلىكتىن، ئۇ غايەت ئەجەبلەنگەن ھالدا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قارىدى.

— كەچۈرىڭىز، خەيرلىك بولسۇن، قەدىرلىك كادرۇس ئەپەندى! — دېدى مونتې - كرىستو، — بۇنداق كەچكى مەزگىلدە نېمە قىلىۋاتىسىز؟

— بوزونى ھەزرەت! — دەپ خىتاب قىلدى كادرۇس.

ھەر ئىككى ئىشىك ئېتىكلىك تۇرسا، بۇ غەلىتە مېھماننىڭ



قانداق كىرىپ قالغانلىقىنى چۈشىنەلمىگەن كادرۇس سايمانلىرىنى تاشلىۋېتىپ، داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى.

گراف كادرۇس بىلەن دېرىزىنىڭ ئارىلىقىغا كېلىپ تۇرۇۋالدى ۋە شۇنىڭ بىلەن قورقۇپ كەتكەن ئوغرىنىڭ بىردىنبىر چېكىنىش يولىنى توسۇۋالدى.

— بوزونى ھەزرەت! — دەپ تەكرارلىدى كادرۇس ئالاق - جالاق بولۇپ كەتكەن كۆزلىرى بىلەن گرافقا قاراپ.

— شۇنداق، بوزونى ھەزرەت! — دېدى مونتې — كرىستو، — دەل شۇنىڭ ئۆزى. مېنى تونۇغانلىقىڭىزدىن خۇرسەنمەن، قەدىرلىك كادرۇس ئەپەندى، ئەستە ساقلاش قابىلىيىتىڭىز ياخشى ئىكەن. خاتالاشمىسام، بىز كۆرۈشمىگىلى ئون يىل بولۇپ قالدى ئەمەسمۇ.

بۇ خاتىرجەملىك، تەنە ۋە قاتتىق ئاھاڭ كادرۇسنى شۇنچىلىك قورقۇنچقا سالدىكى، ئۇنىڭ بېشى ئايلىنىپ كەتتى.

— ھەزرىتىم! — دەپ دۇدۇقلىدى ئۇ ئۆزىنىڭ قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ ۋە چىشلىرىنى كاسىلدىتىپ.

— شۇنداق قىلىپ، گراف مونتې - كرىستونىڭ ئۆيىگە ئوغرىلىققا كىرىپتۇق - تە؟ — دېدى يەنە يالغان روھانىي.

— ھەزرىتىم، — دەپ پىچىرلىدى كادرۇس گرافنىڭ يېنىدىن دېرىزە تەرەپكە ئۆتۈۋېلىشقا بىھۇدە ئۇرۇنۇپ، — ھەزرىتىم، مەن ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن... ماڭا ئىشىنىڭ... قەسەم ئىچىپ بېرىمەن ...

— كېسىلگەن ئەينەك، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى گراف، — چىراغ، سايمانلار، چالا بۇزۇلغان قۇلۇپ، بۇنىڭ ھەممىسى چۈشىنىشلىكقۇ.

كادرۇس مۆكۈنۈۋالغۇدەك بولۇڭ، چىقىپ كەتكۈدەك يوچۇق ئىزدەپ، ئەتراپىغا بىچارىلەرچە قاراپ تۇراتتى.

— قارىغاندا، سىز تېخىچە ئۆزگەرمەپسىز، جانابىي قاتىل، — دېدى گراف.

— ھەزرىتىم، ھەممىنى بىلگەندىن كېيىن، شۇنىمۇ بىلىشىڭىز كېرەككى، قاتىل مەن ئەمەس، كاركونتا. سوتمۇ بۇنى ئېتىراپ قىلدى. مېنى پەقەت گالېراغا① ھۆكۈم قىلىشتى ئەمەسمۇ.

— جازا مۇددىتىڭىز توشۇپ بولغانمىدى؟ ئەمدى يەنە شۇ يەرگە بارغۇڭىز كېلىپ قاپتىمۇ؟

— ياق، ھەزرىتىم، مېنى بىر ئادەم ئازاد قىلغان.

— ئۇ ئادەم جەمئىيەتكە چوڭ خىزمەت كۆرسىتىپتۇ.

— لېكىن مەن ۋەدە قىلغان ... — دېدى كادرۇس.

— دېمەك، سىز جازا مەيدانىدىن قېچىپ چىقىپسىز - دە؟ — ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى مونتې - كرىستو.

— ئەپسۇس، شۇنداق بولدى، — دېدى جېنى چىقىۋەدەك قورقۇپ كەتكەن كادرۇس.

— تەكرار جىنايەت ئۆتكۈزۈپ، گۇناھىڭىزنى تېخىمۇ ئېغىرلىتىپسىز - دە؟ خاتالاشمىسام، بۇنداق قىلغانلار گىلئوتىناغا② تاپشۇرۇلىدۇ. مېنىڭ يۇرتۇمدىكى سۆزمەنلەر بۇنى دىئاۋولو دەپ ئاتىشىدۇ.

— ھەزرىتىم، شەيتانىنىڭ كەينىگە كىرىپ كېتىپتىمەن...

— ھەممە جىنايەتچىلەر شۇنداق دەيدۇ.

— موھتاجلىق...

— قويۇڭ بۇ گەپنى، — دېدى بۇزونى يىرگىنىچ بىلەن، — موھتاجلىقتا قالغان ئادەم تىلەمچىلىك قىلىدۇ، دۇكاندىن بولكا ئوغرىلايدۇ، لېكىن بوش قالغان ئۆيگە كىرىپ، قۇلۇپلار-

① گالېرا — مەخسۇس گۇناھكارلار پالاقچىلىق قىلىدىغان كۆپ پالاقلىق كېمە.

② گىلئوتىنا — ئەينى زاماندىكى كاللا كېسىش ئەسۋابى.



نى بۇزمايدۇ. مەندىن ئالغان ھېلىقى ئالماسنى زەرگەر ژوئانىنىسقا سېتىپ، 45 مىڭ فرانك تاپتىڭىز. لېكىن، سىز پۇلنىمۇ، ئالماسنىمۇ قولدىن چىقارماسلىق ئۈچۈن زەرگەرنى ئۆلتۈرۋەتتىڭىز. بۇنىمۇ موھتاجلىقتىن قىلغانمىدىڭىز؟

— ئەپۇ قىلىڭ، ھەزرىتىم، — دېدى كادرۇس، — مېنى بىر قېتىم قۇتۇلدۇرغانىدىڭىز، ئەمدى يەنە بىر قېتىم قۇتۇلدۇرۇڭ.

— بۇ ئىشنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلاشقا مەيلىم يوق.

— سىز بۇ يەردە يالغۇزمۇ، ھەزرىتىم؟ — سورىدى كادرۇس يالۋۇرغان سىياقتا قوللىرىنى كۆكرىكىنىڭ ئۇستىگە ئېلىپ، — ياكى مېنى تۇتۇش ئۈچۈن مۆكتۈرۈپ قويغان ساقچىلىرىڭىز بارمۇ؟

— مەن يالغۇز، — دېدى ھەزرەت، — ماقۇل. سىزگە شەپقەت قىلاي. گەرچە بۇنداق شەپقەتچىلىك يېڭى پالاكەتچىلىكلەرگە ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن بولسىمۇ، ماڭا ھەممىنى راستچىللىق بىلەن سۆزلەپ بەرسىڭىزلا سىزنى قويۇۋېتىمەن.

— ھەزرىتىم، — دەپ خىتاب قىلدى كادرۇس مونتې - كرىستونىڭ ئالدىغا بىر قەدەم چامداپ، — سىز بەرھەق مېنىڭ نىجاتكارىم ئىكەنسىز.

— جازا مەيدانىدىن قېچىشىڭىزغا بىر ئادەم ياردەم قىلغانلىقىنى ئېيتقانىدىڭىز، راستمۇ؟

— بۇ راست گەپ، سۆزۈمگە ئىشىنىڭ، ھەزرىتىم!

— كىم؟

— بىر ئىنگلىز.

— ئۇنىڭ ئىسمى نېمە؟

— لورد ئۇيىلمور.

— ئۇنى تونۇيمەن. گېپىڭىزنىڭ راست - يالغانلىقىنى كېيىن ئۇنىڭدىن سوراپ ئۇقىمەن.

— ھەزرىتىم، راست گەپ قىلىۋاتىمەن.

— دېمەك، شۇ ئىنگلىز سىزنى قانات ئاستىغا ئالغانمىدى؟

— مېنى ئەمەس. مەن بىلەن بىر زەنجىرگە چېتىپ قويۇلغان ياش كورسىكانلىقنى قانات ئاستىغا ئالغان.

— ئۇ ياش كورسىكانلىقنىڭ ئىسىم - فامىلىسى نېمە؟

— بېنېدېتتو.

— بۇ پەقەت ئىسىم.

— ئۇنىڭ فامىلىسى يوق. ئۇ كىچىك ۋاقتىدا كوچىدىن تېپىۋېلىنغانىكەن.

— شۇ يىگىت بىلەن بىللە قاچقانمىدىڭىز؟

— ھەئە.

— قانداق قىلىپ؟

— بىز ئۇنىڭ بىلەن تۇلوننىڭ يېنىدىكى سېن - ماندرىيې دېگەن يەردە ئەمگەك قىلاتتۇق. سېن - ماندرىيې دېگەن يەرنى بىلەمسىز؟

— بىلمەن.

— شۇنداق قىلىپ، چۈش ۋاقتىدا باشقىلار ئۇخلاپ ياتقۇچە...

— جىنايەتچىلەرنىڭمۇ چۈشلۈك دەم ئېلىشى بولىدىكەن - دە! شۇنداق تۇرۇپ، سىلەرگە ئىچ ئاغرىتىشقا بولامدۇ! — دېدى بۇزونى.

— چۈشلۈك دەم ئېلىش بولىدۇ، — دېدى كادرۇس، — توختىماي ئىشلەۋەرگىلى بولمايدۇ - دە، بىز ئىت ئەمەس.

— بۇ، ئىتلارنىڭ بەختى، — دېدى مونتې - كرىستو.

— باشقىلار ئۇخلاپ ياتقاندا بىر چەتكىرەك ئۆتۈپ، ھېلىقى ئىنگلىز بەرگەن ئىكەك بىلەن كىشەنلىرىمىزنى كېسىپ تاشلىدۇقتە، سۇغا چۈشۈپ قېچىپ كەتتۇق.

— بېنېدېتتو ھازىر نەدە؟

— بىلمەيمەن.



— بىلىسىز.

— راست بىلمەيمەن. بىز ئۇنىڭ بىلەن گىيېردا ئايرىلغان.

كادرۇس ئۆزىنىڭ سۆزلىرىنى ئىشەنچلىك قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن ھەزرەتنىڭ ئالدىغا يەنە بىر قەدەم چامدىدى. ھەزرەت بولسا، يەنە شۇنداقلا خاتىرجەملىك ۋە سوراق نەزەرى بىلەن قاراپ، ئۆز جايىدا قىمىر قىلماي تۇرۇۋەردى.

— يالغان ئېيتىۋاتىسىز، — دېدى بۇزونى ھەزرەت قەتئىيلىك بىلەن.

— ھەزرىتىم...

— يالغان ئېيتىۋاتىسىز! ئۇ ئادەم ھازىرمۇ سىزنىڭ بۇرادىرىڭىز، بەلكىم شېرىكىڭىز بولۇشىمۇ مۇمكىن.

— ھەزرىتىم!

— تۇلوندىن قېچىپ چىققاندىن تارتىپ قانداق قىلىپ جان بېقىۋاتىسىز؟ جاۋاب بېرىڭ.

— ئانچە - مۇنچە ئوقەت قىلىپ...

— يالغان ئېيتىۋاتىسىز! — دېدى ھەزرەت يەنىمۇ كەسكىن ئاھاڭ بىلەن.

كادرۇس قورقۇنچ ئىچىدە گرافقا قارىدى.

— ئۇنىڭ بەرگەن پۇللىرى بىلەن كۈن ئېلىپ كەلدىڭىز، — دېدى يەنە ھەزرەت.

— راست، شۇنداق، — دېدى كادرۇس، — بېنېدېتتو بىر كاتتا مۆتىۋەرنىڭ ئوغلى بولۇپ قالدى.

— قانداق قىلىپ مۆتىۋەرنىڭ ئوغلى بولۇپ قالىدۇ؟

— سىرتتىن تېپىپ قويغان ئوغلى ئىكەن.

— ئۇ مۆتىۋەرنىڭ ئىسمى نېمە ئىكەن؟

— گراف مونتې - كرىستو، مۇشۇ ئۆينىڭ ئىگىسى.

— بىنېدېتتو گرافنىڭ ئوغلى؟ — دېدى مونتې ـ كرىستو ھەيران بولۇپ.

— ھەئە، شۇنداق بولۇپ چىقتى. گراف ئۇنىڭغا يالغان ئاتا تېپىپ بېرىپتۇ، ھەر ئايدا ئۇنىڭغا 4000 فرانك بېرىدىكەن، يەنە ئۇنىڭغا 500 مىڭ فرانك مىراس قالدۇرماقچى بولۇپ، ۋەسىيەتنامە يېزىپتۇ.

— مۇنداق دەڭ! — دېدى يالغان روھانىي بۇگەپلەرنىڭ تېگىگە يېتىپ، — ئۇ يىگىتنىڭ ھازىرقى ئىسمى نېمە؟

— ئاندرېئا كاۋالكانتى.

— دېمەك، دوستۇم گراف مونتې ـ كرىستونىڭ ئۆيىگە كېلىپ يۈرىدىغان ۋە دانگلار خانىقىزغا ئۆيلەنمەكچى بولغان يىگىت شۇ ئىكەن ـ دە؟

— شۇ.

— شۇنداق تۇرۇپ گەپ قىلماي يۈرىدىكەنسىزمۇ، ھەي يۈزسىز! ئۇنىڭ ھاياتىنى، پېشانىسىدىكى داغنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا يول قويىدىكەنسىزمۇ؟

— دوستۇمغا پۈتلىكاشاڭ بولۇپ نېمە قىلاتتىم؟ — دەپ سورىدى كادرۇس.

— توغرا، دانگلار ئەپەندىنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇش مېنىڭ ئىشىم.

— ئۇنداق قىلماڭ، ھەزرىتىم!

— نېمىشقا؟

— ئۇنداق قىلسىڭىز بىزنى بىر پارچەناندىن مەھرۇم قىلىسىز.

— ئەمىسە، ئىككى نائەھلىنىڭ بىر پارچە نېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ھىيلە ـ نەيرەڭلىرىگە، جىنايەتلىرىگە شېرىك بولسام بولامتى؟



— ھەزرىتىم! — دەپ يىلىندى كادرۇس ۋە ئۇنىڭ ئالدىغا تېخىمۇ يېقىنراق كەلدى.

— ھەممىنى سۆزلەپ بېرىمەن.

— كىمگە؟

— دانگلار ئەپەندىگە.

— كاپىشما! — دەپ ۋارقىرىدى كادرۇس، پىچىقىنى چىقىرىپ ۋە گىرافنىڭ كۆكرىكىگە پىچاق ئۇرۇپ، — ئۇنىڭغا ھېچنېمىنى دەپ بېرەلمەيسەن!

شۇ ھامان كادرۇس ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قالدى، پىچاق كۆكرەككە كىرمىدى، بەلكى كەينىگە يېنىپ كەتتى.

گراف سول قولى بىلەن كادرۇسنىڭ بېغىشىدىن تۇتۇۋالدى ۋە شۇنداق كۈچ بىلەن قىستىكى، پىچاق ئۇنىڭ قولىدىن چۈشۈپ كەتتى. مەلئۇن جىنايەتچى ئاغرىقتا چىدىماي ۋارقىراپ تاشلىدى. گراف ئۇنىڭ ۋارقىراشلىرىغا پەرۋا قىلماي، قولىنى قايرىۋەردى. كادرۇس باشتا تىزلىنىپ قالدى، ئاندىن يىقىلىپ دۈم چۈشتى. گراف ئۇنىڭ بېشىغا پۇتىنى قويۇپ، دېدى:

— كاللاڭنى مىجىۋەتسەم ئازلىق قىلىدۇ، مۇناپىق!

— رەھىم قىلىڭ، رەھىم قىلىڭ! — دەپ ۋارقىرىدى كادرۇس.

گراف پۇتىنى ئالدى.

— تۇر! — دېدى ئۇ.

كادرۇس تۇردى.

— بەك قايرىۋەتتىڭىز، ھەزرىتىم! — دېدى ئۇ، جانسىزلىنىپ قالغان قولىنى ئۇۋۇلاپ، — نېمىدېگەن كۈچ بۇ!

— ئاغزىڭنى يۇم! ساڭا ئوخشاش قانخور ھايۋاننىڭ ئەدىبىنى بېرىش ئۈچۈن تەڭرى ماڭا كۈچ بەردى. مەن تەڭرىنىڭ نامى بىلەن ئىش قىلىۋاتىمەن، بۇنى ئۇنۇتما، ئەبلەخ! ھازىر

سىنىڭ جىنىڭنى ئاياپ قويغانلىقىمۇ تەڭرىنىڭ ئىرادىسىنى كۆتكەنلىك.

— ئۇف! — كادرۇس تەسلىكتە ھوشىنى يىغىپ، دىمىقىدا غۇڭشىدى.

— مانا ساڭا قەلەم ۋە قەغەز. مەن نىمە دىسەم شۇنى ياز.

— يېزىشنى بىلمەيمەن، ھەزرىتىم.

— يالغان. قەلەمنى ئال، ياز.

كادرۇس غىڭ قىلماستىن ئولتۇردى ۋە يازدى:

«مۆھتەرەم ئەپەندى، سىزنىڭ ئۆيىڭىزگە بېرىۋاتقان ۋە قىزىڭىزغا ئۆيلەنمەكچى بولۇۋاتقان كىشى قاچقۇن جىنايەتچى. ئۇ، تۇلوندىكى جازا مەيدانىدىن مەن بىلەن بىللە قاچقان. ئۇ 59 - نومۇر، مەن 58 - نومۇر ئىدىم. ئۇنىڭ ئىسمى بېنېدېتتو. ئۇ ئۆزىنىڭ ھەقىقىي فامىلىسىنى بىلمەيدۇ، چۈنكى ئاتا - ئانىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيدۇ».

— قول قوي! — دېدى يەنە گراف.

— مېنى ئۆلتۈرەي دەمسىز؟

— ئۆلتۈرەي دېسەم سېنى ساقچىغا تاپشۇرۇپ بېرەتتىم، ئەخمەق. ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇ خەت ئۆز ئادرېسىغا بېرىپ يەتكۈچە ساڭا قورقۇشقىمۇ ئورۇن قالمايدۇ. قول قوي.

كادرۇس قول قويدى.

— ياز: ئانتېن كوچىسىدىكى بانكىر بارون دانگلار ئەپەندىگە.

كادرۇس ئادرېسىنى يازدى.

روھانىي خەتنى قولىغا ئالدى.

— ئەمدى كەت، — دېدى ئۇ.

— قەيەردىن چىقىپ كېتىمەن؟



— قەيەردىن كىرگەن بولساڭ شۇ يەردىن.

— دېرىزىدىن چىقامدىم؟

— ئۆزۈڭ شۇ يەردىن كىردىڭغۇ.

— نىمە غەرىزىڭىز بار، ھەزرىتىم؟

— ساراڭ، مېنىڭ نىمە غەرىزىم بولماقچى؟

— دەرۋازىدىن چىقىپ كەتسەم بولمامدۇ؟

— دەرۋازىۋەننى ئويغىتىپ نىمە قىلاتتىڭ؟

— ھەزرىتىم، ئېيتىڭا، مېنى ئۆلتۈرۈشنى خالىمامسىز؟

— تەڭرى نېمىنى خالىسا، مەنمۇ شۇنى خالايمەن.

— ئەمىسە مەن دېرىزىدىن چۈشۈپ بولغۇچە مېنى ئۆلتۈرمەسكە قەسەم قىلىپ بەرسىڭىز.

— نىمىدېگەن قورقۇنچاق ساراڭ سەن!

— مېنى نىمە قىلاي دەيسىز؟

— بۇنى ئۆزۈڭدىن سورا. سېنى بەختلىك ئادەم قىلىپ قويماقچى بولغانىدىم، لېكىن سەن قاتىل بولۇپ چىقتىڭ!

— ھەزرىتىم، — دېدى كادرۇس، — يەنە بىر قېتىم ياخشىلىق قىلىڭ.

— ماقۇل، — دېدى گراف، — مېنىڭ ھەرقانداق ئەھۋالدا ۋەدەمگە ۋاپا قىلىدىغانلىقىمنى بىلەمسەن؟

— ھەئە، — دېدى كادرۇس.

— ئەگەر ئۆيۈڭگە ساق - سالامەت يېتىپ بارالىساڭ ...

— سىزدىن باشقا يەنە كىمدىن قورقاتتىم؟

— ئەگەر ئۆيۈڭگە ساق - سالامەت يېتىپ بارالىساڭ، پارىژدىن كەت، فرانسىيىدىن كەت. سەن نەدە بولىدىكەنسەن، ھالال تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلا بولساڭ، مەن ساڭا چوقۇم ئاز - تولا پۇل ئەۋەتىپ تۇرىمەن. چۈنكى ئۆيۈڭگە ساق - سالامەت يېتىپ بارالىساڭ، ئۇ چاغدا...

— ئۇ چاغدا؟ — سورىدى كادرۇس غال-غال تىترەپ تۇرۇپ.

— ئۇ چاغدا سېنى تەڭرى كەچۈرۈپتۇ دەپ ھېسابلايمەن، شۇڭا مەنمۇ كەچۈرىمەن.

— مېنى ئۆلگۈدەك قورقىتىۋاتىسىز! — دۇدۇقلىدى كادرۇس ۋە ئارقىسىغا داجىدى.

— ئەمدى كەت! — دېدى گراف كادرۇسقا دېرىزىنى كۆرسىتىپ.

كادرۇس بۇ ۋەدىگە ئىشىنىپ كېتەلمىگەن ھالدا دېرىزىگە چىقىپ، يۆلەپ قويۇلغان شوتىغا پۇتىنى قويدى ۋە پۈتۈن ئەزايى-بەدىنى تىترەپ تۇرغان ھالدا توختاپ قالدى.

— چۈش، — دېدى روھانىي ۋە قوللىرىنى كۆكرىكىنىڭ ئۈستىدىن گىرەلەشتۈردى.

كادرۇس ئاخىرى بۇ تەرەپتىن خەۋپ يوق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، پەسكە چۈشۈشكە باشلىدى. گراف قولىغا شامنى ئېلىپ، دېرىزىنىڭ يېنىغا كەلدى. بۇنداق بولغاندا، كوچىدىن قارىغان كىشى دېرىزىدىن بىر ئادەمنىڭ چۈشۈۋاتقانلىقىنى ۋە يەنە بىر ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا يورۇتۇپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولاتتى.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭىز، ھەزرىتىم؟ پاترونلار كۆرۈپ قالسا... — دېدى كادرۇس ۋە شامنى پۈۋلەپ ئۆچۈرۈۋەتتى.

ئاندىن ئۇ چۈشۈشكە باشلىدى. پەقەت يەرگە پۇتى تەگكەندىن كېيىنلا كۆڭلى ئەمىن تاپتى.

مونتې-كرىستو ئۆز ھوجرىسىغا قايتىپ كىردى ۋە باغ بىلەن كوچىغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ، ئالدى بىلەن كادرۇسنى كۆردى. ئۇ يەرگە چۈشكەندىن كېيىن باغنى چۆرىدەپ ئۆتۈپ، شوتىنى تامنىڭ ئۆزى چۈشكەن يېرىدىن باشقا بىر جايغا يۆلەپ قويدى.



گراف كوچىغا يەنە قارىغانىدى، مۆكۈپ تۇرغان ھېلىقى ئادەمنىڭ كادرۇس ماڭغان تەرەپكە كوچا بويلاپ يۈگۈرگەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ تامدىن ئارتىلىپ چۈشمەكچى بولغان يېرىنىڭ دوقمۇشىدا توختىغانلىقىنى كۆردى.

كادرۇس شوتىدىن ئالدىرىماي چىقتى ۋە ئاخىرقى بالداقلىرىغا يەتكەندىن كېيىن، كوچىدا ئادەم بارمۇ دەپ تامنىڭ ئۇ يېقىغا قارىدى. بىر ئادەممۇ كۆرۈنمەيتتى، شىرىق قىلغان سادامۇ ئاڭلانمايتتى.

«مەجرۇھلار ئۆيى» نىڭ سائىتى بىرگە جاڭ ئۇردى.

كادرۇس تامغا مىنىپ ئولتۇرۇۋالدى-دە، شوتىنى تارتىپ چىقىرىپ، تامنىڭ ئۇ يېقىغا يۆتكەپ قويدى. ئاندىن يەنە تۆۋەنگە چۈشۈشكە باشلىدى، ياكى توغرىسىنى ئېيتقاندا، شوتىنىڭ يان ياغاچلىرىنى بويلاپ ئۇستىلىق بىلەن سىيرىلىپ چۈشكىلى تۇردى.

ھالبۇكى، سىيرىلىپ چۈشۈۋېتىپ، ئۆزىنى توختىتالماي قالدى. ئۇ، شوتىنىڭ يېرىمىغا كەلگەندە قاراڭغۇ بۇلۇڭدىن بىر ئادەمنىڭ يۈگۈرۈپ چىققانلىقىنى كۆردى؛ پۇتى يەرگە تېگەي دەپ قالغاندا ھېلىقى ئادەمنىڭ قولىنى غۇلاچلاپ كۆتۈرگەنلىكىنى كۆردى؛ ئەمما ئۇ يەرگە دەسسەپ، ئۆزىنى ئوڭشىۋالغۇچە ئاشۇ قول شىددەت بىلەن ئۇنىڭ دۈمبىسىگە پىچاق ئۇردى. كادرۇس شوتىنى قويۇۋېتىپ ۋارقىرىدى:

— ياردەم قىلىڭلار!

شۇ ھامان ئۇنىڭ بېقىنىغا يەنە بىر پىچاق ئۇرۇلدى ۋە ئۇ يىقىلدى.

— ئۆلتۈرۈۋاتىدۇ! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ.

ھېلىقى ئادەم ئۇنىڭ چېچىدىن تۇتۇۋېلىپ، كۆكرىكىگە ئۈچىنچى پىچاق سالدى.

كادرۇس يەنە ۋارقىرىماقچى بولغانىدى، لېكىن ۋارقىرىيالماي، ئاران ئىڭرىدى. ئۇنىڭ ئۈچ يېرىدىكى جاراھەتتىن قان خۇددى ئۈچ ئېقىندەك ئېقىپ چىقىۋاتاتتى.

قاتىل زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ ۋارقىرىمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ چېچىدىن تارتىپ، بېشىنى كۆتۈردى. كادرۇسنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلغان، ئاغزى قىيسىيىپ كەتكەنىدى. قاتىل ئۇنى ئۆلدى دەپ ئويلاپ، بېشىنى قويۇپ بەردى ـ دە، قېچىپ كەتتى.

شۇندىن كېيىن، كادرۇس ئۇنىڭ كەتكەنلىكىنى بىلىپ، جەينىكىگە تاياندى ۋە ئاخىرقى كۈچىنى يىغىپ، خىرقىرىغان ئاۋاز بىلەن ۋارقىرىدى:

— ئۆلتۈرۈۋەتتى! ئۆلۈۋاتىمەن! قۇتقۇلدۇرۇڭ، ھەزرىتىم، قۇتقۇلدۇرۇڭ!

بۇ دەھشەتلىك ۋارقىراش تۆۋەن قاراڭغۇسىنى يېرىپ ئۆتتى. ئاۋۋال مەخپىي پەلەمپەينىڭ ئىشىكى، ئاندىن باغنىڭ كىچىك دەرۋازىسى ئېچىلدى ۋە ئەلى بىلەن ئۇنىڭ خوجايىنى چىراغ كۆتۈرۈپ يۈگۈرۈپ چىقىشتى.

## ئوتتۇزىنچى باب

# تەڭرىنىڭ جازاسى

كادرۇس تېخىچە ئېچىنىشلىق ئاۋاز بىلەن ئىڭراۋاتاتتى:

— ھەزرىتىم، قۇتقۇلدۇرۇڭ، قۇتقۇلدۇرۇڭ!

— نېمە بولدى؟ — سورىدى مونتې - كرىستو.

— قۇتقۇلدۇرۇڭ! — دېدى يەنە كادرۇس، — ماڭا پىچاق سالدى.



— كېلىۋاتىمىز، تەخىر قىلىپ تۇرۇڭ.

— تۈگىدىم! تۈگەشتىم! سىلەر مېنىڭ ئۆلۈشۈمنى كۆرگىلى كەلدىڭلار. پىچاقنى نېمىدېگەن قاتتىق ئۇردى! قانچىلىك قان!

شۇ گەپ بىلەن ئۇ ھوشىدىن كەتتى.

ئەلى بىلەن ئۇنىڭ خوجايىنى ياردارنى كۆتۈرۈپ، ئۆيگە ئېلىپ كىرىشتى. شۇندىن كېيىن مونتې - كرىستو ئەلىگە ئۇنى يېشىندۈرۈشنى بۇيرۇدى ۋە دەھشەتلىك ئۈچ جاراھەتنى كۆردى.

— تەڭرىم، — دېدى ئۇ، — بەزىدە سېنىڭ جازايىڭ كېچىكىپ كېلىدۇ. لېكىن كېچىكىپ كەلگەن جازايىڭ ئەرشىئەلادىن تېخىمۇ دەھشەت بىلەن چۈشىدۇ.

ئەلى «ئەمدى قانداق قىلىمىز؟» دېگەندەك قىلىپ، خوجايىنىغا قارىدى.

— سېنت - ئونورېغا بېرىپ، خانلىق مۇپەتتىش ۋىلفور ئەپەندىنى چاقىرىپ كەل. ھويلىدىن چىققۇچە دەرۋازىۋەننى ئويغىتىپ، دوختۇر چاقىرىشقا ئەۋەت.

ئەلى چىقىپ كەتتى. يالغان روھانىي تېخىچە ھوشىغا كەلمەي ياتقان كادرۇس بىلەن يالغۇز قالدى.

ياردار يەنە كۆزىنى ئاچقاندا گراف خۇددى ئۈنسىز ئايەت ئوقۇۋاتقاندەك، سوكۇناتلىق ئېچىنىش بىلەن بىرنەچچە قەدەم نېرىدا ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇراتتى.

— دوختۇرنى چاقىرىڭ، دوختۇرنى، — دەپ ئىڭرىدى كادرۇس.

— دوختۇرنى چاقىرغىلى ئادەم كەتتى، — دېدى روھانىي.
— بىلىمەن، بۇنىڭ پايدىسى يوق، مېنى قۇتقۇلدۇرغىلى بولمايدۇ، لېكىن ئۇ كېلىپ بىرئاز ماغدۇر كىرگۈزسە پاش قىلىشقا ئۈلگۈرەلەيمەن،

— نېمىنى؟
— ماڭا پىچاق سالغان قاتىلنى.
— ئۇنى بىلەمسىز؟
— بىلمەيچۇ! ئۇ بېنېدېتتو.
— ھېلىقى ياش كورسىكانلىق؟
— شۇ.
— سىزنىڭ بۇرادىرىڭىز؟
— ھەئە. ئۇ ماڭا گراف ئۆيىنىڭ خەرىتىسىنى سىزىپ بەرگەن. ئۇ، مىراسقا ئىگە بولۇش ئۈچۈن مېنىڭ گرافنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىمنى كۆزلىگەن ياكى مەندىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن گرافنىڭ مېنى ئۆلتۈرۈشىنى ئۈمىد قىلغان. ئاخىرى، كوچىدا پايلاپ تۇرۇپ، مېنى ئۆلتۈردى.

— مەن دوختۇر بىلەن خانلىق مۇپەتتىشنى چاقىرىشقا ئادەم ئەۋەتتىم.

— ئۈلگۈرۈپ كېلەلمەيدۇ، — دېدى كادرۇس، — تېنىمدىن پۈتۈن قېنىم چىقىپ كېتىۋاتقىنىنى سېزىپ تۇرۇۋاتىمەن.
— توختاپ تۇرۇڭ، — دېدى مونتې - كرىستو.
ئۇ، خانىدىن چىقىپ كېتىپ، بىردەمدىن كېيىن بىر كىچىك شىشىنى تۇتقان ھالدا قايتىپ كىردى. ئۇ قايتىپ كىرگۈچە ئۆلۈش ئالدىدا تۇرغان كادرۇسنىڭ كۆزلىرى ئىشىككە تىكىلىپ، قورقۇنچلۇق ھالدا قېتىپ قالغانىدى. ئۇ، مۇشۇ ئىشىكتىن ئۆزىگە شىپالىق كىرىدىغانلىقىنى سېزىپ تۇراتتى.
— تېز بولۇڭ، ھەزرىتىم، تېز بولۇڭ! — دېدى ئۇ، — ھازىر يەنە ھوشۇمدىن كېتىمەن.
مونتې - كرىستو ياردارنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭ كۆكىرىپ كەتكەن لەۋلىرىگە شىشىدىكى سۇيۇقلۇقتىن ئۈچ تامچە تېمىتتى. كادرۇس چوڭقۇر تىنىق ئالدى.



— يەنە... يەنە... — دېدى ئۇ، — تېنىمگە جان كىرىۋاتىدۇ.
— يەنە ئىككى تامچە ئىچسىڭىز ئۆلىسىز، — دېدى روھانىي.
— ئۇلار نېمە ئۈچۈن تېخىچە كەلمەيدىغاندۇ؟ ئۇلارغا قاتىلنى ئېيتىپ بېرىشىم كېرەك.
— سىزگە ۋەكالىتەن پاش قىلىش خېتى يېزىپ بېرەيمۇ؟ سىز قول قويۇپ بەرسىڭىزلا بولىدۇ.
— ھەئە، ھەئە... — دېدى كادرۇس ۋە ئۆلۈم ئالدىدىكى بۇنداق ئۆچ ئېلىشنى ئويلاپ، ئۇنىڭ كۆزلىرى يالتىراپ كەتتى.
مونتې - كرىستو يازدى:
«مېنى ئۆلتۈرگەن كىشى تۇلوندىكى جازا مەيدانىدا مەن بىلەن بىللە بولغان كورسىكانلىق بېنېدېتتو، 59 - نومۇر».
— تېز، تېز! — دېدى كادرۇس، — قول قويۇشقا ئۈلگۈرمەي قالماي.
مونتې - كرىستو كادرۇسقا قەلەمنى بەردى. كادرۇس پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ قول قويدى - دە، ئۆزىنى ئارقىسىغا تاشلىۋەتتى.
— قالغان گەپنى ئۆزىڭىز سۆزلەپ بېرىڭ، ھەزرىتىم، — دېدى ئۇ، — ئۇنىڭ ئۆزىنى ئاندرېئا كاۋالكانتى دەپ يۈرىدىغانلىقىنى، پرىنسىپ مېھمانخانىسىدا تۇرىدىغانلىقىنى... ۋاي خۇدايىم، ئۆلىدىغان بولدۇم!
كادرۇس يەنە ھوشىدىن كەتتى. روھانىي ھېلىقى شىشىنى ئۇنىڭ ئاغزىغا تەڭكۈزدى. ياردار يەنە كۆزلىرىنى ئاچتى. ئۇ ھوشىغا كەلگەندىن كېيىنمۇ ئۆچ ئېلىش تىلىكى بوشاشمىغانىدى.
— ھەممىنى سۆزلەپ بېرەمسىز، ھەزرىتىم؟
— بۇلارنىڭ ھەممىنى سۆزلەپ بېرىمەن، ئەلۋەتتە. بۇنىڭدىن باشقىمۇ دەيدىغان نۇرغۇن گەپ بار.

— يەنە نېمە گەپ بار؟

— ئۇ، ئېھتىمال، سىزنى گراف ئۆلتۈرۈۋېتەر دېگەن ئۈمىد بىلەن سىزگە بۇ ئۆينىڭ خەرىتىسىنى سىزىپ بەردى. ئاندىن ئۇ خەت ئارقىلىق بۇ ئىشتىن گرافنى ئاگاھلاندۇردى. بۇ چاغدا گراف ئۆيدە بولمىغانلىقتىن، ئۇنىڭ خېتىنى مەن تاپشۇرۇۋالدىم ۋە سىزنىڭ كېلىشىڭىزنى كۈتۈپ ئولتۇردۇم.

— ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلەمدۇ، ھە؟ — دېدى كادرۇس، — ئۇمۇ ئۆلەمدۇ؟ گەپ قىلسىڭىزچۇ. شۇنداق بولسا، قىينالماي ئۆلمەن.

— يەنە شۇنداق گەپ باركى، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى گراف، — ئۇ سىزنىڭ ئىزىڭىزغا چۈشۈپ بۇ يەرگە كەلدى، سىزنى پايلاپ تۇردى. سىزنىڭ دېرىزىدىن چۈشۈۋاتقىنىڭىزنى كۆرۈپ، بىر دوقمۇشتا مۆكۈنۈۋالدى.

— سىز كۆرۈپ تۇرغانمىدىڭىز؟

— مەن ساڭا «ئەگەر ئۆيۈڭگە ساق - سالامەت يېتىپ بارالساڭ، سېنى تەڭرى كەچۈرۈپتۇ دەپ ھېسابلايمەن. شۇنىڭ بىلەن، مەنمۇ كەچۈرىمەن» دېگەنىدىمغۇ.

— كۆرۈپ تۇرۇپ مېنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويمىدىڭىزمۇ؟ — دەپ خىتاب قىلدى كادرۇس، جەينىكىگە تايىنىشقا تىرىشىپ، — مەن بۇ يەردىن چىققاندا ئۇنىڭ مېنى ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئاگاھلاندۇرۇپ قويمىدىڭىزمۇ؟

— شۇنداق، چۈنكى مەن تەڭرىنىڭ جازاسى بېنېدېتتونىڭ قولى ئارقىلىق كەلگەنلىكىنى كۆردۈم. شۇڭا، تەڭرىنىڭ ئىرادىسىگە مۇخالىپ ئىش قىلىشنى گۇناھ دەپ ھېسابلىدىم.

— تەڭرىنىڭ جازاسى! ماڭا ئۇنىڭ گېپىنى قىلماڭ، ھەزرىتىم. ئەگەر تەڭرى بار بولسا، بەزى كىشىلەر جازاغا تارتىلغان بولاتتى.



— ئالدىرىمايمىز، — دېدى روھانىي، — ئالدىرىمايمىز!

ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنداق سۇرلۇك ئاڭلاندىكى، كادرۇسنىڭ تەنلىرى جىغىلداپ كەتتى ۋە ئۇ تەئەججۈپ ئىچىدە گرافقا قارىدى.

— ئۇنىڭ ئۈستىگە، — دېدى روھانىي، — تەڭرى ھەممە بەندىلەرگە رەھىم قىلىدۇ، ساڭىمۇ رەھىم قىلغان. ئۇ ئالدى بىلەن شەپقەتچى، ئاندىن قالسا جازالىغۇچى بولىدۇ.

— سىز راستىنلا خۇداغا ئىشىنەمسىز؟ — دېدى كادرۇس.

— ناۋادا بۇرۇن جاھىللىق قىلىپ ئىشەنمىگەن تەقدىردىمۇ، ئەمدى سېنىڭ ھالىڭغا قاراپ ئىشەنگەن بولاتتىم، — دېدى مونتې - كرىستو.

كادرۇس مۇشتلىرىنى تۈگۈپ، يۇقىرى كۆتۈردى.

— گېپىمگە قۇلاق سال، — دېدى روھانىي گويا ئۇنى ئىمانغا كىرگۈزمەكچى بولغاندەك قوللىرىنى يارىدارنىڭ ئۈستىدىن كەڭ يېيىپ، — سەن ئۆلۈم ئالدىدىمۇ تەڭرىگە شەك كەلتۈرۈۋاتىسەن، لېكىن تەڭرى ساڭا مۇنداق نەرسىلەرنى ئاتا قىلدى: ئۇ سېنى ساغلام، كۈچلۈك قىلىپ ياراتتى، جېنىڭنى بېقىپ كەتكۈدەك ھۈنەر - كەسىپ ئاتا قىلدى، ھەتتا دوستلىرىڭنى زىيادە قىلدى. قىسقىسى، تەڭرى ساڭا شۇنداق ھاياتنى ئاتا قىلدىكى، ھەرقانداق بىر ئىنساپلىق، دىيانەتلىك بەندە بۇنىڭغا شۈكۈر قىلار ئىدى. تەڭرىنىڭ مۇشۇنداق رەھىم - شەپقەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇپ ياشاشنىڭ ئورنىغا سەن نېمە قىلدىڭ؟ سەن ھۇرۇنلۇق ۋە مەيخورلۇق پاتقىقىغا پېتىپ قالدىڭ ۋە مەستلىكتە ئۆزۈڭنىڭ ئەڭ سادىق دوستلىرىڭدىن بىرىنى سېتىۋەتتىڭ.

— ياردەم قىلىڭ! — دەپ ۋارقىرىدى كادرۇس، — ماڭا روھانىي كېرەك ئەمەس، دوختۇر كېرەك. پىچاق مېنىڭ ئۆلىدىغان يېرىمگە تەگمىگەندۇر، مېنى قۇتقۇزۇپ قېلىشقا بولىدۇ!

— سېنىڭ ياراڭنى ساقايتقىلى بولمايدۇ. بايىقى سۇيىق-

لۇقنى ئىچكۈزمىگەن بولسام، ئاللىقاچان ئۆلۈپ ياتقان بولاتتىڭ، سۆزۈمگە قۇلاق سال!

— ئاجايىپ غەلىتە روھانىي ئىكەنسىز! — دەپ پىچىرلىدى كادرۇس، — ئۆلۈش ئالدىدا ياتقانلارغا تەسەللىي بەرمەكتە يوق، ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىدلىرىنىمۇ يوققا چىقىرىدىكەنسىز!

— قۇلاق سال، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى روھانىي، — سەن ئۆز دوستۇڭنى سېتىۋەتكەندىن كېيىن، تەڭرى سېنى بەنىلا جازالىمىدى، ساڭا بىشارەت بەردى، سېنى يوقسۇللۇقتا، ئاچلىقتا قويدى. سەن يانى ئالەمدىكى ھۇزۇر-ھالاۋەتلەر بىلەن ئۆتكۈزۈش مۇمكىن بولغان ئۆمرۈڭنىڭ يېرىمىنى ھەسەتخورلۇق بىلەن ئۆتكۈزۈۋەتتىڭ. سەن شۇ چاغلاردىلا جىنايەتكە قول تىقىش كويىدا بولۇپ يۈرگەن، يوقسۇللۇقنى باھانە قىلىپ، ئۆز-ئۆزۈڭنى ئاقلىماقچى بولغانىدىڭ. تەڭرى مۆجىزە كۆرسىتىپ، مېنىڭ قوللىرىم ئارقىلىق ساڭا بايلىق بەردى. ئۇ، سەندەك بىر گادايى ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ بايلىق ئىدى. ھالبۇكى، بۇ كۈتۈلمىگەن، ئويلىمىغان، ئاڭلىمىغان بايلىق قولۇڭغا كىرىشى بىلەنلا بۇنىڭغا قانائەت قىلماي قالدىڭ. ئۇنى ھەسسىلەپ كۆپەيتكىڭ كېلىپ قالدى. قانداق ئۇسۇل بىلەن؟ قاتىللىق قىلىش يولى بىلەن. ئاخىرى مەقسىتىڭنى ئەمەلگە ئاشۇردۇڭ ۋە تەڭرى بايلىقنى قولۇڭدىن تارتىۋېلىپ، ئۆزۈڭنى بەندىلەرنىڭ سوتىغا تۇتۇپ بەردى.

— ئۇ مەن ئەمەس، — دېدى كادرۇس، — ئۇ يەھۇدىينى ئۆلتۈرگەن مەن ئەمەس، كاركونتا.

— توغرا، — دېدى مونتې-كرىستو، — شۇنىڭ ئۈچۈن، چەكسىز شەپقەتلىك تەڭرى جېنىڭنى ئالمىدى، سوتچىلارنى سېنىڭ سۆزلىرىڭگە ئىشەندۈردى ۋە ئۇلار سېنى ئۆلتۈرمىدى.

— شۇنداق! ئۇلار مېنى ئۆمۈرلۈك مەجبۇرىي ئەمگەككە ھۆكۈم قىلىشتى! قالتىس شەپقەت ئىكەن!



— بەتبەخت، ساڭا شۇ شەپقەت كۆرسىتىلگەندە سەن بۇنى شەپقەت دەپ ھېسابلىغانىدىڭ. ئاشۇ ئۆمۈرلۈك نومۇسقا مەھكۇم بولغىنىڭنى ئاڭلىغىنىڭدا، جان قايغۇسىدا قېلىپ، سىقىلىپ تۇرغان ئىپلاس يۈرىكىڭ خۇشاللىقتىن ئويناپ كەتكەنىدى، چۈنكى سەن ھەممە گۇناھكارلارغا ئوخشاش ئۆز ئىچىڭدە «جازا مەيدانىدىن قېچىپ كەتكىلى بولىدۇ، لېكىن گۆر ئىچىدىن قايتا چىققىلى بولمايدۇ» دەپ ئويلايتتىڭ. ئويلىغىنىڭ توغرا بولۇپ چىقتى. تۈرمە دەرۋازىسى ئۇشتۇمتۇت سەن ئۈچۈن ئېچىلدى. تۇلونغا بىر ئىنگلىز كېلىپ قالدى. ئۇ، ساخاۋەت ئۈچۈن ئىككى ئادەمنى ئازاد قىلماقچى بولغان. ئۇ سەن بىلەن ھېلىقى بۇرادىرىڭنى تاللىۋالدى. ساڭا ئاسماندىن يەنە ئامەت چۈشتى. سەن پۇلغىمۇ، ئەركىنلىككىمۇ ئىگە بولدۇڭ. سەن گۇناھكارلار قىسمىتىگە مەھكۇم قىلىنغاندىن كېيىن يەنە ئىنسانىي ھاياتقا كەچۈرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشتىڭ. شۇندىن كېيىن سەن بەتبەخت، تەڭرىنى ئۈچىنچى قېتىم ئالدىدىڭ. بۇ قېتىم ساڭا كەلگەن ئامەت بۇرۇنقىلىرىدىنمۇ زور ئىدى، لېكىن سەن بۇنىڭغىمۇ شۈكرى قىلمىدىڭ ۋە ھېچقانداق سەۋەبسىز، ئاساسسىز ئۈچىنچى قېتىم جىنايەت ئۆتكۈزدۈڭ. تەڭرىنىڭ تاقىتى تاق بولدى، تەڭرى سېنى جازالىدى.

كادرۇسنىڭ ماغدۇرى بارغانسېرى خوراپ كېتىۋاتاتتى.

— سۇ، — دېدى ئۇ، — ماڭا سۇ بېرىڭ... ئىچىم كۆيۈپ كېتىۋاتىدۇ!

مونتې-كرىستو ئۇنىڭغا بىر ئىستاكان سۇ بەردى.

— شورۇڭ قۇرۇغۇر بېنېدېتتو، — دېدى كادرۇس ئىستاكاننى قايتۇرۇپ بېرىپ، — ئۇ قۇتۇلۇپ كېتىدىغان بولدى-دە.

— ھېچكىم قۇتۇلۇپ كېتەلمەيدۇ... بېنېدېتتو جازاغا تارتىلىدۇ!

— ئەمسە سىزمۇ جازاغا تارتىلىسىز، — دېدى كادرۇس، —

چۈنكى سىز روھانىيلىق بۇرچىڭىزنى ئادا قىلمىدىڭىز... سىز بىنېدىيتتونىڭ مېنى ئۆلتۈرۈشىگە يول قويماسلىقىڭىز كېرەك ئىدى.

— مەن؟ — گراف شۇنداق كۈلۈمسىرىدىكى، گويا ياردارنىڭ تومۇرلىرىدا قان ئۇيۇشۇپ قالغاندەك بولدى، — پىچىقىنى مېنىڭ ساۋۇتۇمغا ئۇرۇپ سۇندۇرىۋالغاندىن كېيىن يەنە بىنېدىيتتونىڭ سېنى ئۆلتۈرۈشىگە يول قويماسلىقىم كېرەكمىدى؟ توغرا، ئەگەر سەن سەممىيلىك بىلەن توۋا قىلغان بولساڭ، بەلكىم بىنېدىيتتونىڭ سېنى ئۆلتۈرۈشىگە يول قويماس ئىدىم. لېكىن سەن قارا كۆڭۈللۈك بىلەن مەككارلىق قىلدىڭ. شۇڭا، مەن تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىش تۇتتۇم.

— مەن خۇداغا ئىشەنمەيمەن! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى كادرۇس، — سەنمۇ ئىشەنمەيسەن... سەن يالغان ئېيتىۋاتىسەن... يالغان ئېيتىۋاتىسەن!

— ئاغزىڭنى يۇم، — دېدى روھانىي، — تېنىڭدىكى ئەڭ ئاخىرقى قان تامچىلىرى ئېقىپ بولاي دېدى... خۇداغا ئىشەنمىسەڭمۇ، خۇدانىڭ جازاسىغا ئۇچراپ ئۆلۈۋاتىسەن! سەن خۇداغا ئىشەنمەيسەن، لېكىن خۇدا گۇناھىڭنى مەغپىرەت قىلىش ئۈچۈن سېنىڭ ھېچبولمىغاندا بىر ئايەت ئوقۇشۇڭنى، بىر ئېغىز سۆزۈڭنى، بىر تامچە كۆز يېشىڭنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ... خۇدا سېنى قاتىلنىڭ خەنجىرى بىلەن تىن تارتقۇزماي ئۆلتۈرۈۋېتەلەيتتى، لېكىن ئۇ سېنىڭ توۋا قىلىشىڭ ئۈچۈن ساڭا مۇشۇنچىلىك ۋاقىت بېرىۋاتىدۇ... ئاخىرەتلىكىڭنى ئويلاپ، توۋا قىل!

— ياق، — دېدى كادرۇس، — ياق، توۋا قىلمايمەن. خۇدا، تەقدىر دېگەنلەرنىڭ يوق گەپ، بۇ پەقەت تاسادىپىي توغرا كېلىپ قالغانلىق.

— خۇدا بار، — دېدى مونتې - كرىستو، — قارا سەن ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە خۇدادىن يۈز ئۆرۈپ ئۆلۈۋاتىسەن. مەن بولسام، باي، بەختلىك ۋە كۈچ - قۇۋۋەتكە تولغان ھالدا سې-



نىڭ ئالدىڭدا تۇرۇۋاتىمەن. سەن كۆڭلۈڭنىڭ چوڭقۇر يېرىدە خۇداغا ئىشىنىپ تۇرساڭمۇ، يەنىلا ئىشەنمەسلىككە تىرىشىۋاتىسەن. مەن بولسام، ئۇنىڭغا ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلىمەن.

— سىز زادى كىم؟ — دېدى كادرۇس نۇرسىز كۆزلىرى بىلەن گرافقا تىكىلىپ.

— ئوبدان قارا، — دېدى مونتې - كرىستو ۋە شامنى قولىغا ئېلىپ، يۈزىگە يېقىن تۇتتى.

— سىز روھانىي... بۇزونى ھەزرەت...

مونتې - كرىستو ياسالما چېچىنى ئېلىۋەتتى ۋە ئاق يۈزىگە شۇنچە ياراشقان ئۇزۇن قارا چاچلىرىنى سىلكىتتى.

— يائاللا، — دېدى كادرۇس قورقۇنچ ئىچىدە، — ئەگەر چېچىڭىز قارا بولمىسا، سىزنى ھېلىقى لورد ئۇيىلمور ئىسىملىك ئىنگلىز دېگەن بولاتتىم.

— مەن بۇزونى ھەزرەتمۇ ئەمەس، لورد ئۇيىلمورمۇ ئەمەس، — دېدى مونتې - كرىستو، — ئوبدانراق قارا، ئۆتمۈشۈڭگە، ئەڭ بۇرۇنقى ئۆتكەن كۈنلىرىڭگە قارا.

گرافنىڭ بۇ سۆزلىرىدە شۇقەدەر جەلپ قىلىش كۈچى بار ئىدىكى كادرۇسنىڭ خۇنۈكلىشىپ كېتىۋاتقان ھېس - تۇيغۇلىرى ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىم يەنە جانلاندى.

— راست، — دېدى ئۇ، — مەن سىزنى بىر يەردە كۆرگەندەك قىلىمەن، سىز بىلەن تونۇش بولغاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن.

— شۇنداق، كادرۇس، سەن مېنى كۆرگەن، مەن بىلەن تونۇش ئىدىڭ.

— زادى كىم سىز؟ مېنى تونۇسىڭىز نېمە ئۈچۈن ئۆلۈپ كېتىۋاتسام قاراپ تۇرىسىز؟

— چۈنكى، ئەمدى سېنى ھېچقانداق قىلىپمۇ قۇتۇلدۇرغىلى بولمايدۇ، كادرۇس، ساڭا ئەجەللىك زەربە بېرىلدى. ئەگەر

سېنى قۇتقۇزۇشقا مۇمكىن بولسا، ئەگەر شەپقىتىڭنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىپادىسىنى كۆرگەن بولاتتىم ھەمدە ئاتامنىڭ قەبرىسى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سېنى قۇتقۇزۇپ، توۋا قىلدۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىپ باققان بولاتتىم.

— ئاتاڭنىڭ قەبرىسى بىلەن! — دېدى كادرۇس. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ھاياتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۇچقۇنى چاقنىدى ۋە ئۇ جەينىكىگە تايىنىپ، قەسەملەر ئىچىدىكى ئەڭ مۇقەددەس قەسەمنى تىلغا ئالغان بۇ كىشىگە تىكىلىپ قارىدى، — ئېيتقىنا، سەن كىم؟

گراف ئۇنىڭ جان تالىشىشىنى كۆزىتىپ تۇراتتى ئۇ، ياردارنىڭ جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغانلىقىنى چۈشەندى-دە، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېڭىشىپ، خاتىرجەم ۋە غەمكىن كۆزلىرى بىلەن قارىدى.

— مەن... — دېدى ئۇ ئۇنىڭ قۇلىقىغا، — مەن...

ئۇ [illegible]جايىكى، ئۆزى ئېيتقان سۆزدىن ئۆزىمۇ قورقۇۋاتقاندەك ئاۋازىنى بوش چىقىرىپ، ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ئېيتتى. بۇ ئىسىم ئۇنىڭ سەل-پەل ئېچىلغان لەۋلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئاران ئاڭلاندى.

كادرۇس تىزلىنىپ تۇرۇپ قوللىرىنى ئالدىغا سوزدى، ئاندىن ئەڭ ئاخىرقى كۈچىنى يىغىپ، سەنتۈرۈلۈپ تۇرۇپ، ئالقانلىرى جۈپلەنگەن قوللىرىنى ئاسمانغا قارىتىپ كۆتۈردى.

— ئاھ خۇدا، خۇدايىم، — دېدى ئۇ، — ساڭا ئىشەنمەي يۈرگىنىمنى كەچۈرگىن. سەن بار، سەن ھەقىقەتەن ئەرشتىكى ئاتا، زېمىندىكى سودىيە! خۇدايىم، سېنى ئۇزاقىچە رەت قىلىپ كەلگەنىدىم! خۇدايىم، جېنىمنى قوبۇل قىلغىن!

كادرۇس ۋارقىراپ تۇرۇپ ئېيتىلغان ئاشۇ ئاداقىقى سۆزلەردىن كېيىن ئاخىرقى قېتىم بىر تىنىق ئالدى-دە، كۆزلىرىنى يۇمۇپ، يىقىلدى. ئۇنىڭ جاراھەتلىرىدىن قان ئېقىش توختىدى.



ئۇ ئۆلگەنىدى.

گراف دەھشەتلىك جان تالىشىشتا چىرايى پۈرۈشۈپ كەتكەن جەسەتكە قاراپ تۇرۇپ، سىرلىق ئاۋازدا خىتاب قىلدى:

— بىر!

ئاردىن ئون مىنۇت ئۆتكەندە ئەلى ۋە دەرۋازىۋەن چاقىرىپ كەلگەن دوختۇر بىلەن خانلىق مۇپەتتىش ئۆيگە كىرىشتى. ئۆلۈكنىڭ باش تەرىپىدە قىرائەت قىلىپ ئولتۇرغان بۇزونى ھەزرەت ئۇلارنى قارشى ئالدى.

بۇ كىتاب موسكۋا بەدىئىي ئەدەبىيات نەشرىياتىنىڭ 1955 - يىلى رۇسچە نەشرى ۋە بېيجىڭ خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتىنىڭ 1978 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرىگە ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.
本书根据莫斯科文艺出版社1955年俄文版和北京人民出版社1978年12月第1版翻译出版。

# گراف مونتې - كرىستو (3)

ئالېكساندىر ديۇما

تەرجىمە قىلغۇچى: پەرھات جىلان

مەسئۇل مۇھەررىرى: مەھەممەترەھىم كېرىمى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھەر ئازادلىق كوچا №306)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 18 قىستۇرما ۋارىقى: 1
1986 - يىل 10 - ئاي 1 - نەشرى
1987 - يىل 8 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: M10098·1149
تىراژى: 3,000 — 1
باھاسى: 1.60 يۈەن

基度山伯爵 （ 3 ） （维吾尔文）
大仲马 著 帕尔哈提 译
责任编辑：买买提·热依木

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放路306号）
新疆新华书店发行 新疆新华印刷二厂印刷
850×1168毫米 32开本 18印张 1插页
1986年10月第1版 1987年8月第1次印刷
印数：1——3.000

统一书号：M10098·1149 定价：1.60元